خالىدە ئىسرائىل

# ئالتۇن كەش



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئوقۇرمەنلەرگە سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ كىرىشتۇرمىسى. سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزگە تونۇش ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى ئۇچرىتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ كەلسىڭىز يەنە نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنىڭ رېئاللىقتىكىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقاپ ئەجەبلىنىشىڭىز مۇمكىن. ھەتتا ئىشلار ئەينەن يېزىلماپتۇ دەپ نارازى بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. كەچۈرۈڭ. بۇ ئەدەبىي ئەسەر. چىنلىق بىلەن توقۇلمىنىڭ، رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ، ماكان بىلەن زاماننىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئۆز بەدىئىي دۇنياسىنى قانداق قۇرۇپ چىقىش مۇئەللىپنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش. سىزنىڭمۇ، يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئەجرىنى توغرا چۈشىنىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار دەپ ئويلايمەن. ئەمدى ئەسەرنى ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىق، ئۇنىڭ سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىش سىزنىڭ ئەركىنلىكىڭىز. ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن. ئەسىرىم توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن. بۇ ئەسىرىمنى يېزىش داۋامىدا بەزى ئۇستازلارنىڭ خالىس ياردىمى ۋە قىزغىن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارغا تەشەككۈرىم ۋە ھۆرمەتىمنى بىلدۈرىمەن. رەھمەت سىلەرگە ئۇستازلار!

— مۇئەللىپتىن

خالىدە ئىسرائىل

# ئالتۇن كەش

(رومان)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

金鞋：维吾尔文／哈丽达·伊斯拉音著．—喀什：喀什维吾尔文出版社，2016.2
ISBN 978-7-5373-4386-2

Ⅰ．①金… Ⅱ．①哈… Ⅲ．①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2016）第041496号

策　　划：艾日孜·阿塔吉拉萨尔特肯
责任编辑：冬曼古丽·阿吉提
特约编辑：吐尔逊·马木提
责任校对：阿依娜·热克普
封面设计：努尔买买提·艾买尔

金鞋

作　　者：哈丽达·伊斯拉音
出　　版：新疆人民出版社
喀什维吾尔文出版社
地　　址：喀什市塔吉古孜路14号
邮　　编：844000
发　　行：新疆新华书店
制　　版　新疆沙尔得肯文化传播有限公司
印　　刷：新疆新华印刷厂
开　　本：880×1230毫米　1/32开本
总 印 张：22.25
版　　次：2016年2月第1版
印　　次：2016年4月第1次印刷
定　　价：68.00元

# مۆندەرىجە


هەدىيە I ........................................ 1
كېرەم I ........................................ 37
ئاسىم I ........................................ 67
هەدىيە II ........................................ 81
كېرەم II ........................................ 134
ئاسىم II ........................................ 172
هەدىيە III ........................................ 213
كېرەم III ........................................ 262
ئاسىم III ........................................ 288
هەدىيە IV ........................................ 345
كېرەم IV ........................................ 390
ئاسىم IV ........................................ 427
هەدىيە V ........................................ 459
كېرەم V ........................................ 515
ئاسىم V ........................................ 562
هەدىيە VI ........................................ 608
كېرەم VI ........................................ 635
ئاسىم VI ........................................ 652
هەدىيە VII ........................................ 673

# هەدىيە

## 1

تەكلىپنامە چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن يېتىپ كەلدى. پارقىراق قىزىل قەغەزگە ئالتۇن ھەل بىلەن بېسىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ بولغۇچە كۆزلىرىم ئىمىر - چىمىر بولۇپ، يۈرەك رىتىمىم تېزلىشىپ كەتتى.

ئوقۇپ بولۇپ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم...... تەكلىپنامە كۆل سۈيىدەك تىنچ كۆڭۈل ئارامىمنى بىردىنلا بۇزۇۋەتكەندى. گەرچە ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئالدىمغا مانا مۇشۇنداق ئۇچۇپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولساممۇ، يەنىلا ھاياجانلانماقتا ئىدىم. چۈنكى، ئۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ نەرسىدىن دېرەك بېرەتتى. مانا ئەمدى تۆپە - تۆپىلەپ تىزىلغان، توپا باسقان ھايات خاتىرىلىرىمنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى مۇھىم بىرسىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى بىلەن ئاشۇ خاتىرىلەر ئورنىدىن قوزغىلىپ، چۇۋۇلۇپ چىققاندەك، ھاياتىمدىكى سان - ساناقسىز سەرگۈزەشت، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم، كېيىنكى بەخت ۋە بەختسىزلىكلىرىم...... ھەممە - ھەممىسى ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. مەن بۇ ئەسلىمىلەرگە

بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن. مەن 70 ياشلىق ئايال. ئۇزاق يىل ئىشلەپ ئاجىزلاشقان تېنىم. زەئىپلەشكەن نېرۋا تالالىرىم. شۇنچە يىل تىنىماي گۈپۈلدەپ سوقۇپ ھالسىرىغان يۈرىكىم خاتىرجەملىككە موھتاج. گەرچە ئاندا ـ ساندا ئۇچرىشىپ قالىدىغان خىزمەتداش، تونۇش ـ بىلىشلىرىم مېنى كۆرگەن چاغلىرىدا: «ۋۇي ھەدىيە، سىز پەقەتلا ئۆزگەرمەپسىز. يىللار سىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ قانداق؟» دەپ ھەيران قېلىشسىمۇ، ھايات قانۇنىيىتىدىن ھېچكىم چەتتە قالالمايدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. پەستە ـــ بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ چېتىدە قەيسەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى سۆگەتكە ھەر كۈنى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرىمەن. قېلىن قوۋزاقلىرى بوشاپ، قات ـ قېتى قۇرت ـ قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان، يېشىل شاخلىرى قۇرۇغان شاخلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ سۆگەت ماڭا ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ھېكمەتلەرنى سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئۇ ئەتىيازدا ھەممىدىن كېيىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ. دەسلەپكى كۈز شامىللىرى چىقىشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ بالدۇرلا سارغايغان سېرىق يوپۇرماقلىرى دىرىلدەپ ئۇچۇپ، ئۇنى تاشلاپ كېتىشىدۇ. مەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا، ئېرىق بويىغا، ئېرىق بىلەن قاشا ئارىلىقىدىكى تار يولغا ئۇچۇپ چۈشكەن يوپۇرماقلارنى قىيماسلىق ئىچىدە ساناپ كېتىمەن. ئەنە ئۇ شالاڭ يوپۇرماقلىرىنى كىچىك بايراقچىلاردەك لەپىلدىتىپ، غول ـ شاخلىرىنى خىرامان سوزۇپ، يازنىڭ ئىللىق ئاپتىپىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ. ئۇ تېخى پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكىنى

يوق.

كۆزلىرىمنى قېرى سۆگەتتىن ئېلىپ، ئورۇندۇقنىڭ تايانچۇقىغا تاشلاقلىق قولۇمنىڭ بېغىشىغا ــ تومۇرۇمنىڭ لىپ ـ لىپ قىلىپ سوقۇشىغا بىرھازا قاراپ تۇردۇم. كىچىك شىرە ئۈستىدىكى باغاق كۈن نۇرىدا چاقنايتتى. ئېگىز ئىستاكاندىكى سۈس يېشىل مېۋە شەربىتى قايماق ئارىلاشتۇرۇلغاندەك ئاقۇچ، قويۇق ئىدى، ئۇنىڭدىن سۈس خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. كۆزلىرىمنى ئاستاغىنە قىسقىنىمچە مېۋە شەربىتىدىن ئۇتلىدىم، كۆز نۇرلىرىم يەنە باغاق ئۈستىدىكى خەتلەرنى سىيپاپ ئۆتتى:

«...... مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىكىمىزنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشى......» نېمىدېگەن ئۇزاق ۋاقىت ـ ھە، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا 50 يىلدىن يەنە بىرسى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇچرىشىش...... ئۇ بىر خۇشاللىق ھەم ھەسرەتلىك ئىش. ئۇنىڭغا يەنە بىر ئاي بار. مەن ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن، ئەمما شۇ سائەتلەرنىڭ راستتىنلا كېلىشىدىن نېمىشقىدۇر ئەندىشە قىلىدىغان بۇ ئىشنى ھازىرچە ئۇنتۇپ كەتمەكچى، ياق، ئۇنىڭغا ئاستا ـ ئاستا ماسلاشماقچى بولدۇم. ئەمما، ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە شۇ ھامان ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ياتاق ئۆيۈمدىكى ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە سەندەل ياغىچىدىن نەقىش ئويۇپ ياسالغان ناھايىتى چىرايلىق بىر ساندۇقۇم بار ئىدى، ئۇنى ئېلىپ، ئىچىدىكى كونا خەت ـ چەك، ئالبوملارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم ۋە بىر پارچە سۈرەتنى ئالدىم. بۇ مەندە ساقلىنىپ قالغان ئوقۇغۇچىلىق

دەۋرىمگە ئائىت بىر دىنىبىر سۈرەت ئىدى.

سۈرەتتە چىرايىدىن گۆدەكلىك ۋە ساددىلىق چىقىپ تۇرغان ئۈچ ياش — ئىككى يىگىت، بىر قىز يانمۇيان تۇراتتى. ئۇ قىز مەن ئىدىم. ئارقىمىزدا قارىيىپ كۆرۈنگىنى قىزىل بىنا — مەكتىپىمىزنىڭ مەمۇرىيەت بىناسى. «قىزىل بىنا» دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇچرىشىدىغانلار قىزىل بىنانىڭ ئالدىدا، يېنىدا ياكى ئارقىسىدا ئۇچرىشىدۇ. ھەر خىل خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدىغانلار ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس، كۆڭلىدىمۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

شۇ چاغدا ئىككى ئوغۇل ساۋاقدىشىم: «سەن دېگەن قىز بالا، سېنى ئاسرىمىساق بولامدۇ» دەپ مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان. بىزنى سۈرەتكە تارتىپ قويغان يۇقىرى يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى شەۋكەتمۇ: «توغرا دەيدۇ، سىز ئوتتۇرىدا تۇرۇڭ» دېگەن. ئۇڭ تەرىپىمدە تۇرغىنى — ئاسىم ئۇزۇنتۇرا. ئۇ چاغلاردا ئۇ نېمانچىلا ئورۇق بولغىيتتى، خۇددى نان يېمىگەندەكلا. ئەمەلىيەتتىغۇ مەكتىپىمىزنىڭ تامىقى بەك ياخشى ئىدى. ئۇ ئورۇق بولغىنى بىلەن ئاۋازى ياڭراق، گەپ ـ سۆزىنىڭ جېنى بار بالا ئىدى، كۇلمەي تۇرۇپ بىر گەپلەرنى قىلىپ، ئاڭلىغانلارنى يۇمۇلىتىۋېتەتتى. ئەنە، ئۇ شۇنداق ئەستايىدىل قىياپەتتە، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇرىدۇ. كۆزىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. سول تەرىپىمدىكىسى — ھەي ي، ئۇنى نېمىدەپ تەرىپلىسەم بولار؟ ئاسىم گويا تىنىق سۇغا ئوخشىسا، ئۇ خۇددى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە ئوت. ئۇ ئوتتۇرا بوي، سۇمباتلىق، ھېسسىياتلىق،

پۈشكىنىدەك شېئىرغا ۋە گۈزەللىككە ئاشىق، ئەمما يەنە بىر قاراشتا بەئەينى تىنىم تاپماس سەبىي بالا. ئۇچىلىمىز نىڭ ئۆچىسىدا پاختىلىق كۆك رەڭلىك مەكتەپ فورمىسى، بېشىمىزدا پاختىلىق قۇلاقچا. بۇ بىر خىللىقنى بوينۇمدىكى ئۈششاق گۈللۈك ھال رەڭ شارپا بۇزۇپ تۇرۇپتۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇلار بۇ شارپىنى كىمدۇر بىرىگە تەۋە قىلىپ مېنى تېرىكتۈرەتتى، ئۇنى بوينۇمدىن ئېلىپ قاچاتتى...... ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ گەپلىرىگە چىدىماي، ئۇنى قولۇم بىلەن سىنىپ دېرىزىسىدىن ئارقىغا تاشلىۋەتكەن، دەرس سائىتى توشقاندا ئارقىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ھېچ يەردىن تاپالماي يىغلاپ كەتكەن......

ناھايىتى يىراق بىر يەردە ئىشەك چېكىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ مېنىڭ ئىشەكىمىدۇ؟ ئېلېكتىرلىك ئىشەك قوڭغۇرىقى بۇزۇلۇپ قالغاندىن بۇيان ئىشەك چېكىلىشكە تازا كۆنەلمەي يۈرەتتىم. بالىلىرىم ئۇنى ئوڭشىتىپ بېرىمىز دەيدۇ ــ يۇ، دائىم ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ.

ئالدىرىماي قوپۇپ ئىشەك تۈۋىگە باردىم. كىچىككىنە ئەينەك كۆزەتكۈچتىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىنىڭ قىسماق كۆزى كۆرۈندى. ئۇ دەل ئۆيمۇئۆي كىرىپ، بۇزۇلغان ــ چۇۋۇلغاننى ئوڭشاپ بېرىدىغان ئۇستا ئىدى. ئۇ بىر دەمدىلا ئۆيۈمنىڭ ئىشەك قوڭغۇرىقى بىلەن بىللە ئىشىكىمنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئوڭشاپ بولۇپ، مەن بەرگەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ يەڭگىل قەدەم تىۋىشى يوقالماي تۇرۇپلا، كارىدورنى بالىلارنىڭ قىيقاس ــ چۇقانلىرى ۋە تاراق ــ

تۇرۇقلىرى بىر ئالدى. قارىغاندا، يۇقىرى قەۋەتتىكىلەرنىڭ بالىلىرى مەكتەپتىن قايتقاندەك قىلاتتى. گۆدەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان چۇچۇك ئاۋازلارغا بۇرۇتى خەت تارتىشقا باشلىغان ئۆسمۈرنىڭ تېخى قېلىپقا چۈشمىگەن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قوغلىشىپ يۈگۈرۈشلىرىدىن بىنا تىترەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سەل چۆچۈگەن ھالدا بۇ تىۋىشقا قۇلاق سېلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم. مەن بەزىدە مۇشۇنداق بالىلارنى، مۇشۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭنى سېغىنىپ قالاتتىم. جىمجىتلىقتىن، بالىلىرىمنىڭ ئىشىك چېكىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشتىن، ئاخىرى چىقماس خىياللاردىن بورۇقتۇرما بولۇپ قالاتتىم.

بالىلار يۈگۈرۈشۈپ يۇقىرى قەۋەتلەرگە چىقىپ كېتىشتى. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كايىغان ئاۋازى، ئىشىكلەرنىڭ تاراقلاپ يېپىلىشى بىلەن جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلدى.

جىمجىتلىق ئىلكىدە ئولتۇرۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھارغىنلىقنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مانا ئەمدى بۇ ھارغىنلىقلار، بۇ ئاغرىقلار مېنى بوزەك قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟ ئاشخانىغا كىرىپ، كىچىك چەينەككە تولدۇرۇپ سۇ ئالدىم. ۋاللىداپ تۇرىدىغان جۈمەكتىن ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان سۇ، چىنىدەك پاكىز ئوچاق ئۈستىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان زەڭگەر رەڭلىك ئوت يالقۇنى، ئەڭ يېڭى تىپتىكى بوستارتقۇ، ھەر خىل زامانىۋى ئاشخانا سايمىنى، ۋاللىداپ تۇرغان ئاق رەڭلىك ئىشكاپلار، قىممەت باھالىق چىنە - قاچىلار، پاكىز تور پەردىلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. بۇلار، ئېرىم

مەسئۇدنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇ ئۆزى لايىھەلەپ ياساتقان ئاشخانىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇششاق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

مەن بەزىدە ئۇنى تېرىكتۇرۇش ئۈچۈن: «بۇ ئاشخانىمىزغۇ ئېسىل، لېكىن، ياش ۋاقىتلىرىمىزدىكى يازلىق ئاشخانىمىزغا يەتمەيدۇ» دەيتتىم. ياش چاغلىرىمىزدا پارچە كېسەك ۋە شاخ ـ شۇمبىلاردىن ياسىۋالغان ئاشخانىمىزدا تەرلەپ ـ پىشىپ تاماق ئېتىۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇ ئۇچاققا ئوتۇن سالغاچ: «قاراپ تۇر ھەدىيە، بىر كۈنلەردە مەن ساڭا مېھمانخانىدەك راھەت ئاشخانا سېلىپ بېرىمەن» دەيتتى. ئەمما، ئۇ چاغلاردا خىيالىمدا ئېسىل ئاشخانا ئەمەس، مەسئۇدنىڭ مۇھەببىتىلا بار ئىدى، ئاشۇ ئەسكى كەپە مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل جاي ئىدى.

7

مەسئۇد ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا بولسا، بىز ئەڭ مۇھىم نەرسىدىن ـــ ياشلىقىمىزدىن ئايرىلغانىدۇق.

كىچىك ئەينەك چەينىكىمنىڭ سۈزگۈچىگە بىر چىمدىم خۇش پۇراق چاينى تاشلاپ، پورۇقشىپ قايناۋاتقان سۇنى ئۇستىگە قۇيغان ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىن تارالغان مەززىلىك پۇراقنى ھەۋەس بىلەن پۇرىدىم. ئۇنىڭدىن خىمىيەلىك دورا پۇرىقى ئەمەس، گۈل ـ گىياھنىڭ، تەبىئەتنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ھازىر بۇنداق پۇراقنى ئاسان تاپقىلى بولمايتتى. چەينىكىمنى ئېلىپ يەنە بالكونغا چىقتىم. ئالتۇن رەڭلىك چاينىڭ پىيالىگە تۆكۈلۈشى بىلەن بالكوننى يېڭى دەملەنگەن چاينىڭ خۇش پۇرىقى قاپلىدى. ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچىپ

ئولتۇرۇپ، باغاقتا قىستۇرۇپ قويۇلغان سۈرەتنى ئىختىيارسىز قولۇمغا ئالدىم. سۈرەتتىكى ئىككى يىگىت بىلەن بىر قىز گۆدەكلەرچە خام خىياللار، بەختىيارلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ غوجىسى، قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قارايتتى. ئۇلار تېخى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشى كېرەك ئىدى. بىر سىنىپتىكى 40 بالىنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئويلايتتى. ھەممىدىن مەن شۇنداق ئويلايتتىم. مەن ئۇلارنىڭ سىنىپ باشلىقى ئىدىم. بىز ئەدەبىياتتا ئىككى يېرىم يىل ئوقۇپ بولغان 1957 ـ يىلى قىشتا سىنىپىمىزغا ئوقۇش پۈتكۈزۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە بىر دىراما تەييارلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ دىرامىنى ساۋاقداش كېرەم ئۆزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق داستانى بىلەن «ئالتۇن كەش» ناملىق خەلق چۆچىكىنى بىرلەشتۇرۇپ، ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ يېزىپ چىققانىدى. دىرامىنىڭ ھەربىر كۆرۈنۈشىدە ۋەقەلىك باشلىنىشتىن بۇرۇن ساپايە چېلىپ ناخشا ئېيتىپ چىقىدىغان بىر قىزىقچى قەلەندەر بار ئىدى. ئۇ: «پاتمەمنىڭ كۆڭلەكى، يەتمىش يەردە ياماقى» دەپ قوشاق ئېيتىپ، ئۆگەي ئانىدىن نان تىلەيتتى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ تاماشىبىنلارنى كۇلدۇرەتتى. مەنىلىك سۆزلەر ۋە قوشاقلار بىلەن دىرامىنىڭ ئالدىنقى پەردىسىنى چۈشەندۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلاردىن بېشارەت بېرەتتى. بۇ قىزىقچى قەلەندەرنىڭ رولىنى كېرەم ئۆزى ئالغانىدى. كېرەمنىڭ يەنە بىر ئىشمۇ زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئەينى چاغدا سىنىپ مەسئۇلىمىز بىلەن بىرلىكتە ھەممە رولنى تەقسىم قىلىپ

بولدۇق دەپ ئولتۇرساق. كېرەم ئۈشتۈمتۈت: «خوراز قالدىغۇ. خوراز؟ بولدى. خورازنىڭ رولىنىمۇ مەن ئالاي!» دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ بېشىغا قىزلار قىزىل لاتىدا تىككىپ بەرگەن تاجنى كىيىپ، ئالىيېشىل قانىتىنى كېرىپ، «تونۇر» ئۈستىگە سەكرەپ چىقاتتى ـ دە، «قىي ـ قىي ـ قىق. بىچارە قىز دەرھال چىق! يېتىم قىز بۇ يەردە، مانا بۇ يەردە» دەپ پۇتى بىلەن تونۇرنىڭ ئاغزىنى تېپەتتى. «شاھزادە» بىلەن «لەشكەر»لەر دەرھال تونۇرنى ئاختۇرۇپ، «يېتىم قىز»نى تېپىۋالاتتى. ياخشى ئادەملەر زوراۋانلار ئۈستىدىن، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سەممىيلىك رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى.

مەن «ئۆگەي ئانا» نىڭ رولىنى ئالغانىدىم. تاۋار كۆڭلەك، تاۋار جىلىتكە كىيىپ، گۈللۈك رومالنى چېكىلەپ چىگىپ، «ۋاي بېشىم» دەپ قوش ـ قوش تەكىيەلەرگە يانپاشلاپ ياتاتتىم ياكى ئىككى قولۇم بىلەن بېلىمنى تىرەپ تۇرۇپ، ھەممە ئادەمگە بۇيرۇق چۈشۈرەتتىم، ساددا «ئېرىم» بىلەن «ئۆگەي بالىلىرىم»نى بوزەك قىلاتتىم. بەكمۇ دۆلەتمەن، ئەمما ھاماقەت دادىنىڭ رولىنى ئاسىم ئالغانىدى. ئۇنىڭ نېمە دېسەم ئىشىنىپ، نېمە دېسەم «ماقۇل» دەپ تۇرۇشلىرى، پەقەت ئۆلۈم ئالدىدىلا مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى چۈشىنىپ، بالىلىرىغا قاراپ: «ئىسىت!......» دەپ ئاھ ئۇرۇشى، «يېتىم بالىلار»نىڭ كېيىنكى ئېچىنىشلىق ھالى...... خۇددى راست بولۇۋاتقان ئىشلاردەك، دىرامىنى كۆرۈۋاتقانلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاقتۇراتتى، ھەتتا رول ئېلىۋېتىپ ئۆزۈممۇ چىدىماي

قالاتتىم. لېكىن، رولنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن رەھمىسىز. هاكاۋۇر قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، «ئۆگەي ئانا» بەك رەھىمسىز، بەك رەزىل ئىدى، ئۆينىڭ ھەممە ھوقۇقى ۋە بايلىقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئەسلىدىكى باياشات، ئىللىق، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ئائىلىنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. بىچارە بالىلار ئۆز ئۆيىدىن قوغلىنىپ، ئاشنىڭ سۇيۇقىنى ئىچىپ، ناننىڭ كۆيۈكىنى يەپ، كەمسىتىلىش، تىل ـ ئاھانەت ئىچىدە قولدەك ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

«شاھزادە» «يېتىم قىز»نى ئىزدەپ يۈرگەندە، «ئۆگەي ئانا»نىڭ ئۇلارنى ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن قىلمىغان قۇۋلۇق ـ شۇملۇقى قالمايتتى. درامىنىڭ ۋەقەلىكى تەسىرلىك بولۇپلا قالماي، ناھايىتى قىزىقارلىق ھەم تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولغانلىقتىن، ھەممىمىز بېرىلىپ ربپېتىتسىيە قىلاتتۇق. ۋەقەلىككە شۇنچىلىك كىرىشىپ كېتەتتۇقكى، بەزىدە ھاياجاندىن يىغلىشىپ ياكى غەزەپلىنىپ كېتەتتۇق.

يېڭى يىل ھارپىسىدا درامىمىز مەكتەپ زالىدا قويۇلۇپ زور داغدۇغا قوزغىدى. ئۇنى كۆرۈشكە يۇقىرىدىن رەھبەرلەر كەلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ھەممىمىز سەھنە كىيىملىرىمىز بىلەن قىزىل دۇخاۋا پەردىنىڭ ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق. تاماشىبىنلار بىزگە دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تەقدىم قىلدى، بولۇپمۇ كېرەم بىلەن «يېتىم قىز»نىڭ رولىنى ئالغان نۇرىيە گۈللەرگە كۆمۈلۈپ كەتتى. چوڭ باشلىقلار سەھنىگە چىقىپ بىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە،

خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن يۈرەكلىرىمىز يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىشكەندۇق.

كېيىنكى ھەپتىسى بىز تەكلىپ بويىچە باشقا مەكتەپلەرگىمۇ بېرىپ ئويۇن قويدۇق. بارغانلا يەردە ئالقىشلاندۇق، ھەتتا ئاخىر چوڭ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە مەكتەپ تەرىپىدىن تەقدىرلەندۇق. شۇ كۈنى قىزىل بىنانىڭ ئالدىدا باشلىقلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈشلەر بولدى. باشلىقلار پىكاپلىرىغا چىقىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئاسىم كېرەم ئىككىمىزنى چاقىرىپ: «كېلىڭلار، ئۈچىمىز بىر چۈشۈۋالايلى!» دېدى. شەۋكەت ئىسىملىك سۈرەتچى بالا ئۈنىڭ بىر مەھەللىلىك دوستى ئىدى. «چارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ فوتو ئاپپارات كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاشۇ گۈزەل دەقىقىنى مۆجىزە كەبى تۇتۇپ قالغانىدى.

11

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئىسيانچىلار ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇپ كىتاب، سۈرەت، خەت ـ چەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا مەن بۇ سۈرەتنى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 2 ـ تومىنىڭ ئارىسىغا بىلىندۈرمەي قىستۇرۇپ قويغانىدىم. ئەنە شۇندىن تارتىپ ئۇنتۇلغۇسىز ياشلىق چاغلىرىمىزنىڭ، پاك دوستلۇقىمىزنىڭ، ھاياتىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن كۆپلىگەن ئىشنىڭ خاتىرىسى بولغان بۇ سۈرەت بۇگۈنگە قەدەر ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلمەكتە. سۈرەتكە ھەربىر قارىسام، ئاشۇ ۋاقىتلارغا قايتقاندەك، ياشلىق كۈچى ۋە ھۆسنى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم

ئەتراپىمىدا يۇگۈرۈشۈپ يۈرگەندەك. سالاپەتلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋاتقاندەك. بىز كۆزلىرىمىزدىن ئوت چاقنىتىپ ئۇلارنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ياكى ساۋاقداش، دوستلىرىم بىلەن سۆزلىشىپ، سىردىشىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا چۆمۈلىمەن.

## 2

بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز باشقىچە بىر زامانلاردا ئۆتكەن. ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياق، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم، كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئاجايىپ ساددا ھەم گۈزەل تەسەۋۋۇرلار، ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر، قۇچاق ئېچىۋاتقان ياشلىق باھارىمىزنىڭ رەڭدار، سىرلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى قوشۇلۇپ بىزنى بۇلۇتلار قوينىدىكى خىيالىي بىر دۇنيادا، شېرىن چۈشلەر قوينىدا ئەللەيلەيتتى. ھەممىمىز دېگۈدەك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا كەلگەن 16 — 17 ياشلىق باللار ئىدۇق. قەلبىمىزدىن ھايات، غايە، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئوتلۇق خىتابلار ئۇرغۇيتتى. ھەممىمىز دېگۈدەك ئوغرىلىقچە شېئىرلارنى يازاتتۇق، يوتقاننىڭ ئىچىدە، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ياكى دەرس ۋاقتىدا قوللىرىمىز بىلەن توسۇپ تۇرۇپ يازاتتۇق، يازاتتۇق ـ يۇ، باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن خىجىل بولۇپ، يازغانلىرىمىزنى ساندۇقلىرىمىزنىڭ ئەڭ تېگىدە ساقلايتتۇق. پەقەت بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ باققان، دادىلىراق بىرنەچچە ساۋاقداشىمىزلا يازغانلىرىنى باشقىلارغا

كۆرسىتەتتى. دەرس ۋاقتىدا ياكى ھەر خىل پائالىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ياڭراق ئاۋازدا پۈشكىن، ماياكوۋسكىينىڭ شېئىرلىرىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشاتتى، ئەدەبىي ژۇرنال، گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈملىرىگە شېئىرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردە ئۇچراتقان «بۇركۇت» ئەپەندى، « نۇرى» ئەپەندى، «مەشئەل» ئەپەندىگە ئوخشاش داڭلىق شائىر، مۇھەررىرلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئىچىمىزگە ئوت ياقاتتى. بولۇپمۇ مەن جەنۇبلۇق ساۋاقداشلىرىمغا ھەيران قالاتتىم. كونا دوپپا، ئاددىي كىيىملەر بىلەن كەلگەن تارتىنچاق، جىمغۇر بالىلار مەكتەپكە كېلىپ بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلايتتى. بىزنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بۇنى كىچىكىدىن مەدرىسەدە يادلىغان كىلاسسىك شېئىرلارنىڭ تەسىرىدىن دەپ قارايتتى، كېرەم، كامال، غوپۇرجان قاتارلىق بىرنەچچىسىنى چوڭ كۆرۈپ ئەركىلەتكەندەك: «كېرەم ئەپەندى»، «كامال ئەپەندى»...... دەيتتى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن كېلىپ يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتۈدىغان يەنە بىر ئوقۇتقۇچىمىز كېرەمنى «شېئىر ئۈچۈن يارالغان يىگىت» دەيتتى.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدا كېرەم بىلەن كامال تەڭلا ئۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپ بويىچە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. غوپۇرجان، ئاسىم، ئوبۇلخەيرىلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ دېگۈدەك ماڭاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كېرەمنىڭ شېئىرلىرى بۇلاق سۈيىدەك يەڭگىل، جۇشقۇنلۇقى، ئوخشىتىش،

سىمۋوللىرىنىڭ ئۆزگىچە، ئىجادىيلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كامال بولسا ناھايىتى پاساھەتلىك تىل بىلەن تولاراق ئەدەپ ـ ئەخلاق، غايە توغرىسىدا، يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا يازاتتى. بۇ خىل شېئىرلار ئەينى دەۋردە ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىمۇ، تەھرىر بۆلۈملەردىمۇ قارشى ئېلىناتتى. غوپۇرجان، ئوبۇلخەيرىلەر ئەمگەك، مۇھەببەت، كوپىراتسىيەلىشىش قاتارلىق تېمىلاردا يازاتتى. بۇلارمۇ بازارلىق تېما ھېسابلىناتتى. ئاسىم بىرنەچچە پارچە شېئىر ئېلان قىلغاندىن كېيىن، داستانغا تۇتۇش قىلغانىدى. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى تېما قىلىنغان بۇ داستان ئۇنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلى ئايلاپ ئۇزۇلۇپ قالاتتى، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى شېئىرىي تالانتىنى بېسىپ چۈشكەن بولۇپ، ئۇ مەكتەپ ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.



مەن بولسام يازغۇچى ـ شائىر بولۇشنى ئەمەس، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، بىر مەۋسۇم ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ باققانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ياكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىمى، مېتودى ھەم پەزىلىتى مەندە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يېزىدىكى ئايال ئوقۇتقۇچى» فىلىمىدىكى ۋارۋاراغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا بارلىقىمنى ئاتاش ئارزۇسى بىخلانغانىدى. مەندىكى بۇ گۈزەل ئارزۇنىڭ يەنە بىر

خۇپىيانە سەۋەبچىسىمۇ بار ئىدى......

خىيالىم ئىختىيارىمدىن سىرت ھالدا ۋاقىت تونېلىنىڭ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقلىرىغا شۇڭغۇشقا باشلىغاندا، گويا كۆز ئالدىمدىكى قويۇق تۇماننى ھەيدىمەكچى بولغاندەك ئۇلۇق قولۇمنى يېنىككىنە سىلكىدىم، رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ چەينەكتىن چاي قۇيۇپ ئىچتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەتىگەن قىلىشنى ئويلىغان قانداقتۇر مۇھىم ئىشلارنى قىلماقچى بولدۇم. ئەمما، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالماي، مېھمانخانا ئۆيۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ خېلى ئۇزاق تۇردۇم. مانا بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مېنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان ئۇنتۇغاقلىق. ئۇ گويا ئەرۋاھتەك پات ـ پات پەيدا بولۇپ، مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىر كۈنلەردە مەن تېخىمۇ ئۇنتۇغاق بولۇپ كېتىشتىن قورقىمەن.

خۇددى مېنى ئۇمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك، كارىدوردىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاستا، ئېغىر قەدەم تىۋىشى كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئېرىم مەسئۇد. ئادەتتە ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى چېغىدىلا مەن ئۇنى ئاياغ تىۋىشىدىن تونۇۋالىمەن، ئۇمۇ مېنى ئاياغ تىۋىشىمدىن تونۇيدۇ. ئۇنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ئەينەككە قارىۋېتىدىغانلىقىنى، ئايىغىنى نەدە، چاپىنىنى نەدە قويىدىغانلىقىنى، قويغان نەرسىسىنىڭ ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ كىرىپلا ئىشىك تەرەپتىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سوغۇق چاي ياكى مېۋە شەربىتى ئەكېلىپ بېرىمەن. چىرايىدىن بىرنېمە دېگۈسى بارلىقىنى سەزسەم، ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىمەن ياكى

قورسىقىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنى سورايمەن. ئۇ ئۆزاقراق يوق بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا كۆپىنچە بىرنەرسە يېمەيدۇ. ئۇ ئايدا بىر قېتىم يۇرتداشلىرى، ئىككى ئايدا بىر قېتىم ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىلىشقا بارىدۇ. ئادەتتە ئىككىمىز سائەت بەشلەر ئەتراپىدا تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەۋەر كۆرىمىز. خەۋەر ئاياغلاشقاندا چاي دەملەپ يەڭگىل غىزالىنىمىز. مەسئۇد تاماق سىڭدۈرۈش ياكى شاھمات ئويناش ئۈچۈن يەنە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كېتىدۇ. مەن قاچا ـ قۇچىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بالكونىدىكى ياتما ئورۇندۇقنىڭ تەۋرىنىشى ئىچىدە بىرپەس ئارام ئالىمەن ياكى كۆزئەينىكىمنى تاقاپ، كارىۋىتىمغا بالدۇرلا چىقىۋېلىپ يىغىلىپ قالغان گېزىت ـ ژۇرنال، يېڭى چىققان كىتابلارنى ئوقۇيمەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەن مەسئۇدقا باغاق تاپشۇرۇۋالغانلىقىمنى ۋە ساۋاقداشلار يىغىلىشى توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قىزنىڭ ئىچىدە ئاڭلىدى. بۇ خەۋەر مەسئۇدنىڭمۇ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىنى قوزغىۋەتتى بولغاي، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن قېتىمقى ساۋاقداشلار يىغىلىشىدا كۆرۈشمىگىنىگە 47 يىل بولغان بىر قىز ساۋاقدىشىنى كۆرۈپ، ھەرقانچە ئەسلەپمۇ خاتىرىسىدىكى ئۇنىڭغا ئوخشىتالمىغانلىقىنى، ئۆزى تەلەپ قويۇپ زادىلا قولغا كەلتۈرەلمىگەن بۇ قىز ئەينى چاغدا مېنى رەت قىلىپ بەك توغرا قىلغانىكەن، دەپ ئويلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

## 3

ئۆزاقـقا سوزۇلغـان ئىسـسـىقتـىـن كېيـىـن تۆتۆلـغـان ئۆرۈمچى هاۋاسى بىرنەچچە كۈنگىچە ئېچىلمىدى. كۈن خۇددى كېسەلچان قېرى ئادەمدەك ئاندا ـ ساندا، چالا ـ بۇلا كۆرۈنۈپ قويۇپلا، جاهاننى تـەلەتى سەت بـۇلـۇتلارغا تـاشلاپ يوق بولـۇپ كـېـتەتتـى. بۇلـۇتـنـىـڭ توختـىـماي شەكىـل ئۆزگـەرتـىشـىـگـە ئەگىشىپ يامغۇر گاھ سىمىلداپ ياغسا، گاھ يەرگە چۈشۈشكە ئالدىرىغاندەك شارىلداپ تۆكۈلەتتى. بىرپەس يەر ـ ئاسمانـنـى بـىر ئالغـان شارىلدىغان ئاۋاز تـۇيـۇقسىز تـوختـاپ، ئـەتـراپ ئارامبەخش جىمجىتلىققا چۆمۈلـەتتى. تۇيـۇقسىز كـۈل رەڭ ئاسمانـىـنىڭ بىـر بۇرجىكـى يىرتـىـلىپ، خـەنجەر ئۇچـىـدەك ئىنچىكە، ئۇزۇن نۇر تالالىرى زېمىننى بىرپەس يورۇتاتتـى ـ دە، هايال ئۆتمەي يەنە بۇلـۇتلارنىڭ ئارقىسىدا غايىب بولاتتـى. خۇددى غايەت زور پارنىكتەك زېمىننى ئوراپ تۇرغان كـۈل رەڭ بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا يـامغۇردا يۇيـۇلـۇپ پاكـىـزلانغان قاتـار ـ قاتار بىنالار، يول بويلىرىدىكى جانلىنىپ، پارقىراپ كـەتكـەن دەل ـ دەرەخ، گۈللۈكلەر، چىمـلىقلار خۇددى ئېسىـل مەنزىـرە رەسىملىرىدەك كۆزگـە تاشلىـناتتى. خـۇددى سېهـىرلـىنـىـپ قـالغاندەك بـۇ مەنزىرىگە قاراپ قېـتىپ ئـولـتۇردۇم. نېـمـە ئۈچۈندۇر كـىچىكـىمدىن يـامغۇر ياغـقان كۈنلـەردە غەمكـىـن ئويلار ۋە هـاياجانـغـا چۆمۈلـۈپ قـالاتتىم. پـاكلانغـان يـەر ـ زېمىندىن چاقماق، گۈلدۈرماما هىدى كېلىپ تۇرغان شۇنداق پەيتـلەردە ئالاهـىدە بىر ئىشلار يۈز بېـرىدىغـاندەك غەلـتـە تۇيغۇدا تىنچسىزلىناتتىم. يـىللار بۇ تـۇيغۇلارنىـڭ رەڭگىنـى

ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، يوق قىلىۋېتەلمىگەنىدى. ئىچ - باغرىمدىن كۆتۈرۈلگەن سۆسقىنە ھەسرەت تۇمانى چاناقلىرىمدا، كىرپىكلىرىم ۋە جاۋغايلىرىمدا چۆكۈپ تۇراتتى. كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرە رەسىم بىردىنلا جانلاندى. سۈرەت ئىچىدىن تونۇش بىر قىياپەت، 40 نەچچە ياشلاردىكى زىلۋا بويلۇق بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قويۇۋېتىلگەن قوڭۇر چېچى مۈرىسىدە دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن ئوچۇق گۈللۈك كۆڭلىكى ناھايىتى ياراشقانىدى. ئۇ مۈرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن سەل يېنىچە بولۇپ، ھارغىن، ئۇششاق قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. يەنە بىر قولىدا ئېسىلىپ تۇرغان كۇنلۇكىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن نازۇك تۇپلىيىدىن سەۋزىدەك قىزغۇچ پۇت بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ قىزىم مۇنىرە ئىدى.

«بىچارەم، ئۇنىڭغىمۇ تەس. بىر تەرەپتە ئائىلە، بىر تەرەپتە خىزمەت. يەنە بىر تەرەپتىن ياشانغان ئاتا - ئانا، قېيىنئاتا - قېيىنئانا......» شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم ئېرىپ، پەرىشان بولدۇم. ئىچىمدە «بۈگۈندىن كېيىن ئۇنى ئەكېلىپ بەر، بۇنى ئەكېلىپ بەر دەۋەرمەي، ھەرىكەت قىلغاچ ئۆزۈم ئالالايدىغانلىرىمنى ئۆزۈم ئالاي ياكى مەسئۇدقا ئەكەلدۈرەي» دەپ ئويلىدىم. ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىن چىقىۋاتقان چېغىدىلا ئىشىكنى ئېچىپ يولىغا قاراپ تۇردۇم.

— كېلە قىزىم، بىردەم ئولتۇرۇۋال، چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇ، قارىغاندا چارچاپ قاپسەن. بۇنداق

كېتمۋەرسەڭ قانداق بولىدۇ. ئادەم دېگەننىڭ جېنى تۆمۈر بولمىسا ...... — دەپ تارتىپ دېۋانغا ئولتۇرغۇزدۇم. بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئېرى، بالىلىرىنى، قېيىنئاتا – قېيىنئانىلىرىنى سورىغاچ يېنىدا ئولتۇردۇم. قىزىم سوئاللىرىمغا قىسقا – قىسقا جاۋاب بېرىپ بولۇپ:

— ئۆزۈڭچۇ ئاپا، ئۆزۈڭ قانداقراق تۇردۇڭ؟ ئۆيقۇڭ ياخشىمۇ؟ دادامچۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ يامان ئەمەس. مېنىڭ ئۆيقۇمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، خالىسا كېلىدۇ، خالىسا كېتىدۇ، تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ......

— مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، كىچىككىنە ئىش ئېچىڭگە كىرىۋالسا، نەچچە كېچە ئۇخلىمايسەن، بەزى ئىشلارنى بەك زىغىرلاپ كېتىسەن. ئاپا، مۇشۇ مىجەزىڭنى ئۆزگەرتسەڭ بولاتتى......

بەزى ئىشلارنى، بولۇپمۇ مىجەزنى ئۆزگەرتىمەن دەپلا ئۆزگەرتكىلى بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى – ھە، مەن گەپ قىلماي كۈلۈپ قويدۇم. قىزىممۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۇستەلدىكى سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ:

— ۋاھ، ئاپا، سېنىڭ ياش ۋاقتىلىرىڭ ئىكەنغۇ! سەن تېخى ھەربىيمۇ بولغانمۇ؟ كىيىملىرىڭلار قالتىسكەن. ئاۋۇ قۇلاقچاڭلارچۇ تېخى. لېكىن، سەن بەك ئوماقكەنسەن، ھېلاربى كىلىنتونىنىڭ ياش ۋاقتىلىرىغىلا ئوخشايدىكەنسەن. بۇ يىگىتلەرچۇ؟...... قارىغاندا، ئۇلار سېنى قوغلىشىۋاتقانلار

بولسا كېرەك ـ ھە؟ ــ دېدى.

ــ ياق، قىزىم، ئۇلار مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ھەم يېقىن دوستلىرىم. بۇ سۈرەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلارنىڭ خاتىرىسى. بۇ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدى......

ــ ھى ـ ھى ـ ھى...... سىلەر ئۇ چاغدا قىزىقكەنسىلەر ئاپا. ھازىرچۇ، ئوغۇللارنى دوستۇم دېسەك، باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ. يۈرگەن يىگىتىمىزنىلا ئوغۇل دوستۇم دېسەك بولىدۇ. ئوغۇل دوستى جىق قىزلارنى باشقىلار يامان قىزلار دەپ قارىشىدۇ تېخى. مېنىڭچە، يەنىلا سىلەرنىڭ دەۋرىڭلار ياخشىكەن، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن ساپ.

ــ ئۇ چاغلارنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى. سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا بەزى ئىشلار تەتۈرىگە تەرەققىي قىلىدىمۇ قانداق؟ ئۇ چاغلاردا ئۇلارمۇ باشقا قىزلارنى قوغلىشىپ يۈرەتتى، مېنىڭمۇ يۈرۈۋاتقىنىم بار ئىدى. ئەمما، بىز گېپىمىز بىر يەردىن چىقىدىغانلىقى، چىقىشالايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن دوست بولغان. بىز دائىم بىللە يۈرەتتۇق. كۆڭۈللىرىمىزدە زەررىچە باشقا نىيەت يوق ئىدى.

ــ ئۇنداق بولسا، يۈرگەن يىگىتىڭنىڭ سۈرىتى يوقمۇ ئاپىجان، ئالە كۆرۈپ باقايلى دادام كۆرۈپ قالغۇچە.

قىزىمنىڭ ھاياجانلانغان تۇرقىغا قاراپ بېشىمنى چايقىغىنىمچە كۈلۈۋەتتىم، لېكىن دەرھال قاپىقىمنى تۈرۈپ:

ــ ئاپاڭ بىلەنمۇ مۇشۇنداق گەپلىشەمسەن ھاياسىز! مەندە باشقا سۈرەت يوق، ماڭ، بېرىپ بىردەم ئۇخلىۋال، ــ

دېدىم.

قىزىم دومسايغىنىچە دىۋانغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنىدۇ دەپ غودۇراشلىرىغا قۇلاق سالغاچ سومكىدىكى گۆش، كۆكتاتلارنى توڭلاتقۇغا سېلىشقا باشلىدىم. توڭلاتقۇنى بىر ەر قۇر يىغىشتۇرۇپ بولۇپ چىقسام، قىزىم ئولتۇرغان يېرىدە قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىدىكىدەك، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولالماي ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغاندەك. دەرھال بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئۇستىگە نېپىز ئەديال يېپىپ قويدۇم. «بىچارە ئۆز ئۆيىدە قانغۇچە ئۇخلىيالمايدۇ، قېيىنئانىسىنىڭكىدە تېخىمۇ شۇنداق. ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىدە بولسىمۇ ئۇخلىۋالسۇن، بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمىزدا».

ھايال ئۆتمەي مەسئۇدمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپ قىزىنى كۆردى ـ دە، تىۋىش چىقارماي ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە «ئۇزاقراق ئۇخلىۋالسۇن» دېگەندۇ. ئۇ، باللارنىڭ ئىچىدە مۇنىرەنى «كىچىكىدە كۆپ جاپا تارتقان» دەپ ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇنيادا چىرايىمۇ، مىجەزىمۇ بۇ قەدەر ئوخشايدىغان دادا ـ باللار كۆپ بولمىسا كېرەك. مەسئۇدنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرلەرگە خاس قىياپەتنىڭ قىزىنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقلارچە بۇنچە نازۇك ئاياللىق گۈزەللىكىگە ئۆزگەرگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسئۇد قىزىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسىرىدىن زوقلانغاندەك زوقلىنىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرىدۇ. دادا ـ بالا دوستلاردەك پاراڭلىشىپ كەتسە گېپى تۈگىمەيدۇ.

بولسا كېرەك ـ ھە؟ ــ دېدى.

ــ ياق، قىزىم، ئۇلار مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ھەم يېقىن دوستلىرىم. بۇ سۈرەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلارنىڭ خاتىرىسى. بۇ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدى......

ــ ھى ـ ھى ـ ھى...... سىلەر ئۇ چاغدا قىزىقكەنسىلەر ئاپا. ھازىرچۇ، ئوغۇللارنى دوستۇم دېسەك، باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ. يۇرگەن يىگىتىمىز نىلا ئوغۇل دوستۇم دېسەك بولىدۇ. ئوغۇل دوستى جىق قىزلارنى باشقىلار يامان قىزلار دەپ قارىشىدۇ تېخى. مېنىڭچە، يەنىلا سىلەرنىڭ دەۋرىڭلار ياخشىكەن، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن ساپ.

ــ ئۇ چاغلارنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى. سىلەرنىڭ دەۋرىڭلاردا بەزى ئىشلار تەتۈرىگە تەرەققىي قىلىدىمۇ قانداق؟ ئۇ چاغلاردا ئۇلارمۇ باشقا قىزلارنى قوغلىشىپ يۈرەتتى، مېنىڭمۇ يۈرۈۋاتقىنىم بار ئىدى. ئەمما، بىز گېپىمىز بىر يەردىن چىقىدىغانلىقى، چىقىشالايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن دوست بولغان. بىز دائىم بىللە يۈرەتتۇق. كۆڭۈللىرىمىزدە زەررىچە باشقا نىيەت يوق ئىدى.

ــ ئۇنداق بولسا، يۇرگەن يىگىتىڭىزنىڭ سۈرىتى يوقمۇ ئاپىجان، ئالە كۆرۈپ باقايلى دادام كۆرۈپ قالغۇچە.

قىزىمنىڭ ھاياجانلانغان تۇرقىغا قاراپ بېشىمنى چايقىغىنىمچە كۈلۈۋەتتىم، لېكىن دەرھال قاپىقىمنى تۈرۈپ:

ــ ئاپاڭ بىلەنمۇ مۇشۇنداق گەپلىشەمسەن ھاياسىز! مەندە باشقا سۈرەت يوق، ماڭ، بېرىپ بىردەم ئۇخلىۋال، ــ

دېدىم.

قىزىم دومسايغىنىچە دىۋانغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنىدۇ دەپ غۇدۇراشلىرىغا قۇلاق سالغاچ سومكىدىكى گۆش، كۆكتاتلارنى توڭلاتقۇغا سېلىشقا باشلىدىم. توڭلاتقۇنى بىرەر قۇر يىغىشتۇرۇپ بولۇپ چىقسام، قىزىم ئولتۇرغان يېرىدە قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىدىكىدەك، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولالماي ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغاندەك. دەرھال بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئۇستىگە نېپىز ئەدىيال يېپىپ قويدۇم. «بىچارە ئۆز ئۆيىدە قانغۇچە ئۇخلىيالمايدۇ، قېيىنئانىسىنىڭكىدە تېخىمۇ شۇنداق. ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىدە بولسىمۇ ئۇخلىۋالسۇن، بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمىزدا».

ھايال ئۆتمەي مەسئۇدمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپ قىزىنى كۆردى ـ دە، تىمۇش چىقارماي ھۇجىرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇمۇ كۆڭلىدە «ئۇزاقراق ئۇخلىۋالسۇن» دېگەندۇ. ئۇ، باللارنىڭ ئىچىدە مۇنىرەنى «كىچىكىدە كۆپ جاپا تارتقان» دەپ ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە دۇنيادا چىرايىمۇ، مىجەزىمۇ بۇ قەدەر ئوخشايدىغان دادا ـ باللار كۆپ بولمىسا كېرەك. مەسئۇدنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرلەرگە خاس قىياپەتنىڭ قىزىنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقلارچە بۇنچە نازۇك ئاياللىق گۈزەللىكىگە ئۆزگەرگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسئۇد قىزىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسىرىدىن زوقلانغاندەك زوقلىنىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرىدۇ. دادا ـ بالا دوستلاردەك پاراڭلىشىپ كەتسە گېپى تۈگىمەيدۇ.

## 4

يېرىم كېچىدە ئېسەدەپ يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. ياستۇقلىرىم، چاچلىرىم ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. چىدىغۇسىز ئازاب روھىم ھەم تېنىمنى تۇگمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرىدۇ. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن باش تەرىپىمدىكى چىراغنى ياقتىم. چۇشۇمدە كۆرۈنگەن زالدەك چوڭ ئۆينى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كارىۋاتنى، ئاق كىرلىكلەر ئۈستىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن «ئۇ» نى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپىمغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قاراپ كەتتىم. يۈرىكىم ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. «شۇنچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆز ئەينى تەكرارلانغان بۇ ئازابلىق ئەسلىمىلەر قەيەردىن كەلدى؟ ئۇ مېنىڭ روھىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقانمىدى؟ قىزىمنىڭ بىر ئېغىز سوئالى، ‹يۈرگەن يىگىتنىڭ قايسى ئىدى؟›، دەپ قىزىقىپ سوراشلىرى قوزغىغان تەسىرمۇ بۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ سوئالنى ناھايىتى تېز لا ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. ئۇنداق سوئاللار مېنى ئەمدى ھاياجانلاندۇرالماس بولۇپ قالغانىدىغۇ؟ خۇددى يىچىرلاپ قىلغان دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولغاندەك، تاسادىپىي ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز سۆز ئالەمنىڭ قەيەردىدۇر بىر يېرىدە، يىراق بىر يۇلتۇزدا، شېرىن چۈشلەر ئىچىدە، جىمىرلاپ تۇرغان روھلارنىڭ غۇۋا ئەسلىمىلىرىدە ئەكس سادا قوزغىغانمىدۇ؟»

بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ ماڭا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن «ئۇ» ــ يىراق تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئوغۇز

ئىسمىلىك ئوغلى بولۇپ، مەندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش چوڭ ئىدى. كىچىككىمىزدە ئاتا ـ ئانىمىز ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشىپ، بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە «چېتىپ» قويغانىكەن. چوڭ بولغانچە بۇ ئىش رەسمىي تىلغا ئېلىنىدىغان، ئوغۇزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «كېلىنىمىز» دەپ مېنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىمنى قىلىدىغان بولۇپ قىلىشقانىدى. ئوغۇز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تاشكەنتتە رۇس گىمنازىيەسىدە ئوقۇدى. ئۇ هەر تەتىلدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە مېهمان بولۇپ كېلەتتى. چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئوغۇز ئىنىم بىلەن مېنى ۋە مەھەللىدىكى باشقا بالىلارنى يىغىپ، رۇس مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى دوراپ بىزگە «دەرس» ئۆتەتتى ياكى بىزگە هەر خىل ئويۇن ئۆگىتەتتى. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنىم ئىككىمىز تەتىلنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ۋە ئۇزاق بولۇشىنى تىلەيتتۇق. ئوغۇز گىمنازىيەنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئورۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتى، ئارقىدىن مەنمۇ ئوقۇشقا كەلدىم. مەن ئىنستىتۇتنىڭ بىرىنچى يىللىقىنى پۈتكۈزگەندە، ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ، ئۆز مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. شۇ قېتىمقى تەتىلدىن باشلاپ ئۇ ماڭا باشقىچە مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇششاق سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش تۈپەيلى، مەھەللىمىزدىكى ئىلگىرى مېنى كۆزىگە ئىلمىپ كەتمەيدىغان يىگىتلەر ماڭا دىققەت قىلىشقا باشلىدى، قىزلارمۇ ماڭا هەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قېلىشتى. چۈنكى، ئوغۇز ئېگىز بوي، سۇس قوڭۇر چاچ، يېشىلغا مايىل كۆزلىرى

ئادەمنى ئەيمەندۇرىدىغان، قاملاشقان يىگىت ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ مېنىڭ نەزەرىمدە ناھايىتى بىلىملىك، كۆپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان، چوڭ ئادەملەردەك ئەدەپ - قائىدىلىك، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئىنسان ئىدى. كىچىكىمىزدىن ئالغان تەربىيە تۈپەيلى ئۇرۇمچىدە بىز كۆپ كۆرۈشمەيتتۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەيمىنەتتىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلسىمۇ، سىرتتا بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپلا، ياتىقىمغا كىرىپ كېتەتتىم. بەزىدە ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ چىقمايتتىم، ئەمما پۇشايمان قىلغىنىمدىن كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي قالاتتى.

ئىككىنچى يىللىقنىڭ يازلىق تەتىلىدە ئۇ مېنى رەسمىي قوغلىشىشقا باشلىدى. ئاچىلىرىم ماڭا ئۆزلىرى مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىدا كىيگەن كۆڭلەكلىرىنى كىيدۈرۈپ، چاچلىرىمنى ئېگىز ئۆرۈپ باتنىكلاپ قوياتتى. مەن يۈزۈمگە ئۇپا، يۈز ماي سۈرۈشنىمۇ بىلمەيتتىم ھەم خالىمايتتىم. ئۇلار زورلاپ يۈزۈمگە يۈز ماي، ئۇپا، لەۋلىرىمگە لەۋ سۈرۈخ سۈرۈپ مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. تالاغا چىقىپلا يۈزۈمنى قول ياغلىقىم بىلەن سۈرتۈۋېتەتتىم. قىزىل بوياقنى چىقىرىۋېتىمەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ دەپ تېخىمۇ قىزارتىۋېتەتتىم. ئوغۇز كۈندە چۈشتىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئىككىمىز ناھىيە بازىرىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ، كىتابخانىغا كىرەتتۇق. ئىشكاپلارغا تىزىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلارنى ئېلىپ ۋاراقلاپ باقاتتۇق،

بەزىلىرىنى بىرنەچچە بەت ئوقۇيتتۇق. ئوغۇز كىتاب ساتقۇچى قىزلاردىن قانداق يېڭى كىتابلارنىڭ چىققانلىقىنى سورايتتى. تاشكەنت كىتابخانىلىرىدا كىتابلارنىڭ نەقەدەر جىقلىقىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى ئاغزىغا قارىتىپ قوياتتى. بەزى كۈنلىرى دەريا بويىنى ئايلىناتتۇق ياكى بىرەر سالقىن جايدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇنلا ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ قوياتتى.

ئەتىل توشۇشقا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ماڭا:

— ھەدىيە، سەن كېلەر يىلى 18 ياشقا كىرىسەن، ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق قالمايدۇ. سەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئىككىمىز بىرلىكتە جەنۇبتىكى يىراق يېزىلارغا كېتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلايلى. ئۇ يەرلەر بىزدەك ياشلارنىڭ بېرىپ ئىشلىمىزگە موھتاج، — دېدى.

مەن بىردىنلا قورقۇپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ ماڭا تېخى رەسمىي تەلەپ قويمىغانىدى. ئىككىمىز ئەزەلدىن مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقمىغانىدۇق.

ئۇ چىرايىمغا قاراپ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالدى بولغاي:

— توختا، ئالدى بىلەن مەن ساڭا توي تەكلىپى قوياي، ھەدىيە، سەن مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن تېخىمۇ ھودۇقۇپ:

— سەن...... سەن مېنى راستىنلا...... ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ساراڭ قىز، سېنى ياخشى كۆرمىسەم، ئەتراپىڭدا شۇنچە پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتىممۇ؟ ئىزدەپ بارسام، ئالدىمغا

چىقىپمۇ قويمايسەن. لېكىن، مەن سېنى كۆرمىسەم تۇرالمايمەن، سېنى كۆرۈپ، ئاۋازىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا يەنە سېنى ئىزدەپ بارىمەن...... بەزىدە سېنى خىجىل قىلىپ قويماي دەپ مەكتىپىڭنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ كېتىپ قالىمەن...... — دېدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئاۋازى تىترەپ كەتتى. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. يىغلاپ ھەم تىترەپ تۇرۇپ:

— ئوغۇز، مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، سەن بىلەن بىللە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بېرىشقىمۇ رازى بولىمەن، — دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز رەسمىيلەشتى. ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر ھەممىسى دېگۈدەك:

— بويى - بويىغا، خىلى - خىلىغا كەپتۇ، نېمىدېگەن قاملاشقان بىر جۈپلەر - ھە! - دېيىشتى. ئوغۇز ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى مەكتەپتىكىلەرگە ئېيتمىغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ بىلىۋېلىشىغا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى. قىزلار: «ھەدىيە، سېنى دائىم دەرۋازا ئالدىدا ساقلايدىغان يىگىت كىم ئۇ؟ ئاكاڭ بولسا بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويغىنە جېنىم» دېيىشىپ مېنى تېرىكتۈرەتتى.

ئوغۇز ئىككىمىز مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولغانىدۇق. بۇ، ئىنسانىنىڭ 18 — 20 ياشلىرىدىلا بولىدىغان، مەڭگۈ قايتىلانمايدىغان شۇنچىلىك ساپ ھەم چوڭقۇر مۇھەببەت ئىدى. ئادەم پەقەت ئاشۇ دەۋرلىرىدىلا مۇھەببەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەي جېنىنى پىدا قىلالايتتى. مۇھەببەت ئۈچۈن مەجنۇن بولۇپ چۆل - باياۋان، تاغۇ -

دەشتلەرنى كېزەتتى. كىلاسسىك مۇھەببەت داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگىنى دەل شۇ ياشتىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىدى. بۇ خۇددى ئوغۇز ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئوخشايتتى.

بىز ھەپتىدە ئىككى قېتىم كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كۆرۈشەتتۇق. كۆرۈشۈش ئورنىمىز بولاقبېشىدىكى بىر چايخانا ئىدى. بىر - بىرىمىزنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بوران - يامغۇرلاردىمۇ، قەھرىتان قىشنىڭ قار - شىۋىرغانلىق كۈنلىرىدىمۇ، ئاغرىپ ھالىمىز قالمىغان چاغلاردىمۇ بۇ چايخانىغا بارماي قالمايتتۇق. چاي ئىچكەچ ئالدىراپ - تېنەپ ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن چالا - بۇلا پاراڭلىشىپلا ئايرىلىشقا مەجبۇر ئىدۇق. چۈنكى، مەن كەچلىك مۇزاكىرىگە ئۈلگۈرۈپ مەكتەپكە قايتىشىم كېرەك ئىدى.

يەكشەنبە بىز ئۈچۈن بەكمۇ تەستە كېلىدىغان ھەم بەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان ئالاھىدە بىر كۈن ئىدى. بىز كۆپىنچە پىيادە مېڭىپ ئۇلانباي تەرەپكە باراتتۇق. ئوغۇز بۇنى چېنىقىش ھەم پاراڭلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، دەيتتى. ئىككىلىمىز نان، قېزا، پېچىنە - پىرەنىك، چاي ئېلىۋېلىپ، ھېرىپ قالغاندا بىرەر يەردە ئولتۇرۇپ غىزالىناتتۇق - دە، يەنە يولىمىزغا راۋان بولاتتۇق. ئۇلانبايدا تاغلار ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان جىرا سۈيىنىڭ بويىدا بوك - باراقسان قىرچىن تاللار ئۆسۈپ كەتكەن بەكمۇ مەنزىرىلىك بىر جاي بار ئىدى. ئىككىمىز سۈپسۈزۈك سۇنى كېچىپ، ئۇششاق، رەڭدار تاشلارنى ئىزدەيتتۇق. شۇ يەرلەردە ئوغۇز ماڭا پۈشكىننىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن،

تولستوي، چېخوف، دوستويېۋسكى، يېسېنىنلارنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى، مۇزارتنىڭ بەكمۇ سىرلىق ھاياتى ۋە ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندى. ئۇ ئاجايىپ ناتىق ئىدى، كۆزلىرىدىن ۋال ـ ۋۇل ئوت چاقنىتىپ سۆزلەۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ كېتەتتىم. تېزرەك ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، ئىككىمىز دائىم بىللە بولىدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتەتتىم. مەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام، ھازىرمۇ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمەن. ياراتقۇچىنىڭ ماڭا شۇ قەدەر ئۇنتۇلغۇسىز، شېرىن، مۇھەببەتلىك كۈنلەرنى، شۇ قەدەر ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغىنىدىن مىننەتدار بولىمەن......

*　*　*

ئوغۇزنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە قانداق بارغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ كەڭرى بىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارىۋاتتا ئېڭىكى چېتىلغان ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرگىنىم، بېشىم قايغاندەك بولۇپ يىقىلىپ چۈشكىنىم، ئاق روماللىق بىرمۇنچە ئايالنىڭ كېلىپ مېنى يۆلىۋالغانلىقى ئېسىمدە. كېيىنكى ھەددى ـ ھېسابسىز قايغۇلۇق ئىش، ئۈزۈك ـ ئۈزۈك كۆرۈنۈش، ئەسلىمە مېنى قىيناپ، تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆلۈمگە ۋە ئۆزۈمنى نابۇت قىلىشقا ئىنتىلەتتىم، ھاياتتىن بىزار بولغانىدىم.

ئۈزاق كۈز ۋە قىشنى ئازاب ۋە ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۆزۈمچىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىشقا چۈشتۈم. مەن ئۆزۈمنى شۇنچىلىك

ئاجىز، يەككە ـ يېگانە سېزەتتىم. بۇ شەھەردە دەردىمنى تۆككۈدەك يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم يوق. ساۋاقداشلىرىم بولسا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشكەندى.

دەرستىن چۈشۈپلا قىلىدىغان ئىشىم ئوغۇزنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئىدى. قەبرىستانلىق ـــ بۇ شەھەردە مېنى جەلپ قىلىدىغان بىردىنبىر ماكان بولۇپ قالغانىدى. گەج بىلەن قاتۇرۇلغان قەبرىگە يۈزلىنىپ، ئېگىزكىمنى يۆلەپ يەردىلا ئولتۇراتتىم. قايغۇ چىراي ئادەملەرنىڭ مۈككۈچىيىپ كېلىپ يەنە مۈكچەيگىنىچە كېتىپ قېلىشلىرىغا، قۇشلارنىڭ يۇقىرىدە ئۇچۇپ كېلىپ دان تېرىپ يېيىشىگە، يەنە يۇقىرىدە ئۇچۇپ كېتىشىگە قاراپ سائەتلەرنى ئۆتكۈزەتتىم. بەزىدە بوغۇلۇپ تۇرۇپ: «ئوغۇز، مەن بۇ يەردە، سېنىڭ يېنىڭدا» دەپ پىچىرلايتتىم. شۇنچە ياش، جۇشقۇن، گۈزەل بىر ھاياتلىقنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، قارا تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىشىنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمايتتىم. «مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا يۈز بەردىمۇ؟» دەپ ئويلاپ، بېشىم، پۇت ـ قوللىرىمنى تۇتۇپ، چىمداپ باقاتتىم، بۇلارنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى، ئويغىنىپ ئوغۇزنى يېنىمدا كۆرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى. قۇياش پارلاپ تۇراتتى، يوپۇرماقلار تۇمەنمىڭ خىل ئاھاڭدا شىۋىرلايتتى. قەبرە تېشىغا يېزىلغان خەتلەر كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە «مەنمۇ ئۆلۈپ كەتسەم، ئوغۇزنىڭ يېنىدا، زەڭگەر ئاسماننىڭ تېگىدە، دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە ئارام ئالسام نەقەدەر راھەت ـ ھە» دەپ ئويلايتتىم. ئۆز ـ ئۆزۈمنى

نابۇت قىلىش ئىستىكى يەنە ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالاتتى.

ھازىر ئويلىسام، مېنى ئاشۇ يولدىن ساقلاپ قالغىنى ئوقۇغۇچىلىرىم ئىكەن. ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك ئامراق ئىدى. بالىلىق كۆڭۈللىرى بىلەن مېنى چۈشىنەتتى. ھەر خىل ئامال بىلەن مېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولغىنىمدا غەملىرىمنى ئۇنتۇپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، روھلىنىپ قالاتتىم. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مەن بالىلارنىڭ قەلبى چوڭلارنىڭكىدىن سەزگۈر بولۇپلا قالماي، ئۇلاردا قىلچە مۇددىئاسىز پىداكارلىق ۋە تولۇپ تاشقان ھېسداشلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم ۋە بۇ تۇيغۇمدا ھېچقاچان خاتالاشمىدىم.

ئەمما، ھاياتقا قاراپ ئالغان تۇنجى قەدىمىمدە يولۇققان بەختسىزلىك مېنىڭ تىنچ، تۇپتۈز ھايات يولۇمنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئۈمىدسىزلىك ۋە تەجرىبىسىزلىك مېنى يەنە بىر بەختسىزلىككە — ئۆرنىنى تولدۇرغۇسىز خاتالىققا ئېلىپ باردى.

ئادەم بەزىدە ئاجايىپ قەيسەر بولۇپ كېتىدۇكى، ئۇنى ھېچ نەرسە يېڭەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە، بولۇپمۇ ياشاشتىكى تايانچى بولغان، ئەڭ يېقىن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغان چېغىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە بىچارە ۋە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ قەلبىدىكى چوڭقۇر بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك بىر جۈپ قولنىڭ يۆلىۋېلىشىغا، بېشىنى سىيلىشىغا، سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ تەسەللى بېرىشىگە تەشنا بولىدۇ. مەن بۇ خىل ھالەتنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ بىر پەيشەنبە كۈنى ئىدى، سەھەردە تېخى ئىز چۈشمىگەن قارنى دەسسەپ قەبرىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئوغۇزنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇۋاتاتتىم. بىر ئەر كىشى كېلىپ، ياندىكى قەبرىنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، ئۇنلۇك ئاۋازدا ناھايىتى مۇڭلۇق قىرائەت قىلىپ بولۇپ، سەل ئىچكىرىدىكى يەنە بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كەتتى. قەبرىستانلىقتىن قايتىپ چوڭ يولغا قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم. تاڭ سەھەردىكى سۈرلۈك قەبرىستانلىقتا بىرەر ھەمراھنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ يېنىككىنە باش لىڭشىتتىم. ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، ئالدىمدا چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى. قارنىڭ ئاياغ ئاستىمىزدا «غاچ، غاچ» قىلغان ئاۋازىدىن باشقا، دەرەخ ئۇچىغا يىغىلىۋالغان قاغىلارنىڭ ئاندا ـ ساندا قاقىلداشلىرىلا سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ ئادەم كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— بىرەر تۇغقىنىڭىزنى يوقلاپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ 30 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، قارامتۇل چىرايىدا ئاندا ـ ساندا چېچەك ئىزى قالغان، قاش ـ كۆزى قويۇق كەلگەن ئىللىق چىراي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش چىقىپ تۇراتتى، مۇلايىم قاراشلىرى ماڭا خۇددى يارامنى سىيلاۋاتقاندەك تەسىر بەردى. ئۇنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، ئاغزىمغا كەلگىنىچە:

— ئېرىم ئىدى، تېخى يېقىندىلا توي قىلغان، — دەپ ئۈمچەيدىم. ئۇ سەل جىم بولۇپ كېتىپ:

— مېنىمۇ ئايالىم تاشلاپ كەتتى، بىر بالىمىز بار ئىدى، — دەپ خورسىندى. ئىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ دۇنيادىكى بىپەرۋا، غەمسىز، بەختلىك ئادەملەر ئىچىدە پەقەت ئۇلا ماڭا ئوخشاش يەككە - يېگانە، ھەسرەتلىك كۆرۈنەتتى. يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردىنى چۈشىنەتتى. كېيىن ئىككىمىز يەنە قەبرىستانلىقتا ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇچراشتۇق. ئۇ مېنى ياتىقىمغا ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەلدى. ھەر قېتىم ياتىقىمدا بىرپەس ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىدىغان چېغىدا، مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۇنىڭ مېنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقىنى، يېنىمدا يەنە بىردەم ئولتۇرۇشىنى تىلەيتتىم. ئۇ ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويغاندا، مەن دەرھال ماقۇل بولدۇم، مۇشۇ مۇزدەك ياتىقىمدىن، تۈگىمەس خىياللىرىمدىن، ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇش، ھارغان - ئاچقاندا، قورققاندا، ھەسرەتلەنگەندە تايانغۇدەك كۈچلۈك قولغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

توي ئاخشىمى ئۇ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقىنىدا، شۇنچىلىك يوچۇن ھەم خۇنۇك كۆرۈنۈپ كەتتىكى، بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇنىڭ پاكىز قىرىلغان يۈزى چىراغ يورۇقىدا پارقىرايتتى، چىرايىدىكى شەھۋەت كۆلكىسىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، يوغان - يوغان، سېرىق چىشلىرى پۈتۈن كۆرۈنۈپ قالغانىدى. يېقىن كەلگەندە تىنىقىدىن ئۇرۇلغان ھاراق پۇرىقى بىلەن سامساق پۇراقلىرى بىردىنلا كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. بۇ مېنىڭ نەزەرىمدىكى كۆيۈمچان، مۇلايىم ئادەم ئەمەس، ئىچ - ئىچىدىن شاللاقلىق چىقىپ تۇرىدىغان

باشقا بىرسى ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ماھىيىتىدۇ. مېنىڭ مۇھتاج بولۇۋاتقىنىم ھەرگىز بۇ ئەمەس ئىدى، ھەرگىز! كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. كۆز ئالدىمدا ئوغۇز پەيدا بولدى. جىسمىدىن پاك ياشلىق گۈزەللىكى ۋە سۆيگۈ ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىتىم ئاشىقانە نەزەر بىلەن ماڭا ئېگىلىشتى، كىيىملىرىمنى سالدۇردى. ئۇ مېنى سۆيمەكچى بولغاندا ئاغزىدىن ئۇرۇلغان سېسىق پۇراق مېنى يەنە سەسكەندۈردى. كۆزۈمنى لاپپىدە ئاچتىم، كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى ئوغۇز ئەمەس، يوچۇن بىر چىراي، بىچارە قوزىچاققا تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاچ بۆرە.

— ياق، ياق! ماڭا يېقىن كەلمە! سەن ئوغۇز ئەمەس، يوقال كۆزۈمدىن! — جېنىمنىڭ بارىچە تېپىرلاپ يۇلقۇندۇم، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مورلىدىم، ۋارقىراپ - جارقىرىدىم. ئۇ بىر قولى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىپ، يەنە بىر قولىدا ئىككى بىلىكىمنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋالدى. مەن خۇدۇمنى يوقاتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام، غۇۋا، قىزغۇچ يورۇقلۇقتا ئۇ ماڭا قاراپ ياتىدۇ، كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ يەنە ھىجايدى، ئاغزىدىن سېسىق پۇراق تارقىتىپ:

— مېنى ئالداپتىكەنسىز - ھە؟ ئەسلىدە تويى قىلماپتىكەنسىز، تېخى قىز ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى. بىردىنلا ئىچ - ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ چىقتى. چەيلەنگەن قىزلىقىم ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنلەرگە تەشنا بولۇپ مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئوغۇز ئۈچۈن بۇقۇلداپ، ئۆكسۈپ ئۇزاققىچە يىغلىدىم. «ئېرىم» خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە چىقتىم. ئاشخانىدىكى مەش ئۈستىدە بىر چەينەك ئىسسىق سۇ شىلدىلداپ تۇراتتى. سەل

نېرىدا يوغان بىر چېلەك بىلەن چوڭ داس، لۆڭگە، سوپۇن دېگەندەك نەرسىلەر قويۇپ قويۇلغانىدى.

سۇنى چېلەككە تەڭشەپ ئالدىرىماي يۇيۇندۇم. يۇيۇنۇپ بولۇپ پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېھمانخانا ئۆيدىكى چامادانىدىن ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىمنى ئېلىپ كىيدىم. ئايىغىمنى كىيىپ، سىرتنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئاچتىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم.

شۇ چىقىپ كەتكەنچە بۇ ئۆيگە قايتا ئاياغ باسمىدىم. ئۇ مېنى كۆندە نەچچە ۋاق ئىزدەپ باردى، يوللاردا ئالدىمنى توسۇپ باقتى، مەكتەپ مەسئۇللىرىغا ئەرز قىلىپمۇ باقتى. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەممىنىڭ ئاغزىدا پۇر بولۇپ كەتتى. كوت ـ كوت خوتۇنلار ھەر خىل گەپ تېپىپ باقتى. پەرۋا قىلمىدىم. بۇ شەھەردە تۇرغۇم كەلمەيتتى. ئوغۇز ئىككىمىز ئارزۇ قىلغان يىراق يەرلەردە ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىر ياقلارغا باش ئېلىپ كەتكۈم كېلەتتى. بىر مەزگىل يەنە قەبرىستانلىققا بېرىپ يىغلاپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدىم. كىيىم ـ كېچەكلىرىمگىمۇ ئېتىبار بەرمەي، روھسىز يۈرەتتىم. بۇ خىل روھىي ھالىتىم بارا ـ بارا خىزمەتداشلىرىم ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۆزۈممۇ ئۆز ھالىمدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسىم مېنى يوقلاپ كەلگەنىدى. مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ بىر ئەدەبىي ژۇرنال تەھرىراتىغا بۆلۈنگەن ئاسىم مېنىڭ ھالىمغا قاراپ ئېچىنىدى.

ــ ھەدىيە، سەن مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ھەممىمىزدىن جۇشقۇن، ئۈمىدۋار بىر قىز ئىدىڭ. ھېچقانداق

ئوڭۇشسىزلىق سېنى بويسۇندۇرالمايتتى. شۇڭا، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسەك، ئىككىلەنسەك، گاڭگىرىساق سېنى ئىزدەيتتۇق. سەن يېنىمىزدىلا بولساڭ، بىزمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش غەيرەتلىك، ئۈمىدۋار بولۇپ كېتەتتۇق. قېنى شۇ ھەدىيە؟ قېنى شۇ بىزگە جاسارەت بېغىشلىيالايدىغان، نۇزۇگۇمنى، مارىيە كيورىينى، زويانى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ھەدىيە، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى. بىز بىكار ئۈچ يىل دوست بولۇپ يېقىن ئۆتمىگەن، ئۇ بىكار ئىتتىپاق باش ياچېيكا شۇجىسى بولمىغان. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، كۆز ياشلىرىم توختىمىدى. توغرا، مەن دەل شۇنداق ھەدىيە ئىدىم. يىراق تاغلىق يېزىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى، ماكارىنكو، سوخوملىنىسكىيدەك داڭلىق مائارىپچىلاردىن بولۇشنى ئويلايتتىم.

ئۇ ئوغۇزنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلەتتى، ئەمما ئالدىراپ - سالدىراپ توي قىلغانلىقىمنى ئاڭلىمىغانىكەن. ئۇ سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنى ئاڭلاپ مېنى ئەيىبلەپ كەتمىدى، ئەكسىچە:

— مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەن تەس كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۈڭ. لېكىن، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمدىن ۋاقتىدا ئايرىلىپ بەك ياخشى قىپسەن، — دېدى. ئۇ ياشتا مەندىن كىچىك ئىدى، لېكىن چوڭ ئادەملەردەك سۆزلەيتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئىش ئۇقمايدىغان كىچىك قىزلاردەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ تۇنجى مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۆزى مەكتەپتە ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن قىزنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمۇ ئۇزاقتىن بويان ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى ئۇققاندىن

كېيىن كۆڭلىدىكى مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن بىر مەزگىل ئازابلانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز خېلى كەچكىچە كېرەمنىڭ ۋە باشقا بالىلارنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇردۇق. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ ئەھۋالىم كۆپ ياخشى ئىدى. مەن تېخى ياش، ئەركىنلىكىم ئۆز قولۇمدا، ھايات يولۇمنى قايتا باشلاشقا تېخى ئۈلگۈرىمەن. ئەمما، ئەمدى توي قىلمايمەن. ئۆمۈرۋايەت ئوغۇزنىڭ ئەسلىمىسى، مۇھەببىتى بىلەن ياشايمەن. مەن ئىچىمدە ئەنە شۇنداق قارارغا كەلدىم. بىر ئايدىن كېيىن مائارىپ نازارىتىگە يازغان ئىلتىماسىم تەستىقلىنىپ، جەنۇبتىكى ئەڭ چەت ۋىلايەتنىڭ مائارىپ قوشۇنىغا تەقسىم قىلىندىم. ئاسمىغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ، ئۇزاق سەپەرگە ئاتلاندىم. ئۆزۈم مەسئۇل ئىككى سىنىپنىڭ بالىلىرى دەرس تاشلاپ مېنى ئۇزاتقىلى چىقتى. ئۇلارنى مەنغۇ توسۇپ قالالمىدىم، مەكتەپ مۇدىرىمۇ توسۇپ قالالمىدى. ئۇلارنىڭ يىغلىشىپ، ئاپتوبۇس ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ بېشىدىكى ياغلىق، شەپكىلىرىنى سىلكىتىپ قالغىنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

# كېرەم I

## 1

ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ دېرىزە تۈۋىدىكى ئۈستەل ئالدىغا كەلدىم. ئۈستەلدە ئاخشام ئاخىرقى چېكىتنى ئۇرۇپ تاماملىغان ئەسىرىم، ئۈستىگە تاشلانغان قەلەم، ئەسەرنىڭ خاتىمىسىنى يازغۇچە بويىلىپ كەتكەن بىرنەچچە ۋاراق ئارگىنال قەغىزى، ئەسەرنى يېزىشتا پايدىلانغان بىرنەچچە كىتاب - ژۇرنال شۇ پېتى تۇراتتى. بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىگە تېخى تولۇق مەلۇم بولمىغان كىلاسسىك ئەسەر «مەسنەۋى شېرىف» ھەققىدىكى بۇ ماقالەمنى ئاخىر يېزىپ پۈتكۈزگەنىدىم. كۆڭلۈمدە بىر خۇشلۇق، ۋۇجۇدۇمدا تەسۋىرلىگۈسىز يەڭگىللىكنى سېزەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇسقىنە ئەپسۇسلۇقمۇ يوق ئەمەس. بۇ، ناقابىللىقىم سەۋەبلىك ئەسەرنى ئۆزۈم ئارزۇلىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق پايانىغا يەتكۈزەلمىگەنلىكىمدىن ئىدى. قېرىلىق، نائىلاجلىقنىڭ ھەسرىتىمۇ بار ئىدى. ئەگەر ۋاقىتنى يەنە ئون يىل كەينىگە سۈرگىلى بولسىدى، ئەپسۇس...... ئەپسۇس.

كىتاب ئىشكاپىمدىن ئالغان يوغان سېرىق كونۋېرتقا ماقالەمنى ئاۋايلاپ سالدىم. مەن ئۇنى بىر مەزگىل

«مۇزلىتىپ» قويىمەن. بىر ياكى نەچچە ئايدىن كېيىن قايتا ئوقۇپ، يەنە بىر تۈزىتىۋېتىپ ئاندىن نەشرگە يوللايمەن. نەشرگە يوللاشتىكى ئالدىراڭغۇلۇق ھېچقاچان ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئۇستەلدىكى كىتابلىرىمنى كىتاب ئىشكاپىمغا قاتار تىزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «بابۇرنامە»، «شاھنامە» لەرنىڭ يېنىغا تىزىپ قويۇپ، دېرىزەمنى كەڭ ئاچتىم. سەھەرنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ئۆيۈمگە سۇدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. غۇۋا، كۆكۈچ يورۇقلۇق ئىچىدە شەھەر ئويغانماقتا ئىدى. يىراق - يېقىندىن، قەۋەتلىك - قەۋەتسىز بىنالار ئارىسىدىن مەسچىتلەرنىڭ نەقىشلىك پەشتاقلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى، سەھەرنىڭ سالقىن، سەل توزانلىق ھاۋاسىدىن بىر كىملەرنىڭ يۆتەل - چۈشكۈرۈكلىرى، ئىشىكلەرنىڭ غىچىلداشلىرى، قاتتىق قومۇش سۈپۈرگىنىڭ شارت - شۇرت قىلغان ئاۋازى كېلەتتى. ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدىكى يول بويىغا تىكىلگەن ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان، ئىسسىق بەلباغدىكى يىراق ئەللەرنى، دېڭىز بويلىرىنى ئەسلىتىدىغان دەرەخلەرنىڭ چوڭ يوپۇرماقلىرى سەھەر شامىلىدا ئاستا شىلدىرلىشاتتى. ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا كەڭمۇ ئەمەس، تارمۇ ئەمەس بۇ يول ياسىلىپ، ئىككى تەرىپىگە دەرەخلەر تىكىلگەندە كىشىلەر بۇ دەرەخلەرنى ئۇزاققا بارماي قۇرۇپ كېتىدۇ، دېيىشكەنىدى. ئەمما، دەرەخلەر تۇتۇپ قالدى، تېخى باراقسانلىشىپمۇ قالدى. بۇ دەرەخلەرنىڭ تەلىيىگە شەھىرىمىزنىڭ كلىماتىمۇ ئۆزگىرىپ يامغۇر كۆپ

ياغىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن توكۇلدىغان ئاۋاز چىقىپ، ھاۋانى قاڭسىق. يات بىر پۇراق قاپلايدۇ. يامغۇردىن كېيىن بۇ دەرەخلەر تېخىمۇ رەڭلىنىپ، قەددى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ دەرەخلەرگىمۇ كۆنۈپ قالدۇق. لېكىن، مەن بەزى چاغلاردا، ئىلگىرىكى ئاسمان - پەلەك بوي تارتىپ ئۆگزىلىرىمىزگە، يوللىرىمىزغا سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ھەيۋەت قاپاق تېرەكلەرنى سېغىنىپ قالىمەن.

ئەتىگەنلىك چاي ئۈستىدە ئائىلىم ئىككىمىز خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن قېرى ئادەملەرنى ئەسلەۋاتقاندەك، ئۆزىمىز بىلىدىغان قېرى تېرەكلەرنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كەتتۇق.

— كىچىك ۋاقتىمدا يۇمىلاقشەھەر كۆلبېشىدا بىر تۈپ تېرەك بولىدىغان. ئۇچىغا قاراپ كۆزىمىز يەتمەيتتى. يەتتە - سەككىز بالا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئوينايتتۇق. ئاكام ئەڭ پەستىكى بىر شېخىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ بېرەتتى، چوڭراق قىز بالىلار ئۇشَشاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى بىلەن كۆڭلەكلىرىنى لەپىلدىتىپ بەس - بەستە ئىلەڭگۈچ ئۇچاتتى. بەك ئېگىز ئۇچالايدىغان قىز بالىلار بار ئىدى. لېكىن، ئانام مېنى يىقىلىپ كېتىسەن، دەپ ئۇچقىلى قويمايتتى، — شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان ئائىلىمغا قاراپ خۇددى ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقانلارنى مەنمۇ كۆرۈپ تۇرغاندەك يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئائىلىم يەنە:

— ئۆستەڭبويىدىمۇ يوغان تېرەكلەر كۆپ ئىدى. بىر بىر قېتىم ھەزرەت سەيلىسىگە چىققاندىمۇ...... — دەپ گەپ

باشلىغانىدى، ئىشىكنىڭ تۈيۈقسىز چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى. ئۇ «ئەتىگەندە كەلگەن كىمدۇ» دېگىنىچە ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ كەتتى.

كەلگۈچى مېنىڭ بىر ۋاقىتلاردىكى ئوقۇغۇچۇم ئىكەن. 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا بىر مەزگىل ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولغانىدىم، شۇ چاغدا مىرەھمەتجان ئىسىملىك بۇ يىگىت مېنىڭ سىنىپىمدا ئوقۇيتتى. خېلى ئۆتكۈر، تىرىشچان باللارنىڭ بىرى ئىدى، يازغان شېئىرلىرىنى دائىم ماڭا كۆرسىتىپ، مەندىن پىكىر سورايتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قايسىدۇر بىر ئىدارىغا ئورۇنلىشىپ، خېلى چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. داستىخانغا تەكلىپ قىلسام ئالدىرايتتىم، دەپ تۇرۇۋالدى. دالاندا تۇرۇپلا ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئېغىر كېسەل بىلەن ياتقان دادىسىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، مۇمكىن بولسا، ھازىرلا ماشىنا بىلەن مېنى دادىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن سەل گاڭگىراشتىن كېيىن:

— دادىڭىز كىم بولىدۇ ئۇكام؟ دادىڭىزنى...... تازا ئېسىمگە ئالالمىدىمغۇ؟ — دېدىم.

— خاپا بولمىسىلا مۇئەللىم، مەندىن كېتىپتۇ. مەن سىلىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاۋۇت ھامۇتنىڭ ئوغلى بولىمەن.

ھەيرانلىقتىن پېشانەمنى تۇتتۇم. دادىسى ئوقۇتقۇچۇم، بالىسى ئوقۇغۇچۇم ئىكەن، ئەمما، مەن ئۇلارنىڭ دادا ـ

بالىلىقنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇلار بىلسىمۇ ماڭا بىلدۈرۈشنى خالىماپتۇ ياكى دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا مېنىڭ گېپىم بولۇنماپتۇ.

ــ ئۇكام دادىڭىز كېسەل بولۇپ قالغانمىدى؟ ھازىر نەدە، قايسى دوختۇرخانىدا؟

مىرەھمەتجان مەيۈسلۈك بىلەن:

ــ ھازىر كېرەمباغدا، ئوپېراتسىيەدىن يېڭى چىقتى. كۆندە سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەندە بېرىشىمغا سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئەۋەتتى. نېمە قىلساڭ قىلىپ، باشلاپ كەل، دەيدۇ......، ــ دېدى.

مىرەھمەتجان دادىسىغا خېلىلا ئوخشايدىكەن، بوي ـ تۇرقى، بولۇپمۇ گەپ قىلىشلىرى، ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى «ئوغرى» چىشلىرى.

ــ ئۇكام، مەن ھازىر بارالمايمەن، لېكىن، چۈشكە ئۇلگۇرۇپ چوقۇم باراي، سىلى كەلمەي، ياتاق ئالدىدا ساقلاپ تۇرسىلىمۇ بولىدۇ. دادىلىرىغا كېرەم مۇئەللىم بىردەمدىن كېيىن كېلىدىغان بولدى، دەپ قويسىلا، ــ دېدىم.

مىجەزىمنى بىلىدىغان مىرەھمەتجان ئارتۇق گەپ قىلماي خوشلاشتى. مەن ئايالىمغا گۆشنى يۇمشاق پىشۇرۇپ نارىن چۆپ ئېتىشنى تاپىلاپ، ئاخشام كۆرۈشنى پىلانلىغان بىر كىتابنى قولۇمغا ئالدىم.

كىتابنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەمما، خىيالىم ھېلىدىن ـ ھېلىغا چېچىلىپ، ئۆزۈمنى مەجبۇرلاشلىرىم ھېچ كارغا كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىر كىتابنى قويۇپ تارغىنە ئۆي ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدىم. ئاۋۇت

مۇئەللىمنىڭ ياش ۋاقىتلىرى، دەرس ئۆتۈشلىرى، بىر مەزگىل ئىزدىنىپ ئۆتكىنىمىز ۋە كېيىنكى ئىشلار...... بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

*　　*　　*

ئاۋۋت مۇئەللىم ئەينى چاغلاردا ياش، ناھايىتى كېلىشكەن ھەم مەغرۇر بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنى بېيجىڭدىكى قايسىبىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن، دېيىشەتتى. ئۇ بىزگە بىر مەزگىل پىسخولوگىيە دەرسى ئۆتكەن، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ پىسخىك تەھلىل ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ بىزنى ھەيران قالدۇرغان ھەم ھۆرمىتىمىزگە ئېرىشكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ھەم بىر ۋىلايەتلىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سالام - سەھەت قىلىشاتتۇق. ھېيت - بايراملاردا ئۇ بىزنى ياتىقىغا چاقىراتتى. بەزىدە بىللە كوچىلارغا چىقاتتۇق. ئۇنىڭ بېيجىڭدىكى ئوقۇشى، بېيجىڭلىق قىزلار بىلەن بولغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىمىزنى ئېچىپ قالاتتۇق.

كېيىن ئىشلار ئۆزگىرىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بىر يوتقاندا يېتىپ، بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان ئەر - خوتۇننىڭ ئېرى ياكى خوتۇنى، كۈندە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىڭ، بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان يېقىن بىر ساۋاقدىشىڭ تۇيۇقسىز بىر كۈنى «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «ئوڭچى» ياكى «يەرلىك مىللەتچى» بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ھەتتا ئۆزۈڭگىمۇ

ئىشىنەلمەيتتىمىز. بىرنەچچە ئادەم بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغان» بولۇپ قالاتتۇق. كىشىلەر ئامال بار بىر - بىرى بىلەن سالاملاشمايتتى، كۈلكە - چاقچاق، ئولتۇرۇشلار، مۇڭدىشىش - سىردىشىشلار يوقالغانىدى.

ئاۋۇت مۇئەللىم مەكتەپكە كەلگەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاكتىپلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ ناھايىتى سىرلىق قىياپەتتە ئۆزىنى ئادەملەردىن چەتكە تارتىپ يۈرەتتى. كىشىگە ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى قىلىۋاتقان شەخسلەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزنى ئىزدىمەيدىغان بولدى ھەم بىزگە ئۇچراشقۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. ئارىدىن كۆپ يىل ئۆتكەندە ئۇنى قەشقەردە يەنە ئۇچرىتىپ قىلىش ئۇخلاپ چۈشۈمگە كىرمىگەن ئىش ئىدى.

43

تۇنجى قېتىم مەن ئۇنى تۇرمىدىن چىققىنىمغا ئۇزاق بولمىغان كۈنلەردە ئۇچراتقان. ئۇ كۈنى مەن ئالدىراش بىر ئىش بىلەن قىزىلدۆۋە تەرەپكە كېتىۋاتاتتىم. ئۇ چاغدا قىزىلدۆۋە تەرەپ ھازىرقىدەك ئەمەس، قورۇلۇشلار شالاڭ، يولدا ئادەممۇ ئاز ئىدى. خۇشياقمىغاندەك ئالدىرىماي چۈشۈۋاتقان يوغان - يوغان قار ئۇچقۇنلىرى يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە ئېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يول بىر ئاز نەم، تېيىلغاق ئىدى. ئېگىز، سەل مۇكچەيگەن بىر ئادەم يىراقتىن مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن چەت ناھىيە - بازارلارغا خاس ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ

قوياتتىم ـ يۇ، خىيالىم تېپىلىپ كەتمەسلىكتە ئىدى. ئەگەر ئۇ دەل ئالدىمغا كەلگەندە ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا مېڭىشنى بىلەلمەي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالمىغان بولسا، مەن ئۇنى ئەسلا تونۇيالمىغان بولاتتىم. قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى. مەن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم ۋە ئۇنى تونۇۋالغىنىمدا ناھايىتى ھەيران قالدىم. دەرھال ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتىم، ھال ـ ئەھۋال سورىدىم. ئۇ مېنىڭ سوئاللىرىمغا ناھايىتى تەستە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەتتى، خۇددى مېنىڭ ئالدىدا ھايات تۇرغانلىقىمغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك تېڭىرقاپ قالغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنىڭمۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى يۇرتىمدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. مەن ئۇنى ئورۇمچىدە ــ بىرەر چوڭ ئورۇندا مۇھىم ۋەزىپىدە دەپلا تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ قانداقلارچە چەت بىر ناھىيەگە بېرىپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلەنگەن بولسامۇ، ئېغىز ئېچىپ سورىمىغانىدىم. كېيىن مەن ئاشۇ ناھىيەگە بىر ئىش بىلەن بېرىپ ئاۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ قالدىم. ئىككىمىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. يەنىلا تولاراق مەن سۆزلىدىم. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ماڭا ئىچىدە ناھايىتى كۆپ گېپى باردەك، ئەمما، قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ياكى نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقاندەك تەسىر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئۇچراشمىدۇق. ئەمما، مەن ئاۋۇت مۇئەللىم بىلەن بىر ناھىيەدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ساۋاقدىشىم ئىبراھىمدىن ئۇنىڭ پېنسىيەگە چىققانلىقىنى، ئارقا ـ ئارقىدىن

باللىرىنىڭ تويىنى قىلغانلىقىنى، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئەمما، نېمىشقىدۇر يوقلاپ بارغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەندىشىلىك تۇرقىنى ئەسلەپ، بەلكىم تۇرمىدە ياتقان، قالپاق كىيگەن مەندەك بىر ئادەم بىلەن ئارىلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەيدىغان خىيالغا كېلىپ قالغانىدىم.

كىم بىلسۇن، ئەسلىدە ئۇنىڭ مەن بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، شۇنچە ئېغىر كېسەللىكىگە قارىماي كۇندە مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىكەن. قارىغاندا بۇ ئادەتتىكى سەۋەبلەردىن بولمىسا كېرەك. زادى نېمە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن؟ ھەر خىل پەرەز قىلىپ باققان بولسامۇ، بىر ـ بىرىدىن ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بىلىنىپ، قالايمىقان ئويلاردىن ۋاز كەچتىم. يەنە بىر قېتىم ئۇستەلگە كېلىپ كىتابنى زورۇقۇپ بىرنەچچە بەت ئوقۇدۇم. ئەمما، بۇ چاغدا ئاشخانىدىن شورپىنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلىشكە باشلىغانىدى. ئايالىم نارىن چۆپىنى بەك ئوخشىتىۋېتەتتى. كىتابنى يەنە جايىغا قويدۇم. ئايالىم ئەكىرگەن تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۇ تاماق قاچىسىغا ئېلىپ داستىخانغا ئوراپ قويغان تاماقنى سومكامغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتىم.

## 2

قەشقەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى كوچىلىرىدىن بولغان ئوردىئالدى كوچىسىدىن قايرىلىپ، يارباغقا قاراپ پىيادە كېتىۋاتىمەن. مەن بۇ كوچىلاردا پىيادە مېڭىشنى ياخشى

كۆرىمەن.

1974 ـ يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، 15 يىللىق تۈرمە ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شەھىرىمگە قايتىپ كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى مەن تۇنجى بولۇپ مۇشۇ كوچىلارنى ئايلانغانىدىم. 15 يىل چۈشلىرىمدىن كەتمىگەن، خىيالىمدىن چىقمىغان بۇ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يىغلىغان. كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپمۇ قويماي ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەرگەن. مىسكەر بازىرىدىكى تاراق ـ تۇرۇقلارنى مۇزىكا ئاڭلىغاندەك ئاڭلىغان، دوپپا ـ تۇماق بازىرىدا خېرىدار بىلەن دۇكاندارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىلىپ كۈلگەن، ھېيتگاھتا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ «لەڭپۇڭ» يېگەن، ئەنجان رەستىسىدىن تۆت يانچۇقلۇق «دىكا» چاپان سېتىۋالغان. مال ساتقۇچىدىن چاپاننىڭ رەختىنىڭ نېمىلىكىنى سورىسام، ئۇ ماڭا:



— بېشىڭدىكى شەپكەڭنى
دىكامىكىن دەپتىمەن.
لەنگەڭزىدە ئولتۇرساڭ،
بىكارمىكىن دەپتىمەن.

دېگەن قوشاقنى ئاڭلىمىغانما؟ ھازىر مودا بولغان رەخت بۇ، دىكا دېگەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. بۇ قوشاق نېمىشقىدۇر ئېسىمدىن چىقمىدى. ھازىر ئويلىسام، سەۋەب ئۇنىڭ ئوبرازلىقلىقىدا، ئەينى يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ھەممىگە تونۇش بولغان بىر مەنزىرىسىنى ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىدە ئىكەن. تالاي يىل ئۆتتى، تالاي قوشاق

توقۇلدى، قەشقەرلىكنىڭ ئاغزى بىر دۇنيا. مەن ھازىرمۇ بۇ كوچىلارنى ئەنە شۇنداق بىر تەشنالىق، ئامراقلىق ئىچىدە ئايلىنىمەن. كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئېيتقانلىرىنى دىلىمغا نەقىش قىلىپ ئويۇۋېلىشقا تىرىشىمەن. بۇ كوچىلاردا ياشىغان ئۆزۈم بىلىدىغان، ئاڭلىغان ئادەملەرنى بىرمۇبىر يادلاپ چىقىمەن. مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا بىلىدىغان ئۇ ئادەملەر ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. كوچىلارمۇ كۆپ ئۆزگەردى، ھازىرمۇ توختىماي ئۆزگىرىۋاتىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى شەھەر زور پىلانلار بىلەن گاھ ئاستا، گاھ تېز قەدەمدە ئۆزگەرتىلمەكتە. شەھەرنى چۆرىدەپ بارلىققا كەلگەن ئولتۇراق ئۆي رايونلىرى، يېڭى تەرەققىيات، سودا رايونلىرى، ئۆزگىچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى يېڭى بىنالار، كاتتا تۇرالغۇلار...... ھەممە يەردە قەد كۆتۈرمەكتە.

ھەممە ئۆزگەرمەكتە. ئادەملەرمۇ ئۆزگەرمەكتە. ياشانغان يىللىرىمدا كىلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىغا قىزىقىپ قالغان پەقىر خۇددى ئېقىنغا قارشى ھالدا يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ كېتىۋاتقان بىر سەيياھقا ئوخشايمەن. ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر دۇنيا، قىممىتىنى مۆلچەرلىگۈسىز بىر ھېكمەت خەزىنىسى، ئەجداد ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنى مېنى ئۆز قوينىغا بارغانسېرى كۈچلۈك تارتماقتا. شۇنىڭغا ھەيرانمەن: تارىختىن بۇيانقى تەكرار بۇزغۇنچىلىقلار، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تاغلاردەك دۆۋىلىنىپ كۆلگە ئايلاندۇرۇلغان مىراسلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىزلىقىغا قارىماي، خەلق

ئارىسىدىن يىغىلغان قول يازما، ئىجادىي، تەقلىدىي ئەسەرلەر ۋە كۆچۈرۈلمە ئەسەرلەرنىڭ يەنىلا شۇ قەدەر كۆپلۈكى ئەقىلنى لال قىلىدۇ. ئاشۇ نامسىز يازمىلار ئىچىدە ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر، شانلىق ھەم ئېچىنىشلىق تارىخىمىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىللىرى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ. «12 مۇقام»، «تاشكېمىر رەسىملىرى» ئابىدىلىرىدەك دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدىغان يەنە بىر سەنئەت پەللىسى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇلارنى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان، شەرھلەپ خەلققە تونۇشتۇرىدىغان ئادەملەر بولسا بەكمۇ ئاز. ھازىرغىچە تۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەسەرلەر توغرىسىدىكى ئەڭ «سەۋىيەلىك» تەتقىقاتلارمۇ ئاددىي تەھلىللەردىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن. بۇ ھال كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ ھەم تەقەززا قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئېچىنىش ۋە تەقەززالىق مەندەك بىر ياشنىپ قالغان، قابىلىيەتسىز «پىداكار»نى بۇ ساھەگە باشلاپ كىردى. دەسلەپتە توساتتىن غايىب خەزىنىگە كىرىپ قالغاندەك كۆزلىرىم قامىشىپ، ھېلى ئۇنى تۇتۇپ، ھېلى بۇنى سىلاپ گاڭگىراپ يۈرگەنىدىم. كېيىن، بىر باشتىن كۆچۈم يېتىدىغان ئىشلارغا تۇتۇش قىلدىم. لېكىن، بىلىمىمنىڭ چەكلىكلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىشلارنى مەندەك بىرنەچچە ئادەم ئەمەس، مىڭلىغان ئادەمنىڭ قولىغا ئېلىشى ۋە كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلىشى كېرەكلىكىنى بايقىدىم. چىرىپ، پاختىلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ مەنىۋى بايلىقلار بىزدىن ئەنە شۇنداق پىداكارلىقنى تەلەپ قىلماقتا. مەن گاڭگىراپ يول

تاپالماي يورگەن ياشلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ چىداملىقلىرىنىڭ. جاپاسى كۆپ، مەنپەئەتى ئاز، ئەمما، خاسىيىتى چەكسىز بۇ ساھەگە كىرىپ كېلىشنى شۇنچىلىك تەشنالىق بىلەن ئارزۇ قىلىمەن.

ھېيتگاھقا بارغۇچە خىيالىمدىن ئەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسە ئۆتتى. ھېيتگاھ سودا سارىيى ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرغان بىر نەچچە يىگىت كەينىمدىن يېتىشىپ كېلىپ:

— ئاكا، يانفون ئالامىلا؟ يېقىندا چىققان ئەڭ ياخشىسىدىن بار، كۆرۈپ باقامىلا؟ — دېيىشتى، مەن ئالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. قىزىم بىلەن ئايالىم مېنى يانفون ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ هاردى. قىزىم ئۆزى ئېلىپمۇ بەردى. ئەمما، ئۇ نەرسە مېنى قىزىقتۇرالمىدى. كۆنلەپ يانفون بىلەن ھەپىلىشىپ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن ئادەملەر، ئەتىدىن كەچكىچە قۇلىقىغا يانفوننى چاپلىۋېلىپ، قىلىسىمۇ - قىلمىسىمۇ بولىدىغان تېتىقسىز پاراڭلار بىلەن كۈنلىرىنى قۇرۇق چىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقىتىپ، غايىب بىر كۈچنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بىچارىلەردەك كۆرۈنىدۇ. بەلكىم، بۇ مەندىكى خاتا تۇيغۇدۇ ياكى ئۆتمۇشكە تارتىنىش خاھىشىدۇ، لېكىن، بۇگۈنكى ئادەملەرنىڭ يانفوندىن ئايرىلالماس بولۇپ كەتكەنلىكى بىر رېئاللىق. ماڭا بولسا ئۆيدىكى تېلېفون يېتىپ ئاشىدۇ. مەن سىرتتىكى ۋاقىتلىرىمنىڭ، خىزمەت، ئوي - پىكىرلىرىمنىڭ توختىماي پاراكەندە قىلىنىشىنى خالىمايمەن. مەن تېلېفون

ئىشلىتىشكە قارىغاندا خەت يېزىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن. خوش پۇراق، كۆركەم قەغەزلەرنى تاللاپ يېقىن ئادەملىرىمگە بىرنەچچە قۇر ياكى بىرنەچچە بەت خەت يېزىپ ئەۋەتىش ھەم باشقىلارنىڭ تونۇش پوچچىركىسىدىن ھوزۇرلىنىش مېنىڭ يەنە بىر ھەۋىسىم. قىزىم مېنى: «دادا، سەن ئۆتكەن ئەسىردىن كەلگەن ئادەمگە ئوخشايسەن» دەيدۇ. شۇنداق، مەن ئۆتمۈشنىڭ ئادىمى، مېنىڭ بارلىقىم — مىجەز - خاراكتېرىم، قىزىقىشىم، رىۋايەت كەبى كەچۈرمىشلىرىم، ئەسلىمىلىرىم، ئوي - پىكرىم ئۆتمۈشكە تەۋە ياكى مەن ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئارىسىدىكى بىر ئىزدەنگۈچىدۇرمەن. شۇنداق، بۇ مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا تاللىغان يول.

ئالدى تەرىپىمدە «كېرەمباغ» نىڭ ئامبۇلاتورىيە، كېسەلخانا بىنالىرى، دەل - دەرەخلىرى كۆزگە تاشلىنىدۇ. تۆمەن دەرياسى بىر ئېرىق سۇدەك رايىشلىق ئىچىدە جىمىمدە ئاقاتتى. بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا قىنىغا پاتماي، ئىككى قىرغىقىدىن يېرىم كىلومېتىرچە دائىرىنى يالماپ، يارلىقلارنى گۈمۈرۈپ، ئويناقلاپ ئاقىدىغان دەريا شۇ ئىدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قېرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

## 3

ئوڭ تەرىپىمگە بۇرۇلۇپ دوختۇرخانا ئىشىكىگە كەلدىم. ئىشىك تۈۋىدە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرغان ئامانلىق قوغدىغۇچىلار سومكامنى ئېچىپ تەكشۈردى. ئوراقلىق قاچىدىكى تاماقنى كۆرۈپ، مالتىلىماقچى بولغاندەك سەل

ئىككىلىنىپ، بولدى قىلدى بولغاي، قاچا بىلەن سومكامنى قايتۇرۇپ بەردى.

مەن قاچىنى داستىخانغا قايتا ئوراپ كېسەلخانا بىناسىغا قاراپ ماڭدىم. بىنا ئالدىدا يولۇمغا قاراپ تۇرغان مىرەھمەتجان ئىتتىك ئالدىمغا كېلىپ مېنى بىناغا باشلاپ كىردى.

ئەگەر مىرەھمەتجان كېسەلخانا ئىشىكىدىن كىرىپلا ئىتتىك دادىسىنىڭ يېنىغا بارمىغان بولسا، ئاۋۇت مۇئەللىمنى بۇ قېتىم ھەرگىز تونۇيالماس ئىكەنمەن. مىرەھمەتجاننىڭ مېنى كۆرسىتىپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشى بىلەن كارىۋاتقا چۆكۈپ ياتقان، ئورۇقلۇقىدىن ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغان، ئاپپاق قاشلىرى ئاستىغا چوڭقۇر چۆككەن كۆزلىرىنىڭ خىرە يېنىپ تۇرۇشى بىلەنلا ھاياتلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرغان «ئاۋۇت مۇئەللىم» سەل مىدىرلاپ، قوپماقچى بولغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى.

— مۇئەللىم، بولدى مىدىرلىمىسىلا، مانا مەن يانلىرىغا باراي، — دەپ ئىتتىك باش تەرىپىگە ئۆتۈپ، چوكىدەك جانسىز، سوغۇق بارماقلىرىنى ئىككى قوللاپ بوش سىقىپ كۆرۈشتۈم. مۇئەللىمنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى پارقىراپ، كالپۇكلىرى سۇس تىترىدى. مېنىڭ «ئوپېراتسىيەدىن يېڭى چىققان بىلەن ئوبدان تۇرۇپلا» دېگىنىمگە پەرۋا قىلماي:

— بىز كۆرۈشمىگىلى ساق 25 يىل بولدى...... مەن قېرىپ، تۈگىشىپ كەتتىم. كېرەمجان، يازغان كىتابلىرىنى بىرىنى قالدۇرماي ئوقۇدۇم...... سىلى ئاخىر يەنە ئۆزۈپ چىقتىلا، — دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرى خېلى ئوچۇق بولسىمۇ، بوغۇق ئاۋازى، ھاسىراشلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىرقىسما

قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئىغىزىنى ئاچۇرماسلىق ئۈچۈن:
— مىرەھمەتجان چوڭ بولۇپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپتۇ، بۇگۈنكى بالىلارنىڭ يولىنى تېپىپ كەتمىكى ئاسان ئەمەس. ئۆزىمۇ ھوشيار، ئۆتكۈر بالا ئىدى، — دېدىم.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەسخىرىدەك بىر نەرسە چاقناپ قالدى، ئەمما، ئۇندىمىدى.
ئاۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئايالى (مەن ئۇنى قېشى ئۈستىدىكى يوغان بىر تال مېڭىگە قاراپ تونۇۋالدىم) كېسەلخانىغا كىرىپ كەلدى. مەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ:
— قۇدىلار لەڭمەن ئېتىپتىكەن، ئۇ ئادەم يېمەيدۇ، دېسەم ئۇنىماي بۇ ئاشنى يۆگەپ بەردى، ئازراق يەپ باقامىلا؟ — دەپ قولىدىكى داستىخاننى يەشكىلى تۇردى.
— بولدى، ئۇنى يەشمىسىلە، مەن نارىن چۆپ ئالغاچ كەلدىم، ئىسسىق ئەكەلدىم، شۇنىڭدىن بىر پىيالە يېۋالسۇن، — دەپ كىچىك شىرەگە قويۇپ قويغان داستىخاننى ئالدىم. تاماق راستىنلا تېخى ئىسسىق ئىكەن. ئاۋۇت مۇئەللىم بىر پىيالە ئاشنى گەپ قىلماي يېۋەتتى.
مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈۋېتىپ:
— كېرەمجان ئۇكام، سىلى بىزنى تاشلىۋەتمىلە. لېكىن، بۇ ئادەم سىلىنى دائىم ئەسلەپ تۇردى. بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ بارماقچىمۇ بولغان. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كېسەل تولا خاپا قىلىپ ھالىنى قويمىدى. بۇدا ئاشقازان يارىسى بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇق. دوختۇر ئوپېراتسىيەنى ئوڭۇشلۇق بولدى، دەيدۇ. بۇ ئادەممۇ كۈندىن - كۈنگە ئوڭشىلىۋاتىدۇ......

ئايالى بۇ گەپلەرنى قىلمىغۇاتقاندا ئاۋۇت مۇئەللىم گەپ قىلماي جىم ياتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى، هاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئۆزۈل - كېسىل قۇتۇلىدىغان ئاخىرقى سائەتلەرنى كۈتۈپ ياتقانلىقىنى هېس قىلدىم. بۇ، بىر كۈنلەر كەلگەندە هەممىمىز يۈزلىنىدىغان، تەن بەرمەي بولمايدىغان رەھىمسىز رېئاللىق ئىدى. مەن گەرچە بۇ خىل كېسەللەرنىڭ ساقىيىپ كەتكىنىنى ئاڭلىمىغان بولسامۇ، جىمى ماهارىتىم ۋە تەسەۋۋۇرۇمنى ئىشقا سېلىپ، كىملەرنىڭدۇر «ئاشقازان كېسىلى» دىن ساقىيىپ قالغانلىقى توغرىسىدا هېكايىلەرنى توقۇپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشكە ئۇرۇندۇم. ئايال بىچارە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئۈمىد بىلەن ئاغزىمغا قاراپ كەتتى. ئاۋۇت مۇئەللىم بولسا مەن سۆزلەۋاتقاندا خىجىل بولغاندەك بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋالدى. پەقەتلا خوشلىشىۋاتقان چېغىمدا مەنلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— بىلىپ تۇرىمەن، ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى. مەنمۇ هەممىگە رازى. پەقەتلا سىزگە دەيدىغان مۇهىم گەپلىرىم بار. بۇ مەن ئۈچۈن بەك مۇهىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىككىمىز ئايرىم پاراڭلاشساق، — دېدى. مەن يەنە كېلىشكە ۋەدە بەردىم. دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ياش چاغلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. ئەينى چاغلاردا ئۇ ياشتا بىزدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. زاۋۇتتىن يېڭىلا چىققان بويۇمدەك پارقىراپ تۇراتتى. چىرايى ئاپپاق، چاچلىرى تۇم قارا ئىدى. قارا سوكنادىن تىكىلگەن كالتە پەلتوسى ئۇنىڭغا بەك يارىشاتتى. شۇ يىللاردا بىز هەممىمىز ئۇنى دوراپ

كىيىنىشكە تىرىشاتتۇق. يىللار نەقەدەر رەھىمسىز ـ ھە. ئۇ ھەم ياشىنىپتۇ، گۈللىنىپتۇ، ئاخىر ھەممىنى قېرىتىپ، چىرىتىپ، تۇپراققا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن كىم قېچىپ قۇتۇلالىغان؟

دوختۇرخانا ئالدىغا چىققىنىمغىلا مىرەھەمەتجاننىڭ «بىنىنىز» ى يېنىمغا كېلىپ توختىدى. بايا كارىدوردا يانفونىنى قۇلىقىغا چاپلاپ توختىماي بىر كىملەر بىلەن سۆزلىشىپ قالغان مىرەھەمەتجان مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ كەپتۇ. مەن بارىدىغان يەنە بىر يېرىمنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلدىم. ئەمەلىيەتتە مەن بايىقى كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇش، كېسەلخانىنىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىنى ئىچىمدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ساپ ھاۋادا بىردەم پىيادە مېڭىشقا ئېھتىياجلىق ئىدىم. ئەجەل كەلسە ئامال يوق. تىرىك بولغانىكەنمىز، بىردەم بولسىمۇ خۇشال ياشىشىمىز، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشىمىز كېرەك.

بىر ھەپتىگىچە مۇئەللىمدىن بىرەر ئۈچۈر كەلمىدى. «ئايرىم پاراڭلىشايلى» دېگىنىگە قارىغاندا، ئۆزى خەۋەر قىلسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى يوقلاپ بېرىش ـ بارماسلىقنى بىلەلمەي قالدىم. خۇددى ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ماڭا نېمىلەرنى دېيدىغانلىقىنى بىلىشكە ئىنتىزار ئىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ تېزرەك ياخشى بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتىم. ئاخىر ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى كەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە تېلېفون قىلدىم. تېلېفونىنى قىزى ئالدى. ئۇ ئىنچىكە، سولغۇن ئاۋازدا:

— دادام ئۇرۇمچىگە داۋالانغىلى كەتكەن، — دېدى.
دېمەك، بۇ يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش يوق گەپ. ئەمدى خاتىرجەم كىتابىمنى ئوقۇپ، يازىدىغىنىمنى يازاي، دەپ ئويلىدىم. كۈتمىگەندە، ئەتىسىلا مىرەھمەتجاننىڭ «بىنىز» ى ئىشىك ئالدىمدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇ، دادىسىنى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئىشلىرى بەك ئالدىراش ئىكەن، ئىشىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايدىكەن. دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام:
— خۇداغا شۈكۈر، ئەھۋالى ياخشى. بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشىم باشقا سەۋەبتىن. بۈگۈن ئۆزلىرى باشلىق بىرنەچچە يېقىنىمنى ئۆزۈم كۈتۈپ ئالغان باغدا بىر كۈتۈۋالاي دېگەنىدىم. ئۇشتۇمتۇت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خاپا بولماي بېرىپ ئولتۇرۇپ بەرگەن بولسىلىرى، — دېدى.
— بۈگۈن بارالماسمەنمىكىن ئۇكام، قولۇمدا جىددىي ئىشىم بار ئىدى، — دېسەم.
— ئا...... مۇئەللىم، مەن سىلىنى دادامنىڭ يېقىنى ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىم دەپ ئالدىلىرىغا كەلدىم. دادام ئاڭلىسىمۇ خۇش بولىدۇ. جىق ۋاقىتلىرىنى ئالمايمەن، ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ بەرمىسىلە بولمايدۇ. ھېلى يەنە ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن. ماشىنىغا چىقسىلا، ئەمىسە ماڭىلى، — دەپ ئالدىمدا تۇرۇۋېلىۋالدى. ئۇنىڭ دادىسى قانداقلا بولمىسۇن ماڭا ئىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋاتقان ئادەم. شۇنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكاپىغا چىقتىم.

# 4

ئۈنىڭ كۆتۈرە ئالغان بېغى شەھەردىن بەش - ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر سەيلىگاھ ئىكەن. بىز ھەشەمەتلىك چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ خىش ياتقۇزۇلغان باراڭلىق يولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى سول تەرەپكە قايرىلغان تارغىنە شېغىللىق يولغا باشلىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە يېڭى يېتىشتۇرۇلگەن خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخ، ئۈزۈم باراڭلىرىنىڭ ئاستىغا قاتار - قاتار تاختا كارىۋات ياسىلىپتۇ. تاختا كارىۋاتلارنىڭ 10 — 15 ئادەم ئولتۇرغۇدەكلىرىمۇ، ئىككى - ئۈچ ئادەم ئولتۇرغۇدەكلىرىمۇ بولۇپ، گىلەم، پالاس ئۈستىگە ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەر مېھمانلار بىلەن تولۇپ تۇرىدىكەن. يولدىن ئۆتكۈچە دەرەخلەر ئارىسىدىن ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، ناخشا - ساز ئاۋازلىرى، گاھىدا خىيابانلىقتىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پىچىرلىشىش، نازلىنىشلىرى، پىخىلداپ كۈلۈشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. تار يولنىڭ ئاخىرى كەڭ ئانارلىقتا ئېچىلىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردە ئەنئەنىۋى قەدىمكى ئۇسلۇبتا ياسالغان كۆركەم راۋاقلار بار ئىكەن. مىرەھمەتجان مېنى تۆر تەرەپتىكى چوڭراق بىر راۋاققا باشلىدى. راۋاق يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان، ئەتراپى ۋادەكلىك بولۇپ، ۋادەك ئارىسىدىن چوغدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئانار گۈللىرى، مۇشتەك ياكى ياڭاقتەك بولغان ئانارلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەزىلىرى راۋاقنىڭ تۆرىگە قويۇلغان نەقىشلىق كارىۋاتتا، بەزىلىرى يۇمىلاق شىرە

ئەتراپىدىكى ئۇستەللەردە ئولتۇرۇشقان مېھمانلار بىزنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مىر ئەھمەتجان مېنى مېھمانلارغا:

— ھەرقايسىلىرىمۇ تونۇشىدىغانلا، كېرەمجان مۇئەللىم، داڭلىق شائىر ھەم يازغۇچى، ئۇنىڭ «سەلتەنەتلىك يىللار»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «قامچا گۇل» دەيدىغان رومانلىرى بار...... — دەپ تونۇشتۇرغىلى تۇرغانىدى، ئارىدىن بىرى:

— «سۇتۇق بۇغراخان» باشقا بىرسىنىڭكى ئىدىغۇ، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى. قالغانلار كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇشتى، مېنىڭمۇ تۈزىتىش بەرگۈم كەلمىدى. بىلگەنلەر ئۇچۇن تۈزىتىش بېرىش ھاجەتسىز، بىلمىگەنلەر ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق.

قايتىدىن جايلىشىپ ئولتۇردۇق. بۇ سورۇندا شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغانلارمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرىمۇ، ساياھەت ئىدارىسىنىڭ خادىملىرىمۇ بار ئىكەن. مىرەھمەتجان مېھمانلارنى ئەمدى تونۇشتۇرۇپ بولۇشىغا يانفونى كەينى ـ كەينىدىن سايراپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچىسىنى ئالمىدى. ئاخىرقى بىرىنى ئېلىپلا، «ئاپلا!......» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، مېھمانلاردىن «جىنىدەك» ۋاقىت سوراپ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. مېھمانلارنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ بۇ سەيلىگاھنى باغ ئىگىسى بىلەن شېرىكلىشىپ باشقۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مىرەھەمەتجان قايتا كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا باغ ئىگىسى كەلدى. ئۇ ئىككى مەخزى قىپقىزىل، بورۇتلۇق، ئىللىق چىراي ئادەم ئىكەن. ئۇ تېخىچە تاماق تارتمىغان ياردەمچىلىرىنى ئەيىبلەپ يېنىمىزغا ــ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. مۇلازىملار شىرە ئۈستىنى تولدۇرۇشقا باشلىدى. چوڭ ئىستاكانلاردا مېۋە شەربەتلىرى ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ تەمى شۇنچىلىك ساپ، تەبىئىي ئىدى. باغ ئىگىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سىناق مەھسۇلات ئىكەن. پات ئارىدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ نىشانى ــ باغنى كېڭەيتىپ، ساياھەتچىلىك، كونسېرۋا، ئىچىملىك ھەم قورۇق يەل - يېمىش ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇش ئىكەن. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۇخبىر بۇرادىرىمىز يانچۇقىدىن قەلەم بىلەن خاتىرىسىنى چىقىرىپ شارت - شۇرت خاتىرىلىگىلى تۇرغاندى، باغ ئىگىسى تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ:

ــ قايىلىسىلا، بۇ يەر ئەسلىدىلا چوڭ باغ ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ئەتراپىغا بۇنداق باغلاردىن خېلى كۆپ بەرپا قىلىنغانىكەن. كېيىن بۇ باغ خارابىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتا - بوۋام ئۇنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن دائىم يېڭى كۆچەتلەرنى تىكىپ باغقا ئىشلەپ ئۆتكەنىكەن. كوپېراتسىيە ۋاقتىدا باغ كوللېكتىپقا تەۋە بولۇپ، كۆپ قىسمى تېرىلغۇ يەرگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كېيىن سىياسەت ياخشىلانغاندا كەنت كادىرلىرى باغنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىپ، دادامغا كۆتۈرە بېرىپتۇ......

باغ ئىگىسى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە باغنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ باغنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەنت باشلىقلىرىنى قانداق مېھمان قىلغانلىقى، يۈگىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە نەچچە ئادەمگە قانچىلىك پۇل خەجلىگەنلىكى، ئاخىرىدا شەھەردىكى چوڭ بىر باشلىقنىڭ كۆيۈئوغلىنى قولغا كەلتۈرۈپ باغقا قايتا ئېرىشكەنلىكى ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن بولغان زىددىيەت، تالاش ـ تارتىشلىرىنى سۆزلىگىلى تۇردى.

بۇ يەر تۆمۈر يولغا يېقىن ئىدى. باغۋەن سۆزلەۋاتقاندا پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. مۇخبىر ئۇنىڭدىن ھەر يىلى سىرتقا قانچىلىك مېۋە ـ چېۋە يۆتكەيدىغانلىقى، قانچىلىك كىرىم قىلىدىغانلىقىنى سوراپ گەپنى بۇراشقا تىرىشتى. ئەمما، باغۋەن بۇ گەپلەرنى ئانچە خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ توختىماي بىزنى تاماققا زورلايتتى. بىز ئاخىر تاماققا كىرىشىپ كەتتۇق. تاماقلار ناھايىتى ئوخشىغانىدى. باغ ئىگىسى بولسا باغنى مۇشۇنداق ياساپ ناشايان ئىشلارغا يول ئېچىپ بەرگەن شېرىكىنى ئەيىبلەشكە چۈشتى. بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭغا بولۇشۇپ:

ــ توغرا دېدىلە، پۇلنى دەپ ئىماننى يوقىتىپ قويغىلى بولمايدۇ، ھەممە ئىشنىڭ يولىدا بولغىنى ياخشى، ــ دېيىشتى. لېكىن، باغ ئىگىسى يەنە گېپىنىڭ مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ:

ــ شۇنداقمۇ دەيمىز، لېكىن، ھەممە ئىش يەنە شۇ ئۇلۇغلاردىن قالغانىكەن. چوڭ بوۋام نى ـ نى كاتتا قازىكالان، شەيخۇلئىسلاملارنىڭ كارامىتىنى جىق كۆرۈپتىكەن.......

بىز ئۆنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە بىر مۇلازىم ئۆنى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئۆنىڭ گەپدانلىقىنى تەرىپلىشىپ كەتتى. جاھانساز بۇرادىرىمىزنىڭ بىرى:

— بۇ ئادەممۇ بوش ئادەم ئەمەس. ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ئاغزىنىڭ ئۆچىدا تىللاپ قويغىنى بىلەن ئاخىرىدا يەنە ئاقلاۋاتقىنىنى. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، بۇ باغنىڭ يۇقىرىسىدا بىزدەكلەر بىلمەيدىغان، مەخسۇس ئەمەلدارلار بىلەن پۇلدارلار ئىجارە ئېلىپ تۇرىدىغان ئايرىم - ئايرىم باغلىق قورۇلار بار ئىمىش، — دېدى.

بۇگۈنكى ئىشلارغا بىرنەرسە دەپ بولغىلى بولمايتتى. ھەممىمىز مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىلكىدە بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ بىرپەس جىم بولۇشۇپ قالدۇق. خەلقئىئالەمنىڭ ئالدىدا ئاپئاپئاق روشەن تۇرغان ئىشلارغا يەنە ئۆنى - بۇنى دېيىش ئارتۇقچە ئىدى. دېگەن بىلەنمۇ ھېچبىر پايدىسى يوق ئىدى. بۇگۇنكى كۈندە غەيرىي ئىشلار كۆپلۈكىدىن ئادەتكە، مودىغا ئايلانغان. بۇ خىل مۇھىت شۇنداق بىر تۈركۈم جاھانسازنى يېتىشتۈرگەنكى، ئۇلارنىڭ كۆزى پۇل بىلەن مەنپەئەتتىن باشقىنى كۆرمەيدۇ. قانۇن - ئادالەت ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، ئۇلار كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار مەنپەئەت چىقسىلا بىمەنىلىك، زوراۋانلىق، ئادىمىيلىكنى پايخان قىلىشلاردىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، مەنپەئەت چىقمىسا قايناق سۇ ئىچكەچ تاماشا كۆرىدۇ. ئۇلار پۇل ئۈچۈن ئاتا - ئانا، ئاچا - سىڭىللىرىنىمۇ ساتىدۇ، مۇمكىن ئەمەس دەمسىز؟ تامامەن مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ يۈرىكى

«چمم» قىلىپمۇ قويمايدۇ. بىر تال كىرپىكىمۇ مىدىرلاپ قويمايدۇ. مەن بۇنداقلارنى كۆپ كۆرگەن.

تاماقتىن كېيىن باغ ئىگىسى بىر ساتارچى يىگىت بىلەن ناخشىچى قىزنى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ئەۋەتىپتۇ. قىز بىزگە «پەنجىگاھ مۇقامى»دىن ئارىيەلەرنى ئورۇنلاپ بەردى. گۈزەل ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن گۈزەل مىسرالاردىن، قىزنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلغۇسىز ھۆسنى ۋە ماھارىتىدىن، شاھانە راۋاق، جەننەتتەك بىر باغنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھاسىل بولغان يۈكسەك بىر پەللە ھەممىمىزنى بىرپەس سەنئەتنىڭ، ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا سەير قىلدۇردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئېشىۋاتاتتى. پۇل ھەقىقەتەن كۆپ نەرسىگە قادىر. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى.

61

سازچى بىلەن ناخشىچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى باغنى سىنغا ئالغىلى مېڭىشتى. قالغانلار ئىختىيارىي پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گەپ يەنە باغ ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى. مۇخبىر بۇرادىرىمىز:

ــ بۇ ئادەملەر يىراق ئەجدادىدىن تارتىپ باغۋەنچىلىك قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلاردا بىر ئۇدۇم ساقلىنىپ قالغانمۇ قانداق، ئۇلارنىڭ قولى تەگكەن كۆچەت تېز ئايىنىپ، مېۋىگە كىرىپ باراقسانلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يەر باغقا ئايلىنىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئايىنىمايدىكەن. ئۇلار ئەجدادىدىن تارتىپ بىر ياكى ئىككى بالا بىلەن جەمەتىنى ساقلاپ كەلگەنىكەن.

مۇشۇ باغۇەنىنىڭمۇ ئىككى ئوغلى بار، بىرسى راۋرۇس، دادىسىنى تارتقان، يەنە بىرسى سەل گالدى ـ گولدۇڭراق.

— خۇدايىم تەڭشەپ بېرىدۇ. بىر تەرىپىنى ئارتۇق بەرسە، يەنە بىر تەرىپىنى كەملىتىپ قويىدۇ. شۇنداق جاھان بۇ. شۇڭا، قەدىر ـ ئەھۋالراق ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ. — دېدى ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى.

مىرەھمەتجان تېخىچە كەلمىدى. مۇخبىر باشقىلارغا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كېسەلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. يەنە بىرەيلەن:

— بايا تېلېفون قىلغىنى دادىسى ئەمەس، ئايالىدەك قىلىدۇ. بىر ئىشتىن خاپا بولغاندەك ۋارقىراپلا كەتتى. قارىغاندا خانىمىغا ھېسابىنى ئۆتكۈزۈپ بولالمايۋاتامدىكىن، — دېدى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى.



* * *

بىرپەستىن كېيىن باغ ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ، باشقىلاردىن ياشتا چوڭراق ئىككى بۇرادەر بىلەن دەرۋازا ئالدىدا تاكسى ساقلاپ تۇرغىنىمىزدا، كىيىنىشى، تەق ـ تۇرقىدىن بىچارىلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاياللار ۋە قېرى ئادەملەرنىڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ مىنېرال سۇ، پىششىق تۇخۇم، قېتىق، تازىلىق قەغىزى، قول ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ۋە ھەربىرىمىز بىرەردىن نەرسە سېتىۋالدۇق. بۈگۈن بۇ باغدا مىرەھمەتجان بىلەن بىللە بولالمىغان بولساقمۇ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق. كۆپ ئىشنى ئاڭلىدۇق، كۆردۇق.

بۈگۈنكى مىرەھمەتجان ماڭا ئاۋۇت مۇئەللىمنىڭ ياش

ۋاقىتلىرىنى، ئاۋۋت مۇئەللىمنىڭ ياش ۋاقىتلىرى ماڭا مىرەھمەتجاننى ئەسلەتتى. ئەينى يىللاردىكى كېلىشكەن قەددى ـ قامەت، شان ـ شۆھرەت، ئەمەل ۋەسۋەسىسى ۋە يەنە ئاللىقانداق غەيرىي نىيەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بۈگۈن مىرەھمەتجاننىڭ ۋۇجۇدىدا قايتا زاھىر بولغاندەك ئىدى. ئاۋۋت مۇئەللىمنىڭ غەيرىي نىيەتلىرى نىقاب ئىچىدە، يوشۇرۇن ھالەتتە بولسا، بۇ نەرسىلەر مىرەھمەتجاننىڭ ۋۇجۇدىدا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ئاشكارا ئىپادىلىنىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆزگىچە، سىرلىق تۈس بېغىشلىغانىدى. ئاۋۋت مۇئەللىم يېرىم يولدا يىقىلىپ ئاغزى ـ بۇرنى قان بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئوغلىچۇ؟ ئۇ قانداق بولار؟



## 5

ئۆيگە قايتقىنىمدا ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان چوڭ بىر كونۋېرتمۇ، ئايالىمنىڭ نەۋرىلىرىم توغرىسىدىكى پاراڭلىرىمۇ، قوشنىمىزنىڭ ئوغلىنى ئۆيلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ مېنى قىزىقتۇرالمىدى. ئەزەلدىن كۈندۈزى ئۇخلىمايدىغان ئادەم بىر پىيالە چاي ئىچىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. باغنىڭ ساپ ھاۋاسىدا ئۇزاق ئولتۇرغانلىقنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك، شۇ ئۇخلىغانچە كەچتە ئورنۇمدىن تۇرغاندىمۇ ئۆزۈمنى يەڭگىل سەزدىم. روھىم يۇيۇنغاندەك تىنچ، ساپ ئىدى. كەچلىك چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئۈستەلدىكى كونۋېرتنى ئاچتىم. باغاقتىكى خەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن

بىردىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دېرىزە بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدا بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. تور پەردىنىڭ گۈللىرى دېرىزە تۈۋىدىكى دەرەخنىڭ يېشىللىقى بىلەن قوشۇلۇپ ھاسىل قىلغان خىرە، ئىمىر - چىمىر كۆرۈنۈشلەر ھەرقاچانقىدەك مەندە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلدى. دېرىزەمدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنى گويا كۈن نۇرى ئۆتمەس، قويۇق ئىپتىدائىي ئورمانلىق ئىدى. بىر چاغلاردا، ئورمانلىقتىكى ئىللىق بىر ئۇۋىدا ئۇچۇرۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر توپ قۇش چۈجىسى بار ئىدى. رەھىمسىز قوللار ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى تىرىپىرەن قىلىپ، تۇخۇملىرىنى چېقىپ تاشلىدى. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ئۇ قۇشلارنىڭ ھايات قالغانلىرى كونا ئۇۋىلىرى ۋە قان - قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ، ھەربىرسى بىر تال ياغاچ چىشلەپ بېرىپ كونا ئۇۋىلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر ئۇۋىلىرىنى سالماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئاشۇ قۇشلارنىڭ ھەربىرىنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇشى مۇمكىن؟

* * *

ئەگەر ئىلگىرىكى ۋاقىتلىرىم بولغىنىدا، بۇنداق ئالاھىدە خەۋەرنى ئاڭلىغاندا يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ دوپپامنى ئاسمانغا ئاتقان، خۇشاللىقىمنى ھەممە ئادەمگە جاكارلىغان بولاتتىم. بىراق، بۈگۈن مەن خۇددى ناھايىتى قىممەتلىك، بەكمۇ شېرىن ھەم بەكمۇ ئاچچىق بىرنەرسىنى شۇمۇۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا بەھرىمەن بولدۇم. كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىقنىڭ ئىچىگە گالنى بوغۇدىغان ئاچچىق بىر ھەسرەتمۇ ئارىلاشقانىدى. مەن تۇرمىدە ياكى تۇرمىدىن

چىققاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ھەمراھلىرىمنى، ئۇۋۋال قىلىنغانلىق، خورلانغانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈۋالغان گۇناھسىز بىر قىزنى، ئۆمرىنى مېنىڭ دەردىمدە ئۆتكۈزگەن ئاتا ـ ئانامنى ئۇنتۇيالمايتتىم. كۆز ياشلىرىم يۈرىكىمگە تاراملاپ ئاقتى. يۈرىكىمگە يىغىلغان شورلۇق ياشلارنى يەنە بىر كۆچەپ يۇتۇۋەتتىم. مەن ئاخىر ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم.

باغاق ئىچىدىكى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە بىر ھەپتىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش تەپسىلىي يېزىلىپتۇ.

قىزىل بىنا ئالدىدا يىغىلىش، سىنىپ ئالغۇ، سۈرەتلەرگە چۈشۈش، ئەينى يىللاردىكى سىنىپلىرىمىزغا كىرىپ سۆھبەتلىشىش، ھايات ئۇستازلارنى، دوستلارنى، كېسەللەرنى، ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاش، ئورۇمچى ۋە غۇلجىدىكى سەيلە ـ ساياھەت، زىيارەتلەر......

نېمىدېگەن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ھە. ئەگەر باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئورنىدا مەن بولغىنىمدا مەنمۇ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولاتتىم، بولۇپمۇ كېسەللەرنى، مەرھۇملارنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايتتىم. بىزنىڭ ئۇ سىنىپىمىزدا ئاجايىپ ئۆتكۈر پىكىرلىك، يۈرەكلىك ھەم قابىلىيەتلىك باللار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئاشۇ يىلى ياكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا نابۇت بولۇپ كەتتى. كېيىنكى يىللاردا ھايات قالغانلىرىنىڭ تۇرمىلەردىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىن قايتىپ

كەلگەنلىكى، يەنە بىرنەچچىسىنىڭ چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن دىدارلىشالىغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى - ھە.

بۈگۈن كېچە ئۇيقۇ مېنى تەرك ئەتكەنىدى. قاراڭغۇلۇققا تىكىلگەن كۆزلىرىمدە ئەڭ ئىنچىكە سېزىملىرىم، ئەسلىمىلىرىم، ئوي - پىكىرلىرىم يوغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار تەۋرىنىپ، دولقۇنلىناتتى، دۆۋىلىشەتتى ياكى پارچىلىنىپ چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇچقۇنلاردەك نۇر چاچرىتىپ، مېڭەمنىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭلىرىنى يورۇتاتتى - دە، ئۆچەتتى، يەنە نۇرلىناتتى......

# ئاسىم

## 1

كەچتە ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيۈمگە كىرىشىمگىلا پۇتۇمغا بىر نەرسە ئۇرۇلدى. دەرھال چىراغنى ياقتىم. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يەردە بىر كونىۋېرت كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا پوچتىكەش ئىشىكنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈۋەتكەندەك قىلاتتى. قېلىن سېرىق كونۋېرتقا سىلىنغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى پەرەز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ قولۇم بىلەن سىلاپ كۆرۈپ بىرپەس تۇرۇپ قالدىم. سورەتتەك ياكى تەكلىپنامىدەك قىلاتتى. ئەمما، ئادرېسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. كونۋېرتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ ئۇرۇمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ تامغىسىدىن باشقا بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن كونۋېرتنى يىرتتىم. كونىۋېرتتىن گۈل - نەقىشلەر بىلەن ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن قىزىل باغاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەرگە ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتۇم - يۇ، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز چوڭ ئېچىلىپ كەتتى.

بۇ بىزنىڭ ــ سابىق ×× ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى مەلۇم بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ

مەكتەپ پۈتكۈزگەنلىكىمىزنىڭ 50 يىللىق خاتىرە مەرىكىسىنىڭ باغىقى ئىدى! باغاققا قىستۇرۇلغان بىر ۋاراق قەغەزگە مەرىكىنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوقۇپ بولۇپ، «ئۇھ، ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقىپتۇ ـ دە!» دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دېرىزىدىن پەسكە ــ چىراغلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇتۇلغان چوڭ كوچىغا، ماشىنىلارغا، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىدا قىمىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرگە بىرپەس قاراپ تۇردۇم. بىز ھەممىمىز بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا مۇشۇنداق بىر تىۋىشنى ئاڭلىغان، كۈتۈپ كەلگەن، ئەمما، يېقىنقى يىللاردا ئۇنتۇپ ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن بولۇپ كەتكەنىدۇق. قارىغاندا بەزى دوستلىرىمىز بۇ ئىشنى ئۇنتۇماپتۇ. نۇرغۇن ئىشنى ئۇن ـ تىنسىز بېجىرىپ بىزنى كۈتۈلمىگەن سوۋغات بىلەن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقچى بوپتۇ! ۋۇجۇدۇمدىكى ھارغىنلىق بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ، تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ بېرىپ يانفونۇمنى قولۇمغا ئالدىم. تونۇش نومۇرنى بۇراپ بولۇشۇمغا تېلېفون ئۇلاندى. يىراق بىر يەردىن كەلگەن «دۇ......ت، دۇ...... ت» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن تىرىقلىغان ئاۋاز، كىچىك بالىنىڭ يىغىسى، بىر چوڭ ئادەمنىڭ كىچىك بالىنى بەزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا تونۇش، يېقىملىق بىر ئاۋاز قۇلاق پەردەمگە ئۇرۇلدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېرەم ئاغىنە، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟

كېرەم مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بىر پەس قىزغىن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن باغاقنى تاپشۇرۇۋالغان ـ تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى سورىدىم.

ــ نېمە باغاقنى دەيدىغانسەن؟ خەيرلىكتۇ؟

ــ خەيرلىك ئىش ئاغىنە، ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشنى ئۈتكۈزىدىكەنمىز، يەنە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بار ئىكەن. ئۇرۇمچىدە يىغىلىپ ئانا مەكتىپىمىزنى، ئۇستازلىرىمىزنى يوقلاپ بولۇپ غۇلجىغا سەيلە ـ ساياھەتكە بارىدىكەنمىز. قارىغاندا سېنىڭ باغىقىڭ يولدا ئۇخشايدۇ.

ــ ۋاھ، قالتىس ئىش بوپتىغۇ. مەن مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىنى، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئىلگىرىكىدەك بىر سىنىپقا يىغىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنى ــ بىر سائەت بولسىمۇ، شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىم دېگىنە. بولسا ئىلگىرىكى سورەتلىرىمىزنى چوڭايتىپ سىنىپقا چاپلىۋەتسەك، ماۋۇ سەن ئىدىڭ، ماۋۇ مەن ئىدىم دېيىشىپ، ياشلىق ۋاقىتلىرىمىزغا قايتىۋالساق......

ــ ئاق چاچلىق بوۋاي ـ موماي‌لار ياشلىقىغا قانداقمۇ قايتالىسۇن؟ پەقەتلا ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئەسلەيمىز، سېغىنىمىز، يىغلاپمۇ كېتەرمىز...... ــ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. كېرەممۇ ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، خېلىغىچە گەپ قىلالمىدى. ئادەم قېرىغاندا ھېسسىياتچان بولۇپ كېتەمدۇ قانداق، مەن مۇشۇ كۈنلەردە ياخشىراق كىنولارنى كۆرۈۋېتىپمۇ، باللاردىن بىرەر تەسىرلىك ئىشلارنى ئاڭلىسامۇ ئاسانلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن. خۇددى

مومايلاردەك ياش ئېقىتىپ ئولتۇرغىنىمدىن بەزىدە نومۇس قىلىپمۇ قالىمەن. لېكىن، ئامال يوق.

كېرەم بىلەن بىردەم سۆزلىشىپ بولۇپ، ئىشكاپنىڭ بىر يەرلىرىدىن كونا ئالبوملارنى تېپىپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىمنىڭ خاتىرىسى بىلەن توشقانىدى. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا چۈشكەن سۈرەتتە بىرمۇنچە ساۋاقداشىمىز كەم بولغانلىقتىن، ئۇ سۈرەتكە قارىغۇم كەلمەيتتى. مەن سۈرەتلەرنى ئاختۇرۇپ قانداقتۇر بىر بايرامدا سىنىپ بويىچە چۈشكەن بىر سۈرەتنى تاپتىم. بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان سۈرەت ئىدى. ئۇنىڭدىكى قارا گىرۋەكلىك كۆزئەينەك تاقىغان كېرەمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان قىياپىتى ماڭا بەك يارايتتى. ماڭا ئۇ سۈرەتتە كېرەمنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. قالغانلارمۇ بىر - بىرىدىن چىرايلىق، نۇر يېغىپ تۇرغان مەسۇم چىرايلار، زىلۋا، نازۇك، جەسۇر قامەتلەر، ياغلىقتا، قولاقچىغا پاتماي تۇرغان چاچلار، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كۆزلەر...... تاكى ئايالىم كەلگۈچە شۇ ھالدا ئولتۇردۇم. ئايالىم شىرە ئۈستىدىكى باغاقنى ئېلىپ ئوقۇدى. مېنىڭ كونا ئالبوملارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغىنىمنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، جىمجىت چىقىپ كېتىپ چاي دەملەپ كىردى. ماڭا ھەم ئۆزىگە چاي قۇيۇپ بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى ئالبومنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ بىر سۈرەتنى كۆرسىتىپ:

— قىزىق، سىز ھەممىلا سۈرەتتە دېگۈدەك مۇشۇ قىزنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپسىز، يۈرگەن قىزىڭىزمىدى؟ — دەپ

سورىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى ھەدىيە ئىدى. مەن ئىختىيارسىز كۇلۇپ كەتتىم:
— ياق، ئۇ قىزلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئېگىزى، مەن ئوغۇللارنىڭ ئېگىزى ئىدىم. شۇڭا ئۇ، سۈرەتكە چۈشكەندە قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. مەنمۇ ئوتتۇرىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرۇپ قالاتتىم. مەن ئاشۇ سىنىپقا كىرگەن تۇنجى كۈنىمۇ ئارقىدىكى پارتىدا، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان. مەن ئۇنىڭدىن: «سىزمۇ غۇلجىلىقمۇ؟» دەپ سورىغانىدىم. ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ: «مەندەك قىزلار غۇلجىدىن باشقا يەردە يوقمىكەن؟» دەپ داۋامىنى بەرگەن. ئۇ قارىماققا ناھايىتى ھاكاۋۇر كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۆزئارا چۈشىنىشكەندىن كېيىن بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ ناھايىتى سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئامراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.
— ھە...... مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۆزىڭىزگە ئىسسىق كۆرۈنىدىكەن — دە.
— ھا ـ ھا ـ ھا، قاراڭ، مۇنداق ئىش، بۇ قىز سىنىپ باشلىقى، مەن ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدىم. ئىككىمىز سىنىپ ھەيئەتلىرى يىغىنىغا بىللە قاتنىشىپ، پائالىيەتلەرنى بىللە ئۇيۇشتۇراتتۇق. شۇڭا، ئالىي مەكتەپتە بىز ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن.
ئايالىم توختىماي سوئال سوراپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا مۇخ بېسىپ ياتقان ئەسلىمىلىرىمنى قوزغىدى. ياق، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ باغاق سەۋەبچى بولدى. مەن يىللار تۇزانلىرىدا خىرەلەشكەن، يوقىلىپ

كېتىشكە باشلىغان ئەسلىمىلىرىمنى، ئۇنتۇلغان ئادەم ۋە ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشقا تىرىشىپ، خۇددى ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك بىر تەرزدە ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم.

مەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئاۋات مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە دۇنياغا كەلگەنىكەنمەن. ئېسىمنى بىلگەندىن كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، دادام مەھەللە مەسچىتىگە ئىمام بولۇپ ئۆتۈپتىكەن. دادامنى ۋە ئۇنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىنى كىشىلەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا شەيخ نامىنى قوشۇپ ئاتىشىدىكەن ۋە چوڭ كۆرۈشىدىكەن. دادام ئاپامغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئاپام كەينى - كەينىدىن بەش قىز تۇغۇپتۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ئوغول پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىكەن ۋە نامازلىرىدا ئاللادىن ئۆزلىرىگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى تىلەيدىكەن. ئاپام ئاخىر يەنە قورساق كۆتۈرۈپتۇ. تولا سەۋەب قىلىپ، پالچى - رەمباللارغا ئالدىنىپ زېرىككەن ئاپام بۇ قېتىم «خۇدانىڭ بەرگىنى ھېساب، قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ مېنىڭ بالام» دەپ شۈكۈر - قانائەت بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى سەھەردە دادام بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ مېھمانخانىدا تەكىيەگە يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ، بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئالما سويۇپ يېمەكچى بولۇپ پىچاق ئىزدەۋاتقۇدەك. ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئىزدەپ تاپالماي، كۆرپىنىڭ بۇرجىكىنى قايرىپ شۇنداق قارىسا، ئەپچىل بىر بەكە كۆزگە تاشلىنىپتۇ. ئەجەب ئوبدان بىر بەكە تېپىۋالدىم، دەپ خۇشال بولۇپ

ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۇشى ئىكەن، دېرىزىدىن سۇس يورۇقلۇق چۇشۇپ تۇرغانىكەن. دادام «سەھەردە كۆرگەن چۇش ئۇڭغا تارتىدۇ، بۇ قېتىم ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىكەنمەن» دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدا يەنە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئاللاغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ چۇشنى ئاپامغا دەپ بەرگەنىكەن، ئاپاممۇ بەك خۇشال بوپتۇ. ئۆيدىكىلەر ئۇمىد ۋە ئىلتىجا ئىچىدە يېڭى جاننىڭ دۇنياغا كېلىپ، ئارزۇ – تىلەكلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۇتۇشكە باشلاپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىگە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بىر بالا – قازانىڭمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىنى نەدىنمۇ بىلسۇن.

## 2

بىر كۇنى كېچىدە مەھەللىدىكى چوڭ بىر باي بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى گومىنداڭ ھۆكۇمىتى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، دۇكانلىرى مۇسادىرە قىلىنىپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ ئىشنىڭ تېگى – تەكتىنى بىلىپ بولغۇچە، يەنە بىر كېچىسى چوڭ دادام بىلەن دادامنىمۇ تۇتۇپ كېتىشىپتۇ. دادامنىڭ بەش – ئالتە يەردىكى دۇكانلىرىنىڭ غەللىسى ئېلىپ كېتىلگەندىن باشقا، ھۆكۇمەت ئادەملىرى ئۆيىمىزنى ئاستىن – ئۇستۇن قىلىپ ئاختۇرۇپ، قولغا چىققۇدەك، پۇلغا يارىغۇدەكنىڭ ھەممىنى مۇسادىرە قىلىپتۇ. چوڭ دادام بىلەن دادامنىڭمۇ، مەھەللىدىكى باشقا تۇتۇلغانلارنىڭمۇ ھېچنەدىن ئىز – دېرىكى بولماپتۇ.

شۇ ئىشلار بولۇپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مەن

تۇغۇلۇپتىمەن. ئىسمىم دادامنىڭ تاللىغىنى بويىچە قويۇلۇپتۇ.

ئاپام بىچارە ماڭا قاراپ خۇشال بولسىمۇ، دادام بىلەن چوڭ دادامنىڭ دەردىدە تولا ھەسرەت چېكىدىكەن. دادامنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى تەرەپ - تەرەپتىن سورۇشتۇرۇپ دادىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۈرۈمچىدە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى قويماي ئارىلاپ، كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، دېرىكىنى ئالالماي غۇلجىغا قايتىپ خەۋەر كۈتۈشتىن باشقا ئامال قىلالماپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئىشىك قېقىلىپتۇ. كىچىك تاغام سىرتقا چىقسا، ئەتراپتا ئىنس - جىن يوق ئىكەن، پەقەتلا ئىشىك ئالدىدا بىر ناسۋال خالتىسى تاشلاقلىق تۇرۇپتۇ. تاغام ئۇيانغا بىر يۈگۈرۈپ، بۇيانغا بىر يۈگۈرۈپ ھېچكىمنى ئۇچرىتالماي خالتىنى تۇتقىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرسا، چىراغ يېقىپ ئالدىغا چىققان ئاپام دادامنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان، ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن ناسۋال خالتىسىنى كۆرۈپ ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ يىغلاشقا باشلىغانىكەن، تاغام:

— بولدى ھەدە، يىغلىماڭ، ئاكامنىڭ بۇ خالتىنى ئەۋەتكىنى مەن ھايات، خاتىرجەم بولۇڭلار، دېگىنى، لېكىنزە...... قارىغاندا ئۇ ناھايىتى مەخپىي بىر يەردە بولسا كېرەك، بولمىسا ئىككىلىك خەت بولسىمۇ ئەۋەتكەن بولاتتى، — دەپتۇ. ئاپام بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال خالتىنى قولىغا ئېلىپ، خالتىنىڭ ئۆزى گۈل چىقىرىپ تىككەن گىرۋىكىنى سۆكۈشكە باشلاپتۇ. راست دېگەندەك، ئۇ يەردىن سامان

قەغەزگە يېزىلغان ئىككىلىك خەت چىقىپتۇ. خەتكە: «مەن نەدىلىكىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، تاغنىڭ كامىرىدىكى مەخپىي تۇرمىدە. كېيىنكى ئىشلار ئاللاغا ئامانەت. ئاللا بۇيرۇپ تىنچ ـ ئامان قۇتۇلۇپ چىقالىسام كۆرۈشەرمىز، بولمىسا مەھشەرگاھتا جەم بولارمىز. مەندىن رازى بولۇڭلار، ئوغلۇمنى ئوبدان بېقىڭلار» دەپ يېزىلغان بولۇپ، نە ئىسىم ـ فامىلە، نە ئاي ـ كۈن يوق ئىكەن. ئۇلار يەنە يىغلاپ ـ قاقشاپتۇ، يىغلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى بولماپتۇ. دادامدىن جۇدا بولغانلىقى ئاپامنىڭ كۆڭلىگە شۇ چاغدىلا چۈشكەنىكەن. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. چوڭ دادام بىلەن دادام سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقاپ كېتىپتۇ. مەھەللىدىكى باشقا بايلارنىڭمۇ ھېچ خەۋىرى بولماپتۇ. كىشىلەر بۇ تەقدىرگىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆنۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئاپام ئورۇق، ئېگىز بوي، سەل قاپىقى يامان، سۇرلۇكرەك كۆرۈنىدىغان ئايال بولۇپ، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتۇق. ئۇ بىزگە ئانا ھەم دادا ئورنىدا ئىدى، ھەتتا تاغىلىرىمىمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. تازا ئوينىۋاتقان بولساق، ئاپام كىرسىلا جىمىپ قالاتتۇق. مەھەللە چوڭلىرى ياكى ئاياللار بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بولسا، بىز ھويلىدا ئاۋازىمىزنى كۆتۈرۈپ سۆزلىشىشكىمۇ پېتىنالمايتتۇق. چۈنكى، ئاپام ئۆيدە مېھمان بار چاغدا شوخلۇق قىلىشىمىزنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن، مەن يەنىلا ھەممىدىن ئەركىن ئىدىم. ئاپام ئاشخانا ئۆيگە كىرگەن چاغلىرىدا مېنى ئەركىلىتىپ، يەيدىغان نەرسىلەرنى بېرەتتى. ئارقىدىن يەنە قاپىقىنى تۈرۈپ پەند ـ نەسىھەت

قىلاتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىمىسىمۇ، بىرەرسىمىزنى تاك ئېتىپ چەكمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتۇق. ھەدىلىرىممۇ ماڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ قىلمىغان سەۋەبلىرى، يوقلىمىغان مازايى - ماشايىخلىرى قالمىغانىكەن. ئاپام ھەر دائىم ئالمىغا، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرگە ياكى قېتىقلا سېزىك بولىدىكەن. بىر قېتىم ھەتتا قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقىغىمۇ سېزىك بولىغانىكەن. ماڭا كەلگەندە قىزا - چۈجۈقلا سېزىك بولۇپتۇ. دائىم قىزنىڭ تازا كونىسىنى قول ياغلىقلا چىگىپ پۇراپ ئولتۇرىدىكەن. ئاپام ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىنى سېزىكىدىن بىلىۋېلىپ، مەن تۇغۇلماستىلا ئوغۇل بالىچە پوسما، كىيىم - كېچەك، ئاياغ تەييارلاپ قويىغانىكەن. كىچىك ۋاقتىمدا ئاپاممۇ، ھەدىلىرىممۇ مېنى ئەتىۋارلاپ قولىدىن چۈشۈرمەي بېقىپتۇ. ئەمما، مەن سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاپام ماڭا دائىم:

— سەن دېگەن ئوغۇل بالا — ئۆينىڭ تۈۋرۈكى. ھەدىلىرىڭ سەندىن چوڭ بولسىمۇ، چوڭ بولغاندا سەن ئۇلارغا ئاكا ياكى دادا ئورنىدا بولىسەن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، — دەپ قۇلىقىمغا قۇيۇپ تۇراتتى. ھەدىلىرىمنىڭ ئويۇنغا ئارىلىشىپ قالساممۇ: «سەن دېگەن ئوغۇل بالا، ھەدىلىرىڭ بىلەن بەشتاش ئويناپ ئولتۇرساڭ ياراشمايدۇ، چىقىپ مەھەللىدىكى ئوغۇل بالىلار بىلەن ئوينا!» دەيتتى. دۇكانلىرىمىزنى يوقلاپ، غەللە يىغىدىغان چاغلاردا دائىم مېنى ئارقىسىغا سېلىۋالاتتى. سەل چوڭراق بولغان

ۋاقىتلىرىمدا ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا مەسلىھەت سالىدىغان، پىكرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان، بەزىدە مېنى خېلى مەسئۇلىيەتلىك ئىشلارغىمۇ بۇيرۇيدىغان بولغانىدى.

كېيىن دۇكانلىرىمىز كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئائىلە كىرىمىمىز ئازايدى. ئاپامنىڭ تېجەپ - تۆشەپ بىر ئۆينى قامداپ بولالماي جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەكتەپتىن چىقىپ ئىشچى بولۇپ ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستۈمگە ئالماقچى بولدۇم. ئەمما، ھەدىلىرىمنىڭ بىرسىنى قالدۇرماي مەكتەپتە ئوقۇتقان ئاپام ئوقۇشتىن چېكىنىشىمگە يول قويماي: «رەھمەتلىك داداڭنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دېسەڭ، تولۇق ئوقۇپ، پۈتۈن ئادەم بول» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ياتلىق بولۇپ كەتكەن ئىككى ھەدەممۇ: «ئۇكام، سەن خاتىرجەم بول، ئاپامغا بىز قارىشىمىز، سەن ياخشى ئوقۇساڭلا بولدى» دېيىشەتتى. تەلىيىمگە شۇ يىللىرى يەنە بىر ھەدەم تېرە زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشقانىدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزەتتىم، ئۇلار مېنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇرۇمچىگىچە بېرىپ ئوقۇشۇمنى ئارزۇ قىلاتتى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە ئۆزۈممۇ مەكتەپكە، ساۋاقداشلىرىمغا قىيمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنلەردە قوشنىمىزنىڭ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلى شەۋكەتنىڭ تەسىرىدە خېلىل ھەمرايېفنىڭ شېئىرلىرىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرەتتىم. مەن پۈتۈن بىر تەتىلنى ئۇنى دوراپ شېئىر يېزىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىماي قانچە قېرىنداشنى ئۇشتۇپ، قانچە دەپتەرنى يىرتىۋەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ئاخىر ئۆزۈمگە يارىغان بىر شېئىرنى شەۋكەتكە كۆرسەتسەم، ئۇ

ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى قىسىپ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ:

— نان بەرسە ئادەم بولغۇدەكسەن ئۇكا، سەندە شائىرلىق خىمىر تۇرۇچى بار ئىكەن، ئەمما، بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. سەن شېئىرلارنى جىق ئوقۇپ، جىق يادلاپ، جىق مەشىق قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ئوقۇشقا، يادلاشقا بېرىلىپ كەتتىم. ئۆز شائىرلىرىمىزنىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «ۋالاقتەگكورۇپنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ، تېز يادلىۋالدىم. ئۆزۈم ياقتۇرغان شېئىرلارنى كۆچۈرۈپ بىرنەچچە خاتىرىنى توشقۇزدۇم.

## 3



ئىككىنچى يىلى ئىنستىتۇتقا ئىككىلەنمەي ئىمتىھان بەردىم. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتىمەن، ئەمما، ئەدەبىياتتا ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى توشۇپ كەتكەنلىكتىن، سەنئەت فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتىمەن. قوشنىمىزنىڭ ئوغلى شەۋكەتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرماقچى بولدۇم. ئەمما، ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى. بىرنەچچە كۈن ئۇسسۇل فاكۇلتېتىدا ئۇسسۇل ئويناپ يۈردۈم. پۇت ـ قولۇمنىڭ ئۇسسۇلغا پەقەت كەلمىگەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ پۇتىغا دەسسىۋېلىپ، پۇتلىشىپ يۈرگىنىمنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلار مېنى تەنتەربىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكىۋېتىشتى. مەن بەدەننى چېنىقتۇرۇشقا قارىغاندا

كاللىنى چىنىقتۇرۇشقا بەكرەك قىزىقاتتىم. ئەتىگىنى مەيداندا باشقا باللار يۈگۈرۈپ مەشىق قىلسا، مەن شېئىر يادلايتتىم. بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدىم. مېنى ئەمدى يېڭى قۇرۇلغان سۇچىلىق فاكۇلتېتىغا يۆتكەشتى. سۇچىلىق ئەلۋەتتە مۇھىم ساھە. شىنجاڭدەك قۇرغاق رايون ئۈچۈن سۇ جانغا باراۋەر. ئەمما، بۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇش ئۈچۈن تەبىئىي پەن ئاساسى پۇختا بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. «ئەدەبىيات جىنى» چاپلاشقان، تەبىئىي پەن چىدىغۇسىز دەرىجىدە زېرىكىشلىك بىلىنىدىغان مەندەك ئادەم ئۈچۈن سۇچىلىقتا ئوقۇش ئاسان دەمسىز......

بىرنەچچە ئاي شۇ تەرىقىدە باشقا فاكۇلتېتلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قايتىپ كەلدىم. يېڭى سىنىپىم كۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىسسىق كۆرۈندى. گەرچە تۇنجى بولۇپ سالاملاشقان قىز ساۋاقداشىمدىن دەككە يېگەن بولسامۇ، كۆڭلۈم قىلچە يېرىم بولمىدى. بۇ سىنىپتا ماڭا ئوخشاش شېئىر، قوشاق يادلاپ ياكى توقۇپ يۈرىدىغان باللار ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىستولىغا ئۇسۇپ سالىدىغانلار، كېچىسى ئۇخلىماي يۇلتۇز ساناپ ئولتۇرىدىغانلار، ھەررەڭ ـ سەررەڭ، ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە پاراڭلارنى سالىدىغانلار بار ئىدى. مەن دەل ئاشۇنداق ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتىم. يېڭى ساۋاقداشلىرىم سەنئەت، تەنتەربىيە، سۇچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ باللىرىدەك ماڭا غەلىتە نەزەردە قاراشماي، تېزلا ئارىغا ئالدى. مەن بۇ سىنىپقا كىرگەندە بويۇم ئېگىز بولسىمۇ، بوينۇمدا قىزىل گالىستۇكۇم بار ئىدى. چۈنكى، يېشىم تېخى 15 توشمىغانلىقتىن، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ

قىلىشنى بىلمەي، ئۆزۈم ئېلىۋەتسەم خاتالىق بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ بوينۇمدىن ئېلىۋەتمىگەنىدىم. ھەدىيە مېنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىقىغا تونۇشتۇردى. مەن بىر پارچە ئىلتىماس يازدىم. سىنىپىتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىتتىپاق بايرىقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ: «كوممۇنىزمنىڭ سادىق ئىز باسارى بولىمەن. كوممۇنىزم ئىشلىرىغا مەڭگۈ سادىق بولىمەن» دەپ قەسەم بەردىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئىتتىپاق ئەزالىرى مېنى ياچېيكا شۇجىسى قىلىپ سايلىۋالدى. كېيىن ئويلىسام، ساۋاقداشلىرىمنىڭ مېنى ھىمايە قىلىشىدا، كېيىن خىزمەت ئورنۇمدا ئاسانلا باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىمدە ئاپامنىڭ مېنى «سەن دېگەن ئوغۇل بالا ــ ئەركەك. ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمىسەڭ، بىر تۇغقانلىرىڭغا غەمخورلۇق قىلمىساڭ بولمايدۇ» دېگەندەك نەسىھەتلىرى ۋە دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا ئۈندەشلىرى نەتىجىسىدە يېتىلگەن خاراكتېرىم مۇھىم رول ئوينىغانىكەن. بەلكىم، مەن باشقىلاردەك ئىقتىدارلىق بولماسلىقىم مۇمكىن. ئەمما، مەن ھەرقانداق ئىشتا ئارقىغا ئۆتۈۋالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدىم. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كويىدا بولاتتىم. كېيىن مەن ئوغۇللىرىمغا ئەنە شۇنداق تەلەپ قويدۇم. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئوغۇللىرىمۇ يارامسىز ئادەملەردىن بولۇپ چىقمىدى.

## ھەدىيە II

### 5

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاۋاتاتتى......

بۇ چاغدا مەن ئاپامنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا ئاككوردىيون چېلىپ جىر جىرلاشقا نەقەدەر ئۇستا ئىكەنلىكىنى، تېگى كۆك، ئاق چېكىت گۈللۈك كۆڭلىكىنى كىيىپ، قولىغا ئاق ياغلىق ئېلىپ «ئادنوشكا» ئويۇنىغاندا نەقەدەر گۈزەللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر قېتىم «گومىنداڭچىلار كەپتۇ» دەپ يۇرتتا قاچ ـ قاچ بولۇپ كەتكەندە، دادامنىڭ قىز بالىدەك كۆرۈنىدىغان ئاپامنى ۋە بىز بەش ئاچا ـ سىڭىلنى هويلىدىكى گەمىگە چۈشۈرۈپ، گەمە ئۈستىگە گىلەم، كۆرپە سېلىپ، ئۆزى ئۈستىگە چىقىپ ياتقانلىقىنى، كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ گومىنداڭچىلارنى قانداق ئۇستىلىق بىلەن ئالداپ ئۆيدىن هەيدەپ چىقارغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ يۈرگەنلىرىنى...... ئەسلەۋاتاتتىم. ئاپام كىتاب ئوقۇشقىمۇ بەك هەۋەس قىلاتتى. ئۇرۇمچىدە ئاددىي ناۋاي ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئاپامنىڭ قانداقسىگە بۇنچە كۆپ ئىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىغا هېچ ئەقلىم يەتمەيتتى. بۇ بەلكىم، شۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىدە رۇس، تاتار مەدەنىيىتىنىڭ

كەڭ تارقالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدە سەيىر قىلىپ يۈرگەن ئوي ــ پىكرىم، سەزگۈم رېئاللىقتىكى بۇ ئۇچۇرغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. ئورۇندۇقتا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېتىپ كەتكەن بەدەنلىرىممۇ مىدىرلاشنى زادى خالىمايتتى. ئەمما، رېئاللىققا قايتىپ كېلىشىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك. مەن بىر ئولتۇرغانچە قايتا قوپالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا، دائىم ئۆزۈمگە: «ھەدىيە خانىم، غەيرەت قىلىڭ!» دەپ تەكرارلاپ تۇرىمەن. ئەمما، ئۆتمۈشنى ئەسلەشتىن ئۆزۈمنى تارتالمايمەن. ئۆتمۈشتىكى، بالىلىق، ياشلىق چاغلىرىدىكى ھەدىيەگە، خىيالىغا كەلگەن گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان، ئاچچىقى ئىتتىك كېلىپ، ئىتتىك ياندىغان، داۋاملىق ئاۋارىچىلىك تېپىپلا يۈرىدىغان ھەدىيەگە كۆيۈنۈش ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە يىراقتىن نەزەر سالىمەن......

ئىشىكنى ئېچىشىمغا، بىر خىل مەكتەپ فورمىسى كىيگەن، چاچلىرىنى ئارقىسىغا ئېگىز بوغۇۋالغان ئىككى قىز قويۇندەك ئۇچۇپ كىرگىنىچە ئاياغ، سومكىلىرىنى ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە ئېتىپ، ئۆزلىرىنى دىۋانغا تاشلاشتى. مېنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىمغا پەرۋا قىلماي، يولدا ئۇچرىغان بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ سىلەر كىم بولىسىلەر، مەن سىلەرنى تونۇيالمىدىمغۇ؟ ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر زادى كىم؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇلار ئەلپازىمغا قاراپ ھەيران بولۇپ گەپلىرىنى توختاتتى. نەۋرە قىزىم قورقۇمسىراپ:

— ۋىيەي، چوڭ ئاپا...... مەن...... ئاپام...... — دەپ دۇدۇقلاشقا باشلىدى. كېپىنىڭ ئارىسىدا يېنىدىكى قىزغا قاراپ:

— قارا، دىمىدىمۇ، مەن چوڭ ئاپامدا نېمىتى ھېلىقى...... دېۋەڭلىك كېسىلى بارمىكىن دەيمەن، مەن ئۇنىڭدىن بەك قورقىمەن، — دېدى.

— سىلەرگە ئاتا - ئاناڭلار بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە، بولۇپمۇ چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئىشىكتىن قاندىق كىرىشنى، قاندىق سالام - سەھەت قىلىشنى ئۆگەتمىدىمۇ؟

— ئۆگەت...... كەن شۇ، شۇ......

— ئۇنداق بولسا ئىشىكتىن شۇ قائىدە بويىچە كىرىڭلار، بولمىسا مەن سىلەرنى تونۇيالماي قالىدىكەنمەن. ھە، ئىشىك ئەنە، چىقىپ چوڭ قىزلاردەك قايتىدىن كىرىڭلار قېنى.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇشتى، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ئىشىك سىرتىدا خېلىغىچە گۇدۇڭلاپ تۇرۇشۇپ، ئاخىر ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنى ئېچىشىمغا، نەۋرە قىزىم قىينىلىپ تۇرۇپ:

— چوڭ ئاپا، ياخشى...... تۇردۇڭمۇ؟ ئاپام...... ئاپام كەچتە...... مۇشۇ يەردە ئۇخلا دېگەن، — دېدى.

دەرھال بېرىپ قىزلارنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ:

— ئوبدان بوپتۇ قىزىم، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، — دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدىم.

بۇ قېتىم ئۇلار نۆۋەت بىلەن ئاياغلىرىنى سېلىپ، سومكىلىرىنى ئىلغۇغا ئېسىپ قويۇپ، مەن كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ساقلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇلار ئەدەپ بىلەن تارتىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشتى. ئاخىرىدا نەۋرە قىزىمغا:

— قىزىم، دوستۇڭنى داستىخانغا باشلا. چاي دەملە. سەل تۇرۇپ مەن سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىمەن، — دېدىم.

— ۋوي، چوڭ ئاپا، ئاۋارە بولماڭ، بىز تاماق يېمەيمىز، چاي ئىچسەك بولىدۇ، — دېدى نەۋرەمنىڭ دوستى.

— ئاۋۋال چاي ئىچىڭلار، تېخى بالدۇرغۇ، كەچكىچە قورسىقىڭلار ئېچىپ قالىدۇ.

قىزلارنى يالغۇز تاشلاپ، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ بىر پەس ئارام ئېلىۋاتقان چېغىمدا، دېلىغۇللۇق ئىچىدە «بۈگۈن ئۇلارغا سەل ئاشۇرۇۋەتتىممۇ قانداق؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. ئىچىمدە بىر ئاۋاز سوغۇققانلىق بىلەن: «ياق، ئاشۇرۇۋەتمىدىڭ، ئۇلار ئەنە شۇنداق تەربىيەگە موھتاج، بولمىسا ئۇلار سەندىن كۈندىن - كۈنگە يىراقلىشىپ كېتىدۇ، ئاخىر ئۇلارنى يوقىتىپ قويىسەن...... » دەيتتى. نەۋرىلىرىم نىمىشقىدۇر كىچىكىدىن تارتىپ مەندىن ئەيمىنەتتى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغانلىرىمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايتتى. ئەمما، مەن بىر مەزگىل بالىلىرىمنىڭ بالا تەربىيەلىشىگە ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە، يېڭى مەدەنىيەت مۇھىتىدا چوڭ بولۇۋاتقان نەۋرىلىرىم ئالدىدا مەنمۇ

گاڭگىراپ قالغانىدىم. ھەممىسىلا ئادەم بونى بوگونكى رېئاللىقىقا، تەرەققىياتقا ماسلىشىشنىڭ، ئاجىز ئورۇنغا چوشوپ قالماسلىقىنىڭ مۇقەررەر يولى دەپ قارايىتتى. بىز ھەممىمىز تەجرىبىسىز ئىدۇق، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەنىدۇق. بىز شېرىن چوشلىرىمىزدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا كۆپ كېچىككەن بولساقمۇ، خاتالىقلىرىمىزنىڭ داۋاملىشىۋېرىشىگە ھەرگىز قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتۇق......

## 6

مەسئۇد سىرتتىن قوغۇن ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ نەۋرىسىنى كۆرۈپ خوش بولغىنىدىن قوغۇننى دەرھال پىچتى. بۇ پوستى سېرىق، ئېتى كۆكوچ كەلگەن بىشەكشېرىن ئىكەن. قوغۇننى شۇنداق ھوزۇرلىنىپ يېدۇق. بۇنداق تاتلىق، سۇلۇق قوغۇننى تاپماق ئاسان ئەمەس ئىدى، ئەمما مەسئۇد تاللاپ ئالالايتتى. ئۇ بۇ ماھارەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدا يېتىلدۇرگەنلىكىنى ئېيتىپ ماختىنىۋېلىشنى زادى ئۇنتۇپ قالمايتتى. قوغۇن يەۋېتىپ كۆزۈم تۇيۇقسىز نەۋرە قىزىمغا چوشتى. ئۇنىڭ ئېگىشىپ قوغۇن يەۋاتقان ھالىتى، ئۇزۇن، ئورۇق بارماقلىرى، قولىنىڭ دومبىسى بىلەن سارغۇچ چاچلىرىنى كەينىگە ئېلىپ قويۇشى ئانىسىنىڭ كىچىك ۋاقتىغا شۇنچىلىك ئوخشايتتى. قىزىم لالەدەك ۋاقىتلىرىدا، ياق، ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا ھايات يولىنىڭ تىكەن ـ چاتقاللىقلىرىغا دۇچ كەلگەن. ئۇ «جىن ـ

شەيتان»نىڭ قىزى، «كىچىك جىن ـ شەيتان» ئىدى. مەسئۇد ئىككىمىزنى مەكتەپتىكىلەر «تەنقىد ـ كۆرەش» قىلىۋاتقان چاغلاردا ئۇ يېشى ئۆزىدىن بەك كۆپ پەرقلەنمەيدىغان ئىككى ئۆكىسىغا قارايتتى. مەن ئۇنىڭ باشقا كىچىك قىزلار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگىنىنى، قورچاق ئوينىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن بىر خىل قورقۇنچ، ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. بىركىم ئىشىكنى قاتتىقراق چەكسە، سىرتتا بىركىملەر ئۈنلۈكرەك گەپ قىلسا، ئۇ تۈگۈلۈپلا كېتەتتى. فىرانسىيەنىڭ بىر كىنوسى ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭدا فاشىستلار جازا لاگېرىدىكى بىر دادىنىڭ ئۇ يەردىكى ھەممە بەختسىزلىك ۋە شەپقەتسىزلىكنى بىر ئويۇنغا، چۆچەككە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ، ئوغلىنىڭ غۇبارسىز، ساپ روھىي دۇنياسىنى زەربىدىن ساقلاپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنەتتى. بۇ بەكمۇ گۈزەل ھەم ئېچىنىشلىق ھېكايە. ئەپسۇسكى، رېئاللىقتىكى ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەينى چاغلاردا قىزىمنى ئۆزىگە ئوخشاش گۆدەك باللار «كىچىك جىن ـ شەيتان» دەپ مازاق قىلىپ، قىيناپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. ئۇ دادىسى ئىككىمىزنىڭ ھاقارەتلىنىشىمىزگە، تاياق يېيىش، دۇشكەلىنىشىمىزگە، سازايى قىلىنىشىمىزغا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. بىچارە قىزىم ئەقلىگە كېلىپلا ئەنە شۇنداق بىر دۇنيانى كۆرگەنىدى. 1970 ـ يىللىرى مەن باللىرىم بىلەن مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمىدىكى بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ دەل قوغۇن پىشىشقى ئىدى. قىزىم ئۆكىسىنى يېتىلەپ ئېتىز

تەرەپكە ئېلىپ كەتكەندى. مەن يوغان تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتىم. مۇشۇ يەردە ئەمگەك قىلىدىغان ئون نەچچە ئادەم بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇرىدىغان يەتتە ـ سەككىز ئادەمنىڭ تامىقىنى ئۆزۈم يالغۇز ئېتىپ، نانلىرىنى ياقاتتىم. شۇڭا، تاڭ سەھەردىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدىم. قولۇمدىكى ناننى تونۇرغا چاپلاپ بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرسەم، بالىلىرىم تونۇر تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئىككىلىسىنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا قۇم يۇقۇپ كېتىپتۇ.

ــ نېمە بولدۇڭلار؟ ئاغزىڭلاردىكى نېمە قۇم؟ ــ دەپ سورىسام، قىزىم:

ــ ئاپا، بىز قوغۇن يېدۇق، ــ دېدى.

ــ نەدىكى قوغۇن ئۇ؟ كىم بەردى؟ ــ دەپ سورىسام، يەنىلا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن:

ــ ئاۋۇ ئاكاشلار قوغۇن يەپ بىزگە بەرمىدى. بىزنى كېتىشە نېرى، تاياق يېيىشسەن، دەپ قورقۇتتى. ئۇلار شاپاقنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ كەتكەندە بىز بېرىپ يېۋالدۇق، ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىش قىلماي ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان نازارەتچىلەرگە شۇنچىلىك غەزىپىم كەلدى، ئەمما نەپرىتىمنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز ئىدىم. ئۇلار مەن ئەتكەن ئاشنى ئىچىپ، مەن ياقىقان ناننى يەيتتى ـ يۇ، مېنى ۋە بالىلىرىمنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى، بىزنى ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلىتىپ، ئۆزلىرى بېلىنىمۇ ئېگىپ قويمايتتى، تېخى ئادەم كۆرمەستە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ

قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىنى ئوغرىلاپ يەيتتى. بالىلىرىمىنىڭ يۈزى، قوللىرىنى يۇغىچە كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ـــ باشقىلار يەپ تاشلىۋەتكەن نەرسىنى، تۇپىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىنى نېمىشقا يېدىڭ؟ نېمىشقا ئۇكاڭغا يېگۈزدۈڭ؟ مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ ـــ دەپ قىزىمغا ۋارقىرىدىم. بىچارە قىزىم قورققىنىدىن تىترەپ:

ـــ ماقۇل ئاپا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمىز، خاپا بولما ئاپا، ـــ دەپ يالۋۇرۇپ كەتكەنىدى.

ئادەمنىڭ خىيالى نەقەدەر يۈگۈرۈك ـ ھە. بىر تىلىم قوغۇننى يېگەچ شۇنچە ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپتىمەن. ھازىر ئالدىمدا ئولتۇرغىنى بولسا ئەنە شۇ قىزىمنىڭ قىزى. لالە ئۇستەل ئۈستىنى يىغىشتۇردى. ئۇنىڭ دوستىمۇ چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ بىلەن گىلەمنى تازىلىغىلى تۇردى. مەن كۈندىن ـ كۈنگە خىرەلىشىۋاتقان كۆزلىرىم بىلەن 13 ياشقا كىرە ـ كىرمەي بالاغەتكە يېتىشكە باشلىغان، ئاقىرىپ، زىلۋالىشىپ، چىرايىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۇماقلىق، نازاكەت پەيدا بولغان نەۋرە قىزىمغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ چوڭ ئاپىسى ۋە ئاپىسى كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما......

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەسئۇد قىزلار بىلەن بىردەم تېلېۋىزور كۆردى. ئۇلار «ئۇيغۇرچە خەۋەرنى چۈشىنەلمىدۇق» دەپ قوپۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، مەسئۇد يول قويمىدى.

ـــ لالە، ئۆز تىلىڭ تۇرسا، نېمىشقا چۈشەنمەيسەن، كۆپرەك ئاڭلاپ بەرسەڭ چۈشىنىدىغان بولىسەن ئەمەسمۇ. مەن ئەمدى نەۋرەم بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشىدىغان

بولۇپ قالامدىمەن؟ ــ دېدى.

ئۇخلاش ئالدىدا مەن قىزلارغا ئائىلىمىزنىڭ كونا سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىپ، دادام ۋە چوڭ دادام توغرىسىدا ــ چوڭ دادامنىڭ ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت بىر يېزىسىدا بىر نەچچە مو يېرىگە ۋە بىر پارچە ئەنجۈرلۈككە تايىنىپ كۆپ جانلىق ئائىلىنى باقىدىغان نامرات ئادەم ئىكەنلىكىنى، بالىلىرى چوڭ بولۇشقا باشلاپ تىرىلغۇ يەر يېتىشمىگەنلىكتىن، يېرىنى ۋە ئۆيىنى چوڭ ئوغۇللىرىغا تاشلاپ بېرىپ، چوڭ ئانامنى ۋە كىچىكرەك بالىلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە چىققانلىقىنى؛ دادامنىڭ كىچىكىدىنلا ئاشخانىلارنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوچىقىغا ئوت قالاپ يۈرۈپ ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەنلىكىنى، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

سۈرەتتىكى دادام ئېگىز بوي، سوزۇق يۈز، چېچىنى ئارقىسىغا تارىۋالغان، ناھايىتى يارىشىملىق كۈل رەڭ پەلتو كىيگەن نوچى ئادەم ئىدى. قىزىمنىڭ دوستى ئىشىنەلمىگەندەك:

ــ مۇشۇ ئادەم...... شۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، شۇ، مەن دادامغا ئوخشىمامدىكەنمەن؟

ــ ئوخشايدىكەنسىز، ئەمما...... دادىڭىز چەت ئەللىك كاتتا ئادەملەرگە ئوخشايدىكەن...... ــ قىز ھودۇقۇپ باشقا تىلدا سۆزلىۋەتتى ۋە مېنىڭ ئەيىبلىشىمدىن قورققاندەك قىزىرىپ، لالەگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى.

ــ ئاشخانىلارغا سۇ توشۇپ يۈرگەن مۇشۇ دادام چوڭ

بولغانچە رەسمىي سودىغا كىرىشىپتۇ. بۇ يەردىن قوي ـ كالا تېرىسىنى يىغىپ، چېگراغا ئاپىرىپ سوۋېتلىكلەر بىلەن رەخت، كىيىم ـ كېچەككە ئالماشتۇرۇپتۇ. كېيىن...... سودا قىلغىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپتۇ. قارىسا ئۇ يەرلەر ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىكەن. ھەممىلا ئادەم مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن. ئۇ بىللە چىققان ھەمراھلىرىنىڭ تەسىرىدە بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تاشكەنتتىكى داڭلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇپتۇ. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، تاشكەنتتە ئۆزى كۆرگەن مەكتەپلەرگە ئوخشىتىپ بىر مەكتەپ سالدۇرۇپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دەرسلىكلەرنى ئەكەلدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ يۇرتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى قۇرۇپتۇ. ئۆزى مۇدىر بولۇپ، ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇپتۇ. بۇ مەكتەپ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ شۇ يەردىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قاپتۇ......

مەن يەنە ئۇلارغا ئاپامنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، ئىشچان، پاكىز ئايال ئىكەنلىكىنى، دادام تىجارەت بىلەن سىرتتا يۈرسە، بىزنى قانداق كۆڭۈل قويۇپ باققانلىقىنى...... سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار سۈرەتلەرگە ناھايىتى قىزىقتى. نەۋرەمنىڭ دوستى يەنە:

ــ ئۇ چاغلاردىكى كىشىلەر بەك قالتىسكەن. مېنىڭ بوۋاممۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئەسكەر بوپتىكەن. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ ئاجايىپ بولۇپ قالاتتۇق. مەن سۈرەتلەرنى ئۆيگە كەلگەن

ساۋاقداشلىرىمغا كۆرسەتسەم، ئۇلار: «سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، ئۇلار دېگەن چەت ئەللىكلەر تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوۋاڭ نېمىش قىلسۇن. مۇئەللىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئازادلىقتىن بۇرۇن سىلەر ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىكەنسىلەر» دېدى.

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟ سەن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭمۇ؟

— مەن......مەن ئىشەنمەي...... يەن، ئەمما، ئاپام ئىشىنىدۇ.

لالە يەرگە قاراپ گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم، نېمىلا دېسە مەيلى ئىدى.

مەن ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ:

— سەنچۇ لالە، سەن گەپ قىلمىي بەرمەمسەن؟ — دېدىم.

— بىلمەيمەن، چوڭ ئاپا، — ئۇ شۇنداق دەپلا يىغلىۋەتتى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ، مۇرىسىدىن چىڭ قۇچاقلىدىم.

— بولدى، بولدى يىغلىما. بىرنەرسە دېگۈڭ كەلمىسە دېمە.

ئۇنىڭ چىلگىدەك يۇمىلاق، چىرايلىق بېشىغا يېپىشىپ تۇرغان سارغۇچ قوڭۇر چاچلىرى يىپەكتەك يۇمشاق ئىدى. چېچىنىڭ رەڭگى ۋە يۇمشاقلىقى ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى.

قىزلار ئۇخلاپ قالدى. مەن ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. مۇرەككەپ، ئاخىرى چىقماس خىياللار خۇددى قىيا تاشقا تۇختىماي ئۇرۇلۇپ بۇزغۇن چاچرىتىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك قەلبىمنى داۋالغۇتاتتى.

مەن قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس كىتاب سېتىۋېلىشنى ئويلىدىم. قايسى كۈنى تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە تارىخ، مەدەنىيەت ۋە باشقا ساھەلەرگە ئائىت بىرمۇنچە يېڭى كىتابنىڭ چىققانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. مەسئۇدمۇ ماتېماتىكىچى بولغىنى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، يېڭى چىققان كىتابلارنى قالدۇرماي ئوقۇپ، باھا بېرىپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئىككىمىز ياش ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك كىتابلار ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپمۇ قالىمىز. ئۇ تولاراق «سىز دېگەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئەمەسمۇ» دەپ ماڭا يول قويىدۇ، ئارقىدىن يەنە جىددىي، ئەمما سەل ياسىما تەلەپپۇزدا: «ھەدىيە خانىم، رومان دېگەننى ئەسلىي سىز يازسىڭىز بولاتتى. ئىككىمىز توغرىسىدا بىر رومان يېزىڭە، چوقۇم بازارلىق كىتاب بولىدۇ» دەيدۇ، مەن كۈلۈپ قويىمەن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق قىلالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە. بۇ مېنىڭ ياش ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن، ھېچكىمگە تىنمىغان ئارزۇيۇم ئىدى. مەن ئەدەبىياتقا بولغان جىمى ئىشتىياقىمنى، ئوي ـ پىكرىمنى، ئىجادچانلىقىمنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا سىڭدۈردۈم. ھەر سائەتلىك دەرسىمنى يېڭى بىر ئىجادىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ، دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپنى قىلىپ بولالمىغانلىقىمنى، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشنى قىلىپ بولالمىغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. لېكىن، ئىنساننىڭ ھەممە ئارزۇسىغا يېتىپ بولالىشى مۇمكىنمۇ! مەن ياش ۋاقىتلىرىمدا جاپا تارتقان بولساممۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى كۈنلەرگىمۇ ئۇلاشتىم. مەسئۇلىيەتچانلىق

بىلەن تەربىيەلىگەن پەرزەنتلىرىم ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆز ھايات يوللىرىنى تاپتى. چوڭ ئوغلۇم چەت ئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانام ياشىنىپ قالغان يىللاردا ئۇلارنى دائىم يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردۇم، ئاپامنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ئۆز قولۇم بىلەن بېقىپ، داۋالىتىپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇزاتتىم. مانا بۈگۈن بالىلىرىمىزغا تارتىشىپ مەسئۇد ئىككىمىز مۇ ئۆرۈمچىگە ماكانلىشىپ قالدۇق. ئۆيۈمىنىڭ ئەتراپى خۇددى ئارزۇ قىلغىنىمدىكىدەك تىنچ، گۈزەل بىر باغچىغا ئوخشايدۇ. ئەمدى ماڭا قالغىنى ئۆزۈمگە نېسىپ بولغان بۇ تۇرمۇشتىن ئارامخۇدا بەھرىمەن بولۇش.

كۆزلىرىم خاتىرجەملىك ئىلكىدە يۇمۇلۇشقا باشلىغانىدى، تۇيۇقسىز لالەنىڭ يىغلاپ كىرىشى، «بىلمەيمەن، چوڭ ئاپا، بىلمەيمەن...... » دەپ تارام ـ تارام ياش تۆكۈشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇشقا باشلىدى. مەكتەپكە كىرگۈچە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان لالە ئاشۇ يىللاردا مەسئۇد ئىككىمىزگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مېھىر ۋە شادلىق بېغىشلىغانىدى. ئۇ تىلى چىقىپلا چوڭ ئادەملەردەك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. مەسئۇد ئىككىمىز ئۆي ـ پىكىرلىرىمىز، تەنبىھلىرىمىز ئۈچ ياشلىق نەۋرىمىزنىڭ ئاغزىدىن تولۇقى بىلەن چىقىپ ئۆزىمىزگە قايتۇرۇلۇشقا باشلىغاندا ھەيرانلىقىمىزنى باسالماي قالاتتۇق.

ــ چوڭ دادا، قولۇڭنى يۇ، لۆڭگىنى جايىغا قوي!

ــ چوڭ ئاپا، يالغان سۆزلىسەڭ بولمايدۇ. مەن ساڭا

«يالغانچى بالا» دېگەن ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، ئوبدان ئاڭلا.
— چوڭ ئاپا، چوڭ دادا، ئەتىگەنلىك تاماق يېمىسەڭلار، سىلەرگە شاكىلات بەرمەيمەن!
مەسئۇد ئىككىمىز بەزىدە ئۇنىڭدىن ئوبدانلا ئېھتىيات قىلاتتۇق.
ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايتتى، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى يوشۇرمايتتى ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، ھەممە ئىشنى باشقۇرماقچى بولاتتى. مەسئۇد ئىككىمىز ئىنساننىڭ گۆدەك ۋاقىتلىرىدىكى تەبىئىتىنىڭ نەقەدەر ساپ ۋە گۈزەللىكى، ئۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشى ھەققىدە مۇلاھىزىلەرگە چۆشۈپ كېتەتتۇق.
لالە ئالتە ياشقا كىرگۈچە ھېچ قىينالمايلا ئۆز تىل - يېزىقىمىزدىكى ئاددىي كىتابچىلارنى ئوقۇيالايدىغان، ئاددىي ھېسابلارنى ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتكەندى. چوڭ بولغانچە خاراكتېرىدە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، سۆزلەپلا تۇرىدىغانلىقى، تولا سوئال سوراشلىرى، شوخلۇقى، راستچىللىقى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئاتا - ئانىسى بۇ «پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك» قىزنىڭ بىر مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى تىل كۇرسلىرىغا بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي لالە ھەرخىل تىللارنى ئاز - تولا ئۆگەندى. ئاتا - ئانىسى قىزىنىڭ ھەرخىل تىللاردا سۆزلەشلىرىدىن، باشقا يېزىقتىكى خەتلەرنى چىرايلىق يېزىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەردى. ئەمما، بىر كۈنلەردە ئۇلار ئۆز قىزىنىڭ ناتونۇش، يات

بىر قىزغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۆزلىرى «ئۇيغۇر تىلى دېگەن ئاسان، ئۆزىنىڭ تىلى، ئۇنى بىر دەمدە ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۆرپ ـ ئادەتنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ» دەپ نەقەدەر خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇلار كىچىكتىمۇ، ھەممىمىز كىچىكتۇقمۇ؟ ئەسلىي شۇنداق شوخ، چېچەن، قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ سۆزلەپلا تۇرىدىغان لالە قېنى؟ ئۇ قانداقلارچە ئۆزگىرىپ، گەپ ئاڭلىمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان، جىمغۇر، تەرسا بىر بالىغا ئايلىنىپ قالدى؟ ھەممە گۇناھ لالەدىمۇ؟

ياق، ئاساسلىق مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدا، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىيالمىغان بىزدە. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، لالەنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئازاب، گاڭگىراش بار. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا، قاتمۇ قات گىرەلەشكەن يوللار ئارىسىدا قايسى يولغا مېڭىشنى، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە كىمگە تەۋە بولۇشنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى چوڭ بولغان ئىللىق مۇھىت، ئاتا ـ ئانا، يېقىن ـ يورۇقلىرى ئۇنىڭدىن كۈندىن ـ كۈنگە يىراقلىشىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان يېڭى بىر دۇنيا ئۇنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەيدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن بەكمۇ يىراقتا قالغان، ئەتراپىدا ھېچكىم يوق. ئۇ يالغۇزلۇقىنى، كەمسىنىش تۇيغۇسىنى، ئىككىلىنىشلىرىنى كىمگە ئېيتىشنى، قانداق ئېيتىشنى بىلمەيدۇ. يوچۇن، ئەمما قىزىقارلىق دۇنيا غايەت جىلۋىلەر، يالغان ۋەدىلەر بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن

نىمىلەرنىدۇر كۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قويماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆز ھەلەكچىلىكىدە باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ئۇنى چۈشىنىپ يېقىشنى ئويلايمۇ قويمايدۇ، ئويلىسىمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۈكۈت قىلىشنى، زىددىيەتلىك خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى، قارشىلىشىشنى تاللىۋالغان. لالە، ئۇماق نەۋرەم، مەن سېنى تاشلاپ قويمايمەن، مەن ھەرقاچان يېنىڭدا، مەن سېنىڭمۇ ئاپاڭدەك ئازاب چېكىشىڭنى خالىمايمەن، ھەرگىز خالىمايمەن. ئەمما، مەن قېرىپ قالدىم، بەكلا قېرىدىم، قولۇمدىن جىق ئىش كەلمەيدۇ، مەن پەقەتلا سېنىڭ چىڭ تاقىۋالغان قەلب ئىشىكىڭنى ئانىلىق مېھرىم بىلەن ئېچىپ كىرىپ، سېنى ئەسلىي ھالىتىڭگە قايتۇرۇپ ئەكەلسەم دەيمەن، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلەرمۇ؟



## 7

چۈشكە يېقىن كىچىك ئوغلۇم كەلدى، ماشىنا ھەيدەپ يۇرۇپ بۇياقلارغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ يوغان بىر پىلاستىك خالتىنى ماڭا بېرىپ: «سىلەرنى بىر ۋاق تاماق ئېتىش غېمىدىن قۇتۇلدۇراي» دېدى. ئۇنىڭ ئەكەلگىنى تۆركىچە كاۋاپ، پولۇ، ئاشمانتا، يۇمشاق نان ھەم بىر قۇتا قېتىق ئىكەن. مەن چاي دەملەپ، داستىخان تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدىم. خۇشاللىقىمدىن قوللىرىم بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. بۇ خۇشاللىق خېلى كۈنلەردىن بېرى كەلمىگەن

ئوغلۇمنى ساق ـ سالامەت كۆرگەنلىكىمدىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ تاسادىپىي بىرەر ھادىسىگە ياكى كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپلا يۈرەتتىم، ئۇنىڭدىن تېلېفون ئالغۇچە ياكى ئۇزىنى كۆرگۈچە كۆزۈم تۆت بولاتتى، تېلېفوندا ئۇنىڭغا ماشىنىنى ئېھتىيات بىلەن ھەيدەشنى، خېرىدارلار بىلەن تاكاللاشماسلىقنى قايتا ـ قايتا تاپىلايتتىم.

تاماقنى تەخسىلەرگە تىزدىم، قېتىقنى پىيالىلەرگە بۆلۈپ بولۇپ، يېڭى دەملەنگەن خۇش پۇراق چاينى پەتنۇسقا تىزىلغان ئىستاكانلارغا قۇيۇشقا باشلىدىم. ئوغلۇم چاققانلىق بىلەن چاينى ئېلىپ، دادىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى. توڭلاتقۇدا چىلىغان تەرخەمەك بارلىقى تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. كاۋاپ سىڭىپ پىشقان ھەم يۇمشاق ئىدى. ئوغلۇم نېپىز نان ئارىسىغا كاۋاپ بىلەن چىلىغان تەرخەمەكنى ئېلىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. مەسئۇدمۇ ياش ۋاقىتلىرىدا شۇنداق ئىدى، ئالدىدىكى تاماقنى خۇددى بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك ئالدىراپ، ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. ئۇ ھازىر پېتىرمانتىنى قولىغا ئېلىپ، ئىككىلەنگەندەك قاراپ تۇرىدۇ، ئادەتتىمۇ ئىككىدىن ئارتۇق يېمەيدۇ، ئىككى مانتىنى يەپ بولۇپ، سىرتقا چىقىپ سىگىدۇرۇپ كىرىپ، يەنە ئىككىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ كونا ئاشقازان كېسىلى بار. بۇ كېسەلنى ئۇ ئاشۇ يىللاردا، مەن باللار بىلەن غۇلجىدا تۇرۇۋاتقاندا يالغۇزچىلىقتا ئاچ قورساققا ھاراق ئىچىپ تاپقانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېسەل بەزىدە ياخشىلىنىپ، بەزىدە

ئاربلاپ قوزغىلىپ قويۇپ ئۇنى قىيناپ كەلدى. بىر مەزگىل ئۇ نەدە ئاشقازان دورىسى بولسا ئەكىلىپ يەپ يۈرۈپ، ئاخىر دورا كار قىلماسلا بولۇپ قالغاندى. كېيىن دوختۇرۇكتە 80 خالتا ئاچچىدىغان ساقالىلىرى ئاپپاق، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ناھايىتى ساغلام كۆرۈنىدىغان بىر بوۋاي بىلەن دوست بولۇپ قېلىپ، كۈندە ئۇنىڭ تالقان دورىلىرىنى يەپ يۈردى. بوۋاي ئۇنىڭغا تاماقنى كۈندە ئاز - ئازدىن بەش - ئالتە ۋاق يېيىشنى ئۆگەتكەنىكەن. ئۇ موشۇ ئۇسۇلنى ناھايىتى ئەستايىدىل داۋاملاشتۇرۇپ، شۇنىڭغا كۆنۈپمۇ قالغاندى. ئوغلۇم تامىقىنى تېز - تېز يەۋېتىپ، تاماقنى ئالدىرىماي چايناۋاتقان دادىسىغا:

— دادا، سەن تاماقنى تەرتىپلىك يەپ، بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ، — دېدى. دېمىسىمۇ، خېلىلا قورساق سېلىپ، چاچلىرى شالاڭلاپ قالغان ئوغلۇم قارىماققا ئەسلىي يېشىدىن چوڭراق كۆرۈنەتتى. دادىسى ئوغلىنىڭ ماختىغىنىدىن خۇشال بولۇپ، تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— ماڭا قارا ئوغلۇم، مېنىڭغۇ ئاشقازىنىم ياخشى ئەمەس، ساغلام ئادەملەرمۇ تاماقنى تويۇپ يېۋالماسلىقى كېرەككەن. يەنە بىرى، دەم ئېلىش بىلەن ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇشمۇ بەك مۇھىمكەن. مەن بىرى، چۈشلۈك ئۇيقۇنى قولدىن بەرمەيمەن؛ يەنە بىرى، كۆپ ماڭىمەن......

ئوغلۇم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ماشىنىدىن چۈشمەي ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قورساق سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قاقشىدى. دادا - بالا ئەنە

شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىر چەتتە جىمغىنە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتىم، ئۇلارنىڭ گېپىنى بۇزغۇم كەلمەيتتى. بىر ۋاقىتلاردا ئوغلۇم دەسلەپكى ئايالى بىلەن ئاجراشقاندا، مەسئۇد خاپا بولۇپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭغا گەپ قىلماي يۈرگەن. دادا ـ بالا ئىككىسى كۆپ قېتىم ۋارقىرىشىپ، قىزىرىشىپمۇ كەتكەن. ئۇ ئىشلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر خىل سالقىن ھالەتتە قالدى. ئوغلۇم دادىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى، پاراڭلىشىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، پەقەت يېقىنقى يىللاردىلا ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ مېنىڭ نەزەرىمدە كۆپ ئۇچرىمايدىغان قىممەتلىك مىنۇتلار ئىدى. مەن 70 ياشقا كىرگەندە ھېس قىلدىمكى، ئادەمنىڭ ئۆمرى ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، يېقىن ئادەملىرى، ئاتا ـ ئانا، بالىچاقىلىرى بىلەن ئادەتتىكىچە، چىن كۆڭلىدىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىتلىرى بەكمۇ ئاز بولىدىكەن. ھەددى ـ ھېسابسىز ئەرزىمەس ئىشلار، تىلى باشقا، دىلى باشقا باردى ـ كەلدىلەر، ئەھمىيەتسىز قۇرۇق پاراڭلار، تىرىكچىلىك يولىدىكى تۈگىمەس غەم ـ ئەندىشىلەر ئۆمۈرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ كېتىدىكەن. بۇ دۇنيادا ساناقلىق كۈنلىرى قالغان ئادەملا نېمىنىڭ ھەقىقىي قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە، بالىچاقا ۋە قېرىنداشنىڭ قەدرىگە يېتىشكە باشلايدىكەن...... خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە، ماڭا ئوخشاش ئاق سېرىق، كىتابخۇمار، چىرايىدىن سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان چوڭ ئىنىم مۇھەممەددىن كۆز ئالدىمغا كەلدى. بىز چوڭ بولۇشقا باشلىغان ئۇ يىللاردا ئاچا ـ

سىڭىللار مېھمانخانا ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، ئۇ بىر چەتتە جىمجىت كىتاب ئوقۇيتتى. كىتاب بەتلىرىنى ئۆرىگەچ گەپلىرىمىزگە ئارىلاپ قولاق سالاتتى. مەن جەنۇبقا بارماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندا، ئۇ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا قىيماسلىق نەزەرىدە قاراپ: «ئاچا، ئاشۇ يىراق يەرلەردە ئۆزۈڭ يالغۇز قانداقمۇ قىلارسەن؟ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن دېسەڭ مۇشۇ يەرلەردە قىلساڭمۇ بولاتتىغۇ. بىر كەتسەڭ، يەنە قاچانلاردا كېلەرسەن؟» دېگەن. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ، يىغا بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغانىدى. بىر تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە ئىككىمىزنىڭ تەق ـ تۇرقى ئوخشاپ قالاتتى، مىجەزىمىزمۇ كېلىشكەچكە، بىر ـ بىرىمىزگە يېقىن ئىدۇق. مېنىڭ ئاشۇ ئەقىللىك ئىنىم خام خىياللىرىمنى، ئوچۇق ـــ تۈز مىجەزىمنى، قاراملىقىمنى ھەممىدىن بەك چۈشىنەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كوچىلاردا كېتىۋېتىپ، قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم. تۇنجى قېتىم ئۆيدىكىلەرگە توي قىلىدىغانلىقىمنى ئۇشتۇمتۇت جاكارلىغاندا، ئۇ ماڭا: «ئاچا، تۇرمۇش ئىشىدا بۇنداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلما. سەن ئۇ ئادەمنى تۈزۈك چۈشەنمەي تۇرۇپ توي قىلساڭ، كېيىن كۆڭلۈڭ چۈشمەي قالسا قانداق قىلىسەن؟ ھېسداشلىق مۇھەببەت ئەمەس، مۇھەببەت دېگەن باشقا نەرسە. مۇھەببەتسىز قانداقمۇ ياشاش مۇمكىن؟» دېگەنىدى. مەن ئىككىنچى يىلى جەنۇبتىن تۇغقان يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۇ بىر مەكتەپتە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئىككىمىز بىرنەچچە قېتىم قىسقىچە پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭ روھىي

كەيپىياتىمنىڭ ئۆزگىرىشى، چىرايىمغا قان يۈگۈرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ماڭا كۆڭلىدىكى بىر سىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندى. ئەمما، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەتىللىك كۇرسى باشلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن 10 كۈنلا تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانام بىلەن تۇغقانلىرىمنى ئارماندا قويۇپ قايتىپ كەتكەنىدىم. ئىنىم ماڭا قانداق سىرىنى ئېيتماقچى بولغىيدى، بەلكىم ياخشى كۆرگەن قىزى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتىمىكىن...... شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتقا قايتالمىدىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا شۇنچىلىك ئارماندا قالدىم......

ئېھ، مېنىڭ چىرايلىق، كۆيۈمچان ئىنىم، سەن بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشىۋېلىش، ئەقىللىك كۆزلىرىڭگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئەڭ سەممىي ئارزۇ ـ ئۈمىدىمنى بىلدۈرۈش، ساڭا بەخت تىلەش مېنىڭ يۈرەكتە قالغان ئارمىنىم ئەمەسمىدى. مەن نېمىشقا سەن ئۈچۈن بىر كۈن كېچىكىپ يولغا چىقمىدىم، مەن قانداق ئادەم ـ ھە......

بۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك بىر ئارمان.

ئوغلۇم پات ئارىدا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ يەنە بىر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىز بىلەن خوشلاشتى. «بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى، چۈشتە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ ماڭ» دەپ تۇتۇشلىرىمىز ئۇنى يولىدىن قايتۇرالمىدى. ئۇ بالدۇرراق ئۆيىگە قايتىپ، بالىلىرىنى چوڭ ئاپىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇشى كېرەككەن، چۈشتىن كېيىن ئايالى چايغا بارىدىكەن.

ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى ئەركە بالا ئەمەس، ئىككى بالىنىڭ دادىسى. بىز ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ قالالمايمىز. سېغىنىش، تەلپۈنۈشلىرىمىزنى، ئەمەلگە ئاشماس ئۈمىدلىرىمىزنى ئۈن ـ تىنسىز ئىچىمىزگە يۇتۇۋېتىمىز.

ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد ئىككىمىز ئوغلىمىزنىڭ بىرىنچى خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ، قايتا توي قىلىشىغا قوشۇلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، كېلىنىمىز بىزنى زادىلا كەچۈرەلمىدى. بىز ئايلاپ ـ يىللاپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەيمىز. ئاندا ـ ساندا كېلىپ قالسىمۇ چىرايىنى ئاچماي، يات ئادەمدەك مېھمان بولۇپلا كېتىدۇ. قۇدىلىرىمىز بىلەنغۇ مۇناسىۋىتىمىز يوقنىڭ ئورنىدا. بىچارە ئوغلۇم ماشىنىسى بىلەن شۇلارنىڭلا خىزمىتىدە. مۇنىرە بەزىدە چىداپ تۇرالماي:

— سېنىڭمۇ ئاتا ـ ئاناڭ قېرىدى، ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، شۇلارنىمۇ ئويلاپ قوي، — دەپ كايىپ كېتىدۇ.

ئەمما، مەسئۇد بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا قاتتىق خاپا بولۇپ:

— بولدى، خاتىرجەم ئۆيىنى تۇتسۇن، ئارىلاشماڭلار، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ يامان ئەمەسقۇ، — دەپ ھېچكىمنى ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ.

ئوغلۇم تۇنجى قېتىم «خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپ يەنە كېلىمەن» دېگەن چېغىدا، نەقەدەر خۇشال بولۇپ، ھاياجانلىنىپ كەتكىنىم ئېسىمدىن چىقمايدۇ. لېكىن، كۆڭلۇمنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس. «نېمە ئېتەرمەن، خاپا قىلىپ قويارمەنمۇ ......» دېگەندەك. مەسئۇد كۆڭلۇمدىكىنى بىلىۋالغاندەك:

ــ ناھايىتى ياخشى بولدى، ئەسلىي بۆرۈنلا شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. سەن گۆش، كۆكتاتلارنى تەييار قىلىپ: «كېلىنگلار بالىلىرىم، تاماقنى ھەممىمىز بىللە ئېتەيلى، نېمە ئېتىمىز؟» دېگىن. شۇنداق قىلىپ، بۇ كېلىنلىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆندۈرۈۋالىمىز، ــ دېدى.

لېكىن، بۇ پىلانىمىز ئىېغىزىمىزدىلا قالدى. ئوغلۇم بىلەن كېلىنىمىز بۇ قېتىممۇ ئىككى ـ ئۈچ خالتا تەييار تاماق ئالغاچ كەپتۇ. «ئاپا، بۇ تاماقلارنى تەخسىلەرگە ئالايلىمۇ؟» كېلىنىم شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككىمىز تاماقلارنى تەخسىلەرگە ئېلىپ، چاي دەملەپ، داستىخان راسلىدۇق. كېيىن ھەممىمىز بىرلىكتە تەييار تاماقلارنى يېدۇق، «ئۆيدە تاماق ئېتەيلى» دېگەن گېپىمگە ھېچكىم قوشۇلمىدى. دېمىسىمۇ داستىخان شۇنچە مولچىلىق تۇرسا. مەن كېلىنىمنى زورلاپ گەپكە سېلىپ باقتىم، ئۇ مېنىڭ سوئاللىرىمغا بىر ئېغىزدىنلا جاۋاب قايتۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ بانكىدا ئىشلەيتتى. بانكىنىڭ، پۇلنىڭ گېپى چىققان چاغلاردىلا ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ مەڭزىگە قان يۈگۈرگەندەك بولۇپ، گېپى سەل كۆپىيەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق پاراڭ ئۇنىڭغا خۇشياقمايتتى.

كېلىنىمىزنىڭ مائاشى ھەقىقەتەن يۇقىرى. لېكىن، ئۇ ئۆيدە بىر قازان تاماق ئېتىپ باقمايدۇ. مەن باشقا گەپكە قىستۇرۇپ بازارنىڭ تامىقىنى كۆپ يېيىش بەزى كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى دەپ ئۆتكەنىدىم، ئۇنىڭ چىرايى شۇ ھامان بۇلۇتتەك تۇتۇلدى. بۇ

بۇلۇت تا خوشلاشقۇچە تارىمىدى. مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئوغلۇمنىڭ قىزى بىلەن ئۈچ ياشلىق ئوغلى بولدى. ئىككىلىسىلا شۇنچىلىك ئوماق ئىدى. ئۇلارغا مېھرىم چۈشۈپلا قالدى.

بۈگۈنمۇ ئىككى نەۋرەمنى كەچكىچە خىيالىمدىن چىقىرالمىدىم. ئۇلارنى كۆرمىگىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، كېلىنىم كەلگەن ۋاقىتلىرىدا بالىلىرىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قويۇپ كېلەتتى، بولۇپمۇ كىچىكىنى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەنچە ئىدۇق. بۇلارنى ئويلاپ بىر خىل ئەيىبكارلىق تۇيغۇسى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ قويدى. مەسئۇدقا:

— نەۋرىلىرىمىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدۇق، ئۇلارمۇ شۇنداق ...... بىزنى تونۇماي چوڭ بولارمۇ؟ — دېدىم.

— قانداق قىلاتتۇق، ھەدىيە، ئەينى چاغدا ئوغلىمىزنىڭ دەسلەپكى ئايالىغا ئىچ ئاغرىتتۇق، ئۇنى خاتا يولدىن توسماقچى بولدۇق. لېكىن، ئاقىۋەتتە ئوغلىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدۇق. ھېلىمۇ ئىشلارنىڭ مۇشۇنچىلىك يەرگە كەلگىنىگە خۇشال بولايلى. مۇشۇ بالىۋاقا دېگەنگە ئادەم چىدىماي قالىدىكەن. لېكىن، يەنىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىغان ياخشىكەن. غەربلىكلەر مۇشۇ جەھەتتە ناھايىتى دانا ئىكەن، — دېدى.

بۇ گەپلەر توغرا ئىدى، لېكىن كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى، كۆڭۈلسىز ئەسلىملەرنى يوقىتالمايتتى.

ئوغلۇم خىزمىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇتتەك بىر

قىزغىنلىق بىلەن تىجارەتكە كىرىشتى، ئەمما تۆت ـ بەش يىلغا بارمايلا بىر جۇغلاپ بەرگەن دەسمايىنى پاك ـ پاكىز يوقاتقاننىڭ ئۈستىگە يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزگە بوغۇلۇپ، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولدى. مەنمۇ، مەسئۇدمۇ تىجارەت ھەققىدە يول كۆرسەتكۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەس ئىدۇق. پەقەت دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ، بولۇپمۇ تىجارەتنىڭ يولى تۈز بولمايدىغانلىقىنى، قىزغىنلىققىلا تايىنىپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. بىزنىڭ نەسىھەت، تەسەللىلىرىمىز كار قىلمىدى. دېمىسىمۇ، ئەينى يىللاردا ئۈنچىلىك زىيان بىزدەك ئاددىي ئادەملەرنى چۆچۈتۈشكە يېتىپ ئاشاتتى. ئەنۋەر بىر مەزگىل تىجارەتنىڭ، پۇلنىڭ گېپى بولغان يەردىن قاچىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، بىز بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايتتى، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ سىرتتا يۈرەتتى، ئۆيگە كەلسىمۇ غەرق مەست كېلەتتى. شۇ يىللاردا ئۇ ئايالىدىن ئاجراشماقچى بولدى، ئەمما ئاجرىشالمىدى، كېيىن ئۆيگە كەلمەسلا بولدى. بىز ئۇنىڭ «ئۆزىنى چۈشەنمىدىغان، تىجارەت ئىشىغا ياردەم قىلالمايدىغان»، بىر توي قىلىپ ئاجراشقان بىر چوكان بىلەن تېپىشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان قۇدىلار قىزىنى ئاجراشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، بۇ جەرياندا چىرايىمىزغا قاراپمۇ قويمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇد ئەنۋەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماس بولدى، باشقىلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىمىزغىمۇ يول قويمىدى. مەن چوڭ ئوغلۇم بىلەن

قىزىمدىن ئەنۋەرنىڭ دائىم هاراق ئىچىدىغانلىقى، قەرز ئىگىلىرىدىن قېچىپ ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، مەسئۇدقا ئۇقتۇرماي ئۇلاردىن پۇل ئەۋەتەتتىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە هازىرقى ئايال قۇدام مېنى ئىزدەپ كېلىپ: «ئەنۋەر سىزنىڭ ئۆگەي بالىڭىزمىتى؟ ئۆگەي ئانا بولسىڭىزمۇ شۇنچىلىك تاش يۈرەك بولامسىز؟ بالىڭىزنى تاشلاپ كېرەكتىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. بىچارە قىزىم هەر كۈنى ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ دەردىنى تارتىپلا يۈرىدۇ. مېنىڭ قىزىمغۇ ئۇنچىلا بولۇپ كەتكىنى يوق، ئەنۋەردەك خىزمىتى يوق ئادەمگە تەگمىسىمۇ، ئارقىسىدا يۈرگەن يىگىتلەر تولا. لېكىن، سىز ئانا بولغاندىكىن، ئوغلىڭىزنى قايتۇرۇپ كېلىڭ. سىزگە بالا لازىم بولمىسا ماڭا لازىم. مەن بۇ يەرگە باشقا مەقسەتتە ئەمەس، ئەتىۋارلىق قىزىمدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئۈچۈنلا كەلدىم» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەن، شۇ كۈنىلا مەسئۇد بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، ئەنۋەرگە توي ئىشىغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزگەن. تويدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەر - خوتۇن ئىككىسىمۇ، قۇدىلارمۇ ئۆيىمىزگە دەسسىمىگەنىدى.

مەن ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئايالىنى تاشلىۋەتكىنى خاتا، هەممە گۇناھ ئۇنىڭدا دەپ قارايتتىم. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى مەسئۇدنىڭ يېقىن دوستىنىڭ قىزى بولۇپ، غۇلجىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنى بويىچە تەربىيەلەنگەن ناهايىتى ئىشچان، پاكىز، يۈزى تۆۋەن بىر قىز ئىدى. ئۇ بىزگە سۆغا

سۇ قوشۇلغاندەك ئۆزلىشىپلا كەتكەنىدى. مەن تا يېقىنغىچە ئۇنىڭ ئارمىنىنى يەيتتىم. ئەمما، ھازىر بۇ قارىشىمدىن تەۋرىنىپ قالدىم. بەلكىم ئەنۋەرگە لايىق ئايال مۇشۇدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ ئەنۋەر ئۇچۇن ناھايىتى قىممەتلىك بولغان تەرەپلىرى باردۇ. بەلكىم بىز ئۇنىڭغا بەك رەھىمسىزلىك قىلغاندىمىز.

گېرمانىيەدە تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلۇمدىن خېلىلا كەچتە تېلېفون كەلدى. ھەر قېتىم ئوغلۇمنىڭ دۇنيانىڭ يىراق بىر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىسام يىغا تۇتىدۇ. «بالام، قايتىپ كەلگىن، ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ قىينىما، داداڭ ئىككىمىز قېرىپ قالدۇق» دېگۇم كېلىدۇ. ئەمما، ئاغزىمدىن چىقىرالمايمەن. ئالدىنقى قېتىم ئۇ ئايالى بىلەن باللىرىنى ئېلىپ گېرمانىيەگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ يولىنى مېڭىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىمۇ ھېچ نەرسە دېيەلمىگەن، پەقەتلا كۆز ياشلىرىمنى چاندۇرماي سۈرتۈپ، گەپلىرىنى جىمجىت ئاڭلاپ تۇرغانىدىم. ئوغلۇم دادىسى بىلەنمۇ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. مېنىڭ كېيىنكىسى ئۆزگىرىشلىرىمنى تەپسىلىي سورىغاندەك، دادىسىنىڭ كېسىلى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن گەپ سورىدى ۋە ئىككىمىزگە يەنە دورا ئەۋەتمەكچى بولدى. گېرمانىيەنىڭ دورىلىرى ھەقىقەتەن ئۈنۈملۈك. ئۇنىڭ ئۇستىگە تېببىي ساھەدە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇم بىزگە قانداق دورىلار زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىراق، گېرمانىيەنىڭ تېببىي ئىلمى ۋە دورىلىرى ئۆلۈمگە داۋا بولالمىغاندەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ جۇدالىق ھەسرىتىنى يوقىتىشقىمۇ ئامالسىز.

شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ئوغلۇمنى بالىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆيۈملۈكى ھەم كەسپىدە نەتىجە قازانغىنى، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە پەخىرلىنىمەن، قىزىم بىلەن كىچىك ئوغلۇم يوق ۋاقىتلاردا ياكى تونۇش - بىلىشلىرىمىز بىلەن جەم بولغان سورۇنلاردا ئىختىيارسىز ئۇنى ماختاپ كېتىمەن. ئەمما، مەسئۇد بۇ قارىشىمغا قوشۇلمايدۇ. ئۇ ھەر كىمنىڭ ھايات يولى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا شەخسىي تىرىشچانلىقتىن باشقا، پۇرسەت، تەلەي، تاسادىپىيلىق ئامىللىرىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن مەيلى ئوڭۇشلۇق مۇھىتتا بولسۇن ياكى ئوڭۇشسىز مۇھىتتا بولسۇن، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇش ۋە ئادا قىلىش ھەممىدىن مۇھىم، دەپ قارايدۇ. بۇ گەپلەرمۇ ئاساسسىز ئەمەس. چوڭ ئوغلۇم دۆلەت خىزمەتكە بىرتۇتاش تەقسىم قىلىدىغان يىللاردا ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۆز مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالالىغان. ھازىر ياخشى ئوقۇش ئارقىلىقلا ئۆز مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. كىچىك ئوغلۇممۇ گەرچە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ، مەمۇرلۇق خىزمىتىنى تاشلاپ، جاپالىق ۋە ئەگرى - توقاي بىر يولنى تاللىدى. ئۇ قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بولسا، بەلكىم ئىشلار باشقىچە بولغان بولاتتىمىكىن؟ بۇ يەردە مەسئۇدنىڭ «جاھىل» لىقىمۇ مۇھىم رول ئويىندى. مەن گەرچە ئۇنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ، بەزىدە ئوغلىنىڭ جاپا تارتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ پىسەنت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپمۇ قالىمەن. «ئادەم دېگەن زۆرۈر بولغاندا باشقىلارغا زىيان سالمىغان ئاساستا شارائىتقا ماسلىشىشى

كېرەكقۇ» دەپ ئويلايمەن. بارلىق ئەخلاق قارىشىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ، پەقەت مەنپەئەت ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بۈگۈنكى شارائىتتا سېنىڭ ئالىيجاناپلىقىڭ، بالاغىتىڭ ئىشسىز ۋە نامراتلىقى مەسخىرە ۋە سوغۇق كۆلكىدىن باشقا يەنە نېمىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن؟ لېكىن، بۇ قاراشلارنى يەنە ئۆزۈم ئىنكار قىلىمەن. بىر ئۆمۈر سەممىيلىك، ھالاللىقنى تەشەببۇس قىلغان، ئوقۇغۇچىلىرىم، باللىرىمغا شۇنداق تەلەپ قويۇپلا قالماي، ئۆزۈممۇ شۇنداق ياشاپ كەلگەن مەندەك بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ياشانغان چاغلىرىدا ئۆز ئېتىقادى، قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس.

ئەگەر ۋاز كەچسەم، ئاشۇ ئۆزگىرىشچان، جاپالىق يىللاردا؛ ئادەملىكىم، غۇرۇرۇم پايخان قىلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تىركىشىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا؛ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋاقىتلىرىمدىكى غايە، ئارزۇ - ئۈمىدىمنىڭ كۆپۈككە ئايلانغىنىنى كۆرۈپ گاڭگىرىغان پەيتلىرىمدە؛ رەھىمسىز ھاياتنىڭ سانسىزلىغان دوقمۇش - دوقىلىدا ۋاز كەچكەن بولاتتىم. ئەمما، مەن ۋاز كەچمىدىم. قەلبىمدىكى ئاشۇ بىر پارچە يېشىللىقنى پەرۋىش قىلىپ ساقلاپ كەلدىم. ھارغان، تالجىققان، ئۈمىدسىزلەنگەن...... ۋاقىتلىرىمدا ئاشۇ يېشىللىقتا قەلبىمنى سەگىتتىم، يوقىتىپ قويغان ئۆزۈمگە قايتتىم......

# 8

سىرتتا ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. يىراقتىكى 20 قەۋەتلىك خەلقئارالىق قاۋاقخانىنىڭ رەڭدار ۋىۋىسكىلىرى يېنىپ - ئۆچۈپ لەپىلدەشكە باشلىدى، يول چىراغلىرىنىڭ شولىسى ھۇجرامنى غۇۋا نۇرغا تولدۇردى. بۇ ئارامبەخش غۇۋالىق، بىلىندۇرمەي كىرىپ كېلىۋاتقان ياز كېچىسى، دېرىزە پەردىسىنىڭ بۇرجىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، قاچانلاردىدۇر پەيدا بولغان بىر تال يۇلتۇز مېنى كۇندۇزدىكى تەسىراتلاردىن، غەم - ئەندىشە، تالجىقىشلاردىن ئايرىپ، ئۇيقۇنىڭ مامۇق تۆشىكىگە بۆلەيدۇ، ئېغىرلاشقان كىرپىكلىرىم يۇمۇلۇشقا باشلايدۇ. تۇيۇقسىز دېرىزە تەرەپتىن كەلگەن بىر تېپىرلاش ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتەلمەي ئاۋارە بولۇۋاتقان بىر كېپىنەكنى سىرتقا چىقىرىپ قويىمەن. ساپ، سالقىن ھاۋا نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق، ئىختىيارسىز دېرىزە ئالدىدا بىرپەس تۇرىمەن. ياستۇقۇمغا قايتا ئۆزۈمنى تاشلىغان چېغىمدا ئۇيقۇنىڭ سېھىرلىك پەپىلەشلىرى غايىب بولىدۇ. خېلىغىچە كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىپ باقىمەن، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلىمەن. ئاخىر ئورنۇمدىن قوپۇپ ئولتۇرىمەن.

كۆزلىرىم ئۇدۇلدىكى دېرىزە تەكچىسىدە غۇۋا چىراغلار يورۇقىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان كۈمۈش رەڭلىك رامكا ئۈستىدە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. بۇ مەسئۇدنىڭ سوۋغىسى. سۈرەتتىكى ئالدى تەرەپكە قارىشىپ تۇرغان ئىككى يىگىت بىلەن بىر قىز شۇنچىلىك ياش، شۇنچىلىك

غۇبارسىز ئىدىكى، ئۇنى غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ چاغلاردا رامكىدىكى ئۇ قىز دائىم دىراما ئارتىسى بولۇپ چۈش كۆرەتتى. ئۇنىڭ يول - يول، ئۇششاق، ئىنچىكە سىزىقلىق بىر ئىستاكانى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ ئىستاكانىغا قىپقىزىل دەملەنگەن چاينى لىققىدە قۇيۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. ئىستاكان ئۇنىڭ نەزەرىدە بىر خىيالىي سەھنىگە ئايلىناتتى. يول - يول قىزىل رەڭ «سەھنە»نىڭ قىپقىزىل دۇخاۋا پەردىسىگە ئوخشايتتى. پەردە ئېچىلاتتى، كىچىك، يۇمىلاق «سەھنە» بارماقچىلىك نۇرغۇنلىغان ئارتىس بىلەن تولاتتى. دىرامىلار ئورۇنلىنىپ، ھەر قېتىم پەردە يېپىلغاندا گۈلدۈراس ئالقىشلار، چۇقان - سۈرەنلەر ياڭرايتتى...... ئۇ ئىستاكانغا قاراپ ئولتۇرۇپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلار قوينىدا ئۈزەتتى.

مەكتەپنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدە، قىزىل بىنانىڭ تاملىرىدا «ئالتۇن كەش» دىرامىسىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى بار ئىدى. تاۋار كۆڭلەك، تەتىللا جىلىتكە كىيگەن، ئاق رومالنى چېكىلەپ چىگكەن «ئۆگەي ئانا» ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ماڭۇق ياستۇققا يانپاشلاپ ياتقان، كىيىم - كېچەكلىرى كونا، يىرتىق، يۈزىدە تاياق ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «يېتىم قىز» يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى سۈرەت باشقا سۈرەتلەردىن چوڭ بولغاچقا، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. «قەلەندەر» ساپايى چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان سۈرەتتىكى كېرەمنىڭ ھەييارلىق ۋە ئەقىل - پاراسەت چىقىپ تۇرغان قىياپىتىمۇ ناھايىتى جەلپ قىلارلىق ئىدى. تۆۋەن يىللىقنىڭ باللىرى ئۇلارغا

ھەۋەس بىلەن قارشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە: «باللار، بىز ئوقۇش پۈتكۈزۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەندىن كېيىنمۇ، بىزدىن كېيىنكىلەر پاللان سىنىپنىڭ باللىرى ئاجايىپ تالانتلىق ئىدى، ‹ئۆگەي ئانا› دىرامىسىنى قالتىس ئوينىغان دەپ بىزنى ئەسلىشىدۇ، ھەر قېتىم مەكتەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمە قىلىنغاندا بىزنىڭ تۆھپىمىز، سۈرەتلىرىمىز ئەڭ كۆرۈنەرلىك جايدىن ئورۇن ئالىدۇ» دەيتتى. ئۇلار ساۋاقداش، ئۇستازلىرىمىزنىڭ قەلبىدە شۇنداق گۈزەل تەسىر قالدۇرالىغىنىدىن پەخىرلىنەتتى، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقانچە يەنە قانداقتۇر غايىبانە ئۈمىدلەر بىلەن ئىلھاملىنىپ، تېخىمۇ گۈزەل، سىرلىق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتەتتى، بىراق ئاشۇ ئۈمىدۋارلىقى ۋە سەبىيلىكى بىلەن كېيىن يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ بولالماي تۇرۇپلا، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولغان، گاڭگىرىغان ھالدا شۇنداق بىر قايىنامغا كىرىپ كەتتىكى......

1958 ـ يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا ئۈرۈمچى يەنىلا قاتمۇ ـ قات قار ـ مۇز ئىلكىدە ئىدى. ئالدىنقى يىلى كۈزدە باشلانغان «ئېچىلىپ سايراش»، «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى»، «چوڭ مۇنازىرە، كۈرەش قىلىش»، «سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش» باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، خۇددى ئۈشتۈمتۇت كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىدەك ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۇ ئوتنى ئۇلغايتىشقا بولاتتىكى، ئۆچۈرۈشكە بولمايتتى. ئۇ تىلىنى ھەر تەرەپكە سوزۇپ، ئۇچرىغاننى يالماپ

يۇتاتتى. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەچچە ئايدىن بېرىقى «ئېچىلىپ سايراش» قا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كۆڭۈللىرىدىكى گەپلەرنى قىلىپ پىكىر بەرگەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە رەھبەرلىرىمىز ئۇنىڭ دەسلەپكى قۇربانلىقلىرى بولدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئاياپ قالمىدى. كېرەمنىڭ ئالدىنقى يىلى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان «ئۆگەي ئانا» ناملىق داستانى ئاپتونوم رايوندىكى نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا نۇقتىلىق تەنقىد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قىزىل بىنا بىلەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسىنىڭ ئىلگىرى بىزنىڭ سۈرەتلىرىمىز چاپلانغان يېرىگە «ئالتۇن كەش، نېمە دېمەكچى؟» ماۋزۇلۇق چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى. ئۇنىڭدا بۇ درامىنىڭ ئاپتورى كېرەم، سىنىپ مۇدىرىمىز ۋە درامىدا رول ئالغان 15 ئوقۇغۇچى بىر يىپقا چىگىلىپ، كېرەم باشچىلىقىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» پاش قىلىنغانىدى. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە خۇددى قارا باسقاندەك بولۇپ يۈردۇق. ئىلگىرى بىزگە ئۆلگۈدەك ھەۋەس قىلىشقانلار ئەمدى بىزگە قاراپ دىمىقىدا سوغۇق كۈلۈشىدىغان بولغانىدى. مەكتەپ، فاكۇلتېت بويىچە ئېچىلغان چوڭ ـ كىچىك كۈرەش ـ تەنقىد يىغىنلىرىدا ھەممىمىز خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى تەكشۈرەتتۇق. «رەھبەرلىك ۋە ئامما قانداق چارە كۆرسە رازى بولىمىز، رەھبەرلىكنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ تەربىيەسىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز» دېگەندەك ۋەدىلەر بىلەن تۇۋۋا قىلغانلىقىمىزنى،

سەمىمىيىتىمىزنى ئىپادىلىمەكچى بولاتتۇق. ئەمما، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار رازى بولمايتتى، «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات»ىمىزنىڭ مەقسىتىنى، بىزگە قانداق ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغانلىقىنى، ئۇنى قانداق ئورۇنلىغانلىقىمىزنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى پاش قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما، «بۇ يەردە تەشكىلات نېمە ئىش قىلسۇن، بۇ دىرامىنى ئويناپ چىقىشنى فاكۇلتېت ئورۇنلاشتۇرغان، مەكتەپ تەستىقلىغان، ئاپتونوم رايون باشلىقلىرى ئۆزلىرى كېلىپ ماختاشقان ھەم مۇكاپاتلىغانغۇ؟» دېيەلمەيتتۇق، دېيىشكە ھەققىمىز يوق ئىدى. بېشىمىزنى ساڭگىلىتىپ قورقۇنچ، ئەندىشە ئىچىدە قاراپ تۇرۇشاتتۇق. ئەينى چاغدا شان ـ شەرەپكە ئىگە بولۇشقا ئالدىراپ كەتكەنلەر ئەمدى بىز ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى، بەزىلىرى ئۆزىنى كۆرسەتمەس بولۇپ كېتىشكەنىدى.

شۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز يۇقىرىدىن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە يېزىلغان بىر پارچە «ئەكسىلئىنقىلابىي خەت»نىڭ پۆچېركىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. «ھەققانىيەت ۋولقانلىرى» ئىمزاسىدىكى بۇ خەتنى يازغۇچىنىڭمۇ كېرەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ھەممىمىز قاتتىق چۆچۈدۇق. كېرەم شۇ كۈنلا نازارەتكە ئېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈرەشنىڭ نۇقتىسى «ھەققانىيەت ۋولقانلىرى» ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى پاش قىلىش، كۈرەش قىلىشقا يۆتكىلىپ، بىز بىر چەتتە قالدۇق. كىشىلەر بىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئانچە تىلغا ئالمايدىغان بولدى. بىزگە بولغان چەكلەش، يامان كۆزدە

قاراشلارمۇ يوقالدى.

مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق چوڭ يىغىندا ئاكتىپلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن كېرەمنىڭ ئۈچ دوستى، مەكتىپىمىزدىكى ياشقىنە بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغان سىڭىلىسى ئىسمىلىك سىڭلىسى «تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى» دەپ تارتىپ چىقىرىلدى. كېرەمنىڭ دوستلىرى بىلەن تارىخ مۇئەللىمىمۇ شۇ يەردىلا تۇتۇلۇپ، نازارەتكە ئېلىندى.

شۇ كۈنى كەچتە يۇقىرى يىللىقتىكى ئىككى ئاكتىپ ئوقۇغۇچى مۇئەللىمنىڭ سىڭلىسىنى ئالدىغا سېلىپ قىزلار ياتىقىغا ئەكېلىپ قويغاندا، ئۇنىڭ ئادەم قورققۇدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتۇپ كەتكەنىدى. سىرىن ئۇدۇلىمىزدىكى ياتاقتا ياتاتتى. مۇلايىم، يېقىملىق بۇ قىزنى ھەممىمىز شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتۇق. سىرىن ئىشكتىن كىرىپ كارىۋىتىدا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان پېتى مىدىر قىلمىدى. بىز ياتىقىمىزغا قايتىپ چىقىپ ئۇخلاپ قالدۇق.

كەچتە نۆۋەتچى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان قىزمۇ مۈگدەپ قالغانىكەن، يېرىم كېچىدە يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ قارىسا، سىرىن ياتاقتا كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ھەممىمىز يامغۇرغا قارىماي تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنى ئىزدىدۇق، كېچىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاۋېرىپ ئاۋازىمىز پۈتۈپ، پۈتۈن ئەزايىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۇنى ھېچنەدىن تاپالمىدۇق. تاڭ سەھەردە مەكتەپنىڭ ئارقا

تەرىپىدىكى سۆ ئامبىرىغا بارغانلار ئۇنىڭ سۆ يۈزىدە لەيلەپ تۇرغان جەسەتىنى كۆرۈپتۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشالمىدۇق، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدۇق. بىزنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىمىز، سوئال سورىشىمىز، ھەتتا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىشىمىزمۇ چەكلەنگەنىدى.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كېرەم ۋە ئۇنىڭ «تەشكىلات» ئەزالىرى تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇلار قوللىرى باغلانغان ھالدا يۈك ماشىنىسىغا ئېتتىرىپ چىقىرىلىۋاتقان چېغىدا: «بىز گۇناھسىز، بىز تەشكىلات قۇرمىدۇق!»، «بۇ ئىشلار ناھەق بولدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز!» دەپ ۋارقىراشتى. بىز ئۇلارغا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇردۇق. مىدىر ـ سىدىر قىلغۇدەك، ئاغزىمىزنى ئاچقۇدەك ھالىمىز يوق ئىدى. يۈرەكلىرىمىز ئاغزىمىزغا قاپلىشىپ، ھاسىراپ ئاران نەپەس ئالاتتۇق. بۇ كۆرۈنۈش، بۇ ھېسسىيات، بۇ قورقۇنچ مەڭگۈ ئۆچمەس بولۇپ ئىچ ـ ئىچىمىزگە ئورنىشىپ كەتكەنىدى.

ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا بىز ئون تۆتىمىز «مەسىلىسىنى تونۇش ئىمپادىسى ۋە تۈزىتىشى ياخشى بولغانلار» دەپ قارىلىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا تەنقىد ـ تەربىيە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولدۇق. ئەمما، «ئالتۇن كەش» دىرامىسىدا رول ئېلىشقا قاتناشقانلىقىمىز بىزنىڭ سىياسىي ھاياتىمىزدىكى يۇيۇپ ئاقارتقۇسىز داغ ياكى تېنىمىزدىكى ساقايماس يارا بولۇپ قالدى. ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە بۇ يارا كوچىلىنىپ، قان ـ زەرداب ئېچىلاتتى. بىر مەزگىل ئۆتۈپ

يارا ئېغىزى ئەمدىلا پۈتەي دېگەندە، يەنە ئۇنى تاتىلايدىغانلار چىقاتتى. ئۇ خۇددى بىر ئەپسۇن چەمبىرىكىدەك بىزنى بەند قىلىۋالغانىدى. تاكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بىز بۇ لەنىتى چەمبىرەكتىن قۇتۇلالماي كەلگەندۇق.

بىز مەكتەپنى ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ــ ناخۇش، داغدۇغىسىز بىر ھالەتتە پۈتكۈزدۇق. كۆز ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرغان خام خىيال كۆپۈكچىلىرى بىر ـ بىرلەپ يېرىلىپ، بىزگە يۈزلەنگىنى رەھىمسىز رېئاللىق بولدى. بىر ھېسابتا مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى بولدى، پەقەتلا كېرەكمىگە ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىمىزغا قىيالمايتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئەركىن ئېغىزغا ئالالمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ سىيماسى يۈرەكلىرىمىزنى ئېغىر بېسىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلسەكمۇ، چۈشىنىكسىز بىر گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايتتۇق. بەزىدە ئاسىم ئىككىمىز ئادەم يوق جايلاردا ئولتۇرۇپ، بىرپەس كېرەمنىڭ گېپىنى قىلىشاتتۇق. «ئۇنىڭغا بەك ئۇۋال بولدى. ئۇ تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن بىر بالا ئىدىغۇ. ئۇنىڭ كەم تېپىلىدىغان شېئىرىي تالانتى تۇرمىدە نابۇت بولۇپ كېتەمدۇ ئەمدى» دېيىشىپ، قانداقتۇر «تەشكىلات» نى چۆرىدەپ يۈز بەرگەن غەلىتە ئىشلارنى ئەسلىشىپ، گاڭگىراشلىرىمىزغا، ئىچىمىزدە قايناپ تۇرغان سانسىز سوئاللىرىمىزغا جاۋاب تاپالماي، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق. تېخى يېقىندىلا ئارىمىزدا يۈرگەن بىر بالىنىڭ قانداق بولۇپ تۇيۇقسىز ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق ئوغرىغا، ئەكسىيەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشى ھېچ ئەقلىمىزگە

سىغمايتتى. ئۇنىڭ قەلبى بالىلارنىڭكىدەك غۇبارسىز ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە نېمە بولسا ئاشكارىلىۋېتەتتى، جاھاننىڭ ئىشلىرى، چوڭ ـ كىچىك ناھەقچىلىكلەر ئۇستىدە كۆپ باش قاتۇراتتى. قايسى تەرەپتىن قارالسا، ئۇ ھەقىقىي بىر شائىر ئىدى. ماڭا شائىر بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر ئوخشاشلىق باردەك تۇيۇلاتتى. پادىشاھ قىلىچىغا تايىنىپ دۇنيانى ئۆزگەرتمەن دەيتتى. شائىر مەسۇم قەلبى ۋە ئۆتكۈر قەلىمىگە تايىنىپ دۇنياغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولاتتى، قەلەمنى قولىغا ئالغاندا روھىيەت زېمىنىدىكى پادىشاھقا ئايلىناتتى، ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان قەلبى، شېرىن خىياللىرى ھامان كۈتمىگەن يەردىن چىقىدىغانلىقى بىلەن روھىي دۇنياسى خىرەلەشكەن كىشىلەرگە بالىلىقتەك پاك بىر دۇنيانى تەقدىم قىلاتتى. مانا بۇ كېرەم ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىغا ئېغىر ئىشكەل سېلىندى، قاناتلىرى بوغۇچلاندى. ئۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن نابۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، قەيسەرلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، كېرەمنىڭ قىسمىتى بولسا كېرەك.



## 9

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاشخانانا ئۆيدە ئىدىم، بىلىم ۋە پۇتلىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىغا، بارماقلىرىمنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىشىگە قارىماي، ئىنچىكىلىك بىلەن چىنە ـ قاچا، تەخسىلەرنى يۇيۇپ، ئاپپاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋاتاتتىم. تېلېفون جىرىڭلىدى. قولۇمدىكى نەرسىلەرنى

قويۇپ، قولۇمنى سۇرتۇۋېتىپ، ئاشخانا ئۆيدىن تېلېفون قويۇلغان يەرگە بارغۇچە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق جىرىڭلىغان تېلېفوندىن ئاسمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ سالامىغا ئالدىراپ جاۋاب قايتۇرۇپ:

ــ ۋوي، بارمۇ سەن؟ ئەجەب يوق بولۇپ كەتتىڭا؟ ئۆيۈڭگە تېلېفون قىلسام «دۇت ـ دۇت» لا قىلىدۇ. ئالىدىغان ئادەم يوق. قانداق، سالامەتچىلىكتۇ؟ ــ دېدىم.

ــ خۇداغا شۈكۈر، سالامەتچىلىك. بىز سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە تېلېفون قىلغان ئوخشايسەن. قارا، ھەدىيە، مۇنداق بىر ئىش ئىدى، يەنە بىر قىزىمىزنىڭ تويىنى قىلماقچىدۇق. توي مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى «ئاق بوز ئات» رېستورانىدا بولىدۇ. مەسئۇد ئىككىڭلار كېلىپ قاتنىشىپ بېرەرسىلەر. ئۇ كۈنى باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار يوقتۇ؟



ــ شۇمۇ گەپمۇ، سېنىڭ ئىشىڭ مېنىڭ ئىشىم تۇرسا. مۇبارەك بولسۇن، ئىشلار بولسا دېگىن، ئۆزۈم قارىشىپ بېرەلمىسەممۇ، بالىلىرىم بېرىپ قارىشىپ بېرىدۇ.

ــ باشقا ئىشلارمۇ يوق، ــ دېدى ئاسىم، ــ بالىلار كۆپ بولغاندىكىن، ئۆزلىرىلا يېتىشىپ كېتىدىكەن. ئىككىڭلار كېلىپ تۆردە ئولتۇرۇپ بەرسەڭلارلا بولغىنى. خەير، شۇ كۈنى كۆرۈشەيلى ئەمىسە.

ئاسىمنىڭ «يەنە بىر قىزىمىزنىڭ تويىنى قىلماقچىدۇق» دېگەن چاغدىكى سەمىمىي تەلەپپۇزى كۆڭلۈمدە ئىللىق بىر تۇيغۇ قالدۇردى. ئاشخانا ئۆيگە قايتىپ ئىشىمنى داۋاملاشتۇرغاچ، بۇنىڭدىن يەتتە ـ سەككىز يىللار

ئىلگىرى ئاسىمنىڭ تېلېفوندا سەل قورۇنۇپ تۇرۇپ: «مۇنداق بىر ئىشتى ھەدىيە، راستىنى ئېيتسام، ساڭا دېيىشتىن خىجىل بولۇۋاتىمەن. بۇ قېتىم يۇرتقا قايتقاندا ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلارنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۆيلەنگەنىدىم. قايتىپ كەلسەك، بۇ يەردىكى يېقىن - يورۇقلار ‹چاي قىلىپ بەرمەمسىلە؟› دېگىلى تۇردى. ئاخىر بۇ يەردىمۇ بىر چاي ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز. مەقسەت — يېقىن - يورۇقلارغا، ساۋاقداشلارغا ئايالىمنى تونۇشتۇرۇش، ئۆز ئارا تونۇشۇش. شۇڭا، مەسئۇد ئىككىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلىمىز...... » دېگەنلىرىنى ئەسلىدىم. مەن: «ۋۇي، مۇبارەك بولسۇن، بۇ ئىش بەك ياخشى بوپتۇ، ھېلىمۇ بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، بىز قاراشقۇدەك ئىشلار بولسا دېگىن» دېسەم، ئۇ: «بىزنىڭ تويىمىز ياشلارنىڭكىدەك مۇرەككەپ بولمىغاندىكىن، ئارتۇق ئىشمۇ بولمايدىكەن دېگىنە...... » دەپ كۈلگەنىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولغانىدىم. «ئاسىم كۆيۈمچان، ئەستايىدىل يىگىت، شۇنىڭغا يارىشا ياخشى بىر قىزغا ئۆيلىنىپ، بوران - چاپقۇنلۇق يىللارنى ئائىلە مېھىر - مۇھەببىتى ئىچىدە ئۆتكۈزدى. جاپالىق يىللار ئۆزاپ، تىنچ، ياخشى كۈنلەر كەلگەندە، ئۇنىڭ بالىلىرى قاتارغا قوشۇلۇشقا باشلىغاندا، ئۇ ۋاپادار ئايالىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما، ئۇ يىتتۇرۇپ قويغان بەختىنى چوقۇم يەنە تېپىۋالىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. پەرىزىم خاتا چىقمىدى، ئاسىم قايتا ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ بەختلىك، تىنچ ياشىدى، ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلىنى ئۆيلەپ بولۇپ، كېيىنكى ئايالى ھەلىمەنىڭ

بالىلىرنى ئۆيلىدى. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ خاتىرجەم چىرايىغا قارىسام، «بىر ئادەمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزنى ئەسلەيمەن.

شەنبە كۈنى بىز تويغا بالدۇرراق باردۇق. ئاسىم مەسئۇدنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ھەلىمەنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان ئاياللار كۆپ بولغانلىقتىن، مەن ئۆزۈمنى تارتىپ، بالدۇر كەلگەن بىرنەچچە ياشانغان ئايالنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاياللار ھەلىمەنىڭ كۆڭلىكى، چاچ پاسونى، ئايىغى...... ئۈستىدە پاراڭغا چۈشكەندى. بىر - بىرىدىن ئېسىل كىينگەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ھەلىمەنىڭ كىيىنىشىنى بەك ئالاھىدە دەپ كەتكىلى بولمايتتى، ئەمما، ئۇ ياسىنىشتىكى قانداقتۇر بىر ئۆزگىچە تەرەپلىرى بىلەن يەنىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل گۈزەللىك بار ئىدى. ئۇ كۆزنى چاقنىدىغان گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى ياشلىقنىڭ كەچ كۈزدىكى گۈلدەك سولۇشقا باشلىغان، ئەمما تېخى سولۇپ بولالمىغان مۇڭلۇق گۈزەللىكىدىن، ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان پاراسەتلىك بىر ئايالنىڭ يورۇش - تۇرۇشىدىكى لاتاپەت ۋە قائىدە - يوسۇندىن، ياسىنىشتىكى ئۆزگىچە دىتىدىن شەكىللەنگەن، پەقەت تەجرىبىلىك كۆزلەرلا كۆرۈپ يېتەلەيدىغان پىشقان گۈزەللىك ئىدى. پەرىزىمچە، ئۇنى يېنىمدىكىلەرمۇ ياقتۇرغانىدى. ئاسىم ئېسىللىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن يارىشىملىق قېنىق رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدى. ئايالى بىلەن

ئىككىسىدە كېيىنىشتىن باشقا، قانداقتۇر بىر ئىچكى ئوخشاشلىق باردەك بىلىنەتتى. قىسقىسى، ئۇلار خىلى - خىلىغا كەلگەن جۈپلەر ئىدى. مېھمانلار بىردىن - ئىككىدىن، بارا - بارا تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. كامال بىلەن نۇرىيە، غوپۇرجان بىلەن شەرىپە، جارقىن بىلەن ئۇنىڭ قىزىل مەخمەلىك ئايالى...... ۋە يەنە ئۇرۇمچىدىكى باشقا ساۋاقداشلارمۇ كەلدى. كامالنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى بۇرۇنقىدەكلا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن كاستۇم - بۇرۇلكىسى، قارا بوياپ ئارقىسىغا تارىتۋالغان دولقۇنسىمان چاچلىرى ئارقىسىدىن قارىغاندا ئۇنى يەنىلا يىگىتلەردەك كۆرسىتەتتى. ئەمما، شالاڭلىغان چاچ، ئولتۇرۇشقان كۆز، سولۇشقان مەڭزلەردە ئىلگىرىكىدەك نۇر چاقنىمايتتى. ماغدۇرى قاچقان پۇت - قوللاردىكى زەئىپلىكنى ھەرقانچە ئېسىل كىيىملەرنىڭمۇ ياپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇزۇن، سۇس كۆل رەڭ كىيىم كىيىپ، ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇرىدىغان مارجان بېسىلغان شارپا ئارتقان نۇرىيە سەل مۆكچەيگەن بولسىمۇ، تېخى قورۇق چۈشمىگەن چىرايىدىكى سۇس غەمكىنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنىلا تېمەن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ نۆۋەر، زىلۋا چاغلىرىنى كۆرگەن كىشى بۈگۈن ئۇلارنىڭ تەق - تۇرقى، چىرايىدىن بۇ جاھاننىڭ گۈزەللىك ۋە خام خىيال بىلەن سىغىشالمايدىغان ئاچچىق ۋە رەھىمسىز تەرەپلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇلار ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك كېلىشكەن، سالاپەتلىك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىر بېقىشى ۋە تەبەسسۇمىدىن، سۈكۈت ۋە يوشۇرۇن

ئىزتىراپلىرىدىن، ئېغىرلاشقان قەدەملىرىدىن يىللار بورانلىرى قالدۇرغان ئىزلار روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار يېقىندا نەۋرىسىنىڭ تويىنى قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئون نەۋرىسىنىڭ چوڭى ئىدى، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى بوۋىسىنى تارتقان بولسىمۇ، ئۇ بوۋىسىدەك سۆلەتلىك ئەمەس ئىدى...... مەن ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ، نۇرىيە بىلەن كامالنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەشكە تىرىشتىم.

نۇرىيە...... مەن ئۇنى مەكتەپكە كەلگەن كۈنۈم دەرۋازا ئالدىدا ئۇچراتقان. قولۇمدا چوڭ سومكا، كەينىمدە يۇك ـ تاقامنى يۈدىگەن قارا ساقاللىق بىر ئادەم. مەن ئالدىمغا تۇنجى بولۇپ ئۇچرىغان قىزدىن قولۇمدىكى ئۇقتۇرۇشتا كۆرسىتىلگەن قىزلار ياتاق بىناسىنى سورىدىم. ئۇ ئۇقتۇرۇشنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— ۋىيەي، بىز ياتاقداش ئىكەنمىز، يۇرۇڭ، مەن باشلاپ ئاپىراي، — دېدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭمۇ يېڭى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى، ئىسمى نۇرىيە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كۆڭلۈمدە «نېمىدېگەن جايىدا قويۇلغان ئىسىم ـ ھە!» دەپ ئويلىدىم. مەنمۇ ئۆزەمنى تونۇشتۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز دوست بولۇپ قالدۇق ۋە باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ئۆتتۇق. ئۇ سەل ئەركە، ئەمما ئاق كۆڭۈل، كۈلۈپلا تۇرىدىغان قىز ئىدى، كۈلگەن چاغلىرىدا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان نۇر قويۇق كىرپىكلىرىنى بويلاپ توختىماي ئەتراپقا

تارىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل، ئويماقتەك لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇششاق، ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ گۈزەل بولغاندىمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغان گۈزەللەردىن ئىدى.

كامال...... سەل كېچىكىپرەك كەلگەن. ئۇ چاغدا بىز دەرس باشلاپ بولغانىدۇق. بىر تەنەپپۇستا دېرىزىدىن پەسكە قاراپ تۇرغان ئىككى قىز:

— ۋاي باللار، قاراڭلار، ئاجايىپ قاملاشقان بىر بالا كېلىۋاتىدۇ، ئۆمرۈڭلاردا كۆرمىگەن! — دەپ چۇرقىراشتى. بىر توپ قىز بالا دېرىزىگە ئولىشىپ، پەسكە قاراشقا باشلىدۇق. گۈللۈكنىڭ ئارىسىدىكى سېمونت يولدىن ئىنچىكە، ئېگىز بوي بىر يىگىتچاق ئۇدۇل ئەدەبىيات بىناسى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلاردەك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن (ئۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى)، ئىشتىنىنىڭ قىرى پىچاق بىسىدەك، چاچلىرى ئاجايىپ رومانتىك رەۋىشتە ئارقىسىغا تارالغان بىر يىگىت، ياق، 16 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىتاب - ژۇرناللىرىدا ئۇچرايدىغان ئۆلچەملىك، كېلىشكەن ئەرلەرنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايتتى، بەلكى بۇ سۈرەتلەرمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا يەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ھەممىمىز بىرپەس جىمىپ قالدۇق.

— ئوقۇتقۇچىدەك قىلىدۇ، — دېدى ھەمرا ئىسىملىك سېمىز قىز.

— 16 ياشلىق ئوقۇتقۇچى بولامدۇ؟ بويى ئېگىز بولغىنى بىلەن، چىرايىدىن كىچىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغۇ، — دېدىم مەن.

— بەلكىم بىرەرسىنى ئىزدەپ كەلگەندۇ......

— چوقۇم ئوقۇتقۇچى!

— ياق، ئوقۇغۇچىدەك قىلىدۇ.

— ياق، ئوقۇتقۇچى!

ئاخىر قول باغلاشتۇق، ھېلىقى ئوغۇل بالا بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتكۈچە سوزۇلۇپ قارىدۇق. ئاندىن كارىدورغا چىقىپ، ئۇنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىنى كۆزىتىپ تۇردۇق. ئۇ دەل بىزنىڭ سىنىپ تەرەپكە قاراپ كەلدى، ئىشىك بېشىدىكى ۋىۋىسكىغا بىر قارىۋېتىپ، ئۆزىگە ئىشەنگەن بىر قىياپەتتە ئىشىكتىن كىرىپ، گۈس - گۈس دەسسەپ ئوتتۇرىدىكى قاتارنىڭ ئاخىرىدىكى ئورۇنغا كەلدى، يانچۇقىدىن چىقارغان پاكىز قول ياغلىقىدا پارتا - ئورۇندۇقلارنى ئەستايىدىل سۈرتۈۋېتىپ، ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەتراپىغا قاراپ، باشقا ئوغۇل بالىلار بىلەن سالاملاشتى. شۇ چاغدا ئۇ نېمىلەرنى دېدىكىن، ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتكىنى خۇددى ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

شۇ چاغدا مەن دەرھال ھەمراغا قاراپ: «ھە قانداق، تەن بەردىڭىزمۇ؟ ئەمدى ماڭا نېمە ئېلىپ بېرىسىز؟» دېدىم. بۇ بىر چاقچاق ئىدى، خالاس. ھەمرا بىچارە گېپىمگە ئىشىنىپ قېلىپ،ماڭا خاتىرە تەقدىم قىلماقچى بولدى، مەن بولدى قىلدىم. ئۇ بىر نامرات ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. ئەلۋەتتە، مەن

ئۇنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايتتىم. دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنغاندا كېرەم بىلەن غوپۇرجان سىرتتىن كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. كېيىن كېرەم ھاياجان بىلەن بىزگە ئۇنىڭ يۇرتتا خېلىلا داڭ چىقارغان «بالا شائىر» لارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، «قەشقەر گېزىتى» دە شېئىرلىرى چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي مەكتەپتە ھەممىگە تونۇلدى. بەزىلەر ئۇنى كېرەمدىن ئۇستۇن كۆرەتتى. ئەمما، يېزىقچىلىق دەرسى ئوقۇتقۇچىمىز: «كامال ۋەزىن، قاپىيەدە پىششىق بولغىنى بىلەن، كېرەمدىكى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي تالانت، جۇشقۇن، كەڭ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭدا يېتەرسىز» دەيتتى. ئۇلار ئىككىلىسى بىر يۇرتلۇق ھەم دوست بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ يېقىن ئۆتەتتى، تەڭ بەيگىگە چۈشكەن بىر جۈپ تۇلپاردەك بىر مەزگىل ئۆزلىرىنى تازا كۆرسىتىشكەنىدى......

تاماقلار تارتىلىپ بولۇشى بىلەن مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلدىن كېيىن تانسا باشلاندى. جۈپ - جۈپ ياشلارنىڭ ئارىسىدا چاچلىرى قاردەك ئاقارغان كىشىلەرمۇ پەيدا بولدى. غوپۇرجان قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قورچاقتەك ياسانغان ئايالى بىلەن لەرزان ئايلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەددەم ئېلىش، ئۆزىنى تۇتۇشىدىكى ئۆزگىچە بىر سۆلەت، چىرايىدا پارلاپ تۇرغان شائىرانە ھېسسىيات، ئاپپاق چاچ، يېقىملىق مۇزىكا بىلەن قوشۇلۇپ ئىنتايىن تەسىرلىك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. غوپۇرجان...... ئەينى يىللاردا سىنىپىمىزدىكى «تۆت شائىر»نىڭ بىرى ئىدى. ناھايىتى ئېغىر بېسىق كۆرۈنىدىغان

بۇ يىگىتنىڭ ھېسسىياتقا باي بىر جۈپ كۆزىدىن زېرەكلىكى ھەم روھىي دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەڭگىل، لىرىك شېئىرلارنى كۆپ يازاتتى، كىلاسسىك ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنىمۇ ياخشى يېزىپ قوياتتى. يېزىقچىلىق دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىمىز: «غوپۇرجاندا قابىلىيەت يەتكىچە بار، ئاساسىمۇ پۇختا، لېكىن ئىجادىيەت مەۋقەسى تېخى يېتىلمىگەن، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يولىنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن» دەيتتى. بىز بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ كېتەلمەيتتۇق. بىزگە ھەممىدىن ئۇنىڭ يەڭگىل مۇھەببەت لىرىكىلىرى يارايتتى. بەزى ئوغۇللار قىزلارغا خەت يازغاندا ئۇنىڭ لىرىكىلىرىدىن پايدىلىناتتى. ئۇ پات - پاتلا قىزلارغا ئاشىق بولاتتى، ھەر قېتىمقى ئاشىقلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندا بىر مەزگىل ھەسرەت چېكىپ، غەمكىن شېئىرلارنى يېزىپ يۈرەتتى، توساتتىن بىر كۈنى يەنە ئاشىق بولغاندا قەلىمىگە قايتىدىن جان كىرەتتى. 1959 - يىلى ئۇ ئەينى يىللاردا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىغان بىر قىسىم «بۇرژۇئازىيەچە» مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى تەنقىد قىلىپ بىرنەچچە پارچە ئوبزور يازغان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە ئۇچۇقدىنىشتىن ساقلىنالمىغانىدى. بىز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىراق چېگرادىكى قىرغىزلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان بىر ناھىيەدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىلگىرىكى ئايالى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ نۇرغۇن ناھەقچىلىككە ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ، قايتا ئۆيلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. 1970 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. مەن كان رايونلۇق مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئوقۇتۇش تەتقىقات يىغىنىغا بارغانىدىم. بىز چۈشكەن مېھمانخانىدا تاسادىپىي ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ شۇ چاغدا ئاللىقاچان ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالغان، مەدەنىيەت نازارىتىدە بىر باشقارمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان بىر تونۇشى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئىككىمىز ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ، خېلى ئۇزاق مۇڭداشتۇق. شۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ شېئىرىي ماھارەتتىلا ئەمەس، ئادەملىك جەھەتتىمۇ پىشىپ، ناھايىتى تەمكىن، تەجرىبىلىك بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

ھازىر ئەينى يىللاردىكى «تۆت شائىر» نىڭ ئۈچى ئۈرۈمچىدە جەم بولدى، كېرەملا يۇرتىدا قالدى.

تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بەزى تونۇش چىرايلار غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن يازغان رومانلىرى بىلەن بىردىنلا تونۇلغان ئابلەت، ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ھېكايىچىلىقتا كۆزگە كۆرۈنگەن، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن بىر ھېكايىسى بىلەن ناھەق تەنقىدكە ئۇچراپ ئەدەبىياتتىن قول ئۈزگەن ئەلانۇر ۋە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىسمىنى ئەسكە ئالالمىغان ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ چىرايى

خىيالىي بىر ھالەتتە كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە...... ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇتقۇچى ئىدى، ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكى چىرايىدىن، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىن چىقىپلا تۇراتتى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز، شان ـ شۆھرەتسىز ياشىدى. ئۇلارنىڭ كۆرگەن راھىتىدىن تارتقان جاپاسى كۆپ بولدى. بىز ھەممىمىز شۇنداق ياشىدۇق. لېكىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاددىي بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. مەيلى باشقىلار نېمە دېسۇن، ئاشۇ گۈدەكلەرگە ئانا تىل ئارقىلىق ھاياتنى، ئەدەبىياتنى، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن گۈزەل نەرسىنى تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئادەم بولۇشىغا، ھايات يولىغا تەسىر كۆرسىتىش نەقەدەر ئۇلۇغ بىر ئىش ـ ھە.



## 10

ئوتتۇرىدا لىرىك مۇزىكىغا ئەگىشىپ تانسا ئويناۋاتقان جۈپلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى. ياش، جۇشقۇن قىز ـ يىگىتلەر ماڭا كۆپ يىل ئىلگىرىكى بىر تانسىنى ئەسلەتتى: ئۇ يېڭى يىل كېچىسى ئىدى، ئوغۇللار چاچلىرىنى مايلاپ چىرايلىق تارىۋېلىشقان، كۆپ قىسمىنىڭ كىيىملىرى شۇنچىلىك ئاددىي، پاختا رەختتىن تىكىلگەن تۆت يانچۇقلۇق چاپان، چىبەرقۇت «گىمناستوركا» ياكى مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن تىۋىتلىق مايكا. قىزلار چاچلىرىنى ئىككى ئۆرۈگەن، ساندۇقلىرىدا ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان پىلاتى، مايكا، يوپكا، چىت كۆڭلەكلىرىنى

كېيىنۋېلىشقان. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن نامراتلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، چىرايلىرىدىن ياشلىق كۈچى ۋە گۈزەللىكنىڭ نۇرى پارلاپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنچىلىك خۇشال ـ خۇرام، غەمسىز، بەختىيار كۆرۈنەتتى. بىر ساۋاقداشىمىز چالغان ئاككوردىيونىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئۇلارنى شۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئارىلاپ رۇسچە، تاتارچە ئاھاڭلار چېلىنغاندا، قىز ـ يىگىتلەر «ئادنوچكا» ئويناپ چاڭ چىقىرىۋېتەتتى. ئوتتۇرىدىن چۇشمەي ئويناۋاتقان ئاسىمۇ، مەنمۇ، چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى باشقىچە چاقناپ تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن نۇرىيەمۇ، قوللىرى بىلەن پارتىنى ئۇرۇپ ئاككوردىيونغا تەڭكەش قىلىۋاتقان كېرەممۇ......

ھېچكىم كەلگۈسى ھايات يولىدا ئۆزىنى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئويلىمايتتى، ئويلىسىمۇ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا نۇرىيە كامال بىلەن يوشۇرۇن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تانسىدىكى بىر ـ بىرىدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالغان ھالىتى نۇرغۇن يۈرەككە رەشك ئوتلىرىنى يېقىۋەتكەنىدى. ئاسىمۇ سەنئەت فاكۇلتېتىدىكى ئۆزۈن چاچلىق بىر قىزغا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ يۈرەتتى. كېرەم خىيالىدىكى قانداقتۇر بىر «گۈزەل»گە بېغىشلاپ شېئىرلارنى يازاتتى. ئاشۇ كېچىسى ئوغۇز مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سانجىدىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۈرۈمچىگە پىيادە كەلگەن، قىزلار ياتىقىغا كىرەلمەي، ياتاقنىڭ ئارقىسىدىكى مەيداندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆگۈرۈش بىلەن تاڭنى ئاتقۇزغان. سەھەردە ئۇنى دېرىزىدىن كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققىنىمدا، توڭلاپ

قېتىپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلالمىغان. مەنمۇ دېرىزىدىن قارىشىپ تۇرغان قىزلاردىن خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ چوكىدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئىسسىق قوللىرىم ئارىسىغا ئالالمىغان.

شۇ كۈنى سەھەردە بىز مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى داڭلىق چۆچۈرىخانىنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە، ئايال غوجايىن كۆزلىرى ئۇيقۇلۇق پېتى چىقىپ بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىز تاماقنىڭ چىقىشىنى رازىمەنلىك بىلەن ساقلاپ ئولتۇردۇق. ئوغۇز ماڭا ھەدىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن يېڭى يىلنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سانجىغا ئالدىراپ كېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ مېنى سېغىنغانلىقىنى، ئاخىر ئۆيدىكىلەر ئۇخلاپ قالغاندا، ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا ئۇرۇمچىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. كۆڭلۈمدە شۇنچىلىك خۇشال بولغان بولسامۇ، «مۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى» دەپ ئۇنى ئەيىبلىگەندىم. ئارقىدىن مەنمۇ ئۇنىڭ يولغا قارىغانلىقىمنى، ساۋاقداشلىرىم بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ توختىماي ئۇنى ئويلىغانلىقىمنى، كېچىچە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي، سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى كۆرگەندە نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىمنى...... سۆزلەپ بەردىم. شاگىرت بالا مەشكە ئوت يېقىپ، ئالدىمىزغا بىر پىيالىدىن ئىسسىق چاي ئېلىپ كەلدى. مەن ئوغۇزنىڭ پىيالىنى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ قولى ۋە مەڭزلىرىنى ئىسسىتىشىغا، ئىسسىق چاينى راھەتلىنىپ ئىچىشىگە، سوغۇقتىن كۆكەرگەن مەڭزى ۋە

لەۋلىرىدە قىزىللىق پەيدا بولغىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن كۆزلىرىمىزنى ئۈزەلمەيتتۇق. ئۇنىڭ بىر قارىسا كۆل رەڭ، بىر قارىسا يېشىل كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سارغۇچ شولا پەيدا بولغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم ھاياجانلانغان ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق شولا پەيدا بولاتتى. بۇ شولا يۈرەك ـ باغرىمنى كۆيدۈرۈپ، مېنى ساراسىمىگە سالاتتى. ئۇ كۈنى سەھەردە ئۆزۈمنىڭ كۆزىدىنمۇ بىر نۇر سىرغىپ چىقىپ، ئاشۇ شولا بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولغانىدىم. بۇ دۇنيادا ۋايىغا يەتكەن، گۈزەل، ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى راستتىنلا قىسقا بولامدىغاندۇ؟ ئوغۇز ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى ئويلىسام، مەن بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالىمەن. كېيىن چۆچۈرە كەلدى. بىر قاچىسى بەش موغا كېلىدىغان بۇ چۆچۈرە ئاجايىپ مەززىلىك ئىدى. بىراق، ئوغۇزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەن ئۇ چۆچۈرىخانىغا يولىماس بولدۇم. ئىش شۇنداق تاسادىپىي، ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقىغاندەك يۈز بەردى. ئۇ، تەقسىماتلار ئېلان قىلىنىپ، مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان چاغلىرىمىز ئىدى. ئىككى ئاچام مەكتەپكە كېلىپ مېنى سىرتقا باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى قارا ياغلىقلاردىن كۆڭلۈم بىر ئىشنى سەزگەن بولسىمۇ، بۇ ئاقىۋەتنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ئۇلار مېنى ئوغۇزنىڭ مەكتىپىگە باشلاپ ئەكىردى. ئوغۇزنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن ئاق رومالللىق ئاياللارنى كۆرۈپ ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى. ھەدىلىرىم پېشانەمنى، چاچلىرىمنى سىلاپ

تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت بىر ئىش بولغانلىقىنى، ئوغۇزنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ يەردىلا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى يۆلەپ چوڭ بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىشتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارىۋاتتا، ئاپپاق كىرلىكلەر ئۈستىدە ئوغۇز ياتاتتى......

توي چېيىدىن قايتىپ كېلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كىرپىكلىرىمدە ئىلىنىپ تۇرىدىغان ئۇيقۇ بۇ كېچە يوقالغانىدى. خىيال پەرىشتىسى سىرلىق قاناتلىرى بىلەن مېنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەنىدى.

# كېرەم II

## 5

مەن قانداقلارچە شائىر بولۇپ قالغاندىمەن ـ ھە؟ ئىنچىكە ئويلاپ قارىسام، بۇ دۇنيادا باشتىن كەچۈرگەن بارچە كەچمىشىم، قىسقىسى مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇ شائىرلىق تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىكەن. خۇددى ئۆزى ياراتقان بەندىلىرىنىڭ پېشانىسىگە تۇرلۇك خەت، بەلگىنى پۈتۈپ قويىدىغان ياراتقۇچى ماڭا كەلگەندە سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ئېسىگە كەلگەن «شائىرلىق» دېگەن سۆزنى پۈتۈن قويغاندەك. مېنىڭ دادام، دادامنىڭ دادىسى شائىر ئەمەس ئىدى. ئانامدىنمۇ ئۇنداق ئالامەتلەرنى بايقىغان ئەمەسمەن. لېكىن، دادام ئوقۇمۇشلۇق، زەپتىلىك، پاكىز ھەم غەيرەتلىك ئادەم بولىدىغان. ئۇ ئۆزىگە خاس غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، قائىدە ـ يوسۇنلۇقلۇقى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىبىرگە ئوخشاپ كېتىدىغان غۇرۇر ۋە قائىدە ـ يوسۇنغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بۇ ئادەت ئاتا ـ ئانامدىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسەب، تەگ سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراقلىقى، ياسىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، توي ـ تۆكۈن، مېھماندارچىلىقلاردىكى مۇرەككەپ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئەينى يىللاردا مېنىڭ نەزەرىمدە

ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس چاكىنا ئاۋارىچىلىك ئىدى، خالاس. ئائىلىمىزدىكى ئاياللار — چوڭ ئانام، ئانام، هامىلىرىم، ئاچا - سىڭىللىرىم ۋە كېلىنلەر بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ قۇربانى ۋە قىزغىن هىمايىچىلىرى ئىدى. ئۇلار توي - مېهماندارچىلىقلارغا جابدۇنۇۋاتقاندا ئۆينىڭ ئىچى بازار بولاتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئۇلار مېنى «پۇتلاشما، نېرى تۇر!» دەپ بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى بولسا تاۋار كۆڭلەكلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە، بۇ ساندۇقنىڭ ئالدىدىن ئۇ ساندۇقنىڭ ئالدىغا، قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يورغىلىشىپ يۈرۈشەتتى. بىر كۈن بۇرۇن يىلىم چېپىپ چىڭ تارتىپ ئۆرۈۋالغان چاچلىرىغا چاچپەتەڭگىلەرنى، بويۇنلىرىغا قىممەت باهالىق ئۈنچە - مارجانلارنى ئېسىشاتتى. قوللىرىغا، قۇلاقلىرىغا ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرىدىغان زىرە، ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى تاقىشاتتى. كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈپ، كىچىك، يۇمىلاق قۇتىنىڭ ئىچىدىكى ئاپپاق، يۇمشاق، شەكلى نان ياپىدىغان رېپىدىگە ئوخشايدىغان بىرنەرسە بىلەن يۈزلىرىگە ئۇپا سۈركەيتتى. تاۋار - دۇردۇن، شايى — كۆڭلەكلەرنى، قات - قات ئۇزۇن - قىسقا چاپانلارنى كىيىپ، دوپپا ئۈستىگە نېپىز ئاق رومال، چۈمبەل، تور رومالىلىرىنى ئارتىشىپ بولغاندا هەربىرى ئەسلىدىكىدىن بىر هەسسە يوغىناپ، ئىشىك ئالدىدا خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرغان مەپىلەرگە ئىنجىقلاپ، هاسىرىشىپ ئاران چىقىپ، پېتىشماي قىيا - چىيا قىلىشىپ بىرهازادا ئاران يولغا چىقىشاتتى. مەپىلەر غىچىرلاپ ئۇزۇن كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولغاندا بولسا، هويلا، ئۆي بىردىنلا تىمتاس بولۇپ قالاتتى. مەكتەپكە كىرىشتىن

بۇرۇن ئۇلار مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ باراتتى. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن بارغىلى ئۇنىمايدىغان بولدۇم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقىتلىرىمدا بولسا توي ـ تۆكۈن، مېھماندارچىلىقنىڭ گېپى چىقسا يىراق قاچىدىغان بولدۇم. تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىمدا ئاشۇ غەمسىز كۈنلەرنى، ئاچچىقى يامان، ئەمما، كۆڭلى يۇمشاق چوڭ ئانامنى، ئانام ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىمنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئىشلارنىڭ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم. ئاسفالتلىشىپ كەتكەن كوچىلارغا ئات ـ ئېشەكلەر كىرگۈزۈلمىگەنلىكتىن، هارۋىلار ئارقا مەھەللە، شەھەر ئەتراپىدىلا قاتنىيالايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاددىيلىشىپتۇ. چوڭ ئانام هايات ۋاقتىدىكىدەك جەمەتىمىزدىكى ھەممە ئايال بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىپ دەبدەبە بىلەن ماڭىدىغان ئىشلارمۇ ئەمەلدىن قاپتۇ. لېكىن، ئاتا ـ ئانامدىكى تەگ ـ نەسەب سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەت يوقالماپتۇ.

دادام مېنى ئۆيلەشكە جابدۇنۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، زامانىسىدىكى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر كىتابچىنى كۆرسەتتى. قاتتىق تاشلىق، تاش ـ تىنتۇللىرىغا تۇرلۇك نەقىش، گۈل سىزىلغان بۇ كىتابتىكى خەتلەرنى دەسلەپتە شېئىر بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. ھەجىلەپ ئوقۇپ بېقىپ ئادەم ئىسىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. دادام كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. ئانام پولو ئېتىۋاتاتتى. دۇملەنگەن پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى تارقىلىشقا باشلىغاندا، شەھەردىكى داڭلىق بىر قارىيھاجىم كىرىپ كەلدى. دادام

ئۇنى ناھايىتى ئىززەتلەپ مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىنىپ، دادام ئۇ كىشىنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندا، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. ئەسلىدە بۇ كىتابچە ئۇنىڭ چوڭ دادىسىدىن قالغان بولۇپ، جەمەتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. جەمەتىمىزدە ئۇنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن قارىيهاجىم ھەزرەتلىرىنى تەكلىپ قىلغانىكەن.

قارىيهاجىم كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان ـ بۇيان ۋاراقلاپ، بەزى بەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ بېقىپ ناھايىتى قىزىقتى بولغاي، ئىختىيارسىز ئۇنلۇك كۈلۈۋېتىپ:

— بۇ ناھايىتى قىممەتلىك كىتاب ئىكەن، ئىسمى «خانلار تەزكىرىسى» دېگەن مەنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ھەرقايسىلىرىنىڭ يىلتىزى — جەمەتىمۇ بار ئىكەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئانا جەمەتى مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ خاتۇنى ئارقىلىق چاغاتايخان ۋە چىڭگىز خانغا تۇتىشىدىكەن. جەمەتلىرى ئاللىبۇرۇن تۈركلىشىپ، مۇسۇلمانلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تومۇرلىرىدا چىڭگىز قېنىمۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن، — دېدى. مەن ئەجەبلىنىپ:

— مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى قانداقراق ئادەم بولغىيدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ كۆيۈئوغوللۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، قەلەم ۋە ئەلەمدە، شاھلارغا زۆرۈر بولغان ھەممە ئىلىم ـ ھۈنەردە كامالىغا يەتكەن، ئەينى دەۋردە ناھايىتى ئەتىۋارلانغان يېگانە بىر زاتتۇر. ئۇ ناھايىتى كۆپ شېئىر ۋە تارىخي ئەسەر يازغان. داڭلىقراقى «تارىخى رەشىدىي» دۇر، — دېدى. شۇ چاغدا نېمىشقا شائىر بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ تېگىگە

يەتكەندەك بولغىنىم، پۈشكىننىڭ مومىسى قارا تەنلىك ئايال ئىكەنلىكى، ئاننا ئاخماتوۋانىڭ مومىسى موڭغۇل ئىكەنلىكىگە ئائىت مىش ـ مىش گەپلەرنى ئويلاپ شېرىن خىياللارغا چۆمگەنلىكىم ئېسىمدە.

هازىر ئويلىسام، مېنى شېئىرىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرگىنى دادامنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە تەلەپچانلىقى ئىكەن. دادام ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا چاغاتاي يېزىقىدا ساۋاتىمنى چىقارغاندىن كېيىن، مېنى دىنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. ئەمما، ھەرگىزمۇ مېنى موللامنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ بولدى قىلمىدى. دەسلەپتە ئۇ ماڭا ئۆزى ساقلاپ كەلگەن «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نى كۆچۈرگۈزگەندى. ئۇ ناھايىتى جانلىق ھەم قىزىقارلىق يېزىلغان كاتتا شەجەرە ئىدى. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر چوڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش سىرلىق ھەم ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىدى. كىچىكلىكىمدىن بەزى ۋەقەلەرنى چۈشىنەلمەي، دادامدىن:

ــ دادا، بۇ راست بولغان ئىشلارمۇ؟ ــ دەپ سورايتتىم.

ــ مۇشۇ يەردە ئۆتكەن پادىشاھلار بۇ، ھەممىسى راست ئىشلار ئوغلۇم، ــ دەيتتى دادام بىر ئىپتىخار بىلەن. لېكىن، ئۇنىڭدىكى كىشىلەرنىڭ شاھلىق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشلىرى ماڭا ياقمايتتى. دادام:

ــ دۇنيادا ھەرقانداق پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق، ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا ئاتا ـ بالا، قان ـ قېرىنداشلارمۇ بىر ـ بىرىگە رەھىم قىلمايدۇ. لېكىن، ناھەق قان تۆككەن پادىشاھمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ، ــ دەيتتى.

مەن «بۇغراخان تەزكىرىسى»نى كۆچۈرۈپ بولغاندا، دادام

ماڭا «مەلىكە دانىشمەن» ناملىق كىتابنى كۆچۈرۈشكە سالدى. ئۇ، ھايات ھېكمەتلىرى سوئال - جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىنغان كىتاب بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ، ئىنچىكە تەرەپلىرىنى يورۇتۇش ئارقىلىق كىشىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتەتتى. دادام چۈشەنمىگەن يەرلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ، ئەستايىدىل، توغرا كۆچۈرۈشۈمنى تەلەپ قىلاتتى. بىرەر خەت، پەش - چېكىتنى چۈشۈرۈپ قويۇشۇمغا ياكى خاتا كۆچۈرۈپ قويۇشۇمغا ئەسلا يول قويمايتتى. بۇ ۋاقىتلاردا بويۇم ئېگىزرەك شىرەگە يەتمەيتتى. شۇڭا، قەغەزلەرنى تىزىمغا قويۇۋېلىپ ياكى پاكار تاماق شىرەسىگە قويۇپ كۆچۈرەتتىم. سەل چوڭراق بولغان ۋاقىتلىرىمدا دادام مېنى تاربوغۇزدىكى دىنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. مەكتەپتىكى ساۋاقلىرىمنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئۆيگە كەلسەم دادام تېخى دۇكاندىن يانمىغان بولاتتى. بۇ مەن ئۈچۈن ئوينايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. كوچىغا چىقىپ ئويان - بۇيان قاراپ بولغۇچە بەش - ئون بالا يىغىلاتتى. ھەممىمىز يۈگۈرۈشۈپ تۇمەن بويىغا چۈشۈپ ئوينايتتۇق ياكى ھېيتگاھتا بازار ئارىلاپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭغا ھاڭۋۇقىپ قاراپ يۈرەتتۇق. ئاتا - ئانىمىز بەرگەن پارچە پۇللارغا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يەيتتۇق. ساپايى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان تىلەمچىلەرنىڭ قوشاقلىرى قىزىق بىلىنىپ، تا قوغلاپ ھەيدىۋەتكۈچە ئارقىسىدا يۈرەتتۇق. ھەرقانچە ئوينىساممۇ، توختىماي كۈنگە قاراپ دادام دۇكاندىن يېنىپ بولغۇچە ئۆيگە كېتىشكە ئالدىرايتتىم. دادام ئۈستىبېشىمغا بىرلا قاراپ، سۇغا چۈشكەن - چۈشمىگىنىمنى، يار بېشىدا ياكى ھېيتگاھتا ئوينىغىنىمنى بىلىۋالاتتى. بەزىدە تىز -

جەينەكلىرىم سورۇلۇپ قاناپ، يۇزۇمدە كۆكلەر پەيدا بولۇپ قالسىمۇ، تازىلاپ دورا سۈرۈپ قويغاندىن باشقا، بەك كايىپمۇ كەتمەيتتى. دېمەك، مەن ئاشۇنداق ئەركىن، قانغۇچە ئويناپ چوڭ بولغانىدىم.

تاربوغۇز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرىمدا دادام ماڭا خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي ئەسىرى «چاھار دەرۋىش» نى كۆچۈرگۈزدى. كۆچۈرۈش داۋامىدا مەن بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەنىدىم. چۆچەكتەك رەڭدار، مۇرەككەپ ۋەقەلىك ماڭا كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەل تەرىپىنىلا ئەمەس، مۇرەككەپ، رەزىل تەرەپلىرىنىمۇ تونۇتقان بولسا، ئەسەرنىڭ ئېقىن سۇدەك راۋان، جانلىق، ئويناق تىلى بەدىئىي تىلنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتىنى تونۇتقانىدى. بۇ ئەسەر باللىق قەلبىمدە چۆچەك، شېئىر ــ ھېكايىگە نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. دىنىي مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇپ قۇرئان ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن، سوپى ئاللا يارنىڭ دىۋانىنى، كېيىن نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان»نى ئوقۇدۇم. ماڭا بۇلارنى ئوقۇتقان كەنجى ئاخۇن خەلپىتىم مېنىڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئەڭ دەسلەپكى مەشىق شېئىرلىرىنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولغانىدى.

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى سىنىپ تەربىيىچىم شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغان، پۇشكىن، لېرمونتوف، ئابدۇللا توقاي، ھادىي تاقتاش شېئىرلىرىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئىدى. بىز ئۇنىڭ تەربىيەسىدە قويۇق شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزدۇق. كىلاسسىك شېئىرلارغا قارىغاندا چۈشىنىشلىك، يېزىلىش ئۇسلۇبى ئەركىن بولغانلىقتىن بۇ شېئىرلار بىزنى كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىلا مۇشۇنداق يۇقىرى

سەۋىيەلىك شېئىرلار بىلەن ئۇچرىشىشىمىزنى بىر تەلەي دېمەي بولمايتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرىدا كۆپرەك لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇلھەي روزى...... قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتۇق. ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان، ئۆز تۇرمۇشىمىز، ھېسسىياتىمىز ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بۇ شېئىرلار بىزگە تېخىمۇ يېقىن تۇيۇلاتتى ھەم بىزگە ئۆزگىچە ئىلھام بەخش ئېتەتتى. شۇ چاغلاردا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلارنىڭ ئەدەبىيات كۇرژۇكى قۇرۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ مەشىق شېئىرلىرىمىز مەكتەپ تام گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مېنىڭ بەزى شېئىرلىرىمنى سىنىپتا ئوقۇپ ماختايتتى. مېنى «بالا شائىر» دەپ مۇئەللىملىرىمۇ، ساۋاقداشلىرىممۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئىنتايىن كەپسىز ئىدىم. ئويۇننى ھېچقاچان قولدىن بەرمەيتتىم، ئۆيدە ئانامنى، مەكتەپتە مۇئەللىملەرنى تولا قاقشىتاتتىم. لېكىن، دادام مېنى ئارتۇقچە چەكلەپ، قورقۇتۇپ باققان ئەمەس. ئوينىماي دەرسىڭنى ئۆگەن دەپ مەجبۇرلاپ باققان ئەمەس. ئەمما، ئۇ ماڭا كىچىك ۋاقتىلىرىمدىلا ئاشۇ بىرنەچچە كىتابنى كۆچۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھايات يولۇمغا بىر ئىز سېلىپ قويغانىكەن. مەن چوڭ بولۇپ، ئەتراپىمغا نەزەر سالغۇدەك بولغاندا بۇ يولنى ئاسانلا تېپىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزۈمگە ناھايىتى ماس كېلىدىغان بىر يول ئىكەنلىكىنى، كېيىنكى ھاياتىمنىڭ كىتاب ۋە قەلەم بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدىم. بۇ يولدا — تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كۇرژۇكىدا كامال، غوپۇرجانلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا ئاساسى خېلى پۇختا، شېئىرغا قولى كېلىپ

قالغان باللار ئىكەن. ئورتاق بىر ھەۋەس بىزنى ئىنستىتۇتنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا قايتا ئۇچراشتۇردى. بۇ يەردە بىز تېخىمۇ كۆپ دوستقا ئېرىشىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئۇستازلارنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيەلىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق. بىز بەختىنىمۇ، ھەممە بەختسىزلىك ۋە ۋەيرانچىلىقنىمۇ مۇشۇ يولدا تاپتۇق. لېكىن، نېمىشقىدۇر بۇ يولدىن قايتالمىدۇق. بىر مەزگىل جىمىپ قالساق قالدۇقكى، قايتىشنى ئويلاپ باقمىدۇق.

## 6

تۇنجى قېتىم ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن قانداقتۇر ئەيمىنىش ئىچىدە، يۈرىكىم دۈكۈلدىگەن ھالدا ئاتلىغانىدىم. بۇ جاي نەزەرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەملەر توپلاشقان مەرىپەت ئۇچىقى، ھەممە ئادەم تەلپۈنىدىغان بىر مۇقەددەس جاي ئىدى. مەكتەپ چوڭ دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىكى تاملىرى قىزىل سىرلانغان بىنا ماڭا خۇددى بۇ دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا تونۇشتەك بىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ كەتكىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىمنى، كېيىنكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىمنى ئويلىسام، كۆز ئالدىمغا ئاشۇ بىنا كېلىدۇ. ئاشۇ بىنادا يىغىنلار ئېچىلىپ، تاملىرىغا ئۇقتۇرۇش، پىلاكات، شوئارلار چاپلىنىپ، ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى، ئۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئالاھىدە ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلار ئالدىراش كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىز «مەسىلە تاپشۇرۇش» ئۇچۇن كۆپ

قېتىم ئېلىپ كېلىنگەندۇق.

قىزىل بىنانىڭ سول تەرىپىگە رەت ـ رەت سېلىنغان يىغىن زالى، فىزىكا ـ ماتېماتىكا بىناسى، ئەدەبىيات ـ تارىخ بىناسى، سىياسىي ـ مائارىپ بىناسى، ئوڭ تەرەپكە ئايرىم ـ ئايرىم جايلاشقان ئاشخانا، ياتاق بىنالىرى كۆزۈمگە شۇنداق ھەيۋەت كۆرۈنگەندى. بۇ يەر ماڭا مەن ئارزۇلىغان ھەممە نەرسىنى بېرەتتى. مېنى پۇشكىنغا، بايرونغا، لېرمونتوف، ئابدۇللا توقاي، ھادىي تاقتاشقا ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئېچىدىن چىققان، مەن قىزغىن سۆيىدىغان شائىرلارغا، شۇنداقلا خىيالىمدىكى گۈزەل بىر كېلەچەككە باغلاپ تۇراتتى. ئۆزۈم تەقسىم قىلىنغان سىنىپقا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بىلدىمكى، بۇنداق ئارزۇلاردا بولۇۋاتقان ۋە ھاياجانلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىكەنمەن. بىر سىنىپتىكى 50 نەچچە بالا ھەممىمىز ئوخشاش ئويلايدىكەنمىز. تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇپ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇش، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيادا كوممۇنىزم بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئېزىش ـ ئېزىلىش، ناھەقچىلىك، نامراتلىق بولمىغان يېپيېڭى، گۈزەل بىر دۇنيا بەرپا قىلىش ــ مانا بۇ كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئالغان تەربىيە، بىزدە يېتىلدۈرۈلگەن غايە ئىدى. سوتسىيالىزم ــ كوممۇنىزمنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى. ئۇ ئېزىش ـ ئېزىلىش، ناھەقچىلىك ئاساسەن يوقالغان، سىنىپىي دۈشمەنلەر پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان، خەلق دۆلەتنىڭ غوجايىنى بولۇپ، باراۋەر، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر دەۋردۇر. مۇشۇنداق گۈزەل، ئىستىقباللىق جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بىز ياشلار

نەقەدەر بەختلىك ـ ھە! ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيىتىدە ياكى موسكۋادا ئوقۇغانلار بولۇپ، ئۇلار بىزگە سوۋېت خەلقى كەچۈرۈۋاتقان بەختىيار تۇرمۇش، ئۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختالغىنىدا: «ئۇ كۈنلەر بىزگىمۇ ئاز قالدى، بىز پەقەت تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىقلا ئۇلارغا يېتىشىۋالالايمىز» دەپ قەلبىمىزدىكى ئوتنى تېخىمۇ يالقۇنجىتاتتى. ئۇلار دەرسلەرنىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. چەت ئەل ئەدەبىياتى (سوۋېت ئەدەبىياتى) ئۆتىدىغان ئاق چاچلىق ئابدۇسالام مۇئەللىم، تارىخ دەرسىنى ئاستا ئاۋازدا، ئەمما، ناھايىتى جەلپكارلىق بىلەن ئۆتىدىغان تۇرسۇن مۇئەللىم، تىلشۇناسلىقنى ئۆتىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭدا سۆزلەيدىغان خەنزۇ ئايال مۇئەللىم ۋە لوگىكا، پسىخولوگىيەنى دەپتەر ياكى كىتابقا قارىماي سۆزلەپ، مېڭىمىزگە قۇيۇپ قويىدىغان سابىر ئەپەندىم، ئاۋۇت مۇئەللىملەر مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى، بولۇپمۇ ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆزنى يەرگە چۈشۈپ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بىر خىل تەقەززالىق بىلەن ئاڭلايتتىم. ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئەمما، ئاقسۆڭەكلەرگە نەپرەتلىنىدىغان، جاھان كېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان، گىرېتسىيە خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۆرەشلىرىگە ھاياتىنى بېغىشلىغان بايرون ماڭا بەكرەك ياقاتتى. مۇئەللىم پۇشكىن، لېرمونتوف ۋە ماياكوۋىسكىيلار توغرىسىدا كۆپرەك توختىلاتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى جاراڭلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى ياكى بىزگە دېكلاماتسىيە قىلدۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا ھاياجاندىن

كۆزلىرىمگە ياش كېلەتتى. مۇئەللىملىرىمىز بىزگە كىتابنى كۆپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىلا ئەمەس، ئىسلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۆزبېكچە، قازاقچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتكەنىدۇق. بىز كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ سىنىپتا، بەزىدە ئاخشاملىرى ياتاقتا تەسىراتىمىزنى سۆزلىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتۇق. شۇ مۇنازىرىلەر ئىچىدە «ئاننا كارىنىنا» توغرىسىدىكى مۇنازىرە بەك قىزىغانىدى. كۆپ قىسىم ساۋاقداشىمىز، بولۇپمۇ قىزلار، «ئاننا كارىنىنا» نى «بۇزۇق، ئەخلاقسىز ئايال» دەپ قارىشاتتى. ھەدىيە قاتارلىق قىزلار: «يوشۇرۇنچە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋالغانلار ئەخلاقسىز بولماي، ساختىپەزلىك قىلماي ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەن ئاننا ئەخلاقسىز بولامدۇ؟ ئۇنىڭمۇ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ھوقۇقى بارغۇ» دېسە، قارشى تەرەپتىكىلەر: «مۇھەببەتنى قوغلىشىدىغان ئادەم باشتا نېمىشقا ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە تېگىدۇ؟ ئۇ ئادەمدە نېمە گۇناھ؟ ئۇنىڭ ئوغلىدا نېمە گۇناھ؟ ئاننا ئۆز بەختىنى دەپ باشقىلارغا ئازاب ئېلىپ كەلسە بولامدۇ؟» دېيىشەتتى. مەن گەرچە ھەدىيە قاتارلىقلار تەرەپتە تۇرساممۇ، كۆڭلۈمدە «ئاننا كارىنىنا» نى بۇرژۇئازىيە ياكى پرولېتارىيات دېيەلمەي گاڭگىراپ قالاتتىم. ھەممە ئادەمنىڭ سىنىپىي مەيدانى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، «ئاننا كارىنىنا» نى سىنىپقا ئايرىغىلى بولمايتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ ئېرى ئەزگۈچىلەر سىنىپىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئاننانىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگىنىمۇ توغرىدەك قىلاتتى. ئىشقىلىپ، بۇ مۇنازىرىنىڭ ئايىغى چىقمىغانىدى.

بەزى باللار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «كاپىتان قىزى»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، «ھارپا» غا ئوخشاش رومانلارنى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ كۆپىنچە تىراگېدىيەلىك بولۇشى، تۇرمۇش ۋە ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى رەھىمسىز، خۇنۇك تەرەپلەرنىڭ ئەينەن ۋە كۆپرەك ئېچىپ بېرىلىشى يۈرەكنى ئېزىپ، ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ دەپ قارايتتى. مەن نېمىشقىدۇر دەل شۇنداق ئەسەرلەرنى ياقتۇراتتىم. ئۇلاردا مەن ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئىدى. ئۇلارنى «ئالتۇن ۋادىنىڭ شاماللىرى»، «ئوقۇتقۇچى»، «ستاخانوفچىلار» دېگەندەك رومانلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. مەن يەنە «ياش گىۋاردىيە»، «سىرلىق سوقماقلار»غا ئوخشاش ئۇرۇش ۋە يەر ئاستى كۈرەشلەر تېما قىلىنغان جەڭگىۋار ئەسەرلەرنىمۇ ياقتۇراتتىم. «تاراس بولبا» نى ئوقۇۋېتىپ، ئانىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ئوغۇللىرىغا قاراپ قىيالماي ئولتۇرۇپ كەتكەن، تاراس بولبانىڭ ئۆز قوۋمىگە ئاسىيلىق قىلغان ئوغلىنى تۇتۇۋېلىپ: «سېنى دۇنياغا كەلتۈرگەن مەن ئىدىم، جېنىڭنى ئالغانمۇ مەن بولاي» دېگەنلىرى، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، كېلىشكەن بوي - بەستىگە، مەخمەلدەك قاشلىرىغا قىيالماي ھەم ئېچىنىپ قاراپ كەتكەن يەرلىرىنى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن قايتا - قايتا ئوقۇپ كېتەتتىم. قىسقىسى، ناھايىتى كۆپ كىتابنى شۇ دەۋردە ئوقۇغانىدۇق. چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلەردە كۆچۈرۈلۈپ يۈرگەن شېئىر، ھېكايە، رومانلىرىمۇ بىزنى بەك جەلپ قىلاتتى. ھەربىر كىتاب بىزگە بىر تاشقى دۇنيانىلا ئەمەس، كەڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئېچىپ بېرەتتى. بىز ئۇلاردىن بەدىئىي ئەدەبىياتنى چۈشىنىپلا

قالماي، تارىخنى، ئىنسانىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنەتتۇق.

يەنە كۆپلىگەن كىتابتا ئىشچىلار سىنىپى، نامراتلار، سوتسىيالىزم مەدھىيەلىنەتتى. دۇنيادىكى جىمى كاپىتالىزم، جاھانگىرلىك، بۇرژۇئازىيە دېگەنلەر چىرىك، ئۆلۈۋاتقان، يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان ياۋۇز كۈچ دەپ تەسۋىرلىنەتتى. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى، بارلىق سىنىپي دۇشمەن بىزنىڭ گۈزەل سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلاتتى. ئۇلار بۇ گۈزەل دۇنيادا ياشاش سالاھىيىتى بولمىغان رەزىل «ئۇنسۇر»لار ئىدى. «ئۇنسۇر» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسەكمۇ، بىز ئۇچۇن يوچۇن، زۇلمەتلىك بىر ئىشلاردىن، غايەت زور بەختسىزلىكتىن، يەككە - يېگانىلىكتىن دېرەك بېرەتتى. خىيالىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇنداق سۆزلەردىن ۋە ئىشلاردىن يىراق ئىكەنلىكىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلاتتۇق. ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېساپلايتتۇق. ھەر شەنبە كەچتە مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تانسا كېچىلىكلىرى، ھەر خىل پائالىيەت ھەم شېئىر يېزىش ھەۋىسى بىلەن كۆڭلىرىمىز جۇشقۇن، رىتىملىق ئۆتەتتى. يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاككوردىيونچى ساۋاقدىشىمىز يارىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ناخشا - ساز بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىپ دۆڭكۆۋرۈك تەرەپلەرگە ياكى تېخىمۇ يىراقتىكى باغچىلارغا باراتتۇق. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ قاتارلىشىپ پەسكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىزدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان چوڭلار، داڭلىق ئالىم - ئۆلىما، سەنئەتكارلار، ئوقۇتقۇچىلار، تونۇش - ناتونۇش يولۇچىلار بىزگە ھەۋەس بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىشاتتى. بەزىلىرى ئالدىمىزغا كېلىپ سالاملىشاتتى.

مۇنداق چاغلاردا ئۆزىمىزنى جاھانغا پاتمايۋاتقاندەك سېزىپ روھلىنىپ كېتەتتۇق. باغچىلاردا، ئاشخانىلاردا ئولتۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ قوياتتۇق. لېكىن، ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەيتتۇق. كەچلىك مۇزاكىرىگە ئۈلگۈرۈپ مەكتەپكە قايتىپ كېلەتتۇق.

ئىككىنچى مەۋسۇمگە بارا ـ بارماي كامال بىلەن غوپۇرجان مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلىشقا باشلىدى. غوپۇرجاننىڭ ئەمگەك ۋە مۇھەببەت تېمىسىدىكى بىرنەچچە لىرىكىسى بىلەن كامالنىڭ يېڭى جەمئىيەت مەدھىيەلەنگەن «تاڭ نۇرى» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» دە ئېلان قىلىندى. بۇ ئەينى چاغدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال ئىدى. ئۇلار ئىككىسى مېنىمۇ يېزىشقا، يازغانلىرىمنى مەتبۇئاتقا ئەۋەتىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىدىن خۇشال بولۇپ كەتسەممۇ، نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئالدىدا مېنىڭ يازمىلىرىم مەنىسىز، قۇرۇق بىر نېمىلەردەك بىلىنەتتى. كۆپ ئىككىلىنىشتىن كېيىن «ئايغىر سۇ ئىچكەن بۇلاق»، «گۈل ۋە ئازغان»، «يۇلتۇز بىلەن سۆزلىشىش» دېگەن شېئىرلىرىمنى ژۇرنالغا پوچتىدىن ئەۋەتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي، شېئىرلىرىمنىڭ ئۈچىلىسى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىلىپ چىقتى. تېخى تەھرىر بۆلۈمىدىكى «بۈركۈت» ئەپەندىنىڭ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرمۇ كەلدى. ئاشۇ كۈنى ھاياجاندىن ئۆزۈمنى ئارانلا كونترول قىلىپ تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كەلگىنىمدە، باشقىلار ماڭا كۆرسىتىپ قويغان «بۈركۈت» ئەپەندىنىڭ ماڭا باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىغىنى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ ئورۇق، يوغان باش، بويىنى ئىنچىكە كەلگەن ئادەم ئىكەن.

ئۆزۈن بىلەكلىرىنى ئىككى تەرەپكە تاشلاپ قەغەز دۆۋىسىگە چۆكۈپ ئولتۇرغاندا ئىككى مۇرىسى چوقچىيىپ، قىلىن قاشلىرى بىلەن ئېگىز قاڭشىرىلا كۆرۈنۈپ، كىشىگە ھەقىقىي «بۈركۈت» نى ئەسلىتىدىكەن.

ئۇ مېنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغىنىمنى سەزدى بولغاي، ئورۇق، ئۇزۇن قولىنى پەۋقۇلئاددە تېزلىك بىلەن ماڭا قارىتىپ سوزدى. «ئەسىرلىك بولسا بېرىپ، يولۇڭغا ماڭ» دېمەكچى بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندىم.

— مەن...... سىلى مېنى چاقىرتىپتىكەنلا، مەن...... ئىنىستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىسى، — دېدىم. ئۇ شارتتىدە بېشىنى كۆتۈردى. قېلىن قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى ۋىل - ۋىل يېنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئارقىدىن ئۇ مېنىڭ يېشىمنى، يۇرتۇمنى، ئائىلە ئەھۋالىمنى، ئوقۇشۇمنى سورىدى. جاۋابىمنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسىمەن دەڭ. شېئىرلىرىڭىز بولىدىكەن، خېلى ئۇسسىغان يەرگە بارىدىكەن، بولۇپمۇ بەدىئىي تۈسى ئۆزگىچە ئىكەن. شۇڭا، شېئىرلىرىڭىزنىڭ تازا پىشمىغان تەرەپلىرى بولسىمۇ، ژۇرنالغا بەردۇق. لېكىن، داۋاملىق يېزىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماڭ. مېنىڭچە، سىزدىن ئۈمىد بار، — دېدى. ئۇنىڭ تارالڭ - تۇرۇڭ، قوپال ئاھاڭدا قىلغان سۆزلىرى ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق سۆزلەردەك بىلىندى. خوشلىشىش ئالدىدا ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ سۈرلۈك قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، بالىلارچە يېقىملىق، مېھرىبان تۈس بەردى. مەن ئىچىمدە «بۇ بەلكىم، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. چۈنكى،

مەن ئۆزىنىڭ كۆڭلى يۇمشاقلىقىنى رەھىمسىز تاشقى قىياپىتى بىلەن، رەھىمسىزلىكىنى مېھرىبان قىياپەت بىلەن يوشۇرىدىغان ئادەملەرنى كۆپ كۆرگەن. «بۇركۇت» ئەپەندى بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا ئوتتۇرىمىزدا چۈشىنىشتەك بىرنەرسە پەيدا بولغانىدى. كېيىن كۆرۈشۈش قېتىم سانى كۆپەيگەنچە ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئورنى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ باردى.

## 7

شېئىرلىرىم كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، قىنىمغا پاتماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايىغىمنى يامىتىش ئۈچۈن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە ياماقچىلىق قىلىدىغان بىر مويسىپىت ئادەمنى ئىزدەپ چىقتىم. ئۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ كۆزئەينىكىنى قاڭشىرىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنى بۇ هالدا كۆرۈپ، باشقىلاردىن ئۇنى ئىلگىرى ناهايىتى كاتتا ئۆتكەن، چەت ئەللەردە ئوقۇغان يۇقىرى مەلۇماتلىق ئادەم ئىكەن، ئەمما، بەتخەج بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىپ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغانىكەن، دەپ ئاڭلىغىنىم ئېسىمدىن كەچتى. سالاملىشىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كونا ياغاچ ئورۇندۇقتا گېزىتنى ئوقۇپ بولۇشىنى ساقلاپ بىرپەس ئولتۇردۇم. ئۇ خەۋەر ماۋزۇلىرىغا ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتكەچ «ما گەپنى كۆرۈڭ»، «تۈلكە قۇيرۇقى ئەمدى ئاشكارىلىنىشقا باشلاپتۇ»، «هەي ي...... هەي ئادەملەر، هەي ئادەملەر...... » دېگەندەك گەپلەرنى

قىلىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى. گاھ ئۆزىچە چىكىلداپ ئۇھ تارتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىز قولىدىكى گېزىتنى پۈرلەپ يانغا تاشلىدى ـ دە، كۆزئەينىكىنى تۈزەپ ماڭا قارىدى:

ــ خوش، يىگىت؟

دەرھال ئايغىمنى سىلىپ قولىغا بەردىم. ئۇ دەسسەپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن كونا سايما كەشتىن بىرنى تاشلاپ بىرىپ ئىشقا كىرىشتى. ھەربىكەتلىرىدىن بىر ئاچچىق، قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى. ئىشنى توختاتماي، چىرايىمغىمۇ قارىماي ئولتۇرۇپ تۇركلەرنىڭ بىر ساددا دېھقان بىلەن ھىيلىگەر كاززاپ توغرىسىدىكى مەسەلىنى سۆزلىدى. سۆزلەپ بولۇپ، تىكىپ بولغان ئاياغنى قولۇمغا بىرىپ:

ــ سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار، ئالدىڭلاردا تۈلكىدەك ھىجىيىپ تۇرغانلارنىڭ نىيىتىنى بىلەتتىڭلارمۇ، بىلمەيسىلەر بالىلار، بىلمەيسىلەر. بىر كۈنلەردە ئىسىت دەپ قالىسىلەر. لېكىن، ئۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەيدۇ، ــ دېدى ـ دە، يەنە بىر پاي ئايغىمنى قولىغا ئېلىپ بايىقىدەك زەردە بىلەن ياماشقا باشلىدى. بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى بىر چۈشىنىپ، بىر چۈشەنمەي نېمە دېمەكچىلىكىنى ئاڭقىرالماي تۇرساممۇ، قىزىقىپ ئاغزىنى تاتىلاپ باقماقچى بولدۇم.

ــ ئۇستام ئۆزلىرىنى ناھايىتى كاتتا يەرلەردە ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن ئادەم، دەپ ئاڭلىغانىدىم، قانداقسىگە بۇنداق يەردە ئولتۇرۇپ قالغانلا؟

ئۇ كۆزئەينىكىنىڭ ئۇستىدىن ماڭا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

ــ نېمىدەپ ئولتۇراتتىم، ئۈچ نان بىلەن بىر چۆگۈن چاينى دەپ ئولتۇرىمەن. مېنى گەپكە سېلىپ نېمە قىلىسەن،

مەن دېگەن قېرىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم. ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلە، ئۆزۈڭنىڭ. ھە، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسەن، يۇرتۇڭ نەدىن؟

— ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. مەن قەشقەرلىك.

— ھە، قەشقەرلىك دېگىن. ھەي قەشقەر...... بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىمۇ شۇ قەشقەر، دوزىخىمۇ شۇ قەشقەر، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا يەنە بىر قاراپ قويۇپ:

— شېئىر يېزىپ تۇرامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئانچە - مۇنچە يازىمەن، بىرنەچچە شېئىرىم ژۇرنالغىمۇ بېسىلدى.

— شېئىرلىرىڭنى ئالغاچ كەل، كۆرۈپ باقاي.

مەن ئۇ كىشى بىلەن شۇنداق قىلىپ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، پىكىر قىلىشى ئوقۇتقۇچىلىرىدىمىزغىمۇ، مەن تونۇيدىغان باشقا مەلۇماتلىق كىشىلەرگىمۇ ئوخشىمايتتى. كىلاسسىك شېئىرلارنى ۋە تارىخنى پىششىق بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ بىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە رۇسلارنى تىللايتتى. بىز چوقۇنىدىغان بىرمۇنچە شائىرنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. «راستىنلا كارامىتىڭ بولسا كەش ياماپ ئولتۇرامتىڭ، ئۇلارنى كۆرەلمەيۋاتىسەنغۇ، تايىنلىق» دەپ ئىچىمدە مەنمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولمايتتىم. ھەر قېتىم شۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كېلەتتىم - يۇ، قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ مېنى ئۇنىڭ يېنىغا تارتاتتى. 152

ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىم، گۈزەل غايىلىرىم ھەققىدە سۆز ئاچسام، مېنى « بۆۋەك»، «نادان» دەيتتى. «جاھاندا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، بېشىڭلاردا قانداق تۈگمەن تېشىنىڭ چۆرگۈلەۋاتقانلىقىنى

بىلمەيسىلەر، يۇرت ـ ۋەتەننىڭ قەدرىنى تېخىمۇ بىلمەيسىلەر. دۇنيادا يۇرت ـ ماكانى يوق، ئۇ ئەلدىن ـ بۇ ئەلگە قوغلىنىپ قىرغىنچىلىق، زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆتكەن خەلقلەرمۇ كۆپ. ئاللا ھەرقانداق بەندىسىنى ۋەتىنىدىن ئايرىمىسۇن» دەيتتى. بىر كۈنى بارسام، گېزىتكە بېسىلغان دېھقانلارنىڭ بەختىيار تۇرمۇشى ۋە مول ھوسۇل ماختاپ يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرسىتىپ:

— سەنمۇ مۇشۇنداق قوشاقلارنى يازامسەن؟ — دەپ مېنى بىرھازا مەسخىرە قىلدى. مەن ئۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە ئېلان قىلىنغان «ئاتا ۋەسىيىتى» دېگەن شېئىرىمنى كۆرسەتتىم. ئۇ كۆزئەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ شېئىرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ:

— ھە، بۇ يازغانلىرىڭ ھەرھالدا شېئىرغا ئوخشايدىكەن، — دېدى. بۇ، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئەڭ چىرايلىق گەپ ئىدى. ئۇ دائىم «شېئىر دېگەن پىغان» دەيتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە تامامەن قوشۇلۇپ كەتمىسەممۇ، ئۇنىڭ بىلىمىگە قىزىقاتتىم ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشنى كۆزلەپ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەتراپتىكى تار، پاتقاق كوچىلاردا ئولتۇرىدىغان نامرات ئادەملەر كۆپ كېلەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى، قاقشاشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. مېنى كىتابتىكى قۇرۇق گەپلەرنى يادلاپ يۈرمەي، ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سېلىشقا، تەتىلدە ئۆيگە قايتقاندا يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ نېمە يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئۈندەيتتى.

شۇ يىلى يازدا ئۆيگە قايتىپ، چوڭ ئانامنىڭ ۋاپات بولۇپ

كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۆيدىكىلەر ئوقۇشۇمغا تەسىر يېتىشتىن ئەنسىرەپ ماڭا ئۇقتۇرمىغانىكەن. ھەربىر سۆزىدىن ھېكمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىق ئىشلار ھەققىدە خۇددى قازان بېشىنىڭ ئىشلىرىدەك ئاددىي، ئىشىنىشلىك سۆزلەيدىغان، ئۆلۈمنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا قايتىش دەپ بىلىدىغان چوڭ ئانامنىڭ يوق بولۇشى ئۆيىمىزنى بىردىنلا چۆلدەرىتىپ قويۇپتۇ. چوڭ ئانامنى دائىم يوقلاپ، ئىش - كۈشلىرىمىزگە قارىشىپ تۇرىدىغان ھامىلىرىمىنىڭ ئىككىسىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. مەن تۇپراق بېشىغا ئۇلارنى يوقلاپ چىقىپ، ئوت - چۆپ باسقان ئاددىي قەبرىلەر ئالدىدا سۇكۇتتە تۇرغىنىمدا، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە تىنىم تاپماي مېھنەت بىلەن ئۆتكەن، ئۆز بەختسىزلىكىدىن، تەقدىرىدىن ئەزەلدىن قاقشاپ باقمىغان، خۇددى قەبرىسىنى باسقان ئوت - چۆپلەردەك ئېتىبارسىز ياشىغان بۇ ئاددىي ۋە ئۇلۇغ ئاياللار ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتۈم، ئەگەر ئۇ ئالەم، جەننەت دېگەنلەر راستتىنلا مەۋجۇت بولسا، ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئىززەت - ئابرۇيلۇق، ئەتىۋارلىق بولۇپ ياشىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلىدىم. ئەتراپتىكى قەبرىلەرگە نەزەر سالدىم، ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇلارمۇ ھامىلىرىمغا ئوخشاش جاپا - مۇشەققەتتە ياشىغان، ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن، ئۇنىڭسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ ياكى موللىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز تەقدىرىدىن قاقشاش ھوقۇقى بولمىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ جاپا چېكىشى، ئاچ قېلىشى، شۈكۈر - قانائەت قىلىشى مۆمىنلىك بولۇپلا قالماي، ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ھېسابلىناتتى.

ھامىلىرىمنىڭ يۇرتىدا كوپىراتسىيەلىشىش ئەمدىلا

ئەمەلگە ئاشقانىدى. يىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن ۋە ئىلگىرىكى تېرىقچىلىق قىلىش ئادەتلىرىدىن ئايرىلىپ گاڭگىرىغان، ھاياجانلانغان، ئازار يېگەن دېھقانلار، ھاممىلىرىمىنىڭ قوشنىلىرى مېنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇيدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، مەندىن قانداقتۇر ئۇمىد كۈتكەندەك كۆڭۈللىرىدىكى گەپلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشكەنىدى. ئۇلار ئەترەت كادىرلىرىنىڭ قارا قورساق، ئادالەتسىزلىكى، ئەترەتتە ياۋاش، ئىشچان ئادەملەر زىيان تارتىپ، ھىيلىگەر جان باقتىلار ۋە ھورۇنلارنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقى، تەجرىبىلىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرلۇك بېسىم ئاستىدا باش كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقى، تەقسىماتتىكى ناھەقچىلىك...... قاتارلىقلار ئۈستىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ، «ھەقاچان يۇقىرىدىكى باشلىقلىرىمىز بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بۇ يەرگە سىياسەتنىڭ توغرىسى يېتىپ كېلەلمەيدۇ، ئەگەر ئاشۇ باشلىقلىرىمىز بىلگەن بولسا...... » دېيىشكەنىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋىلىلداپ تۇرغان ئۇمىد دىلىمغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەنىدى.

* * *

شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە يەنە بىر ئىش ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

ھەر قېتىم مەھەللە دوقمۇشىدىن ئۆتسەم، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن نان، ئاشقان ـ تاشقان تاماقلارنى يەيدىغان، ئۆسۈپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرى چىگىچلىنىپ، ئىشتىنى تەرەتتىن قېتىپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئۇچرىتاتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە كۆڭلۈم

غەش بولۇپ: «بۇ كىمدۇ، نەدىنمۇ كەلگەندۇ؟ ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بۇنداق ئادەم يوق ئىدىغۇ......» دەپ ئويلايتتىم. بىر كۈنى دادامدىن مۇشۇ ئادەمنىڭ نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدىم.

— ئۇ بىر يەردىن كېلىپ قالغان ئادەم ئەمەس، مۇشۇ مەھەللىلىك ياسىناخۇن زەرگەر، — دېدى دادام.

دادامنىڭ ماڭا بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ۋاقىتلاردا مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم بىلەن لايىقىدا سالام - سەھەت قىلىشىپ، تىنچ كۈن كەچۈرىدىغان ئىللىق چىراي، يۇمشاق سۆزلۈك بۇ ئادەمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ھەيرانلىقتا زوۋان سۈرەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ياسىناخۇن زەرگەر ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن قايتا ئۆيلەنگەنىكەن. يېڭى ئايالى ناھايىتى چىرايلىق، گەپدان ئايال بولۇپ، ئۇ ئىككى بالىسى بىلەن زەرگەرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، خۇش مۇئامىلە ۋە ناز كەرەشمىلەر بىلەن ئۇنى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلاپتۇ. ياسىناخۇن ئەتىگەندىن كەچكىچە زەرگەرخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. خوتۇنى ئۇنى كۆرگەندە ئۆگەي بالىلىرىغا شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدىكەن. ئۇ، ئىشقا كېتىشى بىلەنلا ئىككى بالىنى ئېغىر ئىشلارغا سالىدىكەن، قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق، ئۇچىسىغا تۈزۈكرەك كىيىم بەرمەيدىكەن. ئۇرۇپ، تىللاپ قورقۇتىدىكەن. ياسىناخۇننىڭ ئوغلى ئاچلىق ۋە تاياق ئازابىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. 12 ياشلىق ئاچىسى ئۇكىسىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى دادىسىغا ئېيتماقچى بولسىمۇ، قورقۇپ ئېيتالماپتۇ. ئاخىر ياسىناخۇن قوشنىلىرى

ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئايالىنى ئۆيدىن قوغلىۋەتمەكچى بولغاندا، ئايالى بىر ـ بىرىدىن مۇتتەھەم ئاكا ـ ئىنىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ياسىناخۇننى ئۇرغۇزۇپ، ئەقىل ـ ھوشىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ھازىر ياسىناخۇننىڭ ئۆيى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان دۇنيا ـ دەپىنىسىنى ئىلكىگە ئېلىپ، بالىلىرى بىلەن راھەتتە ياشايدىكەن. ئۆگەي قىزىنى مالاي ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. قولۇم ـ قوشنىلىرى نەسىھەت قىلسا، ئۇرۇشۇپ كۈن بەرمەيدىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇتتەھەم ئاكا ـ ئىنىلىرىدىن قورقۇپ توختاپ قالغانىكەن.

مەن بىر مەزگىل خىيال سۈرۈپ يۈردۈم. دوقمۇشتىكى تىلەمچىنىڭ ئالدىدىن ھەر قېتىم ئۆتكەن چېغىمدا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى پاكىز، مۇلايىم قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئىچىم سىيرىلاتتى. بىر قېتىم دادامغا بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى قانۇن ئورۇنلىرىغا ياكى يۇرتىدىكى تۇغقانلىرىغا يەتكۈزۈپ، ياردەم قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىمنى ئېيتسام، دادام تۇرۇپ كېتىپ، بۇ ئىشنىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى:

ــ بىرسى، ياسىناخۇننىڭ تۇغقانلىرى بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. ئۇلار بۇ ئايالنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇ تۇغقانلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ياسىناخۇن خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكىنىگە 40 كۈن بولار ـ بولماي بۇ خوتۇننى ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانىكەن. بۇ خوتۇننى چۈشىنىدىغانلار ئۇنى بۇ يولدىن ھەرقانچە توسسىمۇ پەرۋا قىلماپتىكەن. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ تارتقۇلۇقى دېگەن گەپ. شۇڭا، كونىلار «دادا قىلسا بالىغا» دەيدۇ ئەمەسمۇ. يەنە بىرسى، بۇ بوش ئايال ئەمەس،

مۇتتەھەملىكتە داڭقى چىققان ئاكا ـ ئىنىلىرى بار. ئۇلار قانۇن ئورنىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى قانداق بېسىقتۇرۇشنى بىلىدۇ. قانۇن ئورنىدىكىلەرمۇ بۇنداق ئادەملەردىن يىراق قاچىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئاللاغا قويماقتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى. مەن دادامدىن يەنە:

— بۇنداق ئىشلار گومىنداڭ ۋاقتىدىمۇ بارمىتى؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇنداق ئىشلار ھەرقانداق چاغدا بولىدۇ، ئوغلۇم. ئۇ چاغدىمۇ بارتى، ھازىرمۇ بار. بۇندىن كېيىنمۇ تۈگەپ قالمايدۇ. بەش قول باراۋەر بولمىغاندەك، بەندە دېگەنمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ياخشىسىمۇ بولىدۇ، ئەسكىسىمۇ بولىدۇ. كۈچلۈكى ئاجىزىنى، يامىنى ياۋشىنى بوزەك قىلىدۇ، مۇشۇنداق جاھان بۇ.

— ئەمىسە يامانىنىڭ سورىقى بولمامدۇ؟

— يامانىنىڭ سورىقىنى ئاللا ئۆزى قىلىدۇ، بالام. ھەممە ئادەم قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان، ئۆلمىسەك كۆرىمىز تېخى.

مۇنداق چاغلاردا ھېلىقى موزدۇز كۆزئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن مەسخىرىلىك قاراپ: «ئەتراپىڭغا قارا، ئوبدانراق قارا، يەنە نېمىلەرنى كۆرۈسەنكىن» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن دادامنىڭ گەپلىرىگە ئىچىمدە قايىل بولمايتتىم. «نېمە ئۈچۈن كۆڭلىمىزدىكى گەپلىرىمىزنى ئاشكارا دېيەلمەيمىز، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز ھەل قىلمايمىز؟ رەزىللىككە ئاشكارا قارشى تۇرمايمىز. ئاللا بۇ دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ ئىشنىڭ قايسى بىرىنى ھەل قىلىپ بولالايدۇ؟ ھەممە ئىشنى ئاللانىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىگە، تەقدىرگە تاشلاپ

ياشاۋېرەمدۇق، بىزمۇ ئەقىل ـ ھوشقا، سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەمغۇ؟!»

«ئېزىش ـ ئېزىلىش، ناھەقچىلىك بولمىغان بەختىيار جەمئىيەت» ھەققىدىكى خام خىياللىرىم بىتچىت بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ھەم رەھىمسىزلىكىنى، ناھەقچىلىك، تەڭسىزلىكلەرنىڭ بۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلىمىدا، ھەتتا چوڭ زىيالىيلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ دەبدەبىلىك تەشۋىقاتلارغا ئالدىنىپ ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشەنگىنىمدە تېخىمۇ گاڭگىرىدىم. نۇرغۇن سوئال، ئىككىلىنىش ۋە ئويلىنىش نەتىجىسىدە كەلگەن خۇلاسەم شۇ بولدىكى، سوتسىيالىزمنى بىركىم قۇرۇپ بەرمەيدۇ ياكى ئۇ تەييار ھالدا ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇنى بىز قۇرىمىز. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە خەلق دۆلەتنىڭ غوجايىنى. مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. دېمەك، مېنىڭ جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىكنى، نامراتلىق، قاراقورساقلىقنى، رەھبەرلەرنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويغان تەرەپلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىم ۋە مەسئۇلىيىتىم بار. قولۇمدىكى قەلىمىم بۇ مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى قورال ئەمەسمۇ!

ئۆزۈمنى دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدەك سېزىپ، جاسارەتلىك ھەم ھەسرەتلىك خىياللارغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردا مەن ئۆزۈمگە بىرنەچچە پىكىرداش تاپقانىدىم. بىز دائىم بىر يەرگە كېلىپ جەمئىيەتتىكى چېكىدىن ئاشقان، مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلار،

ئادالەتسىزلىكلەر توغرىسىدا مۇنازىرىلىشەتتۇق. ئۇنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر - بىرىمىزنى قايىل قىلىشقا ئورۇناتتۇق. بىزنىڭ ئارىمىزدا غوپۇرجان بار ئىدى. ئەمما، ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزىنى تارتتى. كامال بولسا ۋاقتىنى شېئىرلار ۋە ئەتراپىدىكى قىزلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. سىياسىي ئۇستىدە سۆزلەشنى ئاۋارىچىلىك ھەم خەتەرلىك دەپ قارايتتى. بەزىدە ئاسىم بىلەن ھەدىيەمۇ مۇنازىرىلىرىمىزگە قاتنىشىپ قالاتتى. ئەمما، ئۇلار تولاراق ئىتتىپاق ياچېيكىسى ۋە سىنىپ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش يۈرەتتى. سىنىپتىكى زور كۆپچىلىك بالا بىزنىڭ مۇنازىرىلىرىمىزدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بىزنى قوللايتتى. مەسىلە بولىغانىكەن، ئۇنى سىنىپىي دۈشمەنلەر دەستەك قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، پىكىر بېرىشىمىز، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز غوجايىن دەپ قارىشاتتى. شۇ كۈنلەردە زەرگەرنىڭ ۋەقەسى ئاساسىدا يازغان داستانىم «ئۆگەي ئانا» ماۋزۇسىدا ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەن بىردىنلا «ئاتاقلىق شائىر» بولۇپ كەتتىم. كىشىلەر داستانىمنى جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىكلەر دادىللىق بىلەن پاش قىلىنغان، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئەسەر، دەپ مەدھىيىلەشتى.

يىل ئاخىرىدا فاكۇلتېت تەرىپىدىن ماڭا بىر سەھنە ئەسىرى يېزىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلدى. مەن داستانىمنىڭ ۋەقەلىكىنى «ئالتۇن كەش» ناملىق خەلق چۆچىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، درامىنى تېزلىكتە يېزىپ پۈتكۈزدۈم. دراما

يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەممەيلەنگە ياربدى. بىزنىڭ سىنىپتىكىلەر يېڭى يىلدا ئۇنى ئويناپ مۇكاپاتلارغا ئېرىشتۇق. بۇ نەتىجە ھەممىمىزنى قالتىس خۇشال قىلىۋەتتى. ھەدىيە، ئاسىم، نۇرىيە، كامالىلار، رەيھان، ھەمراخان، نۇرئېلىلارغىچە ھەممەيلەن رولنى شۇنداق ياخشى ئالغانىدىكى، كېيىنكى تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ ۋاقىتلار ھەممىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ يارقىن، ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋاقىتلار بولۇپ قالغانىدى. دىرامىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى داڭقىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مەكتەپ ئىچىدىلا ئەمەس، سىرتتىمۇ كىشىلەر مېنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرۇشاتتى، كېتىۋاتسام كەينىمدىن قاراپ قېلىشاتتى. كوچىلاردا تۇيۇقسىز، ناتونۇش بىركىملەر كېلىپ، قولۇمنى سىقىپ كۆرۈشۈپ تەبرىكلەپ كېتەتتى. ئەمما، بۇلار مېنى قانائەتلەندۇرەلمەيتتى. مەن بىر شائىر ئىدىم، يەنە كېلىپ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەنىدىم. قورۇق ئاتاق مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا قىممەتلىك ئەمەس ئىدى. مەن ھەقىقىي، كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان ئىش قىلىشىم كېرەك ئىدى. خەلق ئۆز شائىرىدىن شۇنى تەلەپ قىلاتتى.

ئالدىنقى يىلى كۈزدىن باشلاپ مەكتىپىمىزدە «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەممە ئادەم پارتىيە ـ ھۆكۈمەت خىزمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. كىشىلەر «كومپارتىيە ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەن، خەلقنىڭ پىكرىنى ئاڭلايدىكەن» دېيىشەتتى. چاچلىرى ئاقارغان پېشقەدەم رەھبەرلەر، ئاتاقلىق مائارىپچىلار، ئالىملار كىيسەل كارىۋاتلىرىدىن قوپۇپ ھاياجاندىن تىترىگەن ھالدا پىكىر بېرىشتى. ئاز ـ تولا

مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۆزلىدى. شۇ كۈنلەردە مەنمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە خەت يازدىم. جەمئىيەتتە ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتقان تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، نامراتلىق، ئەمەلدارلاردىكى بيۇروكراتلىق، يېزىلاردا قاراملارچە ئىجرا قىلىنىۋاتقان قىسمەن سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەر...... ھەققىدىكى پاكىتلىرىمنى، قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىمىزنى ماختاۋەرمەي، مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈش، ھەل قىلىش لازىملىقىنى ۋە ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان تەدبىرلەرنى بايان قىلدىم. خەتكە سىرلىق تۈس بېرىش ھەم كۆپچىلىكنىڭ ساداسىدەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، خەتنىڭ ئاخىرىغا «ھەققانىيەت ۋولقانلىرى» دەپ ئىمزا قويدۇم. خەتنى پوچتىدىن سېلىۋېتىپ بولۇپ، ئىچىمنى بېسىپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق تارقاپ، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يەڭگىل، ئازادە ھېس قىلدىم. «رەھبەرلەر مېنىڭ سەممىي نىيىتىمنى چوقۇم چۈشىنىدۇ، تەكلىپلىرىمنى قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ئىشلار، ھەل قىلماي بولمايدىغان مەسىلىلەر. ئەگەر مېنىڭ يازغانلىقىمنى بىلسە، ئۇلار تېخى ماڭا رەھمەت ئېيتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتىم، مەن.

يېڭى يىل كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىشلار تۇيۇقسىز ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. ئىلگىرىكى «چوڭ ئېچىلىپ ـ سايراش» شوئارى «چوڭ مۇنازىرە ــ تەنقىد ـ كۈرەش قىلىش»، «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش»، «مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرۇش» قا ئۆزگەردى. ئىلگىرى پىكىر بەرگەنلەر، كۆيۈنۈپ ــ قايناپ سۆزلىگەنلەر

سەھنىلەرگە تارتىپ چىقىرىلىپ قوللىرى باغلاندى، كۆرەش، تەنقىد قىلىندى. ھەممە يەردە ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئۆتكۈر، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلەۋاتقان بىر تۈركۈم كىشى ئەنە شۇنداق «دۈشمەن» گە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. ئۈرۈمچىدىكى چوڭ مەتبۇئاتلاردا «ئۆگەي ئانا، داستانىغا تەنقىد» نامىدا يىرىك ئوبزورلار ئېلان قىلىنىپ، مېنىڭ داستانىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى «ھايات ــ ھاماماتلىق كۈرەش»نىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىپ قويۇلدى. قىزىل بىنانىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە « ئالتۇن كەش، نېمە دېمەكچى؟» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى. ئەينى چاغدا يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئالتۇن كەش» درامىسىدا رول ئالغان ساۋاقداشلىرىممۇ يولسىزلارچە ماڭا چېتىپ قويۇلدى. ئارقىدىنلا مەكتەپكە مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ، «ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە خەت»نىڭ ئىگىسى سۈرۈشتە قىلىنىشقا باشلىدى. پوچېركا تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر مېنى بىرپەستىلا ئېنىقلاپ چىقتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئېنىقلىماقچى بولغىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى بىر گۇرۇھ ــ تەشكىلات ئىدى. مېنىڭ خەتتىنى «ئۆزۈم يازغان، ھېچقانداق گۇرۇھىم يوق» دېيىشلىرىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. سىرداش دوستلىرىم ئىبراھىم، ئابدۇسەمەت، خېلىللار تەبىئىيلا بۇ «تەشكىلات»نىڭ «غوللۇق ئەزاسى» دەپ قارالدى. ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان بۇ تەشكىلاتنى پاش قىلىش چوڭ يىغىنىدا سىنىپىمىزدىكى ئىنتايىن ياۋاش، قورقۇنچاق بىر ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ بىر ھۆججەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ھېممەت ئىسىملىك بىر تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ

«ھەققانىيەت ۋولقانلىرى» ناملىق «تەشكىلات» نىمىزغا تۆلگەن ئەزالىق بەدەل پۇلىنىڭ ھۆججىتى ئىكەن. خەت دەل ھېمىتنىڭ خېتىگە ئوخشايدىكەن. ھۆججەتكە يەنە ئىبراھىمنىڭ تامغىسى بېسىلغانىكەن. بۇ ئىش ھەممىمىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. مەن ھېمىت ئىسىملىك بۇ مۇئەللىمنىڭ ئىبراھىمنىڭ يۇرتدىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باققان ئەمەس. ئاشۇ بىر پارچە ساختا ھۆججەت ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان «تەشكىلات» نىڭ ماددىي ئىسپاتى بولۇپ، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بەلگىلىدى. ئىش بىز بىلەنلا كەتسە مەيلىتىغۇ، ھېمىت مۇئەللىمنىڭ بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغان گۇناھسىز بىر سىڭلىسىمۇ «ئالاقىچى» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، چىدىغۇسىز خورلۇق ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان ئاشۇ قىزنىڭ سەھنىدىكى ئېچىنىشلىق ھالىتى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

يىغىندىن كېيىن بەشىمىز ئايرىم ياتاقتا نەزەربەند قىلىندۇق. ھەربىرىمىزنىڭ يېنىدا بىردىن نازارەتچى بولۇپ، سىرتقا چىقىشىمىز، باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشىمىز، ئۆزئارا پاراڭلىشىشىمىز چەكلەنگەنىدى. كەچ كىردى. ئۇلاردىن ئىككىسى نۆۋەتچى بولۇپ ئىككى تەرەپتىن بىزنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. قالغانلىرى سىرتتىكى كارىۋاتلاردا ئۇيقۇغا كەتتى. بىز ئۇخلىيالمىدۇق. قانداقمۇ ئۇخلاش مۇمكىن؟...... ئىبراھىم بەدەنلىرىنى كارىۋاتقا ئۇرۇۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ توختىماي ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى، ھېمىت مۇئەللىم تىنماي ئۇھ تارتاتتى. تورۇپ ـ تورۇپلا

قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى. خېلىل بىلەن ئابدۇسەمەت ھېلى ماڭا، ھېلى بىر ــ بىرىگە قارىشاتتى. ئۇلار كۆڭلىدىكى گۇمان تۇگۇچلىرىنى، گاڭگىراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالماي ئازابلىنىۋاتاتتى. مەن خۇددۇمنى يوقاتقاندەك بىر ھالدا ئىدىم. كاللامغا لىق توشقان شوئار سادالىرى، شاۋقۇن ــ سۈرەنلەر بىردەم توختىماي داۋام قىلىۋاتاتتى. بېشىم قاتتىق ئاغرىپ، چېكىلىرىم چاراسلىغاندەك بولاتتى. مەن نازارەتچىگە بېشىم ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ، ئۇدۇلدىكى ھەمراھىغا «قانداق قىلىمىز، سەندە باش ئاغرىقنىڭ دورىسى بارمۇ؟» دېدى. ھەمراھى ماڭا سەت ئالىيىپ:

ــ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ئەمدى بېشىڭ ئاغرىغىلى تۇردىمۇ؟! ئۆبدان بوپتۇ، ئاغرىغان بولسا چىدا، كۆرگۈلۈكۈڭ ئالدىڭدا تېخى! ــ دېدى. غەلىتە يېرى، ئۇنىڭ تىل ــ ھاقارەتلىرى ئاستا ــ ئاستا نېرۋامنى تىنچلاندۇردى. كاللامدىكى قالايمىقان ئاۋازلار يوقاپ، باش ئاغرىقىممۇ قويۇپ بېرىشكە باشلىدى. ئەمما، كۆكرىكىمگە ئېغىر بىرنەرسە كەپلىشكىلىك ئىدى. ئۇنى يوقاتقىلى بولمايتتى. چاندۇرماي چوڭقۇر ــ چوڭقۇر نەپەس ئالسام بىرئاز راھەتلىنىپ قالغاندەك بولاتتىم. دائىم ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدىغان ئانام، ئىنچىكە كۈچلۈك دادام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ئۈستۈمگە ئارتىلغان «جىنايەت» لەرنىڭ ئېغىرلىقى، ئويقۇسىزلىقتا ئىت مىجەز بولۇپ كەتكەن نازارەتچى ئېيتقاندەك «كۆرىدىغان كۈنلىرىم ئالدىمدا» ئىكەنلىكى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. «مەنغۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، ئاشۇ بىچارە ئاتا ــ ئانام قانداق بولۇپ كېتەر» دەپ

ئويلاپ، ئىچىم ئۆرتىنىپ چىدىيالماي قالاتتىم.
قاچانلاردىدۇر ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلىشقا باشلىدى. ھەر قېتىم چاقماق يورۇقى ياتىقىمىزنى ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەندە، تاتىراڭغۇ، ۋەھىمىلىك چىرايلارنى، يوغان ئېچىلغان كۆزلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇۋالاتتىم. گويا ھېلىلا قانداقتۇر چىدىغۇسىز ئىشلار يۈز بېرىدىغاندەك جىددىيلىشىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازىغا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قۇلاق سالاتتىم. ئارقىدىنلا شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شارقىرىغان كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشكەن يامغۇر خۇددى يەر يۈزىدىكى ھەممە پاسكىنىچىلىقنى تازىلىماقچى بولغاندەك شىددەت بىلەن قۇيۇلاتتى، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن، دەرەخلەردىن، ئۆگزىلەردىن قېلىن پەردە ھاسىل قىلىپ پەسكە ئاقاتتى، خۇددى يىغىلىپ قالغان ھەددى ـ ھېسابسىز دەردىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك بىر پەسمۇ توختىمايتتى.

يېرىم كېچىدە تاشقىرىدىكى ئىشىك تۇيۇقسىز قاتتىق ئۇرۇلدى. كىملەردۇر نازارەتچىلەرنى ئۈنلۈك چاقىرىشقا باشلىدى. سىرتقى ياتاقتىكىلەر قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇلار گۇدۇڭلىشىپ ئالدىراش سۆزلىشىشتى، كېيىن كىيىملىرىنى كىيىپ يېنىمىزدىكى ئىككىسىگە ھوشيار تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. يېنىمىزدىكى نازارەتچىلەرنىڭ كۇسۇرلاپ قىلىشقان گەپلىرىدىن قىزلار ياتىقىدا بىرەرسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى چالا ـ پۇچۇق چۈشەندىم. «كىم يوقاپ كەتكەندۇ، نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئويلاپ يېتىپ، كۆزۈم ئۇشتۇمتۇت ھېمىت مۇئەللىمنىڭ ئەنسىز كۆزلىرىگە چۈشتى. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ، بېشىمدىن

بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. دېمەك، ھېممەت مۇئەللىمنىڭ سىڭلىسى، سىرىن ئىسىملىك ئاشۇ چىرايلىق قىز يوقاپ كەتكەن گەپ. بېشىنى يەردىن ئالماي يۈرىدىغان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مۇلايىم بىر قىز ئىدى، يىغىنىدىكى تۆھمەت ۋە ھاقارەتلەرنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ئۇ يۈرتىغا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتكەنمىدۇ ياكى بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە بىر يەرلەردە قېچىپ يۈرەمدىغاندۇ؟

«ئېھ ئاللا، ئاشۇ گۇناھسىز قىزنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ، تىنچ ـ ئامان قىلغايسەن، سەن ئادىل، سەن ھەممە مۆجىزىنى يارىتالايسەن، ئاشۇ قىزنى ئوت ئىچىدىكى پاختىدەك ئامان قىلغىن، ئاللا!» ئىچىمدە توختىماي دۇئا قىلاتتىم. مەن ئۆزاقتىن بۇيان دۇئا قىلماس بولۇپ كەتكەنىدىم. ئاشۇ چاغلاردا قانداق بولۇپ توختىماي دۇئا قىلىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. سىرتتا بىرمۇنچە قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ئاڭلىناتتى. قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن قولچىراغ يورۇقى دېرىزىمىزگە چۈشۈپ، ئىنچىكە يامغۇر تاللىرىنى يورۇتۇپ يەنە يوق بولۇپ كېتەتتى. تاڭ سەھەردە يامغۇر پەسىيىپ، سىمىلداپ يېغىشقا ئۆزگەردى. يۇيۇلۇپ پاكىزلىنىپ قالغان دېرىزە ئەينىكىدىن يېڭى بىر سەھەر غۇۋا، ئەمما، رەڭدار بىر ھالدا كۆزگە تاشلىناتتى. يەنە ئىشىك چېكىلىپ، نازارەتچىلەر ھېممەت مۇئەللىمنى چاقىرىپ چىقىپ كېتىشتى. ھېممەت مۇئەللىم چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتىن قورقۇپ چەتكە قارىۋالدىم. ئىچىمگە بىر تىترەك كىرىۋالغانىدى. كۆڭلۇم بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭمۇ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى ئەنسىز

ئىدى، مۇئەللىمدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر پەستىن كېيىن سىرىنىڭ جەستى مەكتەپ ئارقىسىدىكى كۆلدىن تېپىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئۇنى جىنايەتتىن قورقۇپ ئۆلۈۋالدى، دېيىشتى. ھېمىت مۇئەللىم: «قارىغا كەتكەن سىڭلىم، ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن سىڭلىم!» دەپ ۋارقىراپ يىغلىدى. ئۇنى ھېچكىم توسۇيالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەندىمۇ ناھايىتى بىر ئۆلۈمكەنغۇ، نېمىدىن قورقاتتىم، دەيدىغان بىر ئوي پەيدا بولدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن كەلتۈرۈپ چىقاردىم، ئىبراھىم قاتارلىق دوستلىرىمغا، ھېمىت مۇئەللىمگە، سىرىنغا مەن زىيانكەشلىك قىلدىم. مەن رەھبەرلىككە يېزىلغان خەتكە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئۆز ئىسمىمنى يازغان بولسام بۇ ئىشلار يۈز بەرمەيتتى، دەپ ئويلاپ ئۆز گۆشۈمنى يېگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم. ھازىر بولسىمۇ راست گەپ قىلىپ ئەتراپىمدىكىلەرنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنىڭ «گۇناھ» سىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن جېنىمنى تىكىشكە رازى ئىدىم. بىراق، راست گەپ ئۇلارنىڭ قولىغا كىرمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالمايتتى. ئۇلار سوراق خاتىرىسىنى ئۆز رايى بويىچە يازاتتى. ئۇلار ھېلىقىدەك «پاكىت» لارنى خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقالايتتى. ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ، زورلۇق بىلەن ئىمزا قويدۇرالايتتى.

يىل ئاخىرىدا مەكتەپتە داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىلىپ بەشىمىز قولغا ئېلىندۇق. يىغىندىن كېيىن ساقچىلار بىزنى باغلاپ ماشىنىغا تارتىپ ئاچىقىۋاتقاندا بىز ھەممىمىز:

— بىز ناھەق جازالاندۇق، بىز ئادالەت تەلەپ قىلىمىز!

— بىز تەشكىلات قۇرمىدۇق، بىزنىڭ قولغا ئېلىنغۇدەك ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق! — دەپ ۋارقىراشتۇق.

قولىمىز كەينىگە باغلانغان، ئالدى - كەينىمىزگە خەتلەر چاپلانغان ھالدا قوراللىق ساقچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈك ماشىنىسى بىلەن كوچىدىن ئېلىپ كېتىلىۋاتقان چېغىمىزدا كىشىلەر بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ قارىشىپ قالدى. بەزىلەر: «ئاتقىلى ئېلىپ ماڭغانلار ئىكەن. كىچىككىنە باللار ئىكەنغۇ، ۋاي ئالла، مۇشۇلارنىمۇ ئاتامدىغاندۇ» دېيىشەتتى. چوڭ ياشلىق ئايالлар كۆز يېشىنى سۈرتۈشۈپ، ئىچىدە پىچىرلاپ دۇئا قىلىشاتتى.

## 8

بىز ئېتىشقا ئەمەس، ج خ نازارىتىنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىلدۇق. بىز تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرىنى جالداقشىتىپ، تاملىرىغا مۇشتلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ بىر مەزگىللىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بىكار ئاۋارە بولۇۋاتقىنىمىزنى بىلىپ پەسكويغا چۈشۈپ قالدۇق. بىزنىڭ قولىمىزغا كويزا، پۇتلىرىمىزغا ئېغىر ئىشكەللەر سېلىنغانىدى. تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ، زەي كاردورى بىزنى دۇنيادىن ئايرىپ تۇراتتى. خورلۇق، نەم، بۇزۇلغان ھاۋا، ئاچلىق ئازابى بىزنى توختىماي قىينايتتى. ھېمىت مۇئەللىم توختىماي يۆتىلىپ، قان تۈكۈرەتتى، كېچىلىرى قىزىپ چىقاتتى. لېكىن، مۇۋاپىق كۈتۈنۈش ۋە داۋالاشقا ئېرىشەلمەيتتى. ئۇنىڭغا ھەربىر قارىسام، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشاتتى. بىزنىڭ ئارىمىزغا ھەر خىل ئادەم

كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بىز ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى قانداق قوغداشنى، قانداق گەپلەرنى قىلماسلىقنى، قانداق گەپلەردە چىڭ تۇرۇشنى ئاز ـ تولا ئۆگىنىۋالغانىدۇق. مەن ھەر قېتىمقى سوراقتا بىرلا ئىشنى قىلدىم. ھېممىت مۇئەللىم بىلەن ئەزەلدىن تونۇشلۇقۇم ھەم ھېچقانداق ئالاقەم يوقلۇقىنى توختىماي سۆزلىدىم، كۆچۈمنىڭ بارچە ئۇنى ئاقلاشقا تىرىشتىم. باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندىدىم. بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن مۇئەللىم ئۈچ يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئەمما، قاتتىق ھەسرەت ۋە ئاچلىق ئۇنىڭ جېنىنى خورىتىپ بولغانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بىز، ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. يەنە بىر يىلدىن كېيىن بىز كۆڭلىمىزدىكى جاۋابسىز قالغان نۇرغۇن سوئالىمىز، زورلاپ تېڭىلغان گۇناھلىرىمىز ۋە سوتنىڭ ناھەق ھۆكۈمى بىلەن شاياردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدۇق. مەن ئاساسىي جىنايەتچى بولغانلىقىم ئۈچۈن 20 يىللىق، ئىبراھىم 12 يىللىق، ئابدۇسەمەت سەككىز يىللىق، خېلىل ئالتە يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندۇق. ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە ئۆتكۈزگەن تۆت يىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ئابدۇسەمەت بىلەن خېلىلنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغان كۈنلىرىگە ئانچە ئۇزاق قالمىغانىدى. بىراق، خېلىلمۇ ئېغىر كېسەل ئىدى. ئۇ شايارغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. يۈرىكىدە ئۇنى ساقلاپ تۇرغان سۆيگەن قىزى بار ئىدى. پات ـ پات ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى. ئەمما، يىتىشكە بىرنەچچە ئايلا قالغان بەخت ۋە ئەركىنلىك ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇنى ئاشۇ يەرنىڭ قارا تۇپرىقىغا كۆمۈپ قويدۇق. ئۇنى دائىم

يوقلاپ تۇردۇق. ئابدۇسەمەت گۇناھى يەڭگىللىتىلىپ بىر يىل بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭغا ھەۋەسسىمىز كەلدى. ئىبراھىم ئىككىمىز 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولدۇق. ئاخىرىدا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. ئەمما، ئۇ يەردە مەن قىسمەتنىڭ يازمىشى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالغان كۆپلىگەن يېڭى دوست، ئاكا ـ ئىنى، ئۇستاز ـ پېشىۋا بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى، مېھرىبانلىقىغا، يېتەكلىشىگە مۇيەسسەر بولدۇم. نورمال ھاياتتا مەن بۇنچە كۆپ ئاجايىپ ئادەملەرنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرەلىشىم، ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىدىن خەۋەردار بولالىشىم، ئۇلاردىن تەلىم ئالالىشىم، ھاياتنى، دۇنيانى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشىنەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇلارنى ئويلىسام، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن ئاغرىنىپمۇ كەتمەيمەن.

# ئاسىم II

## 4

ئوقۇشقا كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىۋېلىش كويىدا يۈرۈپ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلمىگەنىكەنمەن. يۆتكىلىپمۇ بولدۇم، ساۋاقداشلىرىم بىلەن چىقىشىپمۇ كەتتىم. ئەمدى ۋاقىت ئۇزارغانچە ئاپامنى، بىر تۇغقانلىرىمنى، باغرىدا چوڭ بولغان يۇرتۇمنى سېغىنىشقا باشلىدىم. ئەتىگىنى نان بىلەن ئەتكەنچايغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاپامنى، ئاپامنىڭ چايلىرىنى ئەسلەپ غىمقىدە بولۇپ قالاتتىم. ئاپام قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ مەن داستىخاندا بولمىسام چاي ئىچمەيتتى، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى. تاماق يەۋاتسام قولىدىكى قوشۇقنى قويۇپ، ھەرىكەتلىرىمگە زوقلىنىپ قاراپ كېتەتتى. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن دادامغا قارىغاندا ئاپامنىڭ دادىسىغا بەكرەك ئوخشايدىكەنمەن. ئۇ دائىم: «ساڭا قارىسام دادامنى كۆرگەندەك بولىمەن. تاماق يېيىشىڭ، ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرىڭ، يول مېڭىشىڭ دادامنىڭ ئۆزى» دەيتتى. ئۇ مېنى ئوغلىدەكلا ئەمەس، يېقىن سىرداشىدەك، تايانچىسىدەك كۆرەتتى. بىر ئىشتىن خۇشال بولسىمۇ، بىرەرسىدىن كۆڭلى رەنجىسىمۇ ماڭا دەيتتى. ئىتتىكرەك چوڭ بولساڭ، سېنى ئۆيلەپ، ئۆيىنى كېلىنىمگە تاشلاپ پۇت -

قولۇمنى سوزۇپ ئارام ئالسام، دەپ ئارمان قىلاتتى. چوڭ تاغامنىڭ ئايتۇرغان ئىسىملىك يۇزى تولۇن ئايدەك يۇمىلاق، ئىككى مەڭزىدە زىننەتلىرى بار چىرايلىق قىزنى ماڭا نىشانلاپمۇ بولغانىدى. ئايتۇرغان ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن ئاكا ـ سىڭىلدەك چوڭ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنداق گەپلەر ماڭا پەقەت خۇشياقمايتتى. مەن ئۇ گەپتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى، ئاپام ۋە ھەدىلىرىم مېنى نېزىتقاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، توختىماي ئايتۇرغاننىڭ گېپىنى قىلىشاتتى. ئۇنى ۋاي ئۇنداق ئىشچانەي، مۇنداق ئەقىللىكەي دەپ ماختاشقىنى ماختاشقانىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ تالاغا قېچىشنىڭلا كويىدا بولاتتىم. مانا ئەمدى مەن بىزار بولغان ئۆيۈم، ئاپام، ھەدىلىرىم، ھەتتا ئاشۇ ئايتۇرغانمۇ كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتەپكە كېلىپلا يازغان خېتىمگە تېخىچە جاۋاب يوق. ھەر يىلى كۇزدە ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندا ئاپامنىڭ زىققە كېسىلى قوزغىلىپ قالاتتى. قىشتا، بولۇپمۇ ئەتىيازدا بەل ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتاتتى، بىچارە ئاپام ئاغرىق تۇرۇپمۇ ئارام ئالالمايتتى. بىر كالىلىسىدا مىڭبىر ئوي بىلەن ئۆزىگىمۇ، ھەدىلىرىمگىمۇ بىردەم ئارام بەرمەي ئالدىراپلا يۈرەتتى. ئاپام ئەنە شۇنداق ئىچى كۆچلۈك، تىرىشچان بولغاچقىلا دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي، ئۈچ ھەدەمنى تالالىق قىلىپ، ئۆينى بىر چىرايلىق تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەھەللىدىمۇ كىم دېسە، زۆھرە بوۋى بولۇپ، ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىپ يۈرىدۇ.

ئاشۇ جاپاكەش، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ تەلەپچان ئاپام مېنى كۆرسىلا مۇلايىملىشىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدۇ. مەن بۇنى كىچىكىمدىن بىلىمەن. ئاپامنىڭ ماڭا باشقىچە ئامراقلىقىنى، ياخشىراق بىرەر نەرسە تاپسا يېيىشكە قىيماي

ماڭا ساقلاپ قويىدىغانلىقىنى، بەزى چاغلاردا دوستلىرىم بىلەن ئويناپ كەچ قالسام ياكى قىزىپ، يۈتلىپ قالسام ئەندىشىگە چۈشۈپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدىغانلىقىنى بەك ئوبدان بىلىمەن. مېنىڭمۇ ئاپامنى ئەندىشىگە سالغۇم كەلمەيدۇ. ئۇنى دائىم خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام يۈرسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئوقۇشتا ماڭىدىغان كۈنلەردە ئاپام بەك خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ، تۇرۇپلا خىيالغا پېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئاخىرقى ئاخشىمى، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى رەتلەپ سومكىغا سېلىپ بېرىۋاتقان ئاپام بىر پايپىقىمنىڭ ئۇچى ئازراق تېشىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ياماپ بەرمەكچى بولدى. قولىغا يىپ ـ يىڭنىنى ئېلىپ، يىپنى ئۆتكۈزەلمىگەنچە بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاۋاتقان ئاپامنىڭ چىراغ يورۇقىدا ئوچۇق كۆرۈنگەن چىرايىغا، كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلار ۋە ئىككى چېكىسىدىكى ئاق چاچلارنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىغا مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ قاپتىمەن. بىچارە ئاپام بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى ئوبدانلا ئاجىزلاپ قالغانىدى. دائىم يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلمەي تىت ـ تىت بولاتتى. مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي دېسەم، رەنجىگەندەك قىلىپ: «بولدى، ئۆزۈم ئۆتكۈزەلەيمەن، مەن تېخى ئۇنچىلا قېرىپ كەتمىدىم» دەيتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ تىرىشىۋاتاتتى. ئەمما، ئاپامنىڭ قولىغا قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. ئاپام يىڭنىنى تەتۈر تۇتۇۋالغانىدى. مەن گەپ قىلماي چىراغنى ئاپامغا يېقىنراق يۆتكەپ قويدۇم. ئاپام شۇ چاغدىلا:

— كۆردۈڭمۇ بالام، ئاپاڭ قېرىپ قاپتۇ، ئەتىگەندىن

بىرى يىڭنىنى تەتۈر تۇتۇپ يىپ ئۆتكۈزىمەن دەپ ئولتۇرۇپتۇ، — دەپ ئاچچىق كۈلگەنىدى.

— ئەندىشە قىلما ئاپا، مەن ساڭا ئۇرۇمچىدىن كۆزئەينەك ئەۋەتىپ بېرىمەن. مەرۇپ تاغامنىڭكىدەك چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغىنىنى، ئۇنىڭدىن چىرايلىقىنى، — دېسەم، ئىچىلىپ كۈلۈپ:

— ۋاي ساقام، ئەقىللىك ئوغلۇم، يەنىلا سەن ئويلايسەن مېنى، — دەپ باش - كۆزۈمنى سىلاپ كەتكەنىدى.

ھەر كۈنى شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كېتەتتىم. ئاپامنى سېغىنغانچە تولا چۈشۈمگە كىرەتتى. بەزىدە خۇشال، روھلۇق ھالەتتە كۆرسەم، بەزىدە ئاجىز، غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى فاكۇلتېتىمىزدىكى خەت تارقىتىشقا مەسئۇل بالا ماڭا ئۈچ پارچە خەتنى بىراقلا ئەكىلىپ بەردى. سەنئەت، تەنتەربىيە، سۇچىلىق فاكۇلتېتلىرىنى ئايلىنىپ كەلگەچكە ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋالمىغانىكەنمەن. ئالدىراپ خەتنى ئاچتىم. باشتىكى خەتنىڭ پوچېركىسىغا قاراپلا ئۇنى ئايتۇرغان يېزىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن يازغان جاۋاب خېتى بولۇپ، ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ تىنچ - ئامان ئىكەنلىكى، مېنى سېغىنغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئاخىرىدا تاماقنى ۋاقتىدا يېيىشىمنى، قىلىنىراق كىيىنىۋېلىشىمنى، ئۆزۈم يالغۇز سىرتلاردا چۆرگۈلەپ يۈرمەسلىكىمنى، دوستلىرىم بىلەن تالا - تۈزگە چىقساممۇ كەچ قالماي مەكتەپكە بالدۇر قايتىشىمنى تاپىلاپ يازغان خەت ئىكەن. ئىككىنچىسىنى ئاپام ئۆزىنىڭ كونىچە، مايماق - سايماق خەتلىرى بىلەن يېزىپتۇ. قارىغاندا ئايتۇرغاننى ساقلاشقا تاقەت قىلالمىغان بولسا كېرەك، ئاساسلىقى مەندىن

ئەنسىرەپ پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ئاخىرىدا يەنە مەكتەپنىڭ تامىقىنىڭ قانداقلىقى، تويغۇدەك بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىنى سوراپ، لازىم بولسا ئۆيدىن نان ـ توقاچ، سوقۇم گۆشلەردىن ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچىنچىسى يەنە ئايتۇرغاننىڭ يېزىپ بەرگىنى ئىكەن. ئۇنىڭدا ئىككىنچى ھەدەمنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقى، چوڭ تاغامنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ يېقىندا خېلى ياخشى بولۇپ قالغىنىنى يېزىپ بولۇپ، «بالام، ئاسىمجان، مەنمۇ قېرىپ قالدىم، سالامەتلىكىممۇ ئىلگىرىكىدەك ئەمەس. پىكىر ـ خىيالىم سەندە، بىزدىن ھەرقانچە زېرىككەن بولساڭمۇ، ئىككىلىك خەت يازغىن، سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ قالايلى» دەپتۇ. ئايتۇرغان خەتنى كۆپ سىلىقلاپ يازغان بولسىمۇ، مەن خەتتىكى ھەربىر ئېغىز گەپنىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتىم. بولۇپمۇ «بىزدىن ھەرقانچە زېرىككەن بولساڭمۇ» دېگەن سۆزنى ئايتۇرغاننىڭ قوشۇپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاپامنىڭ خەت يازمىغىنىمدىن ئەنسىرەپ يىغلىغاندەك قىلغان سۆزلىرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. شۇ كۈنىلا خەت يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋەتتىم. خەتتە ئاپامغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مەندىن ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ، «سەندىن شۇنى ئۆتۈنەي ئاپا، سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا بەك ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كەتمە. سەن ساغلام بولساڭلا مەن خاتىرجەم ئوقۇيالايمەن. يەنە بىرى، نان ـ توقاچ، قېزا ـ سوقۇملاردىن تەييارلاپ ئەۋەتىمىز دەپسىلەر، ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تامىقى بەك ياخشى. نان ـ پان، گۆش ـ ماي ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ، يەيدىغان قورساق يوق. سىلەر يەنە ئەۋەتسەڭلا بىكار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ» دەپ يازدىم.

كۆز ئەينەكنى قىشلىق تەتىلدە ئۆزۈم ئالغاچ بارىدىغانلىقىمنى قىستۇرۇپ قويدۇم.

خەتنى سىلىقۋېتىپ بولۇپ خېلى يەڭگىللەپ قالدىم. دېمەك، ئاپام، ئۆيدىكىلەر سالامەت ئىكەن، تاغاممۇ ئوبدان بولۇپ قاپتۇ. مەن ئەمدى ئۆينى سېغىنىش ئادىتىمدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ كېتىشىم كېرەك، مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، دەرسلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل قويسام دۇرۇس بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ سىنىپتا ھەقىقەتەن قالتىس باللار بار ئىكەن. سىنىپىمىزدىكى بىرنەچچە ساۋاقدىشىمغا بەك قول قويىمەن. ئۇلار نېمىدېگەن تىرىشچان، نېمىدېگەن بىلىملىك، چوڭقۇر پىكىرلىك باللار ـ ھە. قەشقەرلىك كېرەم، كامال، غوپۇرجانلار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مەتبۇئاتتا شېئىرلارنى ئېلان قىلغان ئاساسى پۇختا باللار ئىكەن. شىماللىق باللار ئىچىدە ھېكايە بىلەن نەسرنى ياخشى يازىدىغان بىرنەچچە قىز بار ئىكەن. ھەممىدىن بىزنىڭ غۇلجا تېكەسلىك بۇغداي ئۈلۈك، جىمىغۇر كەلگەن خەمىدەنىڭ شۇنداق ئېسىل نەسرلەرنى يېزىپ بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنگىنىدىن ھەيران بولدۇم ھەم سۆيۈندۇم.

بىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ساپالىق، دەرسنى بەك ياخشى ئۆتىدۇ، ھەربىر سائەت دەرستە بىزگە كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بەزىلىرى يۇمۇرلۇق، يەنە بەزىلىرى بەك ئوبرازلىق، مەنىلىك سۆز قىلىدۇ. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىر قېتىملىق دەرستە ئايروپىلاننى مىسالغا ئېلىپ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى موتورغا، ۋەقەلىكنى ئاساسىي گەۋدىسىگە، ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرنى قاناتقا ئوخشاتقان:

— ساۋاقداشلار، موتورسىز ئايروپىلان ئۇچالامدۇ؟
— ئۇچالمايدۇ، — ھەممەيلەن تەڭ جاۋاب بەردۇق.
— ئاساسىي گەۋدىسىز ئايروپىلان بولامدۇ؟
— بولمايدۇ.
— قاناتسىز ئايروپىلان ئاسماندا پەرۋاز قىلالامدۇ؟
— ياق، قىلالمايدۇ.

دەل شۇ چاغدا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن مەكتەپ ئاسمىنىدىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتتى.

— مانا، ئەڭ مۇكەممەل شېئىر پەرۋاز قىلماقتا، — دېدى كىمدۇر بىرى. ھەممىمىز پاراقلاپ كۈلۈشتۇق. مۇئەللىممۇ كۈلدى. ئارقىدىن:

— ساۋاقداشلار، بۇ پەقەتلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيە، قۇرۇلما ۋە ھېسسىيات بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرىكمىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئاددىي بىر ئوخشىتىش. ئەمما، ئەدەبىي ئەسەر، بولۇپمۇ شېئىر ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە تەپەككۇرىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئايروپىلان مېتالدىن ياسىلىدۇ. ئۇنى كىتابقا، چېرتيوژغا قاراپ ياسىغىلى بولىدۇ. ئەمما، شېئىرنى كىتاب ياكى چېرتيوژغا قاراپ يازغىلى بولمايدۇ. بىر شائىر تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئايروپىلان ياسىيالىشى مۇمكىن، ئەمما، ئىنژېنېرنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەقىقىي شائىر بولالىشى ناتايىن، — دېدى. بۇ سۆز ئەينى چاغدا ھەممىمىزنى قالتىس روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. توغرا، ئەدەبىيات ئەنە شۇنداق ئىجادىي ئەمگەك، ئۇ تەقلىد قىلىش ئەمەس، مەڭگۈ يېڭىلىق يارىتىش، مەڭگۈ! يازغۇچى ـ شائىر ئۆزگىرىشچان ئىنسان روھىنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى. مەن ھاياتىمدا تالاي نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمما، ئاشۇ بىر سائەتلىك دەرسنى زادى

ئۇنتۇمىدىم. ئاشۇ سۆزلەر ھەر ۋاقىت، ھەتتا ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن يىللاردىمۇ قولاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇردى.

كۈنلىرىمىز دەرسلەر بىلەنلا ئەمەس، يېڭى ـ يېڭى مەزمۇنلار، تۈرلۈك پائالىيەت بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. نويابىرنىڭ بېشىدا ماناسقا ئون كۈنلۈك ئەمگەككە باردۇق. ئەمگەكتىن قايتىپ كەلسەم، مېنى ئۆيدىن كەلگەن خەت ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئايتۇرغاننىڭ كونۋېرت ئۈستىدىكى ئۇششاق، رەتلىك خەتلىرىلا نۇرغۇن مەنىنى ئىزھارلاپ تۇراتتى. كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئاپامنىڭ ئۆزى يازغانلىقىنى كۆرگىنىمدە يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. ئاپام ئۆيدىكى نۇرغۇن ئۇششاق ئىشنى، قىشنىڭ تەييارلىقىنى قانداق قىلىۋالغانلىقىنى، ئاغىنەم رەخىمنىڭ ھال سوراپ كەلگەنلىكىنى، بىر كۈن كەچكىچە لايچىلىق قىلىپ ھويلا تېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يېرىنى ئوڭشاپ بەرگەنلىكىنى يېزىپ بولۇپ، يەنە مەندىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى، مېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىنى يېزىپتۇ. خېتىنىڭ ئاخىرىدا پەرۋاسىزغىنە ئايتۇرغاننىڭمۇ ئۆزىگە كۆپ ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى يېزىپ، ئۇنىڭغا ئايرىم خەت يېزىپ قويۇشۇمنى جېكىلەپتۇ. شۇ يەردە ئولتۇرۇپلا ئاپامغا جاۋاب خەت يېزىۋەتتىم. ئايتۇرغان ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىم. بەلكىم، ئۆزى بىر ئىشلارنى ھېس قىلىۋالار. ئاپامدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ قەلبىم يەنە سېغىنىش تۇيغۇلىرىغا تولدى. ئۆيۈمگە قايتىدىغان، ئاپامنى كۆرىدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىگە تەقەززا بولدۇم. ئەمما، يىل ئاخىرىدىكى ئالدىراشلىق، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان تەييارلىقى، ياچېيكا خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش، ئىلغار ياچېيكا، ئىلغار

ئىتتىپاق ئەزالىرىنى باھالاشتەك ئىشلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپتە ھەر يىلى ئىككى يىلدا فاكۇلتېتلار ئارا سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىزنىڭ سىنىپمۇ فاكۇلتېتنىڭ كېچىلىكىگە نومۇر تەييارلىشى كېرەك ئىكەن.

بىزنىڭ تەييارلىغان نومۇرلىرىمىزدىن ئۈچى فاكۇلتېتقا تاللاندى. ئۇنىڭ بىرى، قومۇللۇق ئايىم بىلەن نۇرىيە ئورۇنلىغان «ئازادە گۇللەر» ناملىق لەپەر. يەنە بىرى، ھەدىيە ئىككىمىز ئورۇنلىغان «بىللە ماڭايلى» ناملىق ئېيتىشىش، ئاخىرىدا كوللېكتىپنىڭ ئورۇنلىشىدىكى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تاتارچە ئۇسسۇل ئىدى. قىزىق يېرى، مۇشۇ كېچىلىكتىن كېيىن سىنىپنىڭ ئارتىسى بولۇپ قالدىم دېسە. سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئون نەچچە كۈن ئوقۇغانلىقىمنىڭ تەسىرىمۇ، ھەرھالدا سەھنىگە چىققاندا ئانچە تەمتىرەپ كەتمىدىم. ئاق چىت كۆڭلەك، جىلىتكە كىيىپ، رومال ئارتىپ دېھقان ئاياللىرىغىلا ئوخشاپ قالغان ھەدىيەگە ھەيران قالغىنىمدىن تاماشىبىنلارنى ئۇنتۇپ رولغا كىرىشىپلا كېتىپتىمەن. مەن ھەدىيەگە ھەيران قالغاندەك، ھەدىيەمۇ ماڭا ھەيران قاپتۇ. سەھنىدىن چۈشۈپلا ئۇ ماڭا: «يا ئاللا ئاسىم، سىز رول ئېلىشقا نېمانچە ئۇستا. سەھنىدە سىزنى تونۇيالمايلا قالدىم. ھەرقانچە قارىسامۇ ئالدىمدا بىر جاھىل ئوتتۇرا دېھقان تۇرىدۇ، بۇنى دېسەم ئۇنى دەيدۇ، ئۇنى دېسەم بۇنى دەيدۇ. ھا ـ ھا ـ ھا...... » دەپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

يېڭى يىلدىن كېيىن، مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھانلارنى تۈگەتكەن كۈنى دۇكانمۇ دۇكان ئارىلاپ يۈرۈپ ئاپامغا بىر يۇڭ رومال، مەخسۇس چوڭلار تاقايدىغان كۆزئەينەك، ئىككى ھەدەمگە بىر جۈپتىن ئۈزۈن پايپاق

سىتىۋالدىم. مەن مۆشۆنىڭ ئۆچۆن ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا ئاپام يېنىمغا سېلىپ قويغان 30 سوم بىلەن بىزگە ئايمۆئاي بېرىدىغان تۆرمۆش پۇلىنى بىر تىيىن ئۆيان ـ بۆيان قىلماي ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۇ ـــ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئاپامغا سوۋغاتلىق ئېلىشىم ئىدى.

## 5

كۆتكەن كۆنلەرمۇ كەلدى. بىز ـــ بىر يۇرتلۇق بەش ـ ئالتە بالا يۆك ماشىنىسىدا غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. دەسلەپكى كۆنى سەپىرىمىز خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. كەڭسايغا يېقىنلاشقانچە هاۋا ئۆزگىرىپ لەپىلدەپ قار ياغقىلى تۇردى. بىز ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ، تۆپىمىزگە جۇۋا، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يېپىپ، ئىسسىق ئۆيلىرىمىزنى، ئاپىلىرىمىز ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرىدىغان مەززىلىك تاماقلارنى ئويلاپ، بۇ جاپالىق سەپەرنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى تىلەپ ئولتۇراتتۇق. كەڭسايغا بارساق ماشىنىلار قاتار توختاپ كېتىپتۇ. ئالدى تەرەپتە يول توسۇلۇپ قالغانىكەن. يول ياسىغۇچى ئىشچىلار قارنى تازىلاپ يېتىشەلمەيۋېتىپتۇ. بۇ يەردە مۇزلاپ ياتقاندىن، بېرىپ قار تازىلىغان ياخشى ئىدى. قىزلارنى نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئوغۇللار ماشىنىدىن چۈشۈپ توسۇلغان يەرگە باردۇق. تاغدىن سىيرىلىپ چۈشكەن قار يولدا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. 10 — 15 چە ئادەم گۈرجەك بىلەن قار كۆرەۋاتاتتى، سايمان يېتىشمىگەنلىكتىن ئىلاجىسىز قاراپ تۇرغان ئادەم كۆپ ئىدى. بىز ئەتراپنى ئاختۇرۇپ شۇ

ئەتراپتىكى يول ئاسراش ئۆچاستىكىسىنىڭ قورۇسىدىن يوغان بىر پارچە تاختاي تېپىۋالدۇق. تۆتىمىز تاختاينىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ، باشقىلار گۈرجەك بىلەن پەسكە چۈشۈرۈپ بەرگەن قارنى تاختاي بىلەن ئىتتىرىپ يولنىڭ ياقىسىدىكى چوڭقۇر يارلىققا چۈشۈرگىلى تۇردۇق. ھەممىمىز 16 — 17 ياشلىق باللار بولغاچ ھارغان ـ ئاچقىنىمىزنى، ئاياغلىرىمىز، ئىشتانلىرىمىزنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي تەرلەپ ـ پىشىپ شۇنداق ئىشلەپ كېتىپتىمىزكى، يىغىلىپ تۇرغان كىشىلەر روھىمىزدىن تەسىرلىنىپ، ھەربىرسى قولىغا چىققان نەرسىلەر بىلەن قار تازىلاشقا كىرىشتى. كەچكە يېقىن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ماشىنا پەيدا بولدى. كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ روھلىنىپ كېتىشتى. ئەنە شۇنداق پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش نەتىجىسىدە كەچ سائەت سەككىز ـ توققۇزلاردا يول ئېچىلىپ، ماشىنىلار چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ يولغا چىقىپ كېتىشتى. بىز شەھەرگە تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلدۇق. ئەتراپ تېخى قاراڭغۇ ئىدى. بىر تال لامپا خىرە يېنىپ تۇرغان بېكەت مەيدانى جىمجىت — چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شەۋكەت ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بىر كوچىدا بولغانلىقتىن بىللە ماڭدۇق. ئىككىمىز قولىمىزغا تاياق ئېلىپ، ئىتلار قاۋىشىپ تۇرغان كوچىلاردىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، سېغىنغان ئۆيلىرىمىزگە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق. دەسلەپتە شەۋكەت ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ھالقىنىڭ ئىشىككە ئۇرۇلغان ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن كېتىۋاتقاچ پات ـ پات كەينىمگە قارايتتىم. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ «غىچ» قىلىپ ئېچىلغىنى، بىر قېرى ئادەمنىڭ يۆتىلىپ تۇرۇپ بىر

نىمىلەرنى دېگەنلىكى، ئىشىك تاقىلىپ زەنجىرلەرنىڭ شاراقشىغىنى ئاڭلاندى، ئاخىرقى قېتىم كەينىمگە بۇرۇلغىنىمدا ئىشىك ئاۋۇالقىدەك مەھكەم تاقالغان، ئىشىك تۈۋى خۇددى ئەزەلدىن بىر كىم ئۇ يەردە تۇرۇپ باقمىغاندەك جىمجىتلىققا چۆككەنىدى.

دوقمۇشتىن قايرىلىپلا تونۇش ئىشىكنى كۆرگەندە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. بىر قولۇمدا تاياق، بىر قولۇمدا يول بويى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن خالتا. ئىشىكنى قېقىش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتۈرۈشۈمگە، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. بوسۇغىدا ئاپام تۇراتتى. ئۇ ماڭا قاراپ غۇلچىنى كېرىپ:

— سېنىڭ تىۋىشىڭنى تۇيغانىدىم بالام، مانا راستىنىلا كەلدىڭ ئەمەسمۇ، ئانىنىڭ يۈرىكى بالىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىنى تۇيماي قالامتى. كەل ساقام، سېنى تويغۇچە پۇرىۋالاي، — دېدى.

ئاپامنىڭ ئىسسىق باغرىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنى خۇددى تۆت - بەش ياشلىق ۋاقتلىرىمغا قايتقاندەك سەزدىم. ئاپام يۈز - كۆزۈم، بويۇن - باشلىرىمنى ھىدلاپ، ئىسسىق قوللىرى بىلەن سىلاپ:

— ئۆسۈپ كېتىپسەن، چىرايىڭمۇ ئۆزگىرىپ چوڭ يىگىت سىياقىغا كىرىپسەن بالام، — دەپ قولۇمدىن خالتىنى ئېلىپ ئۆيگە باشلىدى. ئىككى ھەدەممۇ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، مېنى كۆرۈپ ئەيمەنگەندەك تۇرۇپ قېلىشتى. چىراغ يېقىلغان مېھمانخانا ئۆيگە كىرگىنىمدە بۇرنۇمغا ئۆيۈمنىڭ تونۇش ھىدى گۇپپىدە ئۇرۇلدى. بۇ ئالما ھىدى، سۈت - قايماق ۋە سۇرگۈش ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىشتىھانى غىدىقلايدىغان بىر خىل ھىد ئىدى. بۇ مەن كىچىكىمدىن

ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئېسىمدىن چىقمايدىغان ھىد ئىدى. ئاپام ماڭا يەنە بىر پەس قاراپ كېتىپ، كۆز يېشىنى توختىتىۋالالماي قالدى:

— رەھمەتلىك دادىڭ مۇشۇ تۇرقۇڭنى كۆرسە قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى. ۋاي ساقام، دادامغا ئوخشايدىغان ساقام، چوڭ دادىڭ بىر كۆرگەن بولسىچۇ تېخى......

— بولدى ئاپا، يىغلاۋەرمىگىن، ئاسىم يىراق يولدىن كەلدى، ھارغاندۇ، ئاچقاندۇ. ئولتۇرۇپ قورسىقىنى توقلاپ، ھاردۇقىنى ئېلىۋالسۇن، — دېيىشىپ ھەدىلىرىم بىردەمدە داستىخان راسلىدى. ئاپامنىڭ ماڭا ئاتاپ تەييارلىغان تاتلىق - تۈرۈم، مايلىق توقاچ، سامسا - سامبۇسىلىرى، پىشۇرۇلغان گۆش، ھۆل - قۇرۇق يېمىشلەر...... نىڭ ھەربىرى ئاپام ۋە ھەدىلىرىمنىڭ سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئىسسىق ئەتكەنچايدىن كېيىن ھەدىلىرىم چاچتەك تارتىلغان لەڭمەن ئېلىپ كەلدى. ئۇلار لەڭمەننى بەك ئوخشىتىپ ئېتەتتى. شۇڭا قورسىقىم ئاللىقاچان تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ماختاپ تۇرۇپ يېۋەتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ پۇت - قولۇمنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ كىرسەم ماڭا ئورۇن سېلىپ قويۇپتۇ. مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتىدۇ. ئىسسىق ئورۇنغا ئۈزۈمنى تاشلىغىنىمنى بىلمەن، ئويغانسام چۈش بولۇپ كېتىپتۇ. ئاپام مېنى ئويغىتىشقا قىيماي بېشىمدا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، ھويلا - ئاراننى ئايلىنىپ ھەربىر ئۆيگە بېشىمنى تىقىپ بېقىپ، ھەدىلىرىمنىڭ چىرايلىق ياسالغان ئۆيىنى تاماشا قىلىپ بولۇپ چايغا ئولتۇردۇم. قورسىقىم تازا ئاچقانىدى. چايدىن كېيىن ئاپام ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئاپامنىڭ ئەتىگەنكى يىغىسى، ئەركىلىتىشلىرى ھېچنەدە يوق. يېنىمدا ئادەم

ئەيمەنگۈدەك سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مەندىن ئوقۇشۇمنى، مۇئەللىملىرىمنى، مەكتەپتىكى تۇرمۇشىمىزنى، ساۋاقداشلىرىمنى ئىنچىكىلەپ سورىدى. بىر يۇرتلۇق قىز ساۋاقدىشىمىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بەكرەك سۈرۈشتۈردى. جاۋابىمنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، دادامنىڭ مەندىن نەقەدەر زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكى، بالىمىز ئوغۇل بولۇپ قالسا دەپ، نى ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ:

ــ بالام، سەن ئۆيىمىزنىڭلا ئەمەس، جەمەتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. سەن نەۋرىلەرنىڭ چوڭى ھەم ھەممىدىن كۆپ ئوقۇغىنى. تاغىلىرىڭ، هاممىلىرىڭنىڭمۇ كۆزى سەندە. ھەممىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي تىرىشىپ ئوقۇ، مەكتەپنى ئەلاچى بولۇپ پۈتكۈزۈپ ئارىمىزغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەل، ــ دېدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ گېپى ئارىسىدا يەنە ئايتۇرغاننى تېپىلغۇسىز قىز بولدى، دەپ ماختاپ ئۆتتى. ئاپام ئەقىللىك ئايال ئىدى. گەپنى بەك ئېچىۋەتسە، مېنىڭ بىراقلا رەت قىلىۋېتىدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى ئاستا ـ ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. شۇڭا مېنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشلىرىمغا ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەيتتى. مەنمۇ كۆڭلۈمدە، ئاپام ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى خاپا قىلماي، ئۇنى ئۆزۈمدىن ئاستا ـ ئاستا زېرىكتۈرۈشنى ئويلاپ قويغاندىم. يىگىتلەر ئايتۇرغاندەك چىرايلىق قىزلارنىڭ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ قىزىنىڭ چوڭ بولۇپ كېتىپ «ئولتۇرۇپ» قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ......

ئاپامنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن دەرھال سوۋغاتلىرىمنى چىقاردىم. ئاپام:

— ۋاي ئوغلۇم، بىز ساڭا بىر تىيىن پۇل ئەۋەتمىگەن تۇرساق، نەدىكى پۇلغا بۇلارنى ئېلىپ يۈردۈڭ؟ — دېگەن بولسىمۇ، خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي ھېلى رومالنى بېشىغا ئارتىپ باقسا، ھېلى كۆزئەينىكىنى تاقاپ كۆرۈپ، ياش قىزلاردەك ئەينەكنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيلا قالدى. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا مەن ئەكەلگەن سوۋغاتلىقلارنى كۆرسىتىپ ماختىنىپ يۈردى.

چۈشتىن كېيىن ئۆيدە كونا كىتابلىرىمنى ۋاراقلاپ ئولتۇرسام، ئايتۇرغان كىرىپ كەلدى. ئۇ مەندىن بىر ياش كىچىك ئىدى، خىيالىمدا تېخى «كىچىك قىز» دەپ ھېسابلاپ كەلگەن نەۋرە سىڭلىمنىڭ ياسىنىشىغا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس گىرىم بىلەن تېخىمۇ باشقىچە بولۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ خۇددى ئۇنى تونۇيالمايۋاتقاندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدىم. ئۇ راستتىنلا ئايتۇرغاندى. قەددى ـ قامىتى ئۇنىڭ بالدۇر يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن بىر يىل بۇرۇنقى شوخ ـ تەنتەكلىكى يوقىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان چوڭ قىزلاردەك ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا ئاپامنىڭ دائىم مېنىڭ غېمىمدە يۈرگەنلىكى، ئوغلۇم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، بىرەر پېشكەللىككە يولۇققانمىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، سەھرادىن بىر «تاپقاق» مومايىنى چاقىرتىپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئويلاپ باقسام بۇ گەپنىڭ ئىچىدە بىر گەپ باردەك قىلاتتى.

— ئۇنداقتا «تاپقاق» موماي نېمە دېدى؟ — دەپ ئىنچىكىلەپ سورىسام، ئۇ قىزىرىپ تۇرۇپ:

— يىراق شەھەردە بىر ئوغلىڭىز بار ئىكەن، ئۇنى چوڭ

ئىشلار كۆتۈپ تۇرۇپتۇ. يولنى تېپىپ ماڭسا خېلى ئىش تەۋرىتىدىغان ئادەم بولىدىكەن، دەپتۇ زۆھرە بۇۋى. ئاپام: «باشقا ئىشلارچۇ؟» دەپ سورىسا، «ئوغلىڭىزنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان بىرسى بار ئىكەن، لېكىن، كېيىن يوق بولۇپ كېتىدىكەن» دەپتۇ، ــ دېدى ـ دە، چىرايىمغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە قىزىرىپ كەتتى.

ــ سەن شۇ گەپلەرگە ئىشەندىڭمۇ؟

ــ مەن بىلمىدىم. لېكىن، ھەممە ئادەم ئۇ مومايىنىڭ دېگىنى بەك توغرا چىقىدۇ دەيدىكەنغۇ.

ــ لېكىن، مەن توغرىسىدا دېگىنىنىڭ بىرىمۇ توغرا چىقماپتۇ. مېنىڭ يېنىمدا بېشىمنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان ھېچكىم يوق. بىز تېخى كىچىك تۇرساق. مەكتەپكە بارغىلى ئالتە ئاي بولماي تۇرۇپ قايمۇققىلى تۇرساق قانداق بولىدۇ. مەن مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن يەنىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇپ، كۆپرەك بىلىم ئالسام دەيمەن. شۇڭا كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئايتۇرغاننىڭ تاتىرىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.

ــ سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلماقچى، تولۇقسىزنى پۈتكۈزسەڭ داۋاملىق ئوقۇمسەن ياكى...... ؟

ــ مېنىڭغۇ تولۇق ئوتتۇرىدا داۋاملىق ئوقۇغۇم بار ئىدى. ئاپام قىز بالا دېگەن بەك ئوقۇپ كەتسە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا تېببىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن.

ــ توغرا ئويلاپسەن. سېنىڭ ئۆكىلىرىڭ جىق، بالدۇرراق خىزمەتكە چىقىپ ئۆكىلىرىڭغا قاراشقىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ.

ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتقاندا ئاپام بىر قېتىم كىرىپ بىزگە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ كەتكەنىدى. بىردەمدىلا يەنە كىرىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئايتۇرغاننىڭ ئۆيدە ئىشىم بار ئىدى، دېيىشىگە قارىماي ئۇنى تاماققا تۇتۇپ قالدى. ئايتۇرغان ئىككىمىز سىزىلەر - سىزىلمەس كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە غىزالاندۇق. بىر ھېسابتا مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى ئىدى.

تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى پەتىلەش، دادامنىڭ سەھرادىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاش، كونا دوستلار بىلەن ئولتۇرۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بولۇپ، قىشلىق تەتىل ھەش - پەش دېگۈچە ئاخىرلىشىپ قالدى. ئاپام يەنە ئەندىشىگە چۈشتى. ھەر قېتىمقى نامىزىدا سەپىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق، يوللىرىمنىڭ ئاق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلغاندىن باشقا، بېكەتكە ئادەم ئەۋەتىپ يوللارنىڭ قانداقلىقىنى سورۇشتۇرەتتى. ئاپامنىڭ دۇئالىرىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ ياكى سورۇشتۇرگەننىڭ پايدىسىمۇ، قايتىش سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى. مەكتەپكە كېلىپ كۆردۇقكى، سىنىپىمىزدىكى ئائىلىسىگە قايتقان باشقا ساۋاقداشلارمۇ كېلىپ بوپتۇ. سىنىپ - ياتاقلار، يوللار - مەيدانلار جۇشقۇن ياشلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، شاد - خۇرام كۈلكىلىرىگە تولۇپتۇ، ئالىي مەكتەپ ھاياتى نەقەدەر كۆڭۈللۈك - ھە! دەرسلىرىمىز باشلىنىپ كەتتى. سالاپەتلىك، بىلىملىك، چاچلىرى ئىلىم يولىدا ئاقارغان ئۇستازلىرىمىز قوللانمىلىرىنى قولتۇقلاپ سىنىپلارغا كىرەتتى. مۇنبەردە سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىغۇچە كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەيتتى، كىتابلارنى ۋاراقلايتتى. دوسكىغا تىنىماي خەت يېزىپ، ئۆچۈرەتتى. ئۇلار بىزگە بىلىم بېرىش يولىدا مەشئەلدەك لاۋۇلداپ ياناتتى.

يورۇقى، ھارارىتى بىلەن دىللارنى يورۇتماقچى، قەلبىمىزگە ئوت ياقماقچى بولاتتى. ئەمما، بىز بۇ قەدىرلىك كىشىلەرنىڭ، بۇ قىممەتلىك سائەتلەرنىڭ قەدرىگە دېگەندەك يېتىپ بولالمايتتۇق. بەزىلىرىمىز ھەتتا شۇنچىلىك نادان، بىخۇد ئىدۇق. ئەمما، ئۇلار بىزنى ئەيىبلەپ كەتمەيتتى، ئۇلار بىزنى چۈشىنەتتى. سۆزلىگەنلىرىنىڭ تۇپراقتا سىڭمىغان ئۇرۇقتا ئوخشاش ئاز - تولا نەملىك ۋە يورۇقلۇقتا ئېرىشكەندە ھامان كۆكلەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

## 6

مەندىن بىر قارار يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان شەۋكەت پات - پات مېنى ئىزدەپ ياتىقىمىزغا كىرەتتى. مۇنداق چاغلاردىلا ئىككىمىز يۇرتىمىزنىڭ، ئاتا - ئانىمىزنىڭ، كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا بىللە ئوينىغان ئاغىنىلەرنىڭ پارىڭىنى سىلىشاتتۇق. ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك بىلەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ بىزنى بەك قىزىقتۇراتتى، كۆڭلىمىزدە باشقىچە بىر خىل تۇيغۇلارنى قوزغايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز كىچىكىمىزدىن بىلىدىغان، ئاتا - ئانىلىرىمىز ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، مۇشۇ يۇرتتا ياشىغان كىشىلەر ئىدى.

بىر قېتىم ئۇ مەندىن:

— دادىلىرىمىز ياتقان تۇرمىلەرنى كۆرۈپ كېلەمدۇق؟ مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئال ماڭا بەك تاسادىپىي بىلىنىپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تاغىسى، مېنىڭ چوڭ

دادام بىلەن دادام گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر تۇتۇلغانچە ئىز ـ دېرىكى بولمىغان، بۇ بەختسىزلىك تۇيەيلى ئاپام، ھەدىلىرىم ۋە تۇغقانلارنىڭ كۆزىدىن بىر كۈنمۇ ياش قۇرۇمىغان. ئۇلار توغرىسىدا كۆپلىگەن مىش ـ مىش گەپنى، قورقۇنچلۇق پاراڭنى ئاڭلاۋېرىپ، بۇ گەپلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدۇق.

— سەن...... سەن قانداق بىلىسەن، دادىلىرىمىز ياتقان تۈرمىنىڭ نەدە...... ئىكەنلىكىنى؟ — بۇ گەپ بوغۇزۇمدىن ناھايىتى تەستە چىقتى.

— بارغاندىن كېيىن بىلىسەن. تاغلارنىڭ كامىرىدىكى تاشلاندۇق تۈرمىلەر ھەققىدە ئاڭلىغانمىدىڭ ؟ ئۇ يەردە تاملارغا يېزىلغان نۇرغۇن خەت بار. كۆپىرەك ئىمزىسىكىلا بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلىپ قالىدۇ. قانداق؟ قورقۇۋاتامسەن يا؟ بولدى، قورقساڭ بارمايلا قوي.

ئىچىمدە قورقۇنچ ۋە قىزىقىش تەڭلا داۋالغۇپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇنىڭ «قورقۇۋاتامسەن؟» دېگەن گېپى غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەن گېلىمنى قىرىۋېتىپ:

— بارايلى، قاچان بارىمىز؟ — دېدىم.

بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. شەۋكەتنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇزۇن قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك ھەم چوڭ قولچىراغدىن بىرنى تەييار قىلغانىدىم. شەۋكەت بويىنىغا ئېسىۋالغان بىرزېنېت سومكىغا ئۆتۈك، پەلەي، قولچىراغدىن باشقا ئامبۇر، كۈلۈچ دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سېلىۋاپتۇ. بىز 1 ـ يول ئاپتوبۇسىدا بىرنەچچە بېكەت ماڭغاندىن كېيىن باشقا بىر ئاپتوبۇسقا ئالماشتۇق. چەترەك كوچىلارنىڭ بىرىدە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قېلىپ بىر دۆڭدىن يۇقىرىغا قاراپ يەنە بىرپەس ماڭدۇق. ئاياغ ئاستىمىزدىكى يول بارغانسېرى

ئېگىزلەپ، كۆز ئالدىمىزدا ئېگىز توپا تاغ پەيدا بولدى. بۇ يەرلەر ئادەمسىز دېگۈدەك ئىدى. ئاندا ــ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان كونا قارا رەڭلىك چاپان ــ ئىشتان كىيگەن، چاچلىرى گەدەنلىرىگىچە ئۆسۈپ كەتكەن، يۈز ــ كۆزلىرىنى قاسماق باسقان ياقا يۇرتلۇق سەرگەردانلار كۆڭۈلگە ۋەھىمە سالاتتى.

ــ بۇ يەرلەرنى «ئالۋاستى تېغى» دەيدۇ، ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ــ دەپ شەۋكەت ماڭا قاراپ كولۇپ قويدى.

ــ ئاڭلىغان، ئەمما......

ئانچە ــ مۇنچە سۆگەت ۋە چاتقاللار ئۆسكەن ئارىلىق بىلەن يانغا قايرىلىشىمىزغا ئېگىز تۆمۈر ۋادەك ئالدىمىزنى توستى. شەۋكەت ئۇنىڭ ئىشىكىنى تەپتى، ئىشىك چىقىۋېتىلگەنىكەن. بىز ئىشىكتىن كىرىپ ئالدىمىزغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدە توپا تاغ تامدەك ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ ئوتتۇرىدىراق بىر يېرىدە ئۆڭكۈردەك بىر كامار بار ئىدى. شەۋكەت مېنى كامارنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. شۇ چاغدىلا بۇنىڭ ئۆڭكۈر ئەمەس، تار، قاراڭغۇ كارىدور ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. كاماردىن چۈشۈپ تۇرىدىغان غۇۋا يورۇقلۇقتا كارىدورنىڭ تاختا تاش ۋە كېسەكلەر تاشلىنىپ تۇرغان ئېغىز ئەتراپى ئوچۇقراق كۆرۈنگەندىن باشقا، ئۇنىڭ ئىرىسىدا تەننى جۇغۇلدىتىدىغان سۇرلۇك قاراڭغۇلۇق كۆزگە تاشلىناتتى.

بىز دەرھال رېزىنكە ئۆتۈك، پەلەيلەرنى كىيىپ، كاماردىن ئىچكىرىگە كىردۇق. تار ئۆڭكۈرگە ئوخشاپ كېتىدىغان كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم ئاران پاتقۇدەك ئىشىكلەر بار ئىدى. بۇ ئېغىر، قېلىن ئىشىكلەرنى كۆرۈپلا غايەت زور بىر ھەسرەت ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك

بولۇپ، بىرپەس دېمىمنى ئالالماي قالدىم. ئاياغ ئاستىمدىكى كېسەك ۋە تاختا تاشلار ھەدېسە پۇتلىشىپ يولۇمنى توساتتى. دەرھال قولچىراغنى ياقتىم. ئېڭىشىپ ئالدىمدىكى تاش ـ كېسەكلەرنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇشۇمغا، شەۋكەت:

ــ چېقىلما! بۇ يەردە زىيانلىق ھاشاراتلار بىلەن يىلان بولۇشى مۇمكىن، ماڭغاندا ئۆزۈڭنى تامدىن يىراق تۇت، ــ دېدى. مەن ئۇنى دوراپ ئېھتىيات بىلەن ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم.

بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، ئوڭ تەرەپتىكى بىرىنچى كامىرنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. كامېرنىڭ ئىشىكى ئىتتىرىشىمىزگىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بىر ئادەم ئارانلا پاتقۇدەك چوڭقۇر ئۆڭكۈر ئىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن مۇزدەك سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ــ نېمانداق سوغۇق يەر بۇ؟ ــ دېدىم ئىختىيارسىز.

ــ تېگىگە قارىماسەن، تېگىگە قارا، سۇ تۇرمىسى بۇ، ــ دېدى شاۋكەت. قولچىرىغىمنى پەسكە تۇتۇپ پارقىراپ تۇرغان قاپقارا سۇنى كۆرگەندە چىشلىرىم كىرىشىپ كاسىلداۋاتقاندەك بولدۇم. شاۋكەت قولچىرىغى بىلەن كامېرنىڭ تاملىرىنى يورۇتتى. قارامتۇل داغلار بىلەن تولغان قوپال تامنىڭ ئادەم بويى كەلگۈدەك يېرىدە سىنچىلاپ قارىغاندا كۆرگىلى بولىدىغان ئەگرى ـ بۈگرى، كونىچە خەت كۆزگە تاشلىناتتى. خەت ئۇچلۇق تاش پارچىسىدەك بىرنەرسىدە تامنى ئويۇپ يېزىلغاندەك تۇراتتى. شەۋكەت ئۇ خەتلەرنى ئوقۇدى:

«مەنكى قەشقەر بەشكېرەملىك شېرىپ ھاجى، بۇ زىنداندا ئالتە ئاي ياتتىم. نېمە گۇناھىم بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئېھ، ئاللا ئامانىتىڭنى تېزرەك ئېلىپ، بۇ دوزاختىن

قۇتۇلدۇرغايسەن. ئامىن. ھىجرىيەنىڭ...... يىلى......»
— قارا، بىزنىڭ دادىلىرىمىز بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇتۇلغانىكەن، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا، — ئىلگىرىكىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇلار بۇ خەتلەرنى تىرنىقى بىلەن تامنى ئويۇپ يازغانىكەن. ئاۋۇ قارا داغلار ئۇلارنىڭ تىرنىقىدىن چىققان قانمىش.
قانداقلارچە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىمكىن، مەن بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم:
— ۋاي دادام، ۋاي چوڭ دادام، مۇشۇنداق كۈنلەرنى كۆرگەنمىدىڭ دادام، نېمە گۇناھىڭ بولغىيتتى دادام...... بىز ئالتە بالاڭ مېھرىڭگە قانماي چوڭ بولمىدۇقمۇ دادام......
شەۋكەت مۇرەمدىن قۇچاقلاپ ئۆزىنىڭمۇ دەسلەپكى قېتىم كەلگەندە مەندىن بەتتەر بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ تەسەللى بەردى. بىز تاكى يولىمىزنى قېلىن تۆمۈر ئىشىك توسقۇچە ئىككى قاتتىكى كامېرلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ كۆردۇق. كامېرلار بىر – بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. كۆپلىرىدە باشتا كۆرگىنىمىزدەك خەتلەر بار ئىدى. بىزنىڭ دادىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق كامېرلارنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق خەتلەرنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئاپامدىن ئاڭلىشىمچە، دادام ئوغرىلىقچە چىقارغان خېتىدە ئۆزىنىڭ بىر تاغنىڭ كامېرىدا ئىكەنلىكىنى يازغانىكەن.
مەن چوڭ بولسام ئۆيىمىزدە سۆڭەك رامكىغا ئېلىنغان ئىككى پارچە كونا سۈرەت بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى چوڭ دادام ئىككى ئوغلى بىلەن چۈشكەن سۈرەت؛ يەنە بىرى، ئاپام بىلەن دادام چوڭ ئىككى ھەدەمنى قۇچىقىغا ئېلىپ چۈشكەن سۈرەت ئىدى. ئىككىلا سۈرەتتىكى دادام 40 نەچچە ياشلاردىكى، قاشلىرى قويۇق، ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئاپام مارجان دوپپا،

ئۆزۈن ئاق كۆڭلەك، قارا جىلىتكە كىيىۋالغانىدى. چوڭ دادام ئوغۇللىرىغا ئانچە ئوخشىمايدىغان، ئورۇق، ئاقسېرىق ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئاپام ماڭا يۈزۈڭنىڭ سوزۇنچاقلىقى چوڭ داداڭغا، ئاغزىڭ بىلەن ئېڭىكىڭ، كۆزۈڭنىڭ ئىچى داداڭغا ئوخشايدۇ، دەيتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا بۇ سۆزلەرگە سائەتلەپ سىنچىلاپ قاراپمۇ كۆڭلۈمدە ئۇلارغا نىسبەتەن بىرەر يېقىنلىقنىڭ پەيدا بولغىنىنى سېزەلمەيتتىم. مەن بۇ خارابە تۈرمىگە دەسسىگەن كۈنۈمدىن تارتىپ كۆز ئالدىمدا چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك چاچراپ تۇرىدىغان ئىككى ئادەمنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇلار مېنىڭ بوۋام ۋە دادام ـــ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم ئىدى.

شەۋكەت ئىككىمىز كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا ھەر يەكشەنبە كۈنى دېگۈدەك ئەتراپتىكى توپا تاغلارنى چۆرگۈلەپ يۈردۇق. تاغ ئۈستىدىكى راۋاقنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بىر ئۆڭكۈر تېخىمۇ ئەبجەق، تېخىمۇ تار بىر تۈرمىگە تۇتىشاتتى. بىز ئۇچەيدەك تار تاش پەلەمپەيدىن ئۆمىلەپ دېگەندەك چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، بۇ يەردە ياتقانلار نېمە كۈنلەرنى كۆرگەن بولغىيتتى، دېيىشتۇق.

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، بۇ تۈرمىلەرنىڭ رەسمىي ئىشىكى يوق ئىدى. ئىشىكلەر چاپلىۋېتىلىپ، يۈز مىڭلىغان مەھبۇس بۇ يەرگە تىرىك كۆمۈلگەنمىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۇلار قانداق ئۆلتۈرۈلگەن، قەيەرلەرگە كۆمۈلگەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم. شەۋكەتتىن سورىسام ئۇمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق يەردە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر يىل ياشىيالىشىغا ئىشەنمەيتتىم. ماڭا مۇشۇ ئۆڭكۈرلەر، قاپقارا

سېسىق سۇنىڭ ئاستى چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەر، زەھەرلىك يىلان ـ چايان، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن تولغاندەك بىلىنەتتى. ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ يەردىن چىقىپ كەتكۈچە كۆزۈم تۆت بولاتتى. ئاخشاملىرى كارىۋىتىمدا يېتىپ تاغلارنىڭ چوڭقۇر كامارلىرىدا جان تالىشىۋاتقان سانسىزلىغان ئادەمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم ۋە كېچىچە قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ قارا بېسىپ چىقاتتىم.

شۇنداق تەۋەككۈلچىلىكلەرنىڭ بىرىدىن كېيىن مەن شەۋكەتكە:

ـــ ھازىرقى دەۋرىمىز نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! گومىنداڭچىلار ئوقۇغان ـ بىلگەن، تۆت تەڭگە پۇل تاپقىنىنىڭ ھەممىنى قىرىپ يوقاتقانىكەن، كومپارتىيە بولسا سەن بىلەن بىزدەكلەرنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەۋاتىدۇ. سوتسىيالىزم، كوممونىزم قۇرۇپ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرىمىز دەۋاتىدۇ. بىز چوقۇم ياخشى ئوقۇپ پارتىيەنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشىمىز كېرەك ئىكەن، سېنىڭچە قانداق؟ ـــ دېدىم. شەۋكەتمۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

ـــ توغرا دەيسەن، ياخشى ئوقۇشىمىز كېرەك، ـــ دېدى.

شەۋكەت ئىككىمىز كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ھەر يەكشەنبە دېگۈدەك ئەتراپتىكى توپا تاغلارنى چۆرگىلەپ يۈردۇق، ئەمما، دادىلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىزنا تاپالمىدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي يازلىق تەتىل باشلاندى. خۇددى ھەممە كۆڭۈلسىز ئىشنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك، تەتىلنى ئويۇن بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. ئىككىنچى يىلى شەۋكەتنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى بولغانلىقتىن باشقا ئىشلارغا چولىسى تەگمىدى. ئىككىلىمىز ئۆز ئىشىمىز

بىلەن بولۇپ كەتتۇق. شەۋكەت ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرغىلى كەتتى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ چوڭ بىر نازارەتكە ئورۇنلاشتى. شۇ يەردە بىر ئوبدان ئىشلەپ يۈرگەنىدى، ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تازا ئەۋجىگە چىققان يىللىرى ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچماقچى بولغاندا، چېگرادا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. دەرۋەقە، 1980 ـ يىللاردا چېگرا ئېچىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قاچقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋەتەنگە كەلدى. ئەمما، شەۋكەت ئۇلار بىلەن بىللە قايتىپ كېلەلمىدى. مەن شەۋكەتنى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ئېچىنىش بىلەن دائىم ئەسلەيمەن. ئۇ ئاجايىپ ئۆتكۈر، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم ئىگىسى بولۇپلا قالماي، دوستلۇققا يارايدىغان ئېسىل يىگىت ئىدى، ئىست، ئۇ ئاشۇ پاراكەندە يىللارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.



## 7

بىز ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى كۈزدە، مەكتىپىمىزدە «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى باشلاندى. دەسلەپتە پارتىيەنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا پىكىر بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىنغاندا ھەممە ئادەم بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. شۇ چاغدا بەزى بىلىملىك، ۋىجدانلىق ئادەملەر سىياسەتلەردىكى، بولۇپمۇ يېزا سىياسەتلىرىدىكى ئېغىپ كېتىشلەر، خاتا سىياسەتلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يامان ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا پىكىر بەردى. يەنە بەزى نەزەرىيەچىلەر ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ

سوتسىيالىزم باسقۇچى توغرىسىدىكى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئەمەلىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەرگە باغلاپ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. خىزمەت ئۇسۇلى ۋە ئىستىلىدىكى مەسىلىلەرمۇ چالا قالمىدى. بۇ پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەمىمىي نىيەتتە بېرىلگەن بولۇپ، جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بۇنداق سەمىمىي پىكىر - تەكلىپكە ھەقىقەتەن موھتاج ئىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ، دۇنيادا مۇكەممەل شەيئىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيەنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن يېتەرسىزلىك ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئىلگىرى تېگىگە يېتەلمىگەن، گاڭگىرىغان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ، پىكرىم ئېچىلىپ قالغاندەك بولۇغاندىم. پارتىيە خەلق بىلەن قەلبداش، پارتىيە خەلققە ئىشىنىدۇ، بۇ پىكىر - تەكلىپلەرنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

بىراق، ئىشلار بىزدەكلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمىدى. مەكتەپ، ئىدارە - جەمئىيەت، كان - كارخانا، يېزىلاردا ھەق گەپ قىلغانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ تارتىپ چىقىرىلدى. سىنىپىمىزدىكى كېرەم باشلىق تۆت ئوغۇل ساۋاقدىشىمىز «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قىلىپ قويۇلدى، ھەتتا ھەدىيە، كامال، نۇرىيە قاتارلىق بىر قىسىملىرىمىز «ئالتۇن كەش» دىرامىسىغا قاتناشقانلىقىمىز ئۈچۈنلا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تارتتۇق. شۇ چاغدىكى تۈگىمەس تەنقىد، تەكشۈرۈشلەرنى ئويلىسام ھازىرمۇ بېشىم قايىدۇ.

سىنىپ مۇدىرىمىز سىنىپتىكى باللارنى ھەربىر كەتتىكى ئېپادىسىگە قاراپ «ئىلغار»، «ئوتتۇرا ھال»، «قالاق» دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىغان بولۇپ، بىزنى «مەسىلىسىنى تونۇش ئىپادىسى ياخشى» دەپ ئوتتۇرا ھاللار گۇرۇپپىسىغا بۆلۈپ قويۇپتۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن پەرۋايى پەلەك يۈرىدىغانلار، جىمغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بۇ گۇرۇپپا مېنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى روھىي ھالىتىمگە ئىنتايىن ماس كېلەتتى. شۇ كۈنلەردە مەن ئىلگىرىكى ئوتتەك قىزغىنلىقىم ۋە غايە ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىمدىن ئايرىلىپلا قالماي، ئىككى يىلدىن بۇيان قەلبىمگە پۈكۈپ، ئوت - يىراقىدا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن مۇھەببىتىمدىنمۇ ئايرىلغانىدىم. قەلبىمدىكى ئازاب، مەنىسىزلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇ كۈنلەر بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. شۇ زېرىكىشلىك ئىچىدە مەن ساندۇقۇمنى ئاختۇرۇپ بىر ۋاقىتلاردا يېزىپ تاشلاپ قويغان «رەھىم ۋە رەيھان» داستانىنى قايتا قولۇمغا ئالدىم. ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ تۇرغان ئوي - پىكىر، ھېسسىياتلىرىمنى سىڭدۈرۈپ ئۇنى قايتا پىششىقلاپ يېزىپ چىقتىم. ئۇنىڭدا، سۆيگەن قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچكەن بىر يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئازابلىق روھىي ھالىتى تەسۋىرلىنەتتى...... مەتبۇئاتلارنىڭ مۇنداق مۇھەببەت داستانلىرىنى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنى ژۇرنال تەھرىراتىغا ئەۋەتتىم. كۆڭلۇمدە، ئۇنى باشقا بىرسى كۆرسە، ھە، مۇنداق ئىشلارمۇ بار ئىكەن، دەپ قالسا، «داستانىڭىز ناھايىتى تەسىرلىك ئىكەن، ئەمما، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى

ئىشلىتەلمىدۇق، كەچۈرۈڭ» دەپ ئىككىلىك جاۋاب خەت كەلسە، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، داستانىم سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوق بولدى. ھېچقانداق جاۋابمۇ كەلمىدى. لېكىن، داستان بىلەن تەڭ ئازابلىرىمنىمۇ باشقا بىر يەرگە ئەۋەتىۋەتكەندەك خېلىلا يەڭگىللەپ قالدىم.

«ھەرىكەت» ئاخىرلىشىپ، خىزمەت تەقسىماتىمىزمۇ ئېلان قىلىندى. مەن ئارزۇيۇمدىكى يەرگە — ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇزلۇق ئاشۇ ئەدەبىي ژۇرنالغا تەقسىم قىلىندىم. ھەدىيە ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە قالدى. كامال يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرىيەنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى. يەنە بىرنەچچەيلەن ئۈرۈمچىدە ئىشلەشنى خالىماي ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، گۇۋاھ بولغان نۇرغۇن پاجىئە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەنىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانا، يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ يېنىدا ياشاشنى تاللىدى. ئەمما، ئۇلار سىياسىي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ ھەيۋىسى چەت ـ يىراق جايلاردا تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، ئادەملىك ۋە ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق قورغاننى بىتچىت قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ، خىزمەت ئىشىمدا ئاپام بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئەگەر ئاپام يېنىمدا تۇرمىساڭ بولمايتتى دېسە، ئىككىلەنمەي قايتىپ كېلەتتىم. ئەمما، ئاپام ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان يەرگە بۆلۈنگىنىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. مەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ يېنىمدا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى قايتىپ بېرىپ ياخشى ئىشلەپ، تەشكىلنىمۇ رازى قىلىپ، كۆزلىگەن

نىشانلىرىمغىمۇ يېتىشكە ئىلھاملاندۇردى. مېنىڭچە، بۇ ئاپامنىڭ قوشنىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىندى. ئۇلارنىڭ ئوغلى شەۋكەت ئۈرۈمچىدە چوڭ بىر ئىدارىدە ئىشلەيتتى. ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقانلىرى ئۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنىشەتتى. مېنىڭ ئۈرۈمچىدە نامىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەدەبىي ژۇرنالغا ئىشلەشكە بۆلۈنگىنىم ئاپامنىمۇ ئۇلاردەك ماختىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

تۇنجى ئىشقا چۈشكەن كۈنۈم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ بىر كۈز كۈنى ئىدى. سارغايغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تولغان، ئادەم شالاڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئىشخانىغا قانداق كىرىشنى، سۈرلۈك مۇھەررىر ئەپەندىلەر بىلەن قانداق سالاملىشىشنى ئويلىدىم. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ چاققانغىنە قورۇسىغا كىرىپ كەلگىنىمدە قەلبىمدە تۇرلۇك ھېسسىيات مەۋج ئۇردى. ئىلگىرى شېئىر ئېلىپ كەلگەن چاغلىرىمدا بۇ قورۇ، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى رۇس ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا كۆزۈمگە شۇنچە كۆركەم، شۇنچە ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. تەھرىر بۆلۈمىگە كىرگۈچە يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالاتتى. مانا ئەمدى بۇ كاتتا ئورۇننىڭ بىر خىزمەتچىسى بولۇپ كىرىپ كېلىۋاتىمەن. قەدەملىرىم باشقىچە جانلىق. قەلبىمدە ئىشەنچ. ئىشىكنى ئېچىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىردىم. ئەمما، ئىشخانىدا ئۇدۇلدىكى بۇلۇڭدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئاق يۇزلۇك بىر ياش مۇھەررىردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە ئىشقا بەند بولۇپ كەتتى. ئالدىدا دۆۋىلىنىشىپ تۇرغان قەغەزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، ئۇ بەك ئالدىراشتەك

قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋېتىشتىن قورقۇپ گەپ سوراشقا پېتىنالماي ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا بىر دەم ئولتۇردۇم. ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلغان كونا ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ باقتىم. ئۇ يەنىلا ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەيتتى. قەغەزلەرگە شارت - شۇرت بىر نېمىلەرنى جىجاپ، يېزىپ، ۋاراقلارنى تېز - تېز ئۆرۈيتتى. باشقا ئىشخانىلارغا چىقىپ قاراپ باقاي، بەلكىم «بۇركۇت ئەپەندى»، «مەشئەل ئەپەندى» لەرنىڭ بىرەرسىنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىكتىن كۆزئەينەك تاقىغان، سېمىزرەك كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— ھە، يىگىت، كەپقاپتۇقۇ، ئەسەر ئېلىپ كەلگەنمۇ ياكى؟......

دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ يانچۇقۇمدىن خىزمەت ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندۇم. ئۇ قەغەزگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپلا، كۆلۈمسىرەپ ماڭا باشتىن - ئاخىر بىر قارىۋەتتى - دە:

— ھە...... ھە، يېڭى كەلگەن خادىمىمىز ئىكەنغۇ، قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز. غۇلجىلىق ئىكەنسىز-دە. بىزنىڭ بۇ يەردە غۇلجىلىقلار خېلى بار. قېنى يۈرۈڭ، مەن سىزنى كادىرلار بۆلۈمىگە باشلاپ چىقاي، — دېدى. كادىرلار بۆلۈمىدىن ئىشىمنى تۈگىتىپ كىرسەم كۆزئەينەكلىك يەنە بىر مۇھەررىرمۇ ئولتۇرۇپتۇ. بۆلۈمدىكى كىشىدىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. ئىسمىمنى، ئوقۇغان مەكتىپىمنى سوراپ بولۇپ، بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى:

— ھە راست، ئاسىمجان...... ھېلىقى ئاسىمجان سىزغۇ دەيمەن. نېمىتى؟ ھە - ھە، «رېھىم ۋە رەيھان» داستانىنىڭ

ئاپتورى. ئەسىرىمىزنى ئەسلىي ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىپ ژۇرنالغا بېرەيلى دەپمۇ ئويلاشقان. لېكىن، بولماي قالدى. هازىر نوقۇل مۇھەببەت داستانلىرى قارشى ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەردە غەمكىن كەيپىيات بەك قويۇق ئىكەن. ھەرقانداق ئەسەرگە نۆۋەتتىكى كۆرەش ئەھۋالىنى سىڭدۈرمىسىڭىز ئۆتكەلدىن قەتئىي ئۆتمەيدۇ...... توختاڭ ـ ھە، مەن سىزگە تېپىپ بېرەي......

ــ رەھمەت ئاكا، ھېلىمۇ كۆپ كۈچەپسىلەر. مەن ئۆزۈم كېيىنچە پىششىقلاپ ئىشلىۋالارمەن، ــ دەپ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ۋۇجۇدقا چىقارغان، نۇرغۇن زېھنىي كۈچۈمنى، ياشلىق ھېسسىياتلىرىم ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى سىڭدۈرگەن داستانىمنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپلا پۇرلەپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ئاڭغۇچە كۆز ئەينەكلىك سېمىز ئادەم يەنە كىرىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇزىنى پازىل دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئىشخانىدىكى بوش ئورۇنلارنىڭ قايسىسىنى خالىسام ئولتۇرۇۋەرسەم بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى ۋە مېنى يەنە ياندىكى بىناغا باشلاپ چىقىپ ياتىقىمنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىدارىدىكى خادىملارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئەتراپىدىكى بىر قورۇدا ئولتۇرىدىكەن. ئۆيلەر يەتمىگەچكە، ئىلگىرى مەمۇرىيەت بىناسى بولغان بۇ بىنا ياتاق بىناسى قىلىپ ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ.

ئۈچ قەۋەتلىك بۇ بىنانىڭ تار ئىشىكىدىن كىرىشىمگە بۇرنۇمغا ئاشخانا پۇرىقى ئۇرۇلدى. كىچىك لامپىلار بىلەن يورۇتۇلغان خىرە كارىدور ئوچاق، ئوتۇن ـ كۆمۈر، چوڭ ـ كىچىك ئىشكاپ، قازان ـ قومۇچ، تاملارغا ئېسىۋېتىلگەن سامساق ـ پىياز، قۇرۇتۇلغان قىزىلمۇچلار بىلەن تولغانىدى. غىچىلداپ تۇرىدىغان پەلەمپەي بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە

چىقتۇق. ئوچاق، قازان، لاقا ـ لۇقىلارنىڭ ئارىسىدىن يېنىپچىلاپ ئۆتۈپ، كارىدورنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. پازىل ئاكا قولىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ، ئاچقۇچنى ماڭا بەردى.

ــ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، مۇشۇ ئۆي ھەل بولۇپ قالدى دەڭە. بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتۇق. بۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى دېگەن يەردە ئۆي بەك قىس. يېڭى كەلگەنلەرگە ئۆي تاپالماي بەك قىينىلىمىز......

ئۆي يېقىندا بوشىتىلغان ئامبار بولسا كېرەك، ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە قەغەز پارچىلىرى، يىرتىق تاغار، كونا يەشىكلەر كۆزگە تاشلىناتتى. تام ـ تورۇسلاردىن قېلىن ـ قېلىن ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. دېرىزە ئەينىكى مەينەتلىكىدىن سىرلانغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى، ياخشى يېرى، تۆردە بىر كارىۋات بار ئىكەن. ئىشىك ئارقىسىدىكى بۇلۇڭدا داس ـ چېلەك، سۇپۇرگە دېگەندەك نەرسىلەرمۇ تۇرغاندەك قىلىدۇ. قارىغاندا ئىككى كۈن قاتتىق ئەمگەك قىلسام ئۆيۈمنى ئۆي قىياپىتىگە كىرگۈزەلىگۈدەكمەن. ئۇ چىقىپ كېتىش ئالدىدا:

ــ نەسرىي ئەسەرلەرگە تەييارلىقىڭىز قانداقراق؟ بىزدە شېئىر ئىشلەيدىغانلار كۆپرەك. بۇ قېتىم نەسرىي ئەسەر ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىگە شامال دارىپ قالدى. قانداق، ھېكايە ئىشلەپ باقامسىز؟ ــ دېدى. مەن گاڭگىراش ئىچىدە ماقۇل بولدۇم. «شامال دارىش» دېگەننىڭ مەنىسىنى كېيىن چۈشەندىم. بۇ يەردە ھەرىكەتتە زەربىگە ئۇچراپ تارتىپ چىقىرىلغانلارنى شۇنداق ئاتايدىكەن. يەنە كېلىپ بۇ يەردە «شامال دارىپ قالغان» لار بەك كۆپ ئىكەن. بايىقى كۆزئەينەكلىك ياش مۇھەررىرمۇ كېرەمنىڭ «ئۆگەي ئانا»

داستانىنى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بىر مەزگىل«شامال دارىپ» خىزمەتتىن توختىتىلىشقا تېگىشلىك ئىكەن. يېقىندا «مەيدانىنى توغرىلاپ»، بۇ داستان توغرىسىدا ئۆزۈن بىر تەنقىد ماقالىسى يازغاندىن كېيىن بۆلۈمگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ماڭىمۇ «شامال دارىپ قىلىش» تىن پەخەس بولۇش، گۇمانلىق ئەسەرلەرنى ھەرگىز ئىشلىمەسلىكنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ماڭا باشقىچە بىر «شامال دارىپ» بولغانىدى. ئۇ ئايرىلىش، ھىجران شامىلى ئىدى.

## 8

سەنئەت فاكۇلتېتىدا بىز بىلەن بىر قاراردا ئوقۇيدىغان بىر قىز بولىدىغان. دەسلەپتە سەنئەت فاكۇلتېتىدا «ئوقۇپ» يۈرگەن چاغلىرىمدىن تارتىپلا ئۇ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئانار ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى، ئېگىز، زىلۋا بوي - تۇرقى، ھەممىدىن ئۆزۈن ھەم توم ئىككى ئۆرۈم چېچى مېنى بەك جەلپ قىلاتتى. ئانار چاچلىرىنى قىشتا كۆپىنچە بېشىغا چەمبەرسىمان قىلىپ ئورىۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭغا بەك يارىشاتتى. يازدا ئىككى ياكى بىر تال ئۆرۈپ قويۇپ بېرەتتى. ئاشخانىدا تاماققا ئۆچىرەت تۇرغانىدا ئۇ ئالدىمدا تۇرۇپ قالغان بولسا ياكى مەكتەپ ئىچىدە ئالدىمدا كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم ئۇنىڭ چاچلىرىغا زوق بىلەن قاراپ قالاتتىم. ئاشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان چاچلارنى قولۇمغا ئېلىپ سىلاپ باققۇم كېلەتتى. ئىچىمدە: «مۇشۇنداق قىزلار بىلەن ياشىسا كىشىدە نە ئارمان» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. بەزىدە «ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇپ باقسامچۇ؟» دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالاتتىم. ئەمما، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈۋاتقان يىگىتلەر ئازمۇ،

مۇشۇنداق كۆزنىڭ يىغىنى يېگۇدەك قىزلارنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتى بولماي قالارمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام سەنئەتچى، ئارتىس دېگەنلەرنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئايتۇرغاننى يااراتماي، مۇشۇ ئارتىسنى تاپتىڭمۇ دەپ قالسىچۇ؟...... دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋالاتتىم. بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئىتتىپاق ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن باشلىنىشتىن ئىلگىرى مەن ئوتتۇرىدىكى قاتارنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يىغىندىن تارقاتقان پارقىراق قىزىل تاشلىق خاتىرىنى ھەۋەس بىلەن ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقتىم. يانچۇقۇمدىن قەلەمنى ئېلىپ يىغىندا سۆزلەنگەنلەرنى خاتىرىلىۋېلىشقا تەييارلاندىم. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىسام، تارغىنە ئۆتۈشمە يولنىڭ نېرىسىدا — دەل مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا ھېلىقى ئۇزۇن چاچلىق قىز ئولتۇرىدۇ. بۈگۈن ئۇ چېچىنى بېشىغا چەمبىرەك قىلىپ ئورىۋاپتۇ. كالتا يەڭ ئاق كۆڭلىكى، بوينىدىكى نېپىز شارپىسى ئۇنىڭغا شۇنداق يارىشىپ كېتىپتۇكى، بىرپەس ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئالدىمغا قاراپ ئولتۇرساممۇ، ئىختىيارسىز ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلەتتى، ھاياجاندىن يۈرىكىم ئويناپ كەتكەندى. بىر چاغدا قىز بۇرۇلۇپ يوغان كۆزلىرىنى ئوتتەك چاقنىتىپ ماڭا لەپپىدە بىر قارىدى، سەل كۈلۈمسىرەپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى. بۇ قاراش جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى. «ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن!» دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئاشىق بولدۇمكى، زالدا نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ، كىم چىقىپ، كىم چۈشۈۋاتىدۇ، خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. يىغىن خاتىرىسى يازىدىغان بۇ دەپتەرنىڭ

بىر ىنچى بېتىنى «ئانار، ئانار، ئانار......» دەپ يېزىپ تولدۇرۇۋەتكەنلىكىمنىلا بىلىمەن. يۈرىكىمنىڭ قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. كۆز ئالدىمدا ئاق گۈلگە ئوخشايدىغان ئاق كوئلەكلىك ئاشۇ قىز. يىغىن تۈگىگەندە ئۇنىڭ يېنىدا مېڭىشقا تىرىشتىم. ئەمما، ئۇ ئەتراپىدىكى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈپ ماڭدى. ماڭا ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىۋالغۇدەك پۇرسەت چىقمىدى. ياتاققا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتسام، باللاردىن بىرى :

— سەن خاتىرە دەپتىرىڭنى يىغىن زالىدا ئۇنتۇپ قاپسەن، باشقا سىنىپنىڭ باللىرى ئالغاچ چىقىپتۇ، — دەپ بىر خاتىرىنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ مېنىڭ خاتىرەم ئەمەس ئىدى. خەتنىڭ ئۇششاق، رەتلىكلىكىدىن قارىغاندا قىز بالىنىڭ خاتىرىسىدەك قىلاتتى. يىغىندا سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە خاتىرىلەپ ئاپتۇ. ئەمما، خاتىرىگە ئىسمىنى يازماپتۇ. خاتىرىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرسام، ئىچىدىن بىر باغاقچە چىقىپ قالدى. ئۇنىڭدا كىمدۇر بىرىنىڭ سەت پوچېركىسى بىلەن يېزىلغان بىر جۈملە سۆز بار ئىدى، «ئانار يېنىڭغا قاراپ باق، بىر يىگىت ئوت ـ پىراقىڭدا خۇدىنى يوقاتتى، ھى، ھى، ھى......» باغاقچىنى ئۇششاق يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. دېمەك، بۇ ئانارنىڭ خاتىرىسى ئىكەن. ماڭا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى چىققانىدى. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ، ئەينەككە قاراپ بېشىمغا پاتماي تۇرغان قاپقارا چېچىمنى تاراشقا باشلىدىم. دولقۇنلىنىپ پېشانەمگە چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تۇتام چېچىمنى يۇقىرىغا تارىۋېتىمىش ـ تارىۋەتمەسلىك ئۈستىدە خېلى ئۇزاق

ئويلانغاندىن كېيىن، شۇ پېتى قويۇپ قويدۇم. قىزلار ياتىقىغا بارسام، نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سېمىز ئايال مېنى ئىچكىرىگە كىرگىلى قويماي، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا:

— ھەي قىزلار، ئانارنى چاقىرىۋېتىڭلار، بىرسى كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى. قىزلار بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ چىقىپ كەتتى، بۈگۈن مېنى خەقلەرنىڭ گەپ - سۆزى قورقۇتالمايتتى. ئانار ئىتتىكلا چۈشتى - يۇ، مېنى كۆرۈپ سەل تارتىنغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— ئانار، ماۋۇ سىزنىڭ خاتىرىڭىز ئىكەن، زالدا ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز، — دېدىم. ئۇ قولۇمدىكى خاتىرىگە قاراپ چۆچۈگەندەك بولدى. ھۇپپىدە قىزىرىپ خاتىرىنى قولىغا ئالدى - دە، چاندۇرماي ۋاراقلاپ باقتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— توختاپ تۇرۇڭە، — دەپ يۈگۈرۈپ 2 - قەۋەتكە چىقىپ كەتتى، بىردەمدىلا تاراقلاپ چۈشۈپ، ماڭا بىر خاتىرىنى سۇندى:

— ماۋۇ سىزنىڭمىدى؟

مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپلا 1 - بەتتىكى ئانا، ئانار...... دەپ يېزىۋەتكەن خەتلىرىمنى كۆردۇم. قىلچە ھودۇقماي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، بۇ مېنىڭ خاتىرەم، — دېدىم، ئارقىدىن، — ئىككىمىزنىڭ خاتىرىسى ئالمىشىپ قالغىنى قىزىق، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ئانار يەنە بىر قېتىم قىزاردى. تونۇلمىسىنىڭ ئۇچى بىلەن تاختايىنى چىجاپ سەل ئويلانغاندەك قىلىپ:

— رەھمەت سىزگە، ئاۋارە بولۇپسىز، — دېدى.

— ياق، مەنمۇ سىزنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، — دېدىم يەنە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

قىز ئارا پاشنىلىق ئاق تۇپلىيى بىلەن «تاك، تاك» دەسسەپ 2 - قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. مەن خاتىرەمنىڭ سەنئەت فاكۇلتېت قىزلىرى ئارىسىدا سازايى بولغىنىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئەمما، كۆڭلۈم قىلچە يېرىم بولمىدى. ئاشىقلىق مېنى يۈرەكلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئىككىمىزنىڭ زالدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ قېلىشىمىز، ئىككىلىمىزنىڭ خاتىرىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز، يەنە كېلىپ ئالمىشىپ قېلىشى ماڭا بىر تەقدىرنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلدى. ئەمما، ئانارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش سەزمىدىم. ئۇ ماڭا ئىلگىرىكىدەك بىر خىل مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. مېنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان بىر ئېغىز سۆز ياكى ھەرىكەت قىلمىدى. مەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرۈۋەردىم ھەم مۇھەببەت توغرىسىدا شېئىرلارنى يازدىم.

ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغان، تەقسىماتنى كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزنىڭ بىرىدە، يارى بىلەن مەكتەپ ئالدىدىكى قارىياغاچلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈپ كەلگۈسى غايىمىز ۋە مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىدە يوشۇرۇن ساقلاۋاتقان كۆيۈك دەردىنى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ بىر قىزغا ئاشىق ئىكەنلىكى، ئەمما، ئۇنىڭ رەت قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالماي يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ ناھايىتى ھەسرەتلەندى. يارى ئاككوردىيون چېلىپ ئويۇن - كۈلكە ئارىسىدا يۈرگىنى بىلەن، ناھايىتى نومۇسچان ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت ئىدى. ئوتتۇرا بوي، چىرايى سەل قارامتۇل، ئەمما، قاش -

كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، بۇدۇر چاچلىرى ئۆزىگە بەك يارىشىدىغان بۇ يىگىت ئاككوردىيوننى بۇلبۇلدەك سايرىتىپ يۈرۈپ قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى. ئەمما، ھېچقانداق بىر قىز بىلەن پەۋقۇلئاددە يېقىنلىشىپ كەتمەيتتى. ناھايىتى پاكىز يۈرسىمۇ ياسانچۇقلۇق، بەتخەجلىك قىلمايتتى.

مەن ئۇنى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى ھۆرمەت قىلاتتىم ۋە يېقىن كۆرەتتىم. بۇ گېپىمدىنغۇ ئۇنىڭ باشقا قىزلارغا كۆز تاشلىماي يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. ئەمما، ئۇ نېمىشقا ياخشى كۆرگەن قىزىغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلمايدىغاندۇ؟

يارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىز يارى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى شۇ يەردىكى ئابرۇيلۇق، دۆلەتمەن ئائىلىلەردىن ئىكەن. يارى ئۆزى بولسا دوختۇرخانىدا تازىلىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان يالغۇز ئاپىسى بىلەن بىللە ياشايدىكەن. دادىسى كىچىك ۋاقتىلىرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاپىسى كېسەلچان بولغانلىقتىن تۇرمۇشىنى ئارانلا قامدايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىكەن. قىز ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغانلا ئىش ئىكەن. يارى بۇلارنى بىلىدىكەنۇ، قىزنى خىيالىدىن چىقىرالمايدىكەن. دېمەك، ئۇ مۇھەببەت ئىشىدا تۇز، داغدام يولنى ئەمەس، تىكەن ـ چاتقاللىق بىر يولنى تاللىۋالغانىكەن. يارىنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدىكى غەمكىن تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. يوشۇرۇن كۆيۈپ، ئازابلىنىپ يۈرۈشىنىڭ دەردىنى ئۆزۈممۇ تارتىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياردەم قىلغۇم كەلدى.

ــ مېنىڭچە، ھەممە گەپ قىزدا. قىزلا چىڭ تۇرسا، ئاتا ـ ئانىسى ئاخىر قوشۇلماي قالمايدۇ. شۇڭا سەن ئاۋۋال قىزنى

قولغا كەلتۈر، ئۇنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋال. خىزمەتكە چىقساڭ سېنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ئورنۇڭ بولىدۇ. سېنى ھېچكىم تۆۋەن كۆرەلمەيدۇ. سەن قىزغا تەلەپ قويۇپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق...... — ئۇ يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا؟ ئۇ ساڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلامدۇ؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىر قارىسام مەيلى باردەكمۇ قىلىدۇ. بىر قارىسام كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئادەتتىكىچە ئارىلىشىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ. بۇ قىزنىڭ مىجەزىمۇ بىر خىل سىرلىق دېگىنە، — ئۇنىڭ قىز ھەققىدىكى گەپلىرىدىن نېمىشقىدۇر ئانار ئېسىمگە كەلدى - يۇ، ئۇ خىيالنى دەرھال ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇردۇم.

— ئۇ قىزنى مەن تونۇمدىم؟ ئىسمى نېمە؟

— تونۇيسەن، سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ، ئىسمى ئانار.

— ئانار؟! — بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدىم. يارى چۆچۈپ ماڭا قارىدى، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە گۇمان بىلەن تىكىلىپ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ بەك ھەيران قالدىڭغۇ؟ — دېدى. خېلىغىچە گەپ قىلالمىدىم. گەپ قىلساملا ئاۋازىمدىكى تىترەك ھەممىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، كۆزۈمنى يارىدىن ئەپ قاچتىم.

— ماڭا قارا ئاسىم، سەندە بىر گەپ بار جۇمۇ. ئانارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بەك ھەيران بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ ياكى سەن. . .

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش، مەن ھەيران قالغان بولسام كۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، دەل ئۆزۈڭگە ماس

كېلىدىغان قىزنى تاپقانلىقىمغا ھەيران قالدىم. مەن تېخى سېنى سائادەتنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

يارى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ئەتراپنى كۆكۈم پەردىسى قاپلاشقا باشلىدى. دەرەخلىك ئارىسىدا جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ كۆلەڭگىسى كۆزگە چېلىقاتتى. بىزگە يېقىنلا يەردە بىر قىز بىلەن يىگىت دەرەخكە يۆلىنىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھەرقاچان جۈپلىشىپ يۈرگەن قىز ـ يىگىتلەرگە قارىسام ئانار كۆز ئالدىمغا كېلىپ، سۆيگۈ ئىشتىياقى ۋۇجۇدۇمنى قاپلايتتى. ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك. خالاش ـ خالىماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر ئۇنى مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتىشىم، قەلبىمدىكى مۇھەببەت ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىمنى قەلبىمگە چوڭقۇر كۆمۈپ تاشلىشىم كېرەك.

ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ دەرەخلىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ھەدەپ يۈزۈمگە يېپىشىۋېلىۋاتقان ئۆمۈچۈك تورلىرىنى قولۇم بىلەن سىيپاپ چۈشۈرۈۋەتكەچ، مېنى چىرمىۋالغان مۇھەببەت تورىدىنمۇ مۇشۇنداق قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىدىم. ياتاقلىرىمىزنىڭ ئالدىدا خوشلىشىۋېتىپ، يارىنى دادىلراق بولۇپ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلدىم. يېقىن دوستۇم ئۈچۈن تۇنجى مۇھەببىتىمنى قۇربان قىلماقچى بولغىنىمدىن بىر خىل قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈم. ئەمما، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ۋارقىراپ يىغلىغۇم، قانداقتۇر قاتتىق ھەرىكەتلەرنى قىلغۇم، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تېپىپ ئۆرۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشتۈم. ئۇلانباي تەرەپكە قاراپ ھارغۇچە يۈگۈرۈپ، بىر

دەرەخلىككە كىرىپ ھېچبىر گۇناھى يوق دەرەخلەرنى
جېنىمنىڭ بارىچە مۇشتلىدىم، تەپتىم. قوللىرىم قاناپ،
پۇتلىرىم كۆتۈرگۈسىز بولۇپ كەتتى. ئەمما، ھېچبىر دەرەخ
مىت قىلىپ قويمىدى. خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ،
بوپتۇ، ئاچچىقىڭنى چىقىرىۋال دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

# ھەدىيە III

## 11

«ئازاد» ماركىلىق يوڭ ماشىنىسى جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان تاشيولدا توپا توزۇتۇپ، ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوغۇق گۈركىرىگەن ئاۋازىنى چۆل شامىلى يانتاق، تىكەنلىك دالىلارغا، تاقىر دەشتلەرگە ۋە يىراقتىكى تاغ باغرىلىرىغا ئېلىپ كېتەتتى، ناگان ـ ناگاندا يېڭىراق بىرەر ماشىنا ئارقا تەرەپتىن ياكى قارشى تەرەپتىن كېلىپ ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتمىسە، ماشىنا تولىراق يالغۇز ماڭاتتى. كوزۇپقا سىغدىلىپ ئولتۇرغان 30 نەچچە يولۇچىنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ مۈگدىشەتتى، بەزىلىرى گۈرۈلدىگەن ئاۋازنى بېسىش ئۈچۈن ۋارقىراپ سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇچاقتا بالىسى بار ئاياللار، قېرى خوتۇنلار، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ سەپەرگە چىققان سەككىز ـ ئون ياشلاردىكى بالىلار، ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان بوۋايلار بار ئىدى. بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان، رومىلىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ چىگىۋالغان ئايال توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. قانداقتۇر ئاچچىق ئازاب، مۇڭ بىلەن ئېيتىلغان ناخشىلاردا تولاراق بىر «ۋاپاسىز يار» كۈيلىنەتتى. ئاپپاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشىدىغان، قىزىل يۈزلۈك بىر بوۋاي ئۆزى ياش ۋاقتىلىرىدا ماڭغان يوللارنىڭ،

ئۆتەڭلەرنىڭ پارىڭىنى توختىماي سالاتتى، يىراقتىن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ بولغۇچە ئۇ يۇرتنىڭ نىمىدەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئۇ يەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكە باشلايتتى ئەتراپتا ئولتۇرغان ياش باللار ئۇنىڭدىن:

ــ تاغا، سىلى ئۆمۈرلىرىدە باشقا ئىش قىلماي، يۇرت كېزىپ يۈرگەنمۇ نىمە؟ ــ دەپ سورىسا، ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، گېلىنى قىرىپ سۆزلەپ كېتەتتى:

ــ بىز ياش ۋاقىتلىرىمىزدا نەدە دەيسەن بۇنداق «كوڭكا». مەن موزدۇز ئىدىم. باشقىلارغا ئەگىشىپ خۇرجۇننىڭ بىر ئۇچىغا ئوزۇق ـ تۈلۈك، بىر ئۇچىغا بىگىز، يىپ، پارچە ـ پۇرات چەم، رەختلەرنى سېلىپ، «ئالللا ئۆزۈڭ بار» دەپ يولغا چىققانىدىم. بىرەر يۇرت ئۇچرىسىلا توختاپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ھۈنەر قىلىپ پۇل تېپىپ، يەنە يولغا چىقاتتۇق. ئارىمىزدا ھەممە ھۈنەرنىڭ ئۇستىلىرى بار ئىدى. بەزىلىرى شۇ يۇرتلاردا ئۆيلىنىپ، يىلتىزلاپ قالاتتى، قالغانلىرىمىز يەنە ئالدىمىزغا قاراپ ماڭاتتۇق. بەزىدە يولدىن ئېزىپ قېلىپ چۆل باياۋاندا كۆرمىگەنلىرىمىز قالمايتتى. «ھەي، ئۆلۈكىمىز چۆلدە قالىدىغان بولدى» دەپ تۇرساق، بىرەر كارۋان ياكى باغۇبوستانلىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالاتتۇق...... شۇنداق مېڭىپ، توختاپ، يەنە مېڭىپ، ئالتايغىچە بېرىپتىمەن. قارىسام، دەل ـ دەرەخلىك، ھاۋاسى سالقىن، كەڭرىچىلىك يۇرت ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتلۇق بىر ئادەم شۇ يەرنىڭ ئابرۇيلۇق ئاقساقىلى ئىكەن. شۇنىڭ سايىسىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۆيلىنىپ، بالىچاقىلىق بولۇپ، ئوبدان كۈن كۆردۈم. 30 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا يۇرتنى بەك سېغىنىپ كېتىپ، كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلماي، يەنە

بىر قېتىم سەپەرگە ئاتلاندىم. سەپەردىن قايتىپ كەلسەم، خوتۇن بۆلەك ئەرگە تېگىپ، ئۆيۋاقىم سورۇلۇپ كېتىپتۇ. ئىشنى يېڭىباشتىن باشلاپ، ئاشۇ يەرگە يىلتىز تارتىپ، يەنە كۆكلىدىم. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى سەپەر ئىشتىياقىنى ھېچقانداق قىلىپ باسالمىدىم. بۇداقىسى 6 ـ قېتىملىقى. ئالدىنقى تۆت قېتىمدا گاھىدا ئات ـ ئېشەكلىك، گاھىدا پىيادە مېڭىپتىمەن. كېيىنكى ئىككى قېتىمدا «كۆڭكا» دا ماڭدىم. بۇمۇ ئاللانىڭ بەرگىنى.

مەنزىلگە يېتىشكە ئالدىرىغان يولۇچىلاردىن بىرى ئۈنىگدىن:

ــ تاغا، پالانى يەرگە قانچىلىك قالدى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە بارالارمىزمۇ؟ ــ دەپ سورايتتى. بوۋاينىڭ دېگىنى كۆپىنچە توغرا چىقاتتى. ماشىنا شۇ يەردە توختاپ، بىرەر يولۇچى چۈشۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى چىققان بىرەرسى ئىگىلەيتتى. ماشىنا «ئارغۇبۇلاقنىڭ تاغلىرى» دا گاھ غىڭشىپ، گاھ جالداقشىپ ناھايىتى ئۇزاق ماڭدى. دەسلەپتە خەتەرلىك ئەگمىلەردىن، باش ئۈستىدە ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرغان قورام تاشلاردىن خەۋپسىرەپ سەگەكلەشكەن يولۇچىلار چېكى يوقتەك بىلىنگەن بۇ يوللاردىن، ئىسسىقتىن زېرىكىپ، جانلىرىنى «ئاللا» غا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرىنى بولۇشىغا تاشلاپ ئۇيقۇ بىلەن يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، تاغلارنىڭ شالاڭلاشقىنىنى كۆرۈشتى. تاغلار بارا ـ بارا يىراقلاپ، ئىلگىرىكىدەك كۆز يەتكۈسىز كۆل رەڭ ساي ياكى شالاڭ ئوت ـ چۆپلۈك دالا قۇچاق ئاچتى. ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن سالقىن شامال ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. كىشىلەر بىردىنلا جانلىنىپ، ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ، پاراڭغا چۈشۈپ

كېتىشتى. ئۇلار قونىدىغان يەرنىڭ، ئىسسىق باسقۇدەك بىرەر ۋاق كەچلىك تاماق يېيىشنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەندە، تۇيۇقسىز شارقىراپ ياغقان يامغۇرغا دۇچ كەلدى. يامغۇر خۇددى ماشىنىغا ئەگىشىپ يېغىۋاتقاندەك قىلاتتى. دالىنىڭ يىراق بۇرجىكىدە ئاپتاپ چىقىپ تۇراتتى، ئاقىرىپ كۆرۈنگەن تاقىر يەرلەرگە بىر تېمىمۇ يامغۇر چۈشكەندەك قىلمايتتى. يامغۇر ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. چاپان ـ چارا، ئەدىيال، روماللار بىلەن ئۆزلىرىنى ئورىۋالغان كىشىلەر خۇشال بولۇشۇپ:

— بوران چىققاندىن يامغۇر ياغقىنى ياخشى بولدى، هاۋا سالقىنلاپ قالدى، — دېيىشتى. دېمىسىمۇ بۇ يولدا ھەممىدىن جاننى قىينايدىغىنى بوران ئىدى. بوران قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ كۆزنى يا ئېغىزنى ئاچقىلى قويمايتتى، نەپەسنى بوغاتتى، ئادەملەرنى بىردەمدىلا قۇم توپىغا كۆمۈپ، گۆردىن ئېچىۋېلىنغاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى. تېخىمۇ چاتاق يېرى، بوران بىر چىقسا ئاسان توختىمايتتى، بەزىدە ماشىنىدىكى ئادەملەرنى، ھەتتا ماشىنىنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئېسىلىشىپ، باللىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ئورىۋېلىشاتتى. ئىسسىقتا مۇشۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر قىيامەت ئىدى. دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدە بوراندا ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، كوزۇپىنىڭ ياغىچىغا مەھكەم ئېسىلىپ، يۈز ـ كۆزۈمنى نېپىز ياغلىق بىلەن ئوراپ مەن ئولتۇراتتىم. مەن بورانىمۇ، يامغۇرنىمۇ ياقتۇراتتىم. بۇ جىسمانىي ئازاب، ئارامسىزلىقلارنىڭ روھىي ئازابىمنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىدىن ئىدى. ئىچىمدە «بورانقۇش قوشىقى» نىڭ مىسرالىرىنى

تەكرارلايتتىم. ئۆزۈم خۇددى بىر ماشىنا ناتونۇش ئادەم بىلەن نامەلۇم بارسا ـ كەلمەس دۇنياغا كېتىۋاتقاندەك، بۇ سەپەر مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. ماشىنا تاشيول ئىشچىلىرى تاشلاپ كەتكەن ۋاقىتلىق ئۆيلەرگە ئوخشاش كونا، ياتاقلىرى خۇددى پۈتۈن رەڭگىرويىنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك كۆرۈمسىز ئۆتەڭدە توختىدى. بۇ بوراندا نە تاماق، نە بىرەر پىيالە چاي تاپقىلى بولسۇن، پۇت ـ قولىمىزنى سۇنۇپ بىر كېچە يېتىۋالغىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش ئىدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، سەھەردە بوران توختىغانىدى. قايناق سۇ قايىنىتىلىدىغان بىر ئۆيدىكى ئىككى جۇمەكنىڭ بىرىدىن ئىسسىق سۇ، بىرىدىن سوغۇق سۇ ئالغىلى بولىدىكەن. يۈز ـ كۆزىمىزنى چالا ـ بۇلا بولسىمۇ يۇيۇۋېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ناشتا قىلىپ، سۇدان — بوتۇلكىلىرىمىزغا قايناق سۇ قاچىلاپ، يەنە سەپەرگە ئاتلاندۇق. بۈگۈن تىنچىق ئىسسىق بولىدىغاندەك قىلاتتى. بوراندىن كېيىنكى ھاۋا نېمىشقىدۇر ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. ياخشى يېرى، ماشىنا مېڭىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ تۇرغان سالقىن شامال ھاۋادىكى بورۇقتۇرمىلىقنى تارقىتىپ، دىللارنى سەگىتەتتى.

مەن ماشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تار بوشلۇقتا بىر ئاماللارنى قىلىپ پۇتۇمنى سۇنۇۋېلىپ، خېلى راھەتلىنىپ قالدىم. ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پېتىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ تىنىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەنزىرىلەرگە، تاقىر چۆللەرگە، بۈككىدە يۇلغۇن، ئوت ـ چۆپ قاپلىغان دالىلارغا، دالىدا چىپىپ كېتىۋاتقان كېيىكنىڭ چىپپىدە توختاپ، كۆز ئالدىدىكى قاپقارا، يوچۇن مەخلۇققا تىكىلىپ قاراپ، ھاۋادىن

نىمىلەرنىدۇر پۇراۋاتقاندەك تۇرۇپ قىلىپ، تۇيۇقسىز بىشىنى بۇراپلا ئۇچقاندەك چىپىپ كېتىشىگە، دالىنىڭ يىراق يەرلىرىدە بىر چېكىتكە ئايلىنىپ غايىب بولۇشىغا، دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قانداقتۇر ئادەملەر ياشايدىغان يىراقتىكى كۆجۈم يۇرتلارغا قاراپ ئولتۇراتتىم. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ماۋۇ ئاق ساقاللىق ئادەمگە ئوخشاش خۇرجۇنلىرىنى ئارتىپ مۇشۇ يوللاردا كېتىۋاتقان، تىرىكچىلىك ئۈچۈن، ياخشى، ئازادە يەرلەردە ياشاش ئۈچۈن شىمالغا قاراپ ماڭغان ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق كىشىلەرنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بوۋام بىلەن موماممۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ ماڭغان دادام بىلەن ئاپاممۇ، ئۇلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ بار ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ قانداقلارچە ئۇرۇمچىگە ئورۇنلىشىپ قالغىنى، قانداق كۈن كەچۈرگىنى مەن ئۈچۈن بىر سىر. پەقەتلا دادامنىڭ ناھايىتى تىرىشچان ھەم ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىچىكىدىن مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەش داۋامىدا خەت ساۋاتىنى چىقىرىۋېلىپلا قالماي، ھېساب ـ كىتابنىمۇ ئۆگەنگەنلىكىنى چوڭلاردىن كۆپ ئاڭلىغانمەن.

دادام كىچىكىدىنلا تىرىكچىلىك كوچىسىدا نۇرغۇن ئىشنى قىپتۇ. بىر ئاشخانىغا يالىنىپ شاگىرت بولۇپ كىرىپ، كېيىن ئۇستا ئاشپەز بولۇپ قاپتۇ. باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئاشپەزلىكنى تاشلاپ، يىغقان پۇللىرىغا تېرە سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە تېرە ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇ يەردىن گەزمال ئېلىپ سېتىپ، تېز كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ چېگرادىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئوفىتسېردىن بىر دۇربۇن سېتىۋالغانىكەن. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ

تەۋەككۇلچى، يېڭىلىقا ئىنتىلىدىغان خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. لېكىن، شۇ چاغدا 30 ياشلارغا كىرىپ قالغان دادام دۇربۇننى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىشقا ئىشلىتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىدا ئېگىز بىر يەرگە چىقىۋېلىپ، دۇربۇن بىلەن قىز تاللاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى باشقىلار بايقىۋالالمايدىكەن. كوچىدىن خىلمۇخىل قىزلار ئۆتىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چىرايلىق، بەزىلىرى سەت، يەنە بەزىلىرى بەك مودا ئىكەن. ئۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگىنى بويىچە چىرايلىق، ئەمما تېخى كۆزگە چېلىقمىغان، قول تەگمىگەن پاك بىر غۇنچىنى ئىزدەيدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى ئۇ كوچىنىڭ ئايىغىدىكى بىر ناۋايخانىنىڭ ئالدىدا رومال بىلەن پەشخۇندىكى نانلارنى يەلپۈپ ئولتۇرغان 12 — 13 ياشلاردىكى ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال قىزنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن، ئەلچى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلۇپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن دادام ئۇ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئاچىلىرىم تۇغۇلۇپتۇ. دادام ياش ئايالى بىلەن قىزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، سودا ئىشى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل سودا قىپتۇ، پۇلمۇ تېپىپتۇ. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىن چىققان تۈركۈم ـ تۈركۈم ياشلار تاشكەنتتىكى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقانىكەن. ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ باشقىچە بولىدىغانلىقىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ھېس قىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ كىچىكىدە ئوقۇيالمىغىنىغا ھەر دائىم ئەپسۇسلىنىدىغان دادام يۇرتىغا ۋە ئائىلىسىگە بولغان كۆڭلىدىكى سېغىنىشنى بېسىپ، شۇ چاغلاردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتى بولغان ئوتتۇرا

ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇپتۇ. ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بىلەن كولخوز تۈزۈمى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بويىچە ئىككى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ. بىرى، كۈيتۇندىن مىڭ مو يەر سېتىۋېلىپ، بىر كولخوز قورماقچى بوپتۇ. بۇ بەلكىم جۇڭگودىكى ئەڭ بۇرۇنقى كولخوز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن، دادام ئۇ يەرگە نامرات ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ، ھەممە ئادەم كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش، ئىشلىگىنىگە يارىشا ھەق ئېلىش، ھەقسىز مەكتەپ، يەسلى، ساناتورىيەلەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بوپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ خىيالى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى دائىرىلەرنىڭمۇ، كىشىلەرنىڭمۇ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇ مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلەنمەپتۇ. كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىككىنچى چوڭ ئىشنى، يەنى پەننىي مەكتەپ قۇرۇش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. دادام ئۆزى ناھىيە بازىرى ئىچىدە مەكتەپ بىنالىرىنى سالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى، مائارىپچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئاچقان، ئۆزى مۇدىر بولغان بۇ مەكتەپ تۈركۈملىگەن ساۋاتلىق، ئىختىساسلىق ياشنى يېتىشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە زور ئىناۋەتكە ئېرىشىپتۇ. بۇ مەكتەپ تاكى ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيەلىك ئۈيغۇر باشلانغۇچ قىلىپ قۇرۇلغۇچە دادامنىڭ نامىدا ئاتىلىپ كەپتۇ......

دادام ئەنە شۇنداق خىيالپەرەس ھەم تەۋەككۈلچى ئادەم ئىدى، بىرەر ئىشقا كىرىشسە، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى، قىزىقىشلىرى بەك ئۆزگىچە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا تىرىشسىلا قىلغىلى بولمايدىغان

ئىش يوق ئىدى. ئاپام ۋە ئاچا ــ سىڭىللىرىم مېنى دادامغا ئوخشىتاتتى. بەلكىم ئوخشايدىغاندىمەن، شۇڭا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمدىن، ئاتا ــ ئانا، قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ چۆللەردە يۈرىدىغاندىمەن. كۆڭلۈمدە، ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىگەن بىرلا ئىشتىياق بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈم قىزغىن سۆيىدىغان كەسىپ ــ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ گۆدەكلەرنى تەربىيەلەش، ئۆز ئەجرىمدىن ئېچىلغان گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپ، تىپتىنچ، خاتىرجەم ياشاش. بىراق. مەن نەگە بېرىپ، نەدە توختىتىشىمنى، تەقدىر شاماللىرىنىڭ مېنى نەلەرگە ئۇچۇرۇپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي:

ــ مانا بۇ يەرنى باشئەگىم دەيمىز. تاھىر ــ زۆھرەنىڭ قەبرىسى ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىدە. باشئەگىمدىن ئۆتسەكلا كورلىغا بارىمىز.

ــ ما دەرياغا قاراڭلار، ئاقىدىغان سۈيى ئاپپاقمىكەن؟ ھە، ئاقسۇ دېگەن مۇشۇ شۇ، ــ بوۋاي سۆزلەپ ئولتۇرۇپ مارالبېشىنىڭ سانساكۇ ــ ئاچال دېگەن يېرىدە چۈشۈپ قالدى. ئىككى ئوغلى بار ناخشىچى ئايالمۇ مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالدى. يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالمىشىپ بولدى. مەنلا ئولتۇرۇۋەردىم. قاراڭغۇ چۈشكەندە بېكەتنىڭ مەينەت ياتاقلىرىدا بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپ، تاڭ ئاتار ــ ئاتماي يەنە يولغا چىقىپ، كورلا، ئاقسۇ، كۇچا...... دەپ نامىنى جىق ئاڭلىغان شەھەرلەرنىڭ قانداقلىقىنى بىر كۆرۈپ باقماي، قەشقەر، يەكەن...... لەردىنمۇ ئۆتۈپ، سەككىزىنچى كۈنى كەچتە مەنزىلىمگە يېتىپ كەلدىم. ئاددىيلا يۈك ــ تاقامنى ئېلىپ بېكەت دەرۋازىسىدىن چىققىنىمدا، تېرەكلىك چوڭ

كوچا، بىركەت ئەتراپىدىكى پەنەر يېرىقىپ قويۇپ سودا قىلىۋاتقان دۇكانچىلار، ئاشخانا، ناۋايخانىلار، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن ئادەملەر كۆزۈمگە تاشلاندى. ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر هارۋىكەش:

— خانىم، مېھمانخانىغا بارامسىز؟ هارۋىغا چىقسىلا، مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ـ دە، جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا يۈك ـ تاقامنى هارۋىغا باستى. هارۋىكەش شەھەر مەركىزىدەك تۇرغان تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدىكى چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا هارۋىسىنى توختىتىپ، نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ، مېنى ئىچكىرىگە باشلىدى. مەن بۇ مېھمانخانىدا تەقسىماتنى كۈتۈپ بىر ھەپتە ياتتىم.

ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ھەر كۈنى باراتتىم، ئۇ يەردىكىلەر:

— تېخى مۇزاكىرە قىلىمىدۇق، ئالدىرىماي تۇرۇڭ، — دەيتتى. ئۇ يەردىن چىقىپ تۆت كوچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىغا كىرىپ، ناھايىتى كۆپ نەرسە ئالىدىغاندەك ھەربىر پوكەي ئالدىدا توختاپ، قايچا، تۈگمە، تىرناق ئالغۇچتىن تارتىپ رەخت، كىيىم ـ كېچەك، ئاشخانا سايمانلىرىغىچە ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقاتتىم. ھەر قېتىم كىرىپ چۆرگۈلەپ ھېچ نەرسە ئالماي چىقىپ كەتسەم، مال ساتقۇچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈشەتتى. ئاخىر دۇكانغا كىرمەي، كوچا ئايلىنىدىغان بولدۇم. بۇ يەرنىڭ چوڭ كوچىسى بىردەمدىلا تۈگەپ قالاتتى. ئامالسىز بوينۇمدىن سۆرىگەندەك مېھمانخانىغا قايتاتتىم. مېھمانخانا قورۇسىدا دائىم يوغان بىر قارا ئىت ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىچكىرىگە كىرىشتىن قورقۇپ، دەرۋازا تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ، ئىت ئارقا تەرەپكە كەتكەندە ياكى مېھمانخانىغا

كىرىدىغان بىرەر ئادەمگە ئەگىشىپ مېڭىپ، غىپپىدە ياتىقىمغا كىرىۋالاتتىم. قاپقارا، يوغان بۆرە ئىتنىڭ ئادەم يەيدىغاندەك قورقۇنچلۇق ئەلپازى دائىم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

تاڭ سەھەردە كۆزلىرىم سەل ئىلىنغاندەك بولدى. چالا ئۇيقۇلۇقتا ئىت چۈشەپتىمەن، بىراق ئۇ سېرىق ئىت ئىدى. مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان كۈنلىرىم ئىكەن. باللىرىمنىڭ قىيا - چىيا قىلىشىپ چىرقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقسام، يوغان سېرىق ئىت ئۇلارنى قوغلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن ھىڭگايغان بۆرە چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «باللىرىم، ئولتۇرۇۋېلىڭلار، ئېڭىشىپ ئولتۇرۇۋېلىڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ھېچنېمىگە قارىماي باللىرىمغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئىت ماڭا ئېتىلدى. باللىرىمنى يىراقراق ئەكېتىش ئۈچۈن قاچماقچى بولدۇم، ئەمما نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم. بۆرە ئىت ئۈستۈمدىن توختىماي ئۇيان - بۇيانغا سەكرەيتتى. بىچارە باللىرىم قورققىنىدىن ۋارقىراپ يىغلىشاتتى. سەل نېرىدا قاراپ تۇرۇشقان، بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان ئۈچ ئەر كىشى ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىشىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى......

قورقۇنچلۇق ئېغىر يىغان ياكى ۋارقىرىغان بولسام كېرەك، كۆزۈمنى ئاچسام، مەسئۇد يېنىمدا قاراپ تۇرىدۇ.

— نېمە بولدىڭىز، يەنە شۇ ئىتمۇ؟

ئۈندىمىدىم. ھەر قېتىم تېنىم ئاجىزلاپ قالغاندا ياكى سەل ھاياجانلىنىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا يىراق ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئاشۇ ئىشلارنى، ئاشۇ سېرىق بۆرە ئىتنى چۈشەيتتىم. ھاسىراپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ،

ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپ، بېشىمدا قاراپ تۇرغان مەسئۇدنى، دېرىزىدىكى ئاپپاق تور پەردىنى، تەكچىدىكى غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆرگىنىمدە، چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلىپ خۇشال بولاتتىم.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ...... قوپۇپ چاي ئىچىۋېلىڭ، سۈتمۇ سوۋۇپ قالدى. بايا قارىسام تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىكەن-سىز، ئۇخلىۋالسۇن دەپتىمەن......

كارىۋىتىمدا ئولتۇرۇپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ماغدۇرسىزلىق يەتكەندەك بولدۇم. بەللىرىمدىن باشلانغان بۇ يېقىمسىزلىق پۈتۈن بەدىنىمنى قاپلاپ، ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ھالىمنى قويمىغانىدى. كارىۋاتتا ئولتۇرۇپلا بېلىمنى يەڭگىل ئۇۋۇلاپ، ئۇيان - بۇيانغا تەۋرىنىپ بىرپەس ھەرىكەت قىلدىم. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان چېغىمدا پېشقەدەم بىر دوختۇر ماڭا كۈندە ئەتىگەندە قوپۇپلا بەلنى ئۇۋۇلاپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرگەندە، بەزى ئەزالارنىڭ ئۇزاق بېسىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يېنىكلەتكىلى ۋە بەزى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. مەن ئۇ دوختۇرنى ھازىرمۇ مىننەتدارلىق بىلەن ئېسىمگە ئالىمەن.

قورسىقىمنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ بولغۇچە، مەسئۇد سۈتنى ئىسسىتىپ قويۇپتۇ. نېپىز توغرالغان نان بىلەن پېچىنىلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئاپپاق لۆڭگىنى ئېلىۋېتىپ، سۈت بىلەن بىر توغرام نان يېدىم. تۇخۇمنى تۇزلانغان تەرخەمەك پارچىلىرى بىلەن يەپ بولۇپ، پېچىنىدىن يەنە بىر تال سوقۇۋەتتىم. بۇ ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ پايدىسى

ئىدى.

داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ سائەتكە قارىدىم، سائەت تىلى سەككىز يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق ئەتىگەندە قوپالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاخشىمى بالدۇر ئۇخلايمەن دەپ تىرىشقانچە نېرۋىلىرىم جانلىنىپ، ئۇزاقتا قالغان يىللارنىڭ غۇۋا ئەسلىمىلىرى كۆز ئالدىمدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ، تاكى ئاسماننىڭ شەرقى ئاقىرىپ، قاپاقلىرىم ئېغىرلاشقۇچە قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ گاھ كۈلۈمسىرەپ، گاھ ئۇھ تارتىپ ياكى ياشلىرىم بىلەن ياستۇقۇمنى ھۆللەپ چىقىمەن. ئاشۇ خىياللار، ئەسلىمىلەر مېنى رېئاللىقتىن يىراقلىتىپ قويۇۋاتامدۇ ـ قانداق؟ بەزىدە مەسئۇد بىلەن كۆنلەپ بىرەر ئېغىز پاراڭلاشمىغىنىمنى ئۇيلاپ قالىمەن.

چۈشتىن كېيىن مەسئۇد ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىقمىغانچە ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق ئۇزۇن يۇيۇنۇپ ـ تارانمايتتى. بۇگۈن نېمە بولدىكىنە؟ چىدىماسلىقتىنمۇ ياكى ئەندىشە قىلغانلىقىمدىنمۇ، بىرنەچچە قېتىم ئىشىكنى چېكىپ باقماقچىمۇ بولدۇم، ئەمما ئۇنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن قورقتۇم. مەن ئۇنىڭ مېنى «چېپىلغاق»، «كوت ـ كوت» دەپ قېلىشىدىن بەكلا قورقىمەن. بىزنىڭ كونا تونۇشلىرىمىزنىڭ ئىچىدە 70 ياشتىن ئاشقان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن قېرىغاندا بىر ـ بىرىنىڭ مىجەزىگە چىدىيالماي ئاجرىشىپ كەتتى. ھازىر بالىلىرى ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويالماي ئاۋارە. ئۇلار بىزگە: «ئاپام ـ دادامىلارغا نەسىھەت قىلىپ قويساڭلار، مۇشۇ ياشقا كەلگەندە سەت ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزمۇ ئىككى

تەرەپكە چىقىپ يىتىشىپ بولالمايدىكەنمىز» دەيدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بولسا ھېچقانداق نەسەھەت ئاڭلىغۇسى يوق. ئىككىلىسى: «بولدى قىلىڭلار، 50 يىل ئاران چىداپ كەلدىم. ئۆلىدىغان كۈنلەردە بولسىمۇ تىنچراق ياشىۋالاي، ئۇھ...... قۇلىقىم ھەجەب تىنچىپ قالدى» دەيدۇ خۇددى بىرسى ئۆگىتىپ قويغاندەك. قېرىغاندا شۇنداق كۈنلەرگە قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن.

ئۇ ئاخىرى تازىلىق ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، ساقاللىرىنى پاكىز ئېلىپ، ياشىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئىچىمدە كۈنداشلىقتەك بىرنەرسە باش كۆتۈردى. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى تاشلىمىغان خۇلقلۇق ئاياللارمۇ باردۇ. بەزىلىرىنى ياش ۋاقىتلىرىدا قوغلاشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار تۇل بولۇشىمۇ مۇمكىن. هازىر ئەرلەر بالدۇر كېتىپ قېلىپ، ئاياللار تۇل قالىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدىغۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ كۆپ ھەرىكەت قىلمىدىغانلىقى ۋە چىداملىقلىقىدىن ئىكەن. گۇمان قىلغانچە، گۇمانلىرىمنىڭ شاخلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدىم. ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلىپ ئىچىمدە كۈلدۈم. ياش ۋاقىتلىرىمدا بەزى چاغلاردا مەسئۇد مېنى خىيالىمدا يوق بىر كىملەردىن كۈنلەپ قالاتتى. هازىر مەن كۈنلەيدىغان بولۇپ قالدىم. دېمىسىمۇ هازىر بەزى ياش قىزلار مال ـ دۇنيا ئۈچۈن مەخسۇس قېرىلارنى قوغلىشارمىشقۇ...... خىيالىمنىڭ يەنە قېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى تېپىشىپ بەرمەكچى بولدۇم. بەلكىم مېنى ئايىغىنىدۇ، ئۇ: «بولدى، ئۆزۈم تاپاي» دەپ، ياردەملىشىشىمنى رەت قىلدى. مەن هازىر ئۇنىڭ

كىيىملىرىگە دەزمال سىلىپ بىرەلمەيمەن. دەزمالنى بەزىدە قىزىتىم سىلىپ بىرىدۇ، تولاراق مەسئۇد ئۆزى كىرخانىلارغا ئېلىپ چىقىپ سالدۇرىدۇ. ھازىر تاماقنى ئىلگىرىكىدەك چاققان ئېتەلمەيمەن. شۇڭا، ئۇ تاماقنىمۇ ئاساسەن ئۆزى ئېتىدۇ. مەن پەقەت خېمىر يۇغۇرۇش، ئوتياش ئادالاش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشىمەن. ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى خالاپ قىلىسىمۇ، كۆڭلۈمدە بىر خىل ئەيىبكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايمەن.

مەسئۇد سۇس يوللۇق ئاق كۆڭلىكىنى، كۈل رەڭ شىم - كاستۇمىنى، مايلاپ پارقىرىتىپ قويغان يېڭى ئايىغىنى كىيگەندە 50 نەچچە ياشلىق ئەرلەرگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭغا مەپتۇنلۇق ۋە كۈنداشلىق، ھەسەت ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىچىدە قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئۇنچىۋالا سەمرىمەپ كەتمىگەندى. ئېقى كۆپەيگەنلىكتىن كۈل رەڭ كۆرۈنىدىغان چېچى ئۇنىڭغا سالاپەت بېغىشلىغانىدى. بىر چاغلاردا ئۇنىڭ چاچلىرى قوڭۇر رەڭلىك ھەم بەك قويۇق ئىدى، سەل قىيپاچ قىلىپ ئارقىسىغا تارىۋالىدىغان بولسا ئاپتاپتا سارغۇچ دولقۇنلىنىپ، ۋاللىداپ كېتەتتى. چاچلىرىدەك قوڭۇر، ئىككى ئۇچى سەل تۆپىگە قايرىلغان قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى مۇلايىم كۆزلىرىمۇ سارغۇچ قوڭۇر ئىدى. قىرلىق بۇرنى، سەل پەسكە سوزۇلغان تولۇق ئېڭەكلىرى ئۇنىڭ قارىماققا مۇلايىم، ئەمما قەتئىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى......

مەسئۇد چىقىپ كەتتى. يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا يوللىرىدىن قۇم - توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، تەكچىلەرنى، ئۈستەل - ئورۇندۇق، يوتقان - كۆرپىلەرنى ھەر دائىم نېپىز بىر قەۋەت قۇمساڭ توپا بېسىپ

تۇرىدىغان ئاشۇ ئاجايىپ يۇرت، ئۇ يەردە دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك، غەمسىز كۈنلەر، مەسئۇدنى دەسلەپكى ئۇچراتقان چاغلىرىم خىيالىمغا كەلدى، بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ مەن ئۇچۇن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

## 12

مەن چەت بىر ناھىيەنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە بۆلۈنگەنىدىم. قولۇمدا چامادان، مەكتەپنىڭ ۋادەكلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالغىنىم شۇنچىلىك ئېنىق ئېسىمدە. مانا بۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ماكانىم، بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىمنى سەرپ قىلىپ تەر تۆكىدىغان باغچەم ئىدى. خىياللار ئىلكىدە دەرۋازا بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى ۋە سىنىپ ئارىلىقىدىكى كەڭ توپىلىق مەيداننى بېسىپ ئۆتتۈپ، ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ ئارقا تەرىپىنى قاپلاپ تۇرىدىغان كەڭ كەتكەن ياپيېشىل باغباراڭنى كۆرگىنىمدە، روھىم كۆتۈرۈلۈپلا كەتكەنىدى. سىنىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا قويۇق، تەكشى ئۆسكەن ئاكاتسىيەلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاكاتسىيەلەر ئارىسىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. چاققانغىنە، ئىككى تەرىپى سالاسۇنلۇق ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا قەلبىم يەنە بىر قېتىم ئۆركەشلىدى. ئىچىمدە كىملەرنى كۆرەرمەن، مېنى قانداقراق قارشى ئېلىشار دەيدىغان ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار

بىناسىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، ياغلىقنى چېكىلەپ چىگىۋالغان بولسىمۇ، چىرايىدىن يەرلىك ئادەملەردىن ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر ئايال چىقىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى ساپسېرىق تۈچ قوڭغۇراقنى كۈچەپ سىلكىگىنىچە سىنىپ تەرەپكە كەتتى. قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا تىنچ تۇرغان ئەتراپ شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن جانلىنىپ، سىنىپ ـ سىنىپتىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان باللار مەيدانغا، ئېرىق بويلىرىغا لىق تولدى. يوقلىما ۋە كىتاب، دەپتەرلىرىنى كۆتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار سالاپەت بىلەن ئۇقۇتقۇچىلار بىناسى تەرەپكە قاراپ كېلىشىۋاتاتتى. مەكتەپلەردىلا بولىدىغان بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ، كۆۋرۈك يېنىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا چامادانىمنى يېنىمغا قويۇپ ئولتۇراتتىم، بايىقى ئايال يېنىمغا كېلىپ:

— بىر كىمنى ئىزدەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەكتەپ مۇدىرىنى ئىزدەيمەن. بۇ مەكتەپكە يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلدىم.

— ئۈرۈمچىدىن كەپسىز ـ دە، ئۆزىڭىز نەلىك؟

تەلەپپۇزىغا قاراپ مەن ئۇنى تۇڭگان ئىكەن دەپ ئويلىدىم. قارىغاندا، غۇلجا تەرەپلەرنىڭ يەرلىكلىشىپ كەتكەن تۇڭگانلىرىدەكمۇ قىلاتتى.

— مەن شىخولۇق، سىز...... ؟

— مەن غۇلجىدىن، يولدىشىم ئەسلىي ئۈرۈمچىدە ئىشلەيتتى. بىز بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگىلى ئۈچ يىلدىن ئاشتى.

ئۇ سۆزلىگەچ مېنى مۇدىر ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئائىشە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ مۇدىرغا ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق

ياتاقنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ماڭا شۇ ياتاقنى بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ قويۇپ، قوڭغۇراقنى ئېلىپ يەنە ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ياتاقنى تازىلاۋاتسام، ئائىشە ھەدە كىرىپ:

— ھە، ئەمدى ئوبدان بولدى. يېنىڭىزدا بىز بار، ئاخشىمى قورقمايسىز. ئارقا تەرىپىدە كۆمۈرخانىسى بار تېخى. بۇ ياتاق چوڭ ھەم يېڭى. يىراقتىن تۇغقانلىرىڭىز يوقلاپ كېلىپ قالسىمۇ قىينالمايسىز. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش بولسا ماڭا دەڭ. مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. ئىككىمىز ئاچا - سىڭىل بولۇپ ئۆتەيلى، — دېدى. مەن ئۇنىڭ ياردىمىدە ئۆيۈمنى ئاقلىۋالدىم. سىرلانمىغان، كونا، ئەمما مەزمۇت ياغاچ كارىۋات بىلەن سىرى چۈشۈپ كەتكەن ئۇستەلنى مەكتەپ ئامبارچىسى نەدىندۇر تېپىپ بەرگەن سېرىق سىردا سىرلىدىم. كارىۋاتقا يوتقان - كۆرپىلىرىمنى سېلىپ، يۇڭ ئەدىيال ئۇستىگە بىر جۈپ ياستۇقۇمنى قىر چىقىرىپ تىزىپ، دېرىزىگە ئائىشە ھەدە چۆرىسىگە لەپلىمە چىقىرىپ تىكىپ بەرگەن پەردىنى تارتىپ بولغىنىمدا، ئۆيۈمنىڭ چىرايلىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ۋاھ، ئاخىر مېنىڭمۇ چىرايلىق، ئىللىق بىر ئۆيۈم بار بولدى. ئۆز ئۆيۈڭدە يۈت - قولۇڭنى سوزۇپ يېتىش نېمىدېگەن راھەت - ھە. شۇغىنىسى ئاشخانا سايمانلىرىم تېخى كەم ئىدى. ئائىشە ھەدە بەرگەن كىچىك بىر قازاندىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ يوغان، سېرىق تۇنكە قاچام، بىر تەخسەم، بىرنەچچە ئىستاكانىم، قوشۇقۇملا بار ئىدى. خېمىرنى تۇنكە قاچىدا يۇغۇراتتىم، ئوتياشنىمۇ شۇنىڭدا يۇياتتىم. دېرىزەمنىڭ ئاستى تەرىپىگە مىخلانغان قېلىن

تاختايىنى ئاجرىتىپ، پاكىز تازىلاپ، ئوتياش، گۆش توغرايدىغان تاختا قىلىۋالغانىدىم. ئائىشە ھەدە بەرگەن بىر كونا پىچاقنى ئېرىق بويىدىكى يوغان كۆك تاشقا سۈركەۋېرىپ ئاپپاق ھەم ئىتتىك قىلىۋەتكەنىدىم. ئارىلىقتا ۋىلايەتكە بېرىپ قانداقتۇر كەم رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ كېلىدىغان بىر ئىش چىقتى. مەن مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئىشىمنى تۈگىتىپ بولۇپ، تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى ھېلىقى ئىككى قەۋەتلىك سودا سارايدىن جۇپ ـ جۇپ چىنە ـ تەخسە، پىيالىلەرنى، چوڭ ـ كىچىك كورا، قازان، قاسقان، قايچا ـ پىچاق، چۆگۈن ـ چەينەك دېگەندەكلەرنى ئالدىم. ئۇلارنى يەشىككە قاچىلىتىپ، ئۆتكەندە مېنى مەسخىرە قىلغان خوتۇنلارنىڭ ئالدىدىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئېلىپ چىقىپ كەتتىم. بۇ قېتىم ئۇلار شۇنچىلىك ياۋاشلىشىپ كېتىشتىكى......

مەن ئالەمنىڭ بىر چېتىدىكى بۇ تىنچ ھاياتقا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كەتكەنىدىم. جەنۇبنىڭ قىسقا، ئىللىق قىشى، ئاپتاپلىق، گۈل ـ چېچەكلىك ياز ئايلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئىسسىق ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن چېچەك ھىدى، ئوت ـ چۆپ، مېۋە ھىدى، چۈچۈمەل، قېرىق، مەززىلىك ۋە يەنە ئاللىقانداق ھىدلار مېنى مەست قىلاتتى. دېرىزەمنىڭ تۈۋىنى چېچەكلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىدىغان بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى. دېرىزەم بىلەن چېچەكلىرى توزۇپ تۇرغان ئۆرۈك دەرىخى ئارىسىدىكى ئارغامچىغا يېيىلغان ئاپپاق كىرلىكلەر، ياستۇق قاپلىرى، كۆڭلەكلەر، يوپكا ـ كوپتىلارنى پاكىز قۇرۇغان، ئىسسىق، يۇمشاق، مەززىلىك سوپۇن ھىدى پۇراپ تۇرغان ھالەتتە يىغىۋاتقاچ يۈزۈمگە يېقىپ، ھوزۇرلىنىپ پۇراپ كېتەتتىم. چۈشتىن كېيىن ئۆرۈك تۈۋىگە ئەدىيال سېلىپ، كۆرپە، ياستۇق قويۇپ ئاپتاپقا قاقلىنىشنى ياخشى

كۆرەتتىم. بىرپەستىن كېيىن ئائىشە ھەدىنىڭ ئاپپاق، سىمىز كىچىك ئوغلى تايتاڭلاپ يېنىمغا كېلەتتى. تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا قويۇق يەرلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان بولۇپ چوڭ بولغان بۇ ئەركە ئوغۇل تىنىماي سوئال سوراپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇزۇنغا قالماي، ياشتا بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان، دادىسىغا ئوخشاش سىمىز، يوغانباش، ئاستا ماڭىدىغان، ئاستا سۆزلەيدىغان بەش ئوغۇلنىڭ ھەممىسى ئەتراپىمدا پەيدا بولاتتى. كىچىكى:

— ئاچا، سىز تاغنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىسا، قالغانلىرى تەڭلا شۇنداق دەپ سورىشاتتى. مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ بولالماي، كۆرپە - ياستۇقۇمنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتەتتىم. ئۇلار دېرىزەمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يەنە سوئال سورايتتى. دېرىزىگە بويى يەتمىگەنلىرى ئۆيىدىن كىچىك ئورۇندۇقلىرىنى ئاچىقىپ يۆتىگىغا قويۇپ، دېرىزىگە يامىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بىردىن كىچىك ئورۇندۇقى بار ئىدى. تاكى ئائىشە ھەدە چىقىپ سۈپۈرگە بىلەن ئۇلارنى قوغلىۋەتمىگۇچە، ئۇلار دېرىزەمنىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى، ئۆيۈمگە كىرىپ ئويناشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە ھەدە بىلەن ئۇنىڭ ئېرى:

— يائاللا ھەدىيە، باللىرىمىز سىزگە نېمانچە ئامراقتۇ. قارىغاندا سىزمۇ كىچىك بالىغا ئامراق ئوخشايسىز. كىچىك باللارمۇ مۇشۇككە ئوخشاش، سىلىغان ئادەمنىڭ قۇچىقىغا چىقىدۇ، — دېيىشەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ ھەيران. باللارغا بەك ئېچىلىپ كەتمەيمەن، بەزى قىلىقسىز باللارغا ۋارقىراپ، تەنبىھ بېرىپ تۇرساممۇ، باللار ماڭا ئاسانلا ئامراق بولۇپ قالاتتى. بۇنى مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ

كۆزلىرىدىنمۇ بىلىۋالاتتىم.

مەن ئىشقا چۈشكەن كۈنى ئىلمىي مۇدىر ئىنتايىن مەمنۇنلۇق بىلەن:

— ھەدىيە خانىم، بىر سىنىپىمىز بار، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىق «س» سىنىپى. سىز كېلىشتىن ئاۋۋال بىر سىنىپ مۇدىرى بېكىتكەنىدۇق، مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، داۋالانغىلى يۇرتىغا كېتىپ قالدى. ھازىر بىرسى ۋاقىتلىق قاراپ قويۇۋاتىدۇ، لېكىن تازا باشقۇرۇپ كېتەلمىدى. تەلىيىمىزگە سىز كەلدىڭىز. يۇقىرىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى بولغاندىكىن، سىزنى بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمىز...... — دەپ مېنى ئۇ سىنىپقا باشلاپ كىردى. سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، سىنىپقا كىرىش ئالدىدا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىلىكىمنى شۇنچە چىڭ قامالاپ تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. بۇ ئاساسەن ئوغۇل باللار يىغىلغان سىنىپ بولۇپ، كونا، يىرتىق كۆڭلەك، گىرۋەكلىرى قىرچىلغان دوپپا كىيگەن (بەزىلىرىنىڭ بېشىدا قازاندەك يوغان قىشلىق تۇماق بار ئىدى ) بۇ باللارنىڭ چىرايىدىن بىپەرۋالىق، ئالىقاناتلىق، يالقاۋلىق چىقىپ تۇراتتى. ھېچقايسى پارتىدا بىرەر تال قەلەم ياكى دەپتەر، كىتاب كۆرۈنمەيتتى. بۇلار خۇددى ھازىرلا كوچىدىن تېرىپ كېلىنگەن بىر توپ جەمئىيەت ياشلىرىغا ئوخشايتتى. ئىشىكتىن كىرىشىمگە بۇرنۇمغا گۇپپىدە ئۇرۇلغان پۇراق مېنى ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ پۇتىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. يېرىمىنىڭ پۇتى يالاڭئاياق، قالغان يېرىمىنىڭ پۇتىدا كىرلەشكەن كونا رېزىنكە ئاياغ بار ئىدى. بۇ پۇراق ئاشۇ ئاياغلاردىن تارقىلىۋاتاتتى. سىنىپنىڭ تاملىرى قاچانلاردىدۇر ئاقلانغان

بولسىمۇ، قالايمىقان يېزىلغان خەت، رەسىم، قارا ـ قۇرا داغلاردىن بۇلغانغان، دېرىزىلەرنىڭمۇ ساق ئەينەكلىرى قالمىغانىدى. ئىلمىي مۇدىر مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ، دەيدىغاننى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بالىلار بىلەن بىر دەقىقە يۈزمۇيۈز قارىشىپ تۇردۇق. بۇ چاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغان، ئىنتايىن مۇھىم دەقىقە ئىدى. سەل ھودۇقۇپ تۇراتتىم ـ يۇ، ئىچىمدە نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر قارام كۈچ بار ئىدى. ھەر قېتىم ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرغىنىمدا، بۇ كۈچ ۋۇجۇدۇمدا ئۆركەشلەپ، ئۆزۈممۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئوي ـ پىكىرلەرنى قوزغايتتى. مەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— سالام ساۋاقداشلار، مەن سىلەرگە سىنىپ مۇدىرى بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشال. ئىسمىم ھەدىيە. بەلكىم بۇ قانداق ئىسىمدۇ دەپ قالغانسىلەر. مەن سىلەرگە ئىسمىمغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەخپىيەتلىكنى دەپ بېرەي، ئاپام ئۈچ ئاچامنى تۇغۇپ بولۇپ، تۆتىنچى بولۇپ مېنى تۇغقاندا كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئۇ ئەسلىي ئوغۇل تۇغۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇڭا ماڭا قاراشنىمۇ خالىماپتۇ، قورسىقىم ئېچىپ يىغلاپ كەتسەممۇ كارى بولماپتۇ. شۇ چاغدا دادام مېنى قولىغا ئېلىپ:

— خوتۇن، بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بەرگىنى، خۇدايىمنىڭ بىزگە قىلغان ھەدىيەسى. قارا، ئۇ كۈلۈمسىرەۋاتىدۇ. كېيىن ئۇ چوقۇم ئەقىللىك ھەم چىرايلىق بىر قىز بولىدۇ. بۇنى قولۇڭغا ئال، — دەپتۇ. ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ مېنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا بېسىپتۇ...... شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئىسمىم ھەدىيە بولۇپ قاپتۇ. دېمەكچىمەنكى، قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئەتىۋارلىق ياكى ئەتىۋارسىز بولسۇن،

ھەر بالىنىڭ ئۆز رىزقى ۋە ئۆزىگە خاس ھايات يولى بولىدۇ. بىز ھەربىرىمىز بوشاڭلىق قىلمىساقلا، كۆزلىگەن نىشانىمىزغا يەتمەي قالمايمىز، ــ دېدىم. بالىلارنىڭ چىرايىدىكى ئېرەنسىزلىك ۋە مەسخىرە بارا ـ بارا يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تېڭىرقاش ۋە ئويچانلىق ئىگىلىدى. بالىلار يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك جىم ئولتۇرۇپ، سۆزۈمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر يەر يۇمشىغاندەك، بىر ئىللىقلىق پەيدا بولغاندەك بولدى. ئارقىدىنلا يوقلىمىنى قولۇمغا ئېلىپ، بالىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئورنىدىن تۇرغان ھەربىر بالىنىڭ چىرايى، كىيىنىشى، ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىۋېلىشقا ۋە ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. يوقلىما داۋامىدا ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق، قىزىق پاراڭلارنى قىستۇرۇپ قويۇۋىدىم، ئەسنەپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئۇلارغا قويغان بىردىنبىر تەلىپىم تازىلىقنى ياخشىلاش بولدى. ئۇلارغا پاكىز يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ، رەتلىك كىيىنىپ كېلىشنى، ئەتىسى تازىلىق تەكشۈرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دەرستىن چۈشۈپلا ئامبارچىدىن ھاك، چوتكا دېگەندەك نەرسىلەرنى سوراپ ئالدىم ـ دە، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەپ، سىنىپنى ئۆزۈم يالغۇز ئاقارتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. كىچىكىمدىن ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئاقارتاتتىم. ئاپام ئىككىمىز كونا كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، باشلىرىمىزنى ئوراپ، سەككىز ئېغىز ئۆي، ئامبار، ئاشخانىلارنى بىر كۈندىلا ئاقارتىۋېتەتتۇق. ئاچا ـ سىڭىللىرىم ئىچىدە ھەممىدىن بويلۇق، قاۋۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، تەتىللەردە دادامغا

ياردەملىشىپ ئېتىزدا ئەمگەك قىلاتتىم. ئورما ئوروپ، چۆپ چاپقان ۋاقىتلىرىمدا دادام خۇشال بولۇپ: «ئوغۇل بالىغا تېگىشكۈسىز قىزىم جۇمۇ سەن» دەپ كېتەتتى. مانا بۇگۈنمۇ سىنىپنى بىردەمدە ئاقارتىپ بولدۇم. ھاكىنى ئەتراپقا چاچراتماي ئاقلاشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، سىنىپنىڭ تاختاي، پارتا، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىمۇ ئانچە بۇلغىنىپ كەتمىدى. شۇڭا، ئەتىسى ئەتىگەندە بالىلار كەلگۈچە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى، تاختاينى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتىم. بىرىنچى سائەتلىك دەرسىم ئەنە شۇنداق يېڭى بىر مۇھىتتا باشلاندى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىچىك تازىلىق، ھەپتىدە بىر قېتىم چوڭ تازىلىق قىلىش، ھەپتىدە ئىككى قېتىم شەخسىي تازىلىق تەكشۈرۈش سىنىپىمدا قاتتىق تۈزۈمگە ئايلاندى. كۈنلىرىم دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، سىنىپ ھەيئەتلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇرۇش، دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم يېتەكلەشتەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتى. قىشنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىنىپنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى تولۇقلاپ سالدۇرۇش، ئىسسىنىش مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش دېگەندەك ئىشلارمۇ قوشۇلغانىدى. نامرات ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك بولغانلىقتىن، قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ مەسىلىسىنى مەكتەپنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تولۇق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدىم، پەقەت ئامال بولمىغاندا، ئۆز يېنىمدىنمۇ چىقاردىم. بۇ تۈپەيلى بىر ـ ئىككى ئاي مائاشىم يەتمەي، قەرز

ئېلىشقا، بەزى كۈنلىرى ئائىشە ھەدىلەرنىڭ چوڭ قازىنىدىن تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەلۋەتتە، ماڭاشىم چىققاندا مەنمۇ ئۇلارنى تاماققا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە جاۋاب قايتۇراتتىم. ئائىشە ھەدە ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ:

— سىز ئۆزىڭىزنى تاشلاپلىۋەتتىڭىز، قارىڭە، ئورۇقلاپ كەتكىنىڭىزگە، ئەتىدىن كەچكىچە سىنىپىم، بالىلىرىم دەپ چېپىپلا يۈرسىڭىز، سىزنىڭ كەينىڭىزدە يېۋال - ئىچىۋال دەيدىغان، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا - ئانىڭىز بولمىسا، ئاغرىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ بالىلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى سىز يالغۇز ھەل قىلىپ بولالمايسىز. ئۆزىڭىزنىمۇ ئاياڭ. سىز سالامەت تۇرسىڭىز، قالغان ئىشلار ئاستا - ئاستا ھەل بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەيتتى. ئەمما، مەن ئالدىراشلىق ئىچىدىكى مۇشۇ كۈنلىرىمدىن ئىنتايىن رازى ئىدىم. ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئوغۇز، مۇشۇنداق چەت، جاپالىق يەرلەردە بالا ئوقۇتۇش ئىككىمىزنىڭ ئارزۇسى ئىدىغۇ، مەن بۇ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. مەن بۇ يەردە ئالدىراش ئىشلەپ يۈرگىنىمدە، يېنىمدا خۇددى سەنمۇ باردەك تۇيۇلىسەن. بەزى ئىشلارنى قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغان چاغلىرىمدا، ‹ئوغۇز بولغان بولسا قانداق قىلاتتى؟›، دەپ ئويلىساملا، كۆڭلۈم يورۇپ، قانداق قىلىشنى بىلىۋالىمەن. ئاھ، ئوغۇز جېنىم، راستىنىلا يېنىمدا بولغان بولساڭ، ئىككىمىز نەقەدەر بەختلىك بولغان بولاتتۇق - ھە» دەيتتىم. خىيالىمنىڭ ئاخىرى سېغىنىش ۋە ھەسرەتكە ئايلىنىپ، بىر ۋاقىتلارغىچە يىغلاپ، ياستۇقلىرىمنى نەمدەپ چىقاتتىم. بەزىدە ئوغۇز كۆلۈمسىرىگەن ھالدا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ: «يىغلىما ئامرىقىم، جاسارەتلىك بول، مەن

يېنىڭدا» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شېرىن ئەسلىمىلەر قوينىدا قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

ئۇ ئاچارچىلىق يىللىرى ئىدى. ئىككىنچى يىلى ئاچارچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ زاغرىلىرى كىچىكلەپ، ئوتياش شورپىسى ۋە ئۇماچلىرىدا ياغ دىدارى كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسى تاقىلىپ قالدى. پۇل بولغىنى بىلەن، بازارلاردىن يەيدىغان نەرسە تاپقىلى بولمايتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىدا قورساق غېمىدىن باشقا غەم يوق ئىدى. سىنىپىمدىكى ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى قىز ئوقۇغۇچىلار يەكشەنبە كۈنى ئۆيلىرىگە قايتقان چاغلىرىدا قول ياغلىقلىرىغا چىگىپ بىرەر چاڭگال قورۇق ئۈزۈم، تۆت ـ بەش تال ياڭاق، كۆكباش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. بۇلارنى ئېلىشنى خالىمىساممۇ، ئورنۇمدىن تۇرالمىغۇدەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالاتتىم. ئانچە ـ مۇنچە گۆش ـ ياغ تاپسام، چوڭ كورىدا ئاش ئېتىپ، ئەھۋالى ئېغىرراق باللارنى ئۆيۈمگە چاقىراتتىم. شۇ يىللىرى باشقا سىنىپلاردىن نۇرغۇن بالا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئىشلار بولدى، ئەمما مېنىڭ سىنىپىمدىن بىرمۇ بالا توختاپ قالمىدى. باللىرىمنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە يۇقىرى بولۇپ كەلدى. ئەينى يىللاردىكى «تەربىيە كار قىلمايدىغان» تولۇق 1 ـ يىللىق «س» سىنىپىنىڭ باللىرى بىر ئائىلىنىڭ باللىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى، ئائىلە شارائىتى ياخشىلار ناچارلارنى يۆلەپ، ئاچارچىلىقنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىللىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ئەمما،

ھەممىمىزنى يېگى بىر مەسىلە كۈتۈپ تۇراتتى. قەھەتچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشى، تەمىناتنىڭ ئاز - تولا ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سايە يەرنىڭ زىرائەتلىرىدەك ئورۇقلاپ، سارغىيىپ كەتكەن بالىلار بەس - بەستە بوي تارتىشقا باشلىدى. قىزلار رەڭ تۇزەپ، ئوغۇللارنىڭ ئاۋازى غارالڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغان بولدى. ئۇلار ھاياتىنىڭ پەۋقۇلئاددە دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. بىر كېچىدىلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك ئۆزگىرىپ، ئۆزىرىپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى نەگە قويۇشنى بىلمەيۋاتقاندەك تارتىنىپ يۈرگەن بالىلارغا قارىسام، ئۆزۈمنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىم، يۈزۈمگە چىقىپ قالغان كىچىك، قىزىل مودۇرچاقلار تۇپەيلى ئىزا تارتىپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يۈرگەنلىرىم ئېسىمگە كېلەتتى. بىر تۇرۇپ ئۇلارغا مەستلىكىم كېلىپ خۇشال بولسام، بىر تۇرۇپ تەشۋىشلىنەتتىم. ئوغۇللارغۇ مەيلى، قىزلار ئاسانلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. ھازىرغىچە قىزلارنى مۇشتتەك چېغىدىلا ئەرگە بېرىۋېتىدىغان ئادەت ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرتلاردا كىشىلەر قىز بالىلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى نورمال تەرەققىياتىنى «ئىش كۆرۈپ» قالغانلىقنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ يامان كۆرۈشەتتى. سىنىپتا بىرەر قىز بالىنىڭ كۆڭلىكىگە بىرنەرسە يۇقۇپ قالغان بولسا، قالغان قىزلار ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشاتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى، ھەتتا ھاجەتخانىلارغىچە ئارقىسىدىن ماراپ بېرىپ، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭ «پاك» ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىماقچى بولۇشاتتى، شۇ قىز دۇچ كەلگەن ئىشلارغا ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى ئۆزلىرىنىڭمۇ

دۆچ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزلىرىغا بۇنداق ئىشلاردىن تەلىم بېرىشنى ھاياسىزلىق دەپ قارىشاتتى. بالىلار ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي قەدەم قويغان بۇ مەزگىل شۇنداق تىنچسىز، نازۇك بىر ۋاقىتلار ئىدىكى، ئۇلارنىڭ تېنىدە كۈنسېرى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان ھورمۇن ئۇلارنى ھەر كويغا سېلىپ، ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىيالايتتى، مىجەز ـ خاراكتېر، ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئالدىدا پەند ـ نەسىھەت، سىياسىي تەربىيەمۇ كارغا كەلمەي قالاتتى. بۇنداق مەزگىلدە ئۇلار بىلەن دوست بولۇش، سەمىمىي گەپلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ ياكى ئۆزىمىزنىڭ بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيەلەش زۆرۈر ئىدى. ئۇلار تۇرمۇش، مۇھەببەتنى چۈشىنىشكە، توغرا مۇھەببەت قارىشى يېتىلدۈرۈشكە موھتاج بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ مائارىپىمىزدا بۇ خىل تەربىيەگە ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى يوق ئىدى. مەن «پېداگوگىك پوئېما» دىن ئالغان ئىلھامغا تايىنىپ، ئوقۇغۇچىلىرىمغا ياشلىق باھار مەزگىلى ۋە بۇ مەزگىلدە يۈز بېرىدىغان فىزىيولوگىيەلىك، پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە يۈزە ساۋات بەردىم. مەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ توققۇز ـ ئون ياشلاردىن تارتىپ 15 — 16 ياشلارغىچە يۈز بېرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ قىزلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئوغۇللاردىن بۇرۇنراق بولىدىغانلىقىنى، كۆكسى يېتىلىش ۋە ھەيز كېلىشنىڭ نورمال ئىش، ئەخلاقسىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەۋاتقان چېغىمدا، سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى

باشلىرىنى پارتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يۈزلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇغۇللارمۇ قىزىرىپ، ئېسىلىپ كېتىشتى. ئارقىدىنلا مەن ھەقىقىي ئەخلاقنىڭ نېمىلىكى، مەدەنىيلىك بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى توغرا تونۇش، توغرا مۇھەببەت قارىشى تىكلەش، بالدۇر مۇھەببەتلىشىشكە بېرىلىپ كەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈردۈم. پەرىزىمچە، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچى مەقسىتىمنى توغرا چۈشەندى، دەرسىمگە قايىل بولدى. دەرس بىلمەيدىغان، ئەمما چوڭ ئاياللاردەك ياسىنىۋالىدىغان ئىككى قىز دەرس تۈگىگۈچە بېشىنى پارتىدىن ئالماي، بىر - بىرىگە ئوغرىلىقچە قارىشىپ، خىر - خىر كۈلۈشۈپ چىقتى.

ئۇلار شەھەرلىك قىزلار ئىدى، دائىم باشقا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. مەن بۇ دەرسنى ئۆتكەن كۈننىڭ ئەتىسى بۇ خانىملار مېنى گەپتە سوقۇپ، باشقىلارغا بىر نېمىلەرنى كۇسۇلدىشىپ يۈرۈشتى. ئەمما، مەن بۇ دەرس توغرىسىدا ئىلمىي مۇدىرنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن، ئارتۇقچە ئىش قوزغىيالماي توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

مەن كىچىكىمدىن ئەدەبىياتنى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن سۆيەتتىم. ۋۇجۇدۇمدا ئاشۇ ئەسەرلەرنىڭ ھارارىتىدىن ھاسىل بولغان قايناق بىر ھېسسىيات بار ئىدى. مەن ئۆزۈم بىلىدىغان، ئۆزۈم بەھرىلەنگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئەنە شۇنداق ھېسسىياتنى، ھەقىقانىيەت تۇيغۇسىنى، ئالغا

ئىنتىلىش روھىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۇرۇندۇم. ئوقۇغۇچىلىرىمنى ناھىيەلىك كۇتۇپخانىغا كوللېكتىپ ئەزا قىلدۇرۇپ، دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، مۇھاكىمە قىلىشقا ئۈيۈشتۇردۇم. باللار ئەسەرنى دەرستىن سىرت ئوقۇيتتى. ئۇلار ئوقۇپ بولغاندا، دەرسنى ئىتتىكرەك ئۆتۈپ، قالغان ۋاقىتتا ھەربىر بالىنى ئۆز قاراشلىرىنى دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇراتتىم. ھەر كىم بىلگىنىنى سۆزلەيتتى. بەزىدە مۇنازىرىلىشىپ، قىزىرىشىپ، مۇشتلاشقۇدەك بولۇپ كېتىدىغانلارمۇ چىقاتتى. ئاز ـ تولا يېتەكلەپ، توغرا يولغا باشلاپ قويۇشۇم بىلەن ئاخىر يەنە پەسكويىغا چۈشۈپ خۇلاسىنى ئۆزلىرى چىقىرىشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ خۇلاسىسىنى بىرنەچچە نۇقتا بويىچە دوسكىغا يازدۇراتتىم. ھەممىسى ھەر خىل يېزىپ، ئاخىر بىرلىككە كېلەتتى. ئۇلار بۇنداق مۇھاكىمە دەرسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن يەنە ئۇلارنى ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىكلەرنى قانداق يېڭىش توغرىسىدا، غايە ۋە ئىرادە توغرىسىدىمۇ ئاشۇنداق مۇلاھىزىلەرگە ئۈيۈشتۇرغانىدىم.

مېنىڭ بۇ خىل ئوقۇتۇش مېتودىممۇ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا مۇنازىرە قوزغىدى. ياخشى دەپ قوللىغۇچىلارمۇ، قارشى تۇرغۇچىلارمۇ چىقتى. كۆپ سانلىق ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىككىلىنىشى ۋە سالقىن پوزىتسىيە تۇتۇشىغا قارىماي، ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدا مەن «ئىلغار ئوقۇتقۇچى»، «ئىلغار سىنىپ مۇدىرى» بولۇپ باھالاندىم. ئوقۇتۇش مېتودىم ۋىلايەت بويىچە تونۇشتۇرۇلدى.

ئىلغار بولۇپ مۇكاپاتمۇ ئالدىم. ئەمما، مېنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغانلار، بولۇپمۇ ئەتراپىمدىكى بىرنەچچە خانىم ھەربىكىتىمنى توختاتمىدى. مۇدىر مېنى بىرنەچچە قېتىم ئالدىغا چاقىرىپ، دەرس ئۆتۈشتە دەرسلىكتىكى مەزمۇنلاردىن چەتنەپ كەتمەسلىك، دەرسنى ئويۇنغا ئايلاندۇرماسلىق ۋاھاكازالار توغرىسىدا پەند ـ نەسىھەت قىلدى. بىر قېتىم مۇدىر يىغىندىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن بىر ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدا:

— ھەدىيە خانىم، زادى سىز دە بۇرژۇئا ئىدىيەسى ئېغىر، ئۆزىڭىزنىڭ ياسانچۇقلۇقى يەتمىگەندەك، قىز باللارغا كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىشنى، پۇتىغا پايپاق تارتىشنى، ئوغۇل باللارغا چاچ قويۇشنى، يەنە باشقا بىر نېمىلەرنى ئۆگەتكۈچە، ئىنقىلابىي قۇربانلاردىن قانداق ئۆگىنىشنى، ئىنقىلاب ئىشلىرىمىزنىڭ لاياقەتلىك ئىز باسارى بولۇشنى ئۆگىتىڭ! بۇرژۇئازىيەنىڭ كىتابلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى زەھەرلەشنى توختىتىڭ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

دەسلەپتە بەك ھودۇققان بولساممۇ، ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ:

— ھۆرمەتلىك مۇدىر، بىزنىڭ ھەممە بالىمىز قەھرىمان بولالمايدۇ. كۆپ قىسمى سىز دەك، مەندەك ئاددىي ئادەم بولىدۇ. ئۇلار ئەمدى چوڭ بولدى، ئۇزاققا قالماي توي قىلىپ ئۆي تۇتىدۇ، باللىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا قانداق ياشاشنىمۇ ئۆگەتمەي بولمايدۇ. سىز مېنى نېمە ئۈچۈن بۇرژۇئا ئىدىيەسى ئېغىر دەيسىز؟ ئەجەبا چىت كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، پاكىز، رەتلىك يۈرگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز نېمىشقا

كونا يەكتىكىڭىزنى كىيىۋالماي، بۇرژۇئازىيەنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالىسىز، نېمىشقا چىرايلىق خانىملارنىڭ ئارقىسىدىن چىقمايسىز؟

مۇدىر دەسلەپتە سارغىيىپ، كېيىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇ غەزەپتىن تىترەپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقاندا، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭ سەنئەت ئۆمەكتىن ئالمىشىپ كەلگەن چىرايلىق بىر خانىمنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى، ئۇ خانىم دەرسنى ئوڭلاپ ئۆتەلمىسىمۇ، دائىم ئۇنىڭغا يان باسىدىغانلىقى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىكى ئاشكارا مەخپىيەتلىك ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدا غەيۋەت قىلىشسىمۇ، ھېچكىم ئالدىدا ئېغىز ئاچالمايتتى. بۈگۈن بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىشىنى ئۆزۈممۇ خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. گەپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئامال يوق، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن. شۇغىنىسى، ئۆز ئىنى ـ سىڭىللىرىمدەك ياخشى كۆرىدىغان قارا كۆزلىرىمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ......

چوڭراق بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى كۈتكەنىدىم. ئەكسىچە بىر خىل تىمتاسلىق ئىچىدە قالدىم. خانىملار مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەمەس، ئىلگىرى خېلى سالام ـ سەھەت قىلىشىپ ئۆتىدىغان ئەر ئوقۇتقۇچىلارمۇ مەندىن قېچىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. بۇ جىمجىتلىق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. لېكىن، مەن ئادەتتىكىدەك دەرسىمنى ئۆتۈپ يۈرۈۋەردىم. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىلگىرىكىدەكلا «خانىم، خانىم» دېيىشىپ، ئەتراپىمدا چۆرگىلىگىنى چۆرگىلىگەن.

ئائىشە ھەدە ياتىقىمغا كىرىپ:

— ھەي، سىز چاتاق ئىش قىپسىز ئەمەسمۇ. سىز نېمىشقا مۇدىرنى تىللايسىز؟ سىزنى بىر نېمە دېگەن بولسا، ۋاي مۇدىر، سىزنىڭ راست، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي دەپ قويسىڭىز بولماسمىدى. ئەمدى سىزدىن ئۈچ ئالسا قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

— قانداق ئۈچ ئالار؟ قوغلىۋېتەرمۇ؟ كومپارتىيەنىڭ كادىرى شۇنچىلىك گەپكىمۇ بىر ئادەمنى قوغلىغىلى تۇرسا، جاھان قانداق بولۇپ كېتەر! مەنمۇ چىداپ تۇرالماي، يېرىلالماي ئاران تۇرغان، قوغلىۋەتسە ئەرز قىلىدىغان ئىشنى مەنمۇ بىلىمەن. خەقنىڭ ئارقىسىدىن توختىماي غەيۋەت قىلىپ، ئالدىدا بىر ئېغىز پىكىر بېرىشكە پېتىنالماي يۈرگۈچە مەن يامان بولسام بولاي، يامىنى كەلسە، يۈرتۇمغا كېتىپ قۇتۇلارمەن شۇ.

ئائىشە ھەدە گەپلىرىمگە قايىل بولمىغان بولسىمۇ، ئارتۇق بىر نېمە دېمەي، ماڭا ئېچىنىۋاتقاندەك بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— سىز خىزمەتتىن باشقىنى ئويلىماي يۈرىدىكەنسىز. بۇنداق كېتىۋەرسىڭىز بولمايدۇ. ماڭا قارىڭ، يېقىندا مەكتىپىمىزگە ئۈچ ـ تۆت ئەر ئوقۇتقۇچى كەلدى. ھەممىسى شىماللىق ئىكەن. سىز مۇدىر بىلەن دېيىشىپ قالغان كۈنىمۇ غۇلجىلىق بىر بالا كەلدى. ئېغىر ـ بېسىق، ئوبدان يىگىتتەك قىلىدۇ. سىز بۇ ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىپ قويۇڭ، داۋاملىق يالغۇز ئۆتۈپ كېتەلمەيسىز، — دېدى.

— مەن يالغۇز ئۆتىمەن دەپ قەسەم ئىچكەن، قەسىمىمنى بۇزسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدىم چاقچاق ئارىلاش.

— مەن ئۇنداق قەسەملەرگە ئىشەنمەيمەن. ۋاقتى

كەلسۇنچۇ قېنى، توي قىلمايتتىم دەپ ئولتۇرغىنىڭىزنى بىر كۆرەي. سىز بۇ يەردە يالغۇز، بىر ـ بىرىدىن قامالاشقان تۆت يىگىت ئالدىڭىزغا كەلدى. قېنى، ئوبدان تاللاڭ، لېكىن ۋاقىتنى بەك سوزۇۋەتمەڭ.

— بولمايدۇ ھەدە، مەن بىر قېتىم توي قىلغان...... لېكىن، توي ئاخشىمى قېچىپ كەتكەن.

ئائىشە ھەدەم ئاغزىنى ئاچقىنىچە قاراپلا قالدى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن:

— سىزنى توي قىلغان دېسە، كىم ئىشىنىدۇ. چىرايىڭىزدىن سۈت تېمىپ تۇرىدۇ. مىجەزىڭىزمۇ كىچىك بالىدەك، خىيالىڭىزغا كەلگەننى قىلىسىز. بۇ گەپنى ماڭا دېدىڭىز، چاقچاق بولسىمۇ مەندىن باشقا بىرسىگە دېمەڭ، — دېدى.

— بولمايدۇ ھەدە. توي قىلغىنىمنى يوشۇرسام بولمايدۇ، يالغۇز بولا ئەمەس، مېنىڭ بىردىنبىر مۇھەببىتىم، مەڭگۈلۈك سۆيگەن يىگىتىم ئۆلۈپ كەتكەن. مەن ئەمدى بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەكتىن يەنە بىرنى تاپالمايمەن. توي قىلسامۇ، توي قىلغان ئادىمىمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈمنىمۇ، خەقنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويىمەن......

مەن چامادانىمدىن ئوغۇزنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى ئېلىپ، ئائىشە ھەدىگە كۆرسەتتىم. ۋاللىداپ تۇرغان قويۇق سارغۇچ چاچلار ئاستىدىكى ئاپپاق، كەڭ پېشانە، قوشۇما قاش. سۈرەتكە رەڭ بەرگۈچىنىڭ موي قەلىمى ئاستىدا قارىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلىرىدە ۋە قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى سەل ئوچۇق لەۋلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۈلۈمسىرەش...... ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەمنى چىرايىدىن

ئارتۇق جەلپ قىلىپ تۇرىدىغىنى بىر سېھرىي كۈچ، نېمىلىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، يىگىتلەرگە خاس مەردانىلىكمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتتىكى ئۆتكۈرلۈكمۇ، مۇھەببەتمۇ، يۇمۇرمۇ ياكى ھەممىسىنىڭ بىرلەشمىسىمۇ، ئىش قىلىپ ناھايىتى باي بىر ئىچكى دۇنيا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، يۈرەككە ئىنتايىن يېقىن، تونۇش بىلىنىدىغان بىر تۇيغۇ. ئائىشە ھەدەم سۈرەتكە ئۆزاققىچە تىكىلىپ تۇرۇپ، بىردىنلا يىغلىۋەتتى:

— ۋاي سىڭلىم، بىچارە سىڭلىم. مەن سېنى ئۆزى يالغۇز بۇ يەرلەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ دەپ ھەيران قالاتتىم. كۆڭلۈم تۇيۇپتىكەن. سېنى بۇ يەرگە دەرد ـ ئەلەم ئېلىپ كەپتىكەن، سەن ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرگەن بىر بىچارىكەنسەن...... ياق، سەن قەيسەر قىز ئىكەنسەن، شۇنچىۋالا دەردكە چىداپسەن. ئۆرۈلۈپ چۈشمەپسەن. بۈگۈندىن كېيىن يېنىڭدا مەن بار سىڭلىم. مەن سېنى يالغۇز قويمايمەن. قاراپ تۇر، مەن سېنىڭ يۈرەكتىكى يارىلىرىڭنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتىمەن......

ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئېسىلىشىپ ئۇزاققىچە يىغلاشتۇق. مەن ئۇغۇزنى يوقاتقاندىن تارتىپ بىرسىگە مۇنداق دەرد تۆكۈپ باقمىغان، بۇنداق ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېزىلىپ يىغلىمىغانىدىم، خۇددى مۇشۇ كۈننى ساقلاپ تۇرغاندەك. كۆڭلۈم ئاز ـ تولا ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇغۇزمۇ ئەمدى مەندىن خاتىرجەم بولغاندەك تولا چۈشۈمگە كىرمەيتتى. مەن ئۇچۇن رەڭدارلىقىنى يوقاتقان تۇرمۇش ئاستا ـ ئاستا ئۆز جىلۋىسى بىلەن مېنى جەلپ قىلىشقا باشلىغانىدى. مەكتەپتىكى ئىشلىرىممۇ بىر قېلىپتا داۋام

قىلىشقاتاتتى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكا، مۇزاكىرە، ئۆلىشىپ كەتكەن دەرسلەر، كۈرژۈك پائالىيەتلىرى......

## 13

ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەر يىللىقى كۈزلۈك ئەمگەك ۋاقتىمىزمۇ كېلىپ قالدى. ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بىرىگە قوناق ئۈزگىلى چىقتۇق. ئاجايىپ بوي تارتقان ئورماندەك قوناقلار ئارىسىغا كىرىپ كەتسەك بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق ـ يۇ، دىدارىمىزنى كۆرەلمەيتتۇق. مەن خىيال سۈرگەچ ئالدى تەرىپىم ۋە ئىككى تەرىپىمدىكى قوناق باشلىرىنى ئۈزۈپ، سېۋەتىم توشقاندا كەڭرەك بىر يەرگە تۆكۈپ دۆۋىلەيتتىم. ئالدى ـ كەينىمگە مېڭىپ يۈرۈپ قىرغا قانداق چىقىپ قالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ئۇدۇلۇمدىكى قىردا ياش بىر ئوقۇتقۇچى تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. تۇزۇكرەك قارىمايمۇ، ئۇنىڭ دەل مەن مۇدىر بىلەن تاكاللاشقان كۈنى مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرگەن ھېلىقى يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. مەن سارغۇچ قوڭۇر چاچقا نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر ئىدىم، چۈنكى بۇ ئوغۇزنىڭ چېچىنىڭ رەڭگى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئاددىيلا سالاملىشىپ، قىرنىڭ نېرىسىدىكى ئېتىزغا كىرگىنىمدە، ئۇمۇ تاماكىسىنى لايغا پاتۇرۇپ ئۆچۈرۈپ كەينىمدىن كەلدى ۋە مەن كۈتمىگەن بىر گەپنى قىلدى:

— خاتالاشمىسام، بىز تونۇشىمىزغۇ دەيمەن.

— شۇنداقمۇ؟ مەن ھېچ ئەسلىيەلمىدىم. بىرەرسىگە ئوخشىتىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— لېكىن، سىز ھېچكىمگە ئوخشىمايسىز - دە. مەن ئۆتكەندە سىزنى مۇدىر ئىشخانىسىدا كۆرگەن. مۇدىرنى شۇنچىلىك خاپا قىلىۋەتتىڭىزكى، سىز ئۇنىڭ ئاچچىقىدا قانداق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەي قالدىڭىز. دەردىڭىزنى تازا چىقىرىۋېلىپ، ئىشىكلەرنى تاراقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتىڭىز. لېكىن، مەن سىزنىڭ يامانلىقىڭىزغا قول قويدۇم. بۇ قانداق قىزدۇ؟ نەلىكتۇ؟ دەپ ئارقىڭىزدىن كۆپ سۈرۈشتە قىلدىم. لېكىن، مېنىمۇ سىلكىۋەتمىسۇن دەپ، سىزگە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ۋييەي، مەن شۇنچە قورقۇنچلۇقمىكەنمەن؟ خەق مېنى بوزەك قىلىمەن دېمىسىلا، مەندىن ياخشى ئادەم يوق.

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم. تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم مەسئۇد. سىز ئوقۇغان مەكتەپتە ماتېماتىكىدا ئوقۇغان. ئائىلە تەركىبىم يۇقىرىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھاننىڭ بۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا كېلىپ قالدۇق. لېكىن، بۇ يەردە سىلەرنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— شۇنى دېمەمسىز، بۇ يەردە ھەممە يۇرتتىن كەلگەنلەر تېپىلىدۇ. تاتار، تۇڭگان مۇئەللىملەرمۇ بار تېخى.

مەسئۇد بىلەن شۇنداق تونۇشتۇق. ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەن يەنە بىر غۇلجىلىق فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، چۆچەكلىك خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى، بىرى قومۇللۇق، بىرى بورتالالىق تارىخ ھەم بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ياتىقى ئىچكىرىكى قورۇدا بولغانلىقى ھەم بېرىدىغان دەرسىمىز ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئۇچراشمىغانىكەنمەن. ئۇلار دەم ئېلىشلاردا يىغىلىپ دۇتار - تەمبۇر چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ ناھايىتى

كۆڭۈللۈك ئۇلتۇرۇشىدىكەن. ئۇلار مېنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلغان ئاخشىمى ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان چۆچەكلىك دوختۇر قىز بىلەن تونۇشتۇم. يىڭناغۇچتەك ئورۇق بۇ قىزنىڭ كۆزلىرى كۆپكۆك ئىكەن. ئۇ ياسىنىشقا ئۇستا، سۆزلەپ، ئوينىاپ تۇرىدىغان شوخ قىز بولغاچقا، يىگىتلەر ئۇنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ قوغلىشىدىكەن. ئۇلار بەزىدە دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان باشقا دوختۇر - سېستىرا قىزلارنىمۇ تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇلار ماڭا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. «بۇ مېنىڭ ئۇلاردىن چوڭ بولغانلىقىم، خىزمەت تەجرىبەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلايتتىم. مەنمۇ توي قىلغانلىقىمنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ يۈرمىدىم. بىرەر يىلغا قالماي يىگىتلەرنىڭ بىرى چۆچەكلىك قىز بىلەن، يەنە بىرى يەنە بىر دوختۇر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشتى. بورتالالىق يىگىتمۇ قىزدىن بىر - ئىككىنى ئالماشتۇرۇپ بولدى. مەسئۇدلا كۆڭلىدە بىر سان باردەك جىم يۈرەتتى. بەزىدە مەست بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ياتىقىمغا كىرىپ، ماڭا قىزارغان كۆزلىرىنى تىكىپ، مەنىلىك گەپلەرنى قىلاتتى. مەن بۇنداق چاغلاردا ئائىشە ھەدىنى چاقىرىپ چىقاتتىم. ئائىشە ھەدە ئۇنى ئالداپ - سالداپ ياتىقىغا چىقىرىۋېتەتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا مەسئۇدتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرەتتىم. كىچىكىمدىن تارتىپ دادام ياكى ئىنىلىرىمنىڭ ھاراق ئىچكىنىنى كۆرمىگەنلىكتىنمۇ ياكى ئەنئەنىۋى تەربىيەنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىنمۇ، ھاراق ئىچىدىغان ئادەملەردىن قورقاتتىم. ئۇنداق ئادەملەر ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ دەپ قارايتتىم. ئەمما، ئائىشە ھەدە مەسئۇدنى باشقا باللارغا ئوخشىمايدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان

ياخشى يىگىت دەپ قارايتتى. مېنى ئىتتىكرەك بىر قارارغا كېلىشكە ئۈندەيتتى. «ئۇ مەندىن كىچىك، توي قىلمىغان، مەندىن پاكار، ئىككىمىز بىللە ماڭساق كىشىلەر كۈلمەمدۇ؟» دېگەندەك بىر مۇنچە باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۇنى ئىبىغىز ئاچۇرمايتتىم.

سوغۇق چۈشكەندە، مەسئۇد ياتىقىنىڭ ئىسسىمايۋاتقان ـ لىقىنى ئېيتىپ، كەچلىرى پات ـ پات ياتىقىمغا كىرىپ ئول ـ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قومۇللۇق ياتاقدىشى ئاخشى ـ مى يۇرۇۋاتقان قىزى بىلەن چىقىپ كېتىدىكەن ياكى ئىككى ـ سى ياتاقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ياتاقتا ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىكەن. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا مەش ئۈستىدە شىڭىلداپ تۇرغان ئاپپاق چەينەككە، رېشىلىيە ئىشلەتكەن دېرىزە پەردىلىرىمگە، يۇمىلاق تاماق شىرەسى ئۈستىگە يېپىلغان ئاپپاق داستىخانغا، كارىۋىتىمغا سېلىنغان يۇڭ ئەديال، كەشتىلىك ياستۇقلىرىمغا قاراپ كېتەتتى. ئۇ ـ نىڭغا چاي دەملەپ، زاغرا نانلىرىمنى، كەمپۇت، گۈلە ـ قاق ـ لىرىمنى قويۇپ بېرەتتىم. بىرەر ـ ئىككى سائەت تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزدىن كېيىن، ئۇ بويىنىدىن سۆرىگەندەك چىقىپ كېتەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە كۆمۈرخانى ـ دىن ياتىقىمغا ئوتۇن ـ كۆمۈر توشىغاچ، ماڭىمۇ توشۇپ بېرەت ـ تى، بۇ تەرەپتە كۆمۈر قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر كۆ ـ پىنچە يازدا ياكى كۈزدە كۆمۈر ئۆۋۈقىغا سېغىز توپا ئارىلاش ـ تۇرۇپ كېسەك قۇيۇپ ياكى كۆمۈر پومزىكى ياساۋالىدىغان ئىش بار ئىدى. مەشنىڭ تېگىگە قۇرۇق ئوتۇن بىلەن يىرىك ـ رەك كۆمۈرنى سېلىپ، ئۈستىگە پومزەك تىزىپ ئوت يېقىلا ـ سا، ئوت ئوبدان كۆيەتتى. بولۇپمۇ پومزەك ئاسان كۆيۈپ كەت ـ

مەي، ئۇزاققىچە ۋىلىلداپ، يېنىپ تۇراتتى. مەسئۇد ئامبارچى بىلەن يېقىن ئۆتمىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كېسەك بىلەن يومزەكنى كۆپرەك ئېلىۋالاتتى، ئۆزى ئازراق ئېلىپ قېلىپ، كۆپ قىسمىنى مېنىڭ ئوتۇنخانامغا تىزىپ بېرەتتى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز، ئۆزىڭىز قالىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېسەم:

— سىز دېگەن قىز بالا تۇرسىڭىز، سىزنى قىيىنىلىپ قالمىسۇن دېدىم، — دەيتتى. ئۇ بەزى كۈنلىرى بازاردىن گۆش، ئوتياش سېتىۋېلىپ كېلىپ:

— ھەدىيە، ئۆي تامىقى سېغىنىپ پەقەت چىدىيالمىدىم. خاپا بولمىسىڭىز، بىر ۋاخ بىللە لەڭمەن ئېتىپ يېگەن بولساق. مەن سىزگە ئوت قالاپ، ئوتياش ئادالىشىپ بېرەي، ھە راست، سۇمۇ توشۇپ بېرەي، — دەيتتى. ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىز قالاتتىم. ئۇ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، يەڭلىرىنى تۇرۇپ، ئاق كۆڭلىكىنى مەينەت قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مەشنىڭ كولىنى ئېلىپ، ئوتۇن - كۆمۈر تىزىپ، ئوت ياقاتتى. ئۇنىڭ ئوتۇن - كۆمۈرنى ناھايىتى ئەدىتلىق تىزىشلىرىغا قاراپ، ئىچىمدە ھەيران قالاتتىم. مەن قوللىرىمنى يۇيۇپ خېمىر يۇغۇرغىلى تۇرسام، ئۇ قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن ئوتياش ئادالايتتى. بىر قېتىم ئۇ كەرەپشىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن ئىنچىكە يەرلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، غولىنى تاشلاپ قويۇپتۇ.

— بۇنى نېمىشقا يەرگە قويۇپ قويدىڭىز؟ — دېسەم:

— بەربىر تاشلىۋېتىمەن ئەمەسمۇ، — دەيدۇ.

— پاھ، ئۇستام، سىزگە كۆكتاتنى مۇنداق ئادالاشنى كىممۇ ئۆگەتكەن بولغىيدى؟ — دېسەم:

— ئۆزۈم بىلمەيمەن ـ دە. يوپيۇرماق دېگەن كۆنگە قاقلىنىپ تۇرىدىغان، كۈن نۇرىدا فوتوسىنتېزلىنىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى ئەڭ يۇقىرى قىسمى تۇرسا، — دەيدۇ.

— ئەپسۇس، فوتوسىنتېزلىنىشۇەرسە ئاچچىق بولۇپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ تاشلىۋەتكەن غول قىسمى بىلەن ئىنچىكە يەرلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، كۆپ قىسىم يوپيۇرمىقىنى تاشلىۋەتسەم قاراپلا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆكتاتنىڭ قەيىرىنى ئادالىۋېتىش، قەيىرىنى ئېلىپ قېلىشنى ئېرىنمەي سورايدىغان بولدى. ئۇ كۆكتاتنى ئادالاپ بولۇپ، چېلەكتە سۇ ئەكىرەتتى، مېنى ياراتماي قالمىسۇن دەپ كۆكتاتلارنى ئۇ داستىن بۇ لېگەنگە ئېلىپ، شۇنچىلىك ئەستايىدىل يۇيۇپ كېتەتتىكى، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ سەل كالانپاي، ئەمما ناھايىتى ئەستايىدىل تۇرقىغا قاراپ كۈلكەم قىستاپ كېتەتتى.



خېمىرنى پىلتە قىلىپ بولۇپ، ئۇنى يۇمىلاق شىرەگە باشلاپ، ئالدىغا چاي قۇيۇپ بېرەتتىم. ئۇ مېنىڭ كۆكتاتنى قانداق توغراپ، قانداق قورۇشۇمغا دىققەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. مەن قازاننى قاينىتىپ، چاچتەك سوزۇلغان لەڭمەننى ئالدىغا ئېلىپ كەلگۈچە، ئۇ تەقەززا بولۇپ ئولتۇرالماي قالاتتى، ئاشنى قولىغا ئېلىپ:

— ئاش كەلسە ئىمان قاچارمىش، سىزگە قارىماي يەۋەردىم ئەمىسە، — دەپ قىزىقچىلىق بىلەن لەڭمەننى قىسىپ ئاغزىغا سېلىپ، نەقەدەر ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ تامشىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كېتەتتى. ئىككىمىز ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان چېغىمىزدا، ئىچىمدە: «مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل يىگىتلەر

ياخشى قىزلارغا ئۇچرىسا بولاتتى» دەيتتىم. ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن قىز تەتىللىك كۇرستا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان نەرگىزە ئىسىملىك ئۇرۇمچىلىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. كۆپ ئويلىنىشتىن كېيىن شۇقىزنى مەسئۇدقا تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدۇم. بىر شەنبە كۈنى ئۇ قىزنى ياتىقىمغا چاقىرتتىم. ئاخشىمى ئىككىمىز ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ياتتۇق. مەن ئۇنىڭغا مەسئۇدنى بولۇشىغا ماختاپ بەردىم. ئەتىسى چۈشتە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ، مەسئۇدنى چاقىرىپ چىقتىم. ئۇچىمىز كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ غىزالاندۇق، بولۇپمۇ ئۇلار ئىككىسى چاقچاق دېگەننى شۇنچىلىك كەلتۈرۈۋەتتىكى، مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، تورلۇك باھانە بىلەن ئۇلارنى يالغۇز قويۇشقا تىرىشتىم. مېنىڭچە، ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك ماس كەلگەندى. ھەر ئىككىلىسى بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايتتى. كەچتە قايتىدىغان چاغدا نەرگىزە ماڭا:

— ئۇ يىگىت سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن. سەن ھەر قېتىم سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ، كۆزى ئىشىكتە قېلىپ، ئاغزى گەپكىمۇ بارمىدى ئۇ بىچارىنىڭ. سەنلا ئالدىدا بولساڭ، شۇنچىلىك ئېچىلىپ، كۆزلىرىنى سەندىن ئالالماي قالىدىكەن. ئۇنى ئۇمىدسىز قالدۇرمىغىن، ئالتۇندەك يىگىت ئىكەن، — دېدى. بۇ گەپتىن بېشىم ئايلىنىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە بىئارام بولۇپ يۈردۈم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا باشلىدىم. ئىشقا چىقىدىغان، ئىشتىن چۈشىدىغان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق، ئۆيدە ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن شۇنچىلىك باش قاتۇردۇمكى، بىر كۈنى ئائىشە

ھەدىنىڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ماڭا قارا بودەك، ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قوي، بويۇڭ يەتمىسە، پۇتۇڭغا ئورۇندۇقۇڭنى قويۇپ سالغىن، — دەپ گەپ ئۆگەتتىم. بالا مەن دېگەندەك قىلىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى ئىشىك ئاستىدىن كىرگۈزۈپ بەردى. بىر كەمدە كارىۋاتتا خىيالغا چۆكۈپ ياتسام، مەسئۇدنىڭ:

— ھەي بودەك، ھەدىيە ئاچاڭ قەيەرگە كەتتى؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بودەك ئۇنىڭغا:

— ھەدىيە ئاچام ئۆيدە، ئۇ ماڭا پۇتۇڭغا ئورۇندۇق قويۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قوي دېگەن، قۇلۇپلاپ قويدۇم. ئاچقۇچنى ئىشىكنىڭ تېگىدىن كىرگۈزۈپ بەردىم، — دېدى. ئارقىدىنلا يەنە ئاۋازىنى پەسلىتىپ:

— مەسئۇد ئاكا، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىك، ھەدىيە ئاچام ھېچكىمگە دېمە دېگەن. سەنمۇ ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ، — دېدى.



بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. كىچىك بالىنى ئىشقا بۇيرۇغىنىمغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئىچىمدە: «بۇمۇ ياخشى بولدى. ياتىقىمغا كىرىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلدى. ھامان بىلىشى كېرەك ئىدى» دەپ ئويلىدىم. ئەتىسى ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرسام، مەسئۇد كىرىپ كەلدى، سالاملىشىپ بولۇپ، بودەكنىڭ گەپلىرىنى شۇنداق قىزىق دوراپ كەتتىكى، خىجىل بولۇپ تۇرساممۇ كۈلكىدىن ئۆزۈمنى توختىتىۋالالمىدىم. ئاخىرىدا ئۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارغا كىچىك بالىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەڭ، مەنمۇ سىزنى ئاۋارە قىلمايمەن، — دەپ

ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئاخىرقى گېپىدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. ئەمما، ئۆزۈم تاپقان ئىش، ئەمدى ئۇنىڭغا چىداشتىن باشقا نېمە ئامالىم بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇد مېنى ئىزدىمىدى. جەنۇبنىڭ چۇشتەك قىسقا قىشى ئۆتۈپ، باھارنىڭ ئىللىق شامىلى چىقىشقا باشلىدى. بىر دۈشەنبە كۈنى يېزىلىق بىرنەچچە ئوقۇغۇچۇم تەڭلا كۆك تېرىپ ئالغاچ كەپتۇ. كۆكنى يالغۇز يەپ بولالماي، ئائىشە ھەدىلەرگە ئاچىقىپ بەردىم. ئائىشە ھەدە كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ، بويتاق ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. كىرسەم مەسئۇدمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدىم. ياتىقىمغا قايتىپ چىقىپ يالغۇز ئولتۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ مەشكە ئوت يېقىۋاتقان، ئوتياش ئادالاۋاتقان...... قىياپىتى، چاقچاقلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ بىئارام بولدۇم. پۈتكۈل دۇنيادا ئۆزۈم يالغۇز قالغاندەك غېرىبسىندىم، لېكىن ئۆزۈمنى يەنىلا ئۇنىڭ لايىقى ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. چوڭ قورۇدىكى ئۆزۈم يېقىن ئۆتىدىغان زۆرەم ئىسىملىك خانىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭۈل غەشلىكىمنى باسماقچى بولدۇم. زۆرەم مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنى باشقۇراتتى، ئۆزىمۇ كىتابخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى ئابدۇللا مۇئەللىم ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇچىمىز مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا كەلسە ـ كەلمەس بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى بوغۇپ قويۇۋاتقانلىقى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئابدۇللا مۇئەللىم ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان،

ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان ۋىجدانلىق ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا مەسئۇد قاتارلىق بىر نەچچە ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىنى ياخشىلاش، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار ئۈستىدە بەزى پىكىرلەرنى بەرگەنلىكى، مۇدىرنىڭ شۇ يەردىلا: «بەزىلەر باشقىلاردىن بىلىدىغىنىمىز كۆپ دەپ تولا كۆرەڭلەپ كەتمىسۇن. يۇقىرىنىڭ تەركىبى يۇقىرى، چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار، سىياسىي مەيدانى گۇمانلىق ياشلارنى بۇ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىشىدە، ئۇلارنى ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ، كۆپچىلىكنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىدىيەسىنى ياخشى ئۆزگەرتسۇن دېگەن مەقسەت بار. شۇڭا، بەزىلەر ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، سىلەرنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ تەشكىلىگە كەلسە - كەلمەس پىكىر بېرىش ھوقۇقۇڭلار يوق» دېگەنلىكىنى، ئاخىرىدا مەسئۇد چىدىماي: «سىزنىڭ گېپىڭىزچە بولغاندا، بىز نېمە؟ ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغان جىنايەتچىمۇ؟» دەپ ئېنىق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى، مۇدىر ئىككىسىنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئوبدانلا قىزىرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدىكى غەشلىك تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىدىم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ: «ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىزنىڭ گەپلىرىڭىز ئورۇنلۇق، مەنمۇ سىز تەرەپتە» دېگۈم كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ قويۇشنى خالىمىدىم. ئابدۇللا مۇئەللىم ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەسئۇدقا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق، مەرد يىگىت ئىكەنلىكىنى، دەرسنى بەك ياخشى ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۇچرىغان قىز بالىنىڭ

چوقۇم بەختلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلىشىپ كېتىشتى. ئەمما، بەختلىك بولىدىغان ئۇ پاك، مەسۇم قىز مەن ئەمەس ئىدىم.

مەن كىم؟ مەن روھىم ۋە جىسمىم شىكەستىلەنگەن، پەقەت ئۆتمۈشۈمدىن تەسەللىي تېپىپ ياشاش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر ئايال......

ياتىقىمغا قايتىپ چىقىپ ئۇزاقىچە ئۇخلىيالمىدىم. قوشنا ئۆيدىكىلەر ئاللىقاچان جىمىپ كېتىشكەنىدى. پۈتكۈل جاھان كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە جىمجىتلىقىغا چۆمگەن. مەكتەپ بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تەنلەرنى جۇغۇلدىتىپ، يۈرەكلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ قوياتتى. مۇشۇنداق كېچىلەردە مۇرىسىگە باش قويغۇدەك بىرەر ئادىمىڭنىڭ بولۇشى نەقەدەر بەخت ـ ھە.

## 14

كەچتە نەۋرە قىزىم كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ مەڭزىمگە سۆيۈپ كۆرۈشتى. ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تىرىشىپ، بەزىدە خەنزۇچىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ مەندىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارايتتى. يات بىر مۇھىتتا تۇرۇۋاتقاندەك قىسىلىپ، قورۇنۇپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭدىن ئاپا ـ دادىسىنىڭ، ئۇكىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بولۇپ:

— نېمىشقا مېنى يات ـ يات يوقلاپ كەلمەيسەن،

شۇنداقمۇ يوق بولۇپ كېتەمسەن؟ ــ دېسەم، ئۇ:
ــ شۇ ئىمتىھان...... ئىمتىھان جىق دېگىنە چوڭ ئاپا، ــ دېدى. ئارقىدىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئەمدى ئىمتىھانلارنى بېرىپ بولغانلىقىنى، ئەتىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، بۈگۈن مېنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.
ــ ئىمتىھانلارنى ياخشى بېرەلىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.
ــ سەن بىلمەيسەن چوڭ ئاپا، بىزنىڭ سىنىپتا ئەلاچىلار بەك كۆپ. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز جان تىكىپ ئۆگىنىدۇ. بىر قىز ساۋاقدىشىم ماتېماتىكا ئىمتىھانىنى ياخشى بېرەلمىدىم دەپ دورا ئىچىۋاپتىكەن، ئاتا ـ ئانىسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئاران قۇتقۇزۇۋاپتۇ. مەن ھەرقانچە قىلساممۇ، ئۇلاردەك ئۆگىنەلمەيمەن. ئاپام بىلەن دادامىمۇ ماڭا: «قانچىلىك ئوقۇيالىساڭ شۇنچىلىك ئوقۇ، زورۇقما» دېدى. مەن ئالدىنقى 20 نىڭ ئىچىگە كىرەلمەسلىكىم مۇمكىن، ئەمما 30 نىڭ ئىچىگە كىرەلەيمەن، ــ دېدى.
ــ ئاتا ـ ئاناڭ توغرا دەپتۇ. بىزگە كېرىكى نومۇر ئەمەس، سەن.
ــ شۇنداقمۇ دەيسىلەر چوڭ ئاپا، بەزىدە مەن دۆتىرەكمۇ ـ قانداق؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن.
ــ ئاغزىڭنى يۇم! ــ مەن بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق ئېتىلىپ چىققانلىقىنى بىلمەيلا قالدىم. نەۋرە قىزىم تەستەك يىغىدەك ئەندىكىپ، تاتىرىپ تۇرۇپلا قالدى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ، مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم. خىيالىمغا نۇرغۇن

سۆز، ئىش يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قايسىبىرىنى دەپ بولاي، نېمىمۇ دەي. پەقەتلا ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم شۇنى ئېسىڭدە تۇت، سەن دۆت ئەمەس. سېنىڭ سىنىپىڭدىكى نومۇر ئۇچۇن جېنىنى تىكىۋاتقانلار ئەڭ دۆت ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش. ئەمما، داڭلىق ئالىي مەكتەپ ئۇلارغا ھەممىنى بېرەلمەيدۇ، — دېدىم. لالە بۇ گەپلەرنى قانچىلىك چۈشەندى، بىلمىدىم. نەۋرە قىزىم كومپيۇتېر بار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، «بىر ئادەمنىڭ قولىدىن جىق ئىش كەلمەيدىكەن. ئەمما، مائارىپىمىز، بالىلىرىمىز ئۈچۈن بىر كېسەك بولسىمۇ تىزغان، بىر ئېغىز گەپ بولسىمۇ قىلغان ئادەملەر قىممەتلىك ئادەملەر ئىكەن» دەپ ئويلىدىم، مائارىپ ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلەرنى ئەسلىدىم. ئۇنداقلار ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدىمۇ، ياشلارنىڭ ئىچىدىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى، ياشاۋاتقانلىرى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ھالى قانداقراقتۇ؟ ئەمما، بىز ئۇلارنى ناھايىتى ئاز ئويلايمىز. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ، تۆككەن تەر، سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ، قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشمايمىز. ئۇلار مائارىپنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، مائارىپ چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە، ياشلارغا بۇنى بىلدۈرۈشكە تىرىشقان، ئەمما ئۆزلىرى كۈتكەن ئەكس ساداغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇلارغا قارىغاندا بىزدە ئەمەلدارلار بىلەن بايلارنىڭ تەسىرى ئالاھىدە. كۆرمەك تەس ئەمەسكى، ئۇلارغا

زۇكام تېگىپ قالسا، يۆرت قوزغىلىپ تەۋرەيدۇ، ئۇلار توي قىلسا، پۈتكۈل شەھەردە توي بولىدۇ. دۇرۇس، ئادەم يىراقتىكى پايدا ـ زىيانغا ئەمەس، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە قىزىقىدۇ. ئەمما، ۋىجداننى مەنپەئەتكە تېگىشىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىر قوۋمدا ھەممە ئادەم مەنپەئەتنىڭ قۇلى، «نان كۈچۈكى» بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ۋە زىيىنىنى ئەۋلادلار تارتىدۇ.

# كىرەم III

## 9

ھەر دائىم دۇنيادىكى ئۇلۇغ شائىرلار يۈرىكىگە سىغماي يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ھاياتلىق ھارارىتى تۇپەيلى ئەنە شۇنداق ئوتلۇق شېئىرلارنى يازامدىغاندۇ. شۇ تۇپەيلى گۈزەللىككە، مۇھەببەتكە شۇ قەدەر تەشنامىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەببەتنى ۋە غايىسى يولىدا قىلچە ئىككىلەنمەي ھاياتىنى قۇربان قىلامدىغاندۇ...... دەپ ئويلايتتىم. ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ شائىرلار مېنىڭ غايىۋى قەھرىمانلىرىم ئىدى. بەزىدە ئۆزۈمنى شۇلاردەك بۈيۈك سېزىمەن. ئۇلۇغۋار، ئەمما، ھەسرەتلىك تۇيغۇلار ئىلكىدە زوراۋانلىق، ئادالەتسىزلىككە قارشى يەككە ـ يېگانە ئېلىشىمەن، خۇددى بالىلىق ۋاقىتلىرىمدا ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى ئادەم يەيدىغان ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىدىغان پالۋانلاردەك. ئاخىرقى نەپسىمدە بوينۇمنى سەل بۇراپ، كۆڭلۈمدىكى مەشۇقۇم بىلەن كۆزلىرىم ئارقىلىق ۋىدالىشىمەن......

خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا مەن ئۆزۈمگە مۇناسىپ بىر مەشۇق ئىزدەشكە باشلىغانىدىم. ئانام مېنىڭ ئارقامدىن كەينى ـ كەينىدىن بالىلىق بولۇپ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكتىن مېنى تولاراق چوڭ ئانام باقاتتى. چوڭ ئانام

مېنىڭ ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەكلىرىمدىن خەۋەر ئالاتتى، پات ـ پات مېنى داسقا چىلاپ يۇيۇندۇراتتى. مېنى يۇيۇندۇرۇۋېتىپ:

— بىر كۈنلەردە سەنمۇ چوڭ بولىسەن، چوكان ئالىسەن، لېكىن، ئۇ ۋاقىتلىرىڭنى مەن كۆرەلمەيمەن، ئۇ چاغدا سېنى قانداق باقىمەن، قانداق يۇيۇپ قويغىنىمنى ئۇنتۇپ قالارسەن ھە قاچان، — دەيتتى.

— ياق، چوڭ ئانا، سېنى ھېچنەگە بارغىلى قويمايمەن، شۇ چاغدىمۇ مېنى سەن باقىسەن، سەن يۇيۇپ قويىسەن، — دەپ ئۇنىڭغا يامىشىۋالاتتىم.

— جايىڭدا جىم تۇر، ئۇ چاغدا سېنىڭ چىرايلىق چوكىنىڭ بولىدۇ، سېنى شۇ يۇيۇندۇرۇپ قويىدۇ، ئاش ـ تامىقىڭنى ئېتىدۇ، كىرىڭنى يۇيىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن يۇيۇنمايمەن، سەن يۇيۇپ قويمىساڭ مەن ئەمدى ھەرگىز يۇيۇنمايمەن، — دەپ قىپيالىڭاچ پېتى داستىن چىقىپ، ھۆل پۇتلىرىم بىلەن «پاق ـ پاق» دەسسەپ قېچىپ كېتەتتىم. چوڭ ئانام ئامالسىز:

— ماقۇل بالام، ماقۇل، چىرايلىق قوزىچىقىم، مەن ھېچنەگە كەتمەيمەن، سېنى ئۆزۈملا باقىمەن، — دەيتتى ۋە گېپىنىڭ ئاخىر يىغىغا ئۇلىنىپ، كۆڭلىكىنىڭ كەڭ يېڭى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتەتتى.

— نېمە بولدۇڭ چوڭ ئانا؟ — دەپ يېنىپ كېلىپ داسقا چۈشەتتىم. يۈزىنى كىچىك قوللىرىم بىلەن سىلاپ تۇرۇپ:

— ماقۇل ئەمىسە، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاي، مەن چوكان ئالاي، سەن يىغلىمىغىنە چوڭ ئانا، ـ دەيتتىم. ئادەتتە چوڭلار مېنى گەپكە سېلىپ:

— ھە، چوكان ئالىدىغان يىگىت، چوڭ بولغاندا چىمنى ئالىسەن؟ — دەيتتى.

— تۇتىگۇلنى.

— نېمىشقا ئۇنى ئالىسەن؟

— ئۇ مېنى باقىدۇ، يەنە، يەنە...... ئۇ مېنى يۇيۇندۇرۇپ قويىدۇ، — دېسەم ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. تۇتىگۇل بولسا ئىزا تارتىپ ئۆيگە قېچىپ كىرىۋالاتتى.

تۇتىگۇل چوڭ ئانامنىڭ جىيەن قىزى، مېنىڭ نەۋرە تۇغقىنىم بولۇپ، مەندىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەر سىرتىدىكى بىر يېزىدا ئىدى، ئۇ پات - پات ئانىسىغا ئەگىشىپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. ئانىسى بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قىزىنى قويۇپ كېتىپ قالاتتى. تۇتىگۇل چوڭ ئانامنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ئۆيلەرنى، ھويلىلارنى سۈپۈرەتتى، قاچا - قۇچىلارنى يۇياتتى، چۆگۈن، ئىمۇرىقلاردا بۇلاقتىن سۇ ئەكېلەتتى. بەزىدە كىچىك قولىرى بىلەن كۆكلەك، ئىشتانلىرىمنى يۇيۇپ ئۆگزىگە ئاچىقىپ ياياتتى. تۇتىگۇل بىكار بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ھويلىدا ياكى ئىشىك ئالدىدا توپ ياكى تەپكۈچ ئوينايتتۇق. تۇتىگۇلنىڭ مارجان دوپپىسى كۆزۈمگە بەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ تەپكۈچ ئويناۋاتقاندا، قىسقا ئىككى ئۆرۈم چېچى مۈرىسىدە «دىك - دىك» سەكرەيتتى. مەن ئەتىدىن كەچكىچە تۇتىگۇلنىڭ ئارقىسىدا يۈرەتتىم. سۇغا بارسا تەڭ باراتتىم، ئۆگزىگە چىقسا تەڭ چىقاتتىم. بويۇم تۇتىگۇلنىڭ مۈرىسىگىمۇ يەتمەيتتى. مەھەللىدىكى كەپسىز باللار ئىككىمىزنى كۆرسىلا:

— قاراڭلار، كېرەم چوكىنى بىلەن كېلىۋاتىدۇ، — دەپ

كۆلۈشەتتى. تۇتىگۈل 13 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئەرگە بېرىۋەتتى. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا بىر مەزگىل ئازابلىنىپ يۈردۈم. ئانامغا:

— ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، ئۇلار ئۇنى نېمىشقا ئەرگە بېرىۋەتكەندۇ؟ — دېسەم، ئانام ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ:

— بالام، مەنمۇ سېنى 14 يېشىمدا تۇغقان، — دېگەنىدى. بۇ مېنىڭ دەسلەپكى تاللىشىم ئىدى. گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا مەن «چوكىنى» دېگەننىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن، چوكان دېگەن سېنى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئورنىدا باقىدىغان ئادەم، دەپ قارايدىغان بولسامۇ، تۇتىگۈلنى ئىشچانلىقى، مۇلايىملىقى ۋە چىرايلىق مارجان دوپپىسى ئۈچۈن تاللىۋالغانىدىم. ئۇ داۋاملىق مېنىڭ ئەتراپىمدا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، ئۇنى ئەرگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا خېلى كۆڭلەرگىچە قېيىداپ، تاماق يېگىلى ئۇنىماي يۈردۈم. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئامراق ئاچام، باللىق چاغلىرىمدىكى ھەمراھىم قاتارىدا كۆرىدىغانلىقىمنى، شۇڭا، ئۇنىڭ تۇرمۇشۇمدىن تۇيۇقسىز يوق بولۇپ كېتىشىگە چىدىماي قالغانلىقىمنى چۈشەندىم. نەزەرىمدە چوڭ بولۇپ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەنچە، مۇھەببەت مەن ئۈچۈن شۇنچە غايىۋى، سىرلىق، يۈكسەك بىر پەللىگە ئايلانغانىدى. مۇھەببەت مېنىڭ نەزەرىمدە تولاراق پەرھادنىڭ شېرىنگە، مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭدا ۋىسال ھەم بەختتىن جۇدالىق، يەككە ـ يېگانە ھالدىكى سەرسانلىق ۋە ئازاب كۆپ بولاتتى. ئاشىق مەشۇقىنىڭ نامىنى دىلىدا زىكىر

قىلىپ ياشايتتى. ئۇنىڭ بىر نىگاھى ئۇچۇن تاغلارنى يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىشكە رازى ئىدى. مۇھەببەت ــ ماددىي پاراغەت ئەمەس، مەنىۋى قوشۇلۇش ئىدى.

ئۇ دائىم تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە يۈز بېرەتتى. غايىب شامال تۇيۇقسىز بىر پەرىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئۇچۇرۇپ تاشلاپ، يۈرىكىڭگە ئىشىق ئوتىنى ياقاتتى ياكى ئاغزى مىخلانغان ساندۇق ئىچىگە بەند قىلىنىپ دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقىنىڭدا بىر گۈزەل مەلىكىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالاتتىڭ. مەلىكە ساندۇقنى ئاچتۇراتتى، ئۇ سېنى كۆرەتتى. سەن ئۇنى كۆرەتتىڭ. سۆيگۈ چاقمىقى ھەر ئىككىڭلارنى بىھوش قىلاتتى. چۆل ـ باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملىرى تاشقا ئايلانغان بىر شەھەردە قەپەسكە ئېلىنغان بىر ساھىبجامالنى ئۇچرىتاتتىڭ ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئاشىق بولاتتىڭ. ئۇنى بەند قىلىپ قويغان دىۋە بىلەن 40 كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ئۇنى قۇتقۇزاتتىڭ......



ئۇ مېنىڭ 15 ياشلىق چاغلىرىم ئىدى. بۇ يىللاردا مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ھاياتىمدىكى تۇنجى ئۇزاق سەپەرگە ــ ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئاتلاندىم. بىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان يۈك ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى بېسىپ بولغاندا، دادام مېنى سەپەرداشلىرىم ئىچىدىكى بىرنەچچە چوڭ ئادەمگە تاپشۇرۇپ، ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلدى. ماشىنىمىز بېكەتتىن چىقىپ قايرىلىۋاتقاندا ئۇ باشقا ئۇزاتقۇچىلارغا ئوخشاش يۈگۈرمەي، بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قاراپ تۇردى. مەن ئۇنى مۇرە ـ جەينەكلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكىتىگە قاراپ يىغلاۋاتامدىكىن، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، مەن دادامنىڭ يىغلىغىنىنى زادى كۆرۈپ

باقمىغانىدىم، شۇڭا، ئۇنىڭ راستتىنلا يىغلىغىنىغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. ھاياجانلىنىپ، روھلىنىپ، قانىتى يېتىلگەن قۇش ئۇچۇشقا تەلپۈنگەندەك تەلپۈنۈپ تۇراتتىم. بۇ يەردە يىغىغا ئورۇن يوق ئىدى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قانىتى ئاستىدا ئەمەس، بوران ـ چاپقۇنلۇق كۈرەش قاينىمى ئىچىدە پىشىپ يېتىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلار قانداقكىن، بىلمەيمەن. ھارۋا، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلغان ۋاقىتلىرىمدا قەلبىم شېئىرىي ئىلھامغا تولۇپ تاشىدۇ. تەسەۋۋۇرۇم قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك پايانسىز بوشلۇقتا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ھارمايدۇ.

ئاشۇ تۈنجى ئۇزۇن سەپىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. سۈكۈت ئىچىدە ياتقان بىپايانلىقى، سۈرلۈكلۈكى، كەچۈرمىشكە بايلىقى بىلەن ئەستىن چىقمايدىغان چۆل ـ باياۋانلار، تالاي سىرنى قوينىغا يوشۇرغان قۇملۇقلار، ھەيۋەتلىك تاغ ـ دەريالار، كەڭ دالىدا كۆن چىقمۇاتقان ياكى كۆن پېتىۋاتقان چاغلار، قۇشلارنىڭ ئەنسىز چۇرۇقلاشلىرى، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ يەنە تېزلىكتە كۆككە ئۆرلەشلىرى، شامال ـ بوران، قار ـ يامغۇر، چاقناق يۇلتۇزلار ۋە خىلمۇخىل نۇر، بۇلۇت، تۇمان رەڭلەر بىلەن تولۇپ تۇرغان كېچە ئاسمىنى، ئەبەدىي توختىماي بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئاقىدىغان سېھىرلىك ئاسمان دەرياسى......

ھەممىسى خۇددى مەن ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۆجىزە، كارامەتلەردەك قاراپ تويمايتتىم. كاللامدا تەسەۋۋۇرۇمغا سىغقۇسىز ئوي ـ پىكىرلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، چېقىندەك چاقناپ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالاتتى. ئاخشىمى قونالغۇغا چۈشكەندە شام يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى رەتلەپ

مىسرالارغا چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتىم. بەزىدە يېپقا ئۆتكۈزۈلگەن دۇر ـ گۆھەرلەردەك تىزىلىپ قەلبىمنى سۆيۈندۈرسە، بەزىدە يۇلتۇزدەك چېچىلىپ تۇتۇق بەرمەيتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى بارماقلىرىم ئارىسىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

شاماللىق بىر ئاخشىمى قاراڭغۇدا، تاغقا يېقىن بىر كىچىك بازارغا كېلىپ چۈشتۇق. يەرگە ياتقۇزۇلغان خىشلىرى قومۇرۇلۇپ ئېگىز ـ پەس بولۇپ كەتكەن، سۈيدۈك پۇرايدىغان ئۇزۇن كارىدوردا مۆدۈرۈپ ـ چوقۇرۇپ يۈرۈپ كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەبجەق كارىۋاتلار قويۇلغان كونا ياتاقلاردىن ئورنىمىزنى تېپىپ، سۇ تېپىپ يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. باشقىلار ئۇخلاپ بولغاندىمۇ خېلىغىچە ئۇخلىيالماي ياتتىم. ئىچىم سىقىلغاندەك بولۇپ، توختىماي ئۆيۈمدىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتىم ياكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېلىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە تىكىلگىنىمچە ھېچ باشقا ئېلىپ چىقالمىغان خىياللىرىمنى يىغماقچى بولاتتىم. دىمىق ھاۋا، بەسلەشكەندەك تەڭلا ياڭراۋاتقان خورەك ئاۋازى بۇنىڭغىمۇ يول قويمايتتى. ئاخىر تەرىتىم قىستىغاندەك بولۇپ سىرتقا چىقتىم. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان شامال قولۇمدىكى شامنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. مەن بىر قولۇم بىلەن شامنى شامالدىن توسۇپ ئىلگىرىلەيتتىم. دوقمۇشتىن بۇرۇلىشىمغا، ئالدىمدا ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر ساھىبجامال پەيدا بولدى. بويىنىغا چۈشۈپ قالغان قارا رومىلى، قاراچاچلىرى، قارا رەڭلىك نېپىز كۆڭلىكى شامالدا ئۈچۈپ تۇراتتى. ئۇ تىرىشىپ رومىلىنى ئىككى ئۇچىدىن

تۇتۇپ بېشىغا ئارتماقچى بولاتتى، ئەمما، رومال گويا بۇ ئوماق جان بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ھېچ تۇتۇق بەرمەيتتى. ھېلى ئۇ مۆرىسىدە، ھېلى بۇ مۆرىسىدە لىپىلداپ ئۇچۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى. ئايالنىڭ بوستان چاچلىرى ئارقا تەرەپتىن تۇرۇلۇپ كېلىپ ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان بۇلۇتتەك يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالدى. ئۇ چېچىنى قولىقىنىڭ كەينىگە قىستۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇۋاتقىنىدا ياغلىقى بىر بارمىقىدىن چىقىپ كېتىپ، بايراقتەك لەپىلدەشكە باشلىدى. بىرنەچچە دەقىقە جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. بىر قولۇم شامنىڭ ئەتراپىدا ئاۋارە، كۆزلىرىم بۇ ئاجايىپ مەنزىرىدە. ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ ماڭا لەپپىدە قارىدى. روملىنى ئىككى قوللاپ يوملاپ تۇتۇۋالدى ـ دە، چاچلىرىنى ئۇچۇرغىنىچە ئىچكىرىگە ئۆتۈپ كەتتى. ساھىبجامال ئۆزىنىڭ ھېلىلا بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ سۈس خۇش پۇراقنى قالدۇرۇپ تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. قولۇمدىكى شامىمۇ ئۆچتى. مەن كەينىمگە ئىتتىك بۇرىلىپ ھەرقانچە سىنچىلاپ قارىپمۇ ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئادەممۇ، ھۆر ـ پەرىمۇ دەپ بىرپەس ھاڭ ـ تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاققا قايتىپ كىرىپ كۆرگەنلىرىمنى باشقىلارغا دەپ بەرسەم، ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن كەكە ساقاللىق بىر ئادەم:

— بۇ يەر ئۆتمۈشتە نۇرغۇن جەڭ بولغان بىر ئۆتەڭ ئىكەن. شۇڭا، بۇ يەرگە چۈشكەنلەر ئاخشىمى يالغۇز تالاغا چىقمايدىكەن. چىقىپ قالسا ئاشۇنداق يېرىم مەيە، چىرايلىق ئايال، قىلىچ ئاسقان لەشكەر دېگەندەكلەر كۆزىگە كۆرۈنىدىكەن. سىلى ھېلىمۇ ساق ـ سالامەت يېنىپ كىرىپلا. بىزنىڭ بىر بۇرادىرىمىز ئاشۇنداق ئايالنىڭ

ئارقىسىدىن مېڭىپ چۆل ـ باياۋاندا ئېزىپ قېلىپ، كاللىسىدىن كېتىپ قالغان. مېنىڭچە سىلى ئۇخلىغۇچە ئىچىلىرىدە سۈرە فاتىھە بىلەن ئايىتەلكۇرسىنى ئوقۇۋەتسىلە، ـــ دېدى. مەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولۇپ، ئايىتەلكۇرسىنى ئوقۇغاچ ئۇخلاپ قاپتىمەن. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ھېلىقى كەكە ساقاللىق ئادەم يولغا چىقمىسىز دەپ ئويغاتتى. قاراڭغۇدا ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ ئىچىمدە يەنە ئايىتەلكۇرسىنى ئوقۇپ ماڭدىم. كېيىن بۇ ھەقتە «ئۆتەڭدە» ماۋزۇلۇق بىر شېئىر يازدىم. شېئىر ئۆزۈمگىلا ئەمەس، دوستلىرىمغىمۇ يارىغانىدى. ئەمما، ئۇنى تاكى 1986 ـ يىلىغا قەدەر بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرالمىدىم. مەن «ئايغىر سۇ ئىچكەن بۇلاق»، «گۇل ۋە ئازغان»، «يۇلتۇز بىلەن سۆزلىشىش» قاتارلىق شېئىرلىرىمنىمۇ ئاشۇ سەپەردە يازغانىدىم. كېيىن مەن ئۇ ئۆتەڭدىن كۈندۈزى ئۆتتۈم. مېھمانخانا كۆتكۈچىلىرىدىن ئاشۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگەن بولساممۇ ئېنىقراق جاۋاب ئالالمىدىم. تۈرمىدىكى ۋاقىتلىرىمدا، زېرىككىنىمدە كېچىلەردە ئاشۇ ئىشلار دائىم خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. مەن ئۇ ھەقتە كۆپ ئويلىنىپ خىيالىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغانىدىم. بەزىدە ئۇنى جىنسىي ھېسسىياتى ئويغىنىشقا باشلىغان باشلىق 15 ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى دەپمۇ قالاتتىم. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، يوللار ئۆزگىرىپ، تاغ باغرىدىكى بۇ كىچىك بازار چوڭ يولدىن چەتتە قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرگە قايتا بارالمىغانىدىم. ئاشۇ سىرلىق ئىش ھازىرمۇ پات ـ پات ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ. كۆزۈم بىلەن شۇنچە ئېنىق

كۆرگەن، خۇش پۇراقلىرى بۇرنۇمغا پۇرىغان ئاشۇ ئايالنىڭ «هۆر ــ پەرى» ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ماڭا بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقمىغان بىر ئايال، شۇنداقلا ئۇ مېنىڭ هاياتىمدىكى ئېچىلمىغان بىر سىر.

## 10

ئۈرۈمچىدە ئوقۇش قەلبىمدە يېڭى ئارزۇ ــ ئارمانلارنى ئويغاتقانىدى. تەسەۋۋۇرۇمدا مەن بۇ مەكتەپتە بىلىم ئېلىپ دەۋرنىڭ سەر خىل زىيالىيلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىناتتىم. مەن بۇ يەردە زامانىۋى مەدەنىيەتنى، ئەخلاق ــ پەزىلەتنى، ئادەم بولۇشنى ئۆگىنەتتىم. مەن يەنە بۇ يەردە ئۆزۈم تەلپۈنگەن غايىۋى مۇهەببەتكە ئېرىشەتتىم. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ هەممىسى تىرىشچانلىقىم ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشاتتى.

مەن تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئەلاچىمۇ، مۇنەۋۋەرمۇ بولدۇم، ئۇتۇقمۇ قازاندىم. ئەمما، ئارزۇيۇمدىكى مۇهەببەتنى تاپالمىدىم. ئۇ مەندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. رېئاللىقتىكى «مۇهەببەت» بولسا ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. قىز ــ يىگىتلەر گۈزەل چىراي، ئېسىل كىيىم ــ كېچەك ئۈچۈن، مەكتەپ نامى، ماددىي بايلىق، ئورۇن ــ مەرتىۋە ئۈچۈن ياكى ناهايىتى ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن بىر ــ بىرى بىلەن مۇهەببەتلىشەتتى، ياكى ئاسانلا ئايرىلىپ كېتەتتى. ئايرىلىپ كەتكەنلەر بىر ــ بىرىنى تىللاپ ــ تىللاپ قويۇپ يەنە بىرلىرىنى تاپاتتى. مەن غايەم بىلەن رېئاللىق

ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ يۈرەتتىم، قايناق مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يازاتتىم ـ يۇ، تەسەۋۋۇرۇمدىكى ھەقىقىي مۇھەببەتنى تاپالمىغانىدىم.

بىرىنچى يىللىقنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدە مەن بىر قىز ساۋاقدىشىم بىلەن يېقىن ئۆتتۇم. ئۇ ئاق سېرىق، قاشسىز، توم قاپاقلىرى ئاستىدىكى سەل قىسىق كۆزلىرى يېشىلغا مايىل، پۇچۇق بۇرۇن بىر قىز ئىدى. ئىككى مەڭزى بىلەن تولۇق كەلگەن لەۋلىرىدىكى تەبىئىي قىزىللىقلا ئۇنى ئوماق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر ماڭا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدىكى سېرىق ئاسلاننى ئەسلىتەتتى. ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان، دادىل قىز ئىدى. شېئىرغا ھەۋەس قىلاتتى. دەرستىن چۈشۈپلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەشىق شېئىرلىرىنى كۆرسىتەتتى. مەن بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ئۇنىڭ شېئىرىنى ئۆزگەرتىپ بېرەتتىم ياكى قاملاشمىغان مىسرالارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قايتا يېزىپ كېلىشكە تاپشۇراتتىم. مەن ئۆزگەرتىپ بەرگەن ئىككى شېئىرى گېزىتكە بېسىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەۋىسى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. ئۇ باشقىلار نېمە دەر دېمەي ھەر تەنەپپۇستا يېنىمغا كېلىۋالاتتى. مەن ئۇنىڭ گەپ قىلغاندا ئۇچلىنىپ كېتىدىغان قىپقىزىل گۆشلۈك لەۋلىرىگە، ئېگىشكەندە ئەگمەچ بولۇپ كۆزىگە چۈشۈۋالىدىغان بىر تۇتام سارغۇچ چېچىغا قاراپ باشقا خىياللارغا كېتەتتىم. ئۇ ئالدىمدا پەسكە ئېگىشىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ شالاڭ، ئەگمەچ كىرپىكلىرىنىڭ تۈۋىگىچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، كىرپىكلىرىنىڭ تۈۋى ئاق ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدىم. ياتاققا كېلىپ ئەينەككە قاراپ باقسام مېنىڭ

كىرپىكلىرىم پۇتۇنلەي قاپقارا ئىكەن. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ بەدىنىدە ئاق رەڭلىك پىگمېنتلار كۆپ ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئۇ بەلكى ئۇنىڭ قېنىدىكى قەدىمكى گېنلارنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شېئىر يېزىشنى ساق بىر يىل ئۆگەندى، ئەمما، ھېلىغىچە فائىلاتۇن بىلەن مەفائىلاتۇنىنىڭ پەرقىنى بىلەلمىدى. مەن ئۇنىڭ قىزلارغا خاس ھىدىغا، كۆزىگە چۈشۈۋالىدىغان بىر تۇتام سارغۇچ چېچىنى چاققانلىق بىلەن ئارقىسىغا تاشلىشىغا ياكى قىپقىزىل، نەمخۇش لەۋلىرىنىڭ توختىماي ھەرىكەتلىنىشىگە، لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاپپاق، ئۇششاق چىشلىرىنىڭ سىغمىزنى قانداق چايناپ، تىل ۋە لەۋلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى قانداق ماھىرلىق بىلەن شاردەك كۆپتۈرىدىغانلىقىغا بىر يىل قاراپ ئولتۇردۇم. سىنىپتىكى باللار ئىككىمىزنى بىر - بىرىمىزگە چاپلايتتى. بىزنى سىنىپ بويىچە ئەڭ بالدۇر مۇھەببەتلەشكەن بىر جۈپلەر، دەپ قارىشاتتى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە ئۇ يەنە يېنىمغا كېلىپ شېئىر ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، مەن ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش:

— رۇقىيە، سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنى مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنداق ئىش يوق دېسەكمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، مانا ئەمىسە دەپ مۇھەببەتلەشسەكمۇ بوپتىكەن - ھە؟ — دېدىم. ئۇ ماڭا بىر ئالىيىۋېتىپ، ئۇششاق چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ:

— بۇرژۇئازىيەنىڭ سېسىق شائىرى! — دەپ تىللىۋېتىپ سىنىپتىن تاقىلداپ چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىمەيدىغان بولدى. مەنمۇ بىر

ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئەمما، بۇ ئىش مېنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى قاراشلىرىمنى تەۋرىتىپ، ماڭا مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى ئەمەلىي بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. كۆچلۈك جىنسىي ئىستەكسىز مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مۇھەببەت جىنسىي ئىستەكتىنلا ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئاسانلا بىر ئىشقۇ، شائىرلارنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرى خىيالىي، ھاماقەتلەرچە مۇبالىغىمۇ — قانداق؟

بىر كۈنى مەن ھېلىقى موزدۇز بوۋايدىن مۇشۇ ھەقتە سوئال سورىدىم:

— تاغا، كىلاسسىك شائىرلار تەسۋىرلىگەندەك مۇھەببەت رېئاللىقتا بارمۇ ياكى ئۇ بىر مۇبالىغىمۇ؟

ئۇ خۇددى نېمىنىدۇر ئىزدىمەكچىدەك كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ:

— ھە، دېمەك نۆۋەت ساڭىمۇ كەپتۇ — دە، قارىغاندا چوڭ بولۇپسەن، مۇبارەك بولسۇن، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى. مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئۇ گېپىنى بىر قىرىۋېتىپ پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— مەندەك قېرىدىن سورىساڭ، مۇھەببەت دېگەن ساراڭلىق دەيمەن. ئەمما، 18 ياشلىق ۋاقتىمدا مەن مۇھەببەت ئۈچۈن دۆلەتمەن ئاتا — ئانامدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزۈمدىن تۆت ياش چوڭ بىر دۇتارچى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەن. ئىككىمىز ئۆزبېكىستانغا چىقىپ كەتتۇق. ئۇ شۇ يەردە ئوقۇپ كاتتا ناخشىچى بولدى، مەن جېنىمنى باقالماي مەدىكارچىلىق قىلدىم. ئۇ مېنى ياراتماس بولۇپ قالغاندا، ئۇنى قولغا

كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغانلىرىم قالمىدى. ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم. ئاخىر مەنمۇ بىر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە چىقىپ كەتتىم. مەن چوڭ بولغانچە ئاشىقلىق دېگەننىڭ ھەممە يەردە بارلىقىنى، لېكىن، تەمى، رەڭگى ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇچراتقان بەزى ئاياللارنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمىدىم، يەنە بەزىلىرىنى شۇ يىللاردىلا ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن ئەقىدە قىلغانلىرىم ماڭا ئەقىدە قىلماي باشقىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ماڭا ئەقىدە قىلغانلىرىغا مەن ئەقىدە قىلالمىدىم، ئاخىر يەككە ـ يېگانە قالدىم. 18 ياش ۋاقىتلىرىمدا ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ ئاشىق بولغانلىرىمنى ھازىر ئويلىسام ماڭا ساراڭلىقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئاشۇ مەزگىلدە كۆپ ئادەم شۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلارغا نەسىھەت كار قىلمايدۇ. شۇڭا، قەدىمكىلەرنىڭ شېئىرلىرىدا يېزىلغىنى شۇنداقراق ئىشلارمىكىن دەيمەن، ــ دېدى.



ــ لېكىن، توي قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلىپ تۇز يولدا، ئاددىي ياشايدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن، بىھۇدە جاپا تارتىپمۇ يۈرمەيدىكەن.

ــ نېمە دېمەكچى بولغىنىڭىنى چۈشەندىم. توغرا، ئادەم ـ ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. بەزى ئادەملەر خىيالچان، ئىچى كۆچلۈك بولىدۇ. بولۇپمۇ شائىر خەق بۇ دۇنيادا ئەمەس، خىيال دۇنياسىدا ياشايدۇ. ئادەتتىكى ئىشلارنى مۇبالىغە قىلىپ ئاھ ـ ۋاھ، دەيدىغان نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرىدۇ ۋە شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنى خىيالىي نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، جىنلار بىلەن سۆزلىشىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇر ئالسا بولىدۇ، لېكىن، ئۇلارنى دورىسا

بولمايدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا، بەك سەت ئەمەس، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، مىجەزى ياخشى خوتۇندىن بىرسى بولسا، ئۆيۈڭنى تۇتسا، خىزمىتىڭنى قىلسا، بالىلىرىڭنى باقسا بولىدىغۇ. چىرايىنىڭ، ھەۋەسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرسەڭ مانا ماڭا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسەن. ئادەمنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا، كۆپ ھالدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنى تۈزەتكۈدەك پۇرسەتمۇ بولمايدۇ، ئۆتتى، كەتتى دېگەن گەپ. لېكىن، يۈرەكتىكى پۇشايمان ئۇنداق ئاسان يوقالمايدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى سېغىنىشمۇ، پۇشايمان ۋە ھەسرەتمۇ باردەك قىلاتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگىمۇ قايىل بولمىدىم. خۇددى مېنىڭ مۇھەببىتىم ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندەك، پەقەت مەنلا بۇ دۇنيادا ھېچكىم بېشىدىن كەچۈرمىگەن بىر مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرۈشۈم كېرەكتەك تۇيۇلاتتى ماڭا.

بىز 3 ـ يىللىقتا كۆچكەن يىلى ئۇدۇلىمىزدىكى سىنىپقا يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلدى. ئۇ تولۇق كۇرس سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغانلار بولۇپ، ياش جەھەتتە بىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇ سىنىپتىكى بىرنەچچە شېئىر ھەۋەسكارى بىزنىڭ سىنىپقا تولا كىرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ بار ئىدى. ھاۋانىسا ئىسىملىك ئورۇق، ئاق سېرىق بىر قىز شېئىرنى ياخشى يازاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مىجەزى بەك چۇس بولۇپ، قاپىقى تۈرۈلسە پېشانىسىدە تۆت ـ بەش قات سىزىق پەيدا بولاتتى. چىشىغا تەگكەن ئادەمنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئوغۇل ـ قىز دېمەي شۇ ھامان دەككىسىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ گېپىگە چىدىمىغان بەزى ئوغۇللار مۇشت كۆتۈرسە ئۇمۇ مۇشت كۆتۈرەتتى، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئوغۇل

باللار بىلەن مۇشتلىشىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغانىدى. شۇڭا، شۇ سىنىپتىكى باللار ئىچىدە ھاۋانىسانىڭ پېشانە سىزىقى ھەققىدە قوشاقلار توقۇلۇپ كەتكەنىدى. قوشاقلاردا ئۇ كارامەتلىك بەش سىزىقنىڭ بىرىنچىسى، ئۆمۈر سىزىقى؛ ئىككىنچىسى، ئەقىل ـ پاراسەت سىزىقى؛ ئۈچىنچىسى، غەزەپ سىزىقى؛ تۆتىنچىسى، مۇھەببەت سىزىقى؛ بەشىنچىسى، ئامەت سىزىقى ئىدى، كىمكى ئېھتىيات قىلماي غەزەپ سىزىقىنى قوزغىۋەتسە تۇگەشكىنى شۇ، دېيىلەتتى. شۇ ھاۋانىسانىڭ ماڭا ئامراق چىقىپ قالغىنى قىزىق. تەنەپپۇسلاردا ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ھېچكىمگە قارىماي مېنىڭ ئالدىمغا كېلەتتى. يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى كۆرسىتەتتى ياكى يېنىمدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سالاتتى. ھاۋانىسا كىرىپتۇ، دەپ تاماشا كۆرۈشكە ئامراق باللار ئەتراپىمىزغا توپلىشاتتى. بۇنداق پەيتلەردە ھاۋانىسا ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى، ئوخشىتىشتا ماھىرلىقىنى تازا نامايان قىلىۋالاتتى. بەزى كۈنلىرى ھاۋانىسا بىلەن چىرايى بۇغداي ئۆڭلۈك كەلگەن، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر قىز بىللە كىرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى سېرىن ئىدى. ھاۋانىسا سۆزلەۋاتقاندا ئۇ بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. مەن ھاۋانىسا بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇ قىزغا سەپسالاتتىم. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇ رەتلىك، پاكىز يۈرىدىغان، گەپ ـ سۆزى ئورۇنلۇق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بىر قىز ئىدى. ئاڭلىشىمچە، سىنىپىدىكى باشقا باللارمۇ ئۇنى ماختىشىدىكەن. ئۇ شېئىر يازمايدىغانلىقى ئۈچۈنلا مىجەزى چۈس ھاۋانىسا بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىكەن. ئۇلار سىرتلاردىمۇ دائىم بىللە يۈرەتتى. سىرتتا ئۇچرىشىپ

قالغاندا ھاۋانىسا ئالدىمغا ئىتتىك كېلەتتى، ئەمما، سىرىن بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. زورلاپ سالام قىلىپ گەپكە تۇتسام ئۆزىنى تارتىپ «ياق» ياكى «ھە» دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ئۇ بەك دىققەتنى تارتىدىغان قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، مەرى ئىسسىق، قارىغانچە ئاددىمگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بىر يەرلىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن چىرايلىق بولغان بولسا، بەلكى ئۇنىڭغا قىزىقماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭغا ھەربىر قارىسام، كۆڭلۈمدە: «ئاشۇ قىز شۇ. مەن ئىزدەۋاتقان قىز نەق شۇ» دەيتتىم. ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولاتتىم ــ يۇ، يېقىنلىشالمايتتىم. ئۇ ھامان مەندىن ئۇركۈپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. بەزىدە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ھاۋانىسادىن گەپ ئالماقچى بولاتتىم. ئۇ، سىرىننىڭ ياخشى ئائىلىدە چوڭ بولغان يۇزى تۆۋەن، ئەخلاقلىق قىز ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەتنىڭ گېپى چىقسا «بىز تېخى مەكتەپكە ئەمدى كەلدۇق. ئۇنداق ئىشلارغا بېرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ» دەيدىغانلىقىنى، ئۆزى شېئىر يازمىغان بىلەن، مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ۋە مېنى بەك چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ گەپلەر مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئۇيقۇمنى قاچۇراتتى. مەن ئاشۇ سىرلىق قىزغا ئاتاپ قەلبىمدىكى يوشۇرۇن كۆيۈشلىرىمنى ئىپادىلەپ شېئىرلارنى يازاتتىم ۋە ئۇلارنى يېنىمدىكى ساۋاقداشلىرىمغا كۆرسىتەتتىم. ئۇلار خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈۋالاتتى، كۆپ ئۆتمەي بۇ شېئىرلىرىم كەڭ تارقىلاتتى. مەن سىرىننىڭ بۇ شېئىرلارنى ئۆزىگە ئاتاپ يازغانلىقىمنى چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇنداق بىرەر ئىپادىنى كۆرەلمەي

ئۈمىدسىزلىنەتتىم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە يېڭى يىلمۇ كەلدى. «ئۆگەي ئانا» ناملىق داستانىمنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشى، ئارقىدىنلا داستانىم ۋە خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىدا ئۆزۈم ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «ئالتۇن كەش» ناملىق دىرامىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىشى ئىجادىي قىزغىنلىقىمنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى. مەن مىنۇت ـ سېكۇنتىنى قولدىن بەرمەي يېڭى ـ يېڭى شېئىر، ھېكايە، پوۋېستلارغا تۇتۇش قىلغانىدىم، كېلەر يىلى تېخىمۇ كۆپ ھوسۇل ئالماقچىدىم. شۇ مەزگىللەردە سېرىنىڭ مېنى كۆرگەندە ھودۇقۇپ قىپقىزىل بولۇپ كېتىشلىرى، ماڭا يىراقتىن تارتىنىپ ھەم تەلپۈنۈپ قاراشلىرى خىيالىمدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ماڭا ئەمدى پەقەت پەيتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈشلا قالغاندەك بىلىنەتتى. مەن مەلۇم ۋاقىتقا موھتاج ئىدىم.



كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كېلەي دېگەندە مەن مۇۋەپپەقىيەت، شان ـ شۆھرەت ۋە مۇھەببەتنىڭ يەتتە قەۋەت ئاسمىنىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتۈم. چۈشكەندىمۇ ئاجايىپ چۈشتۈم. ئەسەرلىرىم ھەققىدە تۇنجى چوڭ ھەجىملىك تەنقىد ماقالىسى ئېلان قىلىنغان كۈنى ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرسام كامال كىرىپ:

ــ مەن ساڭا دېگەنىدىم، سىياسىيغا چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ دەپ. قارا شۇنچە چوڭ ئىش تېرىۋەتكىنىڭنى. سەن تالانتىڭنى زايە قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم. ساڭا كۆڭلۈمدىكى

گەپنى قىلالاي. مەن پەقەت ئۆزۈم يېزىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان نەرسىلەرنى يازدىم، بۇنىڭدىن پۇشايمىنىم يوق. يازغانىكەنمەن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، — دېدىم. كامال مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى. تىلىنى چىكىلدىتىپ بىرپەس تۇردى ـ دە، ئۇندىمەي چىقىپ كەتتى.

كامال يېقىندىن بۇيان نۇرىيە بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ماس كەلگەن بۇ بىر جۈپلەرنىڭ جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەتىگەندىن بۇيان ياتاقتىكىلەر مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ياتاقتىمۇ كىرمەي يۈرگەن بىر پەيتتە كامالنىڭ مېنى ئىزدەپ كىرگەنلىكىدىن خۇرسەن بولدۇم. كېيىن مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھەر خىل سورۇن، ھەر خىل شارائىتتا كۆپ قېتىم ئەسلىدىم.

كېيىنكى ئىشلار ھەقىقەتەن مېنىڭ چوڭ ئىش تېرىۋەتكەنلىكىمنى ئىسپاتلىدى. ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى ھەممە ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات»نىم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى پاش قىلىنغان ئاشۇ يىغىندا تارىخ مۇئەللىمىنىڭ ۋە ئۇ تاپشۇرغان «ئەزالىق بەدەل پۇلى ھۆججىتى» نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئارقىدىن سىرىننىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى ھازىرمۇ مەن ئۈچۈن بىر تېپىشماق. «تەشكىلات» قۇ مېنىڭ ئىمزايىمغا ئاساسەن گۇمان بىلەن كۆپتۈرۈلۈپ پەيدا قىلىنغان بولسۇن، ئۇنداقتا ھېلىقى ھۆججەت نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ بىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەنچۇ؟ مەن ئىلگىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاكا ـ سىڭىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۇرسام. بۇ يەردە چوقۇم بىر

كىملەرنىڭ نادان كىشىلەرنى قۇترىتىپ يالغان پاكىت، ساختا دېلو پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمما، ئۇ كىم؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ مەن بۇ مەسىلىنى ئۇزۇن ئويلىدىم. ئەمما، ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدىم. ئاشۇ مۇلايىم، تارتىنچاق سېرىننىڭ قوپال قوللارنىڭ تارتقۇشلىشى، دۇشكەلەپ ئىتتىرىشى بىلەن سەھنىگە چىقىشى، سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاغىلداپ تىترىگىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇشى،ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

سېرىننىڭ ئۆلۈمى ماڭىلا ئەمەس، دوستلىرىمغىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. بىز ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ئەقىل ــ ھوشىمىزدىن، ئەقلىي ئۈمىد ــ ئىشەنچىمىزدىن ئايرىلىپ ئەتىدىن كەچكىچە بېشىمىزنى سېلىپ ئولتۇرىدىغان، تۇرۇپ ــ تۇرۇپلا ئېسەدەپ يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. دوستلىرىمنىڭ كېيىن دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، شۇ چاغدا كۆپىنچىمىزنىڭ كاللىسىغا ئۆلۈۋېلىش خىيالى كەلگەنىكەن. ئابدۇسەمەت تورۇستىكى بىر پارچە توك سىمىنى كۆرۈپ قويغانىكەن. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان كۈنى بىزنى باشقا ياتاققا كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ساق قاپتۇ. خېلىل ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي ساقلاپ كەلگەن بىرىتۋا بىلەن تومۇرىنى كېسىۋالماقچى بولۇپتۇ. مەنمۇ دەسلەپتە ئۆلۈمنىڭ ھەر خىل يوللىنى ئويلاپ يۈردۈم. ئەمما، مۇشۇ ھالەتتە ئۆلۈۋېلىشنىڭ نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە، قەيسەرلىك بىلەن ياشايمەن، بارلىق ئامال بىلەن ئۆزۈمنىڭ ۋە دوستلىرىمنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلىماي تۇرۇپ ھېچ يەرگە بارمايمەن، دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. سېرىن ۋەقەسىدىن كېيىن

مەكتەپتىكىلەرمۇ بىزگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشتى. يېنىمىزدىن كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئايرىلمايدىغان بولدى. مەن كېچىلىرى ئۇخلىماي يېتىپ سىرىنغا بېغىشلاپ بىر شېئىر يازدىم. ئۇنى قەلەم بىلەن قەغەزگە چۈشۈرۈشكە ئامالسىز ئىدىم. ئۇنى يۈرىكىمگە پۈتتۈم. ئۇ مېنىڭ تومۇرلىرىمغا، يۈرىكىمگە ۋە نەپەسلىرىمگە سىڭىپ كەتتى. مەن ئۇنى قەغەزگە يېزىپ باقمىدىم، پىچىرلاپ بولسىمۇ ئوقۇپ باقمىدىم. ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئايرىلسا جانسىز مىسراغا، غازاڭ بولغان گۈلگە ئايلىنىپ قالاتتى. مەن ئۇنى بىر تۇپ گۈلدەك ئاسراپ قېنىم ۋە جېنىم بىلەن سۇغاردىم. پاك ـ گۇناھسىز بىر قىز ۋە ئىككى قولى سۆيگەن قىزىنىڭ قېنىغا مىلەنگەن دەردمەن ئاشىق ھەققىدىكى ئۇ شېئىر ھېلىھەم قەلبىمدە ياشناپ تۇرماقتا.



## 11

بىز قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى تۆت يىلنى ج خ نازارىتىنىڭ تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىدا قاراڭغۇ ئۆيدە، گەندە ـ سۈيدۈك، پىت ـ چۈسا، قاتىل ـ قىمارۋاز، ئوغرى ـ يانچۇقچى ئارىسىدا ئۆتكۈزدۇق. تۆت يىلدىن كېيىن، ساختا پاكىت ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان «دېلو» يىمىز قىيىن ـ قىستاق ۋە ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز روھىي بېسىملار بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش، مەجبۇرىي قول قويدۇرۇش ئارقىلىق تاماملىنىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئاپىرىپ تاشلاندۇق. ئۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئىنسانىنىڭ بەرداشلىق بېرىش

كۆچىدىن ھالقىغان ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئىدى.

تۆت يىلنى قاراڭغۇ ــ زەي كامىردا، ئاچارچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدۇق، تاتىراڭغۇ چىرايىمىزدىن قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. پۇت ــ قولىمىزدا ئەمگەك قىلغۇدەك جانمۇ يوق ئىدى. ئەتىگەندە ئىش ئورنىغا بېرىپ بولغۇچە ھالىمىزدىن كېتەتتۇق. بېشىمىزدىن كەتمەيدىغان تىل ــ ھاقارەت، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئەمگەك، كائىناتتىكى جىمىكى جانلىققا سېخىيلىق بىلەن چېچىلىپ تۇرىدىغان كۈن نۇرى ھەم ساپ ھاۋا بىزنى ئاستا ــ ئاستا تاۋلاپ پىشۇردى. خۇددى بىر ناخشىنىڭ «ئادەم دېگەن ھۆل نېمە، ئۆلۈپ كەتمىدۇق بۇ دەردكە» دېگەن مىسرالىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، خېلىلدىن باشقىلىرىمىز بۇ كۈنلەرگىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق.

283 بۇ يەردە گۇناھكارلاردىن تۈزۈلگەن سەككىز چوڭ ئەترەت بولۇپ، بىز بۆلۈنگەن ئىككىنچى چوڭ ئەترەت سىياسىي جىنايەتچىلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەنىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ «گۇناھكار» لار ياتاقلاردىن چىقىپ كەتمەن ــ گۈرجەك، مىتىنلارنى ئېلىپ، سەپ ــ سەپ بولۇپ تارىم دەرياسى بويىدىكى بىپايان توغراقلىقلارغا كىرىپ كېتەتتۇق. دەل ــ دەرەخ، يۇلغۇنلارنى ئۆرۈپ، ئوت ــ چۆپ، تىكەن ــ چاتقاللارغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، يەرلەرنى ئاغدۇرۇپ تاختا ــ تاختا تۈپتۈز، مۇنبەت يەرلەرنى ئاچاتتۇق. پالتا ــ ھەرىلەرنىڭ ساداسى، ئىس ــ تۈتەكلەر ئارىسىدا تۈرلۈك ــ تۈمەن ئۇچار قۇشنىڭ چۆچۈپ، پالاقلاپ ئۇيان ــ بۇيان ئۇچۇشلىرى، ئۈۋىلىرى بۇزۇلۇپ،

تۇخۇملىرى چېقىلىپ، قىزىل ئەت بالىپانلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ پىرقىراپ قېچىشلىرىغا گۇۋاھ بولغانىدۇق. بۇنداق قىيامەت قايىم ئالدىدا، ئەزەل ـ ئەزەلدىن مۇشۇ توغراقلىقتا ياشاپ كەلگەن بىگۇناھ جاندارلارنى ۋەيران قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاللادىن گۇناھىمىزنى تىلەيتتۇق. ئەمما، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا رەھىمسىز ئىدى. خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدا جانلىقلار بىرسى يەنە بىرسىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ياشىغاندەك، ئۇ يەردە كۈچلۈك ئاجىزنى، چوڭى كىچىكىنى يەيتتى. بىر كىملەر ھېچ سەۋەبسىز، بىر كېچىدىلا مال ـ دۇنياسىدىن، قان ـ قېرىنداشلىرىدىن، ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. بۇنىڭ ھېسابىغا يەنە بىر كىملەر راھەتتە ياشايتتى، كۆزلىگەن ئەمەل ـ مەرتىۋىلىرىگە ئېرىشەتتى.

بۇ دۇنيا پاجىئە بىلەن تولغانىدى. پاجىئە ھەر كۈنى، ھەر سائەت يۈز بېرىپ تۇراتتى. پەقەت نۆۋەت ئۆزىگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىلەر تىرىكچىلىك كويىدا ئالدىرىشاتتى. ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن گاھ خۇشال بولسا، گاھ قايغۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى.

بىز مەھبۇسلارمۇ ياشىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. بىرەر قېتىم تويۇپ باقمىغان، توختىماي كوركىراپ ئېچىپلا تۇرىدىغان قورساقنى گوللاش، ئاچلىق ئازابىنى بېسىش ئۈچۈن قۇش تۇخۇملىرىنى ئۇچرىغانلا يەردە ئېچىۋالاتتۇق. قۇشلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ قىزىل ئەت باللىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەيتتۇق. بەزىدە بېلىق تۇتىدىغان مەھبۇسلاردىن ئۇششاق بېلىقلارنى سوراپ ئېلىپ، ئىچ ـ باغرىنى ئادالاپ، قورۇتۇۋالاتتۇق ـ دە، بىر مەزگىل ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلاتتۇق. ئاشۇ قوشۇمچىلار بولمىغان بولسا، ئۇ يىللاردىكى

ئاچارچىلىق ۋە ئېغىر ئەمگەك تالاي ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغان بولاتتى.

بىز ئۆزاققا سوزۇلغان جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مولىغان مۇنبەت ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلغانىدۇق. ھەر يىلى ئەتىيازدا بىز بۇ يەرلەرگە شال، بۇغداي ـ قوناق، ئوتياش، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىيتتۇق، پەرۋىش قىلاتتۇق، ئورۇپ يىغاتتۇق. يەنە تېرىيتتۇق. قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرغىنىمىزغا قارىماي، بۇ يەرلەردىنمۇ ئاز ـ تولا رىزقىمىزنى تېپىپ يەيتتۇق. بىرەر باش سەۋزە، قىزىلچا، كۆكباشلارنى تېپىپ يېۋېلىش ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا رازى بولاتتۇق. قانداقلا بولمىسۇن، ئىلگىرىكى تۆت يىللىق تۇرمۇشىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئاپتاپتا، ساپ ھاۋادا، تەبىئەت قوينىدا ئۆتكەن بۇ كۈنلىرىمىزگە شۈكۈر قىلماي تۇرالمايتتۇق. تىل ـ تاياق، ھاقارەت سەزگۈ ئەزالىرىمىزدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان قېلىن بىر قەۋەت قاسراق پەيدا قىلغانىدى، ھەتتا بەزىدە تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىماي قالساق ئەجەبلىنەتتۇق.

ئۆزاققا سوزۇلغان تۇرمە ھاياتى ۋە ئۇزۇنقىلىنىشىنىڭ ناچارلىقى ئەسلىدىلا ئاجىز تېنىمىنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. تۇرمە دوختۇرىنىڭ كۆكۈل بۆلۈشى ۋە بىرنەچچە ياخشى نىيەتلىك نازارەتچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن مەن ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قارىلىپ، ئاشخانىغا قارىتىش، تاماق توشۇش، تازىلىق قىلىشتەك يېنىكرەك ئىشلارنى قىلىدىغان ئەترەتكە يۆتكەلدىم. بۇ ئىشلارمۇ ئاسان ئەمەس. ئەمما، ئېغىر

ئەمگەككە سىڭىنىدىغان جىنايەتچىلەرگە قوللىنىلىدىغان قاتتىق باشقۇرۇش، تىل ـ تاياق، مەجبۇرلاشلارغا سىڭىشتۇرغاندا بۇ يەر ئەركىنرەك ئىدى. تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ، بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولساق، ئارتۇق ـ تۆشۈك ئىشلارغا ئارىلاشمىساقلا جازاغا ئۇچرىمايتتۇق، بولۇپمۇ ھاجەتخانا تازىلاش، گەندە تارتىش دېگەندەك ئىشلار مەينەت بولغانلىقى ئۈچۈن نازارەتچىلەرمۇ يېقىن يولىمايتتى. بىز مۇشۇ ئەڭ مەينەت ئىشتىنلا ئەركىنلىكنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيتتۇق. بىز بۇ يەردە كەمسىتىلمەيتتۇق. خالىغاندا دەم ئېلىپ ئالدىرىماي ئىشلەيتتۇق، ئەڭ مۇھىمى، ئەركىن پاراڭلىشالايتتۇق. يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولالايتتۇق.

## 12



مەھبۇس دېگەننىڭ كىچىككىنە بولسىمۇ خۇسۇسىي تۇرمۇشى، مەخپىيەتلىكى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى — ئورۇندىن تۇرۇشى، يۈزىنى يۇيۇشى، تەرەت قىلىشى، ئەمگەك قىلىشى، ئۇخلىشى...... بەلگىلەنگەن قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە بولاتتى، بەزىدە كىچىككىنە سەۋەنلىكنىڭ تۈپەيلى ئوي ـ پىكرىڭىزدىكى مەخپىيەتلىكىڭىزمۇ تالان ـ تاراج قىلىناتتى. بۇ قەدەر بىر خىللىق ئىچىدە ياشاشمۇ كىشىنى ئازابلايتتى.

كىتاب ئوقۇش — مەن ئۈچۈن مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۆزۈمگە خاس خۇسۇسىي تۇرمۇش ئىدى. باشقۇرغۇچىلار كىتابلارنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرسىمۇ ھەممىنى ئوقۇپ بولالمايتتى. مەن چەكلىك كىتاب ئوقۇش پۇرسەتلىرىدە كىتاب ئىچىدىن ئىلگىرى بايقىمىغان نۇرغۇن نەرسىنى

بايقايتتىم. كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن ئاستىغا سىزىپ قويۇلغان جۈملىلەر ياكى بەت چۆرىسىگە قىستۇرۇلغان بىرەر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلەرنى تېپىۋالسام خۇشاللىقىمدىن يۈرىكىم گۇپۇلداپ كېتەتتى. كىتابتىكى ۋەقەلىكلەردىن، مەنىلىك، ھېكمەتلىك سۆز ـ جۈملىلەردىن ئۆزۈم خالىغانچە مەنىۋى زوق ۋە كۈچ ئالاتتىم. كىتاب ئوقۇۋاتقان، تەپەككۇر قىلىۋاتقان چېغىمدىلا ئۆزۈمنى نورمال ئىنساندەك، بىر شائىردەك سېزەتتىم.

ئۆزۈمگە خاس مەخپىيەتلىك ئىستىكى مېنى ھەر ۋاقىت ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئېگىز دەرەختىكى ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ قالغان قۇش چۈجىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋېلىپ قۇرت تېرىپ يېگۈزۈپ بېقىپ يۈرگەنىدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ قانات چىقىرىپ پالاقلاپ ئۇچقۇدەك بولدى. مەن ئۇنى ئېتىزغا بارغۇچە بىر چاتقاللىققا قويۇپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن قۇشقاچ كۆرسەم مېنىڭ قۇچقىچىم شۇمىدۇ، دەپ يۈردۈم. مەن گۇلگە ئامراق ئىدىم. ئېتىز قىرلىرىدا رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر مېنى شۇنچىلىك جەلپ قىلاتتى. بىر كۈنى ھەۋىسىمنى باسالماي، قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن بىر تۈپ لەيلىقازاقنى بىر پۇچۇق ھىجىرغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ياتاقنىڭ پەنجىرىگە قويۇپ قويدۇم. ھەر كىرسەم ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ تۇراتتىم. ئۇچ ـ تۆت كۈنلەردىن كېيىن بىر ئەتىگىنى قارىسام پۇچۇق ھىجىر يەردە ياتىدۇ. لەيلىقازاق قۇرۇپ قاپتۇ. بۇ مۇشۇكنىڭ ئىشىمۇ ياكى بىرەر نازارەتچىنىڭمۇ، بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈل ئۆستۈرۈش ھەۋىسىنى تاشلىدىم. گۈلنىڭ يەنىلا تۇپرىقىدىن ئايرىلمىغىنى ياخشى ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

# ئاسىم III

## 9

مەن ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىگە تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتىم. دەسلەپكى كۈنلەردە تەھرىرلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندىم. خوتەننىڭ ئەتلىسىدەك بويالغان ئارگىنال قەغەزلەر كۆزلىرىمنى ئىمىر - چىمىر قىلىپ بېشىمنى قايدۇراتتى ياكى ئۇيقۇمنى كەلتۈرەتتى. كۆزۈمنى زورلاپ ئېچىپ، ھەر خىل قەغەزگە يېزىلغان خىلمۇ خىل خەتكە بىرھازا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاپتور ئەسلىي نېمىلەرنى يازغانلىقى، ئۈستىدىن كۆك، قىزىل قەلەملەردە قانداق بويالغانلىقى، قانداق قىسقارتىلىپ، جۈملىلەرنىڭ ئاخىر نەدىن نەگە ئۇلانغىنىنى ئاڭقىرىۋېلىشقا تىرىشاتتىم. بەزىدە جۈملىنىڭ ياكى بىرەر سۆزنىڭ يېرىمىنى تاپالماي شۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ كېتەتتىمكى، بېرىپ بىرەرسىدىن سوراي دېسەممۇ، كۆزئەينەكلەرنى تاقىشىپ، قوشۇملىرىنى چىڭ تۈرۈپ، بىر - بىرىدىن سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مۆھەررىرلەرگە بىر قۇر قارىۋېتىپ يالتىيىپ قالاتتىم. قايتىدىن باش چۆكۈرۈپ قېلىن ئېپتىدائىي ئورمانلىقتەك بولۇپ كەتكەن، ئۈستىنى سۈۋارى قىزىللىق قاپلىغان ئارگىنال قەغىزىنى بىرەر

مۆجىزىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى تىلەپ قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە باشلايتتىم. كۆپ ھالدا سىزىق، رەڭلەرنىڭ بىر بۆرجىكىدىن مەن ئىزدىگەن خەتلەر چىقىپ قالاتتى، بەزىدە چىقمايمۇ قالاتتى، ئامالسىز سوراشقا مەجبۇر بولاتتىم. بۇنداق چاغلاردا بىرنەچچە سائەت، ھەتتا يېرىم كۈنلەپ ئىشىم يۈرۈشمەي، ئالدىمدا ئارگىنالالار دۆۋىلىشىپ كېتەتتى. تەلىيىم كەلگەن ۋاقىتلاردا قەلىمى پىشقان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى قولۇمغا چىقىپ قالاتتى. مۇنداق ئارگىنالالار بويالمىغانىنىڭ ئۇستىگە، مىسرالار، سۆز جۈملىلەر راۋان، يەڭگىل، چۈشىنىشلىك بولاتتى، ئەسەردىن ھوزۇرلانغاچ شارت ـ شۇرت قىلىپلا كۆچۈرۈۋېتەتتىم. مەن كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان ۋە ھەممىمىز غايىبانە ھۆرمەت قىلىدىغان «بۈركۈت» ئەپەندى بىلەن «مەشئەل »ئەپەندىمۇ تەھرىرىر بۆلۈمگە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ماقالىسىنى كۆچۈرۈش داۋامىدا «بۈركۈت»ئەپەندىنىڭ تەھرىرلىك ئۇسلۇبى ئۆز خاراكتېرىگە يارىشا كەسكىن، ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى، ئەمما، قانداق ئۆزگەرتىش، قىسقارتىشتىن قەتئىينەزەر مەنتىقىلىق ۋە باغلىنىشلىق بولۇشقا ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى، «مەشئەل» ئەپەندىنىڭ خېتى دانە ـ دانە، چىرايلىق، بىر قاراپلا پەرقلەندۈرگۈدەك بولۇپلا قالماي، سۆز ئىشلىتىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. «مەشئەل» ئەپەندى بەزىدە ئالدىمغا كېلىپ:

— كۆچۈرۈشكە ھەرگىز سەل قارىماڭ. بىز ھەممىمىز بۇ ساھەگە يېڭى قەدەم قويغاندا بىر مەزگىل كۆچۈرگۈچىلىك قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تەھرىرلىكنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ

ياخشى ئۇسۇلى. كۆچۈرۈش داۋامىدا ئەسلىي قانداق يېزىلغان، مۇھەررىر قانداق ئۆزگەرتكەن، نېمىشقا ئۆزگەرتكەن دېگەنلەرنى ئويلاپ، كاللا ئىشلىتىپ كۆرۈڭ. بىر مەزگىل مۇشۇنداق تىرىشسىڭىز خېلى نەرسىلەرنى ئاڭقىرىپ قالىسىز، — دەيتتى.

بىر قېتىم ئۇ مەن كۆچۈرۈپ ئالدىغا ئاپىرىپ بەرگەن ئەسەرلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، مېنى ئالدىغا چاقىرتتى. مېنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— پەش - چېكىتكە سەل قارىماڭ، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر پەشنىڭ ئارتۇق ياكى كەم بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ساۋاق ئاز ئەمەس، — دەپ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، — ئۇكام ئاسىمجان، خېتىڭىزنىڭ ئۇستىخىنى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئەمما، خەتنى كۆڭۈل قويماي ئالماپ - ئالماپ يازىدىكەنسىز، ئىملايىڭىزمۇ تېخى تولۇق قېلىپقا چۈشمەپتۇ. بەزى خەتلىرىڭىزنى مەندەك ھەر كۈنى ئالدىدىن خىلمۇ خىل خەت - پوچېركا ئۆتۈپ تۇرىدىغان «پېشقەدەم» مۇھەررىرمۇ ئوقۇيالمىدىم. مېنىڭچە سىز بىر مەزگىل ئۆزىڭىزگە تەلەپنى قاتتىقراق قويۇپ، خەتنى ئالدىرىماي، ئوچۇق ھەم چىرايلىق يېزىشقا ئادەتلىنىڭ. مۇھەررىرنىڭ خېتى ئوچۇق، ئىملاسى توغرا، جۈملىلىرى راۋان بولۇشى كېرەك، — دېگەنىدى.

شۇ قېتىم قانداق تەرلىگىنىم زادى ئېسىمدىن چىقمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل بىكار بولسىلا خەت يېزىشنى ۋە ئىملا قائىدىسىنى ئۆگەندىم. خەتنى ئالدىرىماي، كۆڭۈل قويۇپ يېزىشقا تىرىشتىم ۋە كېيىن بۇنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆردۈم. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مۇھەررىرلەرنىڭ

ھەممىسى مەندىن رازى بولۇپ، مېنى ماختىشىدىغان بولدى. «مەشئەل» ئەپەندى ئەمدى ماڭا قىسقا شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى تەھرىرلەشكە بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە ئاستا ـ ئاستا كىرىشىپ كەتتىم.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىنى بەك ئالدىراش دېگىلى بولمايتتى. باسما زاۋۇتىغا ماقالە ئۆتكۈزۈش ئالدىدا بىرنەچچە كۈن جىددىيچىلىك بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشلار ئادەتتە بىر خىل تەرتىپتە ماڭاتتى. بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدىغىنى پەقەتلا ئۆگىنىشنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. شۇ يىللاردا بىنانىڭ 1 ـ قەۋەتتىكى كۆزگە چېلىقمىدىغان يېرىگە كىچىك بىر قارا دوسكا ئېسىقلىق تۇراتتى. ھەممىمىز ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭغا قارايتتۇق. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلار يېزىلغان بولاتتى. كۈندە چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ، كۆپىنچە دوكلات ئاڭلاش، ھۆججەت ئوقۇش، كۈرەش ـ تەنقىد يىغىنلىرىغا قاتنىشىش دېگەندەك ئىشلار پۈتۈن كۈننى ئىگىلەپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەررىرلەر ئەسەرلەرنى ئۆيلىرىگە ئەكېتىپ ئاخشاملىرى ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. مەنمۇ كۆچۈرىدىغان ئارگىناللارنى ياتىقىمغا ئېلىپ كېتەتتىم. ماڭىغۇ ئانچە ئېغىر كەلمەيتتى. ئەمما، كۆپ بالىلىق، يېشى چوڭلارغا ئېغىر كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بەش ـ ئالتە بالا بىلەن بىر ياكى بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى. دېمەك، ئۆيدە خىزمەت قىلغۇدەك شارائىتمۇ يوق ئىدى. لېكىن، ئىشلارنىڭ ئاقساپ قېلىشىغا، كۆپچىلىكنىڭ قىينىلىشىغا بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، «ئىنقىلاب» نى چىڭ تۇتۇش، ژۇرنالنىمۇ ۋاقتىدا چىقىرىش كېرەك ئىدى.

بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بىرەرسى غۇدۇراپ سالسا شۇ ھامان رەھبەرلىكنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى ـ دە، غۇدۇراپ سالغۇچى «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىشنى تەرغىب قىلدى»، «سىياسىي ئۆگىنىشكە، قىزىللىششقا ئەھمىيەت بەرمىدى»، «مەيدانى ئېنىق ئەمەس» دەپ ئەيىبلىنىپ كۈرەش قىلىناتتى، ھېچ بولمىسا چوڭ يىغىندا ئىسمى ئاتىلىپ تەنقىدلىنەتتى.

ئىلگىرى بۇ جاي مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قورۇماس بۇلىقى، ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ئەقىللىك ھەم رومانتىك ئادەملەر يىغىلغان سەلتەنەتلىك بىر قەسىر ئىدى. ئۆزۈم بۇ يەرنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پەقەت گۆدەكلەرچە خىيال ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتىم.

ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە چەت ئەلدە مەخسۇس ژۇرنالىستلىق كەسپى بويىچە ئالىي تەربىيە ئالغانلار، شېئىرىيەت ۋە باشقا پەنلەردە كامالغا يەتكەن ئالىملار، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە ئۆتكۈر تەنقىدچىلەر ئىشلەيتتى. ئەمما، ھېچكىم ئۇلاردىن ئەدەبىي ژۇرنالنى قانداق چىقىرىش ھەققىدە پىكىر ئالمايتتى. سولچىل سىياسەتنىڭ تۆمۈر چەمبىرىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ بېشىنى قىسىپ تۇراتتى. ژۇرنالدا بېرىلىدىغان ئەسەرلەردە بىر قېلىپتىن چىققاندەك، رەئىس ماۋ زېدۇڭ، كومپارتىيە، سوتسىيالىزم، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق كوممۇناسى مەدھىيەلىنىشى، زۇلمەتلىك ئۆتمۈش، باي ـ پومېشچىكلار ۋە بارلىق سىنىپىي دۈشمەنلەر سۆكۈپ مەسخىرە قىلىنىشى شەرت ئىدى. قىز ـ يىگىتلەر مۇھەببىتى، نورمال قېرىنداشلىق، ئانا ـ بالىلىق مۇھەببەت،

تەبىئەت گۈزەللىكى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ بۇرژۇئـا ئىدىيەسى تەرغىب قىلىنغان دەپ چەتكە قېقىلاتتى. يېڭىدىن تەھرىرلىككە چۈشكەن ۋاقتىمدا، تۇنجى بولۇپ ئانا ھەققىدە يېزىلغان بىر نەسرنى ئىشلىدىم. ئۇنىڭدىكى ساددا، چىن ھېسسىيات ماڭا بەكمۇ يارىغانىدى. ئۇ نەسر «چاكىنا شەخسىي مېھىر ـ مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن. ئەگەر ئۇنىڭغا قاباھەتلىك ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ياكى نۆۋەتتىكى سىنىپىي كۈرەش سىڭدۈرۈلگەن بولسا ئىشلەتسەك بولاتتى. مۇھەررىر قايتا ئىشلەپ باقسا» دېگەن ھۆكۈم بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى. ئۇنى تاشلاپ قويۇشقا قىيماي، ئانىنىڭ ئۆتمۈشتە نەقەدەر ئېزىلگەنلىكىنى ۋە بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىنى، ئۇنىڭ ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ئابزاسنى قوشتۇم. قوشۇپ بولۇپ قايتا ئوقۇسام، كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش بولدىكى، يازغانلىرىمنى يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. نەسرنى «مەشئەل» ئەپەندىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بىر خالتىغا سېلىپ ساقلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ مەشھۇر بىر گېپى بولىدىغان: «ياخشى ئەسەرلەرنى ساقلاپ قويۇڭلار، بۇرادەرلەر، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا شۇنداق بىر شاماللار چىقىدۇكى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغىنىڭغا ئىشىنەلمەي قالىسەن. بۇ ئەسەرلەر شۇنداق چاغلاردا ئەسقاتىدۇ......» ئىشلار راستتىنلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولاتتى. بىر مەزگىللەردە سىياسەت بوشاپ ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلايتتۇق. بىراق بۇ ھالەت ئۇزاققا بارمايتتى. ئارقىدىنلا ھېساب ئېلىناتتى. شۇنداق بولسىمۇ بىر مەزگىل پۇخادىن چىقىۋالاتتۇق.

يەنە بىر قېتىم بىر يېزا قىزنىڭ ئەمگەكچانلىقى مەدھىيىلەنگەن بىر شېئىرنى ئىشلىدىم. ئۇنىڭدا قىزنىڭ سەھەر قۇشلىرىدىنمۇ بۇرۇن قوپۇپ ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغانلىقى، ئىشتىن چۈشكۈچە ئېتىز قىرلىرىدىن قۇچاق - قۇچاق گۈللەرنى تېرىۋالغانلىقى، كۆلچەكتىكى سۇلارغا قاراپ گۈزەللىكىدىن مەمنۇن بولۇپ چاچلىرىنى تارىغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ شېئىرغىمۇ «بۇرژۇئاچە چاكىنا ھېسسىيات كۆچەپ تەسۋىرلەنگەن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغاندا يۇرىكىم شۇنچىلىك ئېچىشتىكى، نەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمنىڭ ئەسىرى ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندەك خۇيلىنىپ يۈردۈم. مۇنداق چاغلاردا «مەشئەل» ئەپەندى خۇددى ماڭا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك قاراپ - قاراپ قويىۋاتتى - يۇ، گەپ قىلمايتتى. باشقىلارمۇ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك يۈرۈشەتتى. ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ئۇلار ئۈچۈن نورمال ئىش ئىدى. ئەكسىچە، ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچرىماي قېلىشى نورمالسىزلىق ھېسابلىناتتى. ئىشخانىدىكى بۇ خىل سوغۇق كەيپىياتتىن، ھېچكىمنىڭ بىرەر ئېغىز سۆز قىلماسلىقىدىن بۇرۇقتۇرما بولاتتىم. بەزىدە تېنىم جۇغۇلداپ كېسەلدەك بولۇپ قالاتتىم. مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىمنى، كۆڭۈلمىزدىكى گەپلەرنى قىلىشالايدىغان دوستلىرىمنى سېغىناتتىم.

بىر كۈنى پازىل ئاكا ئالدىغا چاقىرىپ تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە قىيىنچىلىقىم بار - يوقلۇقىنى، خىزمەتكە كۆنەلىگەن - كۆنەلمىگەنلىكىمنى سورىدى. ئارقىدىن:

— ئۇكام، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، سىز ھەقىقەتەن تىرىشىپ ئىشلەۋاتىسىز. بۆلۈمدىكىلەرنىڭ

ئېنكاسى ناھايىتى ياخشى، بىزمۇ سىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتىمىز، — دېدى ۋە قانداق ئەسەرلەرنى تاللاش، قانداق مەزمۇنلارنى قىسقارتىش، زۆرۈر مەزمۇنلارنى قانداق قوشۇش توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي، ئەستايىدىل تەلىم بەردى. ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان يوغان قوللىرى ئاستىدا ئەسەرلەر خالىغانچە ئۆزارتىپ ـ قىسقارتىقلى، شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان، ئىنتايىن ئاجىز، ئەرزىمەس، ھېسسىياتسىز، زۇۋانسىز بىر نېمىلەرگە ياكى مىنۇتىغا تالايلاپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان زاۋۇت ماللىرىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى يوغان قارا رەڭلىك قەلەم نېمىشقىدۇر كىشىگە قورالنى ئەسلىتەتتى. يەنە بىر قولىدىكى تاماكىسى قويۇق، قاپقارا ئىس چىقىراتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە ياقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، مەندىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىشلەشكە تىرىشتىم. ئۆزۈمگە يارىغان ئەسەرلەرنى ئايرىپ قويۇپ، يارىمىغانلىرىنى ئىشلىدىم، ئىشلىگەنلا ئەسەرلىرىم ئۆتىدىغان بولدى. بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەپ قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىدى.



## 10

ئۇ يىللاردا قەھەتچىلىك تۈپەيلى ئىدارىمىزنىڭ ئاشخانىسى تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن بۇلاقبېشى بىلەن ئاق قوۋۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئاشلىق بېلىتىگە تاماق سېتىۋالغىلى بولىدىغان چوڭراق بىر ئاشخانىغا باراتتىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا بولغانلىقى

ئۇچۇن ئاشپەزلىرى خىل، تامىقى تەملىك ئىدى. لېكىن، تىلەمچىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ يەردە خاتىرجەم تاماق يېگىلى بولمايتتى. ھەر خىل ياشتىكى تىلەمچىلەر قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ۋاستە تالىلاپ ئولتۇرمايتتى. بەزىلىرى تاماق يەۋاتقۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىنى تاماقتىن ئالماي، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. 13 — 14 ياشلاردىكى، كىيىملىرى يىرتىق، يۈز ـ كۆزلىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن بىرنەچچە بالا بار ئىدى. تاماق يەۋاتقان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپلا قاپقارا قولىنى تاماق قاچىسىغا تىقىپ قوياتتى. تاماق ئىگىسى ئامال يوق تاماقنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇلارنى ھەيدىۋەتسەڭ يەنە كېلەتتى، بىرى ئون بولاتتى. ساقچىلار تۇتۇۋالسا بىكارلىق تاماق يەيدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى. ساقچىلار بېقىپ بولالماي قويۇپ بەرگەن ھامان يەنە ئاشخانىلارغا كېلىۋالاتتى. خېرىدار ئاز چاغلاردا بىر چەتتىكى يوغان مەشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرۇپ، چۈش بولۇپ خېرىدارلار كۆپەيگەن ھامان جانلىنىپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. مەن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا كۆپ ئۇچراپ كەتكەندىن كېيىن، ئاغزى چىڭ ئېتىلىدىغان ئىسسىق ساقلايدىغان تاماق قاچىسى سېتىۋېلىپ، تاماقنى ياتىقىمغا ئېلىپ كېتىپ يەيدىغان بولغانىدىم.

بىر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تامىقىمنى بىراقلا ئېلىپ ياتىقىمغا قايتىپ كېتىۋاتسام، خەلق مېھمانخانىسى ئەتراپىدا «مەشئەل» ئەپەندى بىلەن «بۆركۈت» ئەپەندى ئۇچراپ قالدى. ئىككىلىسى قىزىۋالغان بولۇپ، ناھايىتى خۇشخۇي

پاراڭلىشىپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى ۋە مېنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي شۇنچىلىك ماختاشتىكى، مەستلىكتە شۇنداق قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، خۇشاللىقىمدا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇلارنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياتىقىمغا باشلىدىم. يولدىن بىر بوتۇلكا جۇن ھارىقى سېتىۋالدىم. مەكتەپ يۇتكۇزگەندە ــ ئوغۇل ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشىدا تۇنجى قېتىم ھاراق ئىچىپ تازا قىينالغان ۋە ھاراق دېگەن نەرسىگە ئىككىنچى يېقىن يولىمايمەن، دەپ قەسەم قىلىۋەتكەن بولساممۇ، بۇگۈن راۋرۇس بىر ئىچمەكچىمدىم. مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىچمەي كىم بىلەن ئىچىمەن، دەپ ئويلايتتىم. بۇ مارت ئايلىرى بولۇپ، ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىنى قاپلىغان قار ـ مۇزلار بىر چەتتىن ئېرىشكە باشلىغان، كونگەي يەرلەر قارا پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى. توختىماي سۆزلەپ كېتىۋاتقان «بۇركۇت» ئەپەندى يولدا ھە دېسە تېيىلاتتى، ئۇنى يۆلىۋالىمەن دەپ مەنمۇ ئاز جاپا تارتمىدىم.

ياتىقىم تام مەشلىك بولغانلىقتىن، ئۇچاقنىڭ ئوتى ئۆچمەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ھۇپپىدە ئىسسىق تۇرۇپتۇ. ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى ياتاققا باشلاپ قويۇپ، ئوچاققا كۆمۈر سالاپ، چەينەكتە چاي قويدۇم. چاي قاينىغۇچە ئۇستەل ئۇستىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاپام ئەۋەتكەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياغلىق توقاچ، پېچىنە ـ پىرەنىك، سوقۇم گۆشلەرنى توغراپ چاندۇرماي تەخسىلەرگە تىزدىم. تاماق قاچىسىدىكى تاماق بىلەن قورۇمىلارنى ئايرىم قاچىلارغا بۆلۈپ ئېلىپ كەلدىم. ئۇلار:

— پاھ، قىز بالا بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار، نېمىدېگەن قولى ئەپلىك يىگىت بۇ! — دېيىشىپ قايىللىقىنى بىلدۈرۈشتى. تاماق ئۈستىدە ئۇلارغا ئاپامنىڭ شۇنداق مېھماندوست، داستىخىنى كەڭرى ئايال ئىكەنلىكىنى، ياخشىراق بىرەر نەرسە تاپسا «ماۋۇ مېھمانغا قالسۇن» دەپ يۇقىرى ئېلىپ قويىدىغانلىقىنى، كىچىكىمدىن ئاپامنىڭ تەسىرىگە قانداق ئۇچرىغانلىقىمنى دەپ بەرسەم، «مەشئەل» ئەپەندى بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، بىر دوستىنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇيغۇرچە تاماقلارنى ۋە ئاپىسىنى سېغىنىپ «ئۇيغۇرنىڭ داستىخىنى» دەپ بىر شېئىر يازغانلىقىنى، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئۆزبېك ساۋاقدىشى خاپا بولۇپ كېتىپ دەرھال «ئۆزبېك داستىخىنى» دەپ شېئىر يېزىپ چىققانلىقى، لېكىن، «ئۇيغۇرنىڭ داستىخىنى» دىكىدەك ھېسسىيات كەم بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئانچە ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراڭ قىلىپ بەردى. «مەشئەل» ئەپەندى ئوتتۇرا بوي، توغرىلىقراق، قارا قاشلىرى بىلەن قويۇق بۇرۇتى ئۆزىگە يارىشىپ تۇرىدىغان، ئىسسىق چىراي ئادەم ئىدى. چوققىسىنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتكەن يۇمىلاق يېرى چىراغ يورۇقىدا ۋال - ۋۇل پارقىرايتتى. «بۇركۈت» ئەپەندى ئورۇق، ئېگىز بوي، پېشانىسى ئالدىغا كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى توسۇۋالىدىغان يېشلىغا مايىل كۆزلىرى ھاياجانلانغان چېغىدا ۋىل - ۋىل يېنىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى. قاچان قارىسا ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن، بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان شىم - كاستۇم، پەلتو كىيىپ، گالستۇك تاقاپ يۈرەتتى. ئۇلار ئىككىسى ساۋاقداش ئىكەن، يېقىن

ئۆتۈشىدىكەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە بىللە ئىشلەپ كەپتۇ. بۇ قېتىم ئىككىسىگە تەڭلا شامال دارىپ، خىزمەتتىن تەڭلا توختىتىلىپ قويۇلۇپتۇ. «مەشئەل» ئەپەندى پالاكەتچىلىكتىن بالدۇرراق خالاس بولۇپ ئىشقا چۈشۈپتۇ. «بۇركۇت» ئەپەندى گەرچە ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا مەسىلە تاپشۇرۇش باسقۇچىدا ئىكەن. غىزالىنىپ بولۇپ رومكا ئايلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرى ۋە تارتقان ئۇۋالچىلىقلىرى ئۇستىدە سۆزلەشتى. «بۇركۇت» ئەپەندى دوستىنى «مەيدانسىز»، «ئاغىمچى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئەيىبلەيتتى. «مەشئەل» ئەپەندى ئۇنىڭ سۆزىگە باشقىچە ئىپادە بىلدۇرمەي «دېگىنىڭ راست» دەپ كۇلۇپلا ئولتۇردى. ھەر ئىككىلىسى ھەممىنى بىلەتتى، بىر ـ بىرىنىلا ئەمەس، جاھاننىڭ پەيلىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. ئامالسىزلىقتىن بۇرۇقتۇرما بولاتتى. ھەر ئىككىلىسى: «بىز باشتىلا ئۇتتۇرۇۋەتكەن» دېگەن گەپنى پات ـ پات تەكرارلاپ قويۇشاتتى. «بۇركۇت» ئەپەندى تۇيۇقسىز ماڭا:

ــ ھە يىگىت، ئەدەبىياتنى چۈشىنەمسەن؟ ئەسلىي ئەدەبىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەن ئۆزۈڭچە ئەدەبىياتنىڭ قايناق بۇلىقىغا كەلدىم، كاتتا بولۇپ كەتتىم دەۋاتىدىغانسەن ـ ھە! مەن ساڭا دەپ قوياي، ھازىرقى ۋەزىيەتتە، سەن بۇ يەردىن ھەقىقىي ئەدەبىياتنى تاپالمايسەن، چىن ۋە گۈزەل نەرسىلەرنى يوقىتىش، پېيىنى قىرقىش، نابۇت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئۆگىنەلمەيسەن. ئىسىت ساڭا، سېنىڭ ئۆمرۈڭگە! سېنىڭ ھېلىقى ساۋاقدىشىڭ كارامەت بالا ئىدى. ئەمما، ھەقىقىي شائىرنىڭ، شېئىرنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، بىرنەرسە ئۆگەنمەكچى

بولساڭ ئەتراپىڭغا قارا. ئىزدەپ تاپ. ئەمما، ھەرگىز ئۆزۈڭ ئىشلەۋاتقان يەردىن ئىزدىمە، ئۇقتۇڭمۇ گېپىمنى! ــ دېدى.
«مەشئەل» ئەپەندىمۇ:
ــ ئاسىمجان، ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، ھازىر ئىشلار شۇنداق بولۇپ كەتتى. «گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن، ئالايساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن» لا دەيدۇ. شۇڭا، سۈكۈت قىلغانغا يەتمەيدۇ. ئىشخانىدا گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلىڭ. قارىشىڭىزنى ئىپادىلىمەڭ. مەن سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزنى سېزىپ تۇرىمەن. بىرنەچچە قېتىم سىز بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدۇم، ئەمما، پۇرسەت چىقمىدى. بۈگۈن بولسىمۇ دەپ قوياي، ئۇ خىزمەت بىز ئۈچۈن جان بېقىشنىڭ بىر ۋاستىسى، ئۇنى ئىشلىمىسەك بولمايدۇ. ئەمما، بىز روھىي پاكلىقىمىزنى، ۋىجدانىمىزنى، چىنلىقنى، گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. سىلاۋيان يېزىقىنى ئوقۇيالىسىڭىز، مەن سىزگە ئۆزبېكچە بىرنەچچە شېئىرلار توپلىمى بېرىمەن، ئۇلارنى ئوقۇپ بولسىڭىز يەنە باشقىلىرىمۇ بار، ــ دېدى.
شۇ ئاخشىمى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ قولغا ئېلىنىپ كەتكەن، ئۆلۈپ كەتكەن، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن بىرمۇنچە ئادەمنىڭ گاھ قىزىقارلىق، گاھ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىدىم. مەن مۇشۇ كۈنگىچە كۆرۈپ باقمىغان، كۆرگەن بولسامۇ پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئاتاقلىق يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، پەزىلىتى، شېئىر يېزىشتىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولدۇم. ئارىدا، دېھقانلار تۇرمۇشى توغرىسىدىلا يازىدىغان، مەن ھېكايىلىرىنى

بەكمۇ ياقتۇرىدىغان بىر يازغۇچى ــ غۇلام ئاكىنىڭ ئىسمى چىقىپ قېلىۋىدى، خۇددى ئۆزۈم ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتقاندەك قۇلاقلىرىم دىڭ بولدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ناھايىتى كەمتەر، چىقىشقاق، ئاددىي ـ ساددا بىر ئادەم ئىكەن. قەلىمى ئارقىلىق يۈرەكلەرنى تىترەتكەن بىلەن يىغىنلاردا دوكلات بېرىشنى ياكى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشنى قاملاشتۇرالمايدىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىنى بىر كۆرۈش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. لېكىن، ئۇ كىشى تولاراق يېزىلاردا ــ خەلق ئىچىدە تۇرىدىكەن، يىغىنلارغا چاقىرتىلمىسا ياكى زۆرۈر ئىشى بولمىسا ئۈرۈمچىگە كەلمەيدىكەن.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بولۇپ ئاخىرىدا مەندىن قاچان ئۆيلىنىدىغانلىقىمنى، لايىقىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. يوق ئىكەنلىكىمنى، مەكتەپتە ياخشى كۆرگەن، ئەمما، ماڭا مەنسۇپ بولمىغان بىر قىزنى ھېلىمۇ خىيالىمدىن چىقىرالماي يۈرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. «مەشئەل» ئەپەندى:

ــ سىزگە مەنسۇپ بولمىغاننى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ئۆزىڭىزگە مەنسۇپ قىزنى قولدىن بەرمەڭ، ــ دېدى. پەلتوسىنى كىيىۋاتقان «بۇركۇت» ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەلتوسىنى قويۇپ ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غۇلجىدا «ئالغا» گېزىتىدە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا باي بىر ئائىلىنىڭ قىزى بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشقانلىقى، ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى «قەشقەرلىككە قىز بەرمەيمىز» دەپ ئۇلارنىڭ توي ئىشىغا قوشۇلماي تۇرۇۋالغاندا، قىز بىلەن تىلنى بىر قىلىۋېلىپ، بىر كېچىسى قىزنى ئاتقا مىندۈرۈپ

ئېلىپ قاچقانلىقى، ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئاتتىن چۈشمەي چىغىر يوللار بىلەن قاچقانلىقى، قىزنىڭ ئاكىلىرىنىڭمۇ ئارقىسىدىن ئۈچ كۈن قوغلاپ يېتىشەلمىگەنلىكى...... ئاخىر ئۇلارنىڭ قىزنى بېرىشكە رازى بولۇپ چوڭ توي قىلىپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بولۇپ پەلتوسىنى قايتا كىيدى. مەن ئۇلارنى 1 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۇزىتىپ چىقتىم.

شۇ ئاخشىمى ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ يېتىپ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن. تېخى چۈشمۇ كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە چىرايلىق بىر قىز دەپتەردەك بىر نەرسىنى ماڭا بېرىپ «ماۋۇ سىزنىڭ خاتىرىڭىز ئىكەن» دەپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇنى ئانار دېگۈدەكمەن، ئەمما، ئارقىسىدىن قارىسام ئۇزۇن چاچلىرى يوق ئىكەن. ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرسام، ئاپام يېنىمدا پەيدا بولۇپ:

— ئاۋۇ قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ قوشنىمىزنىڭ ئوغلى شەۋكەت ئۇنى ئالمەن دەپ يۈرىدۇ، ئۇنى سەن ئېلىپ قاچ، — دەۋاتقۇدەك.

— ئاپا، نېمە دەۋاتىسەن! — دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. لېكىن، ئۇخلاپ قالسام ئويغىنالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ يەنە بىر دەم تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتتىم. چۈشۈمنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىدىم. ئاخىر خىيالىم ئاخشامقى گەپلەرگە، غۇلام ئەپەندىگە كەتتى. بۆلۈمىمىزگە دائىم شېئىر ـ ھېكايىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىدىغان بىرنەچچە داڭلىق شائىر ـ يازغۇچىنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇلار نەقەدەر كىچىك پېئىل، خۇشچاقچاق ئادەملەر ـ ھە. قارىغاندا قولىدىن ئىش

كەلمەيدىغان ئادەملەرگە قارىغاندا، چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئادەملەر كەمتەر، ئاددىي ـ ساددا كەلسە كېرەك. ئۇلار قىلغانلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلالمايدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ھالىغا قاراپ كۆزلۈك يەتمەيدۇ. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە ناھايىتى مۇھىم — كاتتا ئەربابلاردەك كۆرۈنۈشكە تىرىشىدۇ.

بىر كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىغا كۆرۈنگىلى باردىم. ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان ئاشقازىنىم تولا كۆپۈپ قالىدىغان بولۇپ، ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، كۆرگەنلا ئادەم «ئورۇقلاپ كېتىپسىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ» دەيتتى. ئەمما، دوختۇرخانىغا بارسام، خۇددى شەھەردىكى ھەممە ئادەم بۇ يەرگە كېلىۋالغاندەك ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئىچكى بۆلۈم دوختۇرى كېسەل كۆرۈۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىدىلا 20 — 30 چە ئادەم ئۆچىرەت ساقلاپ تۇراتتى. كېسەل كۆرۈۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق دوختۇر ھەربىر بىماردىن تەپسىلىي ئەھۋال سوراپ، بەزىلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ دېگەندەك ھېچبىر ئالدىرىماي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. مەن ئۆچىرەتكە بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئۆچىرەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق كەلگەن، 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئەر كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۆچىرەت ھېچ مىدىرلاي دېمەيتتى. ھەممىلا ئادەم نارازى بولۇپ غۇدۇرۇشاتتى، بىر ئايالنىڭ بالىسى توختىماي قىرقىراپ يىغلاپ كىشىلەرنى بىئارام قىلاتتى. مەنمۇ غۇدۇراپ يېنىمدىكى ئادەمگە قارىدىم. ئەمما، ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان بىر سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان، ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق

بىلەن باقمىدىغان كۆزلىرى گاھ ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىپ، ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ئايال ئۈستىدە، گاھ قوپال، ئالدىراقسان ئەر كىشىلەر ياكى كىچىك باللار ئۈستىدە توختايتتى، ئارىلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان چاغلىرىدا كۆزلىرى سەل قىسىلىپ، جېيەكلىرىدە ئىنچىكە سىزىقچىلار پەيدا بولاتتى. ئۇ كىشىگە قارىغانچە ماڭا بىر يەرلىرى تونۇشتەك بىلىندى، ئەمما، نەدە كۆرگىنىمنى زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم. پاراڭلاشسام ئېسىمگە كېلەر دەپ گەپكە تۇتۇپمۇ باقتىم. ئەمما، ئۇ كۆزلىرى بىلەن ياكى يېنىككىنە باش ھەرىكىتى بىلەنلا ئىنكاس بىلدۈرۈپ يەنە جىم بولۇپ كېتەتتى. «تازا مۆرىمەس بىر بەندە ئىكەن. بۇنداق ئادەملەر بىللە ياشاش پېشانىسىغا پۈتۈلگەن ئادەملەرگە ئۇۋال» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بەختىمگە، ئالدىمىزدا تازا مودا ياسانغان بىر قىز پەيدا بولدى. تاراقلاپ ماڭغىنىچە ئۇدۇل دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سومكىسىدىن قانداقتۇ قەغەزلەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئەركىلەپ سۇركىلىشكە باشلىدى.

بىر كېسەلنىڭ قورساق قىسمىنى تەكشۈرۈۋاتقان دوختۇر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:

— ئۆچرەتكە بېرىپ ساقلاڭ! — دېدى. قىز قەغەزنى پۈرلەپ سومكىسىغا سېلىۋېتىپ، قېيىدىغاندەك شاپپىدە كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، يەنە تاراقلاپ كېلىپ مېنىڭ ئارقامدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقىنىنى سېزىپ روھلانغاندەك بولۇپ، گويا ھېچكىم كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان بىر ئىشلارنى سۆزلەۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا ئۆز كېسىلى ئۈستىدىن شىكايەت

قىلىشقا باشلىدى. زېرىكىپ ئولتۇرغانلاردىن بىر ـ ئىككىسى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى. بىر ياش ئەر كىشى تاماق، ئاشقازان ۋە ئۈچەي توغرىسىدا قىزىق بىر لەتىپىنى باشلىدى.

ئاخىر يېنىمدىكى ئادەمگە نۆۋەت كەلدى. مەن ئىشىك يېنىدىكى هازىرلا بوشىغان بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇستەل ئۇستىدىكى قانداقتۇر قەغەزلەرنى رەتلەپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرگەن دوختۇر ئىشىكتىن كىرىۋاتقان «يان قوشنام»نى كۆرۈپ بىرپەس قېتىپ قالغاندەك بولدى. ئارقىدىن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئەستا...... غۇلام ئاكا، سىزمۇ بۇ يەردە ئۆچىرەت ساقلىدىڭىزمۇ؟ مەن ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ؟ ئالدىمغا ئۇدۇل كىرىۋەرسىڭىز بولاتتى. ئادەمنى شۇنداقمۇ خىجىل قىلامسىز؟ سىز دېگەن...... سىزدەك يازغۇچى دېگەن...... — دوختۇر قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ سۆزلەۋاتقاندا، غۇلام ئاكا ئۇنىڭ گېپىنى سىلىققىنە بۆلۈۋەتتى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز بۇرادەر، بىزمۇ ئادەتتىكى ئادەمغۇ. شۇنچە كۆپ ئادەم ساقلاۋاتقان يەردە بىز ساقلىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېگىنىچە كېسەل ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. دوختۇرنىڭ هاياجانلىنىش ۋە غەمخورلۇقلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي قويمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تۆۋەن، ئەمما، ۋەزىنلىك، ئوچۇق ئىدى. تەكەللۇپسىز، تۈپتۈز گەپلىرى ئادەمدە بىر خىل ئەيمىنىش قوزغايتتى.

«هە...... ئۇ...... غۇلام ئاكا ئىكەن ـ دە!» ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مەنمۇ هاياجانلىنىپ كەتتىم. بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان داڭلىق يازغۇچى بىلەن بىر سائەت يانمۇيان ئولتۇرۇپتىمەن، ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇ يازغۇچى بولۇپ قېلىشى

ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتۇ. ئۇنىڭ مۆرىمەسلىكى، ئۇخلاپ قالغاندەك خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن بىزار بولۇپتىمەن. ئىلگىرى ئۇ تەسەۋۋۇرۇمدا تامامەن باشقىچە بىر ئادەم ئىدى. يۈرۈش - تۇرۇشى، كىيىنىشلىرى سالاپەتلىك، سىتالىنىدەك كېلىشكەن بولمىغاندىمۇ ماكسىم گوركىيدەك بۇرۇتلۇق، ھەيۋەت، سۆزلىرى ئۆتكۈر ھەم قىزىقارلىق، گېپىنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىپ بولغۇچە ئاخىرىنى بىلىپ بولىدىغان، ھەممىلا يېرىدىن ئۇلۇغۋارلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان......

كېيىن مەن غۇلام ئاكىغا ئۇنى تونجى قېتىم قانداق ئۇچراتقانلىقىم ۋە ئەسلى ئۇنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىمنى سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇ بوم ئاۋازى بىلەن راسا قاقاقلاپ كۈلگەنىدى.

## 11



مەن ئانارنى ھېلىمۇ كۆپ ئويلايتتىم. شەنبە - يەكشەنبىلەردە ياتاقتا ئۆزۈم يالغۇز قالغاندا ئۇ خىلمۇ خىل قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھېلىقى ئىتتىپاق ھەيئەتلىرى يىغىنىدىكى كالتە يەڭ ئاق كۆڭلەك كىيىپ، ئۆزۈن چېچىنى بېشىغا چەمبەرسىمان ئورىۋالغان قىياپىتى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ «ئۇھ» تارتقۇزۇۋېتەتتى. يارى ئىككىسى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ يارى ئەسلى ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئانارغا تارتىشىپلا كېتىپ قالغان. يارى يۇرتىغا قايتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئانارغا رەسمىي تەلەپ قويغانلىقىنى، ئەمما، ئانارنىڭ يەنىلا ئېنىق پوزىتسىيە

بىلدۈرمىگەنلىكىنى، ئۆزى يېڭى بۆلۈنگەن ئىدارىدىمۇ ياخشى قىزلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، داۋاملىق قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ يۈرمەي، ئەتراپىدىكى قىزلاردىن بىرەرسى بىلەن توي قىلىپ ئاپىسىنى غەمدىن قۇتۇلدۇرۇشىمۇ ئويلىشىۋاتقانلىقىنى يازغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئاقىلانە ئىش بولاتتى. پەقەتلا شۇ كۆڭۈل دېگەن تەنتەككە ئامال يوق ـ تە. شۇنىڭدىن كېيىن يارى جىمىپلا كەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە يوشۇرۇن بىر ۋەسۋەسە باش كۆتۈرگەندەك بولدى. ئەگەر يارى باشقا قىزلار بىلەن توي قىلىپ كەتسە، توينى تەبرىكلەش باھانىسىدا ئۇنى يوقلاپ بارىمەن، ئانار بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئۇچرىشىمەن...... دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ئەمما، بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمىقى تەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئانار مەكتەپتىكى چاغلاردىلا ساڭا قىزىقمىغان، بۇ چاغقىچە ئۇمۇ ئۆزىگە ياقىدىغاندىن بىرەرنى تېپىپ بولغاندۇ. ئەمدى بولدى، ئەخمەق بولما ئاسىم، يارى سېنىڭ دوستۇڭ. ئانارمۇ يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەيتتىم.

يېقىندىن بۇيان ئىدارىدىكىلەرمۇ، بىر يۇرتلۇقلارمۇ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ماڭا قىز تونۇشتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قېلىشتى. كۆرۈشكەن قىزلارنىڭ بەزىسى ماڭا يارىمىدى، بەزىلىرى مېنى ياراتمىدى. ئاخىر بۇنداق تونۇشتۇرۇشلاردىن زېرىكىپ پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن، قېنى، ۋاقتى ـ سائىتى كەلمىسۇنمۇ، مەن تېخى 21 ياشقىمۇ تولۇق كىرمىدىمغۇ دەپ ئويۇنۇمنى ئويناپ يۈرۈۋەردىم. ئاپام بىچارە تېخىچە ئايتۇرغاننىڭ غېمىدە.

— ئاپا، ئۇ تېببىي تېخنىكومدا يەنە ئىككى يىل ئوقۇيدىغان تۇرسا، دېسەم، ئاپام:

— ئەندىشە قىلما، يوشۇرۇنچە تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمىز، — دەيدۇ.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئاپا. ئۇلار خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە بىر يىل سىناقتا ئىشلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتۈپ رەسمىيلەشكەندىن كېيىن ئاندىن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن توي قىلغۇالسا ئوقۇشتىن، خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن خالىمايمەن. ئايتۇرغان بىلەن بىر ئۆيدە ئاكا – سىڭىلدەك چوڭ بولدۇق. ئۇ سىڭلىمنىڭ ئورنىدا تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ ئۇنى خوتۇنۇم دەپ يۈرەلەيمەن. دۇنيادا قىز جىق، مۇشۇ ئىشتا مېنى زورلىما ئاپا، — دەپ مەنمۇ چىڭ تۇرىمەن. ئاخىر ئاپام ئېغىزىدا ئېتىراپ قىلمىسىمۇ كۆڭلىدە دېگەنلىرىمگە تەن بەردى بولغاي، مېنى ئانچە زورلاپ كەتمەيدىغان بولدى. لېكىن، ئۇرۇمچىدىن ئۆيلىنىشىنىڭ گېپىنى قىلسام‍ىلا تۆت پۇتى ئۆرە قالىدۇ.

— ئۆزۈم تاپىمەن دېسەڭ ئۆزى غۇلجىلىق، مىجەزى ئايتۇرغاندەك قىز تاپسەن، قەشقەرلىك ياكى تۇرپانلىق بولسا بولمايدۇ، ئۇرۇمچىلىكنى خەنزۇ مىجەز كېلىدۇ، دەيدۇ، ئۇنداق ئادەملەر بىلەن مەن چىقىشالمايمەن، — دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

— ئاپا، نەلىك بولسا بولسۇن، ئۆزى ياخشى بولسىلا بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپ مەنمۇ گېپىمدە چىڭ تۇرىمەن. قارىغاندا توي قىلىپ بىر قىزنى نىكاھىمغا ئالمىغۇچە بۇ تالاش – تارتىشتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىككى قىز مېنى يوقلاپ كەلدى.

غۇلجىلىق قىزلار ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى، غۇلجىلىق ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، يۇرتدىشىمىز ئىكەن، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، دەپ كەپتۇ. بۇ گېپىدىن مەمنۇن بولدۇم. ئۇلار ياتىقىڭىزنى رەتلەپ بېرەيلى دەپ بىرھازا ئىشلەپ، ياتىقىمنى ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلا قىلىۋەتتى. مەنمىغۇ ياتىقىمنى خېلى پاكىز تۇتاتتىم. لېكىن، قىز بالىنىڭ قولى تەگكەن ئۆي باشقىچە بولۇپ كېتىدىكەن، دەپ قالدىم. ئارقىدىن لەڭمەنگە تۇتۇش قىلىشتى. بىرى ئوتياش ئادالىسا، بىرى خېمىر يۇغۇرۇپ لەڭمەننى بىردەمدە پىشۇرۇپ ئەكەلدى. ئۇچىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ لەڭمەن يەۋاتقاندا ئۆيۈمنى، ئاپامنى ئويلاپ كەتتىم. ئامىنە ئىسىملىك ئوماققىنە كەلگەن قىز ئايتۇرغانلارغا ئانا تەرەپتىن يىراق تۇغقان كېلىدىكەن. ئايتۇرغان ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى دەپ بېرىپتۇ ھەم مەن بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى تاپىلاپتۇ. بۇگەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. دېمەك، ئاپام بىلەن ئايتۇرغان غۇلجىدا تۇرۇپمۇ مېنى كونترول قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مېنى زادىلا ئەركىمگە قويۇپ بەرگۈسى يوق ئىدى. شۇ ئاچچىقىمدا ئەمدى بۇ قىزلارنى ئىزدىمەسلىك قارارىغا كەلدىم، گەرچە ئۇلار ئەدەپ - ئەخلاقلىق، مۇلايىم قىزلار بولسىمۇ. ئۇلار بىلەن ئاچچىقىمنى بېسىپ تۇرۇپ خوشلاشتىم. چۈنكى بۇ ئاخىرقى كۆرۈشۈش بولۇپ قالاتتى. ئۇلار مېنى كېلەر يەكشەنبىگە توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىدىكى ياتىقىغا مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇشتى.

يەكشەنبە كۈنى مەن ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدىغان بىر

مەھەللىلىك ئاغىنىمىنىڭ يېنىغا كەتتىم. ئاغىنەم بىلىق تۇتۇشقا ھەۋەس قىلىدىكەن. ئىككىمىز كۆن بويى دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتتۇق. كېيىن، تۇتقان بېلىقلىرىمىزنى بىر ئاشخانىغا ئاپىرىپ قورۇتۇپ راسا مەززە قىلدۇق. ئۇ بىر كىچىك ئاشخانا ئىدى. ئاشخانىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن ئىشچى قىزلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار كۆزۈمگە بىر - بىرىدىن چىرايلىق كۆرۈندى. ئارىدا، ئاغىنەمگە مېنى يوقلاپ كەلگەن قىزلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم، ئۇ تۇرۇپ كېتىپ:

— توختىغىنە، سەن دەۋاتقان ئامىنە قانداقراق قىز ئىكەن؟ ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق قىزمىكەن؟ دۆڭمەللىك؟ ۋوي، ئۇنداق بولسا تەلىيىڭ كەپتۇ ئاغىنە! ئۇ دېگەن ئۇنداق - مۇنداق قىزلاردىن ئەمەس، غۇلجىدا خېلى - خېلى يىگىتلەرنىڭ قولى يەتمىگەن قىز ئۇ! مەن ئۇنى ئۇرۇمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپتۇ، دەپ ئاڭلىغان. ئەسلىدە توك ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن - دە. ئۇ سېنى يوقلاپ كەلگەن بولسا پۇرسەتنى چىڭ تۇت، ئۇنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويما، — دېدى.

بۇ گەپلەرمۇ ماڭا بىر تەقدىردىن بېشارەتتەك تۇيۇلدى. مېنىڭ ئۇ قىزدىن قېچىپ بۇ يەرگە چىققىنىم، ئەكسىچە بۇ يەردە ئۇنى تونۇيدىغان، ئوبدان بىلىدىغان بىرسىگە ئۇچرىشىپ قېلىشىم تەقدىر ئەمەسمۇ. پېشانەڭگە پۈتۈلگەن ئىش نەدە بولسىمۇ، ھەرقانچە ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە بولسىمۇ، كۈتمىگەن بىر يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان، يەنە بەزى ئىشلار كۆز ئالدىڭدا، قول ئۇچۇڭدا تۇرۇپمۇ، ھەرقانچە

قىلساڭمۇ ئەپلەشمەيدىغان مەسىلىلارنى بىز تولا ئۇچراتمىدۇقمۇ. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى، دۈشەنبە كۈنى بۆلۈمدىن ماڭا ئۇرۇمچىدىكى بىر ئاپتورغا بايراملىق شېئىر ئۆيۈشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۇ ئاپتور دەل تۆت ئىدارىسىدا ئىشلەيدىكەن. ھېكايە ـ نەسرلەرنى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، تەلەپكە لايىق يازالايدىكەن. مەن ياتىقىمغا چىقىپ يېڭىراق كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئايىغىمنى مايلاپ پارقىراتتىم. چېچىمنى تارىغاچ ئەينەكتىكى قىياپىتىمگە سىنچىلاپ قارىدىم. بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇدۇر چاچ، ئورۇققىنە، ئەمما، مەرى ئىسسىق بىر يىگىت ئەينەكتىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەل چوڭقۇر، ئويچان كۆرۈنىدىغان يوغان كۆزلىرىدىن مەڭگۈ ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گەپ ئوينىتىشنى، ساختىپەزلىكنى بىلمەيتتى. بىرەر قىزنى ياخشى كۆرسە، يۈرىكىنىمۇ ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلاتتى. ئەمما، قىزچۇ؟

تۆت ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى خەنزۇ بوۋاي بىلەن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئادەمدىن ئاپتورىمىزنىڭ ئىشلەيدىغان ئورنى ۋە ئۆيىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتسام، ئىش كىيىمى كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم:

ــ ئاغىنىلەر، ماڭا كەلگەن خەت ـ چەك يوقمۇ؟ ــ دەپ كىرىپ كەلدى. ئىشخانىدىكىلەر:

ــ مانا ساڭا خەت ـ چەك! ــ دەپ مېنى ئۇنىڭغا، ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇشتى. بۇ ئىشىمۇ ئوڭدىن كەلدى. شۇ يەردە بەش مىنۇت پاراڭلىشىپ تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ تەلەپ ـ شەرتلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدۈم. ئۇ دائىم مەتبۇئاتلارنىڭ بۇنداق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدىغان، ئىشنىڭ

يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە بىر نەسر يېزىپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مېنى خاتىرجەم قىلدى. بۇ ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ ئۇنىڭدىن غۇلجىلىق ئامىنە ئىسىملىك قىزنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى سورىدىم ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن يېقىندا غۇلجىغا بېرىپ كەلگەنلىكىم ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن خەت ـ خالتا ئالغاچ كەلگەنلىكىمنى قوشۇپ قويدۇم. ئۇ مېنى ئامىنەنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىردى. ئامىنە زالدەك چوڭ بىر ئىشخانىدا قاتار قويۇۋېتىلگەن ئۈستەللەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ناھايىتى كۆپ جەدۋەلنى تەكشۈرۈۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە خۇشال بولغانلىقىنى يوشۇرمايلا:

— ئەجەب ئوبدان كېلىپ قالدىڭىزغۇ، مەن تېخى ئەتىگەندىن سىزنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇرغانىدىم، — دېدى.

ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا، تونۇگۇن زورۇر ئىشىم چىقىپ قالغانلىقتىن كېلەلمىگەنلىكىمنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىدىم. ئۇمۇ ھېچقىسى يوق، دەپ كۆڭلىگە ئالمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— دائىم مۇشۇ يەردە ئىشلەمسىز، توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن دېسىڭىز مەن سىزنى ئىش كىيىملىرىنى كىيىپ، قانداقتۇر ماشىنىلارنى باشقۇرۇپ ئىشلەمدىكىن دەپتىكەنمەن، — دېدىم.

— بەزىدە باشقا ئورۇنلارغا بارىدىغان ئىشمۇ چىقىدۇ. لېكىن، قىزلار ئاساسەن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيمىز، ئىشىمىز تەس ئەمەس، — دېدى ئۇ. ۋاقىت چۈشكە

يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ماڭا:

— يۈرۈڭ، ياتاقـقا كىرەيلى، زەينۇرە ئىككىمىز بىر ياتاقتا ياتىمىز. تاماقنى كۆپىنچە ئۆزىمىز ئېتىپ يەيمىز. تۈنۈگۈن سىزنى كېلىدۇ دەپ ئالاھىدە تەييارلىق قىلغانىدۇق. بۈگۈن بولىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. سىزنى تازا بىر مېھمان قىلايلى، — دېدى.

قىزلار ياتىقىنى خۇددى نەچچە يىل تۇتۇلغان ئۆيدەك چىرايلىق ياساپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەممە نەرسە شۇنداق رەتلىك، پاكىز، جايى ـ جايىدا. مەن ئامىنەنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا چاپلانغان ئۆزىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ سۈرىتىنى قىزىقىپ كۆردۇم. ئۇنىڭ سۈرەتتىكى تۇرقىدىن بىر خىل تەبىئىيلىك، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى. ياسىنىشلىرىمۇ ياتىقىغا ئوخشاش رەتلىك، پاكىز تۈيغۇ بېرەتتى. گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، ياسالمىلىقتىن خالىي ئىدى. بۇ قىزغا قارىغانسېرى كۆڭلۈم يورۇپ، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن يۈرىكىم ئويناشقا باشلىدى. ئاددىي، ئەمما قىزلار كۆپ جاپادا تەييارلىغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان تاماقلار ناھايىتى ئوخشىغانىدى. تاماق يەۋېتىپ ئۇلارنى «قولۇڭلار گۈل ئىكەن جۇمۇ!» دەپ ماختىدىم. زەينۇرە مەنىلىك كۈلۈپ:

— مېنى ئەمەس، بۇياقنى ماختاڭ. مەن پەقەت قارىشىپ بەردىم، — دېدى. ئۇ ھەدەپ بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ دالانغا چىقىۋالاتتى. ئامىنە ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاريالماي يا گەپلىرىمىز قولاشماي، ئوڭايسىزلىنىپ قىپقىزىل بولۇشۇپ كېتەتتۇق. ئامىنە چىقىپ زەينۇرەنى چاقىرىپ كىرگەندىلا گەپلەر جايىغا چۈشەتتى. ئىككىلىمىز

دەيدىغان گەپلىرىمىزنى ئۇنىڭغا قاراپ دەيتتۇق.

يەنە بىر ھەپتىسى ئۇچىمىز بىرلىكتە سەمەتنىڭ يېنىغا ئوينىغىلى باردۇق. «1 ـ ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» نىڭ ئەتراپىدا سۇيى مول بۇلاقلار، قويۇق دەرەخلىكلەر كۆپ ئىكەن. ئۈچىمىز بىرلىكتە دەرەخلىكلەرنى ئايلاندۇق. بۇلاق بويلىرىدا ئولتۇرۇپ قىزلار ئالغاچ كەلگەن سامسا، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى يېگەچ پاراڭلاشتۇق. قىزلار ئارام ئېلىۋاتقاندا سەمەت ئىككىمىز يەنە بېلىق تۇتتۇق. بۇ قېتىم قىزلارنىڭ ئايىغى يارىشىپ، ئۇششاق بېلىقلاردىن باشقا يەنە چوڭراق بېلىقتىن بىرنى تۇتتۇق. بېلىقلارنى يەنە ئۆتكەنكى ئاشخانىغا ئاپىرىپ قورۇتتۇق. بۇ بېلىق قورۇمىسى قىزلارغا بەك ياراپ كەتتى. مېنى خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش، زەينۇرە بىلەن سەمەتمۇ بىر ـ بىرىنى خېلى يارىتىپ قېلىشقاندەك ئىدى. ئەمما، ئامىنە:

ــ قانداق بولاركىن، زەينۇرەنىڭ غۇلجىدا يىگىتى بار، ــ دېدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر كۈنىمىز بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

كەچتە بىزنىڭ ياتاققا قايتىپ بىرپەس ئارام ئالغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى يازلىق كىنوخانىدا كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئۆزبېكىستانغا مۇناسىۋەتلىك كىنو ئىكەن. كىنودا چېچىنى ئانارنىڭكىدەك بېشىغا ئورىۋالغان، قاش ـ كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەتلەس كۆڭلەكلىك بىر قىز تولا چىقاتتى. بۇ قىزغا ئادەتتىكىچە قىزىقىش بىلەنلا قاراپ ئولتۇردۇم. بۇ ھالىمغا، بۇ ئۆزگىرىشچانلىقىمغا ھەيران قالدىم. دېمەك، مۇھەببەت دېگەن ئۆزۈك ياخشى كۆرگەن

نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا بولغان ئېچىنىش بىلەن زورلاپ كۆپتۈرۈلگەن قايغۇنىڭ بىرىكمىسى بولسا كېرەك. بۇ خۇددى قايغۇ تەلەت رىتسار دونكىخوتنىڭ ئۆزى ياسىغان مەبۇدىسى دولسىنىيە توبوسوۋفىقا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاپ قالامدۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ خىيال ئۆزۈمگە رەزىللىكتەك تۇيۇلۇپ، ئۇنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىپ قىزلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم. قانداقلا بولمىسۇن، ئانار ھەققىدىكى تۇيغۇلارنىڭ ئۇنتۇلۇشقا باشلىغىنى ياخشى ئەھۋال ئىدى.

كىنودىن كېيىن قىزلارنى ياتىقىغا ئېلىپ كېتىۋاتسام، زەينۇرە ئىتتىك مېڭىپ بىزدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئامىنە ئىككىمىز خېلىغىچە ئۈن - تىنسىز ماڭدۇق. مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم. تەلەپ قويۇشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلاتتى. ياخشى يېرى، بىز بىلەن تەڭ كىنودىن يانغان ئادەملەر كۆپ بولۇپ، جۈپ - جۈپتىن، بەش - ئالتىدىن بولۇپ كۈلكە - پاراڭ بىلەن يېنىمىزدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغانلىقتىن بىر - بىرىمىزدىن ئانچە قورۇنۇپمۇ كەتمىدۇق. ئاق قوۋۇقتا كەلگەندە كوچىلار ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. غۇۋا كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا دوقمۇش - دوقمۇشتا پانار يېقىپ يەل - يېمىش، كالا - پاقالچاق سېتىۋاتقان ۋە ئېلىۋاتقان، سالقىندىغىلى چىقىپ توپلىشىپ پاراڭلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئۇچرايتتى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا، تېرەكلەرنىڭ دالدىسىدا مۇڭدىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەرنىڭ قارىسى غىل - پال كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاككوردىيونچى يىگىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قاتارلىشىپ جىر جىرلاپ كېتىۋاتقان، شۇ يىللارنىڭ مودىسى بويىچە

گىمناستوركا كىيىۋالغان شوخ يىگىتلەر، چاچلىرىنى بانتىكلاپ كالتە يەڭ، كەڭ ئېتەك، بەللىرىنى چىڭ قىسىپ تۇرىدىغان كۆڭلەكلەرنى كىيىشىپ، قولتۇقلىشىپ بىر توپ قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ پاراڭ سېلىشىپ ئۆتىدىغان قىزلار كوچىنى بىرپەس شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولدۇرۇپ، بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتەتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە ياكى شەھەر ئەتراپىدىكى زاۋۇت ـ كانلارغا تانسىغا ماڭغانلار ئىدى. ئۇلار تانسىنى يېرىم كېچىلەرگىچە ياكى تاڭ ئاتقۇچە ئوينىشاتتى. كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق تاماشا سورۇنلىرىدا تېپىشىپ توي قىلىشاتتى. ئۇلار شۇنداق غەمسىز، خۇددى سىگانلاردەك نەدە ئويۇن ـ تاماشا بولسا شۇ يەرنى ئىزدەپ كېتىۋېرىدىغان، ئاسانلا مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىپ، ئاسانلا ئاجرىشىدىغان، پات ـ پات بىر ـ بىرى بىلەن قىز تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كاللا ـ قاپاقلىرىنى يېرىشىپ يۈرىدىغان ياشلار ئىدى.

— ئۇرۇمچىگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا بۇ ياشلارغا بەك ھەۋەس قىلاتتىم. بىر ـ ئىككى قېتىم قىزلار بىلەن بىرلىكتە تانسىلارغىمۇ بېرىپ باقتىم. قارىسام، بەك ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۆزۈمنى تارتتىم. قارىغاندا، چوڭ بولغان ئوخشايمەن، — دېدى ئامىنە كۈلۈپ، — ھازىر ئىشتىن چۈشۈپ تاماقلىرىمىزنى يەپ بولۇپلا تور، كەشتە دېگەندەك قول ئىشلىرىنى قىلىمىز، ياتىقىمىزدىكى كارىۋات ـ ساندۇقلارغا يېپىلغان تورلارنىڭ ھەممىسىنى زەينۇرە ئىككىمىز ئۆزىمىز توقۇغان. ياخشى كىتابلارنى تاپالىساق، كىتاب ئوقۇپ ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىمۇ كېتىمىز. «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابدىن چايان»، «سىرلىق

سوقماقلار» دېگەندەك كىتابلارنى بەك ياقتۇرىمىز. سىلەرنىڭ ژۇرنالىڭلارنىمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇپ قويىمىز. لېكىن، ھازىر ئىلگىرىكىدەك ياخشى ھېكايىلەر بېسىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنداق دېسەم خاپا بولۇپ قالمىغانسىز؟

ــ نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن؟ سىلەرلا ئەمەس، بىزمۇ شۇنداق ئويلايمىز. ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپرەك بېرىپ ھەۋەسكارلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرايلى دەيمىز. لېكىن، بىزدىمۇ ئامال يوق. قارىغاندا يۇقىرىدىن شۇنداق تەلەپ قويسا كېرەك. شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى قىسقارتىپ، ئۆزگەرتىپ، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان شوئارسىمان سۆز تىزمىسىغا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن چىقىرىمىز. قىلمۇاتقان ئىشىمىزدىن يا ئۆزىمىز رازى ئەمەس، يا باشقىلار......

ــ بولدى، ئۇ ئىشلارنى ئويلىمىگە، ژۇرنال يالغۇز سىزنىڭمىتى. ئاپامنىڭ بىر گېپى بار ئىدى، بىرەرسى دەردىنى ئېيتىپ بەرسە ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ بولۇپ، «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئايلىنىپ تۇرىدىغان دۇنيا بۇ، بۇ كۇنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەيتتى. ھازىر ئويلاپ باقسام بۇ ناھايىتى ئېسىل گەپ ئىكەن. دېمىسىمۇ، كۇنلەر ئۆتۈۋېرىدىكەن، ئىشلار توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ ئەجەب بۇ دۇنيانى ياشاپ بولغاندەك گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟ ــ دەپ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتىم. ئەمما، ئامىنە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى.

ئامىنەنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى كىچىكىدىن قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيەلەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش

ئارزۇسى بار ئىكەن. ئەمما، ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن يىلى ئۇرۇمچىگە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن قىز - ئوغۇللاردىن خىزمەتچى ئالىدىغانلار كەپتۇ. يەنە كېلىپ شۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇپ كەلگۈچى دادىسىنىڭ تۇغقىنى ئىكەن. ئاپىسى شۇنداقلا بىر قىزنىڭ بىلەن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە ھازىرقى ئورنىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىغا بولغان ئۆكۈنۈشمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ.

ئاپىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى مەندىن بىر يىل كېيىن پۈتكۈزگەنىكەن. مەن ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن. يەنە كېلىپ، مېنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىكەن، ھەتتا بىرنەچچە قېتىم ئايتۇرغان بىلەن بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كەپتىكەن. بىر قېتىم ھەتتا ئۇلار كەچ قالغانلىقتىن ئۇلارنى ئۆيىگىمۇ ئاپىرىپ قويغانىكەنمەن. مەن سىزنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ياكى سىزدەك بىرسى پەقەتلا ئېسىمدە يوق دېسەم خاپا بولۇپ قالارمىكىن دەپ، ئۇنىڭغا:

— ئەسلىدە سىزنىڭ ماڭا تونۇشتەكلا كۆرۈنگىنىڭىز بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، — دېدىم. ئىچىمدە بولسا، مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر قىزنى قانداقلارچە پەقەتلا كۆرمىگەندىمەن، دەپ ھەيران ئىدىم. خىيالىمدا بۇ قىزنى خۇشال قىلىدىغان، ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن بېشارەت بېرىدىغان سۆزلەرنى ئىزدەيتتىم. شۇ خىيال بىلەن رۇس كۇلۇبتىن ئۆتۈپ كەتكىنىمىزنىمۇ تۇيماپتىمەن. قىز تۇيۇقسىز چوڭ بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— مانا، بىزنىڭ ئىدارىگىمۇ كەپقالدۇق، ئەمدى ئۆزۈم كىرىپ كېتەلەيمەن، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى.

— ۋوي، شۇنداق تېزلا كەپقالدۇقما؟ بۇ يەر ئەمەستۇ، ھېچ ئوخشىمايلا تۇرىدىغۇ؟ — دەپ ئالدى - كەينىمگە پىرقىراپ كەتتىم. قىز يەرگە قاراپ باسنۇچكىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى جىجىلاپ بىرپەس تۇردى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، خىجىللىق ئارىلاش پەس ئاۋازدا :

— خوش ئەمىسە، — دېدى - دە، بۇرۇلۇپ قورۇنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ گۈللۈك كۆڭلىكى، كېپىنەك شەكلىدە چىگىلگەن بەل تاسمىسى، سۈت رەڭ باسنۇچكىسى كۆز ئالدىمدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن يۈرىكىم پارە - پارە بولماقتا ئىدى. ئاخىر بار ئاۋازىم بىلەن توۋلىدۇم:

— ئامىنە، توختاڭ! — قىز توختىدى. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا چىرايى تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، — ئامىنە ...... — نۇرغۇن گەپ بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ ئاخىر غەيرەت قىلىپ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى كۆرۈشەيلى، سىلەر بارامسىلەر ياكى مەن كېلەيمۇ؟ — دېدىم.

— سىز كېلىڭ، نېمە قىلىشنى شۇ چاغدا مەسلىھەتلىشەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى قىز ئاۋازىنى پەسرەك چىقىرىشقا تىرىشىپ.

ئۇ كۆڭلىكىنى يەلپۈنلەتكىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. مەن ئۇ يەردە خېلىغىچە ئۇيانىدىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈردۈم. قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن پات - پات بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئامىنە كىرىپ كەتكەن تەرەپكە قارايتتىم. شۇ چاغدا مەن بۇ قىزغا تەلۋىلەرچە ئاشىق بولغانلىقىمنى سەزدىم. ئاشىقلىق دېگەن مۇشۇنداق نەرسە ئىكەن - دە، دەيتتىم ئىچىمدە. ئۇ ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ھەم ئاجايىپ

بىر ھەسرەت ئىدى. بەكمۇ شېرىن، ھەم غەلىتە ئىدى. تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە، تۇرۇپ يىغلىغۇم كېلەتتى. ئىچىمدە بىرنەرسە داۋالغۇپ ھېلى قىزىپ، ھېلى توڭۇپ، تىترەك ئۇلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ياتاقتا كېلىپ ئۆتكەندە «مەشئەل» ئەپەندى بىلەن «بۈركۈت» ئەپەندىدىن ئېشىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئۆزۈم يالغۇز ئىچتىم. ئىچىپ بولۇپ بىرھازا كۈلدۈم.

— ئاپامزە...... مېنىڭ ئاپام ئالامەت ئاپا جۇمۇ! ئوغلىنى ئۇنىڭدەك چۈشىنىدىغان ئاپىدىن يەنە بىرسى يوق...... ما ئاپامنى قارا...... ئايتۇرغانمۇ مېنىڭ سىڭلىم، ئۆز سىڭلىم، ئۇمۇ مېنى چۈشىنىدۇ....... — دەپ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلەشتىم.

ئەتىسى بىرىنىڭ ياتاق ئىشىكىنى كۆچەپ ئۇرۇشىدىن ئويغىنىپ سائەتكە قارىسام، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولۇپتۇ. ئىشخانىدىكىلەر مېنىڭ ئۈن ـ تىنسىز ئىشقا كەلمىگىنىمدىن ھەيران قاپتۇ. «مەشئەل» ئەپەندى ئەنسىرەپ نېمە بولغانلىقىمنى بىلىش ئۈچۈن ياتىقىمغا كەپتۇ. ئۇ مېنى ئىدارىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر كوچىغا باشلاپ باردى. ئۇ يەردە ۋىۋىسكىسى يوق كىچىك بىر ئاشخانا بار ئىكەن. ئاچچىق بىر چىنە سۈيۇقئاش بىلەن ئىككى رومكا ھاراقتىن كېيىن خېلى ئەسلىمگە كېلىپ قالدىم. «مەشئەل» ئەپەندى مېنى ياتاقتا ئەكېلىپ قويۇپ:

— خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ، بۆلۈمدىكىلەرگە زۇكامداپ قاپتىكەن، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم دەپ قويىمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى. تۈنۈگۈنكى غەلىتە تۇيغۇلار بېسىقىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا شېرىن، ھەسرەتلىك بىر سېزىم قالغانىدى.

كەچكىچە كارىۋاتتا يېتىپ ئاممىنى ئويلىدىم. شۇ بىر ھەپتە ئىچىدە تاماكا چېكىشنىمۇ ئۆگەندىم.

يەكشەنبە كۈنى ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ ياتىقىمنى تازىلىدىم. ئەتراپتىكى دۇكانلاردىن ئاشلىق بېلىتىگە سېتىلىدىغان پېچىنە، ئېرىس كەمپۈتلەرنى سېتىۋالدىم. بىر ۋاقىتلاردا قاراڭغۇ بازاردىن ئالغان گۆش بېلىتىگە گۆش ئالدىم. ئۇ چاغلاردا گۆشنى ھازىرقىدەك كىلولاپ سېتىۋالغىلى بولمايتتى. تولا ۋاقىتتا گۆش دۇكانلىرىدا گۆشمۇ بولمايتتى. مانا قاراڭ، ئاممىنە بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئىشلىرىم ئوڭغا تارتىۋاتاتتى. ئۈستەلگە تىزىدىغاننى تىزىپ بولۇپ، گۆش ـ كۆكتاتلارنى تەق قىلىپ قويۇپ قىزلارنى باشلاپ كەلدىم. ئۇلار كېلىپلا تاماققا تۇتۇش قىلدى. بۈگۈن ئۇلار گۆشكە پىياز ھەم سەۋزە ئارىلاشتۇرۇپ ناھايىتى مەززىلىك سامسا پىشۇردى. تاماقتىن كېيىن زەينۇرە تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە باراتتىم، دەپ چىقىپ كەتتى. ئاممىنە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇغىلى تۇردى. مەن ياردەملىشەي دېسەم:

— سىز دېگەن ئوغۇل بالا تۇرسىڭىز، بىز تۇرغان يەردە سىز قازان بېشىدا يۈرسىڭىز سەت تۇرمامدۇ، — دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا ئاپامنى ئەسلەتتى. ئاپام ئەزەلدىن ئەر كىشىلەرنىڭ قازان بېشىغا ئۆتۈۋېلىشىنى ياقتۇرمايتتى، ھەدىلىرىمگىمۇ شۇنداق ئۆگەتتەتتى. ئىككىنچى ھەدەمنىڭ ئېرى ئاشپەز بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئاپام «ئەر كىشى دېگەن داستىخاندا ئولتۇرماي، قازان بېشىدا ساقىلىنى سۆرەپ يۈرسە ھۆرمىتى بولامدۇ» دەپ قازان بېشىغا يولاتمايتتى. ھەدىلىرىم ئاپامنىڭ ئالدىدا ئەرلىرىنى ئىشقا بۇيرۇپ قالسا بەك خاپا بولۇپ: «ئۇ دېگەن سىنىڭ

ئېرىڭ، بالىلىرىڭنىڭ دادىسى، ئۇنىڭ ھۆرمىتى بولمىسا،
سەن بىلەن بالىلىرىڭنىڭمۇ ھۆرمىتى بولمايدۇ» دەيتتى. مەن
ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئامىنەنىڭ قاچا ـ قۇچىلارنى
پاكىز يۇيۇپ، سۈرتۈپ ئىشكاپقا رەتلىك تىزىشىغا قاراپ
ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە، گاھ
ئېڭىشىپ، گاھ كەينىچە ياكى يېنىچە تۇرغان چاغدىكى
نازاكەتلىك قىياپىتىگە، ئالدىغا چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى
قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كەينىگە ئېلىپ قويۇشىغا قاراپ
تويمايتتىم. ئۇ قازان بېشىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇشىغا قولىدىن
تارتىپ ئۇستەلگە ئېلىپ كەلدىم. دەملەپ تەييار قىلىپ
قويغان چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ بېرىپ:

— ئەمدى ھېچقانداق ئىش قىلماڭ، ئولتۇرۇپ
پاراڭلىشايلى، — دېدىم.

— ۋۇي، تېخى ئىش تۈگىمىگەنىدى، ئۈينى بىر
بېسىقتۇرۇۋەتسەم بولاتتى، — دەپ تارتىنىشقىنىغىمۇ يول
قويمىدىم. چاي ئىچكەچ بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ كۈلۈپ
قويۇپ، بىرپەس جىم بولۇشۇپ قالدۇق. بىر ھەپتىدىن بۇيان
تىنماي يادلىغان سۆزلىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن،
كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى. ھەرقانچە ئويلىساممۇ، «ئىككىمىز توي
قىلايلى» دېگەن تۇپتۇز، سەل چاكىنا ئاڭلىنىدىغان سۆزدىن
باشقا سۆز خىيالىمغا كەلمەيتتى. مۇشتەك ۋاقىتلىرىمدىن
تارتىپ شېئىرلارنى يادلاپ، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغىنىم،
ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۈچ يىل ئوقۇغىنىم نەگە كەتتى؟
قېنى ئۇ ئىچىمگە لىق تولۇپ تۇرىدىغان رومانتىك
ھېسسىيات، گۈزەل سۆزلەر؟ يۇرتداش دوستلىرىم،
ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى گەپكە ئۇستا، چاقچاقنىمۇ خېلى

كەلتۈرۈپ قويدۇ، شېئىرلارنى يادقا ئوقۇيالايدۇ، دەپ سورۇن باشقۇرغۇچى قىلىپ قويۇشاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنداق سورۇنلاردا گەپلەرنىڭ، چاقچاقلارنىڭ ئېسىمگە نەدىن كېلىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالاتتىم. ئەمما، بۈگۈن نېمە بولغاندىمەن؟ شۇ ھالەتتە ئولتۇرسام ئىشىك چېكىلدى. بېرىپ ئىشىكنى ئاچسام پازىل ئاكا ئىكەن. ئۇ كىشى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكتىن 1 ـ قەۋەتتە ماڭا ئوخشاش بىر ياتاقتا يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ چالا مەست ئىكەن. ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، بىر چەتتە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئامىنەنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋوي، كېلىنچىكىمىزمۇ نېمە بۇياق؟ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، قالتىس ئىش بوپتۇ! ئاسىمجان ئۇكام، توي ئوينايدىكەنمىز ـ دە؟ قىزىمىز پېچەت ئىكەن، تىرناقتا توختىغۇدەك ئىكەن. ۋاقتى كەلگەندە مۇنداق ئىشتى ئاكا، دەۋېتىدىغان بولسىڭىز، ئۆزۈم ئىگە بولۇپ تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن. خەير ئۇكام، بىر چىرايلىق ئولتۇرۇپسىلەر، پەيزىڭلارنى بۇزۇۋەتمەي......

ئۇ سىرتقا ماڭغاندى، ماڭغىلى قويمىدىم. ئۇستەلگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى رومكا قۇيۇپ بەردىم. ئاڭغۇچە ئامىنە چاققانلىق بىلەن بىر چىنىدىن سۇيۇقئاش ئەتتى. پازىلكام ئاچچىق ـ چۇچۇك سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولۇپ، بىردەم ئىشخانىدىكىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى. ئۆزىنىڭ نەقەدەر كەڭ قورساقلىقى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى، بۆلۈمدىكىلەرنى ئاسرايدىغانلىقى؛ ئەگەر ئۇ ئاسرىمىغان بولسا «مەشئەل» «بۇركۇت»...... قاتارلىقلارنىڭ ئاللىقاچان تۈرمىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقى؛ بۆلۈمدىكىلەر ئىچىدە گومىنداڭنىڭ

ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن، چەت ئەلگە باغلانغان، ئېغىر تارىخىي مەسىلىسى بارلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكى ھەققىدە بىرھازا گەپ ساتتى. ئاخىرىدا، مېنى ياش، سىياسىي جەھەتتە پاك، ئائىلە كېلىپ چىقىشىدا مەسىلە يوق دەپ، ئۈستۈرۈش ھەققىدە يۇقىرىغا دوكلات يوللىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئامىنەنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن سائەتكە قاراۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بولدى مەن چىقاي، دەپ ئورنىدىن تۇردى. تۇرۇپ بولۇپ يەنە ئولتۇرۇپ ماڭا كەسىپ جەھەتتە «تېز كۆزگە كۆرۈنۈش» نىڭ يوللىرىنى بىرھازا چۈشەندۈردى. ئاخىر ئورنىدىن تۇرغاندا:

— ئاكا، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئۆزۈم ئاچىقىپ قويىمەن، — دەپ مەجبۇرىي سىرتقا ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا بىر ئاز تىركىشىپ تۇرۇۋېلىپ، ئامىنەگە:

— سىڭلىم...... ئىسمىڭىز نېمىتى، ھە، ئامىنە، توينى تېزرەك قىلىڭلار، ئاسىمجان ئىستىقباللىق يىگىت، ئارقىڭلاردا بىكار گەپ چىقىپ قالمىسۇن، بولامدۇ؟ — دەپ تاپىلىدى.

پازىل ئاكىنى ئۆيىگە ئاچىقىپ قويۇپ كىرسەم، ئامىنە خاپا بولۇپ دومسىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. نېمە بولغىنىنى سورىسام:

— مېنى نېمە كۆرۈپ قالدى ئۇ ئادەم، ئاسىمجان ئىستىقباللىق، ئارقاڭلاردا بىكار گەپ چىقىپ قالمىسۇن دەيدۇ، شۇنداقمۇ گەپ قىلامدۇ، — دەپ يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى شۇنداق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەست ئىكەن. رەنجىمەڭ، ئۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلماڭ. سىز بۇ

يەرگە ئۇ ئادەمنى دەپ ئەمەس، مېنى دەپ كەلدىڭىز. سىز مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك. سىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار، — دېدىم. ئامىنە قىزىرىپ جىم بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى قايتا ئۇستەلگە ئولتۇرغۇزۇپ، دەرھال پۇرسەتنى تۇتۇپ، — ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنىمۇ بىر جەھەتتىن ئالغاندا خاتا ئەمەس. ئۇ بىزنى يورۇۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. باشقىلارمۇ كۆرسە شۇنداق دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى توسقىلى بولمايدۇ. ئۇنى توسۇشنىڭ بىرلا يولى بار، ئامىنە، — دەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

ئۇ بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىۋالدى.

— ئامىنە، راستىنى ئېيتسام، مەن سىزنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقتىمدىلا مانا بۇ مەن ئىزدەپ يۈرگەن قىز ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەن. سىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن دائىم سىزنى ئويلاپ، سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرسەممۇ، سىزگە ئېغىز ئاچالمىدىم. كىم بىلىدۇ، ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىرسى بارمۇ تېخى دەپمۇ ئويلىدىم...... — شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ بىرپەس توختاپ قالدىم. يەنە غەيرەتكە كېلىپ، — مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەپ...... سىز بىلەن بىللە ئۆتسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن. سىزدىن دەرھال جاۋاب بېرىشىنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن. ئويلىنىپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم. شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا نېمىشقىدۇر ئامىنە مېنى ياراتمايدىغاندەك، مېنى پەقەت يۈرتىدىشىم دەپلا ئىزدەپ يۈرگەندەك بىلىنىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئاۋازىم تىترەپ كەتتى. كۈتمىگەندە ئامىنە بېشىنى

كۆتۈرۈپ ماڭا لەپپىدە قارىدى ـ دە:

ــ مەنمۇ بۇ ئىشنى ئالدىن بىلىپ ئويلىنىپ بولغان. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئايتۇرغان گەپلىرىڭىزنى قىلىپ بېرىدىغان چاغلاردىلا سىزنى يارىتاتتىم. سىز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان سىزگە تېخىمۇ باغلىنىپ قالدىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن سىزنى ئىزدەپ ياتىقىڭىزغا كېلەرمىدىم، ــ دېدى.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھاڭ ـ تاڭ ئىچىدە ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم ۋە يەنە بىر قېتىم:

ــ دېمەك...... سىز مېنىڭ. مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ شۇنداق. مەن سىزنى قەستەن ئۇزاق ساقلىتىشنى خالىمىدىم......

كېيىنكى ئىشلار ناھايىتى تەبىئىي بولدى. خۇشاللىقىمدىن ئۇنىڭ ئۇستەل ئۇستىدىكى قوللىرىنى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم قىستىم، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. ئۇنىڭ قانداقلارچە قۇچىقىمغا كىرىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، پەقەتلا ئۇنىڭ كۆكرىكىمدە تۇرغان قىزلارغا خاس خۇش پۇراق چىقىپ تۇرغان چاچلىرىغا لەۋلىرىمنى ياققىنىم، ئۇنىڭ ئىسسىق تېنىنى، رىتىمىدىن چىققان يۈرەك سوقۇشلىرىنى ھېس قىلغىنىم ئېسىمدە. ئۇنى سۆيۈۋېلىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇ ماڭا زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىدى. تاكى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۇستىبېشىنى قار باسقان ھالدا ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرىشىگە سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە سۆيۈۋالغىنىمغا قەدەر.

بىردەمدىن كېيىن، مەن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى بىردىنلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك سەزدىم. يېنىمدا كېتىۋاتقان، ھاياتىنى مېنىڭ ھاياتىم بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھدە قىلغان بۇ گۈزەل ھەم ئەقىللىق قىز ماڭا يىگىتلىك مەسئۇلىيىتىمنى ۋە ئۆز قىممىتىمنى ھېس قىلدۇرغانىدى. يولدا كېتىۋېتىپ كېلەر يىلى يازدا توي قىلىشنى قارار قىلدۇق. كۈز ئايلىرى كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۈرۈمچىنىڭ ئۇزۇن قىشى ئۆتۈپ كەتسە ياز ئايلىرىمۇ بىردەمدە كېلىپ قالاتتى. ئەمما، بۇ بىر يىل ــ مىلادىيەنىڭ 1962 ـ يىلى ــ ئويلىمىغان ۋەقەلەر تۈپەيلى شۇنچىلىك پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتتىكى......

## 12

جاھان ئىللىپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىكى قار ـ مۇزلار يۇمشاشقا باشلىغان چاغلار ئىدى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يول بويلىرىدىكى قار ـ مۇز دۆۋىلىرى ئېرىپ، شىر ـ شىر سۇغا ئايلىنىپ ئازگاللارغا قاراپ ئاقاتتى. يوللارنىڭ ئەگىملىرىدە يىغىلىپ قالغان سۇلار كىشىلەرنى ئايلىنىپ تام تۈۋى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى ئاستىدىن چاچرىغان لاي سۇدا كىيىملىرى بۇلغانغان كىشىلەر بۇرۇلۇپ شوپۇرنى تىللىشاتتى. بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەتە ـ ئۆگۈن كوچا ـ كوچىدا ئەگىز سۇيى ئېرىق ـ ئۆستەڭ بولۇپ ئاقاتتى. يول بويلىرى، تار كوچىلارغا پاتقاقنىڭ دەستىدىن پۇت قويغىلى بولمايتتى. بۇ كوچىلار قەدىمدىن مۇشۇنداق ئىدى. قىشتا قېلىن قار ـ مۇزنىڭ دەستىدىن

ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كەتسە، ئەتىيازدا پاتقاقچىلىق ئىدى. شۇڭا، بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆتۈك ئۇستىگە ئاستى قىلىن، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان رېزىنكە كالاچلارنى كىيىۋالاتتى. پاتقاقتىنغۇ رېزىنكە كالاچ، ئۆتۈكلەرنى كىيىۋېلىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن. ئەمما، ھەممە يەرنى قاپلىغان ئاچارچىلىقتىن ھېچقانداق قىلىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئاچلىق ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، بارلىق گۈزەل غايە ۋە تەسەۋۋۇرنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئىنساننى بىر بۇردا نان ئۈچۈن ھەممىنى قىلدۇرۇشقا قادىر ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان بىكار تۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئاشقازان ـ ئۈچەيلەر كۈچلۈك غولدۇرلاپ، كىرىشىپ كېتىۋاتقاندەك تارتىشاتتى. ماغدۇرسىزلىقتىن كىشىلەر يولدىلا يىقىلىپ قالاتتى، باشقىلارنىڭ يىقىلىپ قالغانلارنى يۆلىگۈدەك مادارى يوق ئىدى. يىقىلغانلار ئۆمىلەپ ـ قوپۇپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يەنە ماڭاتتى.

باھار ئەنە شۇنداق چاغدا كەلدى. كىشىلەر باھارنىڭ قاچانلاردا كىرىپ يەر ـ زېمىننى ئىگىلىگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشتى. باھار تەڭداشسىز ئىدى، ئىللىق ئاپتىپى بىلەن زېمىننى قۇرۇتۇپ، چېچەك ـ چوكانلارنى ئېچىلدۇرۇپ، غورا، ئۈجمە ھىدىنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ھاياتقا مۇھەببەت ۋە يېڭىچە ئۈمىد ئويغاتتى. سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ۋەھىمىسى ۋە ئاچلىقتىن كۆزلىرىلا پىلدىرلاپ قالغان كىشىلەر تۇرمۇشىدا قانداقتۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى، بىر ۋاقلىق بولسىمۇ تويغۇچە تاماق يەيدىغان كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ھەممە يەردە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ گېپى ئىدى.

بەزى ئادەملەر بىرنەچچە بىكارچى توپلاشقان يەرگە كەلسىلا قولىرى بىلەن غەربنى كۆرسىتىپ «ئۇياقتا بولغان نورمىسىز ئىكەن، ئىرىقلىرىدا سۇ ئەمەس، ھەسەل بىلەن سېرىقماي ئاقىدىكەن...... » دېيىشەتتى. پاسپورت ئالماقنىڭ ئاسانلىقىنى، مۇھاجىرلار جەمئىيىتىگە بارسىلا سوۋېت گىراژدانلىق پاسپورتى بېرىدىغانلىقىنى، خېلى كۆپ مەشھۇر ئارتىس، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مۇخبىر، مۇھەررىر، يازغۇچى - شائىرنىڭ، ھەتتا ئەمەلدارلارنىڭمۇ سوۋېت گىراژدانى بولۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى زوقلىنىپ تۇرۇپ سۆزلىشەتتى. كىمنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى، يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا تەمتىرەپ يۈرگۈسى بولسۇن، ئەمما...... ئۆلۈۋاتقان، پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ قوپالماي ياتقان كىشىلەر سېنىڭ كۆنلىرىڭنىڭمۇ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. شۇنچە ئاز، يوقنىڭ ئورنىدىكى يېمەكلىك بىلەن ئادەم قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن؟

329

ئەگەر ئاپام بىر ئامالىنى قىلىپ، سەھرادىكى تۇغقانلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ماڭا ئەۋەتمىدىغان ئاشۇ خالتىلار بولمىغان بولسا، مەنمۇ ئاشۇ يىللاردىن ساق چىقالمىغان بولاتتىم. ئاپامنىڭمۇ ئۆيىدىن كەلگەن نەرسىلەرنى ماڭا ئەكېلىپ بېرەتتى. ئالغىلى ئۇنىمىسام:

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھازىر كېچىدە ئىشلەيمەن. كېچىدە ئىشلەيدىغانلارغا بىر ۋاقلىق تاماق بېرىدۇ. ئۇنى يېمەي كۈندۈزى قوشۇمچە قىلىمەن، شۇڭا، مەن ھەرگىز ئاچ قالمايمەن، — دەيتتى.

شۇ يىلىنىڭ بېشىدا مەن بۆلۈم مەسئۇللۇقىغا

تەيىنلەندىم. بۇ مەزگىلدە بۆلۈمدىكى كونا مۇھەررىرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قايتىپ كەلگەندىن باشقا، يېڭىدىن بىر قىسىم ياشلار تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. شۇنچە ئاجايىپ ئادەملەر تۇرغان يەردە ئۆزۈمنىڭ ئىش بېشىغا چىقىپ قالغانلىقىمغا خىجالەت بولسامىمۇ، تەشكىلنىڭ ئۆمىدىنى يەردە قويماسلىقىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا، پېشقەدەم ئۇستازلارنى قەدىرلەپ، ياشلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ياردىمىدە ھەم ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە ژۇرنال سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. پارتىيە ئاكا ۋە كادىرلار بۆلۈمدىكىلەر مېنى قوللاپ ئىستىقبالىمنىڭ پارلاق ئىكەنلىكى، مېنى يەنىمۇ شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھەر دائىم ئەسكەرتىپ تۇرۇشاتتى. بۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشكەنلىكىمدىن ئۆزۈممۇ خۇشال ئىدىم.



ئاپرېلنىڭ بېشىدا، قەشقەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چوڭ ھەدەم يولدىشى ۋە بالىلىرى بىلەن ئۈشتۈمتۇت ئۆرۈمچىگە كەلدى. ياتىقىم خېلى كەڭرى بولغانلىقتىن، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنى ياتىقىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزۈم پارتىيە ئاكىمنىڭكىدە تۇردۇم. كۆڭلۈمدە ئۇلارنىڭ لاقا ـ لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈشتۈمتۇت كېلىپ قالغىنىدىن ھەيران ئىدىم. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ماڭا ئىچ سىرىنى تۆكۈپ، سوۋېتكە چىقىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكى، شۇڭا، ساتقۇدەك نەرسىلىرىنى سېتىپ، قولغا چىققۇدەكنى ئېلىپ ئۇزۇل ـ كېسىل قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتىشتى. ھەدەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، يولدىشى قەشقەردە

ئوڭچى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرمىگەننى كۆرۈپتۇ. ھەددىمۇ، بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىزمەت ھەم ئۆگىنىشتە چىدىغۇسىز سوغۇق مۇئامىلە، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردە ئۆزلىرىگە ياردەم قىلغۇدەك ئۇرۇق - تۇغقىنى بولمىغانلىقتىن، ئاچلىق ئازابى ئۇلارنى ھەسسىلەپ قىيناپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىلا بالىسى ئېغىر دەرىجىدە قان ئازلىق تۇپەيلى ماشالماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋېتىپ ھەددەم بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدىن تەڭ ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. ئاخىر ئۆيدە نېمە بولسا شۇنى ئاچىقىپ ئەتراپتىكى دېھقانلار بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر يەيدىغان نەرسىلەرگە تېگىشتىم. ئۆيدىكى نەرسىلەر تۈگىسە قانداق قىلارمەن دەپ يۈرسەم، تەلىيىمىزگە خەمىتىنىڭ ئاغىنىسى پاسپورتنى ئەۋەتىپ بەردى...... — ھەددەم ئاخىرىدا مەن تېخى بىلمەيدىغان بىر خەۋەرنىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇلار بىرنەچچە ئايدىن بېرى خەت ئارقىلىق مەسلىھەتلىشىپ ھەممەيلەن بىرلىكتە چىقىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. ھەتتا ئاپاممۇ، ئىككىنچى ھەددەملەرمۇ چىقىپ كېتىدىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىم پىرىرىدە قايدى. نېمە ئۈچۈن چوقۇم ۋەتەننى، يۇرت - ماكاننى تاشلاپ چىقىپ كېتىش كېرەك ئىكەن؟ بۇ شۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟ ئۇلارغۇ چىقىپ كەتسۇن، ئاپام نېمىشقا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قالغاندۇ، بۇ قىيىنچىلىق كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر بولغىيدى!

كېچىچە قاتتىق ئويلاندىم. ئاپام چىقىپ كەتمەكچى بولسا مېنى ھەرگىز بۇ يەردە تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇ مېنى بىر تال ئوغلۇم، بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر تايانچىم دەپ

بىلىدۇ. ئوغلى، كېلىنى بىلەن ياشاش، ئوغلىنىڭ قولىدا جان ئۈزۈش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى. ئۇ مېنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ، شۇنچە زور ئۈمىد بىلەن باققان يەردە، مەن ئۇنى يات بىر دۇنياغا يالغۇز يولغا سېلىپ قويسام، ئۇنىڭ مۇساپىرچىلىقتىكى، قېرىغان چاغلىرىدىكى يۈلەكى بولمىسام بولامدۇ؟ ئەمما، مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمنى، ئىككىنچى يۇرتۇم ئۈرۈمچىنى سۆيىمەن. مەن ئۆزۈمگە ئۆلگە قىلغان ئېسىل ئادەملەر بۇ يەردە، مەن بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن پۈتكۈل ھاياتىمنى بېغىشلاشنى خالايدىغان كەسپىم بۇ يەردە، مەن چىن كۆڭلۈمدىن يارىتىپ سۆيگەن قىز بۇ يەردە. مەن قانداقمۇ بىر كېچىدىلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ كېتەلەيمەن!

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىشلارنىڭ راستتىنلا شۇلار دېگەندەك بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمىدىم. قېنى، ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈپ باقاي دەپ ئويلىدىم.

ھەدەم بىلەن يولدىشى ماڭا تەييار بولۇپ، ئىشلارنى پۈتكۈزۈپ تۇرۇشنى، ۋاقتى كەلگەندە دەرھال قايتىشىم كېرەكلىكىنى جېكىلەپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىشتى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم.

بىر ھەپتىلەردىن كېيىن غۇلجىدىن جىددىي تېلېگرامما كەلدى. ئاچسام «ئاپىڭىز ئېغىر كېسەل، دەرھال قايتىڭ» دېگەن سۆزلەر. رۇخسەت ئېلىپ غۇلجىغا ماڭىدىغان ئاخشىمى ئامىنە بىلەن خوشلاشقىلى باردىم. ئۇنىڭغا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى دەپ بەرسەم، ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆزىنىمۇ بىللە ماڭىشقا

مەجبۇرلاۋاتقانلىقى، ئەمما، ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بۇ يەردە قالغۇسى بولىغانلىقتىن، ئۇلارغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز چىقىپ كەتسەك بىللە چىقىپ كەتمەكچى، قالساق تەڭ قالماقچى بولۇپ ۋەدىلەشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۇممۇ سەل خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئاپامغا توي قىلىدىغانلىقىم، ئۇنىمۇ ئۇرۇمچىگە ــ يېنىمغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتمەسلىككە قايىل قىلىمەن، دەپ ئويلايتتىم.

بىراق، غۇلجىغا بېرىپ ئىشلارنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ يەردىكى ھەممىلا ئادەم ئەسلىي ناھايىتى باي، چېچىلغانلا ئۇرۇق ھەسسىلەپ مېۋە بەرمەي قالمايدىغان، ئەمما ھازىر ئاچارچىلىق توپەيلى ئەزرائىل كىشىلەرنى ھەر قەدەمدە قوغلاپ يۈرگەن بۇ زېمىننى تەرك ئېتىش ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن بارغان كۈنۈمنىڭ ئەتىسى، قورغاس چېگراسىغا نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ يىغىلىۋالغانلىقى، كىشىلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىدىن ئاپتوبۇس بىلەن چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى، ئەمما چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىمىزنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۆيدە ئولتۇرالماي، مەھەللىدىكى ياش باللار بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ قورغاسقا چىقتۇق. چېگراغا بارغۇچە يوللارغا پاتماي كەتكەن ماشىنا ـ تىراكتورلار، ئات ـ ئۇلاغلار، ئات ھارۋا، كالا ھارۋىلىرى، يۈك ـ تاقلىرىنى ئۆشنىسىگە يۈدگەن پىيادىلەرنى كۆردۇق. چېگرادا تېخىمۇ كۆپ ئادەم يىغىلىپ تۇراتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۆي ـ ماكانلىرىنى، بار بىساتىنى تاشلاپ، قوللىرىغا چىققۇدەكلا

نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى كوللېكتىپنىڭ قورۇ - قورۇ چارۋا ماللىرىنى ھەيدەپلا كېلىشكەنىدى. ئۇلارنى باشلاپ كېتىۋاتقىنى بولىكا بىلەن سېرىقماي ئىدى. تۈرلۈك سىياسىي قالپاق، كەمسىتىشتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن نېرىسىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. تويغۇچە تاماق يېيىش ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ ئىدى. ئۇلار ئەتىكى كۈننى، پەلەك چاقى چۆرگۈلەپ يەنە بىر كۈنلەردە ئۆزلىرى تاشلاپ كەتكەن يۇرتىغا تەشنا بولىدىغانلىقلىرىنى، ئەمما، ئۇ چاغدا قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى.

بىز چېگراغا تېخىمۇ يېقىن باردۇق. بۇ چېگرا ئەمەلىيەتتە ياز، كۈز پەسىللىرىدە دەرياغا ئايلىنىپ كېتىدىغان چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، جىلغا ئۈستىدە ئىككى تەرەپنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر سېموت كۆۋرۈك بار ئىكەن. كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل بەلگە ئىككى تەرەپنىڭ چېگراسىنى ئايرىپ تۇرىدىكەن. بىز تەرەپتە ھېچقانداق توسۇق يوق، چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. نېرىقى تەرەپنىڭ توپىسى توشقان يۈگۈرسىمۇ ئىزى چۈشۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە يۇمشاق ئاغدۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۇزۇن سىم توسۇق تارتىلغان، ئەمما، توسۇقنىڭ بىر تەرىپى قايرىپ ئېچىۋېتىلگەنىدى. سىم توسۇقنىڭ ئىچىدە قاتار تىزىۋېتىلگەن يۈك ماشىنىلىرى تۇراتتى، بەزىلىرىنى شوپۇرلار ئوت ئالدۇرۇپ تەييار قىلماقتا ئىدى. ئاق كىيىم كىيگەن چېگرا مۇداپىئە خادىملىرى توسۇقنىڭ ئېچىۋېتىلگەن يېرىگە ئۈستەل قويۇپ، ئاپپاق

داسلاردا بولـكا، ھەسەل قاتارلىقلارنى ئېلىپ چىقتى. ئىككى ئوفىتسېر پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يەنە بىر چوڭ داسنى ئۈستەل ئۈستىگە تىزغاندا بۇ ياقتىكىلەر تۇرالماي قېلىشتى. «گۆش ئىكەن، قاراڭلار ئۇ گۆش ئىكەن!» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى.

بىر ئەسكەر ھىجىيىپ تۇرۇپ بۇ تەرەپكە قول پۇلاڭلاتتى. كىشىلەر ئەمدى چىداپ تۇرالماي، تىقما ـ تىقما بولۇپ كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەرگە بولكا، گۆش تارقىتىپ بېرەتتى، كېيىن ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشەتتى. ئەسلىدىكى يىغىلىپ تۇرغانلار بارا ـ بارا ئازلىدى. ئەمما، تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان يوللاردىن ئاتلىق، ھارۋىلىق، پىيادە ئادەملەر توختىماي كېلىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا كۆۋرۈك ئۈستىدە نېرىقى قاتتىن كەلگەن بىرنەچچە ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئۇياققا بېرىپ بولۇپ «ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلىرىنى ئېلىش» ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلىپ خۇشاللىق بىلەن:

ــ قېرىنداشلار، ئۇ يەر بەك ياخشى ئىكەن، كوممۇنىزم دېگەننى شۇ يەردە كۆردۇق. نېمە يەيمەن دېسەڭ بار ئىكەن، ھەممە نەرسە بەك ئەرزان ئىكەن...... ــ دېيىشىپ، ھەممىمىزگە بىر پارچىدىن قارا بولكا تارقىتىپ بەردى ۋە، ــ سىلەرمۇ ئىككىلەنمەي چېگرادىن ئۆتۈڭلار. ئۇلار بىزگە ئۆي، چېدىرلارنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. قانچە كۆپ بولساڭلار شۇنچە ياخشى، قانچىلىك تۇرساڭلار ئىختىيارىڭلار، دەيدۇ، ــ دېدى. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەسلىدە چىقىپ كېتىش

نىيىتى يوق، ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بىرمۇنچە ئادەممۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىشتى. ئەمما، ئۇلار شۇ كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىدى.

بىز شەھەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆرگەنلىرىمىزنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەردۇق. بەزىلەر ھاياجانلاندى، قىزىقتى. بەزىلەر گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى. چوڭ ياشلىق، ئورۇق بىر ئادەم:

— بىز بىلمەيدىغان يەر ئەمەس ئۇ سايۇز دېگەن. ئاچارچىلىق شۇ يەردىمۇ بولغان، نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ھازىر ياخشىلىنىپ كەتكىنىنى بىلەن كېيىن قانداق بولۇشنى بىر ئاللا بىلىدۇ. مەن جىق دۆلەتنى كۆردۈم. لېكىن، ئادەم ئۇچۇن ئۆز يۇرتىدىن ياخشى يەر يوق. تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز دەپ بىكار ئېيتىشمىغان، — دېدى.

بۇ ئادەمنىڭ سۆزى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. كۆۋرۈكنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ قوللىرىدىكى بولكىنى ئالدىراشلىق بىلەن يالماپ يۇتۇشۇپ، نەگە كېتىۋاتقىنىنى، ئارقىسىدا نېمىنىڭ، كىملەرنىڭ قالغانلىقىنى بىلمەي گاڭگىرىشىپ، يۈك ماشىنىلىرىدا نامەلۇم بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى ئويلاپ نېمىشقىدۇر ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. قاردەك ئاپپاق فورما كىيىشكەن، قوللىرىدا قامچا تۇتۇۋالغان، چېگرادىن ئۆتكەنلەرگە بولكا تارقىتىپ بېرىۋاتقان، ساناپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋاتقان ھاكاۋۇر ئادەملەرنىڭ سەپنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغانلىرىنى قامچا بىلەن تارسىلدىتىپ ئۇرۇۋاتقان، غەزەپ بىلەن سەت ۋارقىراپ بۇيرۇق بېرىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىدىن چىقىپ تۇرغىنى ھەرگىزمۇ ھېسداشلىق ياكى ئىنسانىي مۇئامىلە ئەمەس. ئاشۇ

ھاكاۋۇر ئادەملەر ھەر قېتىم بىزنىڭ تەقدىرىمىز قىل ئۈستىدە تۇرغان پەيتلەردە بىر بارمىقى بىلەنلا تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بىزنى ئەرزىمەس پىچكا سۈپىتىدە قۇربان قىلىپ كەلگەنىدى. ئەجەبا ئۇلار بۈگۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ھېسداشلىق قىلغىنى ۋە كۆڭۈل بۆلگىنى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟

تارىختا چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چېگرا رايونلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن توختاۋسىز رەۋىشتە زېمىنىمىزدىن ئادەم يۆتكەپ كەلدى. بۇ يۆتكەش 1871 ـ يىلى چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىۋالغان يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىقىپ زورلۇق، بۇلاڭچىلىق تۈسىنى ئالدى. 1882 ـ يىلى ئېلىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، چاررۇسىيە ـ چىڭ شەرتنامىسىنىڭ «زېمىن قايتۇرۇلۇش، پۇقرالىرى رۇسىيە تەۋەلىكىدە قېلىش» دېگەن ماددىسىغا ئاساسەن يۈز مىڭلىغان ئىلى خەلقى چاررۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ زورلىشى ۋە قوراللىق تەھدىتى ئاستىدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قازاقىستانغا كۆچۈرۈلدى. تاغ يوللىرى قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ۋە ئاچلىق، ھېرىپ ـ چارچاشتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولدى. مانا بۇ تارىختا «كۆچ ـ كۆچ» دەپ ئاتالغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئادەم بۇلاڭچىلىقى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «كۆچ ـ كۆچ» قوشاقلىرى ئاشۇ ئېچىنىشلىق تارىخنىڭ ئابىدىلىرىدۇر.

# 13

ئاپام مەن ئۈرۈمچىدىن بارغۇچە پاسپورتلارنى تەق قىلىپ، ئۆيدىكى ساتىدىغان نەرسىلەرنى سېتىپ، بۇ يەردە قالىدىغان ھەدىلىرىمگە تاپشۇرىدىغاننى تاپشۇرۇپ، بىرنەچچە چوڭ سومكا، يۈك ـ تاقلارنى تەييارلاپ مېنىڭلا يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. چۈشەندۈرۈش ـ يالۋۇرۇشلىرىم، توي قىلىپ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئەكېتىپ باقىدىغانلىقىم...... ئۇنى قىلچە ئېرىتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇ يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ، بەزىدە ھوشىدىن كېتىپ، يەنە بەزىدە ئاغرىپ قېلىپ مېنى ئامالسىز ئورنۇمغا چۈشۈرۈپ قويدى، ھەتتا:

— سەن ئاشۇ كىچىككىنە ئەمىلىڭنى دەپ مەندىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتىسەن. بۇ ئەمەل ساڭا قانچىلىك ئەسقاتار؟ ئەسلىدە ساڭا ئانا لازىم ئەمەس، ئەمەل لازىم ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ تاپا ـ تەنىمۇ قىلدى. ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆزى يالغۇز ئالتە بالىنى باقىمەن دەپ تارتقان جاپالىرىنى، بولۇپمۇ مېنى «دادامنىڭ ئورنىغا دادا، ئاكامنىڭ ئورنىدا ئاكا بولىدىغان بالام» دەپ بىلگەنلىكى، بۇ دۇنيالىقتىكى ھەممە ئۈمىدىنى ماڭا باغلىغانلىقىنى، مەندىن ئايرىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقى ئېيتىپ يىغلاۋاتقاندا، مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئېقىپ كەتكەندەك بولدى. ئاپامنىڭ ياش، چىرايلىق ۋاقىتلىرىنىڭ قانداق جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەنلىكى، ئاشۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئۇنىڭ سۇۋادانىدەك قامىتىنى قانداق پۈكۈپ تاشلىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئىشلەپ قېلىش بالىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالمىغانلىقىم كۆڭلۈمدىكى ھەسرەتلىك بىر تۈگۈن بولۇپ

كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن دەۋاتسا، «خەير ـ خوش ئاپا» دەپ بۇ يەردە قېلىشىم كېرەكمۇ؟ ياكى يات ئەلدە، نامەلۇم مەنزىللەردە ئۇنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشۇم كېرەكمۇ؟ خىياللىرىم ئاخىر چىقماس خىياللارغا ئايلانغانىدى. ئاپامنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى ـــ تاغىلىرىممۇ:

ـــ سەن دېگەن بىر تال ئوغۇل تۇرساڭ، ئاپاڭنى كۆيۈ ئوغۇللارغا تاپشۇرۇپ بۇ يەردە قالىمەن دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئاپاڭ ئۇ يەردە كىمگە تايىنىدۇ؟ ـــ دېيىشەتتى. ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەندەك چوڭ گەپلەرنى چۈشەنمەيدىغان، ۋاپادارلىقنى، ئانا ـ بالا، قان ـ قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار تىجارەت قىلىپ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئادىتى بويىچە «ئادەم دېگەننىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ، قەيەردە كۆڭلى ياخشى ئۆتسە، ۋەتىنى شۇ يەر» دەپ قارىشاتتى.

ئاپام بىلەن تۇغقانلىرىمنى قايىل قىلالماي، ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلدىم. ئامىنەنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە چېگرادىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئىككىمىز ئۆيافقا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدەپ تاپماي قويمايمىز، دەپ ۋەدىلەشتۇق. ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەن كۈنۈم ياتاقتا بىر كۈن دەم ئالغاچ ئوي ـ پىكىرلىرىمنى رەتلەپ، يەنىلا تەشكىلگە ئەھۋالىمنى ئېيتىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پارتىيە ئاكا بىر كۈنلۈك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، پۈتىنى ئۇستەلگە ئېلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئالدىغا كىردىم. ئۇ پۇتىنى ئۇستەلدىن

چۈشۈرۈپ:
— كېلىڭ ئاسىمجان، ئىشلار قانداق، ئاپىڭىز ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.
— ئىشلار چاتاق، ئاكا، — دېدىم.
— ۋوي، نىمە دەيسىز ئەمدى، قانداق چاتاق؟ — دەپ ئىشەنمىگەندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى. ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆزۈم دۇچ كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ:
— ئاپام بىلەن بىللە چىقىپ كەتمەي ئىلاجىم يوق ئاكا، مەن بۇ قېتىم تەشكىلدىن رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدىم. پازىل ئاكا گېپىمنى ئاڭلاپ چۆچۈگەندەك بىردەم جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن:
— ئۇكام، قەتئىي قارارىڭىز شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، ئاكا، — دېدىم. ئۇ چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن مېنى كادىرلار بۆلۈمىگە باشلاپ كىردى. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى فامىلىلىك كۆزئەينەكلىك ئادەم ئىلگىرى مېنى كۆرسە ئېچىلىپ، هال - ئەهۋال سوراپ كېتەتتى. بۇ قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. بىردەمدىن كېيىن قاپاقلىرى تۈرۈك هالدا ماڭا:
— هەي ئاسىم، هەي ئاسىم، مەن سېنى مۇنداق ئىش بىلەن ئالدىمغا كىرىپ قالار دەپ هەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. بىز سېنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتۇق، هەتتا مەكتەپتىكى خاتالىقلىرىڭنىمۇ سۈرۈشتۈرمىدۇق. سەندىن شۇنچە ئۈمىدلەرنى كۈتتۇق. شۇنداق تۈرۈقلۇق نېمىشقا چىقىپ كېتىمەن دەيسەن؟ ياخشى ئادەملەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر بىزگىمۇ لازىم. مەن سېنى قويۇپ بېرەلمەيمەن، —

دېدى. ماڭا شۇ نەرسە ئايدىڭ ئىدىكى، بۇ ئىشنى ئېغىزغا ئالغان ئىكەنمەن، چوقۇم بىر باشقا ئېلىپ چىقمىشىم كېرەك. چىقىپ كېتەلمىسەم كېيىن بۇ ئىش بېشىمغا بىر بالا بولۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ بىلەن تەلەپىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ:

— مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ئاپامنى ھېچقانداق قىلىپ رايىدىن ياندۇرالمىدىم. ئەمدى ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن. ئۇ ياشىنىپ قالدى، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، — دېدىم. لى بۆلۈم باشلىقى ماڭا غەزەپ بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ:

— ساڭا ۋەتەن مۇھىممۇ، ئانا مۇھىممۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئال جاۋاب بېرىش قىيىن بىر سوئال ئىدى. مەن بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ:

— مەن ئۈچۈن ئاپاممۇ، ۋەتەنمۇ ئوخشاش مۇھىم. ئاپام ياشىنىپ قالدى. مەن ئاپامنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كېلىپ يەنە ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلالايمەن. ئۇ يەرمۇ، بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك دۆلەت، ۋەتەننىڭ 650 مىليون پەرزەنتى بار. ئەمما، ئاپامنىڭ مەن بىرلا ئوغلى بار، — دېدىم. لى بۆلۈم باشلىقى مۇشتى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى :

— بۇ خائىنلىق، ۋەتەنگە قىلىنغان خائىنلىق. سەن بۇ گەپلىرىڭنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنەمسەن؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، مەنلا مۇشۇ ئورۇندا بولىدىكەنمەن، سەن ھېچنەگە كېتەلمەيسەن!

شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تەقدىرىم بەلگىلەندى. ئاپام ئامالسىز ئىككى چوڭ ھەدەم ۋە كۈيۈ ئوغۇللىرى بىلەن بىر

كۆزى ئارقىسىدا چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي چېگرا تاقالدى. مەن كۆرگەن ئاشۇ چېگرادىن قوشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئاردىن كۆپ يىل ئۆتۈپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتسىيەسىدىكى مۇزلار ئېرىشكە باشلىغاندا، ئاندا ـ ساندا ئۇياقتىن كېلىپ قالىدىغانلارنىڭ ئاغزىدىن مەن ئاپامنىڭ ھەدىلىرىم بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇتكول ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى كېزىپ سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكى، ھېچنەنى غۇلجىغا ئوخشىتالماي، ئاخىر ئاپام ۋە ئىككىنچى ھەدەمنىڭ قازاقىستاننىڭ جۇڭگو چېگراسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تۇنجى بازىرى بولغان پانفىلوفقا ئورۇنلىشىپ ئارام تاپقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غۇلجىغا قايتىپ، قورغاستىكى چېگرا ئېغىزىغا باردىم. چېگرا ئىلگىرى بىر قاقاسلىق ئىدى. ھازىر خېلى ھەيۋەت چېگرا مۇداپىئە پونكىتى سېلىنغاندىن باشقا، بۇ يەردە ئون نەچچە ئۆيلۈك كۆچمەن ۋە ئۇلارنىڭ كىچىك دۇكانلىرى پەيدا بولۇپتۇ. قايتا كېلەيتىپ ياسالغان كۆۋرۈكتىن چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرى ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ تەرەپتىن كەلگەن شوپۇرلار ماشىنىلىرىنى توختىتىپ، بۇ دۇكانلاردىن لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىكەن.

چېگرانىڭ نېرىقى قېتىدىنمۇ يېڭى ئىمارەتلەر كۆزگە تاشلىناتتى. ئىمارەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى يول پانفىلوف بازىرىغا تۇتىشاتتى. پانفىلوفتا مېنىڭ ئاپام ياشايتتى. ئۇ غۇلجىنى تاشلاپ كەتكەن، ئەمما، ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ تۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتەن ئاسمىنىنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ كىچىك بازارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

مەنمۇ خۇددى ئاپامنى كۆرەلەيدىغاندەك، ھەدىنى ھەدلىيالايدىغاندەك، ئۇ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان شامالغا يۈزلىنىپ، يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان ئاشۇ يولغا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم. كۆڭلۈمدە ئاپاممۇ بەزىدە نېرىقى تەرەپتىن يولنىڭ بېشىغا كېلىپ قاراپ تۇرىدىغاندۇ، ئوغلىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم. مەن ئاپامنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم. ئۇنى ئويلىماي، سېغىنماي ئۆتكەن بىر كۈنۈممۇ يوق دېسەم ئارتۇق كەتمەيتتى.

ماڭا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتقان، ھەقىقىي يىگىتلىك ھېسسىياتىم، پۈتكۈل ئىشقىي زوقۇم بىلەن سۆيگەن ئامىنەنىمۇ مەن ئەنە شۇنداق سېغىناتتىم. تالاي كېچىنى ئۇنىڭ دەردىدە ئاسمانغا قاراپ يىغلاپ، يۇلتۇزلاردىن ئۇنىڭغا سالام يوللاپ ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇ مەن ئۈچۈن، مېنى دەپ چىقىپ كەتكەن. ئەمما، مەن بۇياقتا قالدىم. ئىنسانلار بەرپا قىلىۋالغان چېگرا ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىلا ئەمەس، بىر ـ بىرىمىزنى جان ـ تېنىمىز بىلەن سۆيىدىغان ئامىنە ئىككىمىزنى ئىككى دۇنياغا ئايرىۋەتكەنىدى. مەن ئۇلار بىلەن بىر ئېغىز «خەير ـ خوش» دېيىشەلمىدىم. بىر پارچە خەت ئارقىلىقمۇ دىدارلىشالمىدىم. مەن ئۇلارنى شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تېز يوقىتىپ قويدۇم.

ئانچە ئۇزاق بولمىغان زامانلاردا بۇ يەرلەردە چېگرا پاسىلى يوق ئىدى. كىشىلەر سۇ، يايلاق، ئەۋزەللىك قوغلىشىپ، خالىسا ئۇ تەرەپتە ياكى بۇ تەرەپتە ئەركىن ياشايتتى. شۇڭا، بەزىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا، ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ

قان ـ قېرىنداشلىرى بۇ تەرەپتە ئىدى. ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى، تىلى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاپ كېتەتتى. تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ بىردەك ئىدى. قاچانكى بۇ چېگرالار تۇسۇۋېلىنغاندىن كېيىن تىرىك تۇرۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قان ـ قېرىنداشلىرىدىن، سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ جۇدالىق ھەسرىتى تارتىش بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئايلانغانىدى.

# هەدىيە IV

## 14

قىزىم ئىشىكتىن كىرىپلا پۇتىدىكى ئايغىنى چۆرۈپ تاشلىدى. دەرھال بېرىپ ئاپىسىنىڭ ئايىغىنى رەتلىك تىزىپ قويۇپ، يېنىدا چۆرگۈلەپ يۈرگەن لالەگە قاراپمۇ قويماي:

— ئۇف...... ئەجەب قۇتۇلدۇم، تاس قالدىم يولدا سېلىپ تاشلىۋەتكىلى. كىم قويۇپتۇ ماڭا دورامچىلىقنى، مېنىڭ تاقىلداپ يۈرىدىغان ۋاقىتلىرىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا...... — دەپ كوتۇلداپلا كەتتى.



— پاشنىسى مۇشۇنداق ئۇچلۇق ئاياغنى كىيىۋالساڭ پۇتۇڭ ئاغرىمامتى ئەمىسە. قارا - قارا، بۇ پاشنىغا، مىخنىڭ ئۆزىغۇ، ھېلىمۇ يىقىلماي ساق كەپسەن. ئۇنداق قاراملىق قىلما، تۇزۇكرەك ئاياغ كىي. سەن يولنى تولا ماڭىدىغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بىر ئوقۇتقۇچى. سەن مۇشۇنداق ئاياغنى كىيىپ يۈرسەڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭ نېمە كىيە.

مۇنىرە قىزىنىڭ قولىدىن ئىستاكاننى ئېلىپ سوغۇق چاينى بىر ئوتلاشتا ئىچىۋەتتى، لەۋلىرىنى سۈرتۈپ، بېشىنى دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ كۆزلىرىنى بىردەم يۇمۇۋالدى، ئارقىدىنلا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ۋاي ئاپا، ئۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بوله، مەن دىگەن

سىنىڭ قىزىڭ. مەن ئوقۇتقۇچى بولغاندىن...... ياق ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ سىنىڭ گەپلىرىڭ قۇلىقىمغا سىڭىپ كەتكەن. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا قېنىق گىرىم قىلىپ كىرمەسلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قىممەت باھالىق زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىماسلىقى، بەك قىممەت، بەك غەلىتە، بەك قىسقا كىيىملەرنى كىيمەسلىكى، گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئەدەپ - قائىدىلىك، مەدەنىي بولۇشى...... دېگەنلەر ھەر كۈنى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ، — دەپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— سەن كۈلۈۋاتامسەن؟ بۇلار كۈلىدىغان گەپلەرمۇ؟ ئوبدان بىلىمەن، ھازىرقى بەزى ئوقۇتقۇچىلاردا كەسپىي ئاڭ، كەسپىي ئەخلاق دېگەندىن ئەسەر يوق......

— ياق - ياق، ئاپا، مېنى خاتا چۈشەنمە، ھەرگىز خاتا چۈشەنمە. مەن ئۈستىلىمدە سىنىپتا كىيىدىغان كىيىملىرىم بىلەن بىر جۈپ ئاياغنى ئالاھىدە ساقلايمەن. بىزنىڭ مەكتەپتىكى خېلى كۆپ ئايال ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن سىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىڭنى ئۇلارغىمۇ تەشۋىق قىلىمەن. ئىلگىرى ئايال ئوقۇتقۇچىلار مۇنداق، مۇنداق قىلاتتىكەن، مېنىڭ ئاپام ئالامەت ئوقۇتقۇچى ئىدى، دەپ سۆزلەپ بەرسەم، ئۇلار ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ۋىيەي، ئۇ دېگەن ئۆتكەن ئەسىر، ئۇنداق گەپلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، دەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلار بەك ياخشى ئاپا، ئۆز خىزمىتىگە مۇھەببىتى چوڭقۇر، ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋىجدان بىلەن ئادا قىلىدۇ. لېكىنزە، ھازىر رىقابەت كەسكىنلىشىپ كەتتى.

— بۇ ئىمتىھاندىچۇ، بالىلىرىڭلارنىڭ نەتىجىسى

قانداقراق؟

— ھەي...... ي، نېمە دەيمىز ئەمدى. مېنىڭ سىنىپىمدىن ئاران ئىككى بالا 50 نومۇر ئالالىدى. ئىككىلىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى تېخى. قالغانلارنىڭ نەتىجىسى بەك تۆۋەن. مەكتەپتىكىلەر بىزگە ئىمتىھان قەغەزلىرىدىكى سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تولۇقلاپ يېزىپ، نومۇرنى ئۆزگەرتىڭلار دېگەنىدى، بىز بىر نەچچىمىز «بىز بۇ ئىشقا ئىگە ئەمەس، بىز بۇنداق ساختىپەزلىكنى قىلمايمىز» دەپ نارازىلىق بىلدۈردۇق. ئۇلار بىزگە نېمە دېدى دېمەمسەن، «يول بولسۇن، ئورۇن تېپىپ يۆتكىلىپ كېتىڭلار» دەيدۇ تېخى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇلار بىزگە ئۇقتۇرماي ئادەم يالـلاپ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئۆزگەرتىپتۇدەك.

— مۇنىرە، سەن مېنىڭ قىزىم جۇمۇ. سەن دەرس بەرگەن باللار ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسە قانداق يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ يۈردۈڭ؟ داداڭدىن سوراپ باقە، داداڭ قانداق ئوقۇتقۇچىلىق قىپتىكەن؟

— ۋاي ئاپا، دادا، بولدى بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. هازىرچە كۆچۈم يەتكەن ئىشنى قىلغاچ تۇراي دەپ لالەنى كۆرگىلى كەلدىم. ئۇنى چۈشكىچە ئۇخلاتماي ئىشقا سال ئاپا. تاماق ئېتىشنى، قائىدە ـ يوسۇننى ئۆگەت. ئۆتكەن تەتىلدە ئۆگەنگەنلىرىنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. بۇ يىل يەنە ئۆگىتەيلى، ئۇنتۇپ كەتسە كېلەر يىلى يەنە ئۆگىتىمىز......

مەسئۇد ئىككىمىز ئەندىشە ئىچىدە بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئىشلار مۇشۇنداق ئاددىي بولسا ئىدى كاشكى. لالە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان هالدا بىر تەرەپتە قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ھەر كىم خالىغىنىنى ئەكىرىپ تۆكىدىغان تەجرىبە ئېتىزى بولۇپ قالغانىدى.

لالە بىر ئۇيغۇرنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئاساسىدا تەربىيە كۆرۈشى ئەقەللىي بىر ئېھتىياج. كەلگۈسىدە ئۇمۇ توي قىلىدۇ، باللىق بولىدۇ، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملارغا بارىدۇ، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلمىسە قانداق بولىدۇ؟ كەلگۈسىدە بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلەيدۇ؟

ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆيدە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۆگەتمەكچى بولدى.

لالە ئۈچ ـ تۆت ياش ۋاقىتلىرىدا دۈچ كەلگەن مەجبۇرلاشقا يەنە بىر قېتىم دۈچ كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىشىگە يول قويۇلمايتتى، ئەمدى بولسا...... ئەممابۇ قېتىم ئىش ئۇنداق ئاسان بولمايتتى. ئۇنىڭ خەنزۇچە يېتىلگەن تەپەككۇرى مۇتلەق ئۇستۇنلۇكتە ئىدى، ئانا تىلى بولسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر چەت تىلغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ تىلنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن بىر ئۆتكەل ئىدى. ئۇ مەكتەپتە يەنە ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتىنمۇ تەستەك بىلىنەتتى. ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىيەلمىسە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلايتتى. كوچىدا، ئاپتوبۇسلاردا خەنزۇچە سۆزلىسە بەزى مويسىپىت ئادەملەرنىڭ ياكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ئىزا ـ ئاھانىتىگە قالاتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم سۆزلەشتىن قورقىدىغان ھالەتكە

چۈشۈپ قالدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى مەكتەپكە بارغاندىلا ئازادلىققا چىققاندەك بولۇپ، خالىغان تىلدا چۈۋۈرلىشىپ سۆزلىشىپ كېتەتتى. لالە ھازىر ئەنە شۇ ھالەتتە ئىدى. ئۇ بىز بىلەن تۇرۇۋاتقاندىن بۇيان خېلى تىنچلىنىپ قالدى. مەسئۇد ئىككىمىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە مەجبۇرلىمىدۇق. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلاشتۇق. مەقسىتىمىز ئۇقتۇرالمىغاندا خەنزۇچە سۆزلىشىشكە يول قويدۇق. تەربىيەنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى سۆزلەش ئەمەس سۆزلىتىش. ئىختىيارلىق ئاساسىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن كېلىش. ئۇ ھازىر ئۆي تازىلاش، داستىخان تەييارلاش، چاي دەملەشنى، كىيىم دەزماللاشنى ئۆگىنىۋالدى. بىز كەچلىك خەۋەر كۆرۈۋاتقان چېغىمىزدا ئىلگىرىكىدەك ئۆيىگە بېكىنىۋالماي، يېنىمىزدا ئولتۇرىدىغان بولدى. ئەنە ئۇ شۇ تاپتا ئاپىسىنى ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا يېڭى كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئامراقلىق ھەم بەختىيارلىق پارلاپ تۇرىدۇ.



## 15

1963 ـ يىلى مېنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىم ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلىدىغان ئىلغار ئوقۇتۇش مېتودى بولۇپ باھالىنىپ، قىشلىق ـ يازلىق تەتىلدە ۋىلايەتتە ئېچىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتكەنىدىم. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ باشقا ناھىيە، باشقا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار دەرسىمنى ئاڭلىغىلى كېلەتتى. بىر قېتىم مەكتىپىمىزدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلارمۇ دەرس ئاڭلىغىلى

كىرىشتى. ئىككى سائەتلىك دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستا مەسئۇد چاقچاق ئارىلاش:

— ھەدىيە خانىم، سىز دەرس ئاڭلىغۇچىنى سېھىرلەپلىۋالىدىكەنسىز. سىزنىڭ مېتودىڭىزنى ئىگىلەپ، بىزمۇ سېھىرلەشنى ئۆگەنسەك بولاتتى، — دېدى.

— بۇ يەردە سېھىرلەش نېمە قىلسۇن، ئۆتۈۋاتقان دەرسىڭىزگە پۇتكۇل ۋۇجۇدىڭىز بىلەن بېرىلىڭ، شۇ چاغدىلا باشقىلارنىمۇ پۇتكۇل ۋۇجۇدى بىلەن ئاڭلاشقا يېتەكلىيەلەيسىز. ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز مېنىڭ مېتودىم ئەنە شۇ. لېكىن، مېنىڭ مېتودىم ماتېماتىكىچىلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغۇ دەيمەن، — دېدىم قوپاللىراق ئاھاڭدا. مەسئۇد بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان تۇرسۇن ئىسمىلىك ئوقۇتقۇچى دەرھال:

— خاپا بولماڭ ھەدىيە، بىزنىڭ بۇ دوستىمىز سىزگە ھەسەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى بولغان بىلەن، مېتودى تازا كارغا كەلمىگەچكە نېمە قىلىشنى بىلمەي چېچىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىزمۇ ئانچە ئېغىر ئالمايمىز، — دەپ گەپنى كولىگە بۇرىدى. ئىككىنچى سائەتتە مەسئۇد ئەڭ ئاخىرىدىكى ئورۇندا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا قارىمىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى، كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان باشقىچە تۇيغۇلارنى سېزىپ تۇراتتىم. ھەر قېتىم كۆزلىرىم ئۇ تەرەپكە يېقىنلاشقاندا پىكرىم چېچىلىپ، يۈرەكلىرىم سىلىپ كېتەتتى. دەرھال ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ دەرسىمنى داۋاملاشتۇراتتىم. شۇ تاپتا ماڭا 50 نەچچە جۈپ سەبىي كۆزمۇ تىكىلىپ تۇراتتى. كىچىككىنە بىر ئېھتىياتسىزلىق

مېنى ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بۇنداق بولۇشىنى ئەسلا، ئەسلا خالىمايتتىم.

— چوڭ ئاپا، چوڭ ئاپا، تاماق پىشتى، ئۇلار سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — نەۋرە قىزىمنىڭ زىل ئاۋازى خىياللىرىمنى چالغىتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تاماقخانىغا چىقتىم. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپپاق داستىخانلىق تاماق شىرەسى، تاملارغا ئېسىلغان رامكىلاردىكى يەل - يېمىش، ياۋروپاچە تاماقلارنىڭ رەڭلىك سۈرەتلىرى كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى. قولۇمنى يۇيۇپ بولغۇچە قىزىم يوغان ئاق تەخسىگە ئۇسۇلغان قورداقنى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. لالە كىچىك تەخسە، قوشۇق، چوكىلارنى تىزىشقا باشلىدى. بۇ دادا - قىز - نەۋرە ئۈچى بىرلىشىپ پىشۇرغان قورداق ئىدى. گۆش، سەۋزە - ياڭيۇلارنىڭ پارقىراشلىرىدىن، مەززىلىك پۇراقلىرىدىن قورداقنىڭ ئوخشاپ كەتكىنى چىقىپ تۇراتتى. تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ يېدۇق. ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئوماق نەۋرىمىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر كۈنىمىزنىڭ تېخىمۇ خۇشال ئۆتىدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ خۇددى قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن ئۈسۈپ چىققان ياپيېشىل، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يۇمران نوتىغا ئوخشاش جەلپكار، كۆزنىڭ يىغىنى يېگۈدەك يارقىن ئىدى. ئۇ بىزنىڭ توختام سۈدەك بىرخىل، زېرىكىشلىك تۇرمۇشىمىزغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەنىدى.

مۇنىرە قىزىنىڭ كىيىملىرىنى ئىشكاپقا جايلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئىشنى تاپىلاپ قايتىپ كەتتى. مەسئۇد كومپيۇتېر ئۆيىدە نەۋرىسى بىلەن ئۇيغۇرچە كىنو كۆرۈۋاتىدۇ. مەن يەنە بالكونغا چىقىۋالدىم. نەۋرە قىزىمغا

تۈنجى دەرسنى قانداق باشلاش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە چۆكۈپ كەتتىم. ياتما ئورۇندۇق بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەۋرىنەتتى. تەۋرىنىش ئىچىدىن يىللار گەردىشى ئارقىغا يېنىپ، ئۆتكەن يىللارنىڭ ئۆڭگەن سۈرەتلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. مەن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قولۇمغا ئېلىپ بېقىپ، ئاخىر ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان كۆرۈنۈشنى ئىزدەپ تاپتىم. خىياللىرىم يەنە ئۇلىنىپ كىنو لېنتىسىدەك شىرىلداپ ئايلىنىشقا باشلىدى.

...... قاچانلاردىدۇر مەسئۇد ئىككىمىزنىڭ ئىشى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغانىدى. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچى كۆڭلىدە مەسئۇدنى زىيان تارتتى، دەپ ئويلىشاتتى. تېخى توي قىلمىغان بىر ئوبدان يىگىت تۇرسا، بىر ئەردىن چىققان چوكان بىلەن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئارىلاشسا بولىدۇ، توي قىلسا بولمايدۇ، دېيىشەتتى. بەزى ئىچى يامان ئاياللار يۈزۈمدىن يۈزۈمگە: بەزىلەرنىڭ ھۈنىرى بار، توي قىلمىغان، ئۆزىدىن كىچىك يىگىتلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋالايدۇ، دېيىشەتتى. ھەممىسىلا ئوتتۇرىمىزدا رەسمىي بىر مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنمەيتتى.

— ئاخشاملىرى ياتقىدىن چىقالماي، كۈندۈزى بىر قازاننىڭ تامىقىنى بىللە يەپ يۈرۈشكەنغۇ. ئايدەك چوكان بىلەن چوپچوڭ بىر يىگىت كېچىچە گازىر چېقىپ ئولتۇرۇشۇپتىمۇ، بەز يېمەيدىغان مۇشۇك بولامدۇ، — دېيىشەتتى. ئائىشە ھەدەم مېنى ئىتتىكرەك بىر قارارغا كېلىشكە ئۈندەپ، بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

— ئىككىلەنمەي، توي قىلىپلا بۇ گەپلەردىن قۇتۇلۇڭ. تويلا قىلساڭلار بۇ خەقنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ. ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بىكاردىن - بىكار يامان ئاتلىق بولۇپ قالىسىز، بۇ خەق ئەرلەرگە گەپ قىلالمىغان بىلەن ھەممە گۇناھنى ئاياللارغا ئارتىدۇ. بېشىڭىزنى ئاغرىتىپ خىزمىتىڭىزنى جايىدا ئىشلىشىڭىزگىمۇ يول قويمايدۇ، — دەيتتى.

1964 - يىلىنىڭ باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. تەبىئەتنى، تاغلارنى، زېمىننى ئويغاتقان باھار ئىنسانلىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ئويغاتماي قالامدۇ. باھار ئېتىز - قىر ۋە باغلاردىن ئىللىپ كۆبجۇگەن نەم تۇپراقنىڭ، چىرىگەن قىغنىڭ، يېڭى ئېچىلغان ئۈزۈم تاللىرىنىڭ، ئۆت - چۆپلەرنىڭ، بىخ سۈرۈۋاتقان دەرەخلەرنىڭ پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماقنى غىدىقلايتتى. خۇددى سېھىرلىك گۈچى دورىدەك جىمىكى جانلىقنى روھلاندۇرۇپ ھەر خىل كويغا سالاتتى. باھار پەسلى ئەنە شۇنداق ئاجايىپ پەسىل ئىدى. ئارقىدىنلا باغلار، ئېتىز - قىرلار، دۆڭلۈكلەرنى چېچەك قاپلايتتى. زېمىن ئىسسىق، شېرىن گۈل - چېچەك ھىدىغە تولاتتى. كېيىنەك، ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچۇشقا باشلايتتى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇلار شارقىراپ ئاقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ گويا تەنتەنىلىك باھار مېلودىيەسىنى ھاسىل قىلاتتى. يىراقتىن ئاستا ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ مېلودىيە بارا - بارا ئەۋجىگە چىقاتتى. بېشىڭنى قايدۇرۇپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىڭنى ئىگىلەيتتى.

بۇ، ئوغۇز ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى تۆتىنچى باھار ئىدى. ھاۋا ئىللىغاندىن بۇيان مەكتەپ بېغىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ سەھراغا قاراپ سوزۇلغان دەرەخلىك

يولدا نىشانسىز ھالدا مېڭىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. يول تىپتىنچ، ئادەمسىز ئىدى، يىراقتىكى مەھەللىلەردىن ئېيشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى، توخۇلارنىڭ قاقاقلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دولىسىغا كەتمەن ئالغان بىر دېھقان ئېتىزلارنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. يولنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى بېدىلىكتە بىر قوڭۇر كالا بىلەن بىرنەچچە قوي جىمجىت ئوتلاۋاتاتتى. بۇ دەل ئوغۇز ئىككىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مەنزىرە ئىدى. مەن مۇشۇ مەنزىرە ئىچىدە يۇرتۇمدىن ناھايىتى يىراق بىر جايدا تۆت يىلنى ئۆتكۈزدۈم. مۇشۇ باھاردا مەن ئوغۇزنىڭ مەندىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ روھى تەسەۋۋۇرۇمدىكى يىراق بىر يۇلتۇزدا راستىنلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەمدى قايتىلانمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە، ھەممىنىڭ گۈزەل ئەمما، ئېچىنىشلىق ئەسلىمىلىرىمنىڭ چۈشلىرىمدىكى يېلىنجىشىغا ئايلانغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. رېئاللىقا تەن بېرىش مېنى خاتىرجەم قىلىپ قويغانىدى. مەن كۆز ئالدىمدا تۇرغان مەسئۇدنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە يۈزلىنەلەيدىغان، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايقىيالايدىغان بولدۇم. مەندىكى ئۆزگىرىشنى مەسئۇدمۇ سەزمەي قالمىدى. ئەمما، ئالدىراپ يېقىنلاشمىدى. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى يىراقتىن كۆزىتىپ يۈرۈشەتتۇق. بىراق، مەن ئۆزۈمدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ بىر قارارغا كېلىشكە موھتاج ئىدىم. مەن تېخىچىلا قورقۇپ تۇراتتىم. مۇشۇ يېشىمغىچە بىر مۇنچە ئىشنى بېشىمدىن كەچۈرگەن بولساممۇ، يەنىلا شۇنچىلىك تەجرىبىسىز، ساددا ئىدىم.

ئېتىزلار ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ نېرىسى شالاڭ دەرەخ ياكى قومۇشلار بىلەن قاپلانغان ئېگىز - پەس دۆڭلۈك ئىدى. مەن يۈنىلىشىمنى ئۆزگەرتىپ ئوڭ تەرەپتىكى ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۆستەڭ بويىدىكى يالپۇز ھىدى گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئوت - چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ بىرپەس ھاردۇق ئالدىم. سالقىن ھاۋا جاننى ھۇزۇرلاندۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىن سۇ يۈزىگە ئېسىلىپ چۈشكەن مەجنۇنتاللار غۇر - غۇر شامالدا ئاستا تەۋرىنەتتى. شۇ چاغدا ئەتىگەندىن بۇيان مەسئۇدنى ئويلاۋاتقىنىمنى سەزدىم. ئۇنى كۆرگۈم كېلىۋاتاتتى. بۇ تۇيغۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ھەتتا مەسئۇد ئېتىز ئارىلاپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ بۇنىڭ پەقەت خىيال ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولاتتى.

كەچتە تاماق ئېتىپ ئائىشە ھەدىنى چاقىردىم. تاماق يەپ بولۇپ ئۇ يەنە كونا گەپنى تەكرارلىغىلى تۇرغاندا، مەن ئۇنىڭغا يەنە مەسئۇدنى ياراتماي ئەمەس، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس دەپ قارىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ:

— ئەمىسە مەسئۇد قىزدىن بىرنى تېپىپ توي قىلسۇن، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ ئالدىڭىزغا كەلسە ماقۇل دەمسىز؟ ساراڭ قىز، مەسئۇدنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى سىز! ئۇ ئەگەر ئۆيلىنىمەنلا دەيدىغان بولسا ئەتراپىدا نى - نى قىزلار بار. ئۇ شۇلارغىمۇ نەزەر سالماي سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى.

مەن مەسئۇد باشقا قىزلار بىلەن توي قىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ جىم بولۇپ كەتتىم.

— ئەسلىي مەن سىزگە بۇ گەپنى دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئەمما، ئاڭلاپ قېلىڭ. مەسئۇد راستتىنلا شۇنداق قىلماقچىمۇ بولغان، قىزدىن بىرنى تېپىپ توينى قىلىپلا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغان. ئەمما، ئۇ بۇنداق قىلسام گۇناھسىز بىر قىزغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدىكەنمەن، دەپ بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن. سىز بىر ئادەمنى شۇنچىۋالا قىينامسىز. ئۇ تېخى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان دوستى ئارقىلىق يۆتكىلىپ كېتىدىغان ئورۇنمۇ تېپىپ بولغان. ئەمما، ئۇ سىزنى دەپ ۋىلايەتكىمۇ كەتمىدى، سىزنى دەپ! سىز ماڭا راست گېپىڭىزنى قىلىڭ، كۆڭلىڭىزدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراقمۇ ھېسسىيات يوقمۇ؟ سىزنىمۇ مەجبۇرلىغىلى بولمايدۇ ـ دە. ئۇنداق بولسا ئۇ يۆتكىلىپ كەتسىمۇ كەتسۇن، — ئائىشە ھەدە ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى. مەن بىردىنلا قورقۇپ كەتتىم:

— ياق ـ ياق! ئائىشە ھەدە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن. ياخشى كۆرگەچكىلا، ئۇنى......

— ھەببەللى، — دېدى ئائىشە ھەدە ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، — ئەمدى ئەقلىڭىزگە كەلدىڭىز ساراڭ قىز. ئەسلىي بۇرۇنلا ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. مەن بۇنى بىلەتتىم، ئائىشە ھەدىڭىزدىن سىر يوشۇرالامتىڭىز، ئەمدى قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ! — ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا نېمىشقىدۇر بېشىم قايغاندەك بولۇپ كەتتى. ئائىشە ھەدە خۇشال بولۇپ توختىماي سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ سېمىز ئوغلى ئاغزىمىزغا قاراپ ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئەتىسى مەسئۇد ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن خىجىل بولغاندەك بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي يۈردۇق. چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە، سىمىز ئوغۇل بىرنىمىلەرنى دەپ چۇرقىراپ ئالدىمغا كەلدى. قولىدا تۇمارچىلاپ قاتلانغان قەغەز بار ئىدى. قەغەزنى ئاچسام: «ئۆستەڭ بويىدا كۈتىمەن» دېگەن خەتلەر كۆزۈمگە تاشلاندى. ياتاققا كىرىپ ئۇچامدىكى قارا كۆڭلىكىمنى سېلىۋېتىپ، ئۇششاق گۈللۈك ھاۋارەڭ كۆڭلىكىمنى كىيدىم. چېچىمنى تاراپ، يۈزۈمگە سۇس بىر قەۋەت ئۇپا سۈرتۈپ بولۇپ ئەينەكتىكى ئۆزۈمگە قارىدىم.

ئەسلىدىلا سۇزۇك تېرەم تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەندى. قەلبىمدىكى ھاياجان كۆزلىرىمنى باشقىچە نۇرلاندۇرۇپ، ئىككى مەڭزىمدە سۇسقىنە تەبىئىي قىزىللىق پەيدا قىلغانىدى. مەن ئەينەككە تەكرار سىنچىلاپ قارايتتىم. ئۇنىڭدىن ئاشۇ بەختسىز بىر كېچىنىڭ ئىزلىرىنى تاپماقچى بولاتتىم. ئەمما، ئۇ ئىزلار ئاللىقاچان ئۆچكەن، قەلبىمدىكى جاراھەتلەر پۈتۈنلەي يۇيۇلۇپ، ياشلىق گۈزەللىكىم قايتا جىلۋە قىلىشقا باشلىغانىدى.

ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان بودەكنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ سۆيۈۋالدىم. مەكتەپ بېغىدىن، ئېتىزلاردىن پەرىشتىلەردەك ئۇچۇپ ئۆتتۇم. ئۇ يەردە، ئۆستەڭ بويىدا مېنى بەخت كۈتۈۋاتاتتى. مەسئۇدنى ئۆستەڭ بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندىم. تۇرقىدىن ئۇ بىر ئىش ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا بېرىپ، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇردۇم. مەن ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆرۈپلا

ھەيران بولۇشىنى، ماڭا بىرەر گەپ قىلىشىنى كۈتتۈم. ئۇ نېمىشقىدۇر بېشىنى كۆتۈرمەيتتى. ئاخىر چىدىماي «ئۆھۇ!» دەپ يۆتەلدىم. شۇ چاغدىلا ئۇ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى سەل ئۆسۈپ قالغانىدى. چىرايىدىن مەيۈسلۈك ۋە ئويچانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز...... مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ساپ ـ ساق تۇرۇۋېتىمەنغۇ.

— ئەمىسە...... مەندىن رەنجىپ قاپسىز ـ دە؟

— رەنجىمەيتتىم ئەمىسە!

بىردىنلا كاللامدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى.

— نېمە؟! نېمە بولۇپ؟

— سىز ئائىشە ھەدىگە نېمە دېدىڭىز؟

— نېمە دەپتىمەن؟ يامان گەپ قىلغىنىم يوققۇ؟

— ياق، يامان گەپ قىلىپسىز، بەك يامان، ئاڭلاپ كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

— مەن...... ؟ سىز توغرۇلۇق...... ؟

— شۇ گېپىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاي، يەنە بىر دەپ بېقىڭچۇ، مەن سىزنىڭ شۇنداق گەپنى قىلغىنىڭىزغا ھېچ ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

قوشۇمامنى تۈرۈپ، كاللامنى ھەرقانچە ئاختۇرساممۇ ئۇنى رەنجىتكۈدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلغىنىمنى ئەسلىيەلمىدىم. تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— مەن ئائىشە ھەدىگە باشقا گەپ قىلمىدىم، پەقەت شۇ سىزنى......

— نېمە؟ مېنى نېمە دېدىڭىز؟ — ئۇ جىددىيلەشكەندەك ئالدىراپ سورىدى.

— سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدىم شۇ.
— ئىشەنمەيمەن، يەنە بىر دەڭا!

......

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ گېپىمنى توختىتىۋالدىم. رەنجىش نۆۋىتى ئەمدى ماڭا كەلگەندى.

مەسئۇد ئىتتىك قوپۇپ يېنىمغا كەلدى، ئۇ ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

— شۇ گېپىڭىز راستمۇ ھەدىيە؟ سىز مېنى راستتىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورايتتى. مەن بويىنۇمنى بۇراپ، قوللىرىمنى ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجراتماقچى بولۇپ ھەدەپ تىركىشەتتىم. تىركەشكەنچە قىلىتاقتا ئىلىنغان قۇشتەك جانسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىر ھەممە تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىندىم. ئۇنىڭ كەڭ، قاۋۇل گەۋدىسى تامدەك، توساقتەك يوللىرىمنى توسۇۋالغانىدى. ئۇ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ:

— ھەدىيە، بىز دەرھال توي قىلايلى، يەنە كېيىنگە سۈرسىڭىز مەن ئەمدى چىدىيالمايمەن، — دېدى.

— چىدىيالماي نېمە بولۇپ كېتىدىكەنسىز، قېنى بىر كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟

— مېنى يەنە قىينىسىڭىز ئۆلۈپ قالىمەن......

بۇ گەپتىن شۇنچىلىك قورقتۇمكى، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئاغزىنى ئىككى قولۇم بىلەن ئېتىۋالدىم. مۇشۇكتەك بىچارە قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرغان مەسئۇد چاقماق تېزلىكىدە قوللىرىمنى مۈرىسىگە قويدى. مەن ئۆزۈمنى ئوڭلاپ بولغۇچە بېشىمنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋېلىپ لەۋلىرىمگە لېۋىنى باستى. قوللىرىم سۇغا غەرق بولغۇچىنىڭ قولىدەك

بىر ـ ئىككى پۇلاڭلىدى ـ دە، جىمىپ قالدى. لەۋلىرىمىز ئاجراپ، ھاسىرىغىنىمىزچە بىرپەس قارىشىپ تۇرۇشتۇق. ئۇسسۇزلۇقى قانمىغان يولۇچىدەك لەۋلىرىمىز يەنە بىر قېتىم جۇپلەشتى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىدىن تەستە ئاجراپ چىققىنىمدا ئاغزىمدىن ئۆزۈم پەقەت كۈتمىگەن بىر سۆز چىقتى:

—...... ئەسكى!

گويا قېچىشقا تەييارلانغاندەك نېرىراق بېرىپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ:

— ماڭا جاۋاب بېرىڭ ھەدىيە، — دېدى.

— مەسئۇد، مەن سىزدىن چوڭ......

— سىز شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ باردىڭىز، مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ باردىم. شۇڭا، سىز مەندىن ئۈچ يىل بۇرۇن خىزمەتكە چىقتىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ، ھەدىيە، تېخى مەن سىزدىن چوڭراق بولۇشۇم مۇمكىن.

— مەن...... توي قىلغان.

— كەچۈرمىشىڭىزنى ئائىشە ھەدىدىن ئاڭلىدىم. مېنىڭ نەزەرىمدە سىز ئىنتايىن پاك بىر قىز. مەن بىر مىنۇتلۇق قىزلىق ئۈچۈن توي قىلمايمەن، ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك جورا تاللايمەن. مەن سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. سىزسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

— ئىككىمىزنىڭ بويى ماس كەلمەسمىكىن، مەن بەك ئېگىز......

— مەنمۇ سىزدىن پاكار ئەمەس. بىراق، شۇنى سورىۋالاي، بوي سىز ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممۇ؟ بويۇم گەرچە

بەك ئېگىز بولمىسىمۇ، ئۆزۈمنى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى دەپ ھېسابلايمەن. باشقا كۈن كەلسە مەن سىزنى جېنىمنى تىكىپ تۇرۇپ قوغدىيالايمەن، ھەرگىز تاشلاپ قاچمايمەن.

......

بىز بىر ھەپتىدىن كېيىن توي قىلدۇق. مەسئۇدنىڭ كارىۋىتىنى مېنىڭ ياتىقىمغا يۆتكەپ ئەكىرىپ، ئىككى كارىۋاتنى جۈپلەپ قويدۇق. يىغقان بارلىق پۇللىرىمىزنى قوشۇپ سېتىۋالغان ئانارگۈلى نۇسخىلىق گىلەم قوش كارىۋىتىمىزنى گۈلزارلىققا ئوخشىتىپ قويغانىدى. كارىۋاتنىڭ تۆرىگە قىزىل تاۋار تاشلىق يوتقان، بىر جۈپ دۇخاۋا كۆرپە بىلەن ئاپپاق پەر پاستۇق قىر چىقىرىپ تىزىپ قويۇلغانىدى. دېرىزىگە تارتىلغان رېشىلىيەلىك قىسقا پەردە بىلەن سۇس ھاۋارەڭ گىرىپىتىن تىكىلگەن ئۇزۇن پەردە يېڭى ئۆيىمىزگە خىيالىي، رومانتىك تۈس بەرگەنىدى.

ئىككىلىمىز ياقا يۇرتلۇق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن خىزمەتداشلىرىمىزدىن باشقا مېھمانلىرىمىز ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، تويىمىز چوڭراق بىر ئىشخانىدا ئۆتكۈزۈلدى. تام ياقىلىتىپ تىزىلغان ئۈستەللەرگە گازىر - پۇرچاق، مۇشۇ يەرنىڭ دۇكانلىرىدىن تاپقىلى بولىدىغان قارا كەمپۈت، پېچىنە، ياڭاق، گۈلە - قاق قاتارلىقلار تۆكۈپ قويۇلغانىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ چوڭ قازىنىدا ھېلىلا سويۇلغان ئەركەك قوينىڭ گۆشىدە ئېتىلگەن قورداق مەززىلىك پۇراق تارقىتىشقا باشلىغانىدى. بوينىغا تاۋاردا ياسالغان قىزىلگۈل ئېسىپ قويۇلغان يۇمىلاق ساپال كومزەكمۇ بىر چەتتە نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتى. بىر خانىم يۇزۇمنى غىجىم رومال بىلەن

يېپىپ قويماقچى بولغانىدى، سىياسىي ئىدىيەۋى خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر ئاچچىقلاپ ياپقىلى قويمىدى. مەنمۇ رومال ئىچىدە يالغان يىغلاپ ئولتۇرىدىغان ئىشلارنى ياقتۇرمايتتىم. مەسئۇد بىلەن ئۆزۈم خالاپ خۇشاللىق ئىچىدە توي قىلىشۋاتىمەنغۇ.

تويىمىزغا مۇئاۋىن مۇدىر رىياسەتچى بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى بىرەر قۇر خۇلاسىلەپ، مەسئۇد ئىككىمىزنى ياشلارنىڭ «سەرخىللىرى» دەپ ماختاپ، مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە ياچېيكىسى نامىدىن تويىمىزنى تەبرىكلىدى. ئارقىدىنلا مۇدىر سۆز ئېلىپ، خۇددى مەجبۇرلىنىۋاتقاندەك يېقىمسىز ئاھاڭدا ئىككى ئېغىز سۆزلىدى ۋە قۇرۇق يۆتىلىپ، قانداقتۇر «مۇھىم» ئىش تۇپەيلى ئاخىرىغىچە ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سورۇندىن غايىب بولدى. تويىمىز ئەنە شۇنداق باشلاندى. قالغان مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن تويىمىزنى مۇبارەكلەپ، «ئىنقىلاب ئۇچۇن» تېززەك بالىلىق بولۇشىمىزغا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرۈشتى. قىزىق گەپلەر، چاقچاقلار بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ مۇسەللەس توشقۇزۇلغان پىيالە ئايلانغانچە كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ كۈلكە ـ چاقچاق تورۇسنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك بولدى. قورداقتىن كېيىن سازچىلار سازلىرىنى تىرىڭشىتىشقا باشلىدى. ياش بىر مۇئەللىم سازنى تەڭشەۋېتىپ مۇڭلۇق، قىسقا بىر كۈيگە چالدى. تەمبۇرنىڭ تارى تىترەۋاتقاندا نېمىشقىدۇر يۈرىكىممۇ تىترىدى. ئۆتكۈنچى، قىسقا بۇ كۈي خۇددى گۈزەل ئەمما، ئېچىنىشلىق ئەسلىمىدەك يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ

ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى گۈزەل، شوخ كۈيلەر ياڭراشقا باشلىدى. هەر دائىم ساز تىرىڭشىپ بولغۇچە ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدىغان هەم هەممىدىن بۇرۇن مەست بولۇپ ئۇخلاپ قالىدىغان ئاۋۇت مۇئەللىم بىرىنچى بولۇپ سورۇنغا سەكرەپ چۈشتى. ئۇ قىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، مەست بولۇپ قالسىلا بىر تال پىشاڭ بىلەن يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغىتىۋېتەلەيمەن، دەپ سۆزلەپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنىڭغا «ئارخىمېد» دەپ لەقەم قويۇۋېلىشقانىدى. ئۇ ئۇسسۇلنى خۇددى بېقىنى ئاغرىۋاتقاندەك سول تەرىپىگە قىيسىيىپ تۇرۇپ، ئۇششاق هەرىكەتلەرنى قوشۇپ ناهايىتى غەلىتە ئوينايتتى. يەنە كېلىپ تازا ئۇستا ئۇسسۇلچىلارنى تارتىپ، ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. مۇئاۋىن مۇدىر «ئارخىمېد» نى ئوتتۇرىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ مەسئۇد ئىككىمىزنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىۋىدى، سورۇندىكىلەر ئۇنى قوللاپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. مەن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەپ پەس پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغانىدىم. ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينىيالمىساممۇ، بىرنېمىلەرنى قىلالايتتىم. مەسئۇدنىڭ ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇرسام، ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپلا مۇرىسىنى لىكىلدىتىپ ئۇسسۇلنى شۇنداق چىرايلىق باشلاپ كەتتىكى، ئۇنىڭغا ماسلىشالماي خېلى تەرلىدىم. سورۇندىكىلەر ئىككىمىزنى ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىشىپ ئولتۇرغۇزمىدى. مىڭ تەستە ئابدۇللا مۇئەللىم بىلەن زورەم خانىمنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، جايىمىزنى تېپىۋالدۇق.

ئۇ ئاخشىمى ناهىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىككى سازچىسى بىلەن ساز چېلىشنى بىلىدىغان بىرنەچچە

خىزمەتدىشىمىز تەڭكەش قىلىشىپ ھېلى شوخ ئۇسسۇل ئاھاڭلىرىغا چالسا، ھېلى مۇڭلۇق ئىلى ناخشىلىرىغا، گاھ زامانىۋى ناخشىلارغا چالسا، گاھ مۇقام پەدىلىرىگە چېلىپ سورۇننى ئاجايىپ قىزىتىۋەتكەنىدى. مېھمانلار ئۆزىنى ئۇنتۇپ پۇخادىن چىققۇچە ئويناشتى. تاتارچە جىرلار، ئادىنوشكىلارمۇ چالا قالمىدى. ئارىدا بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە تۇك تۇختاپ قالغاندىمۇ جىنچىراغ، شام ياندۇرۇپ، دېرىزىلەرنى يوغان ئېچىۋېتىپ، «قاراڭغۇدا تېخىمۇ رومانتىك بولىدۇ» دېيىشىپ ئويناشقانىدى.

كەچ سائەت 10 لاردىن ئاشقاندا كۆپچىلىك ناخشا ــ ساز بىلەن بىزنى يېڭى ئۆينىڭ ئالدىغا ئۇزىتىپ كەلدى. ئائىشە ھەدە بىلەن بالىلىرى يېڭى ئۆيىمىزنى ئىچىدىن تاقىۋالغان ئىكەن، ئەتراپىمىزدىكىلەر ناخشا ــ قوشاق، قىزىقچىلىقلار بىلەن ئۇلارنى ئالداپ ئىشىكنى ئاچۇرماقچى بولاتتى. ئىچىدىكىلەر سىرتىكىلەرگە تۈرلۈك شەرت قوياتتى. بۇ چاغدا قورۇ ئىچىدە تاماشا كۆرىدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىر قىسىم ياشلار قىيا ــ چىيا قىلىشىپ مەسئۇد ئىككىمىزنى ھەدەپ ئىشىك ئالدىغا قىستاپ، بىزنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. قارىغاندا بۇ «قىيىن ــ قىستاق» خېلى بىر ۋاقىت داۋام قىلىدىغاندەك تۇراتتى. مەسئۇد ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىچىدىكى بودەكلەرگە پارچە پۇللارنى بېرىپ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلدى، ئىشىك شۇ ھامان ئېچىلىپ، بىرمۇنچە ئادەم ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ۋە ناخشا ــ سازلىرى بىلەن ئۆيگە قىستىلىپ كىردى. ئويۇن يەنە بىرپەس داۋاملاشتى. تاكى ئائىشە ھەدە:

ــ ۋوي ئۆزىنى بىلمەسلەر، يەنە قاچانغىچە

ئولتۇرسىلە؟ خەقلەرمۇ ئارام ئالمامدۇ ئەمدى! ــ دەپ قوغلىغاندىلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، ئاشكارا ھەم ياپتا گەپلەر بىلەن تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

كىشلەر تويدىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە «مەسئۇد بىلەن ھەدىيەنىڭ تويى ئەجەب قىزىغاندى ـ ھە!» دېيىشىپ يۈردى. كۆپ ئۆتمەي تويىمىزدا ئېيتىلغان ئاشۇ ناخشا ـ مۇزىكىلار ئۇن يىللاپ چەكلەندى. تويلاردا ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ ئورنىغا «ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر» يادلىنىدىغان، قىز ـ يىگىتكە «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى» سوۋغا قىلىنىدىغان بولدى.

## 16

كەچلىك چاينى بالكوندا ئولتۇرۇپ ئىچتۇق. ئادىتىمىز بويىچە كەچتە بىر كېسىمدىن نان ۋە تاتلىق ـ تۈرۈمدىن باشقا بىر پىيالىدىن سۈلۈ ئۇمىچى ئىچەتتۇق. لالە ئۇماچ ئىچىۋېتىپ، سۈلۈنىڭ نېمىلىكىنى سورىدى. مەن شۇ ھامان كىچىك ۋاقىتلىرىمدا دادامنىڭ كۆيتۈندىكى كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلىرىدا چالغا بىلەن سۈلۈ ئورغىنىنى ئەسلىدىم. ئەمما، ئۇ ھەقتە ئەتراپلىق بىرنەرسە دەپ بېرىشكە ئاجىز ئىدىم. كۈتمىگەندە مەسئۇد سۈلۈنى شۇنچىلىك ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ كەتتىكى، نەۋرە قىزىمىزنىڭ سۈزۈك كۆزلىرىدە پىشىشقا باشلىغان سۈلۈلۈقلاردەك سارغۇچ يېشىل نۇر دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. ئارقىدىن بۇ نۇر چوڭ دادىسىغا بولغان ئامراقلىققا ئۆزگەردى. ئۇ ئەركىلەپ:

ــ چوڭ دادا، سەن بىيولوگىيە دەرسىنىمۇ ئۆتۈپ

باقىقانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، قىزىم، مەن سەندەك ۋاقىتلىرىمدا بىيولوگىيە مۇئەللىمى ماڭا ئامراق ئىدى، مېنى كالىلىسى ئۆتكۈر دەپ ماختايتتى. شۇڭا، مەن بىيولوگىيەنى ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، چوڭ بولغاندا بىيولوگ بولىمەن، دېگەن ئارزۇلاردىمۇ بولغان......

بوۋا بىلەن نەۋرە پاراڭلىشىۋاتقان بۇ مەنزىرە، بۇ دەقىقە ناھايىتى گۈزەل ئىدى. بۇ مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۇلارغا جىمجىت قاراپ ئولتۇردۇم.

ئارقىسىغا تارالغان شالاڭ كۆل رەڭ چاچلار، ئىككى قۇيرۇقى سەلگىنە ئۇستىگە قايرىلغان قويۇق قاشلار ئاستىدىكى ئەقىللىك، ئىللىق كۆزلەر، قىسقا بۇرۇت، كەڭ يەلكىسىگە يارىشىپ تۇرغان كۆل رەڭ پوپايكىسىنىڭ ياقىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپپاق ياقا...... مانا بۇ 45 يىلدىن بۇيان مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ كېلىۋاتقان، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزۈپ قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان ئەر. ئۇ ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ھەم شۇ قەدەر ناتونۇش. شۇنچىلىك چۈشىنىشلىك ھەم شۇ قەدەر سىرلىق، خۇددى ئوقۇپ مەڭگۈ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان كىتابتەك ئۇ دائىم مەن ئويلىمىغان يەردىن چىقىدۇ. خۇددى بۈگۈن ئۇنىڭ كىچىكىدىكى بىيولوگ بولۇش ئارزۇسىنى بايقىغىنىمدەك، پات - پاتلا ئۇنى قايتىدىن تونۇشقا مەجبۇر بولىمەن. مەن توي قىلغان كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ بايقىدىم، ھەتتا ھازىرمۇ بايقاپ تۇرىمەن. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇ مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بەزىدە خاپا قىلىپمۇ قويىدۇ، ئەمما،

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن.

ئۇ ھېلىمۇ قاۋۇل، ساغلام كۆرۈنىدۇ. ئىلگىرى كوچىلاردا كېتىۋاتساق كىشىلەر ماڭا بۇرۇلۇپ قارىشاتتى، ھازىر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ. بەزى مېھماندارچىلىقلاردا ياش توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالسا، ئاياللار ئۇنىڭ 70 ياشقا كىردىم، دېگىنىگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ. بىر قېتىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سورەتكە ئېلىش زالىدا بىر يېقىنىمىز تونۇشتۇرۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىمىگە قاتناشقانىدۇق. فىلىم ئىشلىگۈچىلەر بىزنى كۆرۈپ: «ئىككىڭلار نېمىدېگەن قاملاشقان ھەم ماس كەلگەن بىر جۈپلەر ـ ھە!» دەپ كېتىشكەنىدى.

شۇنداق، مەن توي قىلغان كۈندىن تارتىپلا ئىككىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزنى تولۇقلاپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى، ئارىمىزدا بىر خىل تەبىئىي ماسلىقنىڭ بارلىقىنى تۇيغان. مېنىڭ مىجەزىم چۇس، ئاغزىم ئىتتىك تەرەپلىرىمنى ئۇ تىزگىنلەپ تۇرسا، ئۇنىڭ بىغەم ـ بىپەرۋالىقىنى مەن تولۇقلايتتىم. مەن كۆڭلۈمدىكىنى تۇپتۇز دەۋېرىپ كىشىلەرنى ئاسان رەنجىتىپ قوياتتىم. ئۇ ماڭا پەم ـ پاراسەت بىلەن سۆز قىلىشنى ئۆگىتەتتى. مەن گەرچە ئۇنىڭدەك ئەگىتىپ سۆزلەشنى ئۆگىنەلمىگەن بولساممۇ، كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان سۆزلەرنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىشنى ئۆگەندىم. ئۆيىمىزدە ئۇرۇش ـ جېدەل، كۆڭۈل ئاغرىقى بولمايتتى. خېلى ـ خېلى كۆڭۈلسىز ئىشلارنىمۇ بىر ئېغىز قىزىق پاراڭ بىلەن كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش ئۇنىڭلا قولىدىن كېلەتتى. بىز بىر مەزگىل ئىنتايىن بەختلىك، شېرىن كۈنلەرنى

ئۆتكۈزدۇق. بىراق، بەختلىك كۈنلىرىمىزگە ئەگىشىپلا كەلگەن قارا كۈنلەردە، بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىرىمىزدە جۇدالىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ چىڭىپ ھەم كۈچىيىپ، بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان، ئاياديغان بولۇپ كەتتۇق. بەزىدە ئاشۇ ئادالەتسىز، جاپالىق كۈنلەردىكى ئۆزئارا ئىنتىلىشلىرىمىز، سېغىنىشلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ. ئەمدى تەكرارلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ ئەسلىمىلەر مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر قەدىرلىك ھەم بىباھا.

لالە ئىككىمىز قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانىنى تازىلىۋەتتۇق. ئۇنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ئىدى. قاچا تۇتقان قوللىرى تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تېخى ھېلىلا شۇنچە خۇشال ـ خۇرام ئىدىغۇ. بۇ ئۇنىڭ بايا ئالغان تېلېفونى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ھودۇقىدۇ، تىترەيدۇ؟ مەن گۈدەك قىزلار تۇنجى قېتىم ھېسسىيات سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى تېخى بالا دەپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ھېچكىم كۈتمىگەن ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغانلىقىمۇ ماڭا سىر ئەمەس.

لېكىن، مەن نەۋرە قىزىمنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشىنەلمەيمەن. ئۇنى ياراتقۇچى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئۇ تېخى كىچىك، شۇنچىلىك ساددا ھەم گۆدەك.

لالە تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. مەن ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا بىرى بىلەن

ئۇزاق سۆزلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. كېيىن، ئۇ جىم بولۇپ كەتتى. راستتىنلا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدىغاندۇ ياكى ئۇخلاپ قالغاندۇ.

مەسئۇد كۆندىكىدەك شاھمات ئوينىغىلى ماڭدى. مەن يەنە بالكونغا چىقىۋالدىم. قىزىم ئېلىپ بەرگەن قىزىل رەڭلىك نېپىز تىۋىت شارپىنى يەلكەمگە ئارتىپ ياتما ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بالكون ئەينەكلىرى كەچكى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدا ۋالىلداپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇنى ناھايىتى پاكىز سۈرتۈپتۇق. لالە ئىككىمىز يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تام - تورۇس، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تازىلىدۇق. تېخى ئالدىنقى يىلى ئۆزۈم ئاقلىغان تام - تورۇس بىلەن دېرىزىلەر تۇجۇپىلەپ سۈرتۈلگەندىن كېيىن ئۆي ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. لالە مېنىڭ ئۆينى ئۆزۈم ئاقارتقانلىقىمغا زادى ئىشەنمىدى. تاملارنى سۈرتمەن دەپ ئورۇندۇققا چىقىۋالسام، قورقۇپ جېنى چىققۇدەك بولدى. ئۇ مېنىڭ ئۆي ئاقارتىشقا نەقەدەر ئۇستا ئىكەنلىكىمنى، ياش ۋاقىتلىرىمدا توققۇز ئايلىق بولغان قورسىقىمنى كۆتۈرۈپ قانداق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلغانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن.

تۇنجى قېتىم ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا مەسئۇدنىڭ ھاياجاندىن قىپقىزىل بولۇپ (ئۇ ھاياجانلانغان چاغلىرىدا قىزىرىپ كېتەتتى) ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكىنى، يېرىم كېچىدە «ئەجەب ئالما يېگۈم كېلىپ كەتتى» دېسەم، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ چىقىپ كېتىپ نەدىندۇر بىر سېۋەت ئالما ئەكېلىپ بەرگىنى، ئۆزۈم تىكىۋالغان كۆكرەك پۇرمە كۆڭلەكنى كىيىپ، قورسىقىمنى يومپايتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئادەم مىغ - مىغ بازاردا يۈرگىنىم،

369

ئۇنىڭ مېنى قوغدايمەن دەپ ھارۋىكەشلەر بىلەن ۋارقىرىشىپ كەتكەنلىرى، تولغاق تۇتقان ئاخشىمى مېنى ۋېلسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغىنى، يولدا قاتتىق ئاغرىقتىن ۋېلسىپىتتە ئولتۇرالماي قالسام، ۋېلسىپىتنى يول بويىدىكى بىر ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ، مېنى يۆدۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغىنى......

مەن ناھايىتى ئۇزاق قىينىلىپ سەھەرگە يېقىن بىر قىز تۇغقانىدىم. كېچىچە تۇغۇتخانىنىڭ كارىدورىدا ساقلاپ ئولتۇرۇپ قىيا - چىيا ئاۋازلاردىن قورقۇپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان مەسئۇد قىزىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپلا توسۇشلارغا قارىماي تۇغۇتخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ تۇغۇتخانا ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ كېچىچە مەن بىلەن بىرلىكتە ھايات - ماماتلىق ئۆتكىلىدە جەڭ قىلغان، ئۇ، قىزىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكى ئاپانچىلىق ھالىتىنى، قىپقىزىل، تۇرۇم - تۇرۇم بولۇپ جىنىنىڭ بارىچە يىغلىشىنى، يۇمشاق سارغۇچ چاچلىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇ مەن بىلەن بىر ياتاقتىكى تۇغۇتلۇق ئاپالنىڭ ئېرى ئاپالىغا قارا توخۇ شورپىسى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا، مېنى سېستىرالارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ماڭىمۇ قارا توخۇ شورپىسى قاينىتىپ ئەكېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن تاڭ سەھەردە قارا توخۇنى نەدىن تاپقانلىقىنى سورىسام، «ئائىشە ھەدىلەردىن توخۇسىنى سوراي دېسەم، ئورنىدىن تېخى تۇرماپتۇ. كاتەكنى ئېچىپ ئېلىۋەردىم. پۇلىنى بېرىپ قويسام بولىمىدىمۇ» دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلگىنىدىن ئاغزىمدىكى شورپىنى پۈركۈۋەتكەنىدىم. ئائىشە ھەدىلەرنىڭ قارا توخۇسى تۇغۇمچان بولغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ ئەتىۋارلىناتتى. ئۇلار

مەسئۇدنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق توخۇسىغا زىيان سېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان بولغىيتتى. كېيىن، مەسئۇد ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ، توخۇنىڭ پۇلىنى بەرمەكچى بولغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى «بۇ توخۇنى بىزمۇ ئەسلىي ھەدىيەگە ئاتاپ قويغان» دەپ ئالغىلى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، مەن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالماي يۈرگەنىدىم.

ئەتىسى چۈشتە مەسئۇد ماڭا چۈشلۈك تاماقنى ئەكېلىپ بېرىپ، چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ كەلمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن ئارام ئېلىپ ياتسام، ياتاق ئىشىكى چېكىلگەندەك قىلدى. ئارقىدىنلا ئىشىكتىن بۇ يەرلىكلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان ئېگىز، ئورۇق بىرسى كىرىپ كەلدى. بەكمۇ تونۇش، بەكمۇ يېقىن بىر چىراي، تونۇش بىر قامەت. چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك، دەپ قالدىم.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھەدىيە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ تۇنجى پەرزەنتىڭگە مۇبارەك بولسۇن! ــ دەپ كىرىپ كەلگۈچى راستتىنلا يېقىن ساۋاقدىشىم، سىرداش دوستۇم ئاسىم ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ يېقىن تۇغقىنىمنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. تەسىرلەنگىنىمدىن كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ چەت يۇرتتا، تېخى يېڭىلا ھايات ـ ماماتلىق تۇغۇت جېڭىنى باشتىن كەچۈرۈپ، غېرىبسىنىپ ياتقىنىمدا ئۇنى ماڭا خۇدا ئەۋەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ ھازىرمۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاشۇ ژۇرنىلىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن بېرى قوشنا ۋىلايەتتە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان

ئىكەن. تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان بىر پۇرسەت چىقىپ قالغاندا، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى ئۇيلاپ، ئىككىلەنمەي يولغا چىقىپتۇ. ئەتە قايتىپ كېتىدىكەن. مېنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق ئىكەنلىكىمنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، مەن بىلەن كۆرۈشمەي، تونجى پەرزەنتىمنى يوقلىماي كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. مەن بىلىدىغان ئاسىم مانا مۇشۇنداق مېھىر - مۇھەببەتلىك، ئەستايىدىل ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى ئۆز قېرىندىشىمدەك ياخشى كۆرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇمۇ ماڭا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىشلىرىنى بىرەرقۇر سۆزلەپ بولۇپ :

— بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانىدىم، قايتىپ بېرىپلا توي قىلىمەن. ئۇنى كۆرسەڭ سەنمۇ ياقتۇرۇپ قالىسەن، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن، تەلىيىڭ كەلسۇن، — دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئىككىمىز يەنە ئۆتكەن ۋاقىتلارنى، ساۋاقداش، مۇئەللىملىرىمىزنى ئەسلىدۇق، كىملەرنىڭ نەدە، نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنىڭ پارىڭىنى سېلىشتۇق. ئۇ:

— كېرەمنى ج خ نازارىتىنىڭ تۈرمىسىدە ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ بارغانىدىم. بىراق، ئۇ يەردىكىلەر «بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق» دېيىشتى. دېرىكىنى ئالالماي كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغانىدى. قەشقەردە كامالدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھازىر شاياردىكى چوڭ تۈرمىدە ئىكەن. تۈرمىدە بولسىمۇ ھايات ئىكەنلىكىدىن كۆپ مەمنۇن بولدۇم، — دېگەنىدى، مەن:

— كېرەم ئەگەر باشقىچە بىر يولنى تاللىغان بولسا،

جىنىنى ئۆپراتماي، باشقىلاردەك مەدھىيە شېئىرلىرىنى يازغان بولسا ناھايىتى تېزلا نام ـ ئابرۇي، ئەمەل ـ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى، كىچىك تۇرۇپ بۇ كۆڭلەرنىمۇ كۆرمەستى، ــ دېدىم.

ــ بەلكىم شۇنداق بولغان بولاتتى. بىراق ئۇ كېرەم ـ دە! ئۇ ھەرگىز باشقىچە يولدا ماڭمايتتى، ــ دېدى ئاسىم ئويلانغان ھالدا. ئارقىدىن ئۇ يەنە كامال بىلەن نۇرىيەنىڭ كامالنىڭ يالغۇز ئاپىسىغا تارتىشىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ باللىق بولغانلىقى، بىراق نۇرىيەنىڭ قەشقەرگە كۆنەلمەي ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىدە يۈرۈۋاتقانلىقى، كامالنىڭمۇ كىملەرنىڭدۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ خىزمەتتە تازا خاتىرجەم بولالمىغانلىقى...... نى سۆزلەپ بەردى.

ــ قارىغاندا، بايلىقمۇ، چىرايمۇ بەختكە ئاساس بولالمايدىكەن. مەن ئۇلارنى ھەممىمىزدىن بەختلىك ياشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بەلكىم ئۇلارنىڭ بەختكە بولغان باھاسى مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندۇ. ئەمما، مەن مۇشۇ تۇپلىق يۇرتتا ئاددىي، جاپالىق شارائىتتا بەختىمنى تاپتىم. مەن خىزمىتىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، تۇرمۇشتىمۇ بەختلىكمەن، ــ دەپ ئۇنىڭغا مەسئۇدنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردىم. ئۇنىڭ كېيىندە قوشنىمىزنىڭ توخۇسىنى «ئوغرىلاپ» ماڭا قارا توخۇ شورپىسى قايناتقىنى، بەرگەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، ئاسىم ماڭا ئوخشاش كۈلمەي، ناھايىتى ئەستايىدىل قىياپەتتە:

ــ توغرا ـ توغرا، زۆرۈر بولغاندا شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، مانا بۇ ئوغۇل باللىنىڭ ئۆز ئايالى بىلەن پەرزەنتىگە

بولغان مۇھەببىتى، ــ دېدى. ئۇنىڭ گېپى قىزىق تۇيۇلۇپ، «تۇۋا، سىلەر ئەركەكلەرنىز ە...... » دەپ خېلىغىچە كۈلدۈم. ئۇزاق ئۆتمەي مەسئۇدمۇ كەلدى، ئۇ توخۇنىڭ قالغان يېرىمىنى پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەننىكەن. ئۇچىمىز شورپىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتقىنىمىزدا، ئاسمىنىڭ ئاغزىنى تولدۇرۇپ «توغرا - توغرا.....» دېيىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئاغزىمدىكى شورپىنى يەنە بىر قېتىم پۇركۈۋەتتىم. ئۇدۇلدىكى بوۋاقلار ئۆيىدىن بوۋاقلارنىڭ يىغا ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى يىغلىسا، قالغانلىرىمۇ ئويغىنىپ تەڭلا يىغلىشاتتى. ئۇلار ئىككىسى بالىمىزنى كۆرگىلى چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرگەندە ئاسىم:

ــ بوۋاق دادىسىغىلا ئوخشاپتۇ، ــ دېدى. مەسئۇد:

ــ مېنىڭ قىزىمنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن ياڭراق ئىكەن، ئۇ چوقۇم قورقماس، جانلىق بىر قىز بولىدۇ، ــ دېدى.

ئاسىم بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بىز بىلەن خوشلاشتى. ئۇنى قىيالمىغان ھالدا ئۇزاتتۇق.

## 17

كونىلار «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ بىكار دېمىگەن. قىزىمىزنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن بىر ئېغىزلىق تىپتىنچ ئۆيىمىز بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئۆيىمىزدىن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەسئۇد ئىككىمىز ئۇنى قانداق پەس قىلىشنى بىلمەي پاتىپاراق بولۇپ كېتەتتۇق. ئائىشە ھەدە كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ:

— بالىنى بەك ئىسسىق باقماڭ، ئىسسىق كېلىدىغان ياكى ئىچ سۈرىدىغان تاماقلارنى يېمەڭ، كۆپرەك ئېمىتىڭ، ئاندا - ساندا قايناق سۇمۇ ئىچۈرۈپ تۇرۇڭ، — دەپ تاپىلايتتى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلساق قىزىمىزنىڭ يىغىسى بارا - بارا ئازلىدى. قىزىمىز 20 كۈنلۈك بولغاندا بىر ئايال خىزمەتدىشىم بىر بۆشۈك ئېلىپ كېلىپ قىزىمىزنى بۆشۈككە بۆلەپ بەردى. ئەمما، يېرىم كۈن ئۆتە - ئۆتمەي مەسئۇد قارشى چىقتى.

— بىچارىنىڭ پۇت - قولىنى باغلىۋەتسەڭلار، مىدىرلىيالمىسا...... ئۇۋال ئەمەسمۇ ئۇنىڭغا. ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، بولدى - بولدى، بۆشۈككە بۆلىمەيمەن، قىزىمنى ئۆزۈم باقىمەن، زاكىلىرىنى ئۆزۈم يۇيىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. 40 كۈنگىچە سەھەر قوپۇپ ئاش - تاماق ئېتىپ ھەم بالا بېقىپ، ھەرقانچە قىينالسىمۇ چىداپ يۈردى. مەنمۇ ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ئېغىر چىلىق سالماسلىققا تىرىشتىم، ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى تۇزلۇق - تۇزسىز كەن دېمىدىم. ئاڭغىچە بالىغا قارايدىغان ئايالدىن بىرنى تاپتۇق. ئايال ئەتىگىنى كېلىپ كەچتە كېتەتتى، يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن يۈكىمىز كۆپ يەڭگىللىگەنىدى. مەن ھەر سائەتلىك دەرس ئاخىرلىشىپ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا ئۆيگە يۈگۈرەيتتىم. ئالدىراپ ئېمىتىپ، بالىنى بالا باققۇچى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يەنە سىنىپقا قاراپ ماڭاتتىم. ئۇنى بىردەممۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمايتتىم. قىزىمىزنى ئۈچ ئايلىق بولغاندا بۆشۈككە سالدۇق. ئۇ ناھايىتى تېز ئەت ئېلىپ، بوي تارتىشقا باشلىدى. ئالتە ئايلىق چاغلىرىدا شۇنچىلىك ئوماق،

بۇدرۇق بولۇپ كەتتىكى، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلەتتى. قىزىمىز بىزنى خۇشال قىلىش بىلەن بىرگە، ئاتا ـ ئانا بولغانلىقىمىزدىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنى ھەردەم ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئاتا ـ ئانا بولۇش بىزگە يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ نەزەر دائىرىمىزنى، ھايات ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى كېڭەيتكەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزمۇ بىلىپ ـ بىلمەي قىزىمىز بىلەن تەڭ چوڭ بولۇۋاتاتتۇق. ئىلگىرى بۇگۈنى قورسىقىمىز تويسا، ئەتىسى نېمە بولىدىغانلىقىمىز بىلەن ھېسابلاشمايتتۇق. ئەمدىلىكتە ئەتە ـ ئۆگۈنىنىڭلا ئەمەس، كېلىدىغان يىللارنىڭمۇ غېمىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئىشىك ئالدىمىزدا تونۇر بولسىمۇ، ناننى بازاردىن ئېلىپ يەيتتۇق. ئەمدىلىكتە تونۇر قىزىتىپ نان يېقىشنى ئۆگەندۇق. مەسئۇد ئاق ئاش نورمىمىزنىڭ يەتمىگەن قىسمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قاراڭغۇ بازاردىن بۇغداي سېتىۋېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى تۈگمەندە ئۇن تارتقۇزۇپ كېلىدىغان بولدى. قىش كېلىش ئالدىدا قىزىمىزنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ، مەشنى تام مەشكە ئۆزگەرتتۇق. دەسلەپتە مەشنىڭ ئوتى گۇرۇلدەپ كۆيەتتى ـ يۇ، ئۆي ئىسسىمايتتى. ئىككى قېتىم ئوڭلاتقاندىن كېيىن ئۆي ئىسسىيدىغان بولدى، ئەمما، ھەر قېتىم ئوت ياققاندا بىرھازا ئىس يېنىپ بىزنى ئاۋارە قىلاتتى. ئەمدىلا ئىسسىغان ئۆيىمىز ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز بىلەن يەنە مۇزلايتتى. مۇنداق كېتىۋەرسە قىزىمىزنىڭ كۆمۈر ئىسىدا زەھەرلىنىشىمۇ سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. ئاخىر مەسئۇد:

ــ بولدى، تام مەشنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن، سىز بالىنى ئېلىپ قوشنىلارنىڭكىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بۈگۈن ئۆينى

ئىسسىتمايدىغان بولسام مەسئۇد بولماي كېتەي، ــ دېدى.
مەن بالامنى كۆتۈرۈپ قاقشىغىنىمچە زورەملەرنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتىم. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئۆيگە كىرسەم، ئۆي هۇپپىدە ئىسسىپ كېتىپتۇ، ئىستىن ئەسەرمۇ يوق. خۇشاللىقىمدا «يەنىلا سىز قالتىس جۇمۇ!» دەپ ئۇنىڭ مەڭزىنى چىمدىدىم. ئۇمۇ «شۇنداق بولمامدىغان!» دەپ قولىدىكى لاينى مەڭزىمگە سۈركىدى. ئىككىمىز ئۇنىڭ قوللىرى ۋە كىيىملىرىدىكى لاي ـ توپىلار بىلەن ھېسابلاشماي قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. مېنى ئۇنىڭ پاكىز، قېتىۋالغان ھالىتىلا ئەمەس، ساقاللىرى ئۆسۈك، توپا ـ توزان ھالىتىمۇ شۇنچىلىك مەپتۇن قىلاتتى.
يازىچە كۆمۈرخانىنى يازلىق ئاشخانا قىلىپ كېڭەيتىپ ياسىتىۋالغانىدۇق. ئۇ يەرگە ھەر قېتىم كىرسەم يايراپ كېتىمەن. ئۆينىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تولدۇرۇپ رەتلىك تىزىۋېتىلگەن كېسەك كۆمۈرلەر، كۆمۈر پومزەكلىرى، رەتلىك تىزىلغان ھۆل ـ قۇرۇق ئوتۇنلار، تامدىكى قوزۇقلارغا رەت ـ رەت ئېسىلغان قۇرۇق مۇچ ـ پەمىدۇر، سامساق ـ پىيازلار، تاغارلاردىكى سەۋزە ـ چامغۇر، تام بويلاپ تىزىۋېتىلگەن يېسىۋېلەكلەر...... ئاشخانىدىكى ھەربىر نەرسىدىن مەسئۇدنىڭ ئەجرى، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆرەتتىم. مەسئۇدمۇ مەن توقۇغان يۇڭ جىلىتكە بىلەن ئالدى ئوچۇق يۇڭ پوپايكىنى ناھايىتى ياقتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىگە كىر قوندۇرماسلىقى، دەزمالسىز كىيدۇرمەسلىككە تىرىشاتتىم. ئۇ ياقتۇرىدىغان تاماقلارنى ئېتىش، ئۇنىڭ بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، قىزىمىزنى

ئوتتۇرىغا ئېلىپ، جەينىكىمىزگە تايىنىپ يېتىپ جاھاننىڭ پاراڭلىرىنى سېلىشىش، قىزىمىزنى كۆتۈرۈپ بىرلىكتە ناھىيەنىڭ كالتە بازىرىنى، ئەتراپتىكى يېزا يوللىرىنى ئايلىنىش چەكسىز ھوزۇر ۋە خۇشاللىق ئىدى.

شۇ يىللاردا بىز پۇل يىغىپ كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋالدۇق. تۇگمەمنى قاداپ كىيىشنىمۇ تەس كۆرىدىغان مەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا قىزىمىنىڭ ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى، پەردە ـ ياستۇق، كىرلىكلەرنى تىكىشنى ئۆگەندىم. مەسئۇد ياخشى كۆرىدىغان لەڭمەن بىلەن گۆشناننى ئوخشىتىپ ئېتىدىغان، ئۆپكە ـ ھېسىپنى ئۆزۈم يالغۇز قۇيالايدىغان بولدۇم. مەن ئەمدى ئىلگىرىكى قۇرۇق خىيال ۋە ئەسلىمە قوينىدا ياشايدىغان غەمكىن قىز ئەمەس، ھايات شادلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ مەنىلىك ياشايدىغان ئايال، ئانا ھەم پىشقان ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانىدىم. سىنىپىمنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى يەنىلا ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى.

1965 ـ يىلى مەن يەنە ۋىلايەت بويىچە «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» بولۇپ تەقدىرلەندىم. يازلىق تەتىلدىن كېيىن مەكتەپكە سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەكتەپ رەھبەرلىكىنى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ۋە مالىيەنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش ئىكەن. دېمەك، رەھبەرلىكتىن تارتىپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگىچە بىر ـ بىرلەپ تاسقىلىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدىكەن، ئۆتمەي قالغانلىرىغا چارە كۆرۈلىدىكەن ياكى يۆتكىۋېتىلىدىكەن. كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچى، بولۇپمۇ يېشى چوڭ، سىنىپىي تەركىبى

يۇقىرى، ئاز ـ تولا «مەسىلىسى بار» ئوقۇتقۇچىلار دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چۆرگۈلەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. چۈنكى، نىمىلا دېگەنبىلەن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ گېپى گەپ بولىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ باھاسى ياخشى بولسا، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرمۇ ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ئىش. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارمۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ سۆزلىشىپ ئۆز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ كويىغا چۈشكەندى.

بىر كۈنى مۇدىر مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، بىر چەتتە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ مېنى راسا ماختىدى. ماختاپ بولۇپ:

ــ راست گەپنى قىلمىساق بولمايدۇ. سىز گەرچە ياراملىق ئوقۇتقۇچى بولسىڭىزمۇ، بەزىلەرنىڭ سىزگە پىكرى بار. ئۇلار سىزنى «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش»نى يولغا قويدى، «قىزىللىشىش» بىلەن كارى بولمىدى، دەيدىكەن. ئۇلارنىڭ پىكرىچە ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا شىۇجېڭجۈيىچى، بۇرژۇئا يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرغىب قىلىدىكەنسىز. شۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ كېلىشنى تاپشۇرۇق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدىكەنسىز. مېنىڭچە، بۇنداق مېڭىۋەرسىڭىز ئىلغارلىق نامىڭىزنىلا ئەمەس، مەكتەپتىكى ئورنىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزمۇ تەس. بۇ گەپلەر سىرتقا يېيىلىپ كەتكۈچە، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىپ يولىڭىزنى توغرىلىسىڭىز، بۇ قېتىمقى ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىڭىزغا مانا مەن كېپىل. ئەگەر ئۆزۈم بىلگەننى قىلىمەن دېسىڭىز،

ئۇمۇ ئىختىيارىڭىز. بۇ يالغۇز مېنىڭ پىكرىم ئەمەس، رەھبەرلىكنىڭ پىكرى، ــ دېدى.

ــ نېمىنى ئۆزگەرتىمەن؟ مەن دەرسلىكتىن، كۆرستىلگەن پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىن چەتنىمىدىم. مەن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ئەسىرىنى، شېئىرلىرىنى، لۇشۈننىڭ ھېكايە ـ فېلىيەتونلىرىنى، ليۇ بەييۇ، زاڭ كېجىيالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆتتۈم. شۇ قاتاردا ماكسىم گوركىينىڭ «بورانقۇش قوشىقى» نىمۇ ئۆتتۈم ھەم ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭ «دانكو» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ كېلىشنى تاپشۇردۇم. ئەجەبا ئۇ پىرولېتارىيات يازغۇچىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ شيۇجېڭجۇيىچىلار دەۋرىنىڭ ئەمەس، لېنىن ـ ئىستالىنلار دەۋرىنىڭ يازغۇچىسىغۇ؟ ــ دېدىم.

ئېنىقكى، ئۇ گوركىينىڭ كىملىكىنى، قايسى دەۋردە ياشىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىردىنلا دۇدۇقلاپ، چىرايىمغا چەكچىيىپ بىر قارىۋەتتى ـ دە، قاپقارا بولۇپ ئالدىدىكى ئۈستەلنى قاتتىق مۇشتلىدى.

ــ نېمە ئۇ گوركى، پوركى دېگەن. بۇ دېگەن جۇڭگو، جۇڭگو! ئەجنەبىيلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆتۈشىڭىزگە رۇخسەت يوق. بۇ دېگەن رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. بىلدىڭىزمۇ، رەھبەرلىكنىڭ! مەكتەپ رەھبەرلىكى دېگەنلىك پارتىيە رەھبەرلىكى دېگەنلىك.

ــ ئۇنداقتا، سىز پارتىيە ئوخشىمامسىز؟

ــ بۇ...... شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، چۈنكى......

ــ ئەگەر سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلمىسام پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولامدىمەن؟

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن، بىز...... يەنە مامۇت توختىمۇ

بار. بىز پارتىيەنىڭ مەكتەپتىكى ۋەكىلى. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسىڭىز، ئەلۋەتتە پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولۇسىز، ئىككى پۇتىڭىز بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ، دېگەن گەپ.

— سىز پارتىيە ئەمەس. سىز بىر سائەت دەرسىنىمۇ ئوڭلاپ ئۆتەلمەيدىغان، كوممۇناغا بېرىپ ئەترەت باشلىقى بولۇشقىلا يارايدىغان ئادەم.

— ھەي خوتۇن، ئاغزىڭنى يۇم! خەپ توختا، سەن بەتبەختنىڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام، ھىم......

— كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرگۈدەك نېمە گۇناھ قىپتىمەن؟ مېنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىم ياخشى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ۋىلايەت بويىچە يۇقىرى. مېنىڭ بالىلىرىم سىياسىي پائالىيەتلەردە ئاكتىپ، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان، تازىلىققا رىئايە قىلىدۇ، ئاكتىپ بەدەن چېنىقتۇرىدۇ. مەن بالىلىرىم ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلىۋاتىمەن. سىز مېنى ئىلھاملاندۇرماقتا يوق، يامان نىيەت، كۆرەلمەسلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ماڭا بېسىم ئىشلىتىۋاتىسىز. بۇ بىر رەھبەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟

ئۇ ماڭا تەتۈر قارىۋېلىپ، ئىشخانىغا قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن كىرگەن مامۇت توختى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن مامۇت توختىنىڭ ھودۇقۇپ، ئوغرىلىقچە قاراشلىرىدىن بىر يامانلىقنى سەزگەندەك بولدۇم. چۈشتىن كېيىن ئىلمىي مۇدىرنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى باردەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ:

— ھەي ھەدىيە خانىم، ھەي ھەدىيە خانىم، بىر بالىلىقمۇ بولدىڭىز، ئائىلىڭىز، بالىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ ئويلاپ گەپ قىلسىڭىز بولماسمىدى، ھېچ بولمىسا سۆكۈت قىلسىڭىز بولماسمىدى. ئىشىڭىزنى مىڭ تەستە ئوڭلاپ تۇرساق، سىز مۇشۇنداق بۇزۇپ تۇرسىڭىز، بىزمۇ بىر نەرسە دېيىشكە ئامالسىز قالىمىز ئەمەسمۇ، — دەپ كايىپ كەتتى.

— قانداق قىلىمەن ساۋۇت ئاكا، مېنىڭ خۇيۇم ئەنە شۇنداق ئىكەن. ئۆزۈمنى بېسىۋالاي دېسەممۇ بېسىۋالالمايدىكەنمەن. ئاپئاشكارا تۇرغان ناھەق گەپكە جاۋاب قايتۇرالماي جىم تۇرسام نەپسىم بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئازابلىنىدىكەنمەن. مەن سىز كۈتكەن يەردىن چىقالمىدىم، مەندىن رەنجىمەڭ، — دەپ، ئىلمىي مۇدىرنىمۇ تاشلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. مەسئۇدقا بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:

— بوپتۇ ئەمدى، ئىچىڭىزنى پۇشۇرماڭ، قانداق قىلاتتىڭىز، ئۇلارنىڭ سىزگە قويغان تەلىپى ئورۇنسىز. ئۆزلىرىنى پارتىيەنىڭ ئورنىغا قويغىنىمۇ خاتا. لېكىن، سىزمۇ بەزى گەپلەرنى ئاغزىڭىزغا كەلدى دەپ دەۋېرىسىز. ئىلمىي مۇدىر سىزگە كۆيۈنۈپ گەپ قىپتۇ. لېكىن، راستىنى ئېيتسام، مەن سىزنىڭ شۇنداق گەپلىرىڭىز ئۈچۈن تۇنجى كۆرۈپلا سىزگە ئاشىق بولغان. بوپتۇ، كۆپ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، ئۆتكەن قېتىمدا سىزنى ھېچ نەرسە قىلالمىغان، بەلكىم بۇ قېتىممۇ چوڭ ئىش بولماس، — دېدى.

— مېنى راستىنلا مەكتەپتىن ھەيدىۋېتەرمۇ؟ راست گېپىڭىزنى قىلىڭە مەسئۇد، ئۇ ماڭا ئىككى پۇتۇڭنىڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلمىغىنىنى كۆرەي، دېدى ئەمەسمۇ. ئەگەر

راستتىنلا خىزمىتىمدىن، ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالسام قانداق چىدارمەن؟ بىر كىشىلىك مائاش بىلەن...... قانداق جان باقارمىز...... ھەي ئىسىت، نىمىشقىمۇ شۇ گەپلەرنى قىلغاندىمەن، ھەرقانچە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ سۆزلىمەي جىم تۇرسام بولماسمىدى......

— بولدى - بولدى، كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ. ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسىمۇ كېرەك يوق. پۇلىمىزنى تېجەپ ئىشلىتىمىز، ئالساقمۇ، ئالمىساقمۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئالمايمىز. مەن بۇگۈندىن تارتىپ تاماكىنى تاشلايمەن.

مەسئۇدنىڭ مۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى بېشىم چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يېقىندىن بۇيان يەنە ھامىلىدار بولۇپ قالدىممىكىن، دەپ گۇمان قىلىپ يۈرەت-تىم. ئادەت كۆرمىگىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى، بەزى تاماقلارنى كۆرسەم ياكى پۇرىقىنى پۇرسام كۆڭلۈم ئېلىشىدىغان بولۇپ قالغاندى. ئەگەر بۇ گۇمانىم راست بولسا، تۆت جان بولىمىز دېگەن گەپ.

ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەسئۇد بازارغا ئوتۇن سېتىۋالغىلى چىقىپ كەتكەن. قازاندا لەڭمەننىڭ سۈيى شىر-ڭىلداپ تۇراتتى. قىزىم بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئوچاق ئالدىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مۇدىردىن قانداق ئە-پۇ سوراش، نېمىلەرنى دېيىش ئۇستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم. خۇددى دوسكىدا دەرس تەھلىل قىلىۋاتقاندەك، قولۇمدىكى تا-ياق بىلەن يەرگە پات - پات ئۇرۇپ قوياتتىم.

ئىشىكتىن كىرسەم، ئەلۋەتتە ئۇ ماڭا تەتۇر قارايدۇ. ئىشىم ئالدىراش، ۋاقتىم يوق، دەيدۇ. ھەتتا مېنى ھەيدەپ

چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، ئۆيىگىلا كىرەي، ئالدىدا بېشىمنى سېلىپ ئولتۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك مۇدىر، ئۆتكەندە سىزگە قوپاللىق قىلىپ قويدۇم. مېنى ئەپۇ قىلىۋەتسىڭىز» دەيمەن. يەنە «...... سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز مۇتلەق توغرا ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەلىم - تەربىيەدە راستتىنلا ‹قىزىللىشىش›قا ئەھمىيەت بېرەلمىدىم. ئوقۇغۇچىلىرىمنى شىۋ جېڭجۇيىچى...... ياق، بۇرژۇئا...... ياق، ئەجنەبىي...... لەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا يېتەكلىدىم، مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەركىنلىكنى بەك كۆپ بېرىۋېتىپ، دەرسخانىنى بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتتىم، بۇنىڭدىن كېيىن تەنقىدىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، دانا تەلىمىڭىزدە ئوقۇتۇش مېتودىمنى تۇپتىن ئۆزگەرتىپ......»

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. كۆزۈمنى يۇمۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ، بىردىنلا «ياق - ياق. . .! » دەپ توۋلىدىم، قولۇمدىكى تاياقنى ئۇشتۇپ تاشلىۋەتتىم. ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك «مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، چۈنكى مەن خاتا قىلمىدىم، خاتا قىلىۋاتقانلار ئۇلار!» دېدىم. قەلبىم ئاستا - ئاستا تىنچلاندى. كۆز ئالدىم يورۇپ كەتتى.

مەن ئۇلاردەك ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكتىكى مەزمۇننى ئوقۇپ بېرىپ، قۇرۇق شوئار توۋلاپ جان بېقىشنى خالىمايمەن. تىل - ئەدەبىيات دېگەن ئادەم تەربىيەلەشنىڭ ئاساسى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئانا تىلىنى، ئۇنىڭ بايلىقى، گۈزەللىكى، سېھرىي كۈچىنى ئۆگىتىپلا قالماي، تەپەككۇرنىڭ بىپايانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، بالىلارنىڭ

ئەقلىنى، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتىدىغان بىر پەن. مەن دوسكا ئالدىغا چىقىپ ماڭا ئۇمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قارا كۆزلەرگە يۈزلىنىپ تۇرغىنىمدا كاللامغا تولۇپ كەتكەن ئوي ـ پىكىر، تەسەۋۋۇرلارنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئەزەلدىن ئوقۇغۇچىلىرىمغا: «جىم ئولتۇرۇڭلار»، «دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغان. مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ سۆزلەۋاتقىنىمدا سىنىپ ئىچىدە «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. ھېچكىم ئۇخلاپ قالمايدۇ، بىز ئانا تىلىمىزنىڭ سېھىرلىك قاناتلىرىدا تەپەككۇرنىڭ، تەسەۋۋۇرنىڭ، ھېسسىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يۈكسەكلىكىدە بىرلىكتە پەرۋاز قىلىمىز. مەن ئۇلارغا يۈكسەكلىككە ئۆرلەشنىڭ يوللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتىمەن. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا، ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا، ھەر خىل نۇقتىدىن ئويلىنىپ پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيمەن. مەن ئەزەلدىن بىرەر ئوقۇغۇچىنى ئەتىۋارلاپ، يەنە بىرىنى كەمسىتمەيمەن، ئۇلار دەرس بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەقەت ئۆزۈمنى ئەيىبلەيمەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يۇلتۇز، پەقەت ئۇلارنى قانداق چاقنىتىشنى بىلىش كېرەك. مەن ھەربىر سائەتلىك دەرسىمنى ھەر خىل مىجەز، ھەر خىل سەۋىيەدىكى ھەممە بالىغا ئىلھام بېرەلەيدىغان قىلىپ ئۆتۈشنى بىلىمەن. ئەڭ جىمغۇر، «مۆرىمەس» لەرنى گەپدانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيمەن، پەقەت مېتودىم ئارقىلىقلا مەن دەرس ئۆتسەم يەنە شۇنداق ئۆتىمەن. باشقىچە ئۆتۈشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايمەن. چۈنكى، مەن بىر ئوقۇتقۇچى. مەن ئاشۇ بالىلارنىڭ ياشلىق باھارىغا، ئادەم بولۇشىغا ھەتتا

ھاياتىغا قەرزدار. مەن ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلغاندىن قىلماسلىقنى ئەۋزەل كۆرىمەن......
مەسئۇد ئوتتۇنچىنى ۋە تۆت ـ بەش ئېشەككە ئارتىلغان ئوتۇننى باشلاپ كەلگەندە مەن ئاشۇ خىياللارنى قىلىپ ئولتۇراتتىم. قارىسام، قازاننىڭ سۈيى قايناپ ـ قايناپ تۈگەپتۇ، ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچەي دەپ قاپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قازانغا سۇ قۇيدۇم. ئوچاققا كۆمۈر سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتىم. مەسئۇد ئېلىپ كەلگەن ئوتۇنلار تەكشى كەسلەنگەن ئۆرۈك ئوتۇنى ئىكەن، ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ ئوتى تاۋلىق بولىدۇ، دېيىشەتتى. بازاردىن مۇنداق ئوتۇنلارنى ئاسان تاپقىلى بولمايتتى.
مەسئۇد بىلەن سالۋا تۇماقلىق ئوتۇنچى ئادەم ئوتۇنلارنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويدى. مەسئۇد ئوتۇنچىنىڭ پۇلىنى بەرگەندە ئوتۇنچىنىڭ يادىكىغۇ چىرايىدا مىننەتدارلىق ئىپادىلەندى. مەسئۇد ئەزەلدىن بۇنداق ئادەملەرگە پىششىقلىق قىلمايتتى. ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ بەلكىم بىزمۇ نامراتلىشىپ ھەربىر سىنتنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان بولۇپ كېتەرمىز بەلكىم......
ئۇزاق ئۆتمەي، مەكتەپتە سوتسىيالىستىك تەربىيە — «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى باشلاندى. دەسلەپتىلا ئېنىقلاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدىم. دادامنىڭ «يەر ئىگىسى» ئىكەنلىكى، تاشكەنتتە ئوقۇغانلىقى، ئەجنەبىي ـ شىۋجېڭجۈيىچىلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇيدىغانلىقىم، مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ئەكسىيەتچى دىراما «ئالتۇن كەش» تە مۇھىم رول ئالغانلىقىم، «ئاق مۇتەخەسسىسلىكنى تەرغىب قىلىدىغان» لىقىم، «رەھبەرلىك ۋە پارتىيە تەشكىلى بىلەن قارشىلاشقان»

لىقىم ماڭا جىنايەت قىلىپ ئارتىلدى. مەن چىداپ تۇرالماي:
— دادام يەر ئىگىسى بولسا، مەن پارتىيە تەربىيەسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئوقۇتقۇچى. دادام تاشكەنتتە ھازىر ئوقۇمىغان، 1930 ـ يىللاردا، لېنىن ـ ئىستالىنىنىڭ دەۋرىدە ئوقۇغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىپ كېلىپ، يۇرتىدا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان، — دېدىم. ئۇلار ماڭا توپىلەپ «ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى»، «پوزىتسىيەسى قەبىھ» دېگەندەك جىنايەتلەرنى ئارتتى ۋە ماڭا بىر يىل «سىناقتا قالدۇرۇش» جازاسى بەردى. دېمەك، بۇ بىر يىل جەريانىدا رەھبەرلىكنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسام خىزمىتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان، چىقالمىسام خىزمەتتىن ھەيدىلىدىغان بولدۇم. مائاشىم توختىتىلىپ، 36 يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلدى. مۇدىر ماڭا كۆرسىتىدىغىنىنى ئەنە شۇنداق كۆرسەتتى. كۈلكىلىك يېرى، مەندەك بىر «ئاق مۇتەخەسسىس» نىڭ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈشۈم چەكلىنىپ، سىياسەت ئۆتۈشكە بەلگىلەنگىنىم بولدى. بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە قورسىقىم خېلىلا پومپىيىپ، ھەرىكىتىم ئېغىرلاشقاندى. سېزىكلىكىم يېشىلمىگەنلىكتىن گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي، كەيپىياتىم ناچارلىشىپ ئۇرۇشقاق، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالغانىدىم. مەكتەپ ماڭا ھەپتىسىگە 20 نەچچە سائەتلىك دەرس ئورۇنلاشتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشلىرىمۇ ماڭا ئارتىلغانىدى. مېنى يەنىلا بىكار قالدى، دەپ خالىغانچە ئەمگەكلەرگىمۇ سالاتتى. قورسىقىمنى پومپايتىپ سىنىپ بىلەن كۇتۇپخانا ئارىسىدا، گاھىدا مەكتەپ بېغىدا ياكى ئاشخانىدا پايپاسلاپ يۈرەتتىم. سىناقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەپ يۈرسەممۇ،

ناھەقتىن ـ ناھەق جازالىنىشىم كاللامدىن پەقەت ئۆتمەيتتى.
چوڭراق ئەمەلدار ياكى ئاز ـ تولا ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان
ئادەملەرنى ئۇچراتسام، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— بىر ـ ئىككى رەھبەرگە قارشى تۇرغانلىق راستتىنلا
پارتىيەگە قارشى تۇرغانلىق بولامدۇ؟ — دەپ سورايتتىم.
بەزىلەر مېنى كاللىسىدىن كېتىپتۇ، دەپ ئالمان ـ تالمان
ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى، بەزىلەر ئانچە ـ مۇنچە تەسەللى
بېرىپ كۆڭلۈمنى ياسىماقچى بولاتتى. پەقەت بىرلا ئادەم:
— بىر ـ ئىككى رەھبەر پارتىيەگە ۋەكىللىك
قىلالمايدۇ. ئۇلاردا خاتالىق بولسا قارشى تۇرۇشقا بولىدۇ، —
دېدى. بۇ مەن ئاڭلىغان بىردىنبىر راست گەپ ئىدى. ئۇ
ئادەمدىن ئاڭلىغان بۇ راست گەپ قەلب يارامغا مەلھەم
بولغانىدى. كۆز ئايلىرىدىن كېيىن، قىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى.
ئىككىنچى يىلى مارتتا ئوغلۇم تۇغۇلدى. دۇنياغا يېڭىدىن
كۆز ئاچقان يوغان باش، ساغلام ئوغۇل پەرزەنتىمىز مەسئۇد
ئىككىمىزگە ئېيتقۇسىز تەسەللى بولدى. ئىچىمدە: «ئادەم بۇ
دۇنياغا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، قىرقىراپ يىغلاپ
كېلىدىكەن. بۇ دۇنيادا ئۇنى بەختتىن كۆپرەك بەختسىزلىك،
جاپا ـ مۇشەققەت كۈتۈپ تۇرىدىكەن. مۇشۇ پالۋان سۈپەت
ئوغلۇم كېيىنكى كۈنلەردە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر......» دەپ
ئويلىدىم ۋە ياراتقۇچىدىن ئوغلۇمغا كەڭ رىزىق، تۈز يول ۋە
بەخت تىلىدىم. ئاشۇ تىلەكلىرىم ئىجابەت بولدىمۇ ياكى
جاھاننىڭ پەيلىدىنمۇ، ئوغلۇم چوڭ بولۇپ دۇنيانى كۆردى.
چەت ئەلدە ئوقۇپ يول تاپتى. خۇشال بولىدىغىنىم، ئۇ بىز
كۆرگەن كۈنلەرنى كۆرمىدى.
تۇغۇت دەم ئېلىشىنى تۈگىتىپ ئىشقا چۈشكەن

كۈنلەردە، يېڭى تەيىنلەنگەن مۇدىر مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، ماڭا بولغان جازانىڭ ناھەق بولغانلىقىنى، جازا بىكار قىلىنىپ خىزمىتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ گەپلەردىن سۆيۈنۈپ، جىمى رەنجىش، خاپىلىقىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆزى تەلەپ قىلىپ باشقا بىر ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەتكەن كونا مۇدىرنىڭ ئالدىدا ھەتتا ئۆزۈمنى ئاز ـ تولا ئەيىبلىكتەكمۇ سەزدىم. شۇ كۈنى مەسئۇد ئىككىمىز خۇشاللىقىمىزدىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي پاراڭلىشىپ چىقتۇق. تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بىر جۈپ ئوماق پەرزەنتىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ بىرمۇنچە پىلاننىمۇ تۈزۈشتۇق. ئەمما، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە، ھەقىقىي ئويۇننىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى، ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ پەقەت بىر «مۇقەددىمە» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

# كېرەم IV

## 8

يېقىندىن بۇيان كۆڭلۈمگە دادام ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن «خانلار تەزكىرىسى» نى تەتقىق قىلىپ بېقىش ھەۋىسى چۈشۈپ قالدى. راستىنى ئېيتسام، «سەئىدىيە دەۋرى شېئىرىيىتى» تېمىسىدا ئىزدىنىپ يۈرۈپ، تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە بۇ كىتابتا بەزى زۆرۈر مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي يېزىقى ساۋاتىمنى مۇستەھكەملىگەچ ۋە تولۇقلىغاچ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ باقماقچى بولدۇم. بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەچ ئىشلەش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك تەس بىر ئىش ئىدى. ئەمما، ھەربىر بەت ئۆرۈلگەنچە قىلىۋاتقان ئىشىمنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىم ۋە قىزغىنلىقىم ئارتىپ بارماقتا ئىدى.

بىر چاغلاردا گېزىتتىن چىڭگىزخاننىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پۈشتى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. دەرۋەقە، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قەدىمى يەتكەنلىكى زېمىندا ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان خەلقنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزلىرىنى ئەمرىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش داۋامىدا يەرلىك خەلقلەرنىڭ

مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، قان جەھەتتە ئۇلارغا سىڭىشىپ كەتكەن، نەچچە يۈز يىللىق ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ كىشىنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتقان. بۇ نەقەدەر قىزىقارلىق بىر ھال ـ ھە! ئەگەر دۇنيادىكى ئاشۇ خىل كىشى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئادەملەر بىر يەرگە يىغىلسا، ئۇلاردا قانداق ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر بايقىلار؟

ئىشلىگەچ ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلاتتىم.

بىر تال كونا لامپۇچكا ئامبارنى، تام بويلاپ قاتار تىزىۋېتىلگەن كونا ساندۇق، كارىۋات تەگلىكى، كونا گاز ئوچاق، دوخوپكا، بۆشۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆتمۈشكە ـــ ئۆتكەن ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر دەۋرىگە، يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ ئەسلىمىسىگە باغلانغان بۇ يادىكارلىقلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈش، ئوقۇش ـ يېزىش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى. بۈگۈن ئىشلىگەن بىرنەچچە بەت ئارگىنالنى كىتابنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، لاتىغا ئوراپ ئەسلىدىكى جايىغا قويۇپ قويماقچى بولدۇم. ئەمما، كىتاب ئورالغان لاتىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئامالسىز ساندۇقنىڭ بۇرجىكىدە تۇرغان ئاق لاتىنى تارتىشىم بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرمۇنچە قول يازمىلار چۇۋۇلۇپ چىقتى. ئىتتىك قولۇمغا ئالدىم. بۇلار مېنىڭ كۆپ يىللار ئىلگىرىكى ـــ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىكى قول يازمىلىرىم ئىدى. مەن ئۇلارنى يوقىلىپ كەتتى، دەپ يۈرەتتىم. قارىغاندا بۇلارنى مەن ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم شېئىرىم بىلەن قوشۇپ دادامغا بېرىۋەتكەن بولسام كېرەك. تۇرمىدىكى ۋاقىتلىرىمدىمۇ ھەر قېتىم دادام مېنى يوقلاپ كەلسە، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تىقىشتۇرۇپ ساقلاپ يۈرگەن شېئىرلىرىمنى بىر

ئامالللار بىلەن ئۇنىڭغا بېرەتتىم. كېيىن بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى توپلاملىرىمدىن ئورۇن ئالغان. مەن ئۇنتۇپ كەتكەن بۇ قول يازمىلىرىم بولسا ھەربىر ھەرپ، ھەربىر سىزىقلىرىدىن كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ يىلالارنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ شۇنچە پاكىز، شۇنچە رەتلىك ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. قول يازمىلىرىمنى ۋاراقلىغانچە ھاياجانلاندىم. تۇيۇقسىز بىر بەتنىڭ بېشىدا كۆزۈمگە چېلىققان تونۇش بىر ماۋزۇ يۈرەك سوقۇشۇمنى تېزلىتىۋەتتى. قانلىرىمنىڭ بېشىمغا ئۆرلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن بەتلەرنى رەتلەپ، كونا دىۋانغا ئوبدانراق جايلىشىۋالدىم. غۇۋا يورۇتۇلغان ئامبار لەپپەڭشىگىنىچە كۆزدىن غايىب بولۇپ، باللارچە ساددا - تۇز تەسۋىر، ساپ، گۈزەل تۇيغۇ بىلەن يارىتىلغان ئۆزگىچە بىر دۇنيا مېنى قوينىغا ئالدى. 

## ئالتۇن كەش

( بەش پەردىلىك دىراما)

### 1

دىرامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار

ئەنسەرباي — مەلۇم يۇرتنىڭ چوڭ بېيى، 40 — 50 ياشلاردا. قارىماققا مىجەزى چۈس، سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ.

ئاغىچا خېنىم ــ باينىڭ كېيىنكى خوتۇنى، 35 ياشلاردا، ئېسىل كىيىنىپ، پەرداز قىلىپ يۈرىدۇ. گەپكە ئۇستا، ھىيلىگەر ئايال.

زۆھرە ــــ ئەنسەربايىنىڭ قىزى. دەسلەپتە 10 ـــ 11 ياشلاردا، كېيىن 14 ـــ 15 ياشلاردا. ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، ساھىبجامال قىز.

كىچىك ئوغۇل ــ ئەنسەر باينىڭ ئوغلى، سەككىز ياشلاردا.

خەلىچخان ــ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارى.

تۇراخۇن ــ ئەنسەرباي ئائىلىسىنىڭ خىزمەتكارى ھەم ھارۋىكىشى.

سائىل ــ 40 ـــ 50 ياشلاردىكى قىزىقچى، چېچەن ئادەم.



شاھزادە، ئىككى نۆكەر، ئىككى ئاق چاچلىق ئايال. ئورمانلىقتا ياشايدىغان خاسىيەتلىك موماي.

خوراز ـ مېكىيانلارنىڭ رولىنى ئالغان بەش ـ ئالتە بالا.

تۆت ـ بەش نەپەر ئەر ـ ئايال قوشنا.

## 1 ـ پەردە

پەردە ئېچىلىدۇ.

ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغان، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن پايانسىز دالا، دالىدا ئوتلاپ يۈرگەن توپ ـ توپ كالا ـ قويلارنىڭ نېرىسىدا چېپىپ يۈرگەن ئۈيۈر ـ ئۈيۈر يىلقىلار. بىر چەتتە دەرەخلەر قارىيىپ

كۆرۈنىدۇ. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا يېزا ئۆيلىرى، ئىس چىقىۋاتقان تۈرخۈنلار كۆزگە چېلىقىدۇ. سەھنىنىڭ بىر تەرىپىدىن كۈلاھ جەندە كىيگەن بىر سائىل چىقىدۇ. ساپايە چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

ياري خۇدا ئالدىدا،
شاھۇ گادا باراۋەر.
كىمنىڭ يارى خۇدادۇر،
كىمنىڭ يارى ئالتۇن ـ زەر.
ئالتۇن ـ زەرنى بىر تېپىپ،
دۇنيا كېزەر قەلەندەر.
ئاللاھۇ ھەق يائاللا،
ھەقدوست يائاللا.



سائىلنىڭ ئالدىدىن بىر توپ قوينى ھەيدەپ بىر پادىچى چىقىدۇ. سائىل ئۇنىڭدىن:

ــ ھوي قارىم، توختىسىلا، سىلى ھەيدەپ كېتىۋاتقان بۇ قويلار كىمنىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ ئەنسەر باينىڭ.

ــ ئاۋۇ قويلارچۇ؟

ــ ئەنسەر باينىڭ.

ــ يائاللا، يا ھەزرەت! ئۇنداق بولسا ئاۋۇ يىلقىلار چۇ؟

ــ كىمنىڭ بولاتتى، ئەنسەر باينىڭ.

سائىل تاماشىبىنلار تەرەپكە قاراپ پېشانىسىنى تۇتۇپ:

ــ يائاللا، بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە ئەنسەر باينىڭ ئوخشىمامدۇ !؟ ــ دەيدۇ. پادىچى:

ــ توغرا دېدىلە، بۇ ئەتراپتا ئەنسەر بايدەك توشقان باي

يوق ھەم ئۆنىڭدەك سىخىي ئادەم يوق. مۇشۇ كۆز يەتكۈسىز كەڭ زېمىن ئەنسەر باينىڭ. زېمىندىكى ھەممە بايلىق ئەنسەر باينىڭ، ــ دەيدۇ. پادىچىنىڭ ئىتى سەكرەپ قاۋاشقا باشلايدۇ.

ــ ھاۋ ـ ھاۋ، ئەنسەر باي،
بۇ ئەتراپتا ئەڭ چوڭ باي.
قورساق توق، كۆڭۈل شوخ،
پاناھىمىز ئەنسەر باي.
ھاۋ ـ ھاۋ، ھاۋ ـ ھاۋ.

بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان قوزىچاق سەكرەپ مەرەيدۇ.

ــ مە ـ مە، ئوتنىڭ ئۇچى بىزنىڭكى،
سۇنىڭ سۈزۈكى بىزنىڭكى.
كۆك ئاسمانمۇ بىزنىڭكى.
كەڭرىچىلىك بۇ جاھان.
مە ـ مە ـ مە......



پادىچى، ئىت، قوزىچاق چىقىپ كېتىدۇ.
يىراقتىن توي كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ داقا ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋاسى ئاڭلىنىدۇ. ئاۋاز يېقىنلىشىپ، مەپە، ئات، ئات ھارۋىلىرى قاتارلىشىپ ئۆتىدۇ.
سائىل ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ بىرىدىن سورايدۇ:
ــ ھاي قارىم، بۇ توي كىمنىڭ تويى؟
ــ ئەنسەر باينىڭ تويى، باي ئاكىمىز خوتۇن ئالدى، پۇل دېگەننى تويىدەك سورۇپ، باشقا يۇرتتىن ئۆيلەندى.

— باينىڭ خوتۇنى يوقمىدى؟
— ئۆلۈپ كەتكەن. رەھمەتلىك ئېسىل مەزلۇمە ئىدى. ياتقان يېرى جەننەتتە بولار ئىلاھىم. باي ئاكام بالىلىرىم قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشقا پىششىق، قولى تاتلىق دەپ، تىلى ھەسەل، دىلى ناۋات دەپ، تالالاپ، چېكىپ تۇرۇپ ئالدى. بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ كەتكەي ئىلاھىم!
قەلەندەر:
— شۇنداق بولار ئىلاھىم!
نەغمە - ناۋا يىراقلىشىپ، 11 — 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا سەھنىگە چىقىدۇ. قىز بالا بېشىغا مارجان دوپپا، ئۇچىسىغا تاۋار كۆڭلەك، كىمخاب جىلىتكە كىيگەن، چېچى ئۇششاق ئۆرۈلگەن. ئوغۇل بالىنىڭ بېشىدا بادام دوپپا، پۇتىدا ئۆتۈك، ئۇچىسىدا تون، بېلىگە بەلباغ باغلانغان.
ئوغۇل ئاچىسىدىن سورايدۇ.
— ئاچا، نېمىشقا ھارۋىدىن چۈشۈۋالدىڭ؟ يۈرە، بىزمۇ ھارۋىدىكىلەرگە يېتىشىۋالايلى!
— سەن كېتىۋەرگىن، مەن ئۆزۈم مېڭىپ بارىمەن (قىز كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ.)
— ئاچا، نېمە بولدۇڭ؟
— ئانام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇكام، ئېسىڭدىمۇ، ئانامنىڭ كېسەل يېتىپ بىزگە قىلغان گەپلىرى؟ «بالىلىرىم، مەن ئەمدى سىلەرنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم، سىلەرنى ئاللاغا، ئۇنىدىن قالسا داداڭلار بىلەن ئۆزۈڭلەرگە تاپشۇردۇم. ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ئىگە بولۇپ، ئايرىلماي ياشاڭلار. بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە داداڭلارنىڭ

ئۆزىگە ئېيتتىڭلار. شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار: بۇ يۇرت، ئۆي ـ ماكان سىلەرنىڭ. بۇ يەردىكى ھەممە بايلىق، چارۋا ـ مال سىلەرنىڭ. سىلەرنى ھېچكىم بۇ يۇرتتىن، بۇ ئۆيدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ » دېگەندى.

— ئېسىمدە ئاچا، مەنمۇ ئانامنى بەك سېغىندىم. مەن بوگۈن ئەسلىي دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇراي دېگەندىم، ئۆگەي ئانام مېنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— خاپا بولما ئۇكام، بىزنىڭ يەنىلا دادىمىز بار. دادىمىز بىزنى قوغدايدۇ. مەنمۇ سېنى قوغدايمەن. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ ماڭا دېگىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل ئاچا، يۇرە بىز ماڭايلى!

ئاچا ـ ئۇكا قول تۇتۇشۇپ، سەھنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

سائىل سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ سىرلىق ئەلپازدا:

— قەدىرلىك تاماشىبىنلار، ۋەقە ئەمدى باشلىنىدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەردە سىرلىق بىر شەخس پەيدا بولدى. ئۇ كىم؟ ئۇ ئەنسەر باينىڭ يېڭى ئاغىچىسى. قېنى بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولاركىن؟ — دەيدۇ ـ دە، سۆزىنى تۈگىتىپ، تاماشىبىنلارغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ناخشا ئېيتقاچ يولىغا راۋان بولىدۇ.

مەن قەلەندەر بەندىمەن ئاللا يا ئاللا.
كېيدىم كۇلاھۇ جەندىمەن ئاللا.

## 2 ـ پەردە

(توي بولۇپ بىرەر يىلدىن كېيىن) ئەنسەر باينىڭ

ياسىداق ئايۋان ـ سارايلىرى، چوڭ هويلىنىڭ بىر چېتىدىن باغنىڭ ئىشىكى، خىزمەتكارلارنىڭ ئۆيى، ئاشخانىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆي تەرەپتىن ئەنسەر باينىڭ:
— تۇرەك، هوي تۇرەك، هارۋىنى قوش، بول چاققان، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.
خىزمەتكارلار ئۆيىدىن تۇراخۇن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېلىدۇ.
خوراز بىر توپ مېكىياننى باشلاپ هويلىغا كىرىدۇ.
خوراز:

— قىي ـ قىي ـ قىق. قىي ـ قىي ـ قىي ـ قىق!
خوراز بىرلا، مېكىيان جىق.

مېكىيانلار:

— چىك، چىك، چىك.
مېكىيان جىق،
سېۋەتلەردە تۇخۇم لىق.

بىرلىكتە:

ئاغىچا خېنىم بەك خۇشال،
ئەنسەر باي ئاندىن خۇشال.

كەپتەرلەر ئۆگزىدە بۇقۇلدىشىدۇ:

— بەك ئۇۋال، بەك ئۇۋال،

بالىلارغا بەك ئۇۋال،
غوق ـ غوق، بەك ئۇۋال.

مېھمانخانا ئۆيدىن ئەنسەر باي چىقىدۇ، ئاغىچا خېنىم ئارقىسىدىن چىقىپ باينىڭ يېپەك تونىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ئوڭشايدۇ. تونىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ تۈزەشتۈرىدۇ. بەلبېغىنى يېشىپ، باشقىدىن چىگىدۇ. بايغا ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئەركىلەپ:

ــ تولا بەك يوللىرىغا قارىتىپ تەقەززا قىلماي، بالدۇرراق يېنىپ كېلەرلا بېگىم، ــ دەيدۇ.

دادىسىنىڭ كەينىدىن پېشايۋانغا چىققان زۆھرە خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىككى تەرىپىگە ئېلىپ، بويۇنلىرىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ــ ۋاي جېنىم قوزىچاقلىرىم، داداڭلارغا ئاللاغا ئامانەت دەڭلار! ــ دەيدۇ.

باللار تەڭلا:

ــ ئاللاغا ئامانەت دادا، ئاق يول بولسۇن! ــ دەيدۇ.

ئەنسەر باي باللىرىدىن بەكرەك ئۇلارنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، بويۇنلىرىنى سىلاپ تۇرغان ئاغچىسىدىن خۇشال بولۇپ:

ــ خوش باللىرىم، ئاللاغا ئامانەت. ئاناڭلارنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلاڭلار، ــ دەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىشىكنىڭ تېشىدىن «چوھ...... تىرت!» دېگەن ئاۋازلار ۋە ھارۋىنىڭ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ يىراقلاپ كېتىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئىككى باللىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ، زەردە بىلەن:

— يوقىلىش يېتىم ئوغلاقلار، تالاغا چىقىپ ئويناش، بىر كىم چاقىرمىغۇچە ئۆيگە كىرگۈچى بولۇشما! — دەيدۇ. ئارقىغا قايرىلىپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ئالتۇن خېنىم، پاشا خېنىم، قىزلىرىم قېنى سىلەر؟ — دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. قوغلاندى بولغان ئىككى بالا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ. خوراز - مېكيانلار بىلەن كەپتەرلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

خوراز - مېكيانلار:

— قۇ - قۇ - قۇق.
بىز كۆردۇق، بىز كۆردۇق،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

كەپتەرلەر:

— بەك ئۇۋال، بەك ئۇۋال،
بالىلارغا بەك ئۇۋال.

شۇ پەيتتە ئىشىك تۈۋىدە سائىلنىڭ ئاۋازى ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ:

پاتىمەمنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردە ياماقى.
ئەنجۇرنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كىيگەن پاتىمەم.

يا ئاللاھۇ، يا ئاللا،
ھەقدوست، يائاللا.

سەدىقە بالانى يەر،
توۋا گۇناھنى يەر.

ئاغىچا خېنىم قار ـ بوراندەك تۇتۇلۇپ چىقىپ سائىلنى تىللايدۇ:

ــ ۋۇ جۇۋاينىمەك كەتكۇر تويماسلار، قۇرۇپ كەتكۇرلەر! ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ئاز بەرسە رازى بولمىغان. جىق بەرسە جان تۇشمىغان، ـــ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ توۋلايدۇ:

ــ خەلىچخان، ھوي خەلىچەك!

ئاغىچا خېنىم ئۆزى شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن پاكار بوي، بوينى قىسقا، پىت كۆز ئاشپەز ئايال يۈگۈرۈپ چىقىپ تەزىم قىلىدۇ:

ــ خوش خېنىم، نېمە خىزمەتلىرى باركىن؟

ــ ئاۋۇ نەپسى بالاغا بىر پارچە نان تاشلاپ بېرىپ، ئىشىكنى دەم سېلىپ تاقىۋەت! قازانغا گۆش سېلىپ ئىتتىكرەك پىشۇرغىن. ئا ئەخمەق باي بىلەن يېتىم ئوغلاقلىرى پەيدا بولغۇچە، قۇلاقنىڭ تىنچ ۋاقتىدا قورساقنى توقلىۋالايلى، بولە ئىتتىك!

ــ خوش خېنىم، ـــ خەلىچخان تازىم قىلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ نان ئېلىپ چىقىدۇ. ناننى قەلەندەرگە بېرىدۇ. قەلەندەر ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېرىپ كەتكەن خەلىچخان تاماشىبىنلارغا قاراپ سۆزلەيدۇ:

ــ ۋىيەي، ئەجەب شېرىن سۆزلەرنى قىلدىيا ما قەلەندەر. ئۆزىمۇ خېلى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. توختا،

ئۇنى بىر نېمە قىلىپ ئۆزۈمگە قارىتىۋالاي.

— هوي ئاشىق، ئۆزلىرىگە قارىسام خېلى بەردەم يىگىت ئىكەنلا، ما ئۆيدە ئوتتۇن يارىدىغان ئىش بار ئىدى، قىلىشىپ بېرەملا؟ ھەقلىرىنى ئوبدان بېرىمەن.

— سىلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرمەمدىغان خېنىم، جېنىم بىلەن دېسىلە.

سائىل كىرىپ، خالتىسى بىلەن كۈلاسىنى سېلىپ بىر چەتكە قويۇپ قويىدۇ. خەلىچىخان ئۇنىڭغا پالتىنى ئاچىقىپ بېرىدۇ. سائىل ئوتتۇننى توشۇپ، ھويلىغا ئاچىقىپ بولۇپ سورايدۇ:

— خەلىچىخان، ئۆيدىكى باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— كۆرۈنمەي نەگە كېتەتتى. ئەنسەر باينىڭ يېتىم ئوغلاقلىرىنى ئاغىچا خېنىم ئويناپ كىرىش دەپ تالاغا قوغلىۋەتتى. قوغلىۋېتىپ خوپ قىلدى. بولمىسا، ئەتىدىن ـ كەچكىچە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇۋالغان ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ. ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەتىۋارلىقلىرى يەتتە قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتىدۇ. ۋاي خۇدايىمەي، شورپا قايناپ كەتتىمىكى، ۋاقتىدا ئەكىرىپ بېرەي، ئىچمۇۋېلىشسۇن ئالتۇن پاشاخانلىرىم.

ئاشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ، بىر كورىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ساراي ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىدۇ.

سائىل پالتىنى قويۇپ، تاماشىبىنلارغا قاراپ سۆزلەيدۇ:

— تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلىغاندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ نېمە بۇ ئۆيدە. ھەي ئەنسەر باي، ھەي ئەنسەر باي، ئۇ خوتۇننىڭ مايمۇندەك بويىۋالغان چىرايى بىلەن شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپسەن ـ دە! كۆرىدىغان

كۆڭۈل بار ئوخشىمامدۇ سىڭىلىم......

خەلچىخان ساراي ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

ــ هوي ئاشىق، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى نېمە دەۋاتىدىلا؟ ئەنسەر بايغا ھەۋەس قىلىۋاتىلا ھەقاچان؟ بۇ سەھرالىق ئەنسەر باي بىزنىڭ خېنىمغا ئۆيلىنىپ، دۇنياغا باشقىدىن تۆرەلگەندەك، چۈش كۆرۈۋاتقاندەك يورۇيدۇ دېسىلە. بىزنىڭ بۇ خېنىم دېگەن ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ يورۇشىنى، يەر تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىشىنى بىلىدۇ. قايىلاپ تۇرسىلا، ئۇزۇنغا قالماي بۇ يۇرت، بۇ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا بىزنىڭ خېنىم بىلەن قىزلىرىغا تەۋە بولىدۇ.

ــ ئۇنداقتا باي بىلەن باللىرىچۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟

ــ ئا...... قويسىلا، ئۇنداق ئەخمەق ـ گول ئادەملەر خېنىمنىڭ چاكارلىقىغىمۇ يارىمايدۇ.

ــ ھاي ـ ھاي، خەلچىخان، بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى بار. بۇ دۇنيانىڭ ئادىل تارازىسى ئۇنىڭ قولىدا. يامانلىق قىلغانلار ئۆزىگە قىلىدۇ. ئىگىسى كىمنى ئەزىز ياراتقان بولسا، شۇ ئەزىز بولىدۇ. كىشىنىڭ ھەققى كىشىگە ئاش بولمايدۇ.

ئاغىچا خېنىم چىقىدۇ. سائىلىنى كۆرۈپ، يەنە غەزەپلىنىدۇ:

ــ ھەي خەلچەك، بۇ قەلەندەر نېمىش قىلىدۇ بۇ يەردە؟ بىر پارچە نان بېرىپ ھەيدىۋەت دېمىدىممۇ مەن، چىق ئالدامچى ئۆيدىن، ئىككىنچى بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما، چىقە قەلەندەر!

ــ ماقۇل خېنىم، ماقۇل، مەن چىقاي، ــ قەلەندەر

كۆلاھ ـ جەندىسى بىلەن خالتىنى ئالدۇ. كۆلاھنى كىيىپ، ساپايىنى چېلىپ ناخشا ئوقۇغاچ چىقىپ كېتىدۇ.

سەن ـ سەن دۇنيا سەن دۇنيا، ئاللا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن ئاللا.
مەن ـ مەن دېگەي يارانىنى ئاللا، يائاللا
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن...... ئاللا.

ئاغىچا خېنىم ئۆي تەرەپكە مېڭىپ كېتىپ بېرىپ، توختاپ قالىدۇ.

— خەلىچىخان، ھەي خەلچە خېنىم، مەيەرگە كېلە! يېقىنراق كەل.

— خوش، خېنىم؟

— ئەنسەر باي نېمىگە ئامراق، بىلەمسەن؟

— بىلىمەن خېنىم، چۆچۈرىگە ئامراق.

— ھە...... ئەقلىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ. ماڭا قارا، بىر تال چۆچۈرىنىڭ قىيمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مانا بۇنى سېلىپ تۈگىسەن. بۇ چۆچۈرىنى ئايرىم پىشۇرۇپ، باينىڭ قاچىسىغا سېلىپ قويىسەن. بۇ دېگەن قۇۋۇەت دورىسى، يېگەن ئادەمنى خۇش قىلىپ كەيپىنى كۆتۈرىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما. بىلدىڭمۇ؟ بولمىسا، جېنىڭنى ئالىمەن.

— خوش خېنىم، — خەلىچىخان يەرگە قاراپ تۇرىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە تاماشىبىنلارغا قاراپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، سىرلىق ئاھاڭدا سۆزلەيدۇ:

— بايا مەن دېمەپىمىدىم، مانا دېگىنىمدەك بولىدىغان بولدى. قۇۋۇەت دورىسى دەيدۇ تېخى. بولدى ـ بولدى، مەن

ھېچنېمە دېمىگەن بولاي، سىلەرمۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىڭلار. مەن كىرىپ چۆچۈرەمنى تۈگەي.

مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بىر پەستىن كېيىن ھارۋىنىڭ، ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. باي خۇشال ـ خۇرام ھالدا ھويلىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئاغىچا خېنىم ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ناز ـ خۇلقلىرىنى كۆرسىتىپ، ھەر يان تولغىنىپ ھاردۇق سورايدۇ. كىيىملىرىنى قاقىدۇ، ئۆيدىن تاۋار كۆرپە، تەكىيەلەرنى ئېلىپ چىقىپ سۇپىغا سالىدۇ. باينىڭ تونىنى، ئۆتۈكىنى سالدۇرىدۇ. خەلىچخان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى ئېلىپ كېلىپ باينىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. باي قولىنى، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئاپپاق، يۇمشاق لۆڭگىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. باي يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپ بولۇپ، كۆرپىگە يانپاشلايدۇ. ئاغىچا خېنىمنىمۇ ئامراقلىق بىلەن يېنىدا ئولتۇرغۇزىدۇ. باي:

ــ باللار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ باللار...... بار ـ بار، ئالتۇن خېنىم، پاشا خېنىم چىقىپ باي داداڭلار بىلەن كۆرۈشۈڭلار.

ئالتۇن خېنىم بىلەن پاشا خېنىم ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىپ ئانىسىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرىدۇ. ئاغىچا خېنىم باينىڭ ئۇيان ـ بۇيان قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ خەلىچە، ھوي خەلىچە، ئاۋۇ قوزىچاقلىرىمنى چاقىرىپ كىرگىن، ــ دەپ بۇيرۇيدۇ.

باينىڭ باللىرى كىرىپ، ئاغىچا خېنىمغا قورقۇمسىراپ قارايدۇ. ئاغىچا خېنىم دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

ــ ۋاي يۈرەك پارىلىرىم مېنىڭ، جېنىم قوزىچاقلىرىم مېنىڭ. قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ؟ مانا ـ مانا، غىزا ھازىر تەييار

بولىدۇ، ــ دەيدۇ. ئىككى بالا ئەيمەنگەن هالدا بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرىدۇ، باي ئامراقلىق بىلەن ئۇلاردىن ئۇنى - بۇنى سورايدۇ. ئەمما، ئۇلار يۈرەكلىك گەپ قىلالماي، هە دەپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ كۆزىگە قارايدۇ. باي مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ:

ــ ئاناڭلاردىن قورقۇۋاتامسىلەر؟ قورقماڭلار. مېنى قانداق كۆرسەڭلار، ئۇنىمۇ شۇنداق كۆزدە كۆرۈڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ئاناڭلار. سىلەرگە بەك ئامراق. ئۇ دائىم سىلەرنىڭلا غېمىڭلارنى يەيدۇ، ــ دەيدۇ.

بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، جىم ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆگزىدىكى كەپتەرلەر بۇقۇلدىشىدۇ:

بۇق - بۇق، ئەنسەر باي،
كۆزۈڭنى ئاچ بىلمۋال.
بالىلارغا بەك ئۇۋال،
بۇق - بۇق، بەك ئۇۋال.

خوراز بىلەن مېكىيانلارمۇ هويلىغا كىرىپ قاقاقلىشىدۇ:

قىي - قىي - قىق، قىي - قىي - قىق،
ئەنسەر باينىڭ كۆزلىرى،
سېھىرلىنىپ قېلىغلىق.

هەي ئەنسەر باي، ئەنسەر باي،
كۆزۈڭنى ئاچ بىلمۋال.
......

ئەنسەر باي توۋلايدۇ:

ــ هوي، قايسىڭلار بار. توخۇلارنى ئاچىقىپ كاتەككە سولىۋېتىڭلار، نېمە پاراكەندىچىلىك بۇ، باشنى ئاغرىتىپ.

تۇراخۇن چىقىپ توخۇلارنى قوغلايدۇ. توخۇلار قاقاقلىغىنىچە، سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ:

قىي ـ قىي ـ قىق، قىي ـ قىي ـ قىق،
ئەنسەر باينىڭ كۆزلىرى،
سېھىرلىنىپ قېلىغلىق.
......

كەپتەرلەر توختىماي بۇقۇلدىشىدۇ، ئەنسەر باي ئۆگزىگە قاراپ:

ــ كەپتەرلەر بۈگۈن ئەجەب مۇڭلۇق بۇقۇلدىشىپ كەتتىيا، بىزگە ھەۋىسى كېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟ ــ دەيدۇ.

407

ئاغىچا خېنىم بىلەن قىزلىرى كۈلۈشىدۇ.

خەلىچىخان سۇپىغا داستىخان سېلىپ، مەزە ئېلىپ كېلىدۇ. ئارقىدىن پەتنۇسقا تىزىلغان چىنىلەردە چۆچۈرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاغىچا خېنىم كۆزىنى خەلىچىخاننىڭ قولىدىن ئالمايدۇ. كۆزىگە تىكىلىپ ـ تىكىلىپ قارايدۇ. خەلىچىخان ئۇنىڭغا چاندۇرماي باش لىڭشىتىپ قويىدۇ ـ دە، ئەڭ چوڭ چىنىنى ئەنسەر باينىڭ ئالدىغا قويىدۇ. باشقىلارغىمۇ نۆۋەت بىلەن ئاش ئەكېلىدۇ.

ئەنسەر باي:

ــ ئەجەب مەززىلىك پۇرايدا بۇ ئاش. خەلىچىخان تاماق

ئېتىشنى نەدىنمۇ ئۆگەنگەن بولغىيتتى، — دەيدۇ. ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ:

— ئاش ئوخشىغان بولسا، ئالسىلا غوجام، قېنى قوزىچاقلىرىم، ھەممىڭلار ئاشقا بېقىڭلار، — دەيدۇ. بىر قوشۇق ئاشنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، يەرنىڭ تېگىدىن بايغا قارايدۇ. باينىڭ ئاشنى مەززە قىلىپ ئىچىۋاتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاشنى ئاغزىغا سالىدۇ. ئاشنى چايناۋېتىپ يەنە بايغا قارايدۇ. چىرايىدا بىر جىددىيلىك، تەقەززالىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. كەپتەرلەر يەنە بۇقۇلداشقا باشلايدۇ. باي ئاشنى ئىچىپ بولاي دېگەندە ئۈشتۈمتۈت قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن ئىككى پۈكلىنىپ قالىدۇ. گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىتتىك ئاغىچا خېنىمغا قارايدۇ. ئاغىچا خېنىمنىڭ ھودۇقۇپ، قورقۇمسىراپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك چەكچىيىپ قارايدۇ. يېنىغا بۇرۇلۇپ:

— بالىلىرىم...... — دېگىنىچە قېتىپ قالىدۇ.

ئاغىچا خېنىم ئاللا - تۇۋا قىلىپ يىغلاشقا باشلايدۇ. قىزلىرى قىيا - چىيا قىلىشىپ ئانىسىغا ئېسىلىدۇ.

زۆھرە خېنىم بىلەن كىچىك ئوغۇل يىغلىشىپ ئەنسەر بايغا ئېسىلىدۇ:

— دادا، جېنىم دادا، بىزنى تاشلاپ كەتمە دادا......

خەلىچىخان بىلەن ھارۋىكەش يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. تۇراخۇن ئەنسەر باينىڭ بويۇن تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ:

— ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بولۇپتۇ، — دەيدۇ. گۇمان بىلەن چىنىدىكى ئاشنى قولىغا ئېلىپ قارايدۇ. ئۇنى ئاپىرىپ مۈشۈككە تۆكۈپ بېرىدۇ. مۈشۈك ئاشنى شالاپشىتىپ

ئىچىپ بولۇپ، ئاپتاپتا يېتىپ، تۈكلىرىنى يالاشقا باشلايدۇ. ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزلىرىدە زەھەرلىك كۈلكە پەيدا بولىدۇ. زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بايىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، بىر تىزىق ئاچقۇچنى ئېلىپ يېنىغا سالىدۇ. تۇراخۇننىڭ ياردىمىدە بايىنى كۆرپىدە تۈپتۈز ياتقۇزۇپ قويۇپ ئېگىلمىنى چاتىدۇ. توختىماي يىغلىشىۋاتقان ئىككى بالىغا:

ـــ زۇۋانىڭنى ئۈچۈرۈش يېتىم ئوغلاقلار !ـــ دەپ زەردە قىلىدۇ. خىزمەتكارلارنى ھويلىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇپ، قىزلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلارنى جىرىڭشىتىپ ساراي ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ. تۇراخۇن بىلەن خەلىچىخان پېشايىۋان ئاستىغا چالا قويىماي كىگىز ـ گىلەملەرنى سېلىپ، ئۈستىگە تام بويلىتىپ كۆرپە سالىدۇ. خەلىچىخان بالىلارنىڭ بېلىگە ئاق باغلايدۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە بالىلارنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

409

سىرتتىن قولۇم ـ قوشنىلار، ئەل ـ جامائەت كىرىشكە باشلايدۇ. ئاق رومال ئۈستىگە سۆسەر تۇماق كىيگەن، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيىپ، بېلىگە ئاق باغلىغان ئاغىچا خېنىم قولىدىكى ھاسىنى توكۇلدىتىپ يەرگە ئۇرۇپ، قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلايدۇ:

ۋاي مۇرەببىم، مۇرەببىم،
ئۆلۈپ قالار دېمەپتىم.
مېنى ئوتتا قالدۇرۇپ
كېتىپ قالار دېمەپتىم، ھۇ......

## 3ـ پەردە

(ئەنسەر باي ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن)

ئەنسەر باينىڭ ھويلىسى. ئاق رومالنى چېكىلەپ چىگكەن، تاۋار كۆڭلەك، مەخمەل جىلىتكە كىيگەن، قولاق، بويۇن، بىلەكلىرىدە ئالتۇنلار ۋالىلداپ تۇرغان ئاغىچا خېنىم تۆردە قوش ـ قوش كۆرپىلەر ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتىدۇ. 14 — 15 ياشلارغا كىرىپ قالغان، كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىق، پۇتى يالاڭئاياق، يىرتىق رومىلىدىن تاراقسىز چاچلىرى چىقىپ تۇرغان زۆھرە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پۇتىنى تۇتىدۇ. تاۋار ـ دۇردۇنغا ئورالغان ئىككى قىز ساراي ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىشقا باشلايدۇ، زۆھرە مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۇلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ. تۇيۇقسىز ئاغىچا خېنىم ۋارقىراپ چىچىلىپ كېتىدۇ:

— ھۇ دىۋانىنىڭ قىزى، قولۇڭ نېمانچە قاتتىق سېنىڭ! جېنىمنى ئالاي دەمسەن؟

زۆھرە يىغلامسىراپ:

— مەن ھېچنېمە قىلمىدىم ئاغىچا خېنىم، — دېيىشكە كاچىتىغا بىرنى سېلىپ ئۆڭدىسىغا ئۈچۈرۈۋېتىدۇ:

— چىق پاسكىنا، كۆزۈمدىن يوقال! ماڭا گەپ ياندۇرۇۋاتىسىنا، ماڭا ئالىيىۋاتىسىنا! بىلىپ قوي شۇنى، تىلىڭنى ئۈزۈن قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن، ئالايساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن!

خېنىمنىڭ ئەركە نايناق قىزلىرى كۈلۈشۈپ ئۈنى مەسخىرە قىلىدۇ. هارۋىكەش تۇراخۇن ئىتتىك كېلىپ ئۇنى يۆلەيدۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رەھمەت تۇراخۇن دادا، مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشۇممۇ هارام بولدى. مەن ئۇكامنى كۆرۈپ كېلەي، ئۇنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتۇ. بىچارە ئۇكام پاشا بىلەن سالجىغا يەم بولۇپ جاڭگالدا يىلقىنىڭ ئارقىسىدا يۈرىدۇ. بۇ ئۆيگە ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىممۇ كېلەلمەيدۇ. بىر ھېسابتا شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى ئىكەن، ئۇ يەردە تاياق يېمەيدۇ، تىل - دەشنەم ئىشىتمەيدۇ، — دەپ سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ.

ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئاغىچا خېنىم تۇراخۇننى ئالدىغا چاقىرىدۇ:

— تۇراخۇن، ھەي تۇراخۇن بۇياققا كەل!

— خوش ئاغىچا خېنىم، نېمە بۇيرۇقلىرى باركىن؟

— ماڭا قايلا تۇراخۇن، ئەتە جاڭگالغا ئوتۇن كەسكىلى بارىمىز، دەپ ئا زۆرەكنى ئالداپ ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى كۆمۈۋېتىپ كېلىسەن، مەن بۇنىڭدىن بىر قۇتۇلاي. ئۇكىسىغۇ ھازىرچە تىنچ، يىلقىلىرىمنى بولسىمۇ بېقىپ بېرىۋاتىدۇ. لېكىن، ماۋۇنىڭ خۇيى بەك يامان، بىرنى دېسەم ئىككىنى دەيدۇ. ئىشقا بۇيرۇسام كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. دادىسىنىڭ تاپقان - تەرگىنى تۈگىگىلى نەۋاق. بۇ سەرالىق دىۋانىنىڭ بالىلىرىنى مەن بېقىۋاتىمەن. قاچانغىچە باقىمەن؟ بىرسىدىن بولسىمۇ قۇتۇلاي، — دەيدۇ.

تۇراخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— بولىدۇ، ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى دېگەندەك قىلىمەن، —

دەپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. مۇزىكا چېلىنىپ تۇرىدۇ. كەپتەرلەر بۇقۇلدىشىدۇ. پېشايۋانغا بىر قۇش قونۇپ مۇڭلۇق سايرايدۇ:

تۇر...... راخۇن ياق، تۇر...... راخۇن ياق،
يېتىمنىڭ ھالىغا باق،
يېتىمنىڭ ھالىغا باق.

## 4 ـ پەردە

ئارىسىغا كۈن ئۆتمەيدىغان قېلىن توغراغلىق، قۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازدا چاڭقىلداپ سايرىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىدىن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشى، ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىنى توختاتقىنى ئاڭلىنىدۇ. بېلىگە پالتا قىستۇرغان تۇراخۇن زۆھرەنى باشلاپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىدۇ. زۆھرە ئەتراپىنىڭ گۈزەللىكىگە، قۇشلارنىڭ سايرىشىغا مەپتۇن بولۇپ، ھېلى يەرگە، ھېلى دەرەخلەرگە، قۇشلارغا قاراپ كېتىدۇ. تۇراخۇن تاماشىبىنلارغا سۆزلەيدۇ:

— قاراڭلار، ئاغىچا خېنىمنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىغا، ئەنسەر باينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بايلىقىنىمۇ ئىگىلەپ بولدى. ئەتىۋارلىق بالىلىرىنى مالاي ـ دېدەك قىلىۋالدى. بىچارىلەر ئېغىلدا يېتىپ، ئاشنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ناننىڭ كۆيۈكىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ خوتۇن ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇ بالىلارنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىدا. شۇ ئازازۇل ـ جادىگەر خوتۇننىڭ قولىدا ئۆلگەندىن مۇشۇ جاڭگالدا قالغىنى ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ تەلىيى كەلسە بىرەر رەھىمدىل ئىنسانغا ئۇچراپ قالار.

ئۇ زۆھرەگە قاراپ سۆزلەيدۇ:

— خېنىم قىزىم، سىلى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئوتۇن كەسلەپ كېلەي، قورساقلىرى ئاچسا ما نانىنى يېسىلە، — دەپ بەلبېغىدىن بىر زاغرىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

— ماقۇل تۇراخۇن دادا، بۇ يەر بەك چىرايلىق ئىكەن، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇراي، — دەيدۇ قىز ۋە دەرەختىكى قۇشلارنىڭ پىرىلداپ ئۇچۇشىغا قاراپ ئۇھ تارتىدۇ:

— ئېھ، ئاللا، ماڭىمۇ مۇشۇ قۇشلارنىڭكىدەك بىر جۈپ قانات بەرسەڭچۇ كاشكى، مۇشۇ قۇشلاردەك بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كەتسەم، رەھىمسىز ئۆگەي ئانامنى قايتا كۆرمىسەم، بىر چاغلاردا جەننەتتىم بولغان، ھازىر مەن ئۈچۈن دوزاخقا ئايلانغان ئۆيۈمگە مەڭگۈ ئاياغ باسمىسام......



دەرەختىكى قۇشلار بىر - بىرلەپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە، قوللىرىغا قونىدۇ. چىرايلىق سايراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، ئۇ يېنىدىكى زاغرىنى قۇشلارغا ئۇۋاپ بېرىدۇ...... يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان سۇس كۈن نۇرى بارا - بارا ئۆچۈشكە باشلايدۇ. زۆھرە بىردىنلا ئەتراپقا قاراپ تەشۋىشكە چۈشۈپ قالىدۇ.

— تۇراخۇن دادا، سەن قەيەردە؟ تۇراخۇن دادا...... — دەپ ۋارقىرايدۇ، ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرۈپ بېقىپ، توختاپ قالىدۇ. قۇشلار ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ ئەنسىز سايرىشىدۇ.

— ۋىچىر - ۋىچ، ۋىچىر - ۋىچ،
قاراڭغۇ چۈشتى، خەتەرلىك.

— تاك ـ تاك، بۆرە كېلىۋاتىدۇ،
تاك ـ تاك، ئېيىق كېلىۋاتىدۇ.

— ۋىچ - ۋىچ، چىر - چىر،
بىز قىزچاقنى قوغدايلى.
ئۇنىڭغا يول باشلايلى،
ۋىچ - ۋىچ، چىر - چىر.

ئۇندا بار بىر ياغاچ ئۆي،
ھەم رەھىمدىل بىر موماي.
قىزچاققا يول باشلايلى،
ئۇ خەتەردە قالمىغاي.

يىراقتىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى كېلىدۇ. قىزچاق قورقۇپ تىترەيدۇ. قۇشلارنىڭ بەزىلىرى رومىلىنىڭ بۇرجىكىنى، بەزىلىرى كۆڭلىكىنى چىشلەپ ئۇنىڭغا يول باشلايدۇ. ئۇ قۇشلار بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ.



ئورمانلىق، كىچىك ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكى ۋە ئىچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاق چاچلىق، ئاق روماللىق بىر موماي قارا چىراغ يورۇقىدا چاق ئېگىرىپ ئولتۇرىدۇ. بوش، يەڭگىل، يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. يىراقتىن قۇشلارنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ۋە ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى تىڭشايدۇ، ئارقىدىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىراقلارغا قارايدۇ.

قۇشلار يېتىلىگەن زۆھرە يېتىپ كېلىدۇ. موماينى

كۆرۈپ، ئىتتىك يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— ئەسسالام موما، — دەپ ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ. موماي:
— كەل قىزىم، يالغۇز موماڭغا ھەمراھ بولغىلى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ قىزنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ئۆيگە باشلايدۇ. قىز ئۆيگە كىرىپ پاتىھە ئوقۇپ، مومايدىن ھال - ئەھۋال سورايدۇ. مومايمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن ھال - ئەھۋال سوراپ بولۇپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، چاي - غىزا ئېلىپ كېلىدۇ. ئارقىدىن سورايدۇ:
— چىرايىڭدىن قارىسام پېشانەڭ نۇرلۇق، دىلىڭ يورۇق، ئېسىل بىر قىز ئىكەنسەن، ئەمما، ھالىڭ پەرىشان كۆرۈنىدۇ. قايسى بەختلىك ئۆينىڭ چىرىغى، قايسى گۈلشەننىڭ گۈلىسەن قىزىم؟ بۇ يەرگە نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ؟
— مەن بىر شۇرپېشانە يېتىممەن ئانا، تاغام بىلەن جاڭگالغا ئوتۇنغا كېلىپ، ئېزىپ قالدىم. ئاللانىڭ مېنى ساڭا يەتكۈزگىنىگە مىڭ شۈكۈر، — دەيدۇ قىز. موماي:
— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ يېنىمدا بىرنەچچە كۈن تۇر. سېنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن. ئەنسىرىمە، — دەيدۇ. قىزغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ:
— ماۋۇ چاق ئەجەب پۇتلاشتى، ئاچىقىپ چېقىۋەت، ئوچاققا تۇتۇرۇق بولار، — دەپ تاپىلاپ، ئۇيقۇغا كېتىدۇ.
زۆھرە چاقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، سېۋەتتىكى ئۇچنى ئېلىپ ئېگىرىشكە باشلايدۇ. ئۇچنى ئېگىرىپ بولۇپ، سېۋەتنى قوزۇققا ئېلىپ، چاقنى تەكچىگە قويۇپ قويىدۇ.
ئەتىسى ئەتىگەندە موماي:

— ھېچ ــجەزىـم يـوق تۇرىدۇ، ئـوت ـ چـۆپ سىلــپ سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاش ئېتىپ بەرگىنە قىزىم، — دەيدۇ.

زۆھرە يېڭىنى تۇرۇپ خىمىر يۇغۇرۇپ، تاختىدا چۆپنى چاچتەك كېسىپ، يالپۇزنىڭ يۇمران كـۆكىنى سىلىپ ئـاش ئېتىــپ مومايىنىڭ ئالـدىغا ئېلىپ كـېلىدۇ. مومـايغا بىـر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئىچۈرۈپ قويىدۇ. موماي يەنە:

— مەن بىر ئۇخـلاپ تەرلىنىۋالاي قىزىم، سەن ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ئېرىققا تۆك، كۈلۈڭنى ئادالاپ، كۈلىنى بېشىڭغا تۆك، — دەيدۇ.

زۆھرە ئۆينى پاكىز سۈپۈرۈپ، كـۈلـۈڭـنـى ئـادالاپ، ئەخلەتنى ئەخلەت ئورىسىغا، كۈلىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئازگالغا تۆكىدۇ. قايتىپ كىرىپ چاق ئېگىرىدۇ.

موماي ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ:

— ئېتىـپ بەرگـەن ئېشـىڭنـى ئىچىـپ يەڭگىـل قويۇپتىمەن، رەھمەت قىزىم، — دەپ زۆھرەنىڭ چاچلىرىنى سىيلايدۇ. شۇ ھامان زۆھرەنىڭ ئەسلىدىكى چېچى ئورنىغا ۋالىلداپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ھەم قويۇق چاچلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. موماي ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇۋىدى ئۈچ ئات قوشۇلغان ياسداق مەپە پەيدا بولىدۇ. مەپىدە بىر ساندۇقمۇ بار ئىكەن. موماي زۆھرەنىڭ كونا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ بەدىنىنى خۇش پۇراق سۇلار بىلەن يۇيۇپ، ساندۇقتىن ئېسىل كىيىملەر بىلەن بەكمۇ چىرايلىق بىر جۈپ ئالتۇن كەشنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈرىدۇ. زۆھرە موماي بىلەن خوشلىشىپ ھارۋىغا چىقىدۇ. بىر توپ قۇش ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭىدۇ، ياغاچ ئۆي غايىپ بولىدۇ. ئارقا كۆرۈنۈش ھەر خىل ئۆزگىرىدۇ. ھارۋا گۈزەل ئورمانلاردىن، گۈللەر ئېچىلىپ

كەتكەن يانباغىرلاردىن، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، ئوت ـ چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان يايلاقلاردىن ئۆتتىدۇ. ھارۋا بىر دەريا بويىغا كەلگەندە زۆھرە بىرپەس ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سۇ بويىغا چۈشىدۇ. قولىنى سۇغا چىلاپ ئۆزىنى ئونتۇغان ھالدا سۇ چېچىپ ئويناشقا باشلايدۇ. تۇيۇقسىز بىر كېيىك ئوغلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلغانچە، لاغىلداپ تىترەپ، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. زۆھرە دەرھال كېيىك ئوغلىقىنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۇ ئىچكۈزىدۇ، سىلاپ پەپىلەيدۇ. كېيىك ئوغلىقىنى قوغلاپ كەلگەن شاھزادە بىلەن نۆكەرلەر نېرىدىن قاراپ تۇرۇشىدۇ. نۆكەرلەر كېيىك ئوغلىقىنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما، شاھزادە ئۇلارنى توسىدۇ. زۆھرە كېيىك ئوغلىقىنى قۇچاقلاپ ھارۋا تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. شاھزادە ھەيرانلىق ھەم مەھلىيالىق ئىلكىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. ئەمما، ھارۋىغا يېتىشەلمەي، قىزنىڭ پۇتىدىن چۈشۈپ قالغان بىر پاي ئالتۇن كەشنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە قايتىپ كېلىدۇ.



ــ بۇ ساھىبجامال كىمدۇ؟ ئۇ چوقۇم بىر مەلىكە ياكى كاتتا ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. ئاھ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى، رەھىمدىللىكى، نازاكىتى مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. مەن ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمەن. نەدىن بولسىمۇ تاپماي قويمايمەن. ئۇ مېنىڭ مەلىكەم، بالىلىرىمنىڭ ئانىسى بولىدۇ، ــ دەيدۇ ـ دە، نۆكەرلەرنى باشلاپ، دەرھال يولىغا راۋان بولىدۇ.

## 5 ـ پەردە

ئەنسەر باينىڭ ھويلىسى. ھەممە كۆرۈنۈش ئىلگىرىكىدەك، ئاغىچا خېنىم سۇپىدا قات ـ قات كۆرپە ـ

ياستۇقلار ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتىدۇ. خەلىچىخان يوغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى يەلپۈپ ئولتۇرىدۇ. زۆھرە بىر چەتتە ئولتۇرۇپ تاغاردىكى بۇغداينى غەلۋىر بىلەن تاسقاپ ئۆگۈت ئېتىدۇ.

ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ساپايى ئاۋازى، قەلەندەرنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ؛

مەن قەلەندەر بەندىمەن ئاللا،
كىيدىم كۇلاھۇ جەندىمەن ئاللا.
ئېشىكىم ئورۇق دېسە ئاللا ـ يائاللا،
يوغان تاغارنى ئارتىمەن، ئاللا.

ئوردىخاننىڭ لەڭگىرىدە ئاللا،
چايلار قايناپ تۇرىدۇ ئاللا.
نەچچە ھاجەتمەن كېلىپ ئاللا، يائاللا،
چايلارغا قايلاپ تۇرىدۇ ئاللا.

ئاللا، جان ئاللا، ئاللا،
ئاللا، جان ئاللا، ئاللا.
......

ــ يانا نەدىن كەلدى ما دىۋانە. ئىي تۇنۇگۈن ياپقان نانىنىڭ چۇشۇپ كەتكىنىنى بېرىپ، ھەيدىۋېتىڭلار ئۇنى!

ئاغىچا خېنىم خاپا بولۇپ، خەلىچىخانغا قولىنى شىلتىيدۇ. خەلىچىخان غوجايىنىغا قاراپ، قاپىقىنى سوزۇپ قويۇپ:

ــ خېنىم، سائىل دېگەننى رازى قىلمىسا بولمايدۇ.

سەدىقە بالانى يەر، تىۋا گۈناھنى، دەيدىغان گەپ بار. ناخشىسىنى ئاڭلىمىدىلىما؟ چاينىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. بىر پىيالە چاي بەرگەنگە كەمبەغەل بولۇپ كەتمەسمىز، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەلەندەرنى ھويلىغا باشلاپ كىرىدۇ. قەلەندەر ھەممەيلەنگە چوڭقۇر تازىم قىلىدۇ: — ئاغىچا خېنىمنى چۈشەپ قاپتىمەن، مۇشۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئالتۇن بولاق ئېتىلىپ چىقىپتۇدەك، ئاغىچا خېنىم بولاقنى بېشىچە چوكۇپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇنى تارتىپ چىقىرىمەن دەپ خەلىچىخانىمۇ چوكۇپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇنىڭدىن قايىلىغاندا، ئىككىلىرى بەخت ـ سائادەتكە كۆمۈلۈپ كېتىشىدىكەنلا، — دەيدۇ. بۇ گەپتىن ئاغىچا خېنىم بىلەن خەلىچىخاننىڭ گۈلىقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. خەلىچىخان قەلەندەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا نان بىلەن چاي قويىدۇ. ئاغىچا خېنىم تاماشىبىنلار تەرەپكە قاراپ:

— ماۋۇ خەلىچەكمۇ بېشىمغا بىر بالا بولدى، ھەممە ئىشنى بىلىمەن دەپ، مۇشۇكنى پەش دېمەيدىغان بولۇۋالدى. ھېچ ئىش قىلماي، مەن بىلەن خېنىملىق تالىشىپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، — دەپ بولۇپ، زوھرەگە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ:

— ھەي زورەك، ھاڭقىيىپ ئولتۇرماي ئىشىڭنى چاققانراق قىل! بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سېلىشنى كىم قويۇپتۇ ساڭا، ھۇ پەسنىڭ قىزى!

يەنە تاماشىبىنلارغا قاراپ سۆزلەيدۇ:

— ماۋۇ تۇراخۇن دېگەن تۇزكور جاڭگالغا ئاپىرىپ جېنىنى ئالماي، تىرىك تاشلاپ قويۇپ كەپتىكەن، ئۈچ كۈن بولغاندا ئۆينى تېپىپ يېنىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىۋاتسا

قايسى بەگزادىنىڭ خېنىمىكىن، دەپ قاپتىمىز. چاچ دېگەن تاپىنىغا چۈشىدۇ. چىرايى قايماقتا يۇغۇرغاندەك ئاق،بىر ساندۇقتا لىق ئېسىل كىيىم، پۇتىدا ئالتۇن كەش. لېكىن، كەشنىڭ بىر پېيى چۈشۈپ قاپتىمىش. خوپ بوپتۇ تازا! كىيىملىرى بىلەن كەشنىغۇ سالدۇرۇۋالدىم. ئەمدى ئاۋۇ چاچلىرىمۇ بولسا كۆيۈپ تۈگىسۇن دەپ ئىككى كۈندە بىر يوغان تونۇرغا نان ياقتۇرۇۋاتىمەن بۇ يېتىم ئوغلاقنى.

سائىل نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك سورايدۇ:

— ئاڭلىسام، ئالتۇن پاشاخانلىرىم جاڭگالدا ئېزىپ قىلىپ، ئوتۇنچىلار ئەكېلىپ قويۇپتۇمىش. راست شۇنداق ئىشلارمۇ بولدىمۇ؟ خانلىرىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

ئاغىچا خېنىم:

— قانداق بولىتى، بەك ئوبدان، تۇراخۇن تاغىسى بىلەن جاڭگالنى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ بېرىپ يولدىن ئېزىپ قاپتىكەن، تەلىيىگە ياخشى ئادەملەر ئۇچراپ قاپتۇ.

خەلىچىخان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تاماشىبىنلارغا سۆزلەيدۇ:

— ھەئە، بەك ئوبدان! تاس قاپتۇ ئۆلگىلى. خەققە قىلغان قەستى ئۆزىگە يېنىپتۇ. بىر قىزى ئوچاقنىڭ كۈلىنى بېشىغا تۆكۈپ ئۇكلىگەن كاللىدەك بولۇپ كەپتۇ. يەنە بىرسى بۆرىدىن قاچىمەن دەپ يىقىلىپ توكۇر بوپتۇ.

سائىل:

— ھەنىم بولسا خۇدايىم ساقلاپتۇ. ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، خەققە كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. ئاغىچا خېنىم كىشىگە يامانلىق قىلمىغاندىكىن......

ساراي ئۆيدىن ئۇرۇشۇپ تىللاشقان، يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئالتۇن خېنىم بىلەن پاشا خېنىم بىر ـ بىرى بىلەن تاتىلىشىپ، پومىلاقلاشقان هالدا هويلىغا چىقىدۇ.

خەلىچىخان ئىتتىك قوپۇپ ئۇلارنى ئاجرىتىدۇ. بېشى كۆيۈپ ئۇكلىنىپ كەتكەن ئالتۇن خېنىم ئانىسىغا:

ــ ۋاي بېشىم، هۇ...... هۇ...... ماۋۇ توكۇر بېشىمغا ئۇرۇپ بوزەك قىلىۋاتىدۇ، ــ دەپ ئەرز قىلىدۇ. پاشا خېنىم دىڭگۇسلاپ كېلىپ، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ يىغلايدۇ:

ــ هۇ...... هۇ...... ماۋۇ پاخشەك مېنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى، بۇ مېنىڭ ئاچام ئەمەس.

ــ سەنمۇ مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس.

ــ هۇ پاخشەك تاز، سېنى ئەر ئالغىنىنى بىر كۆرەي!

ــ هۇ ئۆلمەيدىغان توكۇر، ئەر ئالماس دېگەن ئۆزۈڭ!

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ ئېتىلىدۇ. خەلىچىخان يەنە ئۇلارنى ئاجرىتىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئۇلارنى ئەركىلىتىپ ئالدايدۇ:

ــ ۋاي چىرايلىق قىزلىرىم، تومۇلاق خانلىرىم، سىلەرنى دېگەن بەگزادە ـ بايۋەچچىلەر ئالىدۇ، (تۇمشۇقى بىلەن زۆھرە تەرەپنى كۆرسىتىپ) ئانداق قەلەندەرنىڭ قىزلىرىنى ئەرمۇ ئالمايدۇ. يىغلىماڭلار، ئۆيگە كىرىپ ئويۇنۇڭلارنى ئويناڭلار.

ئۇلار دومسىيىشىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. سائىل چاينى ئىچىپ بولۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىدۇ. ئۆزىنى تەرىپلەپ قىلغان سۆزلىرىدىن خەلىچىخاننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. سائىلنى ئۇزىتىپ قويۇپ، يەنە ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ

يەلپۈگۈچنى قولىغا ئالدۇ. يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدۇ. ئاغىچا خېنىم ئۇنى نوقۇپ ئويغاتقاندا يەنە يەلپۈشكە باشلايدۇ. ئەمما، ئۇزۇنغا بارماي يەنە مۈگدەك باسىدۇ. ئاغىچا خېنىم ئاچچىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. خەلىچىخان ئارقىسىدىن يۈگۈرەيدۇ. ئۆيگە كىرىپ بولۇپ يېنىپ چىقىپ، يەلپۈگۈچنى ئېلىپ يەنە كىرىپ كېتىدۇ.

ئاشخانا ئۆيدىن زۆھرەنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

لاچىن سوققان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
بىز غېرىب يېتىملەرنىڭ
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار.



خېلى ۋاقىتقىچە هويلىغا هېچكىم چىقمايدۇ، مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. تۇيۇقسىز سىرتتىن سائىلنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

— خەلىچىخان، هاي خەلىچىخان، هاي ئاغىچا خېنىم، سۆيۈنچە! خوش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، سۆيۈنچە!

سائىل ئىشىكتە بىردەم تۇرۇپ، هويلىدا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ كىرىدۇ:

— هاي خەلىچىخان، ئاغىچا خېنىم، خوش خەۋەرنىڭ چوڭىنى ئېلىپ كەلدىم دەيمەن!

خەلىچىخان يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، ئارقىدىن ئاغىچا خېنىم بىلەن قىزلىرىمۇ چىقىپ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، هەيران بولۇپ قارىشىدۇ.

ــ ھاي، ئىتتىك بولۇڭلار، ئۆيۈڭلەرگە مېھمان كېلىۋاتىدۇ. مېھمان بولغاندىمۇ مېھماننىڭ ئەڭ كاتتىسى، شاھزادىنىڭ نەق ئۆزى! نۆكەرلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئۆيمۇئۆي قىز تاللاپ يۈرىدۇ. قولىدا بىر پاي ئالتۇن كەش بارمىش. كىمنىڭ قىزىنىڭ پۇتىغا دەل كەلسە، شۇنى خوتۇنلۇققا ئالارمىش. لېكىن، ئۇ شۇنداق بىر كەشمىشكى، ئىگىسىنى تاپمىغۇچە ئاسانلىقچە بىر كىمنىڭ پۇتىغا دەل كەلمەيمىش.

ــ ئاپلا، راست شۇنداق ئىش بوپتىما؟ نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن ھەي قەلەندەر! قىزلىرىم، بولۇڭلار، چاچلىرىڭلارنى تاراپ، ئۇپا ـ ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈركەپ تەييار بولۇڭلار. كۆڭلەكنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى كىيىپ، رومالنىڭ ئېسىلىنى ئارتىڭلار. ھېلىقى ئالتۇن كەشنىڭ بىر پېيى مەندە ئەمەسمۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ قىزلىرىمنىڭ پۇتىغا...... بىر ئامال قىلاي.

ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر پاي ئالتۇن كەشنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئاۋۋال ئالتۇن خېنىمنىڭ پۇتىغا تەڭلەيدۇ. كەش ئۇنىڭ پۇتىغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ئارقىدىن پاشا خېنىمغا كىيدۇرمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىمۇ پاتمايدۇ. ئاغىچا خېنىم غەزەپ بىلەن توۋلايدۇ:

ــ ھەي خەلىچەك، ماڭ يۈگۈر، ئېكەكنى ئېلىپ چىق، ئېكەكنى!

خەلىچخان ئېكەكنى ئېلىپ چىقىپ قىزلارنىڭ پۇتىنى ئېكەكلەشكە باشلايدۇ. ئاغىچا خېنىم ئېكەكنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۆزى ئېكەكلەيدۇ. قىزلارنىڭ تاپىنىدىن قان چىقىپ كېتىدۇ، ئەمما، كەشكە يەنىلا پاتمايدۇ.

شۇ ئارىدا ھويلا ئىشىكىنىڭ قېقىلغان ئاۋازى، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ پاراڭلىرى ئاڭلىنىدۇ:

— ئەنسەر باينىڭ چىرايلىق بىر قىزى بولىدىغان، شاھزادەمگە شۇ ياراپ قالارمىكى.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ قىزلىرىمۇ بار، يا شۇلارنىڭ بىرەرسى ياراپ قالار.

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، ھاي ئىشىكنى ئېچىڭلار، شاھزادە ئالىيلىرى كەلدى!

ئاغىچا خېنىم پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلايدۇ:

— ۋاي ئۆلەي، ئاۋۇ يېتىم ئوغلاقنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ، ھاي خەلىچىخان، تېز بول، زورەكنى تونۇرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قوي، ئۈستىگە ئەسكى بورىنى يېپىۋەت.

خەلىچىخان كىرىپ زۆھرەنى ئاشخانىدىن سۆرەپ چىقىدۇ. ئۇنى مەجبۇرلاپ تونۇرنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئۈستىنى كونا بورا بىلەن يېپىپ قويىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ، شاھزادە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆپە ـ تونلىرىغا قادالغان گۆھەرلەردىن بەكرەك چاقناپ تۇرغان ھۆسنى ۋە ھۆكۈمدارغا خاس تەمكىنلىكى بىلەن ئەقىل ـ پاراستى كۆزلەرنى لال قىلىدۇ. ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قول باغلاپ تەزىم قىلىدۇ. ئاغىچا خېنىم سۇپىغا ئېسىل كۆرپىلەرنى سېلىپ شاھزادىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. نۆكەرلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئاق چاچلىق ئىككى ئايالنىڭ بىرى قولىدىكى ئالتۇن كەشنى كۆرسىتىپ:

— شاھزادە ئالىيلىرى مۇشۇ كەشنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئەگەر كەش قايسى قىزنىڭ پۇتىغا دەل كەلسە، كىمنىڭ قىزى بولۇشتىن قەتئىينەزەر شاھزادەم ئۇنى

ئەمرىگە ئالماقچى. بۇ ئائىلىنىڭ قىزلىرى بولسا بۇ يەرگە چىقسۇن، ــ دەيدۇ. كاتەكتىكى خوراز ـ مېكىيانلار چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. كەپتەرلەر ئۇچۇپ چۈشۈپ تونۇرنىڭ ئەتراپىغا قونىدۇ.

ئاغىچا خېنىم ئاۋۋال ئالتۇن خېنىمنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئاياللار كەشنى ئالتۇن خېنىمنىڭ پۇتىغا كىيدۈرمەكچى بولىدۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ پاتمايدۇ. ئاغىچا خېنىم يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزى كىيدۈرمەكچى بولۇپ راسا بىر كۈچىشىگە، ئالتۇن خېنىمنىڭ روملى چۈشۈپ كېتىپ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بىرنەچچە تال تۈكى دىڭگىيىپ تۇرغان بېشى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. خېنىم بېشىنى چاڭگاللاپ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا پاشا خېنىم سىلىق دەسسەپ ھويلىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىمۇ كەشكە پاتمايدۇ. ئاغىچا خېنىم نېمە قىلارىنى بىلمەي پىرقىراپ، قىزلىرى بىلەن خەلچىخاننى تىللايدۇ. خەلچىخانمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدۇ. شاھزادە بىلەن نۆكەرلەر ماڭماقچى بولۇشىدۇ. شۇ چاغدا كەپتەرلەر بۇقۇلداپ، توخۇلار قاقاقلىشىدۇ.

— غۇق ـ غۇق،
قىز بۇ يەردە غۇق ـ غۇق.
......

كەپتەرلەر بورىنى چىشلەپ تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولىدۇ، ئەمما، ئاچالمايدۇ. خوراز بىلەن مېكىيانلار تونۇرنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىدۇ. خوراز پۇتى بىلەن تونۇرنى ئۇرۇپ قويۇپ:

— قىي - قىي قىق، قىي - قى - قىق،
بىچارە قىز دەرھال چىق!

دەيدۇ.
مېكىيانلارمۇ:

قۇق - قۇق - قۇق،
قىز بۇ يەردە يوشۇرۇقلۇق،
قىز بۇ يەردە يوشۇرۇقلۇق!

دېيىشىدۇ.

شاھزادە بىلەن نۆكەرلەر توختاپ قېلىشىدۇ. نۆكەرلەردىن بىرى كېلىپ تونۇرنىڭ ئۈستىدىكى بورىنى ئېلىۋېتىدۇ ۋە تونۇرغا قاراپ:

— شاھزادەم، بۇ يەردە بىر قىز بار ئىكەن، — دەيدۇ. ئاق چاچلىق ئايالлар زۆھرەنى تونۇردىن ئېلىپ چىقىدۇ.

شاھزادە ئۇنى كۆرۈپلا تونۇۋالىدۇ. يېنىغا كېلىپ ھال - ئەھۋال سوراپ مېھرىبانلىق قىلىدۇ.

ئالتۇن كەش زۆھرەنىڭ پۇتىغا قويۇپ قويغاندەك كېلىدۇ. شاھزادە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. نۆكەرلەر، كەپتەرلەر، خوراز - مېكىيانلار تەنتەنە قىلىشىدۇ. ئاغىچا خېنىم بىلەن قىزلىرى يىغلىشىدۇ. قەلەندەر ساپايى چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

مەن قەلەندەر شاھىمەن ئاللا يائاللا،
كىيدىم كۇلاھۇجەندىمەن ئاللا.
......

# ئاسم IV

## 14

يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياش شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن چوڭ ئەينەك دېرىزىنى ئالتۇن يالىتىلغاندەك جۇلالاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئوچۇق تۇرغان كۆزنەكتىن سەھەرنىڭ ساپ ـ سالقىن ھاۋاسى غۇرۇلداپ كىرىپ جانلارنى يايرىتاتتى. يۇپقا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن سەھەر ئاسمىنى شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك تىنچ ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، ئىچ كىيىم بىلەنلا ياتقان ئايالىمنىڭ ئۈستىگە ئەديال يېپىپ قويدۇم.

كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىغانلىقىمغا قارىماي، كاللام ئوچۇق، كەيپىياتىم خېلىلا ياخشى قوپقانىدىم. بۇ، كېچە كۆرگەن خەيرلىك چۈشۈمنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. مەن ئاپامنى پاكىز، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكىنىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى سىلىنىپ تۇرغان ھالەتتە كۆردۇم. ئاپام ھويلىدىكى يازلىق ئوچاقتا چاي قايناتقاتتى. مېنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، چېيىم بەك قايماقلىق بولدى، بىر پىيالە ئىچىۋال، — دەپ ماڭا بىر پىيالە ئەتكەنچاي سۇندى. ئاپامنىڭ

چىرايى شۇنچىلىك ئوچۇق، خۇشال كۆرۈنەتتى. كۆڭلۈمدە «ئاپام بەك ياشىرىپ، جانلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئەمدى سوۋېتكە چىققۇزمايمەن» دەپ ئويلىدىم. ئۇيقۇمدىن ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ، ئۆزۈمنى غۇلجىدىكى كونا ئۆيىمىزدە — يازلىق ئاشخانىدا ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان كۆپ قەۋەتلىك بىنانىڭ 17 ـ قەۋىتىدىكى ئۆيىمىزدە كۆرۈپ، كۆزۈمنى يەنە يۇمۇۋالدىم. چۈشۈمنى داۋاملاشتۇرۇشنى، قايتا كۆرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. ئاپامنى راستتىنلا كۆرگەندەك كۆڭلۈمدە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق قايناپ تۇراتتى.

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئايالىم ماڭا ئەندىشىلىك قاراپ:

— يېقىندىن بېرى ئۇيقىڭىز تازا ياخشى بولمايۋاتىدىغۇ دەيمەن. ئاخشام خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىمىدىڭىز. ئەتىگەندىمۇ بەك بالدۇر تۇرۇپ كەتتىڭىز. بىزنىڭ بۇ يېشىمىزدا ئۇيقۇغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ دەيتتىڭىزغۇ، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقامسىز ـ يا؟ — دېدى.

— ھاجىتى يوق، — دەپ قولۇمنى بوشلا سىلكىپ قويدۇم، — سەھەردە ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن، شۇنداق ئوچۇق، خۇددى راستتەكلا.

ھەلىمە خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك:

— چوڭلارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، قۇرئان ئوقۇتۇپ قويساق بولاتتى. بىز ئۇلارنى ئۇنتۇمىغاندەك، ئۇلارمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، چۈشىمىزدە دائىم بىزنى يوقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋە، — ئاپىڭىز ئۇياقتىن نەچچىنچى يىللىرى قايتىپ كەلگەن؟ — دەپ سورىدى.

— 1984 - يىلى بىز چاقىرىتقان. ئىلى ۋەقەسىدە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن قايتىپ كېتىمىز دەپ تەلەپ قىلىشقانىكەن. لېكىن، ھۆكۈمىتىمىز رەت قىلغانلىقتىن قايتىپ كېلەلمىدى. ئەمما، ئاپام شۇ كەلگەنچە ۋەتەندە مەڭگۈلۈك تۇرۇپ قالدى.

ھەلىمە خىيال سۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ سۆزلەر ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ قەلب يارىسىنى قوزغاپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئۆتمۈشى، بەخت ۋە بەختسىزلىكلىرى بار ئىدى. ئۇنى خىيالدىن چالغىتىش ئۈچۈن پىيالىدىكى چاينى ئىچىۋېتىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىرتقا چىقماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ:

— چۈشتە نېمە ئېتىسىز؟ ئىشىك ئالدىدىن بىرەر نەرسە ئالغاچ كىرەيمۇ؟ — دېدىم. ئۇ ئاغزىدىكى چاينى يۇتۇۋېتىشكە ئۈلگۈرمەي، ھاجىتى يوق، دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى ۋە ئورنىدىن قوپۇپ ئىشىك تۈۋىدە ئارقامدىن ئۇزىتىپ قالدى.

بىنا ئەتراپىدىكى گۈللۈكتە ياشىنىغان بىرنەچچە ئايال نەۋرىلىرىگە قارىغاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بىرسىنى ئاپامغا ئوخشىتاتتىم. ئۇنى ھەر كۆرسەم كۆڭلۈم ئىللىپ قالاتتى. ئاپام چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغان چاغدا دەل مۇشۇ ئايالدەك ياشتا ئىدى. بۇگۈن ئۇمۇ ئۇششاق گۈللۈك تېگى ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىۋېتىپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە دىققەت بىلەن قارىدىم. ئۇلار ئايالىمنى سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى، ئەرلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنى سورىدىم. ئۇلاردىن ئايرىلىپ ۋادەكلىك تۆمۈر

دەرۋازىدىن چىقىپ، تۇرلۇك تۇرمۇش لازىمەتلىكى، ئوتياش، يەل ـ يېمىش ۋە مېۋە ـ چىۋە يايمىلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرىدىغان يان كوچىنى بېسىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقتىم. يولنىڭ نېرىسىدا چوڭ مەسچىتمۇ، ئاشخانا ـ رېستورانلارمۇ، خەلقئارالىق قاۋاقخانا ـ مېھمانخانىلارمۇ، تاللا بازارلىرىمۇ بار ئىدى. يېقىندا بۇلارنىڭ قاتارىغا ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بېزەلگەن تۈركچە تاماقخانا، كىيىم ـ كېچەك دۇكانلىرىمۇ قوشۇلۇپ، بۇ يەردىكى يېڭى مەنزىرە بولۇپ قالغانىدى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ساتىراشخانىنىڭ ئالدىدا مەن دېمەتلىك بىرنەچچە ئەر كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن شۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى كوچىلاردا، قورۇلاردا ئولتۇرىدىغان، ھەر خىل ئورۇندىن پېنسىيەگە چىققان بوۋايلار ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەۋەرلىرىدىنلا ئەمەس، خەلق ئىچىدىكى گەپ ـ سۆزلەردىنمۇ خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. ئالاھىدە يېرى، ئۇلارنىڭ پالانى كوچىنى چاقىدىكەن، شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق چوڭ ئىدارىلەرنى شەھەر سىرتىغا يۆتكەيدىكەن، پالانى كوچىدا ئىچكىرىدىن كەلگەن چوڭ «لاۋبەن» لەر خەلقئارا سودا شەھەرچىسى ياسايدىكەن، ئاپتونومغا ياكى مەركەزگە پالانچىلار ئۆستۈرۈلىدىكەن، پوكۇنچىلار چۈشۈرۈۋېتىلىدىكەن، دېگەندەك گەپلىرى بىر ـ ئىككى يىلغا قالمايلا رېئاللىققا ئايلىناتتى. دېمىسىمۇ، ئۈرۈمچى كۈنسېرى ئۆزگەرمەكتە ئىدى. چېقىلىۋاتقان، سېلىنىۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى باشنى قايدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. بوۋايلار تەرەققىياتنىڭ گېپىنى قىلىشىپ بولۇپ، «يەنىلا ئىلگىرىكى ئۈرۈمچى ياخشى ئىدى. ئادەم ئاز،

تىنچ، ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنى تونۇيتتى. ئادەملەردە ئىنساب، مۇھەببەت بار ئىدى......» دېيىشەتتى. بۈگۈن ئۇلار بىرنەچچە يىلغا قالماي ئۈرۈمچىدە يەر ئاستى تۆمۈر يولى ياسىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بىكىتى قەيەردە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىكەن. تۇرقى، چىرايىدىن تۇرپان تەرەپلەردىن يېڭىلا چىققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق، ئاق سېرىق بىر ئادەم:

— پاھ ـ پاھ ـ پاھ...... يەر ئاستى تۆمۈر يولى دەپ قويۇڭ! شەھەرنىڭ تېگىگە شەھەر قۇرغاندىنمۇ كاتتا ئىش ئىكەنغۇ بۇ! قانچىلىك پۇل كېتەر بۇ ئىشقا؟ يەرنى تېشىپ شۇنچە يوغان پويىزنى ماڭدۇرسا شەھەر تەۋرەپ كېتەر ـ ھە؟ — دەپ كىرىشىپلا قالغانىدى. ساتىراش يىگىت ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، نۆۋەتتى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتكەندىمۇ تاكى ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ يۈزىگە ماغزاپ سۈرتكىلى تۇرغىچە توختىماي شۇ گەپنى تەكرارلاۋەردى.

سەمەت ئىسىملىك بىر بۇرادەر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدە ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى، دۆڭكۆۋرۈكتىن ئۇچتاشقىچە ئارىلىقتا يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ ئۆيلىرى بار ئىكەنلىكى، يول بويىدىكى قارىياغاچ، ئاكاتسىيە ۋە تېرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھاۋارەڭ سىرلانغان دېرىزىلەردىن ئاككوردىيون، دۇتار ـ تەمبۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئەرلەرنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا ياكى گىمناستيوركا كىيىپ، ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى بانتىكلاپ، رەڭگارەڭ مودا كۆڭلەكلەرنى كىيىپ ناھايىتى مەدەنىي

ياسىنىپ يۈرىدىغانلىقى، ئۇ چاغدىكى قىزلارنىڭ نەقەدەر ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ هازىرقى قىز ـ چوكانلارنىڭ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزدىلا ئەمەس، چىرايدىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختىلىۋاتقاندا، رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىدىن پېنسىيەگە چىققان ياشانغان بۇرادىرىمىز:

— هاي ـ هاي، سەمتاخۇن، هازىرقى قىز ـ چوكانلىرىمىزمۇ قېلىشمايدۇ. بۇلار دېگەن قوش تىللىق، هېلىقى نېمىدى...... كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كۈنلەپ ئولتۇرىدۇ. سىلەر بىلەن بىزنى كۆزىگە ئىلمايدۇ دەيمەن، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ئۇ چاغلاردا ئەجەب ئادەملەر بار ئىدى، شەهەرگە يارىشىدىغان. مېنىڭ مۇشۇ ئىمىنوف پولكوۋنىككە هەۋىسىم كېلەتتى. ئەسلىي جەڭچى بولغاچ، قەددىنى تىك تۇتۇپ هەيۋەت ماڭاتتى، قاش دېگەن قاپقارا، شۇنداق قارىسىلا بىر سۈرى بار. كوچىدا ماڭسا ئۇچرىغانلا ئادەم سالام قىلاتتى، ئۆزىمۇ سالامنى بەك ئىلىك ئالاتتى، رەهمەتلىك. قاسساپ ـ ناۋايلار بىلەنمۇ ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىدى. بىر قاسساپ بولىدىغان، ئۇنى كۆرسىلا: «هە، پولكوۋنىك، دەريادىن ئۆتۈپ كېتەيلى، دېسەك ئۇنىمىغان سىلى ئەمەسمۇ ؟» دەپلا چۇشەتتى. ئىككىسى كۈلۈشۈپ بىرهازا پاراڭلىشىپ كېتەتتى. كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن سوپاخۇن پولكوۋنىك چىقىپ كېلەتتى. ئۇمۇ نوچى ئادەم ئىدى. ئىبراهىم تۇردىچۇ، ئىبراهىم تۇردى! ئاچچىق دېگەن يەتكۈچە بار، گېپى بەك تۈز، هېچكىمگە يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. لېكىن، كۆڭلى بەك ياخشى ئىدى ـ دە...... ئۇف، ئەجەب ئادەملىرىمىز بار ئىدى، بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالدى.

كوچىدا مىغىلداپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرسەنۇ، ئۇنداقلارنى تاپالمايسەن. ئۇ چاغلاردىكى ئىشىك - دېرىزىسىمۇ، تورۇسىمۇ ئېگىز، زالدەك يوغان ئۆيلەر ھازىر يوق. ئۇ ئۆيلەردە ياشىغان بېلى باغلاغلىق پالۋان سۈپەت ئادەملەر ھازىر يوق. ماۋۇ چاپانلارنى كىيىپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرگەن ئەركەكلەرگە قارىساڭ كۆڭلۈڭ بۇزۇلىدۇ......

— سەمتاخۇن، بۇگۈن قايناپ قاپتىلىغۇ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق. ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ. بۇگۈن بار ئادەم ئەتە يوق. شۇڭا، خۇشال يۈرەيلى، قانچىلىك ياشايتتۇق بۇ دۇنيادا.

— توغرا دەيدىلا، راست شۇنداق، — شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن پېنسىيەگە چىققان بۇغداي ئۆڭ، ئۇزۇن بۇرۇن ئادەم گەپ باشلاپ قالدى، — شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ھازىرقى قىزىلتاغدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ياپيېشىل دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان تاغ بار ئىدى. ئۇ تاغ ھازىرمۇ بار. ئەمما، كىچىكلەپ كەتتى. شۇ تاغقا يانداپ سېلىنغان، ئىشىك - دېرىزىلىرى يەردىن ئارانلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بىرنەچچە ئېغىزلىق كىچىك ئۆي بولىدىغان. شۇ ئۆيدە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر جۈپ ئەر - ئايال ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ خۇددى ئاتا - ئانىسىنى كىچىكلىتىپ ياساپ قويغاندەك ھەممىسىلا قىزغۇچ سېرىق چاچ، يېشىل كۆز ئىدى. مەن ئاپتوبۇس بىلەن ئىشقا كەلگەن ياكى ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان چېغىمدا، دادىسىنىڭ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرەخلىك

ئىچىدە بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. قىش كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيى قار ئاستىدا قالاتتى. ئۇ چاغلاردا قار بەك قېلىن ياغاتتى. ئەتىگەندە قىزىل چاچ دادا ئۆزىگە ئوخشاش قىزىل چاچلىق ئوغۇللىرى بىلەن ئۆگزىدە قار كۈرەيتتى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى قارلارنى تازىلاپ، چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان تارغىنە يول ئاچاتتى.

جىڭگىلەك چاچلىق باللار ئاشۇ يوللاردا مېڭىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى. كېيىن ئۇلار ئۆيى ئەتراپىدا ئانچە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدە بوۋاي بىلەن موماي يالغۇز قالغاندى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بارغانسېرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاپتوبۇس بېكىتى ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىلا بولغانلىقتىن، مەن بارا ـ بارا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىم. ئۇلارنىڭ ئەسلىي قەشقەرلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، چوڭ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ ئۆيدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىغۇ دەيمەن، بىر يىللىق خىزمەت بىلەن ئۇرۇمچىدىن ئايرىلدىم. قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەن كۈنۈم تاغىنىڭ ۋادەكلىنىپ، تۆمۈر ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئورنىدا يۇمىلاق، ئىككى قەۋەتلىك ئەينەك ئۆي قەد كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىنى ئەتراپتىكى قوشنىلىرىدىن، قورۇلۇش قىلىۋاتقانلاردىن سورۇشتۇردۇم. ھېچكىم بىلمەيدىكەن. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئەمما، ھازىرغىچە ئاشۇ تەرەپكە ئۆتسەم شۇ كىشىلەرنى ئويلايمەن. ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولۇپ قالغان بولسام، ئۇ تاغقا ئاشۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ

ھەيكەللىرىنى قاتۇرۇپ قويغان بولاتتىم. ئۇلار چوقۇم ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلالايتتى......

— شۈڭا، سىلىگە شەھەر باشلىقلىقىنى بەرمىگەن ـ دە، ھى ـ ھى ـ ھى......

— ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەندەك، ھا، ھا، ھا......

بوۋايلار ھەر خىل ئاۋازدا بىرپەس كۈلۈشكە ـ چاقچاق قىلىشتى. كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىكار بولۇپ قالغان ساتىراش يىگىتمۇ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. سەمەت بىر لەتىپە ئېيتىۋىدى، يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. پاراڭ قىزىسىپ ئادەم كۆپەيگىلى تۇردى. چاچ ـ ساقال ئالدۇرغىلى، خالتا كوچىدىكى كىچىك دۇكانلاردىن ئۇنى ـ بۇنى سېتىۋالغىلى كەلگەنلەرمۇ بۇ يەردە بىرپەس توختاپ گەپ ـ سۆزلەردىن ھۇزۇر ئېلىشاتتى. بالدۇر كەلگەنلەر بىكارلىغان ئورۇننى يېڭى كەلگەنلەر ئىگىلەيتتى.



مەن سائەتكە قاراپ ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. چۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۆي تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا بايا ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ھاياجىنى كۆكسۈمدە داۋالغۇپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمىسىمۇ، ئۆرۈمچى بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز، ھاياتىمىز بىلەن تەڭ ئۆزگەردى. ئۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قۇرۇشى، يېڭىلىشى بىلەن بارغانسېرى زورايدى، قۇدرەت تاپتى، ئەمما، ئىنسان بولغان بىز ئەكسىچە قېرىپ، ئاجىزلىششقا باشلىدۇق. ياشلىق ۋاقىتلىرىمىز قالغان شەھەر بىزگە ناتونۇش بولۇپ قالدى.

17 ـ قەۋەتكە چىقىشىمغا، كارىدورنى قاپلىغان مەززىلىك پولۇ ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. دېمەك، ھەلىمە پولۇ ئېتىپتۇ. ھەلىمەنىڭ تاماق ـ قورۇمىلىرىدا باشقىلارنىڭكىگە

ئوخشىمايدىغان بىر پۇراق بار. دادىسىدىن كىچىك قالغان بەش بالىنى ئۆزى يالغۇز چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان بۇ ئايال ھاياتقا جان ۋە تېنى بىلەن مەھكەم يېپىشىپ، ھەممە ئىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، پۇراق شەكىللەندۇرگەن. بۇ پۇراقنىڭ تارتىش كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش بەك تەس. مەن ئۇنى چۈشەنگەنسېرى، ئۇنىڭغا قايىللىقىم ئاشقانسېرى كۆڭلۈمدە بىلىنەر - بىلىنمەس خەۋپسىرەشنىڭمۇ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىمەن. ئۇ بەك ئەقىللىك ئايال.

چۈشتىن كېيىن ھەلىمە دوستىنىڭكىگە چايغا كەتتى. ھەر كۈنكىدەك بىرپەس ئۇخلىدىم. ئەستە قالمايدىغان، تۇماندەك غۇۋا، گادىرماش ھەم ئەندىشىلىك چۈشلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىپ سائەتكە قارىسام ئاران بىر سائەت ئۇخلاپتىمەن. كاللام گاراڭ بىر ھالدا كارىۋاتتا بىرپەس ئولتۇردۇم. ئەتىگەن كۆرگەن خەيرلىك چۈشۈمنى، ئىشىك ئالدىدا ئانامغا ئوخشايدىغان ئايالنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىمنى، كېيىن «دوقمۇش پاراڭلىرى» نى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپ قالغىنىمنى ئويلىدىم.

ئاشۇ يىللارنى، ھېلىمۇ پات - پات چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدىغان ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ. ئاشۇ يىللاردا، بوۋايلار ئەسلەپ ئۆتكەن يوللاردا كېتىۋاتقانلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. دادامدىن قالغان شىم - كاستيۇمنى دەزمالالاپ قاتۇرۇپ كىيىپ يۈرەتتىم. دولقۇنسىمان قويۇق - قاپقارا چاچلىرىم يارىشىپ تۇراتتى. ئۆزۈم مۇھەببەت دەردىدە ساراڭ بولاي دېگەنىدىم، «دېموكراتىيە» يولىدىن «غالىبىيەت» يولىغىچە بولغان ئارىلىقتا موكىدەك قاتناپ يۈرەتتىم. ھەر كۈنى ئامىنەنىڭ ياتىقىنى يوقلايتتىم.

ئەينى ۋاقىتتا ئىككىمىز بىللە چىقىپ كەتمەكچى، ئۆياقتا ئۆتۈپ تېپىشماقچى بولغانىدۇق. ئەمما، مەن چىقىپ كېتەلمىدىم. ئامىنەنىڭ راستتىنلا چىقىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپالمىدىم. بىرەر ئايلارغىچە ئۇنىڭ ئۆشتۈمتۈت ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ياكى ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى چەكسەم «قاراڭ، مەنمۇ سىزنىڭ كەتمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ قېپقالغانىدىم» دەپ كۈلۈپ ئالدىمغا چىقىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ يۈردۈم. شۇ كۈنلەردە مەن ئىلگىرىكى ئۈمىدلىك، ئىستىقباللىق ياشتىن «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغۇچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان گۇمانلىق ئۇنسۇر» غا ئايلىنىپ قالغانىدىم. بۆلۈم مەسئۇللىق ۋەزىپەم قالدۇرۇۋېتىلىپ، ئالدىمدىكى ئۇستىدىن كۆرۈشۈمنى كۈتۈپ دۆۋىلىنىپ تۇرىدىغان ماقالىلەر ئېلىپ كېتىلدى. مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ھېچكىممۇ ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم خىيالىمدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمەن. ئىشقا چىقىمەن، ئىشتىن چۈشىمەن، تاماق يەيمەن، ئۇخلايمەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن، ئاپام ئالدىدا پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن. مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، ۋاقتى كەلسە ۋەتەنىمنىڭ 650 مىليون پەرزەنتى قاتارىدا جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن، ئەمما، مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاپام ھازىر ماڭا موھتاج. مەن ئۇنى رازى قىلىشىم كېرەك. ئانىنى رازى قىلمىغان ئوغۇل ۋەتەننى قانداقمۇ رازى قىلالىسۇن، دېگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى. ئاپام، ھەدىلىرىم، مەن ۋە بىزگە ئوخشاش تالاي كىشى كېيىنكى ئىشلارنىڭ

تەرەققىياتىنى، چېگرانىڭ تاقىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ شۇ قەدەر يامانلىشىپ كېتىشىنى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق.

مۇڭلانغان، زېرىككەن ۋاقىتلىرىمدا مەن يەنىلا ئانىمنىڭ ياتىقىغا باراتتىم. ياتىقى ھەر دائىمقىدەك ئېتىكلىك تۇراتتى. ئەتراپتىكىلەردىن سوراشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قايتىپ كېلەتتىم. ئەگەر چىقىپ كەتمىگەن بولسا ئاللىبۇرۇن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ ئۆزۈمنى گوللاپ يۈرەتتىم. بىر كۈنى، «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەيدىغان سەمەت كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانىمنە مېنى غۇلجىدا بىرەر ھەپتىدەك ساقلاپ، ئارقامدىن كېلىپ قالار، دەپ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلمەيدىكەن، ماڭا شۇنداق تارتىشقانىكەن. سەمەتتىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىم تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. گەرچە ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغان بولسامۇ، ياخشى كۆرگەن قىزىمدىن ھەققىي ئايرىلىپ قالغىنىمنى بىلگەندە، ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا شۇنچىلىك غېرىب، يەككە ـ يېگانە سەزدىم. سەمەتنىڭ بۇ يىل كۈزدە توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغان قىزىمۇ چىقىپ كەتكەنىكەن. سەمەت ئىككىمىز شۇ ئاخشىمى ھاراقنى بولۇشىغا ئىچتۇق، يىغلىدۇق، ناخشا ئېيتتۇق. يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدۇقكىن، پەقەتلا توي قىلغاندا ئىشلىتىمەن دەپ ئېلىپ قويغان قاچا ـ قۇچىلارنى چېقىۋەتكەنلىكىم ئېسىمدە.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئويغانسام، سەمەت كېتىپ بوپتۇ. ياتاقنىڭ قارشى تەرىپىدە يېڭى بىر كارىۋات پەيدا بولۇپ

قاپتۇ. كارىۋاتقا سىلىقلىق ئەدىيال ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىلەر رەتلىك يىغىپ قويۇلۇپتۇ. ئاخشامقى چىنە، بوتۇلكا سۇنۇقلىرى ئىشىك ئارقىسىدىكى ئەخلەت چېلەكىدە تۇرىدۇ. كاللامنىڭ ئاغرىقىدا ئارتۇق ئويلاش خۇشياقماي، يۈزۈمنى يۇيۇپلا چىقىپ كەتتىم. كەچتە كەلسەم، كارىۋاتتا بىر ئادەم تام تەرەپكە قاراپ ئۇخلاۋاتىدۇ. «بۇ كىم بولدى ئەمدى؟» دەپ، ئۇنىڭ سۇس خورىكىگە ئەگىشىپ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ تۇرىدىغان قىزغۇچ قولىقىغا قاراپ بىر پەس ئولتۇردۇم. تۇرقىدىن ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. چىراغ يورۇقىدا سارغۇچ قىسقا چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەخلەت چېلەكىدىكى ئەخلەتلەرنى تۆكۈپ كىردىم. سۇخانىدا يۈز - كۆزۈمنى، پۇتلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ كىرىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتىم. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ، سەھەرگە يېقىن قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرسام ياتاقدىشىم يەنە كۆرۈنمەيدۇ. ئۆزۈمنى قايىل قىلدۇق، «ئەجەب ئادەمكىنا بۇ، ياتاقتا ئولتۇرمايدىغان» دەپ غودۇڭشۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. چۈشتە تاماقنى سىرتتىن يەپ، كەچتە بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ سەمەتنىڭ يېنىغا كەتتىم. ئۇ كىچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەچكە، تېخى ئۇخلاۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. مەن ئالغاچ كەلگەن ئىككى قوناق مومىسىنى تەخسىگە قويدۇم. ئۇمۇ قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى ئالدى. قورۇلۇپ قالغان كۆكمۇچ بىلەن پەمىدۇرنى ئىنچىكە توغراپ ئۈستىگە ئاچچىقسۇ قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى. كارىۋىتىنىڭ ئاستىدىن قاچاندۇر ئېچىپ قالغان يېرىم بوتۇلكا ھارىقنى چىقاردى. ناھايىتى مەززە قىلىپ

غىزالاندۇق. ئارقىدىن يەنە ئىچىشنى باشلىۋەتتۇق. سەمەت يېڭى ياتاقدىشىمنى سورىدى.

— تېخى چىرايىنى كۆرۈپ باقمىدىم، — دېسەم كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە ئىشىك چېكىلىپ ياتاقتا بىرنەچچە ئادەم كىرىپتۇ. قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر ياغاچ كارىۋاتنى ياتاقنىڭ بوش يېرىگە قويۇپ، ئاق سىرىق، ئوتتۇرا بوي، تۇرقىدىن ناھايىتى ياۋاشلىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئادەمنى كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشىلەر بۇ ئادەمگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ناھايىتى قاتتىق گەپلەرنى قىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىمدە بەلكىم ماڭا ئوخشاش چەتكە قېقىلىپ قالغان بىر بىچارە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، بۇ يېڭى ياتاقداشنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى پەقەت خالىمايتتىم. ئۇ مېنىڭ قىلىقلىرىمنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا يارىماي كۆڭۈل غەش بولىدىغان ئىشلار چىقارمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتىم. بىر كۈنى «مەشئەل» ئەپەندى ئاستا يېنىمغا كېلىپ:

— ئاڭلىسام، غۇلام ئاكىنى سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا ئورۇنلاشتۇرۇپتىغۇ، ئېسىل ئادەم جۇمۇ ئۇ، — دېدى. شۇ چاغدىلا دوختۇرخانىدا كۆرگەن ھېلىقى ئادەم كۆز ئالدىمغا كېلىپ پېشانەمگە بىرنى شاپىلاقلىدىم. ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولغىنىم بىكار ئەمەسكەن - دە. مەن ئۇ ئاكىمىزنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، دەپ تېخىمۇ خىجىل بولدۇم. ئۇ يوق چاغلاردا ياتاق تازىلاپ، قايناق سۇ ئەكىرىپ قويساممۇ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بولۇپ كەتتىم.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام، ياتاقدىشىم ھەر كۈنكىدەك چىقىپ كەتمەي، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۈستەلدە بىر گىردە نان، ئۈششاق پارچىلانغان قۇرت، بىرنەچچە تال ئالما تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر بوتۇلكا بىلەن ئىككى كىچىك رومكىنى تىكلەپ قويۇپتۇ. «ھىم، ئاخىر تۇتۇلدۇڭ» دېدىم ئىچىمدە. غۇلام ئاكا مېنىڭ ئويغانغىنىمنى كۆرۈپ:

— ھە، يىگىت، ئويغاندۇڭمۇ؟ تونۇشۇپ قويمايلىمۇ، — دېدى.

ئۇ ئالدىمدا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چىرايىدىن قىلچە كىبىر - مەنمەنلىك ياكى ئۆمىدسىزلىك بىلىنمەيتتى. يۈزۈم ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، گەدىنىمنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ئالدىدا قىلغان ئەدەپسىزلىكلىرىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدىم. ئۇ:

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، بىزنىڭمۇ ياشلىق ۋاقىتلىرىمىز بولغان، — دەپ چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلدى. مەنمۇ يېگۈدەك نەرسىلىرىمنى چىقاردىم. ئىككىمىز ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدۇق. ئىككى رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن، غۇلامكام تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرى، سەھرادىكى مومىسى، قولۇم - قوشنىلىرى ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلدى. دەسلەپتە ئاڭلىماققا ئۇنىڭ گەپلىرى ئاددىي ھەم سەمىمىي تۇيۇلاتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر ئەستىن چىقمايتتى. ھەر قېتىم ئېسىمگە كەلگەندە ئۇ گەپلەرنىڭ ئىلگىرى ھېس قىلمىغان بىر مەنىسىنى بايقىغاندەك بولاتتىم. ئۇ ئادەتتە

ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. ئاندا ـ ساندا ئىچىلىپ قالغان چاغلىرىدا كۆرۈنۈشتىكى قاتمال، جىمغۇر ھالىتى يوقاپ، كۆك كۆزلىرى جانلىنىپ، سۆزمەن ـ قىزىقچى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. مانا مۇشۇ ئاددىي ـ ساددا، جىمغۇر، كۆڭۈلچەك ئادەم ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە ئۇيغۇر خاراكتېرىنى شۇنچىلىك جانلىق، ئېنىق ۋە رەڭدار تەسۋىرلەپ مىليونلىغان كىشىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭدىكى بەدىئىي تالانتنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنى كۈتەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىشەنچنى ئۇمۇ سېزەتتى، بىلەتتى، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىمۇ چۈشىنەتتى، شۇڭا باشقىلار توپ ـ توپ بولۇپ سوۋېتكە چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ مىدىر قىلماي ئولتۇرغان. ئاخىر كۆپ ئىككىلىنىشتىن كېيىن ئايالىنىڭ رايىغا بېقىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىغا تارتىشىپ، ئۇلار بىلەن بىللە چېگرادىن چىقىپ، تۇغقانلىرىنى يوقلىغاچ كۆرۈپ باقماقچى بولغان. ھۆكۈمەتمۇ چېگرانى تۇسمىدىغۇ، ھەرئىككىلىسى سوتسىيالىستىك دۆلەتقۇ، ئايالىم تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قېنىشىۋالغاندا قايتىپ كەلسەم بولىدىغۇ، دەپ ئويلىغان. ئۇ شۇنداق داڭلىق چوڭ يازغۇچى بولغىنى بىلەن ھەممە ئىشتا ئايالىغا تايىنىدىغان، ئايالىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن. ئەمما، ئۇ ئالدىرىماي، چېگراغا قاراپ كەلگەن چاغدا چېگرا ئاللىقاچان تاقىلىپ قالغانلىقتىن، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە چېگرادىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. شۇنچە داڭلىق بىر يازغۇچى، خەلقمۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئەتىۋارلاۋاتقان بىر ئادەم بىردىنلا «ۋەتەن خائىنى» بولۇپ

قالغان. ئەمما، ئۇ ھېچ ۋەتەن خائىنىغا ئوخشىمايتتى. شۇ يىللاردا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ۋەتەن خائىنىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تارتىشقانلىقتىن ياكى بالىلىرىغا نان تېپىپ بېرەلمىگەنلىكتىن ۋە ياكى كىملەردىندۇ، نېمە ئىشلاردىندۇ رەنجىش سەۋەبىدىن بۇ يولغا ماڭماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ يىللاردا بىر ناخشا تارقالغان:

ماڭا بەرگەن سوۋغىتىڭ،
زەھەر ئىكەن بىلمەپتىمەن.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاقكەن ئەجەب،
تاشلاپ كېتەر دېمەپتىمەن.



كىشىلەر ئولتۇرۇشلاردا دائىم ئاشۇ ناخشىنى ئېيتىشاتتى، بەزىلەر يىغلاپ كېتەتتى. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا قالپاق كىيدۈرۈش ئەۋج ئالغاندا:

دوپپا كىيدىم چىرايلىق،
كىيگەن باشىمغا لايىق.
كىيىپ ئۆتسەم كوچاڭدىن،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

دېگەن ناخشىنى ئېيتىش ئەۋج ئالغان. ئۇ يىللاردا ناخشا ئېيتىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، كىشىلەر مەخپىي ئېيتاتتى. بۇ ناخشىنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭمۇ بەزىلىرى كۈلسە، بەزىلىرى يىغلاپ كېتىشەتتى.

غۇلام ئاكا بىلەن ئۈچ ـ تۆت ئاي بىللە تۇردۇق. ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى، سالماقلىقى، ھەرقانچە ئىشنىمۇ ئىچىگە سىغدۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقى، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ئادىتى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئاردا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ، غۇلامكام مەخسۇس تەنقىد قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقانلار ئۇنى شىددەتلىك تەنقىد ـ كۈرەش ئاستىغا ئالدى. يىغىن ئاخىرىدا غۇلام ئاكىنى چېنىقىش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ماڭا بولسا «سىناقتا ئىشلىتىش، ئىپادىسىگە قاراش» چارىسى-كۆرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. غۇلامكام تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئىككىمىز پەقەت ئاخشاملىرىلا ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ قوياتتۇق. پارىڭىمىز ھاۋا رايى، ئوتۇن ـ كۆمۈر، قورساقنىڭ تويمايۋاتقانلىقىدىن چەتلىمەيتتى. بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيەسىگە ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە بارىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي گەپلەر چىقىپ قالدى. يۇرتىدىن ئايالى ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ كەلدى. ئايالى ئېگىز بويي، ئاق سېرىق، كۆپكۆك كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، جانلىق ئايال ئىكەن. ئۇ بالىلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئىشخانىمۇ ئىشخانا كىردى، ئۆزلىرىگە ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىپ باشلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇ ئاي ـ ئۇ كۈنلەردە ھېچكىم ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىشقا، ئۇلار ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. غۇلامكام ئايالى ھەم ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ جەنۇبقا دېھقان بولغىلى كەتتى. مەن يەنە يالغۇز قالدىم. مەن دائىم: «غۇلامكام ئاشۇ چەت ناھىيەدىكى دېھقانلاردەك كەتمەن چاپالارمۇ،

ئايالچۇ؟ ئايالى قانداق قىلار، ئۇ تەرەپلەرگە كۆنەلەرمۇ......» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم ۋە بۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىشقا ئامالسىز ئىدىم.

## 15

كۈز كەلدى. ئىشخانىدا بىكار ئولتۇرىدىغان كۈنلەرمۇ ئاخىرلاشتى. مەن ئۇلانباي دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدۇم. بىز دەسلەپتە بارغاندا ئۇ يەردە تېخى ياتاقلار يوق ئىدى. بىز گەمىلەردە يېتىپ، بىرنەچچە قاتار بىر قەۋەتلىك ئاددىي ئۆيلەرنى سالدۇق ۋە سوغۇق چۈشكىچە كۆچۈپ كىرىۋالدۇق. مەيدان ئەتراپىغا ناھايىتى كۆپ كۆچەتلەرنى تىكتۇق. ئېتىز ــ ئېرىقلارنى رەتلەش، كۈزگى يەر سۈغىرىش، ئوت ــ چۆپ، شاخ ــ شۇمبا يىغىشتەك ئىشلارغا قاتناشتۇق. ئېتىزلاردىكى ياڭيۇ ۋە كۈزلۈك يېسىۋىلەكلەرنى يىغدۇق. بىردەمدە قىشمۇ كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە توختىماي شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى. قار شۇنچىلىك قېلىن ياغاتتىكى، بەزى كۈنلىرى ئەتىگەندە ئىشىكلىرىمىزنى ئاچالماي خېلى ئاۋارە بولاتتۇق. ئەتىگەندە قار تازىلايتتۇق ياكى باشقۇرغۇچىلار كۆرسىتىپ بەرگەن دەرەخلەرنى كېسىپ ھەرىدەپ، شاخلىرىنى كەسلەپ ئوتۇن قىلىپ ئامبارغا توشۇيتتۇق. سىرتتا ئىش يوق چاغلاردا ئامباردىكى ئوتياش، تاغاردىكى ئاشلىقلارنى ئۇياندىن بۇيانغا يۆتكەيتتۇق. بىر نەچچىمىز ھارۋىغا بېسىلغان بوچكىدا بۇلاقتىن سۇ ئەكېلەتتۇق. ئاياللار تولاراق ئامباردا ئىشلەيتتى ياكى ئاشخانىغا ياردەملىشەتتى.

ئاخشىمى ھەممىمىز بىرەر ياتاقتا يىغىلىپ، گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ جاھاننىڭ پارىڭىنى سېلىشاتتۇق. بۇ يەردە ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بولغانلىقتىن قىزىق ئىش، قىزىق گەپلەر كۆپ بولاتتى. بىر ناخشىچى ئايال، چوڭ ياشلىق بىرنەچچە ئەر ئۇسسۇلچى، بىر رېژىسسور، يەنە بىر ـ ئىككى مۇزىكانت، رەسسام، خەتتات، فوتوگراف قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كەسپىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن، چەت ئەللەرنى كۆرگەن كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ بارغان ـ تۇرغان، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن ئېغىز ئاچىدىغان بولسا بىزدەكلەرنى ئاغزىغا قارىتىپلىۋالاتتى. ئوتتۇرا ياشلىق ئۇسسۇلچى ئادەم گەپكە ناھايىتى ئۇستا بولغاننىڭ ئۈستىگە، بىرلا كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى سەل مۇبالىغىلەشتۇرۇپ شۇنچىلىك ئەينەن دورىيالايتتىكى، كۈلۈپ ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلگۈدەك بولاتتى. دائىم: «زۇكام بولۇپ قالدىم، ئاۋاز پەردەمگە زىيان يېتىدىغان بولدى» دەپ قىلىن تىۋىت رومالدا ئاغزى ـ بۇرنىنى ئوراپ يۈرىدىغان ناخشىچى ئايال «سايۇز» نىڭ گېپى چىقسىلا مىشىلداپ يىغلايتتى. يېقىن تۇغقانلىرى چەت ئەلدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا «چەت ئەلگە باغلانغان» گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ قارىلىپ، سۆيگەن كەسپلىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئادەملەر بىر ـ بىرىدىن ئانچە سىر يوشۇرۇپ كېتىشمەيتتى. ئانچە ـ مۇنچە قىزىۋالغان چاغلىرىدا چەت ئەلدىكى ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش ياكى سۆيگەن ئادەملىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ھەسرەتلىنەتتى. مۇنداق چاغلاردا مەنمۇ ئاپامنى،

ھەدىلىرىمنى، ئانىمنەنى سېغىناتتىم. ھەمراھلىرىمغا ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم، ئۇلار:

ــ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. جاھاننىڭ قەيېرىدە بولسىمۇ ھاياتلا بولسا، بىر كۈنلەردە كۆرۈشۈپ قالىسىلەر. سىز تېخى ياش، ئۈمىدۋار بولۇڭ، ــ دەيتتى.

قارا قىشتا ئىدارىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ قېتىم ئىشقا چۈشكەن كۈنۈمدىن تارتىپ كۆچۈرمىچىلىككە سېلىندىم. بۇنىڭدىن خۇشال ئىدىم. باشقىلار بىر چەتتە ئالدىراش ئىشلەۋاتسا، تەڭ ئىشلىيەلمەسلىك، بىر چەتتە ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشمۇ بىر خورلۇق ئىكەن. كۆچۈرۈش ۋەزىپەمنى تىرىشىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلىدىم، باشقىلارنىڭ قىلىپ بولالمىغان ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردىم. سىرتقا چاپىدىغان يوگۇر ـ يېتىم ئىشلارنىمۇ ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىۋالدىم. بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ، دەپ ئانچە ـ مۇنچە ماختىلىدىغان، گۇناھلىرىم ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولدى. بۆلۈمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىللاردا مەخسۇس ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدىغان يەنە بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنىپ خادىملارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا چىقىپ كەتتى. «مەسىلىسى بار» لارنىڭ يەنە بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن بۆلۈملىرىمىزدە ئادەم خېلى كۆپىيىپ قالدى. ھاۋانىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ ۋەزىيەتمۇ يۇمشاپ، ژۇرنىلىمىزدا بىرنەچچە ياخشى ھېكايە ـ پوۋېست، شېئىرلار ئېلان قىلىندى، بولۇپمۇ تەرجىمە ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلىدىغان ژۇرنالدا شولوخوفنىڭ «بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىنىپ، سۈكۈت قاپلىغان ئەدەبىيات ساھەسىگە بىرمەھەل جانلىنىش

ئېلىپ كەلدى. بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى يۈرەكنى تىترەتكۈدەك چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن، شوئار ۋە شەكىلۋازلىقتىن خالىي بۇ ئەسەر ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە خېلى كۈچلۈك غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. ئەسەر توغرىسىدا مۇلاھىزە ـ ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. يازغۇچى ـ ھەۋەسكارلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ بەزى ئەسەرلەرنى يېزىپ بېقىشتى. ئەمما، ھېچ كۈتمىگەندە، بۇ ئەسەرنى رۇسچىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلغان تەرجىماننىڭ سىرلىق ھالدا قولغا ئېلىنىپ كېتىشى بىلەن بۇ غۇلغۇلا، ئۇرۇنۇشلار بېسىلىپ قالدى. ئىشلار يەنە كونا قېلىپتا داۋام قىلىۋەردى. يېڭى كەلگەن يىگىتلەرنىڭ بىردىن قىزنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرىم دىققىتىنى يەنە ماڭا قارىتىشتى. ئۇلار ماڭا تېزرەك ئۆيلىنىۋېلىشنى، ئۆيلىنىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ قارىغان قىزلارنى تونۇشتۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى قىزلارمۇ بار ئىدى.

ئەمما، مېنىڭ «مەسىلەم» بارلىقىنى ئاڭلىغان ھامان قىزلارنىڭ ئۆزى ياكى ئاتا ـ ئانىسى توي مەسىلىھەتىدىن يېنىۋالاتتى. بۇ ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، مەنمۇ بۇنداق ئاخىر چىقمايدىغان ئىشتىن زېرىكىپ، «پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن» دەپ ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم. 1965 ـ يىلى كۈزدە «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى» ئۈچۈن جەنۇبقا ئەۋەتىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچىمدە سەل نارازى ئىدىم.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. بۇ «ىسلى كۆرۈلمىگەن» ھەركەتنىڭ داغدۇغىسى ۋە ھەيۋىسىنى كۆرۈپ شۇ يىللاردا سىرتتا بولۇپ قالغىنىمدىن مەمنۇن بولدۇم ۋە ئىچىمدە مېنى ئاپامنىڭ دۇئالىرى ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدىم.

بىز تەۋە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش رەھبەرلىك ئورگىنى ناھىيە ئىچىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بىزنىڭ گۇرۇپپا ناھىيەدىن ئۈچ - تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كوممۇنادا ئىدى. گۇرۇپپىمىز تەۋەسىدە بىر داڭلىق شائىر بىلەن بىر داڭلىق مۇزىكانت بار ئىدى. ناھىيەدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى ئاپتونوم رايوندىكى خېلى مۇھىم رەھبەر بولۇپ، كۆپنى كۆرگەن، سەنئەتخۇمار ئادەم ئىكەن. ئۇ شائىر ھەم مۇزىكانت بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. كۈندە كەچتە بىزنى ناھىيەگە تەكلىپ قىلاتتى ياكى ھەمراھلىرىنى باشلاپ بىز تۇرغان يەرگە كېلەتتى. بىز ئاددىي دېھقان ھويلىسىدا «12 مۇقام» ناخشا - مۇزىكىلىرى ۋە خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن، مۇزىكانتىمىزنىڭ ۋايىغا يەتكەن ماھارىتىدىن بەھرىمەن بولاتتۇق. بەزىدە ئەلنەغمىچىلەرمۇ يىغىلىپ ماھارەت كۆرسىتەتتى. دېھقانلار ھويلىغا پاتماي تاملارغا، دەرەخلەرگە چىقىپ ئاڭلايتتى. يۇقىرىدىن كەلگەن مۇھىم رەھبەر ئارىمىزدا بولغاندىكىن، ھېچكىم بىزگە بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇش، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىش، ئەترەتلەرنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش ئىدى. بۇ بىزدىن قاتتىق قوللۇقنى، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكنى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلاتتى. بىز ئاممىنىڭ پىكرىگە

ئاساسەن مۇرەككەپ ـ قالايمىقان، راست ـ يالغىنىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ھېساب دەپتىرى، ھۆججەت ـ تالونلارنى تەكشۈرەتتۇق. ياۋاش، سەمىمىي ئادەملەرنىڭ ھېسابى كۆپ ھالدا توغرا چىقمايتتى، ھىيلىگەر، ئامىمنىڭ پىكرى كۆپ كىشىلەرنىڭ بولسا كۆپىنچە خاتاسىز چىقاتتى. بىز بۇنىڭدىكى سىرنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولاتتۇق، قاپاقلىرىمىز تۈرۈلۈپ جىددىيلىشىپ كېتەتتۇق. ئەمما، ئاخشاملىرى بىز ئاڭلايدىغان ناخشىلار، گۈزەل ئاھاڭلار باشقىچە بىر نەرسىلەرنى سۆزلەيتتى. ئىشق ـ مۇھەببەت، رەھىم ـ شەپقەت، ھايات ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى ھېكمەتلەر يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى قوزغىتىپ، كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. يىغىن ئاچقاندا ئۇخلاپ قالىدىغان، شۇنچە گەپ قىلساقمۇ چۈشەنمىگەندەك قاراپ تۇرىدىغان دېھقانلار بۇ ناخشىلارنى ئاش ـ ناندىن، ئۇيقۇدىن كېچىپ ئاڭلايتتى. ئۇلار ھېچقايسىمىزنى تونۇمىسىمۇ، مۇزىكانتنى تونۇيتتى. ئۇنى كۆرسە ئېگىلىپ سالام قىلاتتى. ئۇنى ئۆرۈك ـ ئۈجمىلىرى، كۆك چۆچۈرىلىرى بىلەن يوقلايتتى. سىنىپىي كۈرەش، كاپىتالىزم دېگەندەك گەپلەر مۇزىكانتنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ئېتىزلاردا، يوللاردا، ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ناخشىلارنى ئىزدەيتتى. قېرىپ كەتكەن، سازلىرىنى تىقىپ قويغان كونا مۇقامچى ـ سازەندىلەرنى نەلەردىندۇ تېپىۋالاتتى. بىرەر گۈزەل ئاھاڭ ئۇچۇن جېنىنى بەرگۈدەك بولاتتى.

شۇ يىلى ئىيوندا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»باشلاندى.

ناخشا ـ مۇزىكا ۋە جىمىكى گۈزەل نەرسە بۇرژۇئازىيەگە تەۋە قىلىنىپ چەكلەندى ياكى نابۇت قىلىندى. خەلق ئارىسىدىكى بىچارە سازەندىلەر تارتىپ چىقىرىلىپ، باشلىرىغا ئۇزۇن قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ كورەش قىلىندى. بىزنىڭ مۇزىكانتىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن سەزگۈر، نازۇك تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. ۋەھىمىدىن كېچىلىرى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالماي هويلىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئائىلە تەركىبى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئىلگىرى سەنئەت ئۆمەكتىمۇ چەتكە قېقىلاتتىكەن. بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ ئائىلە تەركىبىنى بىلمىگىنى بىلەن ئۆمەكتىن بىرەر خەت ـ ئالاقە كېلىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ؟ مېنىڭ ئەندىشەممۇ ئۇنىڭكىدىن ئارتۇق بولسا ئارتۇق، ئەمما، كەم ئەمەس ئىدى. «سوۋېتكە قاچماقچى بولغان......»لىق كىچىك جىنايەت ئەمەس ـ دە! ناھىيە بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش قەسەمىيات يىغىنى» ئېچىلغان كۈنى مۇزىكانت ئاغرىپ قالدى. چىرايى سارغىيىپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغان هالىتىگە قاراپ چاقچاق قىلىشقىمۇ رايىم بارمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ قورقۇپ تۇراتتىم. شۇنداقتىمۇ يىغىنغا قاتناشماي ئامالىم يوق ئىدى. تەلىيىمىزگە بۇ يىغىندا مېنىڭمۇ، مۇزىكانت ئاكىمىزنىڭمۇ گېپى بولمىدى. يىغىندىن قايتىپ خۇشال هالدا قايتىپ كېلىۋاتسام مۇزىكانت ئالدىمغا چىقىپتۇ.

— ئۇكام، قانداق بولدى؟ مەن توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز بولدىمۇ؟ — دەپ مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرىدۇ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ ئاكا، ئەڭ باشتا بىزنىڭ

ئىسمىڭىزنى چاقىردى. سىز بولمىغاندىكىن، باشقىلارنى كۆرەش قىلدى. تەييار بولۇپ تۇرۇڭ، كۆرەش قىلىدىغانلار ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ. سىزگە ياسىغان قالپاقنىڭ قانچىلىك چىرايلىقلىقىنى بىلمەيسىز...... دېيىشىمگە، چىرايى تاتىرىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالمايۋاتقاندەك تۆت ئەتراپىغا ئالاڭ - بۇلاڭ بولۇپ قارىغىلى تۇردى. شۇ چاغدا چاقچاق قىلىمەن دەپ ئۇنىڭغا نەقەدەر زور ئازاب ئېلىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ، بىردىنلا كۆلۈۋەتتىم:

— بولدى، چاقچاق قىلدىم، ئەنسىرىمەڭ ئاكا، سىز بىلەن بىز ھېچكىمنىڭ ئېسىدە يوق ئىكەنمىز، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى جىق ئىكەن، — دەپ يىغىمىندا بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردىم. ئۇ خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمەي، چىپ - چىپ تەرلەپ يول بويىدىكى بىر دۆڭدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا قىلغان ئىشىمدىن شۇنچىلىك قورقۇپ كەتتىم. راستتىنلا بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىم دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. شۇ كۈنلەردىن تارتىپ ناخشا - مۇزىكا چەكلىنىپ، تاكى 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بىز ئۇنىڭ گۈزەل كۈيلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش بەختىدىن مەھرۇم قالدۇق.

## 16

يىل ئاخىرىدا ئىدارىگە قايتىپ كەلگەن چاغلىرىمىزدا قايناق كۆرەشلەر خېلى بېسىقىپ، ئىنقىلابنىڭ تىغ ئۇچى بىزدەك ئادەتتىكى كىشىلەردىن «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»لارغا مەركەزلىشىۋېتىپتۇ. ژۇرنال توختاپ

كەتكەنىكەن. مەن ئىدارىدىكى كۆپ قىسىم كىشى نېمە قىلىسا شۇنى قىلىپ، ئارتۇقچە ئىشلاردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ يۈردۈم. شۇ كۈنلەردە ئاللىقاچان توي قىلىپ بالىلىق بولۇپ كەتكەن ئايتۇرغاندىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتنى كۆرۈپ ئۆتكەن كۈنلەرنى، ئاپام، ھەدىلىرىمنى ئەسلەپ، يوقىتىپ قويغىنىمغا ئۇزاق بولغان بىرنەرسەمنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئايتۇرغان خېتىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ سالامەتلىكىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، يېقىندا ھەدىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ئاپامنىڭ ۋە چوڭ ھەدىلىرىمنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلاشقانلىقى، مېنىڭ توي ئىشىم ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىپ، كىچىك ھەدەمنىڭ بىر دوستىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئىشلەيدىغان سىڭلىسىنى ماڭا لايىق كۆرۈشكەنلىكىنى، ھەدەم دوستى ئارقىلىق قىزغا ئۇقتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشىمنى جېكىلەپتۇ. ئۇ قىز چوڭ بىر كىتابخانىدا ئىشلەيدىكەن، ئىسمى نۇرئەلا ئىكەن. ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ياخشى قىز ئىكەن......

شۇنداق قىلىپ، زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇمغا يەنە بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ 24 — 25 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، قاش ـ كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، زىلۋا بوي، مىجەزى ئېغىر ـ بېسىق بىر قىز ئىكەن. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، گەپ ـ سۆزى جايىدا بولۇپلا قالماي، كىتابخانىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغانىكەن.

بىز شۇ يىلى كۈزدىلا توي قىلىۋالدۇق. بىر ئۆيگە كىرىپ بىر ـ بىرىمىزگە بولغان چۈشىنىشىمىز چوڭقۇرلاشقانچە

مۇھەببىتىمىز كۈچەيدى. سۆيۈنىدىغىنىم ئىككىمىزنىڭ گېپى دائىم بىر يەردىن چىقاتتى.

ئىككىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلىرىمىز ھەتتا ياقتۇرىدىغان رەڭلىرىمىزمۇ بىر دەك ئىدى. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ كۆپ قىسىم ياش ئاياللىرىدەك زىبۇ ـ زىننەت، ئۇپا ـ ئەڭلىك دېگەنلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. ئاددىي، پاكىز كىيىنىشنى ياقتۇراتتى. بىز ئاددىي ـ ساددا، تېجەشلىك ياشايتتۇق، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز ئۆيىمىزگە كەلسە بارىمىزنى ئايىمايتتۇق. ئۇ چاغلاردا مائاشىمىزمۇ بەك تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، پۇلمۇ يىغالمايتتۇق. لېكىن، بەختلىك، غەمسىز، تىنچ ياشايتتۇق. ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككىمىز كوچا ئايلىناتتۇق. ئالدىرىماي مېڭىپ دۆڭكۆۋرۈك تەرەپلەرگە، بەزىدە قىزىلتاغ، نۇرباغ ئەتراپىغا باراتتۇق، بەزى ئاخشىمى كارىۋىتىمىزدا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ يېتىپ، خىيالىمىزغا كەلگەن ياكى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشاتتۇق.

بىر قېتىم نۇرئەلا كىتابخانىدا «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دىن باشقا كىتابلارنىڭ ئاساسەن يوق ئىكەنلىكى، ئادەتتىكى خېرىدارلار كىتابخانىغا كىرمەس بولۇپ كەتكەنلىكتىن، كىتاب ساتقۇچىلارنىڭ ئەتىگەنلىك ـ كەچلىك «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىگە دوكلات قىلىش، سۈرەتتىن يولىيورۇق سوراشلاردىن باشقا ۋاقىتنى پايپاق توقۇپ، قارتا ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ دېمىسىمۇ بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى بۇ ئىشلار، ــ

دېدىم مەنمۇ، ــ سۈرەتكە قاراپ ئۇسسۇل ئوينىدىم، سۈرەتكە قاراپ خىزمەت دوكلات قىلدىم، يولىيورۇق سوراشلار پۈتۈنلەي خۇراپاتلىقتۇ، ئەگەر بۇ ئىشلارنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بىلگەن بولسا چوقۇم غەزەپلەنگەن بولاتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىشخانىدا يەنە مۇشۇنداق گەپلەر بولۇپ قالدى. ئۇ كۈنى ئەسلىي ئۆگىنىش قىلماقچى ئىدۇق. باشلىقلار يىغىنغا كېتىپتۇ. ئۇلارنى ساقلىغاچ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق، يېقىندا جەنۇبقا بېرىپ كەلگەن بىر بۇرادىرىمىز ئۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشقاندا «ياشىسۇن ماۋ جۇشى!» دەيدىغانلىقىنى، دەسلەپتە ئۆزى ئۇ گەپنى تازا ئاڭقىرالماي باشقىلارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئىسيانچىلار چاقىرتىپ ئاپىرىپ «نېمىشقا ياشىسۇن ماۋ جۇشى!» دەپ سالاملىشىشنى خالىمايسەن؟ دەپ سوراق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. شۇ چاغدا مەن ھېچ ئويلانمايلا:

ــ بۇ ئىشلار راستىنلا بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى جۇمۇ. سۈرەتكە قاراپ ئۇسسۇل ئويناش، سۈرەتكە قاراپ خىزمەت دوكلات قىلىش ــ يولىيورۇق سوراش دېگەنلەر ماتېرىيالىزمچىلار قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بىلگەن بولسا چوقۇم توسقان بولاتتى، ــ دېدىم. شۇ ھامان ئەتراپىمدىكىلەر قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك جىم بولۇشۇپ قالدى. بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بەزىلىرى دەرھال قوپۇپ نېرى كەتتى. شۇ چاغدىلا ئىچىمدە «ئاپلا...... » دەپ قالدىم. ئەمما، تۆكۈلگەن تۈكۈرۈكنى قايتا ئېغىزغا ئالغىلى

بولمايتتى. ئىختىيارسىز ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن بۇ سۆز يەنە بىر قېتىم تەقدىرىمنى بەلگىلىدى.
ئەتىسى كادىرلار بۆلۈمىگە چاقىرتىپ سوراپ قىلىندىم. مەن داھىيمىزنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىمنى، ئەمما، ھازىر ئەۋج ئالغان بەزى ئىشلارنى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقىمنى ھەم ئۇ ئىشلارنىڭ ھامان تۈزىتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى يوشۇرماي ئېيتتىم. شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا قىلغان سۆزلىرىمدىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ ـ دە. لى بۆلۈم باشلىقى:
ــ سەن زادى تۇخۇمىڭدىن ئەكسىيەتچى، ۋەتەنگە، سوتسىيالىزمغا ئۆچمەنلىك قىلىسەن! ئىلگىرى بىز سېنى قايتا ـ قايتا قۇتقۇزۇۋالمىدۇقمۇ؟ساڭا پۇرسەت بەرمىدۇقمۇ؟ سەن ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان ۋەتەن خائىنى، ئەمدى خەلقنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى. ئۇزاق ئۆتمەي «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى. داغدۇغىلىق ھەم ۋەھىملىك چوڭ يىغىندا بىرمۇنچە شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكار قاتارىدا مەنمۇ تارتىپ چىقىرىلدىم. قىزىق يېرى، جەنۇبتا «سوتسىيالىستىك تەربىيە» گە بىللە بارغان، بىللە «توردىن چۈشۈپ قالغان» مۇزىكانت ئاكىمىز بىلەن بۇ قېتىممۇ سەھنىدە يانمۇيان تۇرۇپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ پات ـ پات ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتىم. دەسلەپتە غال ـ غال تىترەپ ئارانلا ئۆرە تۇرغان بۇ داڭلىق مۇزىكانت بارا ـ بارا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولغاندا ھەتتا ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپمۇ قويدى. ئىككىلىمىز ئوخشاشلا

پارتىيەدىن چىقىرىلىپ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەنىدۇق. كېيىن، ئۇنىڭ جەنۇبىقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن قۇتۇبىنىڭ چەت بىر يېزىسىغا ھەيدەلدىم. ئېغىر لىشىپ قالغان نۇرئەلا ئۇرۇمچىدە يالغۇز قالدى.

مەن بارغان يەر ئاساسەن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۆزۈم تاماق ئېتىپ يەپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئەمگەكلەرگە چىقىپ يۈردۈم.

مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ تام مېشى زادى ئىسسىمايتتى. مۇزدەك سوغۇق ئۆيدە توڭۇپ كەتكىنىمدىن قولۇم ئىشقا بارمايتتى. يوتقىنىمنى ئۇچامغا يېپىنىپ، چىگە ئارغامچىدا بېلىمنى چىڭ باغلاپ ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپ يۈرەتتىم. قوناق ھور ناننى بىر قېتىم پىشۇرۇپ قويسام،ئۈچ - تۆت كۈن قاقلاپ ئىسسىتىپ يېيىشىمگە يېتەتتى. كۈندە بىرەر ۋاق يېسىۋېلەك شورپىسى قاينىتىپ ھورناننى چىلاپ ئىچىۋالاتتىم. ئاندا - ساندا ئىچەلەيدىغان تۇخۇم شورپىسى ئەڭ ئېسىل تامىقىم ئىدى. ئەترەت كادىرلىرى مېنىڭ قىينىلىپ ھەم يالغۇزچىلىق تارتىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ:

— بۇ يەردە قىينىلىپ يۈرگۈچە يۈرتىڭىزغا يۆتكىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېيىشتى.

— مەن غۇلجىلىق، چېگرا رايونغا مەندەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرمايدۇ، — دېسەم، ئەترەت باشلىقى كۈلۈپ كېتىپ:

— يولىنى تاپسىڭىز جاھاندا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. بىز غۇلجىنىڭ شەھەرگە يېقىنراق بىرەر يېزىسىغا

قارىتىپ خەت يېزىپ بېرەيلى، سىز خەتنى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئامال قىلىپ شۇ تەرەپلەرگە ئورۇنلىشىۋېلىڭ. غۇلجىنىڭ يېزىلىرى بۇ يەردىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ، ـــ دېدى. ئەترەت باشلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، خەتنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتتىم. تۇغقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن نوپۇسۇمنى يېزىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم شەھەردە پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى تېپىپ ئىشلىدىم. پات ـ پات ئورۇمچىگە بېرىپ نۇرئەلانىمۇ يوقلاپ تۇردۇم. ئىككىنچى يىلى باش باھاردا ئوغلىمىز تۇغۇلدى.

# ھەدىيە V

## 18

نەۋرە قىزىم دوستى بىلەن چىقىپ كېتىپ، نەدىندۇر بىر ئاسلان تېپىپ كىرىپتۇ. ئۇ تۇمشۇقى ھەم بەدىنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىلا قارا، باشقا يەرلىرى ئاپپاق، بەكمۇ ئوماق ئاسلان ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە گۈللەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ تازىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ قىپقىزىل، ناھايىتى ھەرىكەتچان تىلى بىلەن بويىنىدىن باشلاپ قورساق، دۈمبە، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىغىچە ناھايىتى ئەستايىدىل يالاپ چىقتى. ئارقىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سىلكىنىۋېتىپ يەرگە سەكرەپ چۈشتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاقىرىپ پاكىز بولۇپ قالغانىدى. نەۋرە قىزىم گەرچە ئۇنى ھەر كۈنى ئەركىلىتىپ، شۇنداق ئوبدان باقسىمۇ ئىشىك ئېچىلسىلا «پارت» قىلىپ سىرتقا قېچىپ كېتىدۇ. لالە ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەپ بەزىدە گۈللۈكتىن، بەزىدە ئۇستۇنكى قەۋەتلەردىن تېپىپ كىرىدۇ. بىر قېتىم ھەتتا دەرەخنىڭ ئۇستىدىن تۇتۇپ چۈشكەنىدى. ئىلگىرى ئۆينى مەينەت قىلىۋېتىدۇ، دەپ مۇشۇك بېقىشنى خالىمايتتىم. ئۆيدە بىر مۇشۇك پەيدا بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە بۇ ئاجىز

جانئۋارغا نىسبەتەن چۈشىنىش ۋە ھېسداشلىق پەيدا بولىدى. ئىنچىكە كۆزەتسەك، بۇ دۇنيادىكى بارچە ھاياتلىق — مەيلى ئىنساندەك ئەقىل - پاراسەتلىك، شىر - يولۋاستەك كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئۇچار قانات، قۇرۇت - قوڭغۇز، پاشا - چۈمۈلە بولسۇن، ھەممىسى ئورتاق ھالدا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەن ۋە ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، پەم - پاراستى، تەدبىرى بولىدىكەن. ئىنساننىڭ تىرىشچان - تىرمىششىلىرى، قۇشلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشى، چۈمۈلىنىڭ پىداكارلىقى، مۈشۈكنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشلىرى...... ھەممىسى بىر مۆقەررەرلىك ئىكەن. شىر - يولۋاسنى رەھىمسىزلىكى، تۈلكىنى ھىيلىگەرلىكى، مۈشۈكنى ئاچ كۆزلۈكى ئۈچۈن ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ؟ بەزىدە ئۇنىڭ بىر پارچە ئۇستىخاننى چىشلەپ پاكىز كاردۇۋات ئۈستىگە چىقىۋېلىشى مېنى ھەرقانچە تېرىكتۈرسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھسىزلارچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ ئاچچىقىمدىن يېنىپ قالىمەن. ئۇنىڭ خۇددى ماڭا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك تىكىلىپ تۇرۇشى، ئۈمىدسىزلىنىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىشى، ئۇ يەردىكى تاشتەكلەرنىڭ ئارقىسىدا سائەتلەپ سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇشى، ئاندا - ساندا بىرەر مۈشۈكنى كۆرۈپ قالسا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىققۇدەك بىرەر يوچۇق ئىزدەپ ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ كېتىشلىرى ماڭا ئۇنىڭ نەقەدەر يەككە - يېگانە، بىچارىلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىختىيارسىز ئامېرىكىلىقلار ئافرىقىدىن — يۇرتىدىن، ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىدىن ئايرىپ تۇتۇپ كەلگەن قارا تەنلىك

قۇللارنى ئەسلەپ قالىمەن. گەرچە بۇ ئوخشىتىش سەل بىمەنىدەك تۇيۇلسىمۇ، بىز ئۇلارنى ھەرقانچە ئەتىۋارلاپ باقساقمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەرمەك قىلىش ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئۆز تۇپىدىن، ئەسلىي ياشاش شارائىتىدىن ئايرىۋېتىشى رەھىمسىزلىك بولامدۇ ـ قانداق؟ ھايۋاننىڭ ئۆز جىنسىغا، ئۆز تۇپىغا ۋە ماكانىغا بولغان مۇھەببىتى ئىنسانىنىڭكىدەك كۈچلۈك ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ. بۆرىلەرنىڭ كۈچۈكلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشلىرى، بەزى قۇشلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن جۈپتى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت قارىلىق تۇتۇشلىرى ئۇلاردا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرمەمدۇ. ئۇلار ھېسسىياتىنى بىزگە سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ، خالاس.

مۈشۈك ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئاڭلاپ لالەنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ قالدى. ئۇ بۇ ئاسلاننى بىر بوۋايدىن ئالغانلىقىنى، ئەتە ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى، پۇلىنىمۇ سورۇشتۇرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاپىرىپ بەرسەڭ يەنە بىرسىگە ساتىدۇ، ئۇلار پۇل تېپىش ئۈچۈن مۈشۈ ئىشنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر. كېيىن سېتىۋالغانلار بەلكىم تېخىمۇ رەھىمسىز كىشىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۈشۈكلەر ئەڭ ياخشىسى باغ ھويلىلىق، كەڭ قورۇلاردا بېقىلسا، ئاسلانلاپ بىر توپ بولۇپ ياشىسا ياخشى بولىدۇ، — دېدىم. لالە:

— چوڭ ئاپا، دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھېلىقى...... مۇسۇلمانلار مۈشۈكنى ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇنى...... ياخشى باقمىسا بولمايدۇ، دەيدىكەن...... شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— داداڭ توغرا دەپتۇ قىزىم. مەن ساڭا مۈشۈنىڭغا دائىر

بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسەن؟

— ئاڭلايمەن چوڭ ئاپا.

مەن ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدا ئۇخلاپ قالغان مۇشۇكنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

— چوڭ ئاپا، ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟

— ئۇ بىر مۇھەببەت، قىزىم. بۇ زېمىندا ياشاش ھەققى بولغان جىمىكى جانلىققا بولغان مۇھەببەت، ھاياتلىققا بولغان مۇھەببەت ھەم ھۆرمەت. مۇسۇلمانلار بارچە ھاياتلىقنى سۆيىدۇ، ھاياتلىقنى پەس كۆرمەيدۇ، خورلىمايدۇ.

ئەتىسى مەن ئىككىنچى ھېكايەمنى باشلىغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ باقمىغان بىر دۇنيانى كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سۆزلىگەنلىرىمنى ئاڭلىدى - دە، ئۇنىڭغا قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدا ياشىغان يۈسۈف ئىسىملىك كىشى يازغان «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان بۇ كىتابتىكى دۆلەت باشقۇرۇش غايىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا ئالىملىرىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانلىقى ھەققىدە ئاددىي تىل بىلەن سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ كىتابقا تەئەججۇپ ئىچىدە قارايتتى. ئۇنى تۇتۇپ بېقىشتىن، قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ بېقىشتىن ئەيمىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىرىدا ئۇ يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى قەشقەردە ھازىرمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، كېلەر يىلى يازدا دادىسى بىلەن بېرىپ

كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە مەھمۇد كاشغەرىيگە ئائىت رومان ۋە بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ قېتىم باشقا نەۋرىلىرىمنى ھەم خالىغان قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرتىپ مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە ھېكايە سۆزلىدىم. سۆزلەۋېتىپ ئۆزۈممۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. مەن بۇنداق ھاياجاننى ئۆتتۈپ كەتكىلى كۆپ يىل بولغانىدى. قىزىقارلىق ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۈچ توملۇق «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا بۇ كىتابنىڭ تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تۇنجى لۇغەت دۇنيادا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى كاتتا ئەسەر بولۇپلا قالماي، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەينى دەۋر تۇرمۇشىغا ئائىت قىممەتلىك بەدىئىي قامۇس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. نەۋرىلىرىم ئىلگىرى ئۆزلىرى ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى قىلىچ ئېلىپ ياۋ بىلەن كۈرەش قىلغان، ئاق ئات مىنىپ ساھىبجامال مەلىكىلەرنى قارا نىيەتلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغان شاھزادىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان، كىتابى مىڭ يىللاپ ساقلىنىپ قالغان بۇ شاھزادىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئەلىشىر ناۋايى ھەققىدىكى ھېكايىنى لالە بىلەن ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقان ياكى قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا سۆزلەپ بەردىم. سىزىپ تۇردۇمكى، خىيالچان، مۇڭلۇق بالا شائىرنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ھەسەت ۋە دۈشمەنلىك بالاسى ئىچىدە ئۆتكەن تىنچسىز ھاياتى، مۇھەببىتى، شېئىرلىرى، تۈيۈقسىز ئۆلۈمى...... لالەگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئەرەب - پارس

تىللىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ئاشۇ يىللاردا ئانا تىلىنى قوغداش يولىدا قانداق كۆرەش قىلغانلىقىنى بوگۇنكى بەزى ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان چېغىمدا، ئۇ مەندىن بىر سوئال سورىدى.

— قوش تىل ئوقۇتۇش شۇ چاغدىمۇ بارمىتى، چوڭ ئاپا؟ — مەسئۇد ئىككىمىز ئىختىيارسىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشتۇق. مەن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈپ ئاندىن جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم. بىز ئۇنىڭدىكى قىزىقىشتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئانا تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرمەكچى بولدۇق. مەسئۇد ئۇنىڭغا كىتابخانىدىن «ئەلىشىر ناۋايى» ناملىق رومانىنى ۋە تارىخ، مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت ئاددىي ئوقۇشلۇقلارنى ئەكېلىپ بەردى. لالە ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتقاندا ئۇمۇ ئىختىيارسىز پاراڭغا ئارىلىشاتتى، مۇنداق چاغلاردا ھەتتا شاھماتچى بۇرادەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.



مەسئۇد ئىككىمىز تەتىلدىن كېيىنمۇ شەنبە - يەكشەنبە، بايراملىق دەم ئېلىشلاردا نەۋرىلەرنى يىغىپ بۇنداق دەرسلەرنى دائىم ئۆتۈپ تۇرۇش قارارىغا كەلدۇق. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قوشنىلار ھېلىتىن بالىلىرىنى تەۋسىيە قىلغىلى تۇردى. كونىلارنىڭ «ئىش قىلماسلىقتىن قالىدۇ» دېگىنى راست ئىكەن. ئىشنى باشلىۋىدۇق، يوللىرىمىز كېڭەيدى. روھىي كەيپىياتىمىز جانلىنىپ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قايتقاندەك بولۇپ قالدۇق. قاچانلاردىن تارتىپكى نەۋرىلىرىمىز بىزدىن يىراقلاپ كەتكەن، بىزدىن ئۆزىنى تارتىدىغان، بىزگە ۋاقتى ئۆتكەن ئاسارئەتىقىلەرگە قارىغاندەك قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەلكىم بىز مۇشۇ

يول بىلەن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى باغرىمىزغا قايتۇرۇپ كېلەرمىز. بەلكىم بۇ بىزدىكى زىيادە ئۇمىدۋارلىقتۇ. غايەت كۈچلۈك دەۋر ئېقىمى، مۇنتىزىم مائارىپىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان يۇقىرى بېسىمى بۇ ئورۇنۇشلىرىمىزنى قۇرۇق ئاۋارىچىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويار. ئەمما، بىزمۇ مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىز ۋىجدانىمىزغا يۈز كېلەلەيدىغان ھەم بىز قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەسئۇد نەۋرىلەرنى يىغىپ مۇزېيغا ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن سوئال، گاڭگىراش بىلەن كېلىدىغانلىقى ئېنىق.

مەن نەۋرىلىرىمگە بۇ زېمىندا ياشىغان قەدىمكى ھونلار، ساكلار، ئەفتالىتلار، توخارلار، ئۇيغۇرلار......ئۇلارنىڭ تۈركلىشىشى، ئۇلار قۇرغان كۈچلۈك دۆلەتلەر، ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، چىڭگىزخان ئىستېلاسى، تۈركلەشكەن موڭغۇل خانلىرى، چاغاتاي خانلىقى...... ھازىرقى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بالىلار تىلىدا دەرس سۆزلىدىم. ئوغۇل نەۋرەم:

— چوڭ ئاپا، مۇئەللىم بىزگە: «سىلەر ئەرەب دۆلەتلىرىدىن كەلگەن» دېگەن، بىز ئەرەب ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق بالام، بىز ئۇيغۇر، ئەجدادلىرىمىز قەدىم - قەدىمدىن مۇشۇ زېمىندا ياشىغان. سىلەر مۇزېيدا كۆرگەن سېرىق چاچلىقلار، «كىروران گۈزىلى» ھەممىسى يەكۈنىمىزنى ۋاستىلىك ئىسپاتلايدۇ. قاراپ بېقىڭلار، چوڭ داداڭلار ئاشۇلارغا ئوخشىمامدىكەن؟ كېيىن تېخىمۇ كۆپ

مىللەت ۋە ئىرقلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. ئاشۇ مىللەتلەر قوشۇلۇپ بىز ــ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بارلىققا كەلگەن. هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى، بەدەن قىياپەتلىرىدىن ئاشۇ هەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئالاهىدىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئاق سېرىق، بەزىلەر بۇغداي ئۆڭ، بەزىلەر ياپما قاپاق، لېكىن، بىز هەممىمىز ئۇيغۇر.

رەسىم سىزىشقا قىزىقىدىغان چوڭ ئوغۇل نەۋرەم يوغان بىر پارچە قەغەزگە سارغۇچ قوڭۇر چاچلىق كىرۇران گۈزىلىنى، قارا چاچ، ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك تۈرك شاهزادىسىنى، پاكار ئاتقا مىنگەن موڭغۇل ئەسكىرىنى، ئاخىرىدا توق قوڭۇر چاچلىق، قاراقاش، قوي كۆزلۈك ئۇيغۇرنى سىزدى. مەن يەنە ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان يېزىقلار، ئېتىقاد قىلغان دىنلار توغرىسىدىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر سۆزلەپ ئۆتتۈم.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەيلا ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، تۇغقاندارچىلىق، مېهماندارچىلىق يوسۇنلىرىمىز، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىمىز، هېيت - بايراملىرىمىز، توي - تۆكۈن، بۆشۈك توي، خەتنە توي، دەپنە، نەزىر - چىراغ قائىدىلىرىمىز توغرىسىدا دەرس ئورۇنلاشتۇردۇم. مەسئۇد كىتابخانىلاردىن بولارغا ئائىت كىتاب - ماتېرىياللارنى تېپىپ كەلدى. مەن قىز - ئوغۇل نەۋرىلىرىمگە ئۆزىمىزچە كىيىنىپ كېلىش تەلىپىنى قويغانىدىم، قىزلار چاچلىرىنى ئۆششاق ئۆرۈپ، ئەتلەس كۆڭلەك، دوپپا كىيىپ كەپتۇ، بولۇپمۇ مېنى خۇشال قىلغىنى، چوڭ كېلىنىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئوغلىغا بادام دوپپا، ياقىسىز، ئۇزۇنراق تون

كېيدۇرۇپ، بىلىگە بەلباغ باغلاپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ بىردىنلا كىچىك ۋاقىتلىرىم، مۇشۇنداق كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاكا ـ ئىنىلىرىم ۋە قوشنىلارنىڭ بالىلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. بۇ كىيىم ئۇلارغا نەقەدەر ياراشقان ـ ھە!

نەۋرىلىرىمنى كۆرۈپ خۇددى ھېيت بولغاندەك، ئۆيگە قوشنىلارنىڭ بالىلىرى يىغىپ كەتتى. مەن بالىلارغا رەڭلىك سۈرەتلەرنى، گاھىدا نەۋرىلىرىمنىڭ كىيىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە خاس كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى كىيىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردۇم ۋە شۇنداق كىيىنگەن بالىلارنى ماختاپ ئىلھاملاندۇردۇم. چوڭلارنى كۆرگەندە ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈش، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى تۆرگە باشلاش، چاي قويۇش، ئالدىدا ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش، چوڭلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزارتماسلىق، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، غەلۋە قىلماسلىقتا ئوخشاش يوسۇنلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ ھەم بالىلارنىڭ ئۆزىگە ئورۇندىتىپ ئۇلارنى ئەدەپسىز قىلىقلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندىدىم. ئاخىرىدا بىر قىزنىڭ قونچىقىنى بۆشۈكتە ياتقۇزۇپ ئۆتكۈزگەن «بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش» مۇراسىمىمىز بەك كۆڭۈللۈك بولدى. ھەربىر بالا بوۋاققا «بەختلىك بولسۇن»، «ئەقىللىك بولسۇن»، «ئوماق بولسۇن»، «گەپ ئاڭلىسۇن»، «يىغلاڭغۇ بولمىسۇن» دېگەندەك تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. قاق ـ مېغىز، كەمپۈت ـ شاكىلاتلار بىلەن مېھمان بولۇشۇپ كۆڭۈللۈك ئويناشتى. بۇ دەرستىن كېيىن، ئۇدۇل قوشنام بالىلىرىنىڭ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇپ

قالغانلىقىنى ئېيتىپ:

— ھەدە، بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرسىڭىز بولاتتى. مەن قوشنىلارنى ھەربىكەتلەندۇرۇپ سىزنى زىيان تارتقۇزمايتتىم، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— قوشنام، بۇ ئىشقا ياردەملەشسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئەمما، پايدا - زىياننىڭ گېپىنى قىلسىڭىز سىزدىن رەنجىپ قالىمەن، — دېدىم ۋە ئەمدى بىر مەزگىل باشقا ئىشلار بىلەن بولىدىغانلىقىمنى، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ يەنە باشلىساق بولىدىغانلىقىنى، كېيىنكى ھېكايىلىرىمنىڭ تېخىمۇ ئېسىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ھېكايىلىرىم تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتاتتى. تاشكېمىر رەسىملىرى، خوتەن قەغىزى، خەتتاتلىق، كىتابچىلىق ھەققىدە، «12 مۇقام»، ئاماننىساخان، مەشرەپلەر ھەققىدە، ئاتا - بوۋىلارنىڭ مىمارلىق، نەقىش سەنئىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھېكايىلارنى سۆزلىمەكچى ئىدىم. ئەمما، مەن راستتىنلا بىر مەزگىل ئۆز ئىشلىرىمنى قىلىۋېلىشقا موھتاج. مەن پات - پات كىچىك ساندۇقچىدىن ئاشۇ قىزىل رەڭلىك باغاقنى ئېلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن كونگە قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنە بارماقلىرىمنى پۈكۈپ قايتا - قايتا سانايمەن. كۈنلەر ئۆتمەكتە. ئەمدى ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى. مەن بىر - ئىككى قۇر يېڭى كىيىم ئېلىشىم، يېڭى ئاياغ، سومكا، كىچىكرەك چامادان دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى تەييارلىشىم كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن كەيپىياتىمنى تەڭشەپ، ھەرقانداق خۇشاللىق ياكى قايغۇنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك

روھىي ھالەت ھازىرلىشىم، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ زۆرۈر دورىلارنى ئېلىۋېلىشىم كېرەك. كەچتە قىزىم مۇنىرە بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. ئۇ:

— دوختۇرخانىغا ئەتىلا بارغىن ئاپا، ئۇكام ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ بارسۇن. جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرسىم يوق، مەن سىنى دۇكان ئايلاندۇراي. مەكتەپ بويىچە يىغىن بار دەۋاتقان، بىر ئامالىنى قىلىپ رۇخسەت ئالارمەن. رۇخسەت ئالالىسام دەرستىن چۈشۈپلا يېنىڭغا بارىمەن، — دېدى.

مۇنىرەنى ھەممىمىز مال تونۇيدۇ، دەيمىز. ئۇ زامانغا لايىق ھەم ئىشلىتىشكە ئەپلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالايدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا قايىل بولغىنىمدىن: «تىجارەتچى بولۇپ قالساڭمۇ سوداڭ قالتىس يۈرۈشۈپ كېتەتتىكەن سېنىڭ» دەپ قالىمەن. ئۇ ئۆزىمۇ مەكتەپتىكى ئىشلاردىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

— بۇ باش ئاغرىقى ئىشلارنى تاشلاپ ئوقەتچى بولۇپ كېتەيمۇ، يە؟ — دەپمۇ قويىدۇ. ئەمما، يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ قىزىمىز — دە.

مەن ئۆز ئىشىمغا شۇنچىلىك بېرىلگەنىكەنمەن. تارتقان خورلۇق — كۈلپەتلىرىم مېنى ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ سوۋۇتالمىغانىكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئالدىدا، يېڭى مۇدىر ئالدىغا چاقىرتىپ خىزمىتىمنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندا نەچچە كۈنگىچە بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە مەست بولۇپ يۈرگىنىم، ئىككى ئايدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم خىزمەتتىن ئايرىلىپ، نەچچە يىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىر يەنە خىزمىتىم ئەسلىگە كەلگەندە يىغلاپ

كەتكەنلىرىم، مۇنبەرگە قايتا چىققاندا ھاياجاندىن ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قىلىدىغان گەپ تاپالماي، ھېلى كۈلۈپ، ھېلى يىغلاپ تۇرۇپ قالغىنىم...... پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن مەكتەپمۇ مەكتەپ بېرىپ: بالىلارنىڭ نېمىشقا ساۋاتى تولۇق چىقمايدۇ. ساۋاتى چىقمىغان بالىلارنى ماڭا يىغىپ بېرىڭلار، بىر پۇڭ ھەق ئالماي ئىككى ئايدا ساۋاتىنى چىقىرىپ بېرىمەن، دەپ تەلەپ قىلغانلىرىم...... مۇدىرلارنىڭ ھەيران بولۇپ ئاغزىمغا قاراپ قالغانلىرى......

## 19

8 ـ ئاينىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆتمەكتە. ھاۋا يەنىلا شۇنداق ئىسسىق. ئاپتاپنى توسۇش ئۈچۈن ياتاق ئۆيۈمنىڭ قېلىن پەردىسىنى ھىم يېپىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتتىم. مەسئۇد بىلەن لالە ئاللىقاچان چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. زالمۇ، قورۇمۇ، ھەتتا پۈتكۈل شەھەرمۇ تىپتىنچ، خۇددى ھەممە ئادەم تەڭلا ئۇيقۇغا كەتكەندەك. پەقەتلا ئاسلانچاق كارىۋات ئاستىدىن تېپىۋالغان بىر كاللەك يۇڭ يىپنى چۆرگۈلىتىپ چۇۋۇماقچى بولۇپ يۈرىدۇ. مەنمۇ ئۇچى چىقىپ قالغان ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىمنى، ياق، ئۆزۈمنى چۇۋۇش ھەلەكچىلىكىدە. ئەمما، بۇ «چۇۋۇلۇش» ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. سەن يىللار تونېلىدا ئۆتمۈشكە قاراپ ماڭغىنىڭدا قاراڭغۇلۇقتا چاقناپ كۆز قىسىشىپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزنى سەير قىلىپلا قالماي، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، قويۇندەك پىرقىراپ يېقىنلاشقانلىكى مەۋجۇداتنى دەم تارتىپ كېتىدىغان قاراڭغۇ

ئۆڭكۆرلەرگىمۇ يولۇقمىسەن. سەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي تۇرالمايسەن. ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىڭمۇ، قانداق تارتىلىپ كەتكىنىڭنى بىلمەيسەن. ئۇ يەردە سەن ئۆزۈڭنىڭ چۈۋۈلۈۋاتقانلىقىڭنى سېزىسەن. ھاياتىڭدىكى ئەڭ قاباھەتلىك دەقىقىلەر، كۈنلەر، ئايلار، يىللارنى يەنە بىر قېتىم بېشىڭدىن ئۆتكۈزىسەن، يۈرەك سوقۇشلىرىڭ ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىدۇ، نەپسىڭ بوغۇلىدۇ، قان تومۇرلىرىڭ كۆپىدۇ...... بۇ بەكمۇ ئازابلىق جەريان. ئەمما، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ بۈگۈنىگە ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئەندىشىلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

1966 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە، كىشىلەر كۆڭلىنى بىر خىل تىنچسىزلىق ئەندىكتۇرۇپ تۇراتتى. تەجرىبىلىك كىشىلەر گېزىتلەر ۋە رادىيو خەۋەرلىرىدىن چوڭ بىر ھەرىكەتنىڭ شەپىسىنى سىزىۋېلىشقانىدى. ئىيۇننىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى» ئېلان قىلىندى. 20 ـ ئىيون مەكتىپىمىزدە پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش قەسەمياد يىغىنى ئېچىلدى.

سىنىپلار ئالدىدىكى چوڭ مەيدانغا ھەيۋەتلىك يىغىن سەھنىسى ياسالغان بولۇپ، سەھنىدە ناھىيە ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرى سۈرلۈك قىياپەتتە قاتارلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. سىنىپ ـ ئىشخانىلارنىڭ تاملىرى، سەھنىنىڭ ئالدى ـ كەينى، دەرەخلەرگىچە چاپلانغان شوئار ـ پىلاكاتلار ھەممە يەرنى قىپقىزىل بويىغانىدى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە

قويۇلغان ئۇزۇن ـ قىسقا ئورۇندۇقلاردا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئولتۇرۇشقان، ئوقۇغۇچىلار ئاستىغا گېزىت، بىرەر پارچە خىش قويۇپ ياكى توپىلىق يەردىلا ئولتۇرۇشاتتى. ئوقۇتقۇچىلار چاندۇرمىغىنى بىلەن چىرايلىرىدىن گاڭگىراش، دەككە ـ دۈككە چىقىپ تۇراتتى. «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» يەنە بىر قېتىملىق ئىنقىلاب باشلاندى دېگەنلىك يەنە بىر تۈركۈم ئادەم تارتىپ چىقىرىلىدۇ دېگەنلىك. تارىختىن بۇيان قايسى ھەرىكەتتە «بىر ئوچۇم» لارنى پالاكەت باسمىغان. ئىلگىرى تەركىبى يۇقىرىلارغا، تارىخىدا مەسىلە بارلارغا، ۋىجدانى قايناپ ئانچە ـ مۇنچە سۆزلەپ قويغانلارغا، ئىقتىسادىي جەھەتتە نەپسىنى يىغالمىغانلارغا، چەت ئەل بىلەن بىرەر باغلىنىشى بارلارغا كەلگەن. بۇ قېتىم ئەكسىلئىنقىلابچى، شيۇجېڭجۇيىچى، بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى، جەمئىيەت داشقاللىرى، جىن ـ شەيتانلار...... دېيىلىۋاتىدۇ. قارىغاندا كىمگە كىيدۇرسە بولىدىغان قالپاقلاردەك قىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ ئىشلىرىمنى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر تېخى يېقىندىلا تەكشۈرۈپ خۇلاسە چىقىرىپ بولغان، كەلگۈلۈك ماڭىلا كېلىۋەرمەس...... دەپ ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرماقچى بولىمەن. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈم ئالدىنقى رەتتە ئىشەنچ بىلەن قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىگەمبەردى مۇئەللىمگە چۈشتى. كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، ئۇ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ھەم ۋىلايەت تەۋەسىدە خېلى تەسىرى بار شائىر. ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەردە ئۇ ئۆزىگە كىر قوندۇرماي كەلگەن. ئۇنى پۈتلىماقچى بولغانلارمۇ ئۇنىڭ پارتىيە ۋە باھار ھەققىدە يازغان

شېئىرلىرىدىن ياكى ئوقۇتۇش مېتودىدىن نۇقسان تاپالماي، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بىر كۆك نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۆتمۈشنى ئەسلەش يىغىنلىرىدا ئۇ دائىم ئائىلىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئېچىنىشلىق تارىخىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيدۇ. كۆز يېشى قىلىپ، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىمۇ يىغلىتىۋېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا بەزىلەر ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى – قامىتى، مەغرۇرانە يۇرۇش – تۇرۇشلىرى، ئارقىسىدىن چىقىپ تۇرىدىغان، راست – يالغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان كۇس – كۇس پاراڭلار ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىك قىلىشى ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ، سىياسىي ئۆگىنىشلەردە ھەممىدىن ئاكتىپ پىكىر بەرسىمۇ، تەتىللەردە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتۈپ مەكتەپكە شان – شەرەپ كەلتۇرسىمۇ، بىرەر قېتىم ئىلغار سايلىنىپ باقمايدۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا رەتلىك كىيىنىپ، چاچلىرىنى مايلاپ خۇشال – خۇرام يۈرىدۇ. چىرايلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرسە ئېچىلىپ – يېيىلىپ مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. ئىگەمبەردى مۇئەللىم ئىككىمىز بەزى تەرەپلەردە بەك چىقىشىمىز، گېپىمىز دائىم بىر يەردىن چىقىدۇ. ئەمما، بەزى تەرەپلەردە ئوت بىلەن سۇدەك بىر يەرگە كېلەلمەيمىز. شۇڭا، بىر – بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىمىز – يۇ، بىر – بىرىمىزدىن يىراق يۈرىمىز...... يەنە ئاۋۇ رىسالەت خانىم، تۇرسۇن مۇئەللىملەرچۇ، ئۇلار نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ......

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. گومبۇرلىگەن داقا – دۇمباق ساداسى، چاۋاك –

ئالقىش سادالىرى ياڭراپ ئىگىز تىرەكلەرنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغىلارنى ئۈركۈتۈۋەتتى. مۆگدەپ ئولتۇرغانلار چۆچۈپ كېتىشتى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە رەھبەرلەر سۆزگە چىقىپ سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى ۋە مەكتىپىمىزنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا رەھبەرلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. ئەزالارنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ ئىدارىسىدىن كەلگەن كادىرلار بولۇپ، بىزنىڭ مەكتەپتىن مۇدىرلارنىڭ ئارقىسىدا يۈرىدىغان بىرنەچچە ئاكتىپمۇ بار ئىكەن. رەھبەرلەرنىڭ تەنتەنىلىك سۆزىدىن كېيىن يىغىن باشقۇرغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاممىنىڭ پاش قىلىشى، رەھبەرلىكنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەكتىپىمىزدىن بىرىنچى تۈركۈمدە تارتىپ چىقىرىلغان ئەكسىيەتچى، شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار، بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى، قارا يىپ، گېزەندە، داشقال جىن شەيتانلارنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. يۈرىكىم بىرنەرسىنى سەزگەندەك ئىگىز - پەس سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. يىغىن باشقۇرغۇچى يۇقىرى ئاۋازدا:

— بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى، بۇرژۇئازىيەنىڭ قارا يىپى، ئەكسىيەتچى شائىر ئىگەمبەردى ئايۇپ سەھنىگە چىقسۇن! — دەپ توۋلىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىرىپ بولغۇچە قۇلاق تۈۋىمدە بومبا پارتلىغاندەك يەنە بىر سادا ياڭرىدى:

— شيۇجېڭجۇيىچى، بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقى، سىنىپى يات ئۇنسۇر، جاھىل گېزەندە ھەدىيە ئەبەي سەھنىگە چىقسۇن!

خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر ھالەتتە سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلدىم. مېنىڭ كەينىمدىن ئاۋۇت «ئارخىمېد»،

رىسالەت خانىم، ئابدۇللا مۇئەللىم، تۇرسۇن مۇئەللىم ۋە بىر قىسىم چوڭ ياشلىق مۇئەللىملەر تارتىپ چىقىرىلدى.

شوئار، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئىچىدە: «سىنىپىي يات ئۇنسۇر» مەسئۇد ماخمۇت سەھنىگە چىق!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

مەسئۇد باشقىلارنىڭ قول تەگكۈزۈشىگە يول قويماي، سەھنىگە تېز ـ تېز مېڭىپ چىقىپ سەپنىڭ ئاخىرىغا تىزىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا:

— كونا ئەكسىلئىنقىلابچى، گېزىتىدە ۋاڭ جىيەنلۇڭ ئوتتۇرىغا چىق! — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئائىشە ھەدىنىڭ ئېرى «ۋاڭ لاۋشى» (يۇنۇس مۇئەللىم) سەھنە تەرەپكە قاراپ ئالدىرىماي كېلىۋېتىپتۇ. داقا ـ دۇمباق، شوئار سادالىرى يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقتى:

— يوقالسۇن بۇرژۇئا ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى!

— يوقالسۇن سىنىپىي دۈشمەنلەر!

— يوقالسۇن ئەكسىلئىنقىلابچى، شىيۇجېڭچۇيىچى ئۇنسۇرلار!

ئىچىدە ساناپ باقسام تارتىپ چىقىرىلغانلار 17 ئادەم ئىكەنمىز. دېمەك، سېپىمىز خېلى كەڭ ئىكەن. كۆپنىڭ قاتارىدا ئىكەنمىز. نېمە كۆرسەڭ تەڭ كۆرەرمىز، دەپ ئويلاپ ئاز ـ تولا تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم. لېكىن، تېخى يېشىغا توشمىغان ئوغلۇمنى ۋاقتىدا ئېمىتەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ كۆڭلۈم يېرىم ئىدى.

يېڭىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئىككى «قىزىل قوغدىغۇچى — كىچىك باتۇر» مېنى سىلكىپ تارتىپ مەيدەم ۋە دۈمبەمگە

شوئار يېزىلغان قەغەزلەرنى چاپلىدى. قارىسام باشقىلارغىمۇ چاپلىغىلى تۇرۇپتۇ. بېشىممىزغا كارتون قەغەزدىن ياساپ تەييارلانغان ئۇزۇن قالپاقلار كىيدۈرۈلدى. شۇ ھالىتىمىز بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مىدىر قىلماسلىققا تىرىشىپ، ئىسسىقتىن تەرلەپ ـ پىشقىنىمىزچە ھەربىرىمىزنىڭ «جىنايى قىلمىشلىرى» پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان ماقالىلەرنى ئاڭلىدۇق. ئوقۇلۇۋاتقان بىر ماقالىدە ئىگەمبەردى مۇئەللىمنىڭ «پارتىيەم» دېگەن شېئىرى «ئىگەمبەردىنىڭ ئارزۇسىدىكى ئەكسىيەتچى پارتىيە مەدھىيەلەنگەن» دەپ؛ «باھار» ناملىق شېئىرى «ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنى زىمىستان قىشقا ئوخشىتىپ، ئۆز ئارزۇسىدىكى باھارنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولغان» دەپ؛ ئاۋۇت مۇئەللىمنىڭ مەستلىكتە «بىر پىشاڭ بىلەن يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغىۋېتەلەيمەن» دېگەن گېپى «سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىشى» دەپ تەھلىل قىلىنغانلىقىنى ھەيران قالغان ۋە قورققان ھالدا ئاڭلىدىم. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى ھەدىيە ئەبەي ھەممىلا يەردە ‹كومپارتىيە ئادەم ئەمەس› دەپ داۋراڭ سېلىپلا قالماي، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن قارشىلاشقان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلماقچى بولغان» دېگەن تەھلىللەر قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى. «مەن راستتىنلا شۇنداق دېگەندىمەنمۇ؟بىر ـ ئىككى ئادەم پارتىيەگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، دېگەن ئەمەسمىدىم......» قورقۇنچتىن كاللام قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. «مەن راستتىنلا نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدىممۇ؟»

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاكتىپلار بىلەن «قىزىل

قوغدىغۇچى» كىچىك باتۇرلار بىزنى ئالدىغا سېلىپ مەكتەپ ئىچىدە سازايى قىلدى. ماڭا كىيدۈرۈلگەن قالپاق ئۇزۇن ھەم تار بولغانلىقتىن، ھە دېسە بېشىمدىن چۈشۈپ كېتەتتى. قەستەن چۈشۈرۈۋەتتى دېمىسۇن دەپ گەۋدەمنى مىدىرلاتماي ھەيكەلدەك مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. قىياپىتىمنى كۆرگەنلەر ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشكىنىگە قاراپ تېخىمۇ خورلۇقۇم كېلەتتى. «مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەن شۇدە.

ئەنە شۇنداق قىيىن بىر ھالەتتە كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرىپىمىزدىكى تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئادەملەر توپى ئىچىدە چىراي تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئائىشە ھەدىنىڭ ئەنسىز كۆزلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. سېپىمىز يېقىنلاپ بارغانچە، توپلىشىپ تۇرغانلار ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ بىزگە يول بېرەتتى. ئەمما، ئائىشە ھەدە قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. قىزىل يەڭ بەلگىلىكلەر قوپاللىق بىلەن ئۇنى يولنىڭ چېتىگە ئىتتىرگەندە، مەن ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆردۈم. ئەمما، ئارقامغا قارىيالمىدىم. كېيىن، ئائىشە ھەدىنىڭ دەپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى يازلىق ئوچىقىدا بىر قازان ياغنى چۈچۈتۈۋاتقانىكەن. يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان شوئار ۋە داقا ـ دۇمباق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ قورۇدىن چىقىپلا مېنى ۋە كەينىمدە تۇرغان ئېرىنى كۆرۈپتۇ. قورقىنىدىن تىترەپ نېرى كېتىشنى، يا ئالدىمىزغا كېلىشنى بىلەلمەي، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قاپتۇ. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ۋارقىرىشىپ، ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتكەندىن كېيىنلا خۇدىنى تېپىپ، ئۆمىلەپ قوپۇپ

بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئوچاقتىكى ياغنى ئېسىگە ئېلىپ، يۈگۈرۈپ كىرىپ قارىسا، ياغقا ئوت كەتكەنىكەن. ئۇ ئوچاقتىكى ئوتنى كۆممەكچى بولۇپ بىر گۈرجەك ئۇۋاق كۆمۈرنى گۈرجەككە ئاپتۇ ـ يۇ، ئوچاققا ئەمەس، قازانغا تاشلاپتۇ. قازاندىكى ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. ئائىشە ھەدە قورقۇپ كېتىپ قازاننى يەرگە ئالماقچى بوپتۇ، ئەمما، قولى كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ. قازان ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ......

ئائىشە ھەدە بۇ ئىشلارنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سۆزلەپ يۈرگەنىدى، ھەر قېتىم تىلغا ئالسا قورقىقاندەك بولۇپ مەيدىسىنى تۇتۇۋالاتتى.

بىز تارتىپ چىقىرىلغانلار 17 ئادەم ئىدۇق. 1970 ـ يىلغىچە بۇ سان كېمەيمەي، ئاۋۇماي بىر خىل تۇردى. شۇ يىلى ئاۋۇت «ئارخىپىد» بىلەن مەسئۇد بىزنىڭ قاتارىمىزدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا چەت ئەلدە تۇغقىنى بار زورەم بىلەن ۋىلايەتتىن يۆتكىلىپ كەلگەن بىر پېشقەدەم تاتار ئوقۇتقۇچى قوشۇلدى. زورەمنىڭ ئاكىسى چەت ئەلدە خېلى داڭلىق شەخس بولسا كېرەك، ئۇنى دائىم ساقچىلار كېلىپ سوراق قىلاتتى. زورەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ئۇنىڭدىن: «ئاكاڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرامسىلەر؟ قانداق ئالاقىشىسىلەر؟ نېمە دېيىشتىڭلار، ئۇ نېمە دېدى؟» دەپلا سورايدىكەن. زورەمنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان خەت ـ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق، دېگەن گېپىگە زادى ئىشەنمەيدىكەن. يەنە بىر مۇئەللىم ئىلگىرىكى مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە قانداقتۇر بىر «چەت ئەلگە باغلانغان تەشكىلات» قا قاتناشقان، دەپ گۇمان قىلىنغانىكەن.

مۇئەللىم بولسا ئۇنى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان تۆھمىتى، دەپ چىڭ تۇرىدىكەن. ئەپسۇسكى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىنمايدىغان، راست ـ يالغان ئايرىلمايدىغان ئۇ دەۋرلەردە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى يوق ئىدى. قالپاقلار ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. گۇناھسىز بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەڭ ئېغىر گۇناھكارغا ئايلىنىپ قېلىشى ئادەتتىكى بىر ئەھۋال ئىدى.

بىر كۈنى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» كىرىپ ئۆيىمىزنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلار شۇنچىلىك ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن ئاختۇردىكى، جىنايىتىمىزنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ماتېرىيال تېپىش ئۈچۈن يەرگە ياتقۇزۇلغان خىشلارنىمۇ قومۇردى، ئوچاقتىكى كۈلنى، چېلەكتىكى ئەخلەتنى مالتىلاپ كۆرۈشتى. چامادان ـ ساندۇقتىكى كىيىم ـ كېچەك، يىغىلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى چۇۋۇپ، كىتابلارنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ كۆرۈشتى، ئاخىر ئۆيدىكى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»دىن باشقا بارلىق كىتابىمىزنى هارۋىغا بېسىپ ئاچىقىپ كەتتى. مەكتەپ مەيدانىغا سىم تارتىپ مەسئۇد ئىككىمىزنىڭ بارلىق سۈرەت، كىيىم ـ كېچىكىمىزنى، مېنىڭ ئىچ كىيىملىرىمنى ئارغامچىغا يېيىپ سازايى قىلدى. ئادەتتىكىچە كاستۇم ـ يوپكا ياكى شىم، چىرايلىقراق كۆڭلەك، يىپەك ئىچ كىيىم، ئۇزۇن پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق توپلەي دېگەنلەر بىزنىڭ بۇرژۇئازىيەچە تۇرمۇش ئادىتىمىزنىڭ «پاكىتى» بولدى. شۇ چاغدا ئۇچامدا گۈللۈك كالتە يەڭ كۆڭلىكىم بار ئىدى. كۆرەش قىلىنىپ قالسام چېچىمغا ئېسىلىۋېلىشمىسۇن دەپ، چېچىمنى چىڭ ئۆرۈپ، ئېگىز قىلىپ تۈگۈۋالغانىدىم.

ئىككى «قىزىل قوغدىغۇچى» قىز مېنى ئالدىغا سېلىپ بازارغا ئېلىپ چىقىپ، شىم ئالدۇرۇپ زورلاپ كىيدۈرۈپ قويدى. ئادەتتىكى شىملار ماڭا قىسقا كېلىپ قالاتتى. ئامالسىز شىمنىڭ ئايىغىغا باشقا رەختنى ئۇلاپ كىيىپ يۈردۈم. ئۇلاربانتىكلىۋالغان چېچىمنى تارتىپ چۇۋۇپ، بېشىمغا تاقىغان قىسقۇچ، تارغاقلارنى سۇندۇرۇۋېتىشتى. چېچىمنى قايچا بىلەن ئېگىز - پەس كېسىپ قىرقىم چاچ قىلىپ قويماقچى بولۇشتى. چېچىمنى قىرقىۋەتكىنىگە چىدىماي، پۇرسەت تېپىپ ئارقا ئىشىك بىلەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، مانا ئەمىسە دەپ چېچىمنى چۇشۇرگۇزۇپلىۋەتتىم. ھەر قېتىم ئەينەككە قارىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولاتتى. ئورۇۋالاپ، سارغىيىپ كەتكەن چىرايىم، چاچسىز تۇرقۇم بىلەن تولىمۇ كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنىدىم. مەسئۇدمۇ چاچلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا چىدىمايلا قالدى. مېنىڭ قويۇق، ئۇزۇن، قوڭۇر چاچلىرىم بەكمۇ كۆركەم ئىدى. ئىككى ئۆرۈپ قويۇۋەتسەممۇ، ئېگىز ئۆرۈپ بانتىكلىۋالساممۇ بەك يارىشاتتى. مەسئۇد بۇ چاچلىرىمنى چۇۋۇپ ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سىلاشنى ياخشى كۆرەتتى. مانا ئەمدى ئاشۇ چاچلىرىمدىن — ئاياللىق زىننىتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدىم. يەنە بىر تۈرۈپ، ئەمدى كۈرەش قىلىنسام ئېسىلىۋالىدىغان چېچىمنىڭ بولمىغىنىمۇ ياخشى بولدى، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىمۇ بېرەتتىم. چۈنكى، ئىسيانچىلار بىزنى خالىغان چاغدا ئاچىقىپ كۈرەش، سازايى قىلاتتى. چىداپ تۇرغۇسىز ئىزا - ئاھانەت، دۇشكەلەشلەرلا ئەمەس، ئۇرۇپ ئۇچۇقداشلار بىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ ئىدى. كۈرەش قىلىۋاتقاندا بېشىمىزنى پەسكە بېسىپ

تۇرۇش ياكى ئۇشتۇمتۇت كۆتەرتىش ئۈچۈن ئۇلار كۆپىنچە چېچىمىزنى قامالاپ تۇتۇۋالاتتى. بىزنىڭ نەقەدەر قىينىلىدىغانلىقىمىز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

كۇرەش، سازايى قىلىشلاردىن بوشىغان ۋاقىتلاردا مەكتەپ ئىچىدە ياكى مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلاتتۇق. كېيىن، ناھىيە يولىنى ياساش، ناھىيەنىڭ نۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇشى ئەمگەكلىرىگىمۇ قاتناشتۇق.

كىچىككىمدىن ئەمگەك قىلىپ باقمىغان تاۋى نازۇكلاردىن بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، نى - نى ئەمگەككىمۇ چىداپ كەتتىم. پەقەتلا ناھىيەنىڭ سۇ ئامبىرىنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشقان كۈنلىرىمنى ئويلىسام، ھازىرمۇ تېنىم جۇغۇلداپ، يۈرىكىم سىيلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈنلەر — بىر ئىنسان، بىر ئايال ئاسان بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر روھىمدىلا ئەمەس، جىسمىمدىمۇ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ئۇ قەھرىتان قىش ئايلىرى ئىدى. دالىنىڭ سوغۇق شامىلى جاندىن ئۆتەتتى. تاغ باغرىدىكى توپا دۆڭدە گۇرجەك تۇتۇپ تۇرغان ئىككى ئەر كىشى ھارۋىمىزغا توپا ئۇسۇپ بېرەتتى. مەكتەپتىكىلەر «سەنجاسۇن» (ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ) دەپ ئاتىشىدىغان رىسالەت، زورەم ۋە مەن ئۈچىمىز ئېشەك بولۇپ ھارۋىغا قېتىلاتتۇق. بويۇم ئېگىز، قاۋۇلراق بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئوتتۇرىغا قېتىلاتتىم. خېلىلا ئېگىز ھەم ئۇزۇن دۆڭدىن پەسكە چۈشكۈچە ھارۋا ئالدىمىزدا، ئۆزىمىز ئارقىدا بولۇپ قالاتتۇق، كەينىمىزگە ھەرقانچە داجىۋالساقمۇ ھارۋا سۆرەپ كېتىپ، ئۆزىمىزنى

تۈتالماي يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتۇق. يۈگۈرۈش تازا پەللىگە چىققاندا خۇددى ھارۋا بىلەن بىللە موللاق ئېتىپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، قورقىنىمىزدىن كۆزلىرىمىز ئالاق - جالاق بولۇپ كېتەتتى. پەسكە چۈشكەندە گەجگىمىزدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ بىرھازا ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭاتتۇق. سۇ ئامبىرىنىڭ يەنە بىر قېشىغا چىققۇچە ھارۋا پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن بىزنى كەينىمىزگە ئىتتىرەتتى، يەنە ھارۋا بېشىمىزغا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالاتتۇق. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ قارا تەرگە چۆمۈلەتتۇق. تەرلىرىمىز پاختىلىق چاپانلىرىمىزنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. بىرەر - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالساق زۇكامداپ قېلىشتىن قورقۇپ ئارام ئالماي ئىشلەۋېرەتتۇق.

مۇشۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كۈنىگە 20 — 30 قېتىم توپا توشۇيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، چۈشكىچە قورساقلىرىمىز ئېچىپ كوركىراپ كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە ئىشتىھايىم شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتكەنىدىكى، ئەتىگەنلىك چايدىلا ئۈچ زاغرىنى كۆرمىدىم دەپ سوقۇۋېتەتتىم. ئەرلەر بەش - ئالتىنى يەيتتى.

ئارىلىقتىكى بىر كۈنلۈك، يېرىم كۈنلۈك دەم ئېلىشلاردا ئۆيگە كەلسەم، مەسئۇد ماڭا ئۇزاق قاراپ كېتىپ:

— ھەدىيە، سىز كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىسىز، — دەيتتى.

— قانداق ئۆزگىرىۋاتىمەن؟ — دەپ ھەيران قالاتتىم.

— ئۆزىڭىز سېزىۋاتامسىزكىن، مۈكچىيىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، مىجەزىڭىزمۇ قوپاللىشىپ قالدى، ھەممە ئادەمگە قاتتىق تېگىسىز. مەن بىلمەيمەن ئەمەس، سىزنىڭ

قىلىۋاتقىنىڭىز ئەر كىشىلەرمۇ چىدىيالمايدىغان ئىغىر ئىش. ئىمكان بولسا سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىر پ مەن ئىشلىسەم دەيمەن. سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. لېكىن، ئامال يوق. شۇنداقتىمۇ مەن ئىلگىرىكى ھەدىيەنى يوقىتىپ قويمىسام دەيمەن.

— ھە، مەدىكار ئاياللارغا ئوخشاپ قاپتىمەنمۇ؟ ئىگىشىپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ ئات - ئىشەكنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان ئادەم ئىگىشىپ، مۈكچىيىپ قالمامدۇ. كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان بولسام، چىرايلىقنى تېپىۋالارسەن، — دەپ قېيداپتىمەن.

بىر قېتىم، كېچىدە مەسئۇد بىلەن بالىلار ئۇخلاپ قالغاندا، كىيىمىمنى سېلىپ تامغا ئېسىقلىق تۇرغان يۇمىلاق ئەينەكتىن بەدىنىمنى كۆرمەكچى بولدۇم. خۇددى يۇيۇنۇۋاتقان چاغلىرىمدىكىدەك قوللىرىم بىلەن كۆكسۈمنى توسۇپ تۇرۇپ ئەينەككە يان تەرەپتىن نەزەر سالدىم. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان سۇتتەك ئاي يورۇقىدا يالىڭاچ تېنىم ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەينەك ئىگىزدە بولغانلىقتىنمۇ، مورەم باشقىچە كەڭ، دۈمبەم ئالدىغا ئىگىلىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قوللىرىمنى پەسكە چۈشۈردۈم. ئۇزاقتىن بۇيان لېپتەك تاقىمىغان كۆكسۈم مەيۈس ئېسىلىپ تۇراتتى. بەللىرىمنىڭ ئەگمە سىزىقى يوقاپ، ئەر كىشىنىڭ بېلىدەك قوپال، تۈز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كالتە ئىشتاندىن چىقىپ تۇرغان پاچاقلىرىمدا كۈچەش سەۋەبىدىن كۆپۈپ قالغان كۆكۈچ تومۇرلار ئەگرى - بۈگرى بولۇپ كۆرۈنەتتى. بىر جۈپ پۇتۇم خۇددى گورجەكتەك كەڭ ۋە قوپال......

كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئىچ كۆڭلىكىمنى دەرھال كىيىۋالدىم. يالىڭاياغ پۇتلىرىم بىلەن سوغۇق يەرنى دەسسەپ ئولتۇرۇپ ئۇن چىقارماي يىغلىدىم. تۇزلۇق كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى ھۆللەپ ئاغزىمغا ئېقىپ كىرەتتى ياكى بويىنۇمغا، ئۇ يەردىن ئىچ كۆڭلىكىمنىڭ مەيدىسىگە ئېقىپ چۈشەتتى. قاچانلاردىدۇر ئارقامدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان سۇس خورەك ئاۋازى توختاپ، مەسئۇد كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مېنى تارتىپ يېنىغا ياتقۇزدى. كىچىك بالىنى ئالداۋاتقاندەك ئالداپ، كۆز ياشلىرىمنى سۇرتۇۋاتقان چېغىمدا يىغام ئېسەدەشكە ئۆزگەردى. مەن ئامالسىزلىقتىن، پۇتكۈل دۇنيادىن ئازار يېگەنلىكىمدىن، سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سەۋەبتىن يىغلايتتىم. مەسئۇد مۇرەمنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـــ يىغلىماڭ ھەدىيە، مېنىڭ كۆڭلۈمدە سىز يەنىلا گۈزەل، تاشقى كۆرۈنۈش ۋاقىتلىق، قەلب گۈزەللىكى مەڭگۈلۈك، سىز مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەدىيەرىم سىز، ـــ دېدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق سۆزلىرى مەن ئۈچۈن غايەت زور تەسەللى ئىدى.

سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدىكى ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگەن كۈنۈم ئىش ئورنىدا ئىشلەتكەن كىگىز ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىلىرىمنى ئاپتاپقا يېيىپ، ئەمگەكتە كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن داسقا چىلاپ قويۇپ ئەمدىلا ئولتۇرسام، ئىشىك تۈۋىدە بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى. ئادەتتە بىزنىڭ بۇ «جىن ـ شەيتانلار ئائىلىسى» گە مېنى باشقۇرىدىغان ئىسيانچى ئاكتىپلاردىن باشقىلار كىرمەيتتى. كىمدۇ، دەپ تۇرسام، خەت تارقاتقۇچى ئايال

ئىشىك يوچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى تاشلىۋېتىپلا ئۆتۈپ كەتتى. سىڭلىمدىن كەلگەن خەت ئىكەن، خەتنى دەرھال ئاچتىم. خەتتە ئىنىمنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى يېزىپتۇ. خەتتە يېزىلىشىچە، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە قارامايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئىنىممۇ تارتىپ چىقىرىلغانىكەن. ئۇنى ئىسيانچىلار مەكتەپكە سولاپ قويغانىكەن. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى كىرىپ:

— ھەي ئالىم، ئەتە سىلەرنى كوچىدا سازايى قىلىدۇ. ساڭا بىر مېتىرلىق ئۇزۇن قالپاقتىن بىرنى ياساپ قويدى، — دەپتۇ. ئىنىمنىڭ بويى 1. 92 مېتىر كېلەتتى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— بىر مېتىرلىق قالپاقنى كىيىپ ئۈچ مېتىر بولۇپ ئىستولبا بىلەن تەڭ ماڭىدىكەنمەن - دە، — دەپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئاكتىپلار سىرتتىكى ئۆيگە يىغلىپ كۈلكە - چاقچاق بىلەن قارتا ئويناشقا باشلاپتۇ. ئىنىم كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم خىيال سۈرۈپ ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىن قەغەز - قەلەم چىقىرىپ: «قەدىردان داھىيىمىز ماۋ جۇشى، بىزنىڭ بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىلەمدىغانسىز؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق ئىدى. بىز نېمە سەۋەبتىن خىزمەت قىلىش، ئەركىن ياشاش ھوقۇقىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز؟ نېمە ئۈچۈن كۆرەش، تەنقىد، سازايى قىلىشلارغا ئۇچرايمىز؟ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟» دەپ يېزىپ، خەتنى چىرايلىق قاتلاپ ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپتۇ. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن دائىم يېنىدا ساقلايدىغان ئۇستىرا بىلەن بويۇن

تومۇرىنى كېسىپ كارىۋاتقا يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ بويىندىن ئېتىلىپ چىققان قان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە، تامغا چاچراپ ھەممە يەرنى بوياپتۇ. قاراۋۇللار تاشقارقى ئۆيگە يىغىلىپ قارتا ئويناۋاتقانىكەن. ئىشىك يوچۇقىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە ئىنىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئىنىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدىغان، كىتابخۇمار، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىلا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ كۆيۈنەتتى. قىيىنچىلىقى بار باللارغا ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ئەجەبا ئۇنىڭ باشقىلاردەك ئويناپ يۈرمەي ئۆگىنىشكە بېرىلگىنى، كىتاب ئوقۇغىنى گۇناھمۇ؟ ئىنىمنىڭ كۆڭلىنى مەن شۇنچىلىك چۈشىنەتتىم. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمىز ئوخشىشىپ كېتەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭدەك بېرىلىپ ئۆگىنەتتىم، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۆز خىزمىتىمگە بارلىقىمنى بېغىشلىغانىدىم. ئەمەلدارلارنىڭ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈرۈشكە ۋاقتىم يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ گۇناھكار بولۇپ قالدىم. ئىزا ـ ئاھانەت، خورلۇق چېكىدىن ئېشىپ، دۇنيا كۆزۈمگە دوزاخ بولۇپ كۆرۈنگەن چاغلاردا مەنمۇ ئۆلۈپلا قۇتۇلۇشنىمۇ ئويلىغان. بىر قېتىم قىزىمنىڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، مەن يىراق بىر يەرگە كېتىمەن. قايتىپ كېلەلمىسەم ئۇكاڭغا ئوبدان قارا. ئىككىڭلار داداڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار، يامان باللار بىلەن ئوينىماڭلار...... — دېگەنىدىم. قىزىم خۇددى بىر ئىشنى سەزگەندەك مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ:

— ياق، ئاپا، سەن ھېچ يەرگە كەتمە. كەتسەڭ بىزنىمۇ ئېلىپ كەت، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغان. قۇچىقىمدىكى ئوغلۇممۇ قىرقىراپ يىغلاپ كەتكەن. بالىلىرىم مېنى بۇ يولدىن قايتۇرغان.

ئاھ، مېنىڭ ئەقىللىك، دىلكەش ئىنىم، سەن ماڭا شۇنچىلىك كۆيۈنەتتىڭ. كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقىنى كۆزۈمگە قاراپلا بىلىۋالاتتىڭ. دائىم مەندىن ئەنسىرەيتتىڭ. مەن ئاخىرقى قېتىم يۇرتقا قايتقاندا، مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى، ماڭا يۈرەك سۆزلىرىڭنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدىڭ. ئەمما، مەن ئەقىلسىز ئاچاڭ ئالدىراپلا كېتىپ قالدىم. بىر - ئىككى كۈن كېچىكىپ ماڭغان بولسام، كۆڭلۈڭدىكى گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ، قېرىنداشلىق قەلبىم بىلەن ساڭا مېھىر ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! ئىسىت، شۇنىمۇ قىلالىمىدىم. بۇ دۇنيانىڭ بۇنچە ۋاپاسىزلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم. ئاھ، مېنىڭ ۋاپادار ئۇكام، ئەقىلسىز ئاچاڭنى كەچۈرەرسەنمۇ......

مەن ئىنىم ئۈچۈن ھازا ئېچىپ ۋارقىراپ يىغلىيالمايتتىم، تۆت ئادەمنى چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتالمايتتىم. پەقەت بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئۈنسىز يىغلاپ ئىچ - ئىچىمدىن تۈگىشىپ كەتكەنىدىم.

## 20

شۇ ۋاقىتلاردا ھېچبىر گۇناھسىز شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ھەر خىل باھانە - سەۋەب بىلەن ئۆي - ماكانلىرىدىن قوغلىنىپ، يېزىغا تارقاقلاشتۇرۇلۇۋاتاتتى. بۇ شامال مېنىڭ

بالىلىرىمنى بېقىۋاتقان ئايالغىمۇ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن جاپالىق كۈنلەردە ھەمدەم بولۇشۇپ ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك بولۇپ قالغانىدۇق. «يالغۇز بىچارە يېزىدا قانداق قىلار؟ مەن بالىلىرىمنى قانداق قىلارمەن؟» دەپ غەم قىلىپ يۈرسەم، مېنىمۇ بالىلىرىم بىلەن مەكتەپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ھەيدەشتى. ئورۇن ـ كۆرپە، لاقا ـ لۇقىلىرىمىزنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىشكەندى. ئۇلارغا بالىلىرىمنى ئالغاچ كېتىڭلار دەپ شۇنچە يالۋۇرسامۇ ئۇنىمىدى. ئامالسىز بالىلىرىمنىڭ بىرىنى كۆتۈرۈپ، بىرىنى يېتىلەپ ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئوغلۇم سېمىز، خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ بولالماي ھېرىپ كەتسەم، خېلىلا ئىش ئۇقۇپ قالغان قىزىم ھارغىنىمدىن تەرلەپ ـ قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي:

ــ ئاپا، ھېرىپ كەتتىڭ، ئەكېلە ئۇكامنى مەن كۆتۈرەي، ــ دەپ مېنىڭ ھاردۇقۇمنى چىقىراتتى. ئانا ـ بالا ئۈچىمىز بۇ يولنى بىر كۈن مېڭىپ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەچ بولغاندا يېتىپ كەلدۇق. ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى كىچىك، قاراڭغۇ بىر ئېغىز كەپىنى بىزگە تەييارلاپ قويۇپتۇ. ئۆيىنىڭ تاملىرىدىن تويا تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. پارچە ـ پۇرات تاختاي بىلەن كونا پەنەركىدىن ياسالغان ئىشىك زادىلا چىڭ يېپىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئامال يوق، مۇشۇ كەپىدە بىرنېمىلەر قىلىپ جان بېقىشىمىز كېرەك. يوتقاننىڭ بىر تۇتام پاختىسىنى چىقىرىپ پىلىك ئېشىپ، دۇم كۆمتۈرۈلگەن پىيالىنىڭ ئويمان يېرىگە ئاشخانىدىن ئېلىپ چىققان ئىككى قوشۇق ياغنى قۇيۇپ «قاراچىراغ» ياسىدىم. قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا يەرنى سىرىپ سۈپۈرۈپ، ئۈستىگە كىگىز ـ

كېچەكلەرنى سېلىپ ئورۇن راسلىدىم. ھېرىپ كەتكەن بالىلىرىم تېزلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. مەن تۆتلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرنەچچە يۇلتۇزغا قاراپ ئىنىمنى، ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانامنى، ئۆز ئەھۋالىمنى ئويلاپ خىياللىرىمنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، توختىماي خورسىنىپ ئۇزاققىچە ئويغاق ياتتىم. ئەتىدىن تارتىپ تۆگىمەس ئەمگەككە چۈشۈپ كېتىمەن. بەلكىم يازىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالارمەن. بۇ يەردىن قايتسام يەنە بىر ئەمگەكلەر مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. كېيىنكى ئۆمرۈم مۇشۇنداق ئۆتەرمۇ، بۇ كۈنلەرنىڭ ئاخىر نەدىن چىقار……

مەن ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارغا تاماق ئېتەتتىم. ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىمگە قارىماي، سەھەر تۇرۇپ يوغان چېلەكلەردە سۇ توشۇپ كۈپلەرنى توشتۇراتتىم. ئەتىگەنلىك تاماققا ئۇلگۇرتۇپ نان يېقىپ چاي قايناتاتتىم. چۈشتە، بەزىدە كەچتە ئاش ئېتەتتىم. بىردەم بىكار بولۇپ قالسام ئەتراپتىن تەرمەچ تېرىپ ئوتۇن يىغاتتىم. خىزمىتىم جاپالىق ئىدى. لېكىن، ھەرقانچە جاپا تارتساممۇ بالىلىرىمنىڭ يېنىمدا ئىكەنلىكىدىن خۇشال ئىدىم. مەسئۇدمۇ پات ـ پاتلا بىزنى يوقلاپ كېلىپ، ئەتىسى سەھەردە كېتىپ قالاتتى.

مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان يىلى، 1970 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ ئۈچ ئادىمى مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار مەندىن كامال بىلەن نۇرىيەنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىرەر تەشكىلاتقا قاتناشقان ـ قاتناشمىغانلىقى، «ئالتۇن كەش» ناملىق دىرامىنىڭ قانداق دىراما ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ كىيىن قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى

سورىدى. مەن ئۇلارغا ئەينى ئەھۋالنى ــ ھېچقانداق تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، بىزگە ھېچقانداق چارە كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، كامال بىلەن نۇرىيەنى كۆچۈمنىڭ بارىچە ئاقلىدىم ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپ مەسئۇلىمىز ۋە فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار قايتىدىغان چېغىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجىلارغىمۇ بېرىپ بۇ مەسىلىنى تولۇق تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن ئۇلاردىن كامالنىڭ تارتىپ چىقىرىپ قويۇلغانلىقىنى، نۇرىيەنىڭ شەھەرگە يېقىن بىر ناھىيەنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇلارنى خىيالىمدىن چىقىرالمىدىم. ئاسمىنى ۋە باشقا بالىلارنىمۇ ئويلىدىم. يېقىنقى يىللاردا مەن ئۇلارنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغاندىم.

شۇ يىلى يازدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» يۈزىسىدىن ئېچىلغان چوڭ يىغىندا يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» بولۇپ تارتىپ چىقىرىلدى. بەزىلىرى قولغا ئېلىندى، يەنە بەزىلىرىگە قالپاق كىيدۈرۈلدى. مېنى 1965 ــ يىلى سىناقتا قالدۇرۇش جازاسى بېرىلگەن دەپ، 1966 ــ يىلى ئەتىيازدا خىزمەتتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى يوقىقا چىقىرىپ، «سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خىزمەتتىن قوغلاندى» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا كىچىك ئوغلۇم تېخى يېشىغا توشمىغانىدى. قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەي بىرنەچچە ئاينى دەككە ــ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق. كېيىن مەكتەپتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ناھىيەنىڭ ئەڭ چەت، ئەڭ جاپالىق تاغلىق يېزىسىغا

چۈشۈرۈۋېتىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر پەيدا بولدى. بۇ قېتىم بىزمۇ جىم ئولتۇرمىدۇق. مەسئۇدنىڭ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىنىڭ ياردىمىدە مەن بالىلىرىمنى ئېلىپ مەسئۇدنىڭ يۇرتى غۇلجا ناھىيەسىگە— مەسئۇدنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۆتكىلىپ بارىدىغان بولدۇم. مەسئۇد هازىرچە بۇ يەردە ئىشلەپ تۇرۇپ، كېيىن يۇرتىنى تېپىپ يۆتكىلىپ بارماقچى بولدى. بۇ ناھايىتى تەۋەككۇلچىلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار بولسىمۇ، تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالماسلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە يوق ئىدى. قانچىكى چەت - يىراق جايلاردا كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى شۇنچە تار، دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكېلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقتىن، مەندەك خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن دېيىلگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك دۈشمەن ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىزدەكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىمۇ شۇنچە ئىپتىدائىي، ئىنسانىيلىقتىن يىراق بولاتتى. شۇڭا، ناھىيەدە شامال چىقسا، يېزىدا بوران چىقىدۇ، دەيدىغان گەپلەر بىكار ئەمەس ئىدى.

شۇ يىلى كۈزدە بالىلىرىمنى ئېلىپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم. قەشقەرگە كەلگۈچە خۇددى بىر كىملەر كەينىمدىن كېلىپ قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك دەككە - دۈككىدىن قۇتۇلالمىدىم. بىز چۈشكەن ئاپتوبۇس ئاقسۇدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم. دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خىلمۇخىل مەنزىرىگە قاراپ، ئون يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەرلەردىن ئۆتكۈچە نەقەدەر ھاياجانلانغىنىمنى، كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇ -

ئارمانلىرىمىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئويلىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئاشۇ يىراقتىكى يۇرتلارغا قاراپ ئاتلانغانىدىم، بۈگۈن ئۇ يەرلەردىن قاچقاندەك كېتىۋاتىمەن. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە تارتىشىشمۇ بار. ئېرىم ــ باللىرىمنىڭ دادىسى ئاشۇ يەردە قالدى. بىز تەر تۆككەن، ياشلىق باھارىمىزنى بېغىشلىغان مەكتىپىمىزمۇ ئاشۇ يەردە قالدى. مەن ئېرىمدىن، باللىرىم دادىسىدىن ئايرىلدۇق. نېمىشقا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بىز ئەسلىي ئارزۇيىمىزغا يارىشا بەختلىك ياشىشىمىز، ئارزۇلىرىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟

## 21

نېرىقى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغىنى، لالە بىلەن مەسئۇدنىڭ پەس ئاۋازدا پاراڭلاشقىنى، چايداندىن چاي قۇيۇپ ئىچىشكىنى ئاڭلاندى. مەسئۇد سىرتقا چىقماقچى بولغان بولسا كېرەك، لالە ئەركىلىگەن ئاۋازدا:

ــ چوڭ دادا، سىرتقا چوڭ ئاپام ئۇچىمىز بىللە چىقايلىچۇ، نېمىشقا چوڭ ئاپام دائىم بالكوندىلا ئولتۇرىدۇ؟ ــ دېدى.

ــ چوڭ ئاپاڭ ئۆزى چىقىشنى خالىمايدۇ.

ــ ئىككىمىز بىللە ئەپچىقايلىچۇ، چوڭ دادا، ماقۇل دېگىنە.

ياتاق ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ لالە كىرىپ كەلدى. ئۇ پەردىلەرنى شارت ـ شۇرت قايرىۋېتىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— چوڭ ئاپا، ئۆچىمىز پەسكە چۈشۈپ گۈللۈكنى ئايلىنىپ كىرەيلى. ماڭالمىساق چوڭ دادام ئىككىمىز سېنى يۆلىۋالىمىز.

— ۋاي چىرايلىقىم، سەن بىلەن بىللە ئايلانمامدىغان، ماقۇل، ماڭا ئايىغىم بىلەن نېپىز چاپىنىمنى تېپىپ بەرگەچ تۇرغىن، يۇزۇمنى يۇيۇپ چىقاي.

روھىي كەيپىيات دېگەن ئاجايىپ نەرسە. نەۋرە قىزىمنىڭ ئەركىلەپ تۇرۇپ توختىماي چۈڭگۈلداپ سۆزلەشلىرى ئەسلىمىلەر كۆڭلۈمدە قالدۇرغان ئېغىر تۇيغۇلارنى بىردىنلا تارقىتىۋەتتى. ئۆچىمىز ئىشىك ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئۆزۈن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. باش كۈزنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئاپتىپىغا چىلىشىپ ئولتۇرغىنىمدا تېرىلىرىمنىڭ بوشىشىپ، يۈرەك سوقۇشۇمنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تېزلەشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىللىق، راھەت بىر سېزىم پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى. مەسئۇدمۇ شىلەپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ، قوللىرىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىپ مۈگدەۋاتقاندەك ئولتۇردى. لالە گۈللۈكنىڭ قىرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بەسلەشكەندەك ئېچىلىپ كەتكەن ئېگىز، نازۇك، نەپىس چىنە گۈللەرنىڭ پىشقان ئۇرۇقلىرىنى يىغىۋاتىدۇ. چىنە گۈللەرنىڭ نېرىسى شالاڭ ئەتىرگۈللۈك. قىزىل، سېرىق، ھال رەڭ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر لالەگە ئارقا كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يامراۋاتقان تەڭداشسىز بىر گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. گۈللەر ھەقىقەتەن گۈزەل، ئەمما، بۇ دۇنياغا شېرىن چۈش ئىلكىدە تەلپۈنۈپ تۇرغان 13 ياشلىق قىزنىڭ گۈزەللىكىدەك تەڭداشسىز ۋە تەسىرلىك ئەمەس. لالەنىڭ ھېلى قوپۇپ، ھېلى ئېگىلىپ،

ئوماق لەۋلىرىنى چىشلەپ قىزىرىپ ـ تەرلەپ كەتكەن ئاشۇ تۇرقى كۆپ ئۆزگىرىشلىك لىرىك بىر ناخشىنى ئېسىمگە سالدى. ئۇنىڭ نامىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. خاتالاشمىسام ئۇ چەت ئەلنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ناخشىسى، بەكمۇ گۈزەل، گۈزەللىكىدىن يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇھەببەت ناخشىسى. لالە گۈزەللىكى، تەبىئىيلىكى، پاك ۋە مەسۇملۇقىدىن يۈرەكنى تىترىتىدۇ. مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۇچۇن يىراقتىكى بەكمۇ غۇۋا، خىيىمخەتىرى كۆپ بىر ئىش. ئالدىنقى كۈنلەردە بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم تېلېفون قىلدى. ھەر قېتىم تېلېفون ئالغاندا ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، نامەلۇم بىر ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالاتتى ياكى ئۆيىگە سولىنىۋالاتتى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمدىن ئەنسىرەۋاتقىنىمنى، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىمنى، ئۇنى ھەرقاچان قوغداشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى چۈشىنەتتى. مەن سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتتۈم. ئاخىر ئۇ:

— چوڭ ئاپا، مەن ساڭا بىر گەپنى دەي، ئەمما، ئاپام ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دېدى.

— خاتىرجەم بول، ھېچكىمگە دېمەيمەن.

— ئەمىسە...... قەسەم ئىچەمسەن؟

— قەسەم ئىچىمەن.

— قارا چوڭ ئاپا، يۇقىرى يىللىقتىكى بىر ئەسكى ئوغۇل بالا دائىم كەينىمگە كىرىۋالىدۇ. دائىم ئۆيگە تېلېفون قىلىدۇ. ئاپام ئۇنى بىر قېتىم تىللىغان دېگىنە. يېقىندىن بېرى ئۇ يەنە......

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟

— مەن...... ئۇنىڭغا ئۆچ. ئەمما، ئۇ بەك قىلىن، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن.

— مېنىڭچە سەن قورقما، ئۇنى ئادەم كۆپرەك بىرەر يەرگە چاقىرىپ نىمە مەقسىتى بارلىقىنى، نېمىشقا كەينىڭگە كىرىۋالىدىغانلىقىنى سورا. ئەگەر يامان نىيىتىنى ئاشكارىلىسا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى بويىچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلىدىغانلىقىڭنى ئېيت. ئەگەر سىلىق گەپ قىلسا، ئۆزۈڭنىڭ تېخى ئەمدى 13 ياشقا كىرگەنلىكىڭنى مۇھەببەتلىشىشنى ئويلاشمايدىغانلىقىڭنى چىرايلىقچە بىلدۈر. لېكىن، ئۆزۈڭ يالغۇز سىرتقا چىقما. مەكتەپكە بېرىپ كەلگۈچە دوستلىرىڭ بىلەن بىللە ماڭ، سىنىپتا ياكى باشقا يەرلەردە يالغۇز قالما. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى قوغدىيالايسەن. يۈرەكلىك ھەم ئەقىللىك بول قوزام. زۆرۈر تېپىلسا بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئاناڭغا ياكى مۇئەللىمىڭگە ئېيتساڭمۇ بولىدۇ.

بۇ ئىش مېنىمۇ خېلى كۆڭلەرگىچە بىئارام قىلدى. قانداقلا بولسۇن، لالەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بىراق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا، ئىشنى چوڭايتىۋېتىشكە، داۋراڭ سېلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا ئەڭ ئەتىۋارلىنىدىغىنى، شۇنداقلا ئەڭ ئاسان بۇلغىنىدىغىنى بىر قىز بالىنىڭ نام ـ شەرىپى. ئەڭ ياخشىسى لالەنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىپ ئىشنى تىنچ ھەل قىلىش. لېكىن، ئاتا ـ ئانا ئىمكانقەدەر قىزىنىڭ ئارقىسىدا بولۇشى كېرەك.

لالە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىنى بىلمىدى. ئەمما، ئۇ ھازىر خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالدى.

ئىلگىرىكىدەك تېلېفون جىرىڭلىسىلا قورقۇپ كېتەمەيدۇ. ئۇ مەسئۇد ئىككىمىز بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ماڭا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئىشىنىش بەكمۇ قىممەتلىك. لالەگە قاراپ ئولتۇرۇپ يېڭى پىشۇرغان سۈتنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان قايماقتەك يەڭگىل، تاتلىق بىر ئۇيقۇغا ئەسىر بولغىنىمنى، كۆز ئالدىمدىكى ماكان ۋە زاماننىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم.

ئاشۇ ئۆيىمىز، گۈلزارلىق قورۇ، ئىشىك تۈۋىدىكى بىر تۈپ ئالما...... ئالما دەرىخىنىڭ ئارقىسىدا يەرگە قاراپ تۇرغان بىر قىز. ئۇ لالەدىن سەل چوڭ ئىدى. ئارقىسىدىن بىر تال قىلىپ ئېگىز بوغۇۋالغان چېچى مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ پات ـ پات ئاشۇ ئالما تۈۋىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئالدىغا چىقماقچى بولۇپ ماڭسام، قورققاندەك تېز ـ تېز كېتىپ قالاتتى.

ئەنە، ئۇ يەنە ئالما تۈۋىدە تۇرىدۇ، ئۇچىسىدا مەكتەپ فورمىسى، پات ـ پات ئەتراپىغا قاراپ قويىدۇ. قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا «گۈلبوستان، توختاپ تۇر» دېمەكچى بولدۇم، ئەمما، قولۇمنىڭ ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قولۇم بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئىچ ئاغرىتىش ۋە قىيالماسلىقتىن كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم ئىدىكى، ئويغىنىپ بۇنىڭ چۈشۈم ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتتىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ يىراق مەنزىللىرىگە قايتىپ، مۇنچە كۈچلۈك ھېس ـ تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ كەتكىنىمگە ھەيران ئىدىم. لالە تېخىچە گۈل ئۇرۇقلىرىنى تېرىۋاتاتتى. مەسئۇدمۇ شۇ يېتى ئولتۇراتتى. گۈللەر ئارىسىدا ساپسېرىق بىر قاپاق ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچۇپ

يۇرەتتى، بىرنەچچە كېپىنەك قاناتلىرىنى جۇپلەپ گۈل ئۈستىدە چۇش كۆرۈۋاتاتتى. خىيالىم ئەمدى چۈشۈمدە كۆرگەن قىزغا كەتتى.

قىزنىڭ ئىسمى گۈلبوستان ئىدى. ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان بۇ قىز سىنىپىمىغا يېڭى كىرگەن ۋاقىتلىرىدا بەك جىمغۇر، يۇرەكسىز ئىدى. مەسئۇد مېنىڭ سىنىپىمغا دەرس ئۆتۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماتېماتىكىدا ئالاھىدە ئۆتكۈرلۈكىنى ماختاپ كىردى. ئىككىمىز مۇشۇ قىزغا ياردەم قىلايلى، دېيىشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن كۆپرەك دەرس سوراپ، لايىقىدا ماختاپ ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردۇم. بەزىدە ئۆيگە باشلاپ ئەكەلسەم، ئۆيگە كىرىپلا:

— مۇئەللىم، مەن قىلغۇدەك قانداق ئىشىڭىز بار، قىلىشىپ بېرەي، — دەيتتى. ئىش قىلماڭ دېسەم زادى ئۇنىمايتتى. ئىككىمىز تاماق ئەتكەچ پاراڭلىشاتتۇق. ئۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ، دادىسى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۆگەي ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇش ھەم ئۆچمەنلىك ئارىلاشقان مۇرەككەپ تۇيغۇ ئەكس ئېتەتتى، ئەمما، زادى تىللىمايتتى. ئائىلە سۆھبىتىگە بارغان چېغىمدا مەن ئۆگەي ئانىسىغا ئۇنىڭ دەرستىكى ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشنى، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشنى ئېيتتىم. «قىزىڭىز سىزنى بەك ماختايدۇ، ئۇ سىزنى ئۆز ئانىسىدەك ياخشى كۆرىدىكەن» دېسەم، سوغۇق چىرايىدا بىردىنلا كۈلكە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى نەقەدەر ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا

497

تەگمەي سۆزلەپ كەتكەندى. گۈلبوستان تولۇقسىزدا ۋە تولۇق 2 - يىللىقىچە سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن ئۈمىدىم زور ئىدى. ئەمما، 2 - يىللىقىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بىردىنلا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇ بەزى كۈنلىرى قويۇق گىرىم قىلىپ، مودا قىزلاردەك ياسىنىپ كەلسە، بەزىدە نەچچە ھەپتىلەپ ئۈچىسىدىن مەكتەپ فورمىسىنى چۈشۈرمەي، چاچلىرىنىمۇ تارىماي يۈرەتتى. دەرس ۋاقتىدا خاراموش بىر ھالەتتە ئولتۇرۇپ، قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەنلا سىنىپتىن ئالدىراپ چىقىپ كېتەتتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك بىر قېتىمدىن جېدەللىشىپ چىققاچقا، ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. ئادەملەر، بولۇپمۇ باللاردا دوراش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. ئابرۇيلۇقراق بالىلاردىن بىرەرسى ياكى ئوقۇتقۇچى بىركىمنى كەمسىتسە، بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى كەمسىتىپ، ئارىغا ئالمايدۇ. مەن ئۇنى مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتتى، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقماقچى بولدۇم، ئەمما، نېمىشقىدۇر ۋاقىت چىقىرالمىدىم. بىر قېتىم دەرس ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن سوئال سورىسام، سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئىككىمىز خېلىغىچە بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ھۆرپىيىپ تۇرۇشتۇق. سىنىپتىكى قالغان بالىلارمۇ جىم بولۇشۇپ كەتتى. مەن ئاخىر ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم، ئۇنى ساق يېرىم سائەت ئەيىبلىدىم. يۈرۈش - تۇرۇشى، گىرىم قىلىشى، ئۆگىنىشنى، دەرسنى يادىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى، بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ زىيىنى......

مەن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر ئوقۇغۇچىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانىدىم. بۇ قىلغىنىمنىڭ جايىدا بولمىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمىمۇ پەرىشان بولۇپ يۈردۈم. پەرىز قىلىمدىكىدەك، ئەيىبلەشلىرىمنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. گۈلبوستان تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ، بىزدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى ۋە ئاخىر ھېچكىم كۈتمىگەن بىر ئىشنى قىلدى — دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

بۇ ئىش ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدىكى يۇيۇلماس بىر داغ، ئۇنتۇلغۇسىز بىر پاجىئە بولۇپ قالدى. مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولغىنىم بىلەن ئوقۇغۇچۇمنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ مېنى كۆپ قېتىم ئىزدەپ كەلدى، ئەمما، ئۇمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈمى بىلەن ماڭا ئېچىنىشلىق بىر سوئالنى تاشلاپ كەتتى. ئەگەر مەن ئۇنى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسام، ئاقىۋەت قانداق بولار ئىدى......

كۆپ ئۆتمەي گۈللۈكتە نەۋرىلىرىنى يېتىلەشكەن قوشنىلارمۇ پەيدا بولۇشتى. ئۇلار يەسلىدىن ئېلىپ چىققان نەۋرىلىرىنى بىردەم ئوينىۋېلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. گۈللۈكتە ئويناپ يۈرگەن باللار توختىماي چۇۋۇلدىشىپ پاراڭ سېلىشاتتى. قارىماققا ئۇلار ناھايىتى بەختلىكتەك كۆرۈنەتتى. ئاتا ـ ئانا، بوۋا ـ مومىلارنىڭ چىرايىدىنمۇ مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

بۇ باللار كەچكىچە خىيالىمدىن چىقمىدى. بىز چوڭلارغۇ ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان مەدەنىيىتىمىز، تىل ـ يېزىقىمىز، تارىخىمىز مانا

مۇشۇلارغا قالدىۋ......

ئىچىمدە بىر بۇرۇقتۇرمىلىق ساقلىنىپ قالدى. مەسئۇد كۆز ئەينەكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ يېقىندىن بۇيان كۈندە كەچتە كۆرۈۋاتقان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرۈۋاتىدۇ. لالە ئاسلىنى بىلەن بىرپەس ئويناپ ھېرىپ قالدى بولغاي، بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى. مەنمۇ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان پۇتۇمنى سۆرەپ كارىۋىتىمغا چىقىۋالدىم. دېرىزىدىن سالقىن شامال كىرىپ تۇراتتى. يۇمشاق ئورۇندا پۇت - قولۇمنى سوزۇپ يېتىپ كۈندۈزى گۈللۈكتە كۆرگەن باللارنى، لالەنى، باشقا نەۋرىلىرىمنى ئويلىدىم. خىيالىم نەۋرىلىرىمدىن باللىرىمغا، باللىرىمنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىغا كەتتى. باللىرىمنىڭ يەسلىدە تەربىيە ئالىدىغان يىللىرى غۇلجىنىڭ ئاشۇ چەت يېزىسىدا ئۆتكەندى. يېزىنىڭ پاكار - پاكار ئۆيلىرى، داۋاملىق قىلىن قارغا كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان ئېتىز - داللىرى، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان ئېدىرلىقلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا.

## 22

بىر ھەپتىلىك مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شەھەر. دادام مۇشۇ يەردە مەدىكارچىلىق قىلىپ يول ھەم پۇل تاپقان. دۇربۇن بىلەن شەھەرنى قويماي ئاختۇرۇپ ئاپامنى تاپقان. ئىككى ئاچام بىلەن مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان. بۇ يەردە غەمسىز ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم، تۇنجى مۇھەببىتىم، نۇرغۇن كۈلكە ۋە كۆز يېشىم قالغان. ئۇ ماڭا

يەنىلا ھەممىدىن ئىللىق، مېھىرلىك كۆرۈنىدۇ.

ئۆرۈمچىدە نەۋرە ھەدەمنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا ئەرزىمنى تاشلاپ، باللىرىمنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا كەتتىم. ياشانغان ئاتا ـ ئانام بىلەن ئارانلا كۈن ئېلىۋاتقان تۇغقانلىرىمنىڭ بىز تۆت جاننى بېقىپ كەتكۇدەك ھالى يوق ئىكەن. ئەينى يىللاردا ئۆز پۇلىغا بىنا سالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى يالالاپ مەكتەپ ئاچقان، كولخوز قۇرۇپ كەمبەغەللەرنى باقماقچى بولغان ئەزىمەت دادام ھاسىغا تايىنىپ ئارانلا ماڭغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئاپامنىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئەينى يىللاردىكى بۇ داڭدار جەمەتنىڭ نام ـ شەرىپى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى بۈگۈنكى كۈندە تۇرلۇك بەختسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىقنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. مەن ئۈچ بالام بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ بۇ بەختسىزلىكلەرگە يېڭى مەزمۇن قوشۇشنى خالىمايتتىم. بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرماي غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم، ئاڭغىچە قىشمۇ كىرىپ كەلدى.

غۇلجىغا چۈشكەن كۈنىمىز لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. چوڭى ئالتە ياش، كىچىكى بىر ياشلىق ئۈچ بالامنىڭ بىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىككىسىنى يېتىلەپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقان قارلىق كوچىدا تەمتىرەپ يۈرگىنىم ئېسىمگە كەلسە، ھازىرمۇ كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ. تەلىيىمىزگە، ئۇ چاغلاردا ئادەملەر ھازىرقىدىن كۆپ ئىنسابلىق ئىكەن. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم بىزنى شەھەر مەركىزىدىكى پاكىز بىر مېھمانخانىغا باشلاپ ئاپىرىپ قويغانىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە بىر كۆتكۈچى ئايال بىزنى بىز بارماقچى بولغان يېزىنىڭ

تىراكتورىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. تىراكتوردا كىشىلەر بالىلىرىمنى توختۇپ كەتمىسۇن دەپ قوچاقلىرىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

قېيىنئاتام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى سەككىز جان ئادەم ئىككى ئېغىزلىق كىچىك ئۆيدە قىستىلىشىپ ياشايدىكەن. بىز تۆتىمىز قېيىنئانام ئىككى قىزى بىلەن تۇرىدىغان ئۆيگە سىغدىلىپ كىردۇق. قىستاڭچىلىقتىن كېچىسى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلەلمەيتتۇق. ئۆرۈلمەكچى بولۇپ مىدىرلىساقلا ئورنىمىز يوق بولۇپ كېتەتتى. ھەتتا ئولتۇرغۇدەكمۇ يەر يوق ئىدى. ياخشى يېرى، بالىلىرىم تېخى كىچىك بولغاچقا، بىرىنىڭ پۇتىغا بىرى بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋېرەتتى. ئۇلار بۇ قىستاڭچىلىقتا كۆنۈپمۇ كەتكەنىدى. ھەممىدىن يامىنى سوپۇن نورمىلىق ھەم قىس بولغانلىقتىن كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىزنى خالىغان چاغدا يۇيالمايتتۇق. يۇيۇنۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىمىزنى يەڭگۈشلەپ تۇرالمىغانلىقتىن ھەممىمىزنى پىت بېسىپ كەتكەنىدى. ئەتىدىن كەچكىچە «كارت ـ كارت» قىلىپ تاتىلاۋېرىپ بەدەنلىرىمىز يارا بولۇپ كەتكەنتى.

قېيىنئاتامنىڭ پېنسىيە پۇلى ئاز، ئۆيدە ئاياللار كۆپ بولغانلىقتىن، بۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تولىمۇ ناچار ئىكەن.

بۇ يەردە ئاياللار ئەمگەك كۈچى ھېسابلانمايدىكەن. شۇڭا، ھەممىمىز ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ئۆي ئىشى قېيىنسىڭلىلىرىمدىن ئاشمايتتى. مەن قىلغۇدەك ئىش بولمىغانلىقتىن، بالىلىرىم بىلەن يۈك بولۇپ قالغىنىمدىن بەكمۇ خىجىل بولاتتىم. بۇ

يەردە قىش كۈنلىرى قار بەك كۆپ ياغقاچقا، دېھقانلار قار سۈيىنى ئېرىتىپ ئىشلىتىدىكەن. مەن پاكىز، دەسسەلمىگەن قاردىن ئەكېلىش ئۈچۈن يىراقراق يەرلەرگە باراتتىم. قارلىق دالىدا كېتىۋېتىپ يىراق ـ يىراقلارغا قاراپ ۋارقىراپ يىغلاپ ئىچىمنى بوشىتىۋالاتتىم. مەن بىر ئوقۇتقۇچى ئىدىمغۇ، نى ـ نى ئارزۇ ـ ئارمىنىم بار ئىدىغۇ، ئاخىر بېرىپ مۇشۇ چەت يېزىدا ئىز ـ دېرەكسىز ھالدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشاش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولغىيمىدى؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشارمەن، دەپ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلىرىمگە ئېچىنىپ ھەسرەت چېكەتتىم. ئاخىر چىقماس خىياللار، جاپالىق تۇرمۇش مېنى قىيناپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك قىلىپ قويغانىدى.

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەسئۇدنىڭ شەھەردە ئىشلەيدىغان سىڭلىسى ئېرىنى باشلاپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئورۇقلاپ، قارىداپ، تونۇغۇسىز بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ ئالدىمدىلا:

ــ دادا، ئاپا، ھەدىيە ھەدەمگە ياخشىراق قاراپ قويۇڭلار. ئۇ مۇنداق ياشايدىغان ئايال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھامان ھەل بولىدۇ، بۇنداق تاشلىنىپ قالمايدۇ، ــ دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۈمىدسىزلىكتە تۇرغان ماڭا غايەت ئىلھام ۋە تەسەللى بولدى. شەھەردە ياشايدىغان بۇ ئەر ـ ئايالنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ پاكىز ـ رەتلىك كىيىنىشى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا ھەۋەس قىلىپ: «مەنمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇلاردەك ياشىغان ـ ھە...... ھازىر بولسىمۇ بالىلىرىمنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ بىرەر ئېغىز ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرسام، ئىش تېپىپ ئىشلىسەم قانداق بولار...... » دەپ

ئويلاپ قالدىم. ئەمما، بۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزۈم يەتمەيتتى. چۈنكى، شەھەردە مېنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىلگىرىكى ساۋاقداش، دوستلىرىم بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى بىلمەيتتىم.

بىر قېتىم مەسئۇدقا تېلېگىراممىا سېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىردىم. شەھەر كوچىسىدا كېتىۋاتسام ئالدىمغا ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىمدىكى دوستلىرىم — مەرزىيە بىلەن ھەبىبە ئۇچراپ قالدى. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمىدىم. شۇمۇ - ئەمەسمۇ، دەپ يېنىش - يېنىشلاپ قارىدىم. ئۇلار كۆپ ئۆزگەرمىگەن، پۈزۈر ياسىنىۋالغانىدى. تۇرقىدىن بەختلىك، غەمسىز ياشاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار مېنى تونۇماي ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. قانداقمۇ تونۇسۇن! شۇ چاغدا ئىچىمدە بىر ئاۋاز «مانا بۇ پۇرسەت، پۇرسەتنى چىڭ تۇت!» دەۋاتقاندەك بولدى - دە، ئارقامغا يېنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. بۇ ئىككى چوكان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي:

— ۋوي، سەن راستتىنلا ھەدىيەمۇ؟ نېمە بولۇپ بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەرگىنىمدىن كېيىن، ئۇلار ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ تەسەللى بېرىشتى. مەرزىيە ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئۆيىگە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچە - ئىچمەي:

— مەرزىيە، رۇخسەت قىلساڭ، ئۆيۈڭدە بىر يۇيۇنۇۋالسام، دېدىم. ئۇ شۇ ھامان ماڭا يوغان ئىككى چېلەك

ئىسسىق سۇ، داس، لۆڭگە، سوپۇنلارنى تەييارلاپ بەردى. ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇنۇۋېتىپ كاللامدا نۇرغۇن ئوي- خىيال پەيدا بولدى. ئىشەنچمۇ پەيدا بولدى. چۈنكى، مەن بۇ يەردە دوستلىرىمنى تاپقانىدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن مەرزىيە بىلەن يولدىشى بىر كالا ھارۋىسىدا مېنى شەھەرگە كۆچۈرۈپ كىردى. ئۇلار بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تەييارلاپ قويغانىكەن. مەن ئۆينى تازىلاپ، سۇپىغا زىغىر پاخىلى يېيىتىپ، ئۈستىگە يوغان كىگىزىمنى سالدىم. بىردىنبىر ياغاچ ساندۇقۇمنى تۆرگە قويۇپ، ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىلىرىمنى تىزدىم. ئاڭغىچە مەرزىيە بىلەن ھەبىبە قازان، ئەمبەل، قىڭراق، داس، چېلەك، چۈگۈن دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. تويىمىزدا ئالغان ئانارگۈلى نۇسخىلىق گىلەمنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم. ئامالنىڭ يوقىدىن ئۇنى سېتىپ، ئۇن - ماي ۋە باشقا كەم - كوتىلارنى تولۇقلىدىم. ئەمما، پۇلۇمنىڭ ئاز قېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ناتونۇش شەھەردە باللىرىم بىلەن قانداق ياشاش غېمى مېنى تەمتىرىتىشكە باشلىدى. ھەممە نەرسە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئۇ زامانلاردا بىزدەك «قارا نوپۇس» لارنىڭ جان باقمىقى بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسلەرنىڭ ئۇششاق سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتتىق چەكلىنىدىغان بولغاچقا، قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋالاي دېسەڭمۇ تاپقىلى بولمايتتى. تېپىلسىمۇ باھاسى ئادەمنى چۆچۈتكىدەك قىممەت ئىدى.

دوستلىرىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىر رەھبىرىنى ئىزدەپ باردىم. ئۆز ئەھۋالىمنى ئېيتىپ، بىزنى يېزا نوپۇسىغا بولسىمۇ كىرگۈزۈپ قويۇشنى

ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ كىشى بىر دەم ئويلىنىپ:

— سىلەر ئەمگەك كۆچى ھېسابلانمايسىلەر، شۇڭا، يېزا نوپۇسىغا كىرگۈزۈش بەك تەس. ئەڭ ياخشىسى سىلەرگە ۋاقىتلىق تەمىنات كىنىشكىسى ھەل قىلىپ بېرەيلى، ۋاقتى توشسا يەنە ئۇلاپ بېجىرىپ بېرىمىز. مۇشۇنداق قىلساق بىر مەزگىل قىيىنچىلىقىڭلار ھەل بولىدۇ. كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ، — دېدى.

ئۇ كىشىدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇم. ئەمما، مىننەتدارلىقىمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمەيتتىم. تەلىيىمگە ۋاقىتلىق تەمىناتىمىز ھەل بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئورمانچىلىق تەجرىبە پونكىتىدا قەلەمچە يېتىشتۈرىدىغان بىر ئىش چىقتى. ئۇ يەردە بىرنەچچە ئاي ئىشلەپ ئازراق ئىش ھەققىگە ئېرىشتىم. بۇ پۇل گەرچە بەك ئاز بولسىمۇ، ماڭا 10 يىلدەك ئۇزاق بىلىنگەن ئىككى يىلدىن بۇيان تاپقان تۇنجى قېتىملىق ئىش ھەققىم ئىدى. بۇ ئازغىنە پۇل ماڭا ئۇمىدسىزلەنمەي، ۋايسىماي، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ سەۋەب قىلغاندىلا نەدىنلا بولسۇن ھاياتلىق يولىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇتقانىدى. كۆچەتخانىنىڭ ئىشى ئاخىرلىشىپ بىكار قېلىۋىدىم، يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئامبولاتورىيە ۋە كېسەلخانىلىرىنى ئاقارتىدىغان ئىش بارلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. دوستلىرىم مېنى دوختۇرخانىدىكىلەرگە تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئاقارتىشقا چۈشتۇم. كېسەلخانا ئۆيلىرىنى كۈنىگە يەتتە ـ سەككىز ئېغىزدىن سۇپەتلىك ئاقارتىپ ناھايىتى تېزلا بىر يەرگە ئاپاردىم. كۈتمىگەندە، دوختۇرخانىدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلار «ئىشنى سىرتتىن كەلگەنلەرگە بەرگۈچە بىزگە

بەرسەڭلا بولمامدۇ» دەپ تالىشىپ، ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزلىرى ئاقارتماقچى بولدى. ئەمما، بىرىنچى كۈنىلا بىرسىنىڭ كۆزىگە ھاك كىرىپ كەتسە، يەنە بىرسىنىڭ بېلى ئاغرىپ كېتىپ بۇ ئىشمۇ ماڭا قالدى. ئامبۇلاتورىيە ئۆيلىرى، زالىلىرىنىمۇ شۇنداق سۈپەتلىك ئاقارتىپ چىقتىم. ئىش بېشىدىكىلەر مېنىڭ ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ، مېنى ئاغرىپ قالغان تازىلىقچىنىڭ ئورنىدا ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرۇشقا قوبۇل قىلدى. بۇ ھالال ئەمگىكىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئىدى. شۇ چاغدا شەھەر ئالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم.

كېسەلخانا ئۆيلىرى كونىراق، تاختايلىق ئۆيلەر بولۇپ، خېلىدىن بۇيان تازىلانمىغانلىقتىن، تۆكۈلگەن ئاش ـ تاماقلارنىڭ سۈيى توپا ـ توزان بىلەن قوشۇلۇپ، تاختاينى پەرق ئەتكۈسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. كارىدوردا ۋاقتىدا تۆكۈلمىگەن ئەخلەتلەر يىغىلىپ تۇراتتى. مەن ياتاقلارنى سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىرىقتىن سۇ توشۇپ تاختايلارنى يۇيۇپ، قىرىپ پارقىرىتىۋەتتىم. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى، كارىۋاتلارنى سۈرتتۇم. يوتقان ـ كۆرپىلەرنى رەتلىدىم. بىرنەچچە كۈنلۈك تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق كېسەلخانا ھەقىقىي كېسەلخانىغا ئوخشىدى. بىر كۈنى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرى تۇغۇتخانىنى تازىلاپ بېرىشىمنى ئېيتتى. بۇ گەرچە مېنىڭ ئىشىم بولمىسىمۇ، ئىشتىن باش تارتمىدىم.

تۇغۇتخانا دېسە ھېچ بولمىسا يورۇق، پاكىز بىر ئۆي دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، بۇ تۇغۇتخانىغا كىرىپ سېسىقچىلىقتىن

بۇرنۇمنى تۇتۇۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم. تاختاي، تۆغۆت جاھازلىرى، چېلەك ـ جاۋۇرلاردىكى قان، قان داغلىرى، بۇلۇڭدىكى داستا چىلىشىپ تۇرغان بوۋاقنىڭ جەسىتى...... كۆرگەنلىرىم ماڭا قۇشخانىنى ئەسلەتتى. قورقىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. باللىرىم ئۈچۈن، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەممىگە چىدىشىم كېرەك، دەپ چىشىمنى چىشلىمىگەن بولسام، بېشىمنى بۇراپلا چىقىپ كەتكەن بولاتتىم. مەن چىقىپ كەتمىدىم. داس ـ داستىكى مەينەتچىلىكلەرنى تۆكۈپ، يەرنى دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ۋە سوپۇن بىلەن يۇيۇپ تازىلىدىم. تۆغۆت جازىسى، ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىمۇ سۈرتۈپ دېزىنفېكسىيەلىدىم. بۇنى كۆرۈپ، تاشقى كېسەل دوختۇرلىرى ئوپېراتسىيەخانىنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ ماڭا تاپشۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوپېراتسىيەخانىنىمۇ مەن تازىلايدىغان بولدۇم. بەزى دوختۇرلار قىلغان ئىشىمغا قايىل بولۇپ، مەندىن:

— سىز ئەسلىي مۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەردەك قىلمايسىز. ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتتىڭىز، قەيەردە ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىشاتتى.

«قەيەردە ئىدىم؟ نېمە ئىش قىلاتتىم؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. لېكىن، چاندۇرماي، كۈلۈپلا قوياتتىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ «جىن ـ شەيتان» لىقىمنى بىلىپ قېلىپ، مېنى خىزمەتتىن قوغلاپ قويۇشىدىن قورقاتتىم.

تازىلىقچى ئايال ئىشقا كەلدى. مەن دوختۇرخانا ئاشخانىسىدا ياردەمچى ئاشپەز بولۇپ ئىشلىدىم. تاماق

پىشقاندا كېسەللەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرماي، تاماقنى كېسەلخانىغا ئاپىرىپ ساتتىم. باققۇچىسى يوق، ئېغىر كېسەللەرگە تاماقنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بەردىم. ئاشخانىدا ئىش تۈگىسە تازىلىق ئىشلىرىغىمۇ قاراشتىم.

## 23

بىر كۈنى ئامبۇلاتورىيە زالىنى سۈرتۈۋاتاتتىم. سۈرتكۈچ چوڭ، ئېغىر بولغانلىقتىن بىلىمنى رۇسلىيالماي ئېگىشىپ قالغانىدىم. كارىدوردا تۇرغان كىشىلەر سۈرتكۈچنىڭ ئالدىدىن نېرى كېتەتتى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلارمۇ پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماڭا قولايلىق يارىتىپ بېرەتتى. ئەمما، كۆز ئالدىمدا تۇرغان كونىراق خۇرۇم ئاياغ كىيگەن بىر جۈپ پۇت زادىلا مىدىرلىمىدى. سۈرتكۈچ بىلەن خېلى قىستاپ باققان بولسامۇ مىت قىلمايتتى. ئاچچىقىمدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئالىيىپ قارىدىم. قارىدىم ـ يۇ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي داڭ قېتىپ قالدىم. ئالدىمدا باشقا بىرسى ئەمەس، ئاسىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئاغزىم تەستە گەپكە كەلدى:

— ۋۇي ئاسىم، بۇ سەنمۇ، نەدىن پەيدا بولدۇڭ، — دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدىم. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىلگىرىكىدەك ئېسىل، رەتلىك بولمىسىمۇ، روھىي كەيپىياتى بۇرۇنقىدەكلا تەمكىن، گەپ ـ سۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا يۇمۇرغا باي ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «جەمئىيەت ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەم» دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئۇنىڭدىن تازا ئۇزۇن شاتلىق ئىچىدە ياشىغانىدى. لېكىن ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى ...

ئاڭقىرالماي كۆلگەن بولسام، كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئىككى يىل ئىلگىرى خىزمەتتىن ئايرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندە ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىككى يىلدىن بۇيان تۇغقانلىرىغا ئېغىرچىلىق سالماسلىق ئۈچۈن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش نېمە ئىش تېپىلسا شۇنى قىلىپتۇ. قورۇلۇشتىمۇ ئىشلەپتۇ. كاندىن كۆمۈر ئەكېلىپ سېتىپمۇ بېقىپتۇ. قاراڭغۇ بازار سودىسىغا ئارىلىشىپمۇ بېقىپتۇ. هازىر قۇشخانىدىن كاللا ـ پاقالچاق ئەكېلىپ پىشۇرۇپ ساتىدىكەن. كاللا ـ پاقالچاقنى ئەكېلىپ ئۆيدە ئۈكلەپ، ئادالاپ پاكىز يۇغاندىن كېيىن كېچىچە پىشۇرىدىكەن. سەھەردە بازار باشقۇرۇشتىكىلەر ئىشقا چۈشۈپ بولغۇچە سېتىپ بولىدىكەن. سەل ئاۋارىچىلىكى بولغان بىلەن كىرىمى يامان ئەمەس ئىكەن هەم پايدىسىنى نەق كۆرگىلى بولىدىكەن. يېقىندا ئۇ تونۇشلاردىن مېنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، بۇ يەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ كەلگەنىكەن. ئاسىم هاياتىمنىڭ يەنە بىر قېتىم پەيتىدە مېنى يوقلاپ كېلىپ، مېنى ساۋاقداشلىق، دوستلۇق مېھرىگە چۆمدۈردى. ئىككىمىز ئەينى يىلى جەنۇبتا ئۇچراشقان ۋاقىتلارنى، مەسئۇدنىڭ «قارا توخۇ شورپىسى» نىڭ نەقەدەر مەززىلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىشىپ بىرپەس كۈلۈشتۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ، مەسئۇدنىڭ، بالىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇمۇ ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى. ئايالىنىڭ خىزمىتى هېلىمۇ ئۈرۈمچىدە ئىكەن. ئىككى بالىسىمۇ ئايالىنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئايالى هازىر كېسەللىك دەم ئېلىشى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى

ئۆيىمىزگە پەتىگە كەلدى. بىزمۇ ئۇلارنى يوقلاپ باردۇق. مەرزىيە، ھەبىبە، ئاسىملار بىلەن داۋاملىق بېرىش - كېلىش قىلىشىپ يۈرۈپ دوستلىرىمىز كۆپەيدى. ئۇلار ماڭا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە قولۇمدىن كېلىشىچە جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشاتتىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق تۇرمۇشۇم ماڭا رېئاللىقنىڭ نەقەدەر رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى، ھاياتتا سىناقتىن ئۆتكەن سەمىمىي دوستلارسىز، يەنە باشقا كۆپلىگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىسىز ياشاشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. مەن ئاشۇ يىللاردا ماڭا ياردەم قىلغان دوستلىرىمنى، تونۇش ۋە ناتونۇش نۇرغۇن كىشىنى ھېلىمۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن ئەسلەپ تۇرىمەن.

دوستلىرىم ۋە ئەھۋالىمدىن خەۋەردار كىشىلەر «ھەدىيە، بىز ساڭا قايىل. سەن چىڭ تۇرۇپ ياشىدىڭ. ئۈچ بالاڭنى ياخشى بېقىپ، بىر ئۆينى چۆرگۈلەتتىڭ. خىزمەتسىز، يار - يۆلەكسىز بىر ئايالنىڭ ناتونۇش شەھەردە بۇنداق ياشىمىقى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. سەن ھەقىقەتەن قالتىس ئايال جۇمۇ» دېيىشىدۇ. نەدىمۇ «قالتىس» بولاي، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بىر ئاددىي ئايال. مېنىڭمۇ قايغۇرغان، ئۈمىدسىزلەنگەن، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ۋاقىتلىرىم كۆپ بولغان. مەن ئۇ يىللاردا تېخى ئەمدىلا 31 — 32 ياشلارغا كىرگەن ياش ئايال ئىدىم. مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ھاياتنىڭ ئەگرى - توقاي داۋانلىرىدا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن يۆلەيدىغان، قايغۇرغىنىمدا باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرىدىغان ئېرىمنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، ئۇ كۈنلەرنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. يالغۇز

ئىشقا كېتىۋاتقان ياكى قايتىۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە مەسئۇدنى شۇنچىلىك سېغىناتتىم. بالىلىرىم: «ئاپا، دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ؟» دەپ سورىغان چاغلىرىدا يىغلىۋەتكىلى تاس قالاتتىم.
جەنۇبتىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا تېپىۋالغان بەل ئاغرىقى (ئومۇرتقا ياللۇغى) مېنى دائىم قىيناپ تۇراتتى. كىچىك بالامنى تۇغقاندا قالغان ئاسارەت تۇپەيلى ئېغىر ئىش قىلغان چاغلاردا خۇنسىراپ ئاجىزلاپ كېتەتتىم. لېكىن، ھەر قېتىم بېلىمنى ئالالماي يېتىپ قالغان چاغلىرىمدا بالىلىرىمنى ئويلاپ، بېلىمنى لاتا بىلەن چىڭ تېڭىپ ئورنۇمدىن قوپۇپ كېتەتتىم. چۈنكى، ئۇلار ماڭا قاراشلىق ـ دە! پەقەت بولالمىغاندا دورا يەپ، ئوكۇل سالدۇرۇپ تۇرۇپ ئىشلەيتتىم. ئىشقا بېرىپ ـ كەلگۈچە يېنىمدىن ئايرىمايدىغان بىر خالتام بار ئىدى. ئۇنىڭغا يولدىن، ئېرىق بويى، ئېتىز قىرلىرىدىن ئوتۇن ـ ياغاچ تېرىپ، ئۆيگە بارغۇچە خالتىنى توشتۇراتتىم. كىشىلەر ئىشلەتمەيدىغان ئۇۋاق كۆمۈر ھەم چالا كۆيگەن كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى سوراپ ئېلىپ، ئاز ـ تولا سېغىز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ جەنۇبتا ئۆگىنىۋالغىنىم بويىچە پومزەك كۆمۈر ياسايتتىم. ئاشخانامغا يولدىن تەرگەن ئوتۇنلىرىم بىلەن ياسىغان پومزەكلىرىمنى قاتار، رەتلىك تىزىۋەتكىنىمگە قاراپ قوشنىلىرىم ھەيران قالاتتى. بەزىدە پومزەكلىرىمنى ئاپىرىپ ئىشلىتىپمۇ باقاتتى. ئۇنىڭ گۈرۈلدەپ كۆيگىنىنى كۆرۈپ قايىل بولۇشاتتى. لېكىن، چوڭ ـ چوڭ كۆمۈرلەرنى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن بۇ ئادەملەر مەندەك لاي ئېتىپ پومزەك ياساپ يۈرۈشنى ئاۋارىچىلىك دەپ قارايتتى. مەن

بولسام باشقىلار ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ پۇل تېجەيتتىم.

بۇ يىللاردا مەسئۇدمۇ يالغۇز ياشاپ كۆپ جاپا چەكتى. ئۇ مائاشىنى تېجەپ ئىشلىتىپ ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەم قىلغاندىن باشقا، بىزگىمۇ ئايمۇئاي پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ پۇل كۆپ بولمىسىمۇ، بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور مەدەت ئىدى.

ئەجرىمگە يارىشا تۇرمۇشىمىزمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىم ئۆيۈمگە كەلسە پولۇ ياكى گۆشنان ئېتىپ، قايماقلىق چاي بېرىپ، ئاخىرىدا ئۇگرە ئېتىپ چىرايلىق ئۇزىتالايدىغان بولدۇم. قېيىنئانام:

ــ ھەدىيەنىڭ قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بار. ئۈچ بالىسىنى چىرايلىق باقتى. قېنى قايسى ئايال شۇنداق قىلالايدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيالىق رازى، ــ دەپ مېنى باشقىلارغا ماختاپ بېرەتتى.



مەن ئىشلىگەن يەرلەردىكى كىشىلەر مېنىڭ جاپالىق ئىشلەشلىرىمگە قاراپ ھەر خىل پەرەز قىلىشقانىكەن:

ــ ياپياشلا ئايال ئىكەن، قاچان قارىسا بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەپلا تۇرىدىكەن. چىرايلىقراق ياسىنىپ يۈرۈشنىمۇ بىلمەيدىكەن. قارىغاندا ئېرى يوق بولسا كېرەك......

ــ بىر دەردى بار ئايالدەك قىلىدۇ. ئۆزىغۇ خېلى قاملاشقان ئىكەن بولمىسا......

ــ بىر چېكىپ باقمامدۇق ؟ ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن بولسا......

دەرۋەقە ئالدىمنى توسۇپ گەپ قىلغانلار، يېقىنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باققانلار، كەينىمگە كىرىۋالغانلار خېلى

چىقتى. ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا دوختۇرخانىنىڭ
ئاشپىزى تاماكىسىنى كۆچەپ تارتىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە
بەزدەك قاراپ تۇرۇۋاتتى. ئاخىر چىدىماي، خەقلەرنىڭ
گېپىنى قىلغان بولۇپ دارىتمىلاپ شۇنداق ئەدىپىنى
بەردىمكى، كېيىن ماڭا قاراشقىمۇ پېتىنالماي يۈردى. بىر –
ئىككىسىنىڭ دەككىسىنى ئەنە شۇنداق بەرگىنىمدىن
كېيىن، قالغانلىرى مەندىن تەپ تارتىدىغان ھەتتا ھۆرمەت
قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى.

# كىرەم V

## 13

17 ياش ۋاقىتلىرىمدا ئۆزۈمنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان دېڭىز لاچىنى ھېسابلاپ، يولۇمدا دۇچ كېلىشىم مۇمكىن بولغان دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلارنى، ھېچقانداق بىر جانلىق، ھەتتا ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆتەلمەيدىغان تىلسىم تاغلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ياراتقۇچى ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان مەندەك بىر «ھەمدەم خىيال» دىن تەسىرلەندىمۇ ياكى قېنى قانداق قىلارسەنكىن، دەپ مېنى سىناپ باقماقچى بولدىمۇ، تىلىكىمنى بەجا كەلتۈرۈپ، مېنى قانات - قۇيرۇقى بوغقۇچلانغان مەھبۇس ھالىتىگە كەلتۈردى. ماڭا بۇ دۇنيانىڭ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بىقۇۋۇللۇقنى تولۇق كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، مەن يالغۇز ئەمەس ئىدىم. پانىي ئالەمنىڭ «دوزىخى» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرمىلەردە مەن ئۆزۈمگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشى بىلەن بىللە بولدۇم. ئىلگىرى مەھبۇس دېسە رەھىمسىز، زوراۋان، قانخورلار، رەزىل، مەككار ئادىمىي ھايۋانلارلا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. بىراق، مەن ئۇ يەرلەردە چەيلەنگەن، بۇرمىلانغان ئادەملىكنىلا ئەمەس، ئەڭ تەبىئىي ئىنسانىي پەزىلەت ھەم ھېس -

تۈيغۇلارنىمۇ، ئامالسىزلىق، تەقدىرگە تەن بېرىشلا ئەمەس، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چىراغتەك يېنىپ تۇرغان يورەكلەرنىمۇ كۆردۇم.

مەن ئۇ يەرلەردە تۇرلۇك - تۇمەن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى ۋە كىشىلەرگە ئايان بولمىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ئۇچراتقان ياخشى - يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى بولدى. نورمال ئەھۋالدا مەن بۇلارنى ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىپمۇ ئۆگىنىپ بولالمىغان بولاتتىم. تۈرمە سىرتىدا 100 ياش ئۆمۈر كۆرسەممۇ ھاياتنى، جەمئىيەتنى بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولاتتىم.

ئەمما، ئەجەبلىنىدىغىنىم، ئاشۇ كەچۈرمىشلەرنىڭ روھىمنى بېيىتقاندىن باشقا، تەبىئىتىمنى ھېچقانچە ئۆزگەرتەلمىگىنى. مەن ھازىرمۇ ئاشۇ چاغلىرىمدىكىدەكلا قارام، «ھەمدەم خىيال»، جاھانغا باقمايدىغان، تەييار ھۆزۈر - ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى بىلمەي، ئۆز - ئۆزۈمگە غەم تېپىپ يۈرىدىغان بىر ئەخمەق، ئەمما، بۇ ئەقىل تاپمىدىم، ھېچ نەرسە ئۆگەنمىدىم دېگەنلىك ئەمەس. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ يەردە ئۆگەنگەنلىرىم ھەقىقەتەنمۇ ھەددى - ھېسابسىز.

تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا سىياسىي جىنايەتچىلەر ۋە ئادەتتىكى جىنايەتچىلەردىن تۈزۈلگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترەتلىرى، بېلىقچى، چارۋىچىلار ئەترەتلىرى بار ئىدى. مەن دەسلەپتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترىتىگە بۆلۈندۈم. ھەمراھلىرىم، باشلىقلىرىم، ياتاقداشلىرىمنىڭ كۆپى زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ھەتتا ناھايىتى داڭلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بىلەن تونۇشتۇم، تەسەللىي ــ ئىلھاملىرىغا، تەلىملىرىگە ئېرىشتىم، ئۇلار بىلەن ئاكا ــ ئىنىدەك يېقىن ئۆتتۇم. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى تۆرمىدە بىرنەچچە يىل بىللە بولغان بىر ئۇستازىمنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالغىنىمدا، خۇددى يېقىن قېرىندىشىمنى ئۇچراتقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكۈم، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىكى يېتەكچىم ئىدى. ئەينى يىللاردا مەن ئۇنىڭدىن مەدەت ئېلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاشنى، ئۈمىدۋارلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، ئىككى مەڭزى قىزىل كەلگەن ئادەم ئىدى. ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن بىر پاراسەت، بىر ھېكمەت تۆكۈلەتتى. ئۇ ھېچكىمدىن ياردىمى ۋە مەسلىھەتىنى ئايىمايتتى. ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىسام، كونا مەھبۇسلار ماڭا مەن بۇرۇندىنلا نامىنى بىلىدىغان، بىر كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشتى. شۇ چاغدا مەن ياراتقۇچىنىڭ تىلىكىمنى ئاشۇ يەردە، ئاشۇنداق شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدىن ھەيران ــ ھەس بولغانىدىم. ئۇ كىشى مېنىڭ شېئىر يازىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ماڭا قىزىقىپ قالدى. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولۇپ، بۇ يولنىڭ ئۆزىمۇ بېسىپ ئۆتكەن يول ئىكەنلىكىنى، بىز بۇنىڭلىق بىلەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزگەرتەلمىسەكمۇ، ئاشۇنداق «ئەخمىقانە» ئىشلارنى قىلىش ۋە ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىشنىڭ بەزى ئادەملەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى؛ بۇ خۇددى گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پىرومېتىنىڭ قىيا تاشقا باغلانغىنى، بىر ئاچ بۈركۈتنىڭ

ھەر كۈنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چوقۇلاپ ئوزۇقلانغىنى...... دەك ئىش ئىكەنلىكىنى، لېكىن، بۇ ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پەزىلىتىنىڭ، شۇنداقلا بۇ ئۇلۇغلۇق ۋە پەزىلەتكە يېتىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى چوڭقۇر ئويلارغا چۆمدۈرۈپ قەلبىمگە ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ ئورنىشىپ قالغان. تۆتىمىزنى قايتا كۆرگەندە ئۇمۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ بىزنى «مېنىڭ ئۇكىلىرىم» دەيتتى. بىزمۇ ئۇنى «ئارىپ ئاكا» دەيتتۇق. ئۇ بىز بىلەن يانمۇيان ئىشلەيتتى. ئاچلىق، ھارغىنلىق چېكىگە يېتىپ ھالىمىزدىن كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۇنىڭ:

— بەرداشلىق بېرىڭلار، ئۇكىلىرىم، قەيسەر بولۇڭلار، غەيرەت، غەيرەت!...... — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلايتتۇق. ئۇنىڭ ئاۋازىدا قانداق سېھرىي كۈچ باركىن، كىشىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيدىغان ئاشۇ ئاۋاز ئۆملەۋاتقان، يېتىپ قالغان، ئولتۇرۇپ قالغان ئادەملەرنى تىك تۇرغۇزۇۋېتەلەيتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، سۆزلىرىدىن ئوڭۇشسىزلىق، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قەيسەرلىك، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرەتتى. ئۇ مۇشۇ پانىي دۇنيادا ئۆمۈرۋايەت ياشاش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ۋاز كېچىپ، مۇشۇ خىل ھاياتنى تاللىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ يەردىكى ھەممىگە كۆنۈك ئىدى. ھېچقاچان ۋايسىمايتتى، توختىماي پىكىر، مۇلاھىزە قىلاتتى. بۇ يەردىكى ھەربىر ئىشتىن چوڭقۇر پەلسەپىۋى يەكۈن چىقىراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىردە چۈشىنىپ، بىردە چۈشەنمەيتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى

گەپلىشەتتى. بەزىلەر ئۇنى «ساراڭ» دەيتتى. يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ۋىجدانلىق ئادەم» دەيتتى. ئۇ ھەممىدىن زوق ئېلىشنى بىلەتتى. ھەر كۈنى كۆز ئالدىمىزدا قويۇلۇپ تۇرىدىغان تىراگېدىيە ۋە كومېدىيەلەردىن، كۆز ياش، كۈلكىلەردىن، قۇشلاردىن، زىرائەتلەردىن، مۆلدۈردىن، ياۋا گۈللەردىن، ھەممىدىن، ھەممىدىن ئەقىل، مەنپەئەت ۋە زوق ئالاتتى، ھەتتا ھەسرەت ئىچىدىنمۇ خۇشاللىقنى ئىزدەشكە تىرىشەتتى.

ئۇ يېتىشكەن شائىر ئىدى، شۇنداقلا مەن ئۆمرۈمدە ئۇچراتقان ئەڭ خالىس، مەسئۇلىيەتچان ئۇستاز، ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەر، ئىقتىساد، سىياسەت، ئىلاھىيەت ۋە قانۇن، خەلقئارا مۇناسىۋەت...... قاتارلىق ساھەلەرنىڭ قايسىسىدىن سۆز ئېچىلسا، تېرەن ـ ئەيراپلىق بىلىمىنى نامايان قىلىدىغان، يېتىشكەن ئىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭدا بىر يېتەكچى، يولباشچىغا خاس سېھرىي كۈچ، كەڭ نەزەر ۋە دانالىق بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆندىلىك گېزىتنى ئوقۇپ تەھلىل قىلىشنى دەرس ئاڭلىغاندەك قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. ئەدەبىي ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تەھلىللىرى بىز كۆنگەن تەھلىل ئۇسۇلىغا ئوخشىمىسىمۇ، ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايتتۇق.

ئارىپ ئاكا بىلەن تونۇشۇشۇم ۋە دوستلۇقۇم مېنى شېئىرغا بولغان تونۇش ۋە شېئىرىي ماھارەتتە يەنىمۇ يېتىلدۈرگەندى. ئۇ شېئىرنى ئانچە ـ مۇنچە يېزىپ قوياتتى. بەزىدە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشىم بىلەن ئىلگىرىكى شېئىرلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سۇدەك راۋان، قارىماققا ئاددىي، ئەمما، مەنىسى چوڭقۇر ئىدى.

توزلۇك، ساددىلىق ئارىسىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنە، سونىڭ تېگىدىكى قىممەت باھا تاشلاردەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان گۈزەللىك ۋە رەڭدارلىق يوشۇرۇنغان بولاتتى. ئۇنىڭ ۋەزنىگە يەتكەن ئادەم ئوقۇغانسېرى زوقلىنىپ، ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتى. ئۇ شېئىرنىڭ سىرلىقلىقىغا تەن بېرەتتى. زورۇقۇپ يېزىشنى ياقتۇرمايتتى. ئىلهام بىر خىل ئىلاهىي قۇدرەت دەيتتى. شەكىل بىلەن مەنە بىرلەشكەن ئەڭ مۇكەممەل شېئىر كۆپىنچە تاسادىپىي ئىلهامنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پۇتۇپ چىقىدۇ. بەزىدە ئۇستا زەرگەرنىڭكىدەك ئىنچىكە، تەرتىپلىك، زىل مېهنەت ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ زوقى باشقا، دەيتتى. ئادەم تۇرمۇشتا قانائەتچان بولۇشى كېرەك. ئەمما، ئىلىمدىكى قانائەتچانلىق ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر — بۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ئېتىمىزدا ئىشلەۋېتىپ، غىزا يەۋېتىپ، يولدا كېتىۋېتىپ قىلغان سۆزلىرىنى ھازىر ئەسلىسەم، توپا ئارىسىغا تاشلىنىپ قالغان بىباھا ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى يىغىۋالغاندەك شادلىنىپ كېتىمەن، ياشلىقىم — تەنتەكلىكىم تۈپەيلى ئۇنىڭ بەزى تەلىملىرىنىڭ مەنىسىگە ھەقىقىي يېتەلمىگەنلىكىمدىن ئۆكۈنىمەن.

ئەينى چاغدا ئۇ مېنىڭ بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ، مېنى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىشقا دەۋەت قىلدى ۋە ماڭا ئارۇز ۋەزنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر قوللانما — دەرسلىك تۈزۈپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ قولمۇقول ئۆگىتىشى بىلەن بۇ خىل شېئىر شەكلىنى تېز ئىگىلىۋالدىم. بۇ دەرسلىك مەندىن باشقا كۆپلىگەن شېئىر

ھەۋەسكارى ئۇچۇنمۇ ئىسسىق قوللانما بولدى. خېلى كۆپ شائىر ۋە ھەۋەسكار ئارزۇ ۋەزىنىنى ئاشۇ يەردە، ئاشۇ قوللانمىدىن ھەقىقىي ئۆگەندى ۋە ئۆمۈرۋايەت ئەسلىرىدىن چىقارمىدى.

بۇ يەردە پىكىرداش، قەلبداش ساۋاقداشلىرىمنىڭ بولۇشىمۇ مەن ئۇچۇن زور تەسەللى، بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت ئىدى. خېلىل ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قالغان ئۇچىمىز بىر – بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ ئۆتتۇق. كېيىن ئۇلار باشقا ئەترەتكە بۆلۈنۈپ كېتىپ، مەن يەنە بىر سىنىپتا، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان قازاق ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرى ئەينى يىللاردا قايناق شېئىرلىرى، بىلىمى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن مەكتەپ بويىچە ھەممىگە تونۇلغان، كېيىن قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى بولۇپ قالغان جارقىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز شېئىر ھەققىدە ۋە ئىچكى – تاشقى ۋەزىيەت، سىياسەت ئۆزگىرىشلىرى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىز، يازماقچى بولغان ئەسەرلىرىمىز ھەققىدە كۆپ پاراڭلىشاتتۇق. دائىم بىر – بىرىمىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتۇق. تۆكەنمۇ مېنىڭ يېقىن دوستۇم ھەم سىرداشىم ئىدى. ئۇ ئېگىز بوي، تەمبەل، مىجەزى چۇس، ئەمما، ناھايىتى مەرد، ئاق كۆڭۈل يىگىت بولۇپ، ئىككىمىز دائىم بىللە يۈرەتتۇق. ئۇ ماڭا غۇلجىدىكى ئاتا – ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بېرەتتى. يازدا يايلاق تۈرمۇشىنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى تولا تەرىپلەيتتى ھەم شۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلارنى يازاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا يۇرتۇم، ئاتا – ئانام، بالىلىق ۋاقىتلىرىم توغرىسىدا سۆزلەپ

بېرەتتىم، يازغان شېئىرلىرىمنى كۆرسىتەتتىم. مەن تولاراق ئەمگەك ۋەزىپەمنى ئورۇنلاپ بولالماي ھەممىنىڭ كەينىدە قالاتتىم ۋە بۇ تۈپەيلى ئىزا ـ ئاھانەت ئاڭلىغاندىن باشقا يەنە جازالىناتتىم. تۆكەن مېنى جازالىنىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دائىم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ ماڭا ئىشلىشىپ بېرەتتى. بىر يىلى قىشتا بوز يەر تەرەپتە ئۆستەڭ چاپتۇق. شۇ كۈنلەردە ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە قاتتىق سوغۇق بولۇپ ئۆزۈلمەي قار يېغىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك شىۋىرغان چىقىپ تۇردى. يەر قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكتىن كەتمەن ـ گۈرجەكلا ئەمەس، مېتىنمۇ كارغا كەلمەيتتى. توغراق، يۇلغۇن شاخلىرىنى يىغىپ ئوت ياققان بولساقمۇ، كۆپ پايدىسى بولمىغانىدى. شۇ قېتىمقى ئەمگەكتە تۆكەننىڭ ماڭا قىلغان ياردىمى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، مەن ئاشۇ قارا قىشتا سوغۇق، ھارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم.

يازدا تۆكەن بىر مەزگىل ھەممىمىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئويچان بولۇپ يۈردى. دەم ئالغان ۋاقىتلاردا ئۇ يىراق بىر يەردە ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، ياغاچ بىلەن توپىلاڭ يەرگە بىرنېمىلەرنى جىجىلايتتى. ئارىپ ئاكىمىز بىر قېتىم ئۇنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ بالىدا بىر گەپ بار. بىرەر ئەخمەقلىك قىلىپ قويمىسا بولاتتى، — دېگەنىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە چىنپۇتۇپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پەرىزى راست بولۇپ چىقتى. بىر كۈنى، تۆكەننىڭ سۇ تۇتقىلى چىققان يەردىن قېچىپ كەتكىنى مەلۇم بولدى. ساقچى، كادىرلار بىرنەچچە كۈن پاتىپاراق بولۇشۇپ يۈردى.

ھەممىمىزنى بىر ـ بىرلەپ سوراق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىمىزنى سۈرۈشتۈردى. ئەمما، ئۇ ھېچكىمگە بىرنەرسە دېمىگەنىدى. بىز ئۇنى قېچىپ قۇتۇلدى بولغاي، دەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھالى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن تۈرمە دوختۇرخانىسىدا يېتىپ، كېيىن كامېرغا يېنىپ چىقتى، بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭ ھالىدىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە خەۋەر ئالدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ قاچقاندىن كېيىن تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۈچ كۈنگىچە سازلىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى، قورسىقى ئاچسا قۇش تۇخۇملىرىنى يەپ، ئۇسسىغاندا سازلىقنىڭ زەي سۈيىنى ئىچكەنلىكىنى، كېچىلىرى غەلىتە ئاۋازدا سايرايدىغان ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىن قانداق قورققانلىقىنى، ياۋا توڭگۇزدىن قانداق قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى شۇ ئەتراپتا مال باقىدىغان مەھبۇسلار مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ. ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە ئۇ ئۇخلاپ قالغانىكەن. ئويغاق بولغان بولسا ھەرگىزمۇ تىرىك قولغا چۈشمەيدىكەن.

تۆكەن كۆزگە بارمايلا ئۆلۈپ قالدى. ئاشۇ قاۋۇل، غەيرەتلىك بىر يىگىت ئەنە شۇنداق ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنى بۇگۈنكى كۈندىمۇ دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن، بەزىدە چۈشلىرىمگە كىرىپ قالىدۇ. چۈشۈمدە ئۇنى خۇشال، رەڭگىرويى ئوچۇق، كىيىم ـ كېچەكلىرى پاكىز ھالەتتە كۆرسەم خۇشال بولۇپ كېتىمەن. غەمكىن، دىلى سۇنۇق، ۋەيرانە ھالەتتە كۆرسەم بىرنەچچە كۈنگىچە يۈرىكىم

ئېچىشىدۇ. نامازلىرىمىدا ئۇنىڭغا ئاتاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلىمەن.

## 14

ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى قايتۇرۇپ بولغۇسىز قەرزداردەك ھېس قىلىدىغىنىم، ھەسرەت ـ نادامەت ئوتىدا سىغىنىپ ـ سېغىنىپ ئەسلەيدىغىنىم يەنىلا دادام بىلەن ئانامدۇر. مەن ئۇلارنىڭ باققان ئەجرىنى قايتۇرالمايلا قالماستىن، ئۇلارنى كۆتۈرۈپ قويغۇسىز دەرد ـ ئەلەم، بەختسىزلىككە دۇچار قىلدىم. مەندىن زور ئۈمىد كۈتىدىغان دادام مەن گېزىتلەردە تەنقىد قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇرۇمچىگە بېرىپ سارىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۈجىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلىگەن قۇشتەك ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگەنىدى. ئۇلار مېنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئىككىمىز بىر قېتىملا كۆرۈشكەن. شۇ چاغدا ئۇ كۆزۈمگە بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى تەشۋىشلىگۈسىز تۈيغۇغا، گەز باغلىغان لەۋلىرىگە قاراپ مەن «ئىچ ئاغرىتىش» دېگەن بىر خىل چىدىغۇسىز ۋەھىمە ۋە غەم ـ ئەندىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاپلاپ، ئىچ باغرىنى ئوتتا كۆيدۈرگەندەك داغلاپ ياندۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. كېيىن دادام نەچچە قېتىم كەلدى، ئەمما، ئۇلار بىزنى كۆرۈشتۈرمىدى. دادام قايتىپ كېتىپ، مەن رەسمىي قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن يەنە كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ، ئانامنىڭ

سالىمىنى يەتكۈزۈپ: «بالام، سىلى تېخى ياش، ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتمىسىلە، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەنىدى. كېيىن خەۋەر تېپىشىمچە، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى قانۇن ساھەسىدە ئىشلەيدىغان يىراق بىر تۇغقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن مېنىڭ تېخى 18 ياشقا توشمىغانلىقىمنى ئاساس قىلىپ قانۇن ئورۇنلىرىغا ۋە يۇقىرى رەھبەرلىككە كۆپ قېتىم ئەرز قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقماپتۇ. ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ياتقان تۆت يىلدا دادام ھەر يىلى دېگۈدەك مېنى يوقلاپ تۇردى. ئانامۇ بىر قېتىم مېنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم كەلگەندە، تۈرمىدىكىلەر «بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق» دەپتۇ، مېنىڭ شايارغا يۆتكىلىپ كەتكىنىمنى ئېيتىپ بەرمەپتۇ. جەمئىيەتتە مېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقالغانلىقى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام ئىشىنىپ قېلىپ، قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ. بەختىمگە يارىشا دادامنىڭ تۇغقىنى ئىچكى قىسمىدىن مېنىڭ شاياردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىكەنلىكىمنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى، شاياردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى، لېكىن، 10 — 20 يىلسىز تۈرمىدىن چىقالمايدىغانلىقىمنى يەتكۈزۈپتۇ. چەكسىز مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرۇۋاتقان ئاتام – ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى قايتا تىرىلگەندەك خۇشال بولۇپ، 10 — 20 يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆلمىسەك ھامان بىر كۈنى جەم بولىمىز، دەپ يىغلىشىپتۇ. دادام مېنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن شايارغا بېرىپتۇ. ئەمما، شاياردىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا قارىتىپ يېزىلغان تونۇشتۇرۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامالسىز

قاپتۇ. بىرەر ھەپتىگىچە تۇرمىنىڭ سىرتىدىكى سۇت ــ قېتىق، تۇخۇم ساتىدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئەتىگەندە تىزىلىپ ئەمگەككە ماڭىدىغان، كەچتە يەنە تىزىلىپ قايتىپ كېلىپ چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىدىغان مەھبۇسلارغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مەھبۇسلار جىق بولغانلىقتىن، كۆزلىرى ئىمىر ــ چىمىر بولۇپ مېنى كۆرەلمەپتۇ. ئاخىر شۇ يەرلىك بىر قېرى خوتۇننىڭ ياردىمى بىلەن تۇخۇم ئالغىلى چىققان مەھبۇسلاردىن مېنى سۈرۈشتۈرۈپ، مېنى تونۇيدىغان بىرسىگە دادامنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ مەھبۇس مەيداندا تىزىلىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «داداڭ كەپتۇ، چوڭ دەرۋازا سىرتىدا......» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ كۈنى ئىشقا كېتىۋېتىپ دەرۋازا ئالدىدىكى يول بويىدا تۇرغان دادامنى كۆردۈم. ئەمما، ئالدىدىن ئۈن ــ تىنسىز ئۆتۈپ كەتتىم. دادامنىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى مېنى كۆرمىدى. ئىشتىن چۈشكەندە، جارقىنىدىن بىر يۈەن ئۆتنە ئېلىپ، نازارەتچىلەردىن رۇخسەت سوراپ قېتىق ئالغىلى چىقتىم. دادام مېنى كۆرۈپ دەرھال قېتىقچى خوتۇننىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە مىنۇت پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭغا:

ــ دادا، ئانامغا، ئۇكىلىرىمغا مەندىن سالام ئېيتىسىلا، مەن سىلەرنى بەك سېغىندىم...... ھەممىڭلار خاتىرجەم بولۇڭلار، ھازىرقى ئەھۋالىم ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى، ــ دېدىم.

دادام:

ــ كۆردۈم بالام، كۆردۈم...... ــ دېگىنىچە يىغلاپ

گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. مېنىڭ ئالدىراۋاتقىنىمنى سېزىپ، دەرھال قېتىقچى خوتۇنغا 20 يۈەن بەردى. ئۇنى قېتىقچى خوتۇن ماڭا بەردى. دادام بىلەن كۆزلىرىم ئارقىلىق خوشلىشىپ كەينىمگە قايتتىم. دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ كەينىمگە قارىسام، ئاددىي كىيىنگەن، ئورۇقلۇقىدىن بويىنى ئىنچىكىلەپ، بوغدىيىكى پۈلتىيىپ چىققان دادام بويىنىنى سوزغىنىچە مەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ قېتىم دادام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەلمىگەن، جاپاكەش قوللىرىنى تۇتالمىغان بولسامۇ، ئۇنى كۆرۈۋالغىنىمدىن خۇشال بولۇپ يۈردۈم. كېچىلىرى قاپقاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ ياتقان چاغلىرىمدا بۇ خۇشاللىق چىدىغۇسىز ھەسرەت ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسىغا ئايلىنىپ مېنى ئازابلايتتى. مەن ئۇلارنى ۋەيران ھەم سەرسان قىلغانىدىم، ئۇلار مېنىڭ دەردىمدە ھەر كۈنى دوزاخ ئازابىنى تارتاتتى. يېگىنى يېگەن، ئىچكىنى ئىچكەن بولمايتتى. تۇرقىدىن دەردمەنلىك، كۆڭۈل يېرىملىق چىقىپ تۇراتتى. مەندەك بىر ئوغۇلنى چوڭ قىلغىنى ئۈچۈن ھېچكىم ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلمايتتى. ئۇلارنى بۇ قارا كۈنلەرگە مەن دۇچار قىلغانىدىم، مەن!

شۇ يىللىرى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئارىپ ئاكا بىلەن ئىككىمىز قىشچە زەربىدارلىق بىلەن چاپقان ئۆستەڭنىڭ توغان ـ توسمىلىرىنى ئوڭشاشقا ئەۋەتىلدۇق. قىشتا توڭلاپ تۇرغان سېمونت ھاۋانىڭ ئىسسىشى بىلەنلا ئېرىپ، ئۇۋۇلۇشقا باشلىغان، ۋاقىت ئۆتكەنچە توغان ـ توسمىلارنىڭ بەزى يەرلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەنىكەن. ئارىپ ئاكا بۇ يەردە

بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۈستىسى ئىكەن. ئىككىمىز ئۆستەڭ بويىدا بىرنەچچە كۈن ئىشلىدۇق. ئىشىمىزنى تۈگەتكەن كۈنى نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇپ بېلىق تۇتۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا باردۇق.

دەريا بويىدا مەخسۇس بېلىقچىلىق قىلىدىغان مەھ-بۇسلار بولۇپ، ئۇلار بېلىق تۇتقاندا چوڭ بېلىقلار بىلەن بىل-لە تورغا چىقىپ قالغان ئۇششاق بېلىقلارنى سۇغا قايتۇرۇپ تۆكۈۋېتەتتى ياكى ئۆزلىرى ئېلىپ قالاتتى. بەزىدە بۇنداق بې-لىقچانلاردىن بىرگىمۇ نېسىۋە تېگىپ قالاتتى. بېلىقچانلارنىڭ ئىچ ـ قارنىنى تازىلاپ، تۇزلاپ قۇرۇتۇۋالساق بىر مەزگىل ئاچلىقتا دالدا بولاتتى. بىز بىر خالتا تۇز ھەم بىر كىچىك پىچاق ئېلىۋالغانىدۇق. بۇ ئارىپ ئاكىنىڭ بىر پارچە نېپىز تۆمۈرنى بىلەپ، بىر تەرەپكە قوۋزاق ئوراپ ياسىۋالغان پىچى-قى بولۇپ، بەك ئىتتىك ئىدى. ئۇ بۇ پىچىقىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ساقلايتتى. بىز بارغاندا بېلىقچىلارنىڭ ھەممىسى قېيىقلىرىغا چىقىۋېلىپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تور يىغىۋا-تاتتى. بىز توردا پىلتىڭلاپ سەكرىشىپ، ئاخىرقى نەپەسىدە ھاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان كۈمۈش رەڭلىك بېلىقلارغا بىرپەس قاراپ تۇردۇق. بىز خۇددى ئاشۇ بېلىقلارغا ئوخشايت-تۇق. دەرھال قورۇلماي، تۇز چېچىلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلات-تۇق. قايسى كۈنى قورۇلىدىغىنىمىز، كىمنىڭ ئاغزىغا كىرى-دىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق.

بېلىقچىلار ئارىپ ئاكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى، چوڭراق بىرنەچچىسى يىراقتىن سالام قىلىشتى، ياشراقلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ سالاملاشتى. بىز چاندۇرماي ئۇلارغا خالتىنى بېرىپ قويدۇق. بىرپەستىن كېيىن ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇلار

ئارىپ ئاكىنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىشەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ ئاڭلايتتى. گەپ ئارىلىقىدا ياش مەھبۇسلاردىن بىرنەچچىسى تاشكەنت رادىيوسىدا «شائىرنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق بىر ئوچېرىك ئاڭلاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدا يېزىلغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە ئىشلىرى دەل ماڭا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ياشتا چوڭراق، ساقاللىق بىر مەھبۇس:

— ما «شوجۇڭجى» دېگىنىمۇ ئەسكى نېمىلەركەن. ساپساق ئادەمنى ئۆلدى دەپ رادىيودا سۆزلەپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان. پات ـ پات كېپ تۇرسىلا ئۇكام، بىلىقنى جىقراق يەپ، تۇرمىدىن چىققاندا ئۆزلىرىنى بىر كۆرسىتىپ قويسىلا ئۇ «شوجۇڭجى» لارغا، — دەپ ھەممىمىزنى كۇلدۇرۇۋەتكەنىدى. ئارىپ ئاكا ئىككىمىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، خالتىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتۇق. كېيىن تۇرمىگە يېڭى كىرگەنلەردىنمۇ جەمئىيەتتە مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىم توغرىسىدا خەۋەر تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. شۇ گەپلەرنىڭ تەسىرىدە مەن بىرنەچچە پارچە شېئىر يازدىم. ئۇلارنىڭ بىرىدە مۇنداق يازغانىدىم:

مەن ئۆلمىدىم، كۆزلىرىم ئوچۇق،
تاڭ چولپىنى بولماس ھازىدار.
بوغقۇچلانغان قانىتىم سۇنۇق،
بارمەن ئۆزۈم، بىراق يارىدار.

ئۆمرى ئۇزاق بولىدۇ دەپتۇ،
ئۆلدى دېسە ھايات كىشىنى.
قوشۇلغاندا ئۆمرۈمگە ئۆمۈر،

نېچۈن مەن يەي ئۆلۈم غېمىنى.

قايغۇرماڭلار، خۇشال بولۇڭلار،
كۆرۈشىمىز تاڭ ئاتسا پارلاپ.
ۋىسال كۈنى رازىمەن ئۆلسەم،
بىلىڭلارنى قىسىپ قۇچاقلاپ.

مەن بۇ شېئىرىمنى ۋە باشقا بىر قىسىم شېئىرىمنى دادام كېيىنكى قېتىم يوقلاپ كەلگىنىدە ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇم. نازارەتچىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ تۇردى. بۇ شېئىرلىرىم ئەنە شۇنداق ساقلىنىپ قالغانىدى.

تىلىم چىققان، خەت تونۇغان گۆدەك ۋاقتلىرىمدىن تارتىپلا قەلبىمگە سىڭىپ كەتكەن تەڭرىتېغى، تارىم دەرياسى دېگەن ناملار مېنى شۇنچە جەلپ قىلىپ ئۆزىگە ئىنتىلدۈرەتتى. ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان يىللىرىمىزدا دوستلار بىلەن تەڭرىتاغلىرىغا ساياھەت قىلىشنى، ئانا دەريا بويلىرىغا بېرىپ، سۇلىرىدا چۆمۈلۈشنى ئارزۇ قىلىشقانىدۇق. مانا ئەمدى تارىم دەرياسى يېنىمىزدىلا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ. ئەمگەك قىلغان چاغلىرىمىزدا بەزى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپمۇ قالىمىز. ئەمما، ئەمدى بىز مەھبۇس ئىدۇق، ئۇنىڭ بويلىرىغا بېرىپ سۇلىرىدىن قېنىپ - قېنىپ ئىچەلمەيتتۇق، باغرىغا ئۆزىمىزنى تاشلاپ هارغۇچە ئۈزەلمەيتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن كۆڭلۈمدە بىر كۈنلەردە تۈرمىدىن چىقسام، ئەگەر ياز كۈنلىرى بولۇپ قالسا، ئالدى بىلەن تارىم دەرياسىغا بېرىپ يالىڭاچ بولۇپ راسا چۆمۈلۈپ، روھىم ۋە جىسمىمنى پاك - پاكىز تازىلاپ ئاندىن يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىمەن، دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. ئەمما،

ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، مېنىڭ قويۇپ بېرىلگەن ۋاقتىم قاتتىق سوغۇق كۈنلەرگە توغرا كەلدى.

ئۇ 1975 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر ئىدى. شۇ يىلنىڭ بېشىدا بىر قىسىم جىنايەتچىنىڭ ئالدىن قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولغانىدى. ئارىپ ئاكا ماڭا:

ــ مۇشۇ دېڭ شياۋپىڭ دېگەن پاكار ئادەمنى مەيلىگە قويۇۋەتسە، چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ ھوقۇق تۇتۇپ بىرەر يىل بولا ـ بولماي تاقىلىپ قالغان ئالىي مەكتەپلەرنى ئېچىۋەتتى. چەت ئەللەر بىلەن دىپلوماتىيەنى راۋاجلاندۇردى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يەنە بىر قىسىم ئوگچىنى قويۇۋېتەرمىش، بەلكىم شۇ قاتاردا سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ ھەل بولۇپ قالار، ــ دېدى.

ئارىپ ئاكا ئەۋلىيادەكلا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئادەم، ئىشلارغا بەرگەن باھا ـ ھۆكۈملىرى دائىم توغرا چىقاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يېڭى باشلانغان كۈنلەردە، ئارىپ ئاكا ئۆزى مۇشتەرى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئېتىزغا ئالغاچ باراتتى. دەم ئېلىشلاردا گېزىتنى ئۇششاق خەۋەرلىرىگىچە ئوقۇپ تەھلىل قىلاتتى. بىر كۈنى يېنىغا بارسام، باش بەتتىكى سۈرەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ رەئىس ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا «قىزىل قوغدىغۇچى» لارغا مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، قولىدىكى «ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نى ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىۋېلىپ پۇلاڭلىتىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىكەن.

ــ مۇشۇ لىن بياۋدا بىر گەپ بار، ــ دېدى ئۇ

ئاستاغىنە. ئىتتىك ئەتراپقا قارىۋەتتىم.

ــ قانداق دەيسىز ئاكا؟

ــ قارا، ئۇنىڭ تۇرقىغا، ئاۋۇ چىرايىدىكى يالغان كۈلكىگە، ھارامزادىلىك قىلىۋاتقىنى چىقىپ تۇرمامدۇ.

ــ توۋا، راست شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

ــ شۇنداقتەك ئەمەس، شۇنداق. قاراپ تۇر، بەش ـ ئالتە يىلغا بارماي بۇنىڭدىن چاتاق چىقىدۇ.

ئۇنىڭ گېپىدىن بەدىنىمگە تىترەك ئولاشقاندەك بولۇپ كەتكەنىدىم. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، لىن بياۋنىڭ خوتۇنى ۋە ئوغلى بىلەن ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قاچقاندا، ئايروپىلان قۇملۇققا چۈشۈپ كېتىپ كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئارسىپ ئاكىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنىڭمۇ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.



شۇ يىلى 28 ـ دېكابىردا، مەن ئىشخانىغا چاقىرتىلدىم. ھېچقاچان ئوچۇق چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان بىر رەھبەر يۈز سۆزىمىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان سارغۇچ تېرىسىنى «كۈلۈمسىرەش» كە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ھالەتتە تارتىشتۇرغىنىچە، مېنىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىمنى، مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇۋېتىلگەنلىكىم ئۈچۈن پارتىيەگە رەھمەت ئېيتىشىم ۋە ياخشى ئۆزگىرىپ قالپاقلىرىمنىڭ ئېلىۋېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. دۇرۇس، تېخى مېنىڭ بېشىمنى بېسىپ تۇرغان يوغان ئىككى قالپاق ــ ئىككى تاغ بار ئىدى. ئۇلاردىن ئالدىراپ قۇتۇلالمايتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، مەن تۇرمە جازاسىدىن، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ۋە كۈچلۈك بېسىمدىن قۇتۇلاتتىم. تۇرمىدىن چىقىپ «يېڭى ھايات» مەيدانىدا بىر مەزگىل

سىناقتا تۇراتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىدىكىلەرنىڭ كېيىللىكى بىلەن ئائىلەمگە قايتىپ، شۇ جايدا نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىپ ئۆزگىرىشنى داۋاملاشتۇراتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن زور بەخت ئىدى. كېچىچە هاياجاندىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۆتكەن كۈنلىرىمنى، هاياتىمنى بىر قۇر خۇلاسىلەپ بۇنىڭدىن كېيىنكى هاياتىمنى تېخىمۇ قەدىرلەش، ئاتا ـ ئانامنى خۇشال قىلىش، قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارنى ئويلاشقا ئەركىم ۋە ھەققىممۇ يوق ئىدى.

ئەتىسى ئارىپ ئاكا باشلىق يېقىن ـ يورۇقلىرىم، ئۇستازلىرىم ۋە بۇرادەرلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ، كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلىشىپ، «يېڭى هايات» مەيدانىنىڭ سۇ ئامبىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشتىم. بۇ كۈنى بۇ يەردىكىلەرگە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن كاللا ـ پاقالچاق تارقىتىلغانىكەن. بۇ يەردىكى بۇرادەرلەر مېنى كاللا ـ پاقالچاق بىلەن مېهمان قىلدى. مەن هېچكىمنىڭ نازارىتىسىز، ئادەمدەك ئولتۇرۇپ، يوغان لېگەندە ئېلىپ كېلىنگەن ئىسسىق گۆشتىن تويغۇچە يېدىم ۋە بۇ كۈننى داۋاملىق خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن هەر يىلى 28 ـ دېكابىردا كاللا ـ پاقالچاق يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردۇم.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن دادام مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدى. ئىككىمىز بىرلىكتە مۇناسىۋەتلىك ئىشخانىلارغا كىرىپ رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ، بۇ يەردىكى يېقىن ـ يورۇقلار بىلەن خوشلىشىپ ئاددىيغىنە يۈك ـ تاقامنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە باردۇق. ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىغا يەنە بىرەر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىكەن. يول

بويىدىكى ئاشخانىدا ئاپتوبۇسنى كۈتكەچ تاماق يەپ ئولتۇردۇق. قاچانلاردىدۇر دادامنىڭ قولىدا بىر قەپەس پەيدا بولۇپ قالدى. قەپەستە بىر قۇش ۋىچىرلاپ سايراپ تۇرىدۇ. كۆڭلۈمدە دادام قۇشقا ھەۋەس قىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دېدىم. ئارىدا دادام قۇشقا دان ۋە سۇ بەردى. بىز تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ دۇئا قىلىپ ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، دادام قەپەسنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇ ئاشخانا ئالدىدا توختاپ، قەپەسنى ئېچىپ، قۇشنى ئاسمانغا قويىۋەتتى. قۇش ۋىچىر - ۋىچىر سايراپ قانات قېقىپ تېرەكلەرنىڭ نېرىسىدا غايىب بولغۇچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قولىدىكى قەپەسنى يەرگە ئېتىپ سۇندۇردى. ئارقىدىن نېمىلەرنىدۇر دەپ دۇئا قىلىپ، «ماشايلى بالام» دېدى. دادامنىڭ بۇ ئىشى ماڭا سىرلىق بىلىنگەن بولسىمۇ، سوراشنى ئەپسىز كۆردۈم. بەلكىم مۇشۇنداق بىر ئادەت بولسا كېرەك، دەپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دۇئاغا قول كۆتۈردۈم. ئەمما، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئانامدىن بىلدىم.

دادام قەشقەرنىڭ ئوردىئالدى كوچىسىدا دۇكان ئاچىدىغان بولۇپ، دۇكىنىدىن يىراق بولمىغان يەردە تۈرلۈك قەپەس ھەم ئەرمەك قۇشلارنى ساتىدىغان بىر دۇكان بار ئىكەن. قەپەس ئىچىدىكى قۇشلارنىڭ قاناتلىرىنى قەپەسنىڭ چىۋىقىغا ئۇرۇپ، كۆككە تەلپۈنۈپ مۇڭلۇق سايراشلىرى دائىم دادامنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتۇرىدىكەن. ئۇ مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن ھەر جۈمە كۈنى نامازدىن يېنىپ چىرايلىق قەپەسكە سولانغان قۇشتىن بىرنى سېتىۋېلىپ قۇشقا دان ھەم سۇ بېرىدىغان، دۇكان ئالدىغا چىقىپ قەپەسنى سۇندۇرۇپ قۇشنى قويىۋېتىپ، دۇنيادىكى ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان ئوغۇللار ئۈچۈن ۋە ئۆز ئوغلى

ئۇچۇن دۇئا قىلمىدىغان بوپتۇ ۋە بۇ ئىشنى تاكى مەن تۇرمىدىن چىققۇچە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئانامدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆز يېشىمنى توختىتالمىدىم. خىياللىرىم ئۆركەشلەپ، قەشقەرنىڭ ئوردىئالدى كوچىسىدا دۇكان ئاچىدىغان ئاددىيغىنە سودىگەر ــ مېنىڭ دادام ــ كۆز ئالدىمدا گويا ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئادالەتنىڭ غايەت زور ئابىدىسى بولۇپ گەۋدىلەندى. شۇ كۈنى كەچكىچە خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىدىم. دادامنىڭ قوللىرىمنى تۇتۇپ «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نى كۆچۈرگۈزۈۋاتقان، تەنبىھ ـ نەسىھەت قىلىۋاتقان، ھەر قېتىم ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان كۈنۈمدە يېرىم كېچىدە قوپۇپ ئانامغا ئاش ئەتكۈزۈپ «ئىسسىق ـ ئىسسىق ئىچىۋالسىلا بالام، سەپەر ئۈستىدە ئىسسىق تاماق تاپماقلىرى تەس» دەۋاتقان، ئەرزنى يېنىغا سېلىپ كىملەرنىڭدۇر ئىشىك ئالدىدا ساقلاۋاتقان، تۈرمە ئىشىكى ئالدىدا بوينىنى سوزۇپ ماڭا قاراپ تۇرغان...... قىياپەتلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئىختىيارسىز قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېنىمدا تۇرغان جىيەن قىزىمنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىگە بىر شېئىر يازدىم. ئۇ قەپەستىكى ئوغۇل، قەپەستىكى قۇش ۋە دادا ھەققىدىكى شېئىر ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئەجىر بىلەن ئۆتكەن دادام بىلەن ئانام ئەجىر مېۋىسىنى كۆرەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ھەر قېتىم بىر ياخشىلىقتىن دىلىم سۆيۈنگەن، نەۋرىلىرىم دۇنياغا كەلگەن، يېڭى كىتابلىرىم نەشردىن چىققان چاغلاردا دادام بىلەن ئانامنى ئەسلىدىم. خىيالىمدا ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ قەرزدارمەن.

# 15

يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپلا تۇنجى قىلغان ئىشىم ئائىلەم تۇرۇشلۇق ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىش بولدى. شۇ كۈنىلا مەن تېخى رەسمىي قويۇپ بېرىلمىگەنلىكىمنى سەزدىم. تۈرمىدە بىز كۆپچىلىك ئىدۇق، ھەممىمىز باراۋەر ئىدۇق. ئەمما، تۈرمە سىرتىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەركىن كىشىنىڭ نەزىرىدە بولسا بىز نورمال «ئادەم» ھېسابلانمايتتۇق. «جىنايەتچى»، «ئۇنسۇر» دېگەنگە نورمال ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. كەمسىتىلىش، تىل ـ ئاھانەت، دۆشكەلەشلەر جان ـ جېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەمما، ئەركىن ـ ئازادە مېڭىپ يۈرۈش، ئاتا ـ ئاناڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىدا ياشاش ئۈچۈن بۇنچىلىك خورلىنىشلارغا چىدىماي ئامالىڭ يوق.

مەن بىر مەزگىل داۋالاندىم. «كېرەمباغ» دىكى يوغان قورساق، كۆڭلى يۇمشاق، گەپدان دوختۇر دادامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاچ يېزىپ بېرىدىغان دورا ـ ئوكۇل ۋە ئىسپىراپكىنى ئىچ يانچۇقۇمغا سېلىۋېلىپ شەھەر ئايلىناتتىم. بارمىغان چوڭ ـ كىچىك كوچا، كۆل، بۇلاق بېشى، دەريا بويى، سېپىل، بۇلۇڭ ـ پۇچقاق قالمىغانىدى. بۇ يەرلەرنى مەن تۈرمىدە يېتىپ تالاي قېتىم خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەن، چۈشلىرىمدە توپىسىغا باغرىمنى باسقان، سۇلىرىدىن ئوچۇملاپ ئىچكەنىدىم. ئەمدى رېئاللىقتا يۇرتۇمنىڭ باغرىدا ياشاش بەختىگە ئېرىشتىم. تۈرمىدە ياش ئۆلۈپ كەتكەن خېلىل، تۆكەنگە ئوخشاش دوستلارغا

سىلىشتۇرغاندا، مەن يەنىلا تەلەيلىك ھېسابلىناتتىم. داداممۇ بۇ ئىشلار ھەققىدە گەپ ئېچىلسا «مۇشۇ كۈنلەرگىمۇ شۈكۈر بالام. ساق ـ سالامەت تۇرمىدىن چىقىۋاللا، ھەممە ئادەمنىڭ رىزقىنى خۇدايىم بېرىدۇ، ئادەمنىڭ ئايىغىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسىلا قالغان ئىشلار ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ» دەيتتى.

بىر ئايلىق دەم ئېلىشتىن كېيىن، ئاھالىلەر كومىتېتى قارىمىقىدىكى 60 نەچچە نەپەر «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «يەرلىك مىللەتچى»، «بۇزۇق ئۇنسۇر»، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» نىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. ھەر كۈنى تاڭ يورار ـ يورۇماستا ھەممىمىز ئاھالىلەر كومىتېتى قورۇسىغا يىغىلىپ، قول ھارۋىسىغا سۈپۈرگە، كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنى بېسىپ ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراشلىق يول، كوچا، ئىش ئورۇنلىرىغا تارقىلاتتۇق. يول ياسايدىغان، كۆچەت تىكىدىغان، كۆل كولايدىغان، دەل ـ دەرەخ، گۈللۈكلەرنى پەرۋىش قىلىدىغان ئىشلاردىن باشقا، دائىملىق قىلىدىغىنىمىز تازىلىق ئىدى. مەن تولاراق ياۋاغ كۆۋرۈكى ئەتراپىدىكى يوللارنى، كۆۋرۈكنى، بېلىقكۆل ئەتراپلىرىنى يوغان قومۇش سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرۈپ چىقاتتىم. ئېگىز ـ پەس يەرلەرنى تۈزلەپ، ئەخلەت ـ چاۋار، غازاڭلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ، كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا ئاھالىلەر كومىتېتى تەرەپكە قاراپ ماڭاتتىم. بىزگە مەسئۇل نازارەتچىلەر ئىش ئورۇنلىرىمىزنى ئارىلاپ، ۋەزىپە ئورۇنلاش ئەھۋالىمىزنى ۋە ئەمگەك پوزىتسىيەمىزنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي، ئورۇنسىز ۋارقىراپ ـ جارقىراپ قوپاللىق قىلىدىغان، بىزنى بوزەك قىلىش ھېسابىغا ئۆسۈش تەمەسىدە يۈرگەنلەرمۇ، «سىنىپىي كۆرەش»

ئېڭى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى، بۆكىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان قارا قورساق نادانلارمۇ بار ئىدى. تونۇش ـ بىلىش، يېقىن ـ يورۇقلار ئىچىدىمۇ بەزىلەر ماڭا ھېسداشلىق قىلسا، بەزىلىرى ئۆزىنى قاچۇراتتى، ھەتتا يول سوپۇرۇۋاتقان چېغىمدا مېنى يىراقتىن كۆرسىمۇ كەينىگە يېنىپ كېتەتتى. ئۇ دەۋردە ئۇلارنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىنى كۆرسە، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، چاقىدىغان يەرلەرگە يۈگۈرىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن ئانا يۇرتۇڭ قوينىدا، ئۆز ئۆيۈڭدە، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئالدىدا ياشاش بەختىنى ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. بۇنى پەقەت جۇدالىق ئازابىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلەرلا چۈشىنەتتى. ئۆتكەنكى يىللاردا قەپەسنى چۆرىدەپ نالە قىلغان ئانا قۇش كەبى كېچە ـ كۈندۈز غېمىمنى يېگەن ئاتا ـ ئانام ھازىرمۇ كېچە ـ كۈندۈز ئەتراپىمدا پەرۋانە ئىدى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان مەندەك ئوغۇل ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا «بالا» ئىدىم. ئانام رەھمەتلىك مېنى ئىسسىقسىز قالمىسۇن دەپ، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، چۈشتە ماڭا تاماق ئاپىرىپ بېرەتتى. ھەر قېتىم ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تاماقنى قولۇمغا ئالغىنىمدا كۆزۈمگە ياش كېلەتتى. دادام مېنىڭ كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى ۋە يامان مۇئامىلىسىدىن ئازار يەپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، «ئەڭ يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. زامان شۇنداق، بۇ زاماننىڭ كىشىلىرىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ» دەيتتى. مەنمۇ بۇنداق ئىشلارنى پەرۋايىمغا ئالماس بولۇپ قالغانىدىم. بۇ سوغۇق مۇئامىلىلەر، زورلۇقلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان بىر ئىللىقلىق مېنى ھەر ۋاقىت ھاياجانلاندۇرۇپ، ماڭا ھارارەت، ئىلھامبەخش

ئېتىپ تۇراتتى.

بىزنى باشقۇرىدىغانلار ئىچىدە بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، پۇرسەت تېپىپ ياردەم قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولۇپلا قالماي، بەزى ناتونۇش كىشىلەرمۇ بىزگە خەيرخاھلىق قىلىپ ئىلھام، تەسەللى بېرەتتى. بەزىدە كوچا سۈپۈرۈۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا ناتونۇش بىر كىشىلەر ئالدىمىزغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ كېتەتتى، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. بىر قېتىم ئىيوننىڭ بېشىدا تازا تەرلەپ ھەم ئۇسساپ ئىشلەۋاتسام، كۆۋرۈك تەرەپتىن بىر يىگىت چۈشتى.

ــ ما ئۈجمىنى ئاۋۇ دوغاپچى ئۇستام ئەۋەتتى، مۇزنىڭ ئارىسىدا ساقلاپتىكەن. ۋاقتىدا يېۋاسىلا، ــ دەپ بىر تاۋاق ئاق ئۈجمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. دانە ـ دانە، مەي بولۇپ پىشقان ئاق ئۈجمە ئىكەن. ئۆمرۈمدە بۇنداق تاتلىق ئۈجمىنى يەنە قاچان يېگىنىمنى بىلمەيمەن.



شۇ ئەتراپتا يەنە بىر كىچىك دۇكان بار ئىدى. دۇكان ئىگىسى بۇغداي ئۆڭلۈك، گەۋدىلىك كەلگەن، ناھايىتى خۇش ئاۋاز ئادەم ئىدى. بىر قېتىم شۇ ئەتراپتا ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرسام، ماڭا ئۆزى تونۇشلۇق بېرىپ:

ــ سىلى مېنى تونۇمايلا، ئەمما، مەن سىلىنى تونۇيمەن. مەن سىلىدەك شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان شائىر بولمىساممۇ، شېئىرغا ھەۋەس قىلىمەن، مالال كەلمىسە، سىلىدىن تەلىم ئالسام دەيمەن، ــ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاردۇق ئالغان ياكى ئىشتىن بالدۇرراق تۈگىگەن چاغلاردا ئۇنىڭ دۇكىنىدا چاي ـ پاي ئىچكەچ شېئىر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ياكى شاھمات ئويناپ ئولتۇرىدىغان بولدۇق. شۇ چاغدا بىلدىمكى، ئۇ بىر ئاددىي «ھەۋەسكار» ئەمەس ئىكەن،

قەدىمكى شېئىرلارنى پىششىق ئۆگەنگەن، يېڭىچە شېئىرلارنىمۇ ئوقۇپ تۇرىدىغان، ھەتتا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىگە شېئىرلىرى چىققان ئادەم ئىكەن. ئۇ شاھمات ئويناشقىمۇ ئۇستا ئىكەن. بۇ ئادەم بىلەن كېيىنمۇ تاشلاشماي قەدىناسلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق. ئەپسۇسكى، ئۇ قان بېسىمى كېسىلى تۇپەيلى 50 نەچچە يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. مەن خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىمدىن ئايرىلغاندەك قايغۇرۇپ ھازا تۇتتۇم. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى كېرەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، 1960 ـ يىللاردا كىشىلەردىن مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئوغلىغا كېرىمجان دەپ ئىسىم قويغانىكەن. كېرىمجان ۋە ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى ھازىرغىچە مېنى ئىزدەپ تۇرىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدىم. ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقتىنمۇ يېقىن بىر خىل مۇناسىۋەت بىزنى ھازىرغىچە بىر ـ بىرىمىزگە باغلاپ كەلمەكتە. مەن سۆيۈپ تۇرىدىغان كوچىلارنىڭ بىرسىدە ئولتۇرۇشلۇق يەنە بىر ئادەممۇ ھەر قېتىم ئالدىمدىن ئۆتسە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلاتتى، ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، ئادەم يوق چاغلاردا مەن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشاتتى. «چىمەنباغ» مېھمانخانىسىدا ئىشلەيدىغان بۇ ئادەم ھەپتە ئاخىرلىرىدا ماڭا ئالىي ياتاقلارنى ئېچىپ بېرىپ يۇيۇنۇپ ئارام ئېلىۋالسىلا، دەيتتى.

ـــ مۇشۇ ئەپتىم بىلەن بۇ ئالىي ياتاقلارنى مەينەت قىلىۋېتەرمەنمىكىن، ـــ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرسام، ئۇ:

ـــ ھەرقانچە ئەزىز مېھمانمۇ سىلىدىن ئارتۇق ئەمەس. ئەسلىي بۇ ياتاقتا يېتىشقا ئەڭ مۇناسىپ ئادەم سىلى. خاتىرجەم يۇيۇنۇپ تازىلىنىپ، پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ بىر

ئۆخلىغۇالسىلا، ــ دەيتتى. ئەمما، نىمىشقىدۇر دۇشقا ھەرقانچە ئۇزاق چىلىنىپ يۇيۇنسامۇ، بەدىنىمدىكى توپا ــ توزانلار پاكىزلەنمىگەندەك، لۆم ــ لۆم كارىۋاتتا ياتسامۇ، داق يەرگە سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئۇخلىغاندەك راھەت تۇيۇلمايتتى.

مەن ئۇ يەرلەردە يەتتە يىل كوچا سۈپۈردۈم. كىشىلەر بارا ــ بارا ئەھۋالىمدىن خەۋەر تېپىپ، ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كېتىشتى. كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاق ساقال بوۋايلار، ھالىمدىن كەتكەن قېرى خوتۇنلار ئالدىمدا توختاپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشاتتى.

ــ كىم ياخشى، كىم يامان، ئاللا ھەممىنى كۆرۈپ ــ بىلىپ تۇرىدۇ. تۇرمىدە تارتقان جاپالار بىلەن كوچا سۈپۈرگەننىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، سىلى يەردە قالمايلا بالام، ــ دېيىشەتتى.



شۇ يىللىرى ئاتا ــ ئانام مېنى تېزرەك ئۆيلەش غېمى بىلەن ئالدىراپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئاتا ــ ئانامنى، مېنىڭ ئوقۇغان، مەلۇماتلىق ئادەملىكىمنى دەپ ماڭا قىزىنىمۇ، مېنىڭ تۇرمىدە ياتقانلىقىمنى، كوچا سۈپۈرىدىغانلىقىمنى، پۇلۇم ھەم كېيىملىكىمنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى ئويلىشىپ قىزلىرىنى ماڭا بېرىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. جاھان بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، دەپ قارايدىغان ھەم مېنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئارزۇلايدىغانلارمۇ چىققانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قىزلىرى مېنى يېشى چوڭكەن دەپ يارىتىشمىدى. بۇ يۇرتلاردا قىزلار 20 ياشتىن ئېشىپ كەتسە «ئولتۇرۇپ قالغان» دەپ قارالغانلىقتىن، قىزلار كىچىكلا توي قىلىپ كېتىشەتتى ھەم تولاراق ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن توي قىلىشاتتى. شۇڭا، چوڭراق قىزلارنى تاپماق تەس ئىدى. دادام

مېنى مەيۈسلىنىپ قالمىسۇن دەپ:
— ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە بىردەملىكلا ئىش، بەك ئالدىراپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق. بالام، سىلى تېخى بەك چوڭ بولۇپ كەتمىدىلە، — دەيتتى. شۇ ئارىلىقتا مېنى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ رادىيو پونكىتىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشقا قويدى. بىر كۈنى رادىيو پونكىتىدا ئىشلەپ ئولتۇرسام، چىرايلىق بىر قىز بالا تارتىنىپقىنە ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە مەندىن ياردەم سورىدى. ئەسلى ئۇ بىر موزدۇزدىن توپلەي سېتىۋالغانىكەن. بازار باشقۇرۇشتىكىلەر موزدۇزنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلغىلى كىرىپ، بۇ قىز سېتىۋالغان ئاياغنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. قىز ئاياغنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋالالماي قانداق قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ. بازار باشقۇرۇشتا بىر ئاغىنەم بار ئىدى، شۇڭا، يۈرەكلىك ھالدا:
— سەل توختاپ تۇرسىلا، ما ئىش تۈگىگەندە مەن سىلى بىلەن بېرىپ ئاياغلىرىنى ئېلىپ بېرەي، — دەپ، ئىشخانىغا باشلىدىم.
قىز ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. مەن ھېلى قەغەزگە ئالدىراپ بىر خەتلەرنى يازسام، ھېلى ماشىنىلارنى تاراق ـ تۇرۇق باشقۇرۇپ، ناخشا ـ مۇزىكا پىلاستىنكىلىرىنى ئالماشتۇردۇم. قىزنىڭ تۇرقىدىن قىزىقىۋاتقىنىنى سېزىپ، ياشلار ياقتۇرىدىغان يېقىملىق ناخشا ـ مۇزىكىلارنى قەستەن كۆپرەك قويدۇم. ئاخىرىدا، بىلىكىمدىكى سائەتكە بىر قارىۋېتىپ:
— ماڭامدۇق؟ — دېسەم، قىز لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. بىردەم بىللە مېڭىش جەريانىدا مەن ئۇنىڭ گەپ ـ

سۆزى جايىدا، يېقىملىق قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قىزنىڭ كۆڭلىدىمۇ ماڭا نىسبەتەن ياخشى بىر تۇيغۇنىڭ بارلىقىنىمۇ سەزگەندەك بولدۇم. تەلىيىمگە، ئاغىنەم تېخى ئىشتىن چۈشۈپ كەتمىگەنىكەن، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتسام، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ، گەپ قىلماي ئاياغنى ئاچىقىپ بەردى. تېخى ئىككىمىزنى:

— باشقا ئىش ـ كۈشلەر بولسا يەنە كېلىپ تۇرۇشالا، ھەر قايسىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قولۇم كۆكسۈمدە، — دەپ چىرايلىق ئۇزاتتى.

كوچىنىڭ ئاخىرىدا قىز ماڭا ناھايىتى تەۋەززۇ بىلەن رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن:

— خېنىم، ئىسمىلىرى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدۇم. ئۇ:

— ئىسمىم گۈلئەنبەر، — دېدى. بىرنەچچە كۈنگىچە بۇ قىزنىڭ تۇرقى، چىرايى، تارتىنىپ كۈلۈپ تۇرۇشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئاتا ـ ئانامغا دېيىشنى ياكى قىز بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈپ بېقىشنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆيدە يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىش توغرىسىدا گەپ چىقىپ قالدى. مەن شۇ ھامان گۈلئەنبەر ئىسىملىك ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى چىقاردىم. ئاتا ـ ئانام ماڭا قارىشىپلا قالدى ـ يۇ، ئارتۇق گەپ قىلمىدى. كېيىن ئىشلارنىڭ ئېپىنى ھەم بۇ ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمنىڭ نەسل ـ نەسەبىنى بىلىدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ئانامغا دەپ بېرىشىچە، گۈلئەنبەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تېگى پاكىز، ئېسىل كىشىلەر ئىكەن، ھەتتا بىزنىڭ جەمەتكىمۇ يىراقىراق تۇغقانىمۇ كېلىدىكەن. قىز 25 — 26 ياشلاردا بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىسى ئىككى قېتىم قىزنى بەرمەكچى

بولغان يەردىن يېنىۋالغانىكەن. ئۇلار نەسىل ـ نەسەب سۈرۈشتۈرىدىغان ھالدار كىشىلەر ئىكەن. بۇ گەپلەر ئاتا ـ ئانامغا بەك ياقتى. قىزنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشال بولۇشتى. دادام دېگەندەك، «ۋاقتى ـ سائىتى» كەلگەن بۇ ئىش ناھايىتى تېزلا ۋۇجۇدقا چىقتى. ئىككى يىلدىن كېيىن تۇنجى پەرزەنتىم دۇنياغا كەلگەندە، دادام ھاياجانلانغىنىدىن «بالام، سىلىنىڭ بالىلىرىنىمۇ كۆردۈم، ئارمىنىمغا يەتتىم» دەپ يىغلاپ كەتكەنىدى.

رادىيو پونكىتىغا بىر شاگىرت تەربىيەلەپ بېرىپ يەنە كوچا سۈپۈرىدىغان ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. سۈپۈرگىنىڭ «شارت ـ شۇرت» قىلغان ئاۋازى ئەتىدىن كەچكىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيتتى. بۇ زېرىكەرلىك ئاۋاز مېنى گاھ ئۆزاقتا قالغان يىللار قوينىغا، گاھ تۇمانلىق كەلگۈسىمنىڭ مەۋھۇم مەنزىللىرىگە باشلايتتى. بەزىدە كېچىلىرى چۈشۈمدىن چۆچۈپ ئويغانغىنىمدىمۇ، قۇلاق تۈۋىمدە تىل ـ ھاقارەت ئارىلاشقان ئاشۇ ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولاتتى.

تۆمۈردەك قاتتىق سۈپۈرگىنىڭ «شارت ـ شۇرت» قىلغان ئاۋازى ئىچىدە يىللار ئۆتتۈۋەردى. بىز بىللە بىللە ئىشلەيدىغانلار بىردىن ـ ئىككىدىن ئازىيىشقا باشلىدى. ھەر قېتىم بىرەرسىنىڭ مەسىلىسى ئېنىقلىنىپ قالپىقى ئېلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا خۇشال بولاتتىم. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىمنى ئويلاپ مۇڭلىنىپ جىم بولۇپ قالاتتىم.

باش ـ ئۇچى يوق قاراڭغۇلۇقتا مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ كېتىۋاتقان ۋاقتىڭدا، يىراقتىن كۆرۈنگەن كىچىككىنە ئۇچقۇن ساڭا ئالەمچە زور ئۈمىد ۋە تەسەللى بەخش ئېتىدۇ. ئاشۇ ئۇچقۇنغا جېنىڭنىڭ بارىچە ئىنتىلىسەن. ئەمما،

تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆتىڭغا يېقىنلاشقىنىڭدا، ئۇنىڭ پەقەتلا پارقىراق قوڭغۇزنىڭ نۇرى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن، قەلبىڭ يەنە بىر قېتىم زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆكىدۇ. ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك شەيتان كۆزلىرىنى قىسىپ مېنى قىيناۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئوغلۇمنى تۇغۇلدى. بالىلىرىم ماڭا ھاياتىمنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ قەيسەرلىك بىلەن ياشاشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

1977 ـ يىلى يەنە بىر تۇركۇم ناھەق دېلو تۈزىتىلىپ، بىر قىسىم كىشى ئازاد قىلىنىشقا باشلىدى. ھەر كۈنى ماڭىمۇ بىرەر نىجاتلىق خەۋىرى كېلىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ئالدىمغا كەلگەن ھەربىر كادىرغا تەلمۈرۈپ قاراپتتىم. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرگۈچى ئورگانلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپمۇ باقتانىدىم. ھېچ يەردىن خەۋەر بولمىدى. ئاخىر بىر كادىر يۈزۈمگىلا:

— سىلى تولا مېڭىپ ئۆزلىرىنىمۇ، بىزنىمۇ ئاۋارە قىلمىسىلا، سىلىنىڭ ئىشلىرى چوڭ يەرگە تۇتىشىدىغان، مۇرەككەپ ئىش ئىكەن، يۇقىرىدىن سادا بولمىسا بىزگىمۇ ئامال يوق، — دېدى. «توغرا، سىلىگىمۇ ئامال يوق، ئاللا ئۆزى بىر يولدا قويار» دەپ قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل ئۇ خىياللارنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىپ يۈردۈم. كوچا سۈپۈرگىنىمگە بىر يىلدىن ئاشقانىدى تۇرمۇش پۇلى بىلەن تۆت جان جېنىمىزنى بېقىپ كېتەلمەيتتۇق. يەنىلا كۆپرەك ئاتا ـ ئانىمىزغا تايىناتتۇق.

مېنى ھەممىدىن بەكرەك غەمگە سالىدىغىنى، كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقان بالىلىرىم ئىدى. ئاشۇ گۇناھسىز نارەسىدىلەرمۇ مەكتەپكە كىرگەن كۈندىن تارتىپ «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «يەرلىك مىللەتچى» نىڭ بالىسى دەپ

يەكلىنەرمۇ، خورلىنارمۇ، دەپ ئويلىسام، قولۇمدىكى سۈپۈرگىنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە، مەركەزگە، مەسىلەمنى باستۇرۇپ قويغان «چوڭ يەرگە» بېرىشنى ئويلايتتىم. ئەمما، يەنىلا ھەل بولمىسىچۇ، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتسەمچۇ؟...... بۇ دۇنيادا ئادىللىق دېگەن نەرسە يوقمىدۇ؟ 17 ياش ۋاقتىمدا يۇقىرىنىڭ «ئېچىلىش ـ سايراش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە پىكىر بەرگەن «گۇناھىم» ئۈچۈن ھازىرغىچە كۆرگەن، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىم، تارتقان، تارتىۋاتقان جاپالىرىم تېخى يەتمىگەنمىدۇ، ھۆكۈمەتكە پىكىر بېرىش شۇنچە كەچۈرگۈسىز گۇناھمىدۇ...... ؟!

خىياللىرىم ھەرقانچە قەھرلىك بولسىمۇ، سۈپۈرگىنى تاشلاپ قويالمايتتىم، تېخى نەدە ھاشار بولسا بارماي ئامالىم يوق ئىدى. كەمسىتىش، بۇيرۇق، دوق ـ پوپوزىلارنى ئاڭلىماي ئامالىم يوق ئىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى ئەۋەتكەن بېشىمدىكى «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىمنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى ئالاقىنى كۆرگەندە، دەسلەپ كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم. بىراق، بۇ راست ئىدى. بېشىمدىكى ئىككى چوڭ تاغنىڭ بىرى ئېلىپ تاشلانغانىدى. يەنە بىرسى يەنىلا بېشىمنى بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دېمەي بولمايتتى.

ئىككىنچى يىلى باھار باشقىچىلا ئىللىق كەلدى. مارت ئېيى كىرە ـ كىرمەي توڭلار ئېرىپ ئېتىز ـ داللار يېشىللىققا پۈركەندى. ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر باھار سۇلىرىغا تولدى. 16 ـ مارت جۈمە ئەتىگەنلىكى چوڭ يىغىن ئېچىلىپ،

كوچا باشقارمىمىز تەۋەسىدىكى 54 نەپەر «تۆت خىل ئۇنسۇر» نىڭ بېشىدىكى «پومېشچىك»، «باي دېھقان»، «بۇزۇق ئۇنسۇر»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپاقلىرى ئېلىپ تاشلاندى. مەن شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. يىغىندا «پارتىيەمىزنىڭ ناھەق، خاتا، يالغان دېلولارنى ئاقلاپ بىزنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرگەنلىكى» گە بولغان مىننەتدارلىقىمنى بايان قىلىپ سۆزلىدىم. «قەشقەر گېزىتى»گە تالاي يىلدىن بويان كوچا باشقارمىمىز تەۋەسىدىكى بىرمۇنچە ئادەمنىڭ شىللىسىنى بېسىپ، نەپەس ئالدۇرماي كەلگەن «قالپاق» لارنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەرنى يېزىۋاتقان چاغدىكى ھېسسىياتىم ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. ئەلۋەتتە خۇشال بولمىدىم دېيەلمەيمەن، خۇشال بولدۇم. بۇ مەن ئۇزاقتىن بويان تەشنا بولغان كۈنلەر ئىدى. ئەمما، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ تۇراتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، قىسقىغىنە بىر ئابزاس خەۋەرگە ئەۋەتىلگەن بىر يۈەن قەلەم ھەققىنىڭ چېكىنى تاپشۇرۇۋالدىم. پوچتىخانىدا خېلى ئۇزاق ئۈچرەتتە تۇرۇپ ئالغان كونا بىر يۈەنلىك پۇلنى قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغىنىمدا، ئۇ قولۇمنى ئېغىر بېسىپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ ئاران بىر يۈەن بولغىنى بىلەن ماڭا ناھايىتى كۆپ نەرسىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭدىن دەل 20 يىل ئىلگىرى مەن جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئەركىنلىكىمدىن، جۈملىدىن سىياسىي ھوقۇقىمدىن ئايرىلغانىدىم. بىر كۇپلېت شېئىر، بىرەر ئابزاس ماقالە ئېلان قىلىش ئەمەس، يېزىشىمغىمۇ رۇخسەت يوق ئىدى. گەرچە بۇ جەريان ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان، ياش، زېھنىي كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇرغان يىللارنى يالماپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئاياغلاشقانىدى. بىز بۇ كۈننى ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقان،

يېقىن ـ يورۇقلار جەم بولۇپ بىرلىكتە تەبرىكلىدۇق. مەن ئۇزاقتىن بۇيان بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدىم. ئەمما، ئۆزۈم خۇشاللىق ئىچىدە تۇرساممۇ، كۆڭلۈمدە يەنە بەزى تۈگۈنلەر بار ئىدى. مەسىلەم تېخى ھەل قىلىنمىغانلىقتىن خىزمەت ئىشىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

## 16

مېنىڭ يىللىق قار ـ مۇزلار بىر تامچە، بىر تامچىدىن ئېرىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ جۇشقۇن ئېقىمغا ئايلىنىشىنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمىغانغا ئوخشاش، تەقدىر قولۇقىم خەيرلىك مەنزىلگە يۈزلەنگەندە، ئىشلىرىمنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۆزۈم تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئوڭۇشلۇق بولدى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئەينى يىللاردىكى بىر ئوقۇتقۇچۇم مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇشۇمغا ياردەم قىلدى. بۇ يەردە مەن يەنە ئۆزۈم سۆيىدىغان ئەدەبىيات بىلەن ۋە ئەينى يىللاردىكى ئۆزۈمگە، كامالغا، غوپۇرجانلارغا ئوخشايدىغان، شېئىر ـ ھېكايە ھەققىدە گەپ ئېچىلسا كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ كېتىدىغان ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، خۇددى ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ سەبىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدىغان مۇلاھىزىلىرىنى، سوئاللىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇلارنىڭ مەن ئۇچرىغان بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىماسلىقىنى، يوللىرىنىڭ راۋان ـ داغدام بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيتتىم.

بىر يىلى، ئۈرۈمچىدە مەلۇم ژۇرنالدا ئىشلەۋاتقان كامال

قەشقەرگە كەلدى. ئىككىمىز كۆرۈشۈپ ئۇزاق مۇڭداشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ھايات يولى ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىغانلىقىنى، ئەر ـ ئايال ئىككىسى «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئەكسىيەتچى تەشكىلاتقا قاتناشقانىكەن» دېگەن گۇمان ھەم تۆھمەت بىلەن بىر مەزگىل خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، بەش بالىسى بىلەن سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، ھازىرقى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلاشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تۈرمىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى، قالپىقىم ئېلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقۇم ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، رەسمىي خىزمەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

ــ مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن، سىياسىي بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ ئاداش، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ. تالانتىڭنى، ياشلىق ھاياتىڭنى زايە قىلدىڭ. يىللار ھەممىمىزنى ئۆزگەرتتى، قېرىتتى. ھەممىمىزنىڭ ئۆز دەردىمىز بار. لېكىن، سەن كۆرۈنۈشتە ئۆزگەرگەن بولساڭمۇ، ماھىيەتتە ئۆزگەرمەپسەن. خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرىڭدىمۇ سەندە بالىلارچە بىر سەبىيلىك بار ئىدى. ئۇ سەبىيلىك سەندە ھازىرمۇ باركەن. دېمەك، سەن قېرىماپسەن، ــ دەپ چاقچاق قىلدى ۋە ئاخىرىدا يەنە:

ــ ھېلىمۇ كېچىكمەيسەن، ئىلگىرى يازالمىغانلىرىڭنى ئەمدى ياز، مەن كەتكىچە ياخشى شېئىرلاردىن بىر نەچچىنى تەييارلاپ قوي، ئالغاچ كېتەي. لېكىن، كونا خۇيۇڭ تۇتۇپ قالمىسۇن، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن قىلىپ ياز، ــ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. بىر چاغلاردا، ھەممە ئادەم مەندىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغاندا ئۇ مېنى يوقلاپ كىرگەن. ھازىرمۇ مەتبۇئاتلار تېخى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى

ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىكنى بىلەلمەي تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇ مەندىن شېئىر سوراپ كەلدى، مېنى يېڭى بىر مەنزىلگە چىللاپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ مىننەتدار بولماي تۇرالايمەن.

كامال هازىر ئۆزى ئىشلەۋاتقان يېڭى تەسىس قىلىنغان ژۇرنال ھەققىدە ناھايىتى ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى. ئۇ ھازىر تەھرىراتتىكى ئاساسلىق مۇھەررىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ. ياشلارمۇ، چوڭلارمۇ ئەسەر ئىشلىتىشتە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىمنى ــ پەقەت سىياسىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلسىلا ــ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىشلەپ بېرىدىكەن.

ــ ئىككىمىز بۇ سەپكە بىللە كىرگەن، ئاخىرىدىمۇ بىللە بولايلى، بىز ئۆزئارا ئوبدان ھەمكارلىشايلى، ــ دېدى كامال خوشلىشىدىغان چاغدا.

كامال ئېلىپ كەلگەن تەسىرات تۇپەيلى تۇيغۇلىرىم، خىياللىرىم جانلىنىپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. تاڭ سەھەرگە يېقىن كۆزۈم ئىلىنىشى بىلەنلا، يېقىنقى كۈنلەردە خىيالىمدىن يىراقلاپ كەتكەن بىر كىشىنى ــ ئارىپ ئاكىنى چۈشەپتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يېڭى بارغان ۋاقتلىرىم ئىكەن. ھارغىنلىق، ئاچلىق، پەرىشانلىقتىن كارىۋىتىمدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتسام، ئۇ يېنىمغا كېلىپ سورىغۇدەك:

ــ نېمە بولدۇڭ ئوغلۇم؟ بەك خىيالچان كۆرۈنىسەن، قىلغانلىرىڭغا پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟

ــ بەزىدە پۇشايمانمۇ قىلىمەن. شۇ شېئىرلارنى، شۇ خەتنى يازمىغان بولسام، بۇ كۈنلەرنى كۆرمەستىم، ياخشى يەرلەردە ئىشلەپ راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، چىرايلىق

بىر خوتۇنۇم، بالىلىرىم بولغان بولاتتى......

— سەن تېخى بەك ياش، مۇشۇنداق ئويلىشىڭ تەبىئىي. لېكىن، سەن شائىرلىقنى تاللىغانىكەنسەن، ئۇنىڭ جاپاسىغىمۇ چىدىشىڭ كېرەك، ئوغلۇم. ئاللا ياخشى، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆشەندىسى بىلەن — گۈلنى تىكىنى بىلەن، ئاشىقلىقنى جاپاسى بىلەن ياراتقان. راھەت ـ پاراغەت، ئەمەل ـ مەنسەپ، ساختا شان ـ شۆھرەت كويىدا يالتىراق سۆزلەر، قاپىيەلەر بىلەن يالغان مىسرالارنى خەجلەپ ئۆتكەنلەر قانداقمۇ شائىر بولسۇن؟ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ راست گەپ قىلالمىغان، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىش بەختىگە ئېرىشەلمىگەن شائىردىن بىچارە ئادەم بولامدۇ ئوغلۇم...... — ئۇ ياڭراق ئاۋازدا نېمىنىدۇر دېكلاماتسىيە قىلغاچ مەندىن يىراقلاپ كەتتى. مەن ئۇنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدىم. ئاڭلىغانلىرىم دىلىمغا مۆھۈر باسقاندەك ئورنىشىپ قالدى:

غەيرەت ـ شىجائەت — ساۋاب، ئىبادەت،
تەمە ـ خۇشامەت — لەنەت، ئاھانەت.
غەيۋەت ـ شىكايەت ئېرۇر جىنايەت،
ھەسرەت ـ نادامەت چۈشتۇر قاباھەت.
ھەسەت ساقايماس ئۆسمە — جاراھەت،
ئىرادە تۇۋرۇك، ئىشەنچ ئىمارەت.
ئىنساننى ئادەم قىلۇر ساداقەت،
يۇرت ـ ئەلگە ماتەم ئېرۇر خىيانەت.
ساتقۇن ۋەتەنگە كەلتۈرەر ئاپەت،
سۇخەنچى ئەلنى قىلار مالامەت.
قىلار يالغانچى ھارام تاپاۋەت،

قۇل بولۇپ ئۆتەر، كۆرمەس هالاۋەت.
نومۇس باشقا تاج، هايا پەزىلەت،
ۋىجدان هۆرمەتتۇر، قوزغار جاسارەت.
جۇرئەت قىلىشتۇر غۇرۇر ــ ئىناۋەت،
ئۈمىد مەشئەلدۇر، بىلىم سائادەت.
......

ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ھېلىلا ئاڭلىغان مىسرالارنى ئىچىمدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. دىلىم يورۇپ كەتتى. يازغانلىرىدەك ياشىيالىغان، ئالماس كەبى ساپ ۋە قەيسەر، ئەقىدىسى يولىدا، ھەق يولىدا بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، بالىچاقا مېھرىدىن ۋاز كېچىپ ئېغىر ئەمگەك، يىرىك تاماق، خورلۇقنى تالالىغان، ئەتراپىدىكىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەركىنلىككە ئۇزىتىپ، بۇ دۇنيانىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى يالغۇز ئۆزى ئۈستىگە ئالغاندەك، ھېلىھەم قەپەستە ياشاۋاتقان بۇ ئىنسان ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش پەيتىدە مېنى ئۇنتۇپ قالمىغاندى ياكى يوشۇرۇن ئېچىمدىكى ئەسلىمىلەر ماڭا ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئەسكەرتىۋاتاتتى. خۇددى تۇمانلىق كېچىلەردە تۇيۇقسىز ۋالىلداپ نۇر چېچىپ ئاداشقان كېمىلەرگە يول كۆرسەتكەن ماياكتەك، ئۇ ماڭا يول كۆرسىتىۋاتاتتى.

كامال تەبىئەتتىكى ۋە كۆڭلۈمدىكى باھار تۇيغۇسىنى، چىن ھېسسىياتىمنى ئىپادىلىگەن بىر شېئىرىمنى ئېلىپ كەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي شېئىرىم ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. دەل شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش بولۇۋاتقانىكەن. شېئىرىم باھالىنىپ قاپتۇ. كامالدىن خۇش

خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەتىسىلا ئۈرۈمچىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا چاقىرتىلغان تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالدىم. تۇغقانلارنىڭ ۋە يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يىغىنغا ئايروپىلان بىلەن باردىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشۇم ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر ـ ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ئۇچىدىغان كونا، كىچىك ئايروپىلان كۆڭۈلۈمنى ئېلىشتۇرۇپ بىئارام قىلغان بولسىمۇ، بىرنەچچە سائەتتىلا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بولۇش مەن ئۈچۈن مۆجىزە كەبى ئىش ئىدى. ئۈرۈمچىگە باشقىلاردىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بېرىپ بولغانلىقىم ئۈچۈن ۋاقتىم يېتەرلىك ئىدى. مەن مەخسۇس بىر كۈننى ئاجرىتىپ ئانا مەكتىپىمنى، سىنىپ ـ ياتاقلارنى، دەرەخلىكلەرنى، مەكتەپ ئەتراپىدىكى يوللارنى ئايلاندىم. قىزىل بىنا ئالدىدا خىياللارغا چۆكتۇم. مەكتەپ ئالدىدىكى دوستلار بىلەن قاتارلىشىپ ناخشا ئېيتىشىپ ماڭىدىغان يولدىن پەسكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، 15 — 16 ياشلىق ۋاقىتلىرىم، ساۋاقداش، دوستلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئەمما، ھازىر ئۇلار يوق. كوچىلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئالدىمىزغا قەدەمدە بىر ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىز تونۇيدىغان مەشھۇرلارمۇ ئاشۇ يىللار بىلەن تەڭ كېتىپ قالغان. قەلب كۆزۈڭ بىلەن باقساڭ كوچىلار قاغجىراپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەكتەپ يېنىدىكى موزدۇز ئولتۇرىدىغان يەرگە بىردەم قاراپ تۇردۇم. چىرايىنى ساقال ـ بۇرۇت باسقان، مىجەزى چۇس ئاشۇ بوۋاي ھايات بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان بولسام، بەلكىم باشقىچە ياشاپ، باشقىچە بىر ئادەم بولغان بولاتتىممىكىن......

كوچا بويلاپ دۆڭكۆۋرۈككە بېرىپ، دۆڭكۆۋرۈك سودا

سارىيىدىن ئايالىم ۋە بالىلىرىمغا سوۋغاتلىق ئالدىم. قايتىپ چىقمۇۋېتىپ، يان تەرەپتىكى بوشلۇقتا قاتار ئولتۇرۇشقان موزدۇزلارغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. موزدۇزلارنىڭ ئالدىدىن تونۇش بىر چىراينى ئىزدەپ نەچچە ئۆتتۈم. ئۇنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم ـ يۇ، بولدى قىلىپ يولۇمغا ماڭغۇم كەلمەيتتى. ئاخىر چوڭ ياشلىق بىر موزدۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپ سومكامنىڭ بېغىنى ئۇچشاتقاچ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ياماقچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەمنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدىم. قېرى موزدۇز بىردەم ئويلىنىپ كېتىپ:

— ئۇ يەردە ئىش قىلغانلار ئاز ئەمەس، ئاۋۇ تىلى ئاجىز بۇرادەرمۇ ئىلگىرى شۇ يەردە ئولتۇراتتى، — دېدى.

— ياق، ئۇ ئادەمنىڭ تىلى ئاجىز ئەمەس ئىدى، ناھايىتى گەپدان، كۆپ ئىشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى چوڭ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنمىش......

— ھە...... ھە، ھە، ھېلىقى ئەپەندىمنى دەيدىغان ئوخشىمامىلا، ئۇنى ھەممە ئادەم «ئەپەندىم» دەيتتى. ئىككى پۇتى پالەچ ئىدى. ئەتىگەندە بىر قوشنىسى ئۇنى قول ھارۋىسى بىلەن مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى، — ئۇ بېشى بىلەن يېنىدىكى ئورۇننى ئىشارەت قىلدى، — كەچتە ئالغاچ كېتەتتى. بىچارىنىڭ قارايدىغان بالىۋاقىسى يوق ئىدى. تەلىيىگە ئاللا ئۇنىڭغا ئاسان ئۆلۈم بەردى. بىر كۈنى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپلا كېتىپ قالغان. ئۇ بىر قىش كۈنى ئىدى......

— مەن ئۇنىڭ پالەچلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن ياكى

كېيىن......

— ئىشقىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن تارتىپ بىز مەشەدە بىللە ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا پالەچ ئىكەن. ئۇ ئىلگىرى ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئىش قىلغان ئىكەنمىش، ئېتى...... ئېتىنى بىلمەمتىلە؟

— ياق......

غەمكىن بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئاسىم بىلەن كامال ئىككىسى مەن چۈشكەن مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. ئۈچىمىز خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇلاردىن خېلى كۆپ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ۋە بىز بىلمىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. دېمەك، 20 يىل، تىنچسىز 20 يىل تالاي ئىشنى ئۆزگەرتىشكە قادىر. 17 — 18 ياشلىق كېرەم، كامال، ئاسىملار قېنى؟

ئىككىنچى كۈنى كامال بىلەن بىرنەچچە كونا تونۇشلىرىمىزنى يوقلىدۇق. ئەتىسى يىغىن ئېچىلىدىغان سەككىز قەۋەتلىك مېھمانخانىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى تىزىملايدىغان يىگىتكە ئىسمىمنى ئېيتىپ بېرىۋاتسام، يىگىتنىڭ يېنىدا بىر ماتېرىيالغا قاراپ ئۆرە تۇرغان 50 ياشلاردىكى ئىللىق چىراي بىر ئادەم ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ۋوي، سىز شائىرىمىز كېرىمجان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەن...... كېرىمجان بولىمەن...... — دەپ بولغۇچە، ئۇ كىشى ئالدىمغا ئىتتىك كېلىپ، قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ سىلكىپ - سىلكىپ تۇرۇپ:

— بەك ياخشى بوپتۇ، بەك ياخشى بوپتۇ. مەن سىزنى كېلەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، مېنىڭ ئىسمىمنى كېرەم، ئىككىمىز ئىسىمداش ئىكەنمىز. مەن يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئىشلەيمەن. سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى مەن بۇرۇنلا ئاڭلىغان، لېكىن، يېقىنقى ئەھۋالىڭىزدىن تولۇق خەۋەر تاپالمىدىم. يۈرۈڭ، مەن سىزگە ياتاقنى كۆرسىتىپ قوياي، — دەپ سومكىلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ مېنى لىفتكە باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 5 - قەۋەتكە چىقىپ بولدۇق. ئۇ كۇنكۇچىنى چاقىرىپ بىر ياتاقنى ئاچتۇرۇپ مېنى كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئىككىمىز ياتاقتا بىرپەس پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەپسىلىي سوراپ، مەسىلەمنىڭ تېخى ھەل قىلىنمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ:

— سىياسەت ناھايىتى ئوچۇقتۇ، ئاساسىي قاتلامدىكى بەزى كىشىلەر بۇ خىزمەتنى نېمىشقا مۇشۇنداق كەينىگە سۆرەيدىغاندۇ، — دېدى. چىقىپ كېتىش ئالدىدا:

— كېرىمجان، سىز يۇقىرى رەھبەرلىككە قارىتىپ ئىلتىماس يېزىپ تەييارلاپ قويۇڭ. ئەتە ئەتىگەندە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كېلىدۇ. ئۇلار سەھنىدىن ئايرىلىشى بىلەنلا، مەن سىزنى رەئىسنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن قەلبىم لەرزىگە كەلدى. ئۇ راستتىنلا مېنى رەئىسكە تونۇشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇددى ئادەتتىكى بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك، مېنىڭ ئىشىم خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشىدەك شۇنچىلىك تەبىئىي سۆزلىدى. كۆپ يىلدىن بۇيان «رەئىس» دېگەن بۇ نام كېچە - كۈندۈز خىيالىمدىن چىقمايتتى. ئۇلار

مېنى رەئىسكە نېمىدەپ خەت يازدىڭ؟ مەقسىتىڭ نېمە ئىدى؟ دەپ سانىسىز قېتىم سوراق قىلىشقان. «رەئىس» دېسە يۈرىكىم جىغىلدايدىغان ھالغا ئەكېلىپ قويۇشقان...... رەئىس راستتىنلا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ قويارمۇ؟

## 17

ئەتىسى يىغىننىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا مەن سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، سۆز قىلىپ يىغىنىمىزنى ۋە مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارنى تەبرىكلىگەن ئاق يۈزلۈك، ئىللىق چىرايىدىن ئەقىللىك ئادەملىكى چىقىپ تۇرغان «رەئىس» كە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردۇم. قارىغانچە ئىشەنچىم ئاشسا، يەنە بىر تۇرۇپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالاتتىم. ئەگەر ئۇمۇ ماڭا: «سىزنىڭ ئىشىڭىز مۇرەككەپرەك ئىكەن، ئۆزىڭىزنىمۇ، بىزنىمۇ ئاۋارە قىلماڭ» دېسىچۇ؟

كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر كەلدى. رەھبەرلەر سەھنىدىن ئايرىلىشتىن سەل ئىلگىرى كېرەم ئاكا مېنى زالغا باشلاپ ئېلىپ چىققانىدى. رەئىس يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇ ئۇدۇل رەئىسنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ بىلەن دوستلارچە يېقىنلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇلاردىن سەل نېرىدا تۇرغان مېنى شەرەتلەپ چاقىرىپ:

— رەئىس، بۇياق داڭلىق شائىرىمىز كېرىمجان بولىدۇ. ئۇزاق يىل دەرد تارتقانلارنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردا قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، مەسىلىسى تېخى ھەل بولماپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويغان بولسىڭىز، —

دېدى. رەئىس ماڭا قاراپ كۈلۈپ قول ئۈزاتتى ۋە:
— سىزنىڭ ئىشىڭىزدىن خەۋىرىم بار، لېكىن، مەسىلىڭىزنىڭ تېخىچە ھەل بولمىغىنىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى. ئۇنىڭ ئىللىق، يۇمشاق قولى بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشۈشى يۈرىكىمدىمۇ ئىللىق تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. مەن ئىتتىك ئىلتىماسىمنى ئېلىپ ئىككى قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ئىلتىماسىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ:
— ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىكەن. ئىلتىماسىڭىزغا تەستىق سېلىپ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈپ بېرەي. سىز ئەتىلا يۇقىرى سوتقا بېرىڭ، — دېدى.
شۇ كۈنى كەچكىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ يۈردۈم. ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ئالىي مېھمانخانىدا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن قەلەمكەشلەر بىلەن ئۇچرىشىش، چوڭ - چوڭ ئىشلار توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىش، مۇكاپاتلىنىپ ئالقىش - تەبرىكلەرگە نائىل بولۇش، رەئىس بىلەن كۆرۈشۈش...... مۇشەققەت تۈگمەنلىرىدە تارتىلىپ، يۇقىرى بېسىملىق تەھدىت، مەجبۇرلىنىش، تىل - ھاقارەت ئاستىدا يانجىلىپ ئىنسانلىقى، ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئەسكە ئالغۇدەك ھالى بولمىغان، ھېلىغىچە يەكلىنىپ، دەككە - دۈككىدىن قۇتۇلالماي كەلگەن مەندەك ئادەم ئۇچۇن ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىشلار ئىدى. كونا تونۇشلىرىم، ساۋاقداش، دوستلىرىم، تونۇمىسىمۇ ئىسمىمنى ئاڭلىغانلار مېنى ئىزدەپ كېلىپ قولۇمنى قىسىپ مۇبارەكلەشتى. ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. 20 يىللىق دەردتىن ھېچ نەرسە بولمىغان يۈرىكىم خۇشاللىققا چىدىمايدىغاندەك قىلاتتى. خۇشاللىقىم ئەۋجىگە چىققان شۇ چاغلاردىمۇ، نېمىشقىدۇر ئارىپ ئاكىنى

ئەسلىدىم. ئۇنىڭ تەمكىن تۇرقى، سىنچى كۆزلىرىنى قىسىپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىشى بىلەن ھاياجانلىرىم قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇلغاندەك بېسىقتى. بۇ سورۇنلار، بۇ ماختىلىشلار، بۇ شادلىقلار ھاياتنىڭ چىن مەنىسى ئەمەس ئىدى. ئاخىرلاشمايدىغان سورۇن بولمايتتى. بىپايان ھەم رەھىمسىز ھايات ھەر يەردە ھەر خىل تۈستە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋام قىلاتتى. بىر شائىر ئۈچۈن ئۇنىڭدا بەختتىن تولا پاجىئە، خۇشاللىقتىن تولا قايغۇ بار ئىدى. تېخى سىرى ئېچىلمىغان تالاي ھەقىقەت، ناھەق ئازاب چېكىۋاتقان تالاي ئىنسان بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قەدىر – قىممىتى كۆپىنچە نىقاب ئاستىدا، قارا تۇپراق قوينىدا، تۇرمىلەردە، مىغ – مىغ ئادەملەر ئارىسىدا ياكى چۆل – باياۋانلاردا كۆمۈلۈپ قالاتتى. بىر شائىر سۇنئىي رەڭ، كۆرۈنۈشلەرگە، كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرۈشلەرگە ئادەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.



كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېكسكۇرسىيە ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە قاتناشتىم. رەئىسنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە تۇراتتى. ئۇ «ئەتىلا يۇقىرى سوتقا بېرىڭ» دېگەنىدى. بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە ئەتىلا بېجىرىمىز دېگەن ئىشىمۇ بىرەر ئايسىز ھەل بولمايتتى. شۇڭا، يىغىننى تۈگىتىپ بارسام مۇۋاپىق بولار، يۇقىرى سوتتىكىلەرنىمۇ بەك ئالدىرىتىپ قويماي، دەپ ئويلايتتىم.

يۇقىرى سوتقا بارغان كۈنۈم بىلدىمكى، رەئىسنىڭ تەستىقى چۈشكەن ھامان، ئۇلار مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ مېنىڭ مەسىلەمنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلغانىكەن. بارغان كۈنۈملا يۇقىرى سوتنىڭ ئون نەچچە يىللىق كېسىمنى بىكار قىلىپ گۇناھسىز دەپ چىقارغان يېڭى ھۆكمى، ئىستاژىم،

ماﺋﺎشىم، خىزمەتكە تەيىنلىنىشىم توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر بىراقلا قولۇمغا تەگدى. ئىستاژىم 1959 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ھېسابلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. ئەگەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى ئاشۇ ھۆرمەتلىك زات چىن كۆڭلىدىن ياردەم قىلمىغان بولسا، مەن داۋاملىق يۇرتۇمدا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋەرگەن بولاتتىم. ھېچكىم ماڭا ئىشتات، ئىستاژ ھەل قىلىپ بەرمەيتتى. مەسىلەمنى ھەل قىلىش يولىدا نۇرغۇن ئەگرى يولنى بېسىپ، كىملەرنىڭدۇر ئىشىكلىرىدە سارغىيىپ، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ غۇۋا مەنزىللىرىدە يەنە تالاي يىلنى ئۆتكۈزگەن بولاتتىم.

بىراق، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭغا بىر ئېغىز رەھمەت ئېيتالمىدىم. ئاغرىپ ياتقان كۈنلىرىدە ئۇنىڭ كېسىلىنى بىرەر قېتىم يوقلاپ بارالمىدىم. ۋاپات بولغان چېغىدا تاۋۇتى ئارقىسىدىن ماڭالمىدىم. ئەمما، مەن ئۇنى يىراقتا تۇرۇپ چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سېغىنىش بىلەن داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇردۇم.

مەن ئاخىر تىنچ - ئازادە مۇھىتقا، ئۆز ئىقتىدارىمغا لايىق خىزمەت ئورنىغا، تالاي يىلدىن بۇيان مۆڭلىنىپ توختاپ قالغان قەلىمىمنى قايتا جەۋلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. بالىلىرىم ساغلام چوڭ بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزدى. ئەمما، مېھرىبان ئاتا - ئانام ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، تىنچسىز، خۇشاللىقىدىن ئازاب - ئوقۇبىتى تولا ھايات يولىنى بېسىپ تاماملاپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. مەن قىزىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى سۆلكەتتىن، ھەربىر بېقىشى، مېيىقىدا

كۆلۈشلىرىدىن، غەمگۈزارلىقىدىن ئانامنى كۆرىمەن. گۈللۈكتە، بالكوندا، دېرىزىلىرىمدە ۋىچىرلاپ سايرىشىدىغان قۇشلارنى كۆرسەم دادامنى ئەسلەيمەن. روھى خۇشال بولسۇن دەپ، ھەر ئەتىيازدا كىچىك ئىسسىق ياغاچ ئۇۋىلارنى ياساپ بالكونىمغا، دەرەخلەرگە ئورنىتىپ قويىمەن. قۇشقاچلارنى تېرىپ يېسۇن دەپ، ھەر كۈنى بالكونىمغا دان چېچىپ قويىمەن. ئاشۇ كىچىك ـ ئوماق جانلاردا شۇنچىلىك سەزگۈر قەلب بار. ئۇلار مېھىر ـ مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇشنىلا ئەمەس، مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈشنىمۇ بىلىدۇ. دىكىلداپ دان تېرىپ يەپ يۈرگەنلىرىدە، ماڭا ئۇلار خۇددى كۆلۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ سايراشلىرى باشقىچە يېقىملىق، ياڭراق ئاڭلىنىدۇ.

# ئاسم V

## 17

غۇلجىغا ئۆزۈم يالغۇز كېلىپ، ئىلگىرى ئۆزۈم ياتقان ئۆيگە ئورۇنلاشتىم. كەلگەن كۈنۈم قورۇنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپلا چۆلدەرەپ قالغان ھويلىغا، يازلىق ئاشخانىغا، كونىراپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن ئۆيلەرگە كۆزۈمنى تولدۇرۇپ قاراپ كەتكەنىدىم.

ھەدىلىرىم ئۆيۈم بىلەن مېھمانخانىنى تازىلاپ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆيلەردىن ئۇزاق ئادەم تۇرمىغان ئۆيلەردە بولىدىغان چاڭ – توزان ئارىلاش دىمىق بىر ھاۋا دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. دەرھال دېرىزىلەرنى چوڭ ئېچىۋەتتىم. ياتاق ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىدىن ھويلىدىكى بىرنەچچە تۈپ ئالما كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالمىنىڭ تۈۋىگە داستىخان يېپىلغان يۇمىلاق ئۈستەل بىلەن بىر جۈپ ئورۇندۇق قويۇلۇپتۇ. بەلكىم ئىشىك تەرەپتىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان ياش ئەر – ئايالنىڭ ئىشى بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرى ئاپام ئۇ يەرگە سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا ياغاچ كارىۋاتنى قويۇۋالاتتى. كارىۋاتتىكى تۈكى قالمىغان تەۋەرۈك گىلەمنىڭ ئۈستىگە بىر كۆرپە بىلەن ياستۇق تاشلاقلىق تۇراتتى. دائىم بەل ئاغرىقىدىن قىينىلىدىغان ئاپام چۈشتىن

كېيىن ئاشۇ كارۋاتتا ئاپتاپسىنىپ ياتاتتى ياكى كۆزلىرىنى قىسقىنىچە ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلاتتى. ئاپامنىڭ ئامراق مۈشۈكىمۇ ئاپپاق قورساقلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئۆيلەر تولۇپ تۇراتتى. هويلىدىن، ئۆيلەردىن ئاپامنىڭ ئاۋازى، سىڭىپ پىشقان نان بىلەن ئەتكەن چاينىڭ، ئاپام ئەتكەن مەززىلىك تاماقلارنىڭ، هەر خىل پىشۇرۇقنىڭ هىدى كېلىپ تۇراتتى. كۆزدە بىزنىڭ ئۆيلا ئەمەس، پۈتكۈل مەهەللە ئالما پۇرىقىغا تولۇپ كېتەتتى.

ئاپام مۈشۈ قورۇنىڭ، ئۆيلەرنىڭ جېنى ئىدى. ئاپام بولغاچقىلا، ئاپام سۈرتۈپ، تازىلاپ، ئاقارتىپ تۇرغاچقىلا ئۆيلەر پارقىراپ، هاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇراتتى. ئاپام بۇ ئۆيلەرگە پۈتكۈل مېهرىنى بېغىشلىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئۆيلەردىن ئاپامنىڭ مېهرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇنىڭغا هەيران قالىمەن، ئاپام كەتكەن ئاخشىمى ئاپام ياتقان ئۆينىڭ دېرىزە ئەينىكى جاراڭلاپ چۈشۈپ كەتكەن، ئەتىسى هويلا تېمىنىڭ بىر بۆرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بۇ بىر تاسادىپىيلىقمىدۇ ياكى ئىنسان ئۆز مېهىر ـ مۇهەببىتى بىلەن ئەتراپىدىكى جانسىز جىسىملارغىمۇ هېسسىيات بەخش ئېتەلىشكە قادىرمىدۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ هەممىسى ئاپامدىن ئايرىلىش تۈپەيلى مەندە پەيدا بولغان خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟

ئاپا، ئېھ ئاپا، تۇغۇلغان يۇرتۇڭنى، قەدىم جايىڭنى تاشلاپ نەلەردە يۈرىدىغانسەن، مۈشۈ يەرلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىغانسەن. پۈتكۈل مەهەللە سېنى ئەزىزلەيتتى، توي ـ تۆكۈن، نەزىرلەردە تۆرنىڭ بېشىنى ساڭا قالدۇراتتى. هەرقانداق ئىشنى سەندىن مەسلىهەتسىز قىلمايتتىغۇ. بۇ

مەھەللەڭ، بۇ ئۆيلىرىڭ چۆلدەرەپ قالدىغۇ ئاپا......

يۇرتۇمغا قايتقان دەسلەپكى بىر مەزگىلنى ئۆتمۇش ئەسلىمىلىرى، سېغىنىش ئىچىدە يالغۇز ئۆتكۈزدۈم. كېيىن ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1969 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك غۇلجىنى، قورۇنى، ھەدىلىرىمنى ۋە مېنى چۈشەپتۇ. بىر قېتىم چۈشىدە مېنىڭ ئىلى دەرياسىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقىنىمنى، ئۆزىنىڭ «بالام، بالام!» دەپ دەريا بويلاپ يۈگۈرۈپ، مېنى قۇتقۇزالماي زار ـ زار يىغلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشىگەنىكەن. ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ «بالام، بېشىڭغا كەلگەن ئۇ كۈنلەرنى كۆڭلۈم تۇيغان. كۆزۈمنى يۇمسام يامان چۈش كۆرۈپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن. ئاخىر بىر قېتىم چۈشۈمدە سېنىڭ يازلىق ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ داداڭنىڭ بىلەي تېشى بىلەن مەن ئىشلىتىدىغان ئاش پىچىقىنى بىلەۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تىنغان» دېگەنىدى.



ھەدىلىرىم مەندىن ئەنسىرەپ قېلىشتى. ئۆيدە ئۆزۈڭ يالغۇز تۇرغۇچە بىزنىڭكىگە كەل، دېيىشتى. مەن تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بىردىنبىر ئوغۇل قېرىندىشى سۈپىتىدە ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمىگەن بولساممۇ، ئۇلار يەنىلا مېنى چوڭ كۆرەتتى، مەندىن ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. خۇددى ئاپامغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ مېنى ئۆزلىرىنىڭ روھىي جەھەتتىكى تايانچى دەپ قارايتتى.

ھەدىلىرىمنىڭ ئىچىدە 3 ـ ھەدەمنىڭ ئائىلە شارائىتى ھەممىدىن ياخشى ئىدى. ئۇلار ئازادە باغلىق قورۇدا ئولتۇراتتى، يولدىشىمۇ يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇ

مېنى بىرەر يىلغىچە تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق ئىدارە، زاۋۇتلارغا «ۋاقىتلىق ئىشچى» قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يۈردى. چاتاق يېرى، ۋاقىتلىق ئىشچى دېگەننى لازىم بولغاندا ئىشلىتىپ، لازىمى قالمىغاندا چىرايىڭغىمۇ قارىماي يولغا سېلىپ قويۇشاتتى. تېخى بۇ ئىشنى تېپىش ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا يېلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ئاخىر، يېلىنىۋېرىشتىن خورلۇق ھېس قىلىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلىمەكچى بولدۇم. مەن ئىزدەپ بارغان خەنزۇ ئىش بېشى ماڭا باشتىن ـ ئاخىر بىر قارىۋېتىپ، كاتاكچە كۆڭلىكىمنىڭ كالتە يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان ئورۇق بىلەكلىرىمنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

ــ بۇ قول قانداقمۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ قولى بولسۇن، بۇ دېگەن بىر زىيالىينىڭ قەلەم تۇتۇشقا يارالغان قولى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ كۈلدى ۋە مەندىن:

ــ سەن بىزگە نېمىش قىلىپ بېرەلەرسەن؟ ــ دېدى.

565 ــ نېمىش بولسا قىلىۋېرىمەن، لاي ـ خىش توشۇساممۇ بولىدۇ، باشقا ئىش بولسىمۇ مەيلى، ــ دېدىم تەقەززالىق بىلەن. ئۇ مېنىڭ بۇ ئىشقا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى سەزدى بولغاي:

ــ ئۇنداق بولسا خىش توشۇپ باق، قېنى قىلالارسەنمىكىن، كۆرۈپ باقايلى، ــ دېدى. دۈمبەمدىكى خىش توشۇيدىغان سايمانغا خىشنى تولدۇرۇپ بېسىپ، ئەگرى ـ بۈگرى پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ بولغۇچە بېشىم قېيىپ، يۈرىكىم دۈكۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى. بىرنەچچە يول توشا ـ توشمايلا پۇتلىرىم تىترەپ، مۇدۇرۇشكە باشلايتتىم. بىراق، مەن توختاپ قالمىدىم. بەك بولالمىغاندا، تۇرغان جايىمدا بىرەر تۇۋرۇككە ئېسىلىپ بىرپەس تۇرۇۋېلىپ يەنە

ئىلگىرىلەۋەردىم. بىرەر ئىش چىقىپ قالارمىكىن دەپ، پەستە ماڭىلا قاراپ تۇرىدىغان ھېلىقى خەنزۇ ئىش بېشى بارا ـ بارا كۆڭۈل تىنىدۇرۇپ، ماڭا ئاز ـ تولا ئېتىبار قىلىدىغان، بەزىدە مەن بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدى. تۈنجى قېتىم ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ھەي، مەن ساڭا قارىسام، سەن زادى قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغانلارغا ئوخشىمايسەن. مېنىڭچە سەن چوقۇم ئۈرۈمچى تەرەپلەردىن كەلگەنغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— مەن تەگ ـ تېگىمدىن مۇشۇ يەرلىك، سەن نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— بۇنداق دېسەم قورقما، مېنىڭمۇ بىر نەۋرە ئاكام ئۈرۈمچىدە چوڭ بىر ئىدارىدە ئىشلەيتتى، يوقىلاڭ بىر ئىش بىلەن خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، ھازىر مۇشۇ يەردە يېزىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ كۆزئەينەك تاقايدۇ، كۆزئەينەكىدىن ئايرىلسا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدۇ. شۇڭا، قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھارۋا ھەيدەشنىمۇ بىلمەيدۇ. مەن ساڭا قاراپ ئاشۇ ئاكامنى ئەسلەپ قالدىم. لېكىن، سەن ئۇنىڭغا قارىغاندا يۈرەكلىك ئىكەنسەن، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، — دېدى. يەنە بىر قېتىمدا ئۇ مەندىن:

— سەن شائىر ياكى يازغۇچى بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن سىلەرنىڭ بىر چوڭ شائىرىڭلارنى تونۇيمەن، ئېتى نېمىدى؟ ھېلىقى، ھېلىقى...... — دېگىلى تۇرغاندا، مەن:

— مەن شائىرمۇ ئەمەس، يازغۇچىمۇ ئەمەس، پەقەت بىر ژۇرنالنىڭ ئاددىي مۇھەررىرى ئىدىم. لېكىن، مېنىڭ ئۇ كۈنلەرنى ئېسىمگە ئالغۇممۇ كەلمەيدۇ. مەن ھازىرقى كۈنۈمدىن ئىنتايىن رازى. ئىلگىرى ئىشخانىدىن چىقماي

ئىشلىگەن چاغلاردا سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس ئىدى. ھازىر ئورۇق بولغىنىم بىلەن ناھايىتى ساغلاممەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەندەك ياخشى باشلىقىم تۇرسا، ــ دېدىم. ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن خۇشال بولۇپ ئۆزىنىڭمۇ ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇغان، كادىر بولغان ئادەملىكىنى، مەلۇم ئادەملەرنىڭ «سۆيىقەستى» بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، لېكىن، ھازىرقى كۈنىنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ياخشىلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا:

ــ مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەنمۇ مېنى چۈشىنىسەن. بىز ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆتەيلى. قاچانكى بىرەر ئىشقا ئېھتىياجىڭ چۈشكەندە مېنى ئىزدىسەڭ، مەن چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىمەن، ــ دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي قىش كەلدى. قۇرۇلۇش توختاپ قالغانلىقتىن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كاللا ـ پاقالچاق پىشۇرىدىغان ئىشقا كىرىشىپ قالدىم. بۇمۇ ئاۋارىچىلىكى تولا بولغان بىلەن كىرىمى يامان ئەمەس ئىكەن.

مەن كالىلىپەزلىك قىلىپ يۈرۈپ ئۆزۈم بىلەن تەڭدېمەتلىك يەنە بىر بۇرادەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئىككىمىز قۇشخانىدا ياكى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى بازاردا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىسام، ئۇ ئادەتتىكى تىجارەتچىگە ئوخشىمايتتى، ئادەتتە ئۆڭۈپ كەتكەن، ياقىلىق پاختىلىق چاپان، ھەربىيچە قۇلاقچا كىيىپ يۈرسىمۇ، كونا كىيىملەر ئۇنىڭ قاملاشقان تەق ـ تۇرقىنى توسۇپ قالالمايتتى. ئەكسىچە، بۇ كىيىملەرمۇ

ئۇنىڭغا يارىشىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ئۇ گەپ ـ سۆزدە ئەدەپ ـ قائىدىلىك، مۇلايىم ئىدى. ئىككىمىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بېشىغا كۈن كەلگەن بىر بەختسىز ئىكەنلىكى، يۇرتىدا جان باقالماي، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. بۇ بۇرادەر شەھەر ئىچىدە، ئەتراپتىكى يېزىلاردا، كۆمۈر كاندا ئۆزىگە ئوخشاش ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بىرمۇنچە كىشىنى تونۇيدىكەن. ھەربىرىنىڭ ئەسلىي قانداق ئادەملىكى، قانداق خىزمەتلەردە بولغانلىقى، كىملەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىگىچە ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ماڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ناھايىتى «ئالاھىدە» بىر ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ ئىشلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ پۇل تېپىپ چۆچۈرىدەك ئۈچ بالىسىنى بېقىۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئايال بىلەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش پونكىتىدا بىللە ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولۇپ، دەرھال:

— ئۇ ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ — دەپ سورىدىم.

— ئىسمى ھەدىيە، ئېگىز بوي، ئاق سېرىق ئايال، ناھايىتى كەم سۆز، بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بۇرادىرىم. گەرچە ئۇنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنى مەن بىلىدىغان ھەدىيەگە تامامەن ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، مەن ئۇنى ھازىر ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىغا ئىزدەپ باردىم. ئامبۇلاتورىيە زالىغا كىرىپ، ئۇنى كىمدىن سۈرۈشتۈرسەم بولاركىن دەپ ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرسام، ئاق

خالات كىيىپ ماسكا تاقىۋالغان، مەندىنمۇ ئۇرۇق بىر ئايال زالنى تازا كۆچەپ سۈرتكىلى تۇردى. بىر يەرلىرى تونۇشتەك قىلىدۇ. قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدىكى ئىشچان، ئوغۇل بالىدەك قاۋۇل ھەدىيەنىڭ سىنىپنىڭ تاختىيىنى سۈرتۈۋاتقان چاغلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئەمما، كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئايال بەكلا ئورۇق، ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئىككى تايىن بولۇپ تۇرسام ئايال رۇسلىنىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پول سۈرتكۈچنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئاغزىدىكى ماسكىنى ئېلىۋەتتى. دېرىزە ئەينىكىگە قاراپ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان بىر تۇتام چېچىنى ياغلىقىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، ماسكىنى تاقاپ يەنە يەرگە ئېڭىشتى. ئۇ ھەدىيە ئىدى. نەچچە قېتىم «ھەدىيە!» دەپ توۋلىماقچى بولساممۇ، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى، خىيالىمدىكى ھەدىيەگە خاس بولمىغان تەق ـ تۇرقى كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەي، زالنى سۈرتۈپ ئالدىمغىلا كەلدى، بىكار تۇرغانلار نېرى كېتىشتى. يېنىمدىكى بىرسى پۇتىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، مەنلا ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ خاپا بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىنى كۈتتۈم. ئويلىغىنىمدەك، ئۇ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ بېشىنى كۆتۈردى. ماڭا بىرپەس قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ۋوي، سەن ئاسىمغۇ! — دېدى. ئىككىمىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەھۋاللاشتۇق. ئۇ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى، ھازىر بالىلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئىچىم ئاغرىپ، ئېچىنىپ تۇرساممۇ:

— سەن قالتىس جۇمۇ ھەدىيە. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ

كېتىدۇ. مەسئۇد يۆتكىلىپ كېلىۋالسا يۈكۈك يەڭگىللەپ قالاتتى. شەھەردە ھەم ۋىلايەتتە ئىشلەۋاتقان، قولىدىن ئانچە - مۇنچە ئىش كېلىدىغان ساۋاقداشلارنى ئىزدەپ باقمىدىڭمۇ؟ — دېدىم.

— ئىزدەشنىڭغۇ ئىزدىدىم. ھەممىسى: ۋاي ئۇۋال بوپتۇ، سىزگە ياردەم قىلالىلى دېدى - يۇ، دېيىشكىنى ئاغزىدا قالدى. بىزدەكلەردىن ھەممە ئادەم قاچىدىكەن. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلايدىكەن. بەك يېپىلىنىپ كۆزىگە كىرىۋېلىشقا غۇرۇرۇم يول قويمىدى. ساڭا يالۋۇرغۇچە كۆچۈمگە يالۋۇراي، دەپ چىداپ ئىشلەپ ئۆتۈۋاتىمەن، — دېدى ھەدىيە. ئىككىمىز نەدە قانداق ئىش بارلىقى، قايسى ئىشنىڭ كىرىمى قانداقلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ يەنە بىر دەم ئولتۇرغاندىن كېيىن خوشلاشتۇق. كېيىن ئۇنى ئايالىمغا تونۇشتۇرۇپ قويدۇم. بىز بىر مەزگىل بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆتتۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىراكەشلىك بىلەن بولۇپ كەتتىم. ئايالىم پات - پات ھەدىيە بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنىڭ گېپىنى قىلىپ قوياتتى، ئۇنىڭ گېپىدىن ئۇلارنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئارىدا بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. بىر كۈنى ئايالىم:

— ھەدىيە ھەدەمنىڭ خىزمىتى ھەل بوپتۇ. رەسمىيەتلىرىنى يۆتكەش ئۈچۈن جەنۇبقا — ئىلگىرى ئۆزى ئىشلىگەن يەرگە كېتىپتۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم ۋە ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلىدىم.

بۇ بىرنەچچە يىلدا ئايالىم يەنە كەينى - كەينىدىن ئىككى

قىز تۇغدى. بىزمۇ ئالتە جانلىق چوڭ ئائىلە بولۇپ قالغانىدۇق. بۇ جەرياندا مەن تەقدىرنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ئېسىل بىر ئايالنى ئۇچراشتۇرغىنىدىن ھەر ۋاقىت مىننەتدار بولۇپ يۈردۈم. ئەتراپىمدا ئايالىدىن قاقشايدىغان، ئاياللارنى يامان كۆرىدىغان ئەرلەر خېلى بار. ئەمما، مەن ئويلاپ قارىسام، ھاياتىمدا ئۇچراتقان ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر - بىرىدىن ياخشى، ھالال ئاياللار ئىكەن. مەن ئاپامنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن. ھەدىلىرىم ئاساسەن ئاپامغا ئوخشايدۇ. مەن ئۇلاردىن ئېرىشكەن ياخشىلىق، مېھىر - مۇھەببەت ھەددى - ھېسابسىز. جيەن سىڭلىم ئايتۇرغانمۇ دەل شۇنداق پىداكار، بىراۋغا ياردەم قىلىشتىن خۇشاللىق تاپىدىغان ئايال. ھازىر ئۇنىڭمۇ تۆت بالىسى بار. سەمرىپ «تولغان ئاي» غا ئوخشاپ قالغان بۇ ئايال ھېلىھەم ياش ۋاقىتلىرىدىكى پىداكارلىقىنى، ئاق كۆڭۈللۈكىنى يوقاتقىنى يوق. مېنى ئەڭ خاتىرجەم قىلىدىغىنى، ئۇنىڭ ئېرىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ساداقەتمەن ھەم ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىدۇر. ھاياتىمنىڭ بىر مەنزىللىرىدە مەن ئامىنەنى ئۇچراتتىم. ئۇنى ھاياتىمدىكى ئەڭ قىزغىن مۇھەببىتىم بىلەن سۆيدۇم. گەرچە تەقدىر بىزگە قوشۇلۇشنى نېسىپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان مەھلىيالىق ۋە سېغىنىش قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھېلىھەم مەۋجۇت. مەن ئۇنى يوقىتىۋېتىشنى خالىمايمەن، ئاشۇ پاك مۇھەببىتىمنى قىلچە غەرەزسىز ھالدا گۈزەل بىر ئەسلىمە سۈپىتىدە ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىشنى ئويلايمەن. ئامىنەدەك ياخشى قىز ھەرقانداق يىگىتنىڭ سۆيۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ نەدىلا بولسۇن، چوقۇم بەختىنى تاپىدۇ.

ئامەت ۋە بەخت مەندىن يۈز ئۆرۈگەن كۈنلەردە مەن نۇرئەلانى ئۇچراتتىم. ئۇنى يەنە بىر خىل تۇيغۇ ۋە مىننەتدارلىق بىلەن ياخشى كۆردۈم. ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىپ تۆت پەرزەنتكە ئاتا بولدۇم. تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭدىن كىچىككىنە بولسىمۇ رەنجىگەن، كۆڭلۈم چىگىلگەن ئىشنى ئەسلىيەلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ ئىشتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ باللىرىنى قۇچىقىغا ئېلىشى، تاماق ئېتىشى، كىچىلەپ كىر يۇيۇپ، ئۆي تازىلاپ، ئۆيلەرنى چىننىدەك پارقىرىتىۋېتىشلىرى، سەھەردە يەنە چالا ئۇيقۇلۇق هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ باللارغا تاماق بېرىپ، ئۆزى بىر چىشلەپ ناننى يۇتا ـ يۇتماي يۈگۈرۈپ ئىشقا مېڭىشلىرى؛ ھەممىلا ئادەمگە ــ باللارغا، ماڭا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنا ـ قولۇملارغا ئاپتاپتەك كۈلۈپ بېقىشلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە قانائەت تۇيغۇسى ئىچىدە نەزەر سالاتتىم ۋە مۇشۇ كۈنلىرىمگە كۆز تەگمىسۇن ئىلاھىم، دەپ تىلەيتتىم.



1972 ـ يىلى يازدا قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتاتتىم. مېنى بىر قېرى ئادەم ئىزدەپ كەلدى. مېنى سەل نېرىغا باشلاپ بارغاندىن كېيىن، ناھايىتى سىرلىق ئەلپازدا ئاپامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىمنى سورىدى.

ــ خالىمايدىغان ئىشمۇ بولامدۇ، ئەس ـ يادىمىز ئاپامدا تۇرسا، كەتكەندىن بۇيان بىر ئىلىك خېتى يا خەۋىرى يوق. يوللار ئېتىك بولغاچ بىزمۇ خەت ئەۋەتىشكە ئامالسىز قالدۇق، سىز ئاپامنىڭ خەۋىرىنى قانداق بىلدىڭىز؟ ــ دەپ ياندۇرۇپ سورىدىم. بۇ بوۋاينىڭ بىر ئوغلى ئاشۇ ياقتا، بېشكەكتىكى خەلقئارا سودىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئورۇندا

ئىشلەيدىكەن. يېقىندا مەخپىي ھالدا بېيجىڭغا، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. بېشكەكتە ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان چوڭ ھەدەم ئۇلار بىلەن قوشنا ئىكەن. ئۇ كىشى چوڭ ھەدەمنىڭ تاپلىشى ئارقىلىق ئاپام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاپامدىن بىزگە ئىككىلىك خەت، كىچىك بىر خالتا ئالغاچ كەپتۇ. ئاپامنىڭ ئالدىراپ، ھودۇقۇپ يازغانلىقى چىقىپ تۇرغان خەتتە: «ئوغلۇم ئاسىمجان، قىزلىرىم، قېرىنداشلىرىم ۋە باشقا تۇغقانلار ھەممىڭلار تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسىلەر؟ بىزمۇ ياخشى تۇردۇق. ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز. ئاللاغا ئامانەت» دېيىلىپتۇ. ئاپامنىڭ تونۇش پوچېركىسىنى، ئاپامنىڭ قولى تەگكەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سېلىپ، قوللىرىم تىترەپ كەتتى. ئىشداشلىرىمنىڭ بىرسىدىن قەلەم سوراپ، شۇ يەردە زوڭ ئولتۇرۇپلا تاماكا قېپىنىڭ ئىچ تەرىپىگە: «ئاپا، تۇغقانلار، ھەممىڭلارغا سېغىنىپ سالام! بىز تىنچ ـ ئامان تۇردۇق. مەن ھازىر ئىككى باللىق بولدۇم. بىز ھەممىمىز سىلەرنى سېغىندۇق، كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭلار. ئاپا، سالامەتلىكىڭنى كۆپ ئاسرا. ئوغلۇڭ ئاسىمدىن» دەپ يېزىپ، ھە دەپ تۆت تەرەپكە قاراپ، قورقۇپ تۇرغان بوۋايغا تۇتقۇزدۇم ۋە:

ـــ تاغا، سىزگە ۋە ئوغلىڭىزغا كۆپ رەھمەت، ئوغلىڭىز ئاپامغا مېنىڭ قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقىنىمنى دېمىسۇن، پەقەت ھەدىلىرىمنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ـــ ھەممىمىزنىڭ ئۆي ـ ئوچاقلىق، باللىق بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى، سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى دەپ قويسۇن، ـــ دېدىم. بوۋاي «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە ئىتتىك كېتىپ قالدى.

كەچتە ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن خالتىنى ئاچتىم. ئىچىدە بىر كۆل رەڭ كاتەكچە كۆڭلەك، بىر ەر كىلوچە شاكىلات بار ئىكەن. بالىلىرىمغا شاكىلات ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋېتىپ:

— بۇنى زۆھرە بۇۋى چوڭ ئاپاڭلار سىلەرگە ئەۋەتىپتۇ، — دېدىم.

كۆڭلەك ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك كەلدى. نۇرئەلا بۇنى كۆرۈپ:

— يائاللا، بۇ كۆڭلەك سىزگە ئەجەب ياراشتى ھەم شۇنداق دەل كەلدى. مەن ئالسامۇ بۇنچىلىك مۇۋاپىقىنى ئالالماستىم. بالا دېگەننى يەنىلا ئاپىسى ئەڭ ئوبدان بىلىدىكەن جۇمۇ، — دەپ ھەيرانلىقىنى بىلدۈردى. مەن بۇ كۆڭلەكنى توپتوغرا 20 يىل كىيدىم.

نۇرئەلا ئۈچىنچى بالىمىزغا قورساق كۆتۈرگەندە كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقتىن، كېسەللىك دەم ئېلىشىغا چىقىپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. ئەمما، ئۈچ بالا بىلەن قانداقمۇ دەم ئالالىسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارىشىدىغان ئايالدىن بىرنى تاپماي بولمىدى. ئايالنىمۇ تاپتۇق. ئەمدى بۇ ئائىلىنى قامداش، پۇلنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن بىر مەزگىل كاندىن كۆمۈر توشۇدۇم. يەنە بەزى قوشۇمچە ئىشلارنىمۇ قىلدىم.

كۆمۈر توشۇش جاپالىق ئىش ئىدى. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە ئىسسىق يوتقاندىن كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قوپۇپ كۆمۈرلۈككە چىقىپ ئۆچرەتتە تۇراتتىم. نۆۋىتىم كەلگەندە كۆمۈرنى ھارۋامغا بېسىپ، «بىسمىللا» دەپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالاتتىم. قۇلاقچامنىڭ ئىككى قۇلىقىنى چىڭ

چىگىپ، جۇۋامنى ھەرقانچە قىمداپ ئۇلتۇرسامۇ، پاختىلىق ئىشتىنىم بىلەن ئايىغىم ھەرقانچە قېلىن بولسىمۇ، تاغ تەرەپتىن ئۇرغان سوغۇق شامالدا ھېچ نەرسىگە دال بولالمايتتى. كىيىملىرىم خۇددى داكىدەك نېپىزلەپ، مۇزلاپ بەدىنىمگە چىلاپ يېپىشىپ تېخىمۇ توڭدۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ، چىشلىرىم توختىماي كاسىلدايتتى. ھەي... ي، مۇشۇ ئىشنىزە، پۇلنى دېمىسە ئادەم قىلمىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇ، دەپ ئويلاپ، يېنىمدىن تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قوياتتىم. جۇۋا كىيگەن شوپۇرلار ئىسسىق كابىنكىدا ئولتۇرۇپ شەھەرگە بىردەمدىلا باراتتى. كۆمۈرنى ئېھتىياجلىق يەرگە ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئىسسىق ئۆيدە كۆمۈر ئىگىلىرىنىڭ چۇشۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. بىراق، بۇ يولدا ماشىنىلاردىن ھارۋىلار كۆپ. ئۇلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ھارۋىكەشلەرمۇ مەندىن بەتتەر جاپاكەشلەر. ئاسماننىڭ شەرقى ئاقىرىپ يەر يۈزىگە سۇس يورۇقلۇق چۇشۇشى بىلەن يىراقتىكى تاغلار، ئېدىرلىقلار، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يالغۇز - يېرىم ئۆيلەر، مەھەللىلەر، دۇگدىيىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. يىراق، بىر يەردىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. جاڭىلداپ تۇرغان سوغۇق ھاۋادا بۇ ئاۋازمۇ توڭلاپ قالغاندەك قىسقا - قىسقا، قاتتىق ئاڭلىنىدۇ. ناخشا ئېيتىمەن دەپ ئاغزىڭنى ئاچساڭ، ئىچىڭگە بىرمۇنچە سوغۇق ھاۋا كىرىۋالىدۇ. پەقەت تۇمشۇقۇڭنى جۇۋاڭنىڭ ياقىسىغا تىقىپ، ئۆز ھورۇڭدا ئىسسىنىپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامال يوق.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، مەن تۇمشۇقۇمنى جۇۋامنىڭ

ياقىنىغا تىقمۇۋېلىپ يەنە قانچە قېتىم ماڭسام چوڭ ئوغلۇمغا ئىسسىقراق ئاياغ، نۇرئەلاغا دورا، بۇلتۇر ئالماقچى بولۇپ ئالالمىغان يېڭى مەشنى ئالالايدىغانلىقىمنى ھېسابلاپ ئولتۇراتتىم. ئىلگىرى، ئادەمنىڭ قولى قىسقا بولغانچە غېمىنىڭ بۇنچە كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئاپامنىڭ قانداق قىلىپ بىر ئۆينى چۆرگۈلىتىپ، ھەممىمىزنى ساق ـ سالامەت قاتارغا قوشقانلىقىغىمۇ باش قاتۇرۇپ باقمىغانىكەنمەن، دەپ ئىچ ـ ئىچىمدىن خورسىناتتىم. كۆمۈرنى خېرىدارنىڭ كۆمۈرخانىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىپ، كۈن قايرىلغاندا ھارۋىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتتىم. قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۆيدە مەن پەقەت ئويلاپ باقمىغان، بۈگۈن يولدا كېلىۋېتىپلا ئەمەس، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ زادى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن بىر ئادەم — پازىل ئاكا ئولتۇرىدۇ.

— ۋوي، كېچقاپسىز، — دەپ قىزغىن كۆرۈشتۈم، — قارىغاندا بۇ تەرەپلەرگە بىرەر خىزمەت چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ، — دەپ تۇزلا سورىدىم.

— باشقا خىزمەتلەرمۇ بار. سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ بار. بىراقلا ھەل قىلىپ كېتەي دەپ كەلدىم. بۇ قېتىم مەن بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىسىز، — دېدى.

— ۋوي، قانداقلارچە ئەمدى؟ — دەپ ھەيرانلىقتا سورىدىم. بەك ئارتۇق ئويلاپ، ھاياجانلىنىپمۇ كەتمىدىم. شۇنچە چوڭ يىغىنلاردا قوغلىنىپ، پارتىيەدىنمۇ چىقىرىلىپ، تېخى ئەمدىلا بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قولۇم ئاز ـ تولا پۇل كۆرۈۋاتقاندا، مەندە نېمە ئوي بولماقچىدى.

— ئۇكام، سىزمۇ بىلىسىز، ژۇرنىلىمىز توختاپ

كەتكىلى تۆت ـ بەش يىل بولۇپ قالغان. يىقىندىن بۇيان ژۇرنالنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن دېگەن گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ، يۇقىرىدىن رەسمىي يوليورۇقمۇ چۈشتى. ئىشتات، خىراجەت ۋە باشقا ئىشلارمۇ ھەل بولدى. ئالدى بىلەن بىر سىناق سان چىقىرىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىن ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈشنى بۇيرۇغاندا، مەن ئالدى بىلەن سىزنى يازدىم. سىز ياش، ئىقتىدارلىق خادىم، تارىخىڭىزدا مۇرەككەپ ئىشلارمۇ يوق......

ــ بۇ قانداق گەپ بولدى ئەمدى؟ مەن دېگەن پارتىيەدىن، خىزمەتتىن قوغلانغان ئادەم تۇرسام؟......

پازىل ئاكا ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

ــ سىز بىلمەيسىز، يېقىندىن بۇيان ئۆتكەن يىللاردا بەك ئېغىر چارە كۆرۈلۈپ كەتكەن دېلولار تۈزىتىلىۋاتىدۇ، خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ئىشلىرى ھەل بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، سىزمۇ شۇ قاتاردىكى ئادەم. مانا بۇ ئىدارىنىڭ خىزمىتىڭىزنى، پارتىيەلىكىڭىزنى، نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆججىتى.

نېمە دېيىشىمنى بىلمەي ئايالىمغا قارىدىم. ئايالىم ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدى.

ــ ئايالىڭىز بىلەن بالىلىرىڭىزدىن غەم قىلماڭ، ئۇلارمۇ سىز بىلەن كېتىدۇ. ئەگەر ھازىرچە بىئەپ بولسا، سىز ئاۋۋال بېرىپ تۇرسىڭىز، بالىلىرىڭىز ئەتىيازدا ھاۋا سەل ئىللىغاندا بارسىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر گەپ، ناھەق جازالانغان يىللاردا تۇتۇپ قالغان مائاشىڭىز تولۇقلاپ بېرىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئاۋال بېرىپ سىناق سانىنى چىقىرىشقا قاتنىشىدىغان، ئىككى ئايدىن كېيىن كېلىپ ئائىلەمنى كۆچۈرۈپ ئاپىرىدىغان بولدۇم. ئەتىگەن مەن تېخى ئېشەك هارۋىسى بىلەن كۆمۈر توشۇپ يۈرەتتىم، مانا كەچكە قالماي باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندىم. بۇنىڭغا يىغلايمۇ يا كۈلەيمۇ؟ ئىچىمدە خۇشاللىقمۇ، يىغىمۇ تەڭلا قايناپ تۇراتتى، ئاغزىمنى ئاچسام كۈلكە بىلەن يىغىنىڭ تەڭلا ئېتىلىپ چىقىشىدىن قورقاتتىم. بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن بۆلۈمدىكى باشقىلارنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى ماڭا ئوخشاش يۇرتىدا ئەمگەك قىلىۋېتىپتۇ. بەزىلىرى تۈرمىدە ئىكەن، يەنە بەزىلىرى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىدە چېنىقىۋېتىپتۇ.

ــ خۇدا خالىسا، بىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭشىلىپ قالار، ــ دېسەم، پازىل ئاكا:

ــ ئۇنى بىرنېمە دېمەك تەس، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرى بەك مۇرەككەپ، ــ دېدى.

مەن تۈرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا، ئاددىي ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغان بۇ تۆت يىلدا هاياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ هېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدىغانلىقىنى، شۇنداق بىر ۋاقىتلار كەلسە، هېچكىم ئويلىمىغان ياكى مۇمكىن بولمايدۇ، دەپ قارالغان ئىشلارنىڭ بىر پەستە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى، خارنىڭ مەڭگۈ خار، ئەزىزنىڭ مەڭگۈ ئەزىز بولۇپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم. پازىل ئاكا قونۇپ قېلىڭ دەپ شۇنچە تۇتقىنىمىزغا قارىماي، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىكى مېهمان كۈتۈشكە بېلەت ئېلىپ قويغانىدىم، ئەتە

كېلەرمەن، دەپ چىقىپ كەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا، مېنىڭ تۆت يىللىق مائاشىمنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باقساق، خېلى پۇل بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ يىللاردا بىرەر ـ ئىككى مىڭ يۈەن پۇلى بار ئادەم خېلى باي ھېسابلىناتتى. بىزمۇ شۇنچىلىك پۇل كۆرىدىكەنمىز دەپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتۇق. ئايالىم:

ــ ئۈمرۈمدە مىڭ يۈەن پۇل تۇتۇپ باقماپتىمەن، مىڭ يۈەن دېگەن خېلى ئېغىردۇ ـ ھە؟ ــ دېگەنىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

ــ كۆتۈرەلمىسەكمىز ئېشەك ھارۋىسىغا باسامدۇق؟ ــ دېدىم. ئىككىمىز شۇنداق گەپلەر بىلەن خېلىغىچە خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. باللار ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تۇسۇلۇپ قالغان يوللار ئېچىلىپ، كۆز ئالدىمىزدا ئۈمىدلىك بىر مەنزىرە نامايان بولۇۋاتاتتى. ھېچبولمىغاندا، باللىرىمىز ياخشىراق ئۆگىنىش شارائىتىغا ئىگە بولالايتتى.

## 18

تۆت يىللىق مەدىكارلىق تۇرمۇشۇمدىن كېيىن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە قايتا قەدەم باسقىنىمدا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا ئىلگىرىكىدەكلا باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ ئولتۇرغان ئورۇق، ئاق يۈزلۈك مەنناپ ئاكا ماڭا بۇ يەرگە تونجى قېتىم

كەلگەن ۋاقتىمنى ئەسلىتىپ، كۆڭلۈمدە ئىللىق تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ چاغدا ئىشخانىدا ئۇ يالغۇز ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغان 30 نەچچە ياشلاردىكى ئىككى ئادەم بىلەن يان تەرەپتە ئولتۇرغان ئىككى ياش يىگىتنى بۆلۈمگە يېڭى كەلگەنلەر بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇدۇلدىكى ئىشخانىدا ئىلگىرىكى ماقالە كۆچۈرگۈچى ئايال بىلەن چوڭ ياشلىق، ناتونۇش بىر ئادەم ماقالە سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. مەن چوڭ ئىشخانىغا قايتىپ چىقىپ، ئىختىيارسىز سەل نېرىغا ـــ ئىلگىرى «مەشئەل» ئەپەندى بىلەن «بۇركۇت» ئەپەندى ئولتۇرغان يەرلەرگە قارىدىم. ئۇلار تەھرىر بۆلۈمىنىڭ سۈلتى، جېنى ئىدى. تەھرىر بۆلۈمگە كەلگەنلەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋالغىنىدىن پەخىرلىنىشەتتى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىۋالغىنىدىن خۇشال بولۇشاتتى. بۇ يەردە ھېچ ئىشى بولمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. «مەشئەل» ئەپەندى خۇش پېئىل، يۇمشاق سۆزلۈك ئادەم بولغىنى بىلەن، «بۇركۇت» ئەپەندى ئۇلارغا قاپاق ئېچىپ كەتمەيتتى، ئەكسىچە تاراڭ - تۇرۇڭ گەپلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ يېغىرىنى ئېچىپمۇ قوياتتى. ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى خېلى شائىر ھېسابلايدىغان، يېشى بىر يەرگە بارغان ئادەملەرگىمۇ: «ھەي... ي، پالانچىكا، سەنمۇ شېئىر يازىمەن دەپ بۇ يەرلەردە پۇتلىشىپ يۈرەمسەن، ئۇنىڭدىن ئەتكەنچىپىڭنى ئىچىپ، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ئارامخۇدا ياشىساڭچۇ» دەيتتى. بەزىدە ئاپتورلار ئېلىپ كەلگەن شېئىرلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا سۆكۈپ، مەسخىرە قىلىپ بىر

تىپىنغا ئالغۇسىز قىلىۋېتەتتى. قىزىق يېرى، بۇ ئادەملەر ئۇنىڭدىن رەنجىمەي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەر قايسى ۋىلايەتتىن كەلگەنلەر «بۈركۈت» ئەپەندىنىڭ ئۆز ئەسىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى لەتىپە قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرۈشەتتى. ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەيمۇ قالمايتتى. «بۈركۈت» ئەپەندى بىلەن «مەشئەل» ئەپەندىلەر ئەنە شۇنداق ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بۈگۈن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى.

تۇنجى سان ژۇرنالنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقاردۇق. پارتىيەنى، داھىينى، سوتسىيالىزم ـ كوممۇنىزمنى مەدھىيەلەيدىغان، كاپىتالىزم، جاھانگىرلار، شيۇجېڭجۇيىچىلارنى، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى سۆكىدىغان شېئىر، نەسر، ھېكايىلەر بىر قېلىپتىن چىققاندەك، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. دائىم مەدھىيە شېئىرلىرىنى يازىدىغان بىرنەچچە داڭلىق شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىلىرى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئىدى. بىز مۇنداق شېئىرلارنى ئەتىۋارلاپ قايتا يېزىپ بەرگەندەك «تەھرىر» لەيتتۇق؛ ئىسمىنىڭ يېنىغا كۆرۈنەرلىك قىلىپ «ئىشچى»، «دېھقان»، «جەڭچى» دەپ ئىزاھات بېرىپ قوياتتۇق. بۇ سوتسىيالىستىك ئەلدە ئەمگەكچى خەلق غوجايىن ئىكەنلىكىنىڭ، ئۇلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئالىي مەكتەپتە يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتىدىغان ئۇستازلىرىمىز ئەلىشىر ناۋايى، بايرون، پۇشكىنلار ھەققىدە توختىلىپ، شائىرلىق ناھايىتى ئاز

ساندىكى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان بىر خىل تۆغما تالانت، دېيىشەتتى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەلدە بۇنداق تۇغما تالانتلىقلار نېمىدېگەن كۆپ ــ ھە!

سىناق سان غەلىبىلىك چىقىرىلغاندىن كېيىن، تەھرىر بۆلۈمىمىزگە يەنە ئۇيەر ــ بۇيەردىن بىرنەچچە ئادەم يۆتكىلىپ كەلدى. كۆپ قىسىمىمىز بىر ــ بىرىمىزگە يېڭىياچە ئىكەنلىكىمىزدىنمۇ، ھەممىلا ئادەم بىر ــ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ، نېمىدىندۇر خۇدۇكلىنىپ تۇرۇشقاندەك بىلىنەتتى.

بەزىلىرى ئىشخانىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرى خۇددى ئۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆڭۈلسىز، خاراموش بىر ھالەتتە ئىشلەيتتى، ھېچكىم يېنىدىكى ھەمراھىغا ئالدىراپ گەپ قىلمايتتى. پەقەت يىغىن ئېچىلغان چاغلاردىلا ھەممىسى بەس ــ بەستە پىكىر قاتناشتۇرۇپ، قېلىپلىشىپ قالغان سىياسىي ئىبارىلەرنى ــ «قەتئىي ھىمايە قىلىمىز»، «قەتئىي قارشى تۇرىمىز»، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يېقىنلىدىن ئەگىشىمىز......» دېگەندەك سۆزلەرنى تەكرارلىشاتتى. يىغىندىن تارقاپلا يەنە ئېغىزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ناھايىتى جىمغۇر ئادەملەرگە ئايلىناتتى. كۈندە ئىشخانىدا قىلىشىدىغان گېپىمىز ئۈچ ــ تۆت جۈملىدىن ئاشمايتتى.

ــ «دېموكراتىيە» يولىدىكى دۇكاندا شېكەر سېتىپتۇ. لېكىن، بىر ئادەمگە 300 گىرامدىن ئارتۇق بەرمەيدىكەن......

ــ دۆڭكۆۋرۈكتىكى ماگىزىندا چىپەرقۇت پالشوپكا سېتىۋاتىدۇ، ناھايىتى يارىشىملىق ئىكەن. لېكىننزە، ئۆچرەت بەك ئۇزۇن ئىكەن......

ــ دىچۆلىياڭ دەيدىغان رەخت چىقىپتۇ. ئۇنىڭ

كۆڭۈلـﻜـىنى دەزمـالـلاش كەتمـەيـدىكەن، يـۇمـاقمۇ ئـاسـان ئىكەن......

مۇشۇنداق ئۇچۇرلار ئانچە ـ مۇنچە ئىنكاس قوزغىغاندىن باشـقا، قالدى گـەپلەر ھـېـچ قولاشمـايـتتى. بـەزىـدە ئىچـىم سىقىلىپ كىملەرگىدۇر چاقچاق قىلىپمـۇ قويـاتتـىم. ئەمـمـا، خېلى قامالاشتۇرغان چاقچاقلىرىممۇ ھېچقانداق ئەكس تەسىر قوزغىيالمايـتتى، ھەتـتا بەزىلـەر چاقچاقـنى ئۆزىگـە ئېلىـپ ھۇرپىيـىپمۇ قـالاتتى. زېرىـكىپ ئـولـتۇرۇپ ئـىلـگىرىـكى ۋاقـتلارنى، ئىشخانىدا بولـۇپ تۇرىدىغـان چوڭقۇر مـەنىلىـك چـاقچاقـلارنـى، ھۇزۇر بەخـش سۆھبـەتلـەرنى، «مـەسـىـلـى» ئەپەندىنىڭ ئەسەر ئىشـلـەۋېتىـپ، «ئەھۋال مانـا شۇنداق، مانـا شۇنداق...... » دېمەكچىدەك مەنىلىك باش لىڭشىتىشلىرىنى، «بـۇركۇت» ئەپەنـدىنىڭ «پـاھ، يەنە بـىـر ئۇلۇغ ئـەسـەر!» دەپ كىنايە قىلىشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئىختـىيارسـىز كۈلۈمسـىرەيتتـىم. ئۇلار ۋە ئۇلارغـا ئوخشاش ئـادەملەرنـىڭ ۋۇجۇدىدا بىر جەلپكارلىق بار ئىدى. ئۇلار ماشىنا ئادەملەردەك سۆزلىمەيتتى. ئۇلار ئـۆزگىچىلىكى، مـەدەنىيەت سـاپاسىنـى ھەر قاچان ئىـپادىلەپ تـۇراتتى. ئۇلار بـىلەن پاراڭلىشىـش، بىللە ئىشلەش ھاياتىڭدىكى تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىـدى. بەزىدە ئـۇلارنـى ئىزدەپ بـېرىـپ كـۆرۈشـۈپ، مـۇڭدىشـىـپ كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەمما، ئارزۇلىرىم ئارزۇ پېتىچە قالاتتى. ئۆيگە بېرىپ بالىلىرىمنى كۆرۈشۈم بىلـەنلا پۈتكـۈل جاھاننـى ئۇنتـۇپ قـالاتتـىم. ئـاشۇ ئومـاقـلىرىـم ئـاتىلىـق مېھرىگە، ئەركىلىتىشلىرىمگە، ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىمگـە شـۇ قـەدەر تـەشنـا ئـىـدى. بىـر ـ بـىـرىدىـن قـىـزغىـنـىـپ قۇچاقلىرىمغا چىقىۋالاتتى، يېنىمدا يېتىشنى تالىشاتتى. مەن

پەقەت ئاشۇ ئەتىگەنلىك، كەچلىك قىسقا ۋاقىتلاردا، ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان يەكشەنبىلەردىلا ئۇلار بىلەن كۆپرەك بىرگە بولالايتتىم. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئولتۇرۇش - يىغىلىشلارمۇ ۋاقىت تەلەپ قىلاتتى. ئەر كىشى بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇنداق يەرلەرگە كۆپرەك باراتتىم. نۇرئەلا بالىلارنى، ئۆينى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارالمايتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ پىداكارلىقىغا ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ چاغلاردا بىز رۇسچە پاسوندىكى بىر يېرىم ئېغىزلىق، تاختايلىق كونا ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. ئۇ تاڭ سەھەردىن تارتىپ ئۆيلەرنى تام - تورۇس، دېرىزىلەردىن تارتىپ سۈرتۈپ پاكىزلاپ، تاختاينى يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتەتتى. بالىلارنى بىردىن - بىردىن داسقا چىلاپ يۇيۇندۇرۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەيتتى. ئارقىدىن تاماققا قوپۇپ، بالىلارنىڭ تامىقىنى بېرىپ ئۇخلىتىۋەتكەندىن كېيىن كىر يۇيۇشقا چۈشەتتى. ئۇ چاغلاردا كىر ئالغۇ نېمىش قىلسۇن، ئۆيىمىزدە ھەتتا ئەۋرەز يولىمۇ يوق ئىدى. چېلەك - چېلەك يۇندىلارنى ئاچىقىپ سىرتقا تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن ئۆيدە بولسام‌لا ئۇنىڭ يوغان چېلەكلەرنى كۆتۈرۈشىگە يول قويماي، ئۆزۈم كۆتۈرۈشۈپ تۆكۈپ بېرەتتىم. بەزىدە چىدىماي: «مۇشۇنداق جان تىكىپ ئىشلەپ ئاغرىپ قالسىڭىز قانداق قىلىمىز، بالىلار قانداق قىلىدۇ؟ ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ، ھەممە ئىشنى بىر كۈندە تۈگىتىمەن دېمەڭ، كىرنى بالا باقىدىغان ئايالغا يۇغۇزۇڭ» دېسەم، ئۇ: «مېنى شۇنداق قىلغۇسى يوق دەمسىز. لېكىن، ئۇلار كىر يۇيىمەن دەپ كەچكىچە ئولتۇرۇۋېلىپ بالىلارنى ئاچ قويىدۇ. شۇڭا،

جاپا تارتسامىۇ ئۈزۈم قىلىۋېتەي دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىدىغان ئىشلىرىمنى كېچىلەپ بولسىمۇ قىلىپ تۈگىتىۋالسام، ئەتىسى خۇددى باشقا بىرسى قىلىپ بەرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىمەن» دەيتتى.

مەن ئۇنىڭ ۋە باللىرىمنىڭ ئالدىدا هامان بىر خىل خىجالەتچىلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايتتىم. بەزى يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنى ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، «باللارنى ئېلىپ باغچىلارنى ئايلىنىپ كېلەيلى» دەپ تۇرۇۋالاتتىم. ئەمما، سىرتقا چىققاندىكىن باللارغا ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئىككىمىزنىڭ چاغلىق مائاشىمىز دائىم سىرتلارغا چىقىپ پۇل خەجلەشكە يەتمەيتتى. تەلىيىمگە نۇرئەلا قانائەتچان ئايال ئىدى. زىبۇ ـ زىننەت، كىيىم ـ كېچەكلەرگىمۇ ئانچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيتتى. تارتقان جاپالىرىدىن ۋايساپ باش ئاغرىتىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئۆيكە ـ ھېسسىپ قويۇشقا ئۇستا ئىدى، كاۋا مانتىسى، كۆدە تۇگرىسى، كۆك چۆچۈرىسى دېگەندەك تاماقلارنىمۇ ئوخشىتىپ ئېتەتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، باللىرىم تاماق خىللىمايتتى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ساغلام، ئەقىللىك چوڭ بولۇۋاتاتتى.

مەن شۇ دەۋرلەردىكى ژۇرنالچىلىقنىڭمۇ تەدبىرلىك بىر ئايالنىڭ بارىغا شۇكۇر قىلىپ قويۇق ـ سۇيۇقنى، رەڭ ـ تۈرلىرىنى تەڭشەپ تاماق باشقۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. كىشىلەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىياتقا موھتاج ئىدى. بىراق، زىيادە قاتتىق سىياسىي ئۆلچەم تۇپەيلى بۇ تەلەپكە يەتكىلى بولمىغانلىقتىن، ژانىر

تورىنى كۆپەيتىش ياكى ئەسەرلەردىكى تورمۇش پۇرىقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشاتتۇق. ئانچە ـ مۇنچە چىنلىقى بولغان، تورمۇشقا يېقىن ئەسەردىن بىرنى تەھرىرلەپ، باشلىقلارغا ئۇنىڭ «سىياسىي، ئىجتىمائىي» ئەھمىيىتىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ ژۇرنالغا چىقىرالىسام، شەھەر ئالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. بەزىدە باشلىقلارمۇ ئۆزىچە «كەڭ قورساق» لىشىپ، بەدىئىي تۈسى خېلى قويۇق، مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرگىمۇ يول قويۇۋېتەتتى. مۇنداق ئەسەردىن بىرەرسى چىقسا، دەرھال جەمئىيەتتە غۇلغۇلا بولۇپ، ژۇرنالنىڭ شۇ سانى چاپ ـ چاپ بولۇپ كېتەتتى. ئىشىمىزدىن روھلىنىپ، ئەمدى راۋۇرۇس ئىشلەيدىغان بولدۇق، دەپ تۇرساق، «بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈش» شامىلىنى توسۇش ھەققىدە ھۆججەتلەر چۈشۈرۈلۈپ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ سىياسىي ئۆگىنىشكە بەند قىلىناتتۇق. بىزدەك «بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈش» ئىدىيەسى ئېغىرراقلار بىر مەزگىل ئۇجۇقۇپ كېتەتتۇق. كۈنلەر ئۆتۈپ يەنە بىر كۈنلەر كەلگەندە ھاۋا سەل ئىللىپ، توڭلار ئېرىشكە باشلىغاندەك، ئىللىق بىر شامال يۈزلەرنى يەلپۈپ ئۆتكەندەك بولاتتى. ئىشلىتەلمەي ساقلاپ كەلگەن ئەسەرلىرىمىزنى يەنە بىر ـ بىرلەپ چىقىرىشقا باشلايتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا تېلېۋىزور يوق ئىدى. ئۇن يىللاپ چەكلىنىپ كەلگەن مۇھەببەت، تورمۇش تېمىسى كىشىلەرنى بەكمۇ جەلپ قىلاتتى. شۇ چاغلاردا قويۇلغان رومىنىيە كىنولىرىدىكى مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرى تاماشىبىنلارنىڭ بۇ خىل تەشنالىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. كىشىلەر ئاشۇ كىنولارنىڭ مۇزىكىلىرىنى، دۆلىتىمىزدە

ئىشلەنگەن «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» فىلىمىنىڭ مۇھەببەت كۈيلەنگەن ناخشىسىنى غىڭشىپ يۈرۈشەتتى. قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە تەلەپ قويغاندا مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىكى تەسىرلىك جۈملىلەر ۋە مۇھەببەت خەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىشاتتى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دۇنيادا نېمە چەكلەنسە، ئادەملەرنىڭ شۇنىڭغا شەيدا بولۇشى بىر قانۇنىيەت بولسا كېرەك.

قانداقلا بولمىسۇن، 1970 - يىللار ئاخىرلاشقانچە، قاتتىق سىياسىي بېسىم بىلىنەر - بىلىنمەس ئاجىزلاشقا باشلىغانىدى. بۇ خۇددى فېۋرالدا بىنالارنىڭ لەمپىسىگە قاتار ئېسىلىپ تۇرغان چوكا مۇزلارنىڭ ئېرىپ، چىك - چىك تامچە بولۇپ ئېقىشقا باشلىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. لېكىن، ئۈرۈمچىنىڭ قىشى تېخى ئۇزاق ئىدى.



## 19

1979 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا، ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان ئۇستىلىمدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك ئالدىدىن ئېگىز بوي، ئاق سېرىق بىر ئايال ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى نەدە كۆرگەن بولغىيدىم، ئەجەب تونۇشلا بىرسىغۇ، دەپ خىيال قىلىپ تۇرسام، ئارقىسىدىن بويسۇرە تىزىلغان بەش بالا قاتارلىشىپ ئۆتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى سېرىق ئىدى، بولۇپمۇ چوڭى — ئۆسكىلەڭ، يوغانباش، قىسقا ياسىتىلغان سېرىق چاچلىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك تىك - تىك تۇرغان ئوغۇل بالا ماڭا كىمنىدۇر ئەسلەتتى. خىيالىم ئاخىرىغا چىقماي تۇرۇپ، بالىلارنىڭ كەينىدىن بىر ئادەم ئۆتتى،

قارىماققا جاپاكەش دېھقانغىلا ئوخشايتتى. ئەمما، ئۇ ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى. مەن بىلەن نەچچە ئاي ياتاقداش بولغان، مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇرغان بۇ ئادەمنى مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي، ئۇ ئائىلىسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەت بىر جايغا دېھقان بولغىلى كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت ئۇ ھەققىتە ئانچە - مۇنچە مىش - مىش گەپلەرنىلا ئاڭلىغان. مانا ئەمدى 16 يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە قايتىپ كەپتۇ. خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنگە قارىغاندا، پۈتۈنلەي قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ! ئىشخانىدىكىلەرگە «غۇلام ئاكا قايتىپ كەپتۇ» دېسەم، ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كارىدورغا چىقىشتى. غۇلام ئاكىلارنىڭ نېرىقى باشتىكى باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۆپچىلىك ئۇنى - بۇنى دەپ مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كېتىشتى.



— قارىغاندا، باشلىقلار چاقىرتقان ئوخشايدۇ جۇمۇ......

— غۇلام ئاكىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولغان، بەك ئۇزاق ئىشلەپ كەتتى بىچارىلەر. قاراڭلار، تۇرقىمۇ دېھقانلارغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

— ئاڭلىساق، باشقا ئورۇنلاردىمۇ 50 — 60 - يىللاردا خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئادەملەر مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ قايتىپ كەپتۇ دەيدىغۇ......

باشلىق ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، يەنە بۇرۇنقى تەرتىپتە: ئالدى بىلەن ئېگىز بويلۇق زۇلفىيە ھەدە، ئۇنىڭ بويسۇرە تىزىلغان بالىلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا غۇلام ئاكا چىقىپ كەلدى. بىزنىڭ ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بۇ سەپ

بىر پەس بوزۇلدى. سالامىلىشىشتىن كېيىن، زۇلفىيە ھەدە كۆپچىلىكنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، غۇلامىكامنىڭ مەسىلىسى ھەل بولغانلىقىنى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ھېچنېمىگە قارىماي قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتىپ، تارتقان جاپالىرىنى بىرەر قۇر ئەسلەپ كۆز يېشىمۇ قىلدى. غۇلام ئاكا بولسا ئىلگىرىكىدەك بىر خىل قىياپەتتە تۇراتتى، ئۇنىڭ ئارتۇقچە خۇش بولغانلىقى ياكى ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت ئايالى سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايىدا خىجىللىقتەك بىر ئىپادە پەيدا بولدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، يېقىن ـ يورۇقلاردىن بىر نەچچىمىز يىغىلىپ غۇلام ئاكىنى كۇتۇۋالغان سورۇندىمۇ ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلانمىغاچ كەتمىدى. خۇددى باشقا بىرسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا:

— مەن ئۇ يەردە بەش خىل ئۇنسۇرلارنىڭ قاتارىدا ئىشلىدىم. ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلدىم، توڭگۇزمۇ باقتىم، ھاشالارغا باردىم. لېكىن، ئىشلىگەنگە ئادەم ئۆلمەيدىكەن. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز يىل بويى شۇنداق ئىشلەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئاشۇ ئېغىر ئەمگەكلەر مېنى قالايمىقان ئويلاردىن، ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇ يەردە بىر مەزگىل ياشىغىنىم توغرا بولغاندۇ، — دېگەنىدى. ئۇنىڭ بىر كۆزى باشقىچە ئىدى. چانىقىغا بىر پارچە مۇز پاتۇرۇپ قويۇلغاندەك ھەرىكەتسىز، ياشاڭغىراپ كۆرۈنەتتى. يەنە بىر كۆزى كۇل ئاستىدىكى چوغدەك ۋىل ـ ۋىل چاقنايتتى. ئۇ كۆزى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىدى، بىزمۇ سورىمىدۇق. ئەمما، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئىسيانكارلار ئۇنىڭ بىر كۆزىنى ناكار قىلىپ

قويغانلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىغانىدۇق. بەزىلەر قاتتىق تاياق زەربىسىدىن شۇنداق بوپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر كۆزىگە زەھەرلىك دورا قۇيۇۋەتكەنمىش، دېيىشەتتى.

شۇ كۈنى ــ غۇلام ئاكىلار قايتىپ كەلگەن كۈنى چۈشتە بىز ئىشتىن چۈشۈپ ئىدارە قورۇسىغا چىقساق، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە يۈك ـ تاقلار، يەشىك ـ تاغارلار دۆۋىلىنىپتۇ. يۈك ـ تاقلارنىڭ يېنىدا غۇلام ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ سىرتقا تاماق يېگىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇلار چۈشتىن كېيىنمۇ قورودا ئولتۇرۇپ ساقلاشتى. ئەمما، «ئۇشتۇمتۇت» كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىدارە تەرەپ ئۇلارغا دەرھال ئۆي تېپىپ بېرەلمىدىمۇ ياكى غۇلام ئاكىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەي، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىمۇ، ھەرھالدا ئۇلار بىلەن بىرەرسىنىڭ كارى بولمىدى. بىز ئۇلارغا بۆلۈنۈپ تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئۆيىدە بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدۇق. غۇلام ئاكا ئۈنچىقماي، يالغۇز كۆزىنى كىشىلەردىن ئېلىپ قاچتى. زۇلفىيە ھەدە دەرھال ئېغىز ئېچىپ:

ــ بىز ھېچ نەگە بارمايمىز، مۇشۇ قورۇدا ياتىمىز. شۇنچە جاپانى تارتقان ئادەم قورۇدا يېتىشتىن قورقاتتۇقمۇ! ــ دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۆيۈمدە زادى ئارام تاپالمىدىم. ھېلى ئولتۇرىمەن، ھېلى قوپىمەن، ئىچىم تىتىلداپ، قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ. كۆز ئالدىمدىن يۇرۇش ـ تۇرۇش، چىرايىغا يىراق يۇرتلارنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى ۋە بوران ـ

چاپقۇنلىرى سىڭىپ كەتكەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان قىياپىتى، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىكى يېشىغا ماس بولمىغان مۇڭ، ۋەھىمە ۋە ئۈمىد ئىچىمنى سىقىدۇ...... ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. نۇرئەلا بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ ئەكەلمەكچى بولدۇم. بارساق، ئۇلار قورودا ئورۇن - كۆرپىلەرنى سېلىپ يېتىشقا تەمشىلىۋېتىپتۇ. غۇلام ئاكىغا بولسا بىر چەتكە توختىتىپ قويۇلغان رېزىنكە چاقلىق هارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورۇن راسلاپ بېرىپتۇ. ھەممىسى شۇنداق روھلۇق، خۇشال. غۇلام ئاكا بىلەن ئايالى تەكلىپىمگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتتى. غۇلام ئاكا ئىككىمىز دەرەخ ئاستىدا تاماكا چېكىشكەچ بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئۇ ماڭا ئۆزى ئىشلىگەن يەرلەر توغرىسىدا قىسقىچە پاراڭ قىلىپ بەردى. ئۇ مەن تولا ئۇچراتقان ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆزى ياشىغان ئاشۇ يەرلەر ۋە ئۇ يەردىكى ئادەملەردىن زارلانمىدى، ئەكسىچە بىر خىل ئەقىل - پاراسەت، ئۆزگىچە نەزەر دائىرە، يۇمۇرىستىك تۈيغۇ بىلەن ياخشى ئادەملەرگە ۋە ئاشۇ يۇرتلارغا بولغان تارتىشىشى، مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقان چېغىمىزدا، غۇلام ئاكا نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بىرپەس تۇرۇپ قېلىپ، يۈك - تاقلارنىڭ ئارىسىدىن بىر بوغجۇمنى تارتىپ چىقاردى. ئۇنى ماڭا تۇتقۇزۇپ:

— بۇنىڭدا بەزى ماتېرىياللىرىم ۋە كىتابلىرىم بار. بىرەر ئىشەنچلىك ماكانغا ئېرىشكۈچە سىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى.

يولدا كېتىۋېتىپ ھاۋانىڭ تۇتۇلۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، يامغۇر يېغىپ قالارمۇ، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ئەمما، يامغۇر ياغمىدى. ئۇلار قورۇدا ئىككى كۈن تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا كەلسەك، قورۇدا ئۇلار كۆرۈنمىدى. دەرۋازىۋەندىن باشلىقلارنىڭ قانداقتۇر بىر ئاماللار بىلەن ئۇلارغا ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىرەر ئايدىن كېيىن غۇلام ئاكا ئامانىتىنى ئالغىلى كەلدى. مەن ئۇنى تاماققا تۇتۇپ قالدىم. ئىككىمىز كىچىك شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ئۇ بوغجۇمىنى ئېچىپ ئىچىدىن باغلام - باغلام قەغەزلەرنى ئالدى. مەن بۇلارنى ئۇنىڭ ئاشۇ يەرلەردە يازغان ئەسەرلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، بۇلار ئەسەر ئەمەس، ئۇنىڭ 17 يىلدىن بۇيان يازغان تەكشۈرۈشنامىلىرى ئىكەن. بۇ تەكشۈرۈشنامىلىرىنىڭ بەزىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى ئىشلىتىدىغان تاپشۇرۇق دەپتەرنىڭ ۋارىقىغا، دۇكانلاردا سېتىلىدىغان سىزىقلىرى زىچ، نېپىز قەغەزلەرگە يېزىلغان بولسا، بەزىلىرى ئوخشاش چوڭلۇقتا كېسىپ تۈپلەنگەن، چاي ياكى سوپۇن پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان قېلىن سارغۇچ قەغەزلەرگە، چاقماق قەنت ئورىغان قەغەزلەرگە، ھەتتا كېسىپ تەكشىلەنگەن تاماكا قېپىنىڭ ئاق تەرىپىگە يېزىلغانىدى. بۇ قەغەزلەرگە يېزىلغان ئىجىر - مىجىر خەتلەردىن غۇلام ئاكىنىڭ بۇلارغا نەقەدەر كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

— مۇشۇلارنىڭ ئورنىغا رومان يازغان بولسىڭىز تۈت - بەش رومان گەپ يوق پۈتۈپ قالاركەن، — دېسەم، غۇلام ئاكا بىرپەس جىم بولۇپ قالدى. كېيىن گەپنى بىردىنلا يۆتكەپ،

بىر «ئۇنسۇر» نىڭ تەكشۈرۈش يېزىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كەتكەنلىكى، دائىم سۆزلەيدىغان قېلىپلاشقان گەپلەرنى، «جىنايەت» لىرىنى، توۋا قىلغانلىرىنى ۋە ۋەدىلىرىنى قاپىيەلەشتۈرۈپ تىزىپ ناھايىتى ئۇزۇن شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ ئوقۇپ يۈرگەنلىكى، ئاكتىپلار بىلەن بەزى باشلىقلار ئۇنى ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ، دىققەتنى بۇرىماقچى بولدى، پىرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مەسخىرە قىلدى، دەپ تۆرمىگە سولىتىۋەتمەكچى بولغاندا، بىر خەنزۇ شۇجى ئۇنىڭ تەكشۈرۈشنامىسىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ كېتىپ «بولدى، بولدى، سولاشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ بىر تالانت ئىگىسى ئىكەن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدىكەن» دېگەنلىكتىن، ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. نۇرئەلا ئىككىمىز بۇ «تەكشۈرۈشنامە» نىڭ بەزى مىسرالىرىنى ئېسىمىزدە تۇتۇۋېلىپ خېلى كۈنلەرگىچە كۈلۈشۈپ يۈردۇق. غۇلام ئاكا شۇ چاغدا ماڭا ئۆزى يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن قازاق يازغۇچىسى مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ «ئاباي يولى» ناملىق رومانىنى يادىكار قىلدى. كۆپ ئوقۇلغانلىقتىن بولسا كېرەك، كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ئېزىلىپ بەزى بەتلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ بۇ رومانىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن......

غۇلام ئاكا ئىلگىرىكىدەكلا خىيال سۇرۇپ جىمجىت يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن يەنىلا چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك يۈرەككە تېگىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، ئۇ يازمىدى. كېيىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ،

سىياسىي تەلەپلەر خېلى بوشىغان چاغلاردىمۇ ئۇ بىرنەچچە ئەسلىمىدىن باشقا نەرسە يازمىدى. ئاشۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە ئەسلىمە ئۇنىڭ ئوي - پىكىر، بەدىئىي ئىستېبدات جەھەتتە يەنىلا زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ بالىلارغا خاس تەئەججۇپ، ئويچانلىق، گاھىدا يۇمۇر، گاھىدا مۇڭ تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان يالغۇز كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، جىمجىت يۇرەتتى. بەلكىم ئۇ ھوقۇق كۈچى ئالدىدا ئەدەبىيات دېگەننىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلەنگەندۇ ياكى ئۇزاققا سوزۇلغان زىيادە ئېغىر ئەمگەك، غەيرىي ئىنسانىي مۇئامىلە تۇپەيلى بارلىق خام خىيال، تەسەۋۋۇر ۋە ئىلھاملىرىدىن ئايرىلىپ، چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرى ۋە تىرىكچىلىك غېمىدىن باشقىنى ئويلاش ئىمكانى يوق ئادەتتىكى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندۇ. لېكىن، شۇنىسى ھەقىقەتكى، خەلق ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇنى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، دەپ ئەزىزلەپ كەلدى، بەلكىم مەڭگۈ شۇنداق بولار.

غۇلام ئاكىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئاشۇ قايغۇلۇق كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ يادىكارى بولغان «ئاباي يولى» رومانىنى ئىزدەپ تاپتىم. مەن ئۇنىڭ بەت ۋە قۇرلىرىدىن غۇلام ئاكىنىڭ كۆز نۇرى، ھېسسىياتى ۋە روھىنى ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك خىيالىي بىر تۇيغۇ ئىلكىدە ئۇنى ۋاراقلاۋاتقىنىمدا چۈۋۈلۈپ كەتكەن بەتلەر ئارىسىدىن بىرنەچچە ۋاراق قەغەز ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇنىڭدىكى ئىمىر - جىمىر خەتلەر دەل غۇلام ئاكىنىڭ خەتلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىكى

باش ـ ئاخىر يوق مەزمۇنلارغا قارىغاندا، بۇ بىر كۈندىلىك خاتىرىنىڭ ئۈيەر ـ بۇيېرىدىن چۇشۇپ قالغان بەتلىرىدەك قىلاتتى. بۇ بەتلەر قانداقتۇر ئالدىراشلىق ياكى ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلى «ئاباي يولى» نىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغانىدى. مەن ئۇستەل چىرىغىنى يېقىن ئەكېلىپ قىزىقىش ھەم تەشنالىق بىلەن غۇلام ئاكىنىڭ كۆڭۈل خاتىرىلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم.

«زاغرا بىلەن ئۇماچ ئەمدى ئۇلارنىڭ دائىملىق تامىقى بولۇپ قالغانىدى، ئۇنى يېمىسە ئاچ قالاتتى. زۇلفىيە دەسلەپكى كۈنلەردە قاچىدىكى ئۇماچقا قاراپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتى، ئەمدى ئالدىراپ ئىچىدىغان بولدى. باللارچۇ، بالىلار تېخىمۇ ئاسان كۆنۈپ كەتتى. ئۇلار چوڭ بولۇۋاتىدۇ ـ دە، ئۇماچ بىلەن زاغرىنى تالىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھالەتتىن بەزىدە كۆڭلۈم بۇزۇلسا، بەزىدە خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن. راستىمنى ئېيتقاندا، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مەن ئۇلارنىڭ بۇ تاماقلارغا كۆنەلمەي ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. مېنى مەمنۇن قىلىدىغىنى، ئۆيىمىز ئىچكىرى ـ تاشقىرى بولۇپ ئىككى ئېغىزلىق. ئەتراپىمىزدا سەككىز ـ ئون جان بىر ئېغىز ئۆيدە ياشايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئابلىكىم ئاخۇن ئىسىملىك ئېگىز بوي، ئاق سېرىق ئادەمنىڭ يەتتە بالىسى بار، بىر ئېغىزلىق ئۆيگە پاتمىغانلىقتىن، چوڭراق باللىرىنى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتكەنىكەن. ئاڭلىسام، ئۇ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا شىخۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقانىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققۇم كېلىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە ھاي بېرىمەن. ئىككىمىز يۈزمۇيۈز

ئۈچ ئۈچرىشىپ قالغان چاغلاردىلا بىشىمىزنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتىپ سالاملىشىمىز. ئۇنىڭغا قارىغاندا، نېرىقى چەتتە ئولتۇرىدىغان كۆپ بالىلىق خەنزۇ قوشنام ماڭا كۆپ يېقىنچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك ئۈچ بورجەك پۇتلۇق ئايالى زۇلفىيەگە كۆكتاتلارنى توغراپ ئارغامچىغا يېيىپ قۇرۇتۇشنى ئۆگەتتى. ئىلگىرى زۇلفىيە ئۇنىڭدىن لاتا ئاياغنىڭ چەمىنى سىرىشنى ئۆگىنىۋالدىم دەپ، خۇشال بولۇپ يۈرەتتى. بالىلارغا لاتا ئاياغ تىكىپ بېرىپمۇ باقتى، ئەمما، بالىلارنىڭ بىرەر ئايغا قالماي يىرتىۋەتكىنىنى كۆرۈپ، قىممەت بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تېرە ئاياغلىرىمىزغا يەتمەيدىكەن، دەپ چەم سىرىشتىن ۋاز كەچتى. ئەمما، بۇ يەرنىڭ دۇكانلىرىدىن بالىلارنىڭ خۇرۇم بەتىنكىلىرىنى سېتىۋالماق بەك تەس، ئامالسىزلىقتىن بالىلىرىم رېزىنكە ئاياغلارنى پايتىما يۆگەپ كىيىپ يۈرىدۇ ...... 15 كۈندىن بېرى ئەمتاخۇن ئىسىملىك بالا «ئۇنسۇر» بىلەن ھاشاردا ئىشلەۋاتىمىز، ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق، قورساقمۇ ئېچىپلا تۇرىدۇ. سوغۇققا، ئاچلىققا چىداپ سۇ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان قىم ـ قىم ئادەم ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خۇددى ئوت ـ خەستەك ئەرزىمەس، ئىشەنچسىز سېزىسەن. ھەر كۈنى دېگۈدەك بىركىملەر قاتتىق قىزىپ ئاغرىپ قالىدۇ، كېچىچە يۆتىلىپ ئۇخلىيالمايدىغانلارمۇ بار. بىر ـ ئىككى ئادەمنى ئۆلۈپ قاپتۇ دېگەن گەپلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، تولا ئادەمنىڭ قىزغىنلىقى ۋە جاسارىتى ناھايىتى ئۈستۈن. بۈگۈن ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ئەمتاخۇنغا ئىسسىق ئۆيۈمنى شۇنچىلىك سېغىنغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ:

ـــ تەلەيلىككەنلا، ھەنىم بولسا بۇ يەردىن قايتقاندا

كىرىدىغان ئىسسىق ئۆيلىرى، يوللىرىغا قاراپ ئولتۇرغان خوتۇن - بالىلىرى باركەن، — دىدى.

— سىزنىڭمۇ ئۆيىڭىز، خوتۇن - بالىلىرىڭىز باردۇ؟ — سورىدىمەن.

— خۇدايىم مېنى ھېچنېمىدىن ئېيتماپتىكەن، — دەپ جىم بولۇپ قالدى ئەمىتاخۇن. كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئەسلى ئەمىتاخۇن بىلىملىك، دادىل ياش كادىر بولغاچقا، ناھايىتى ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنىكەن، چىرايلىق ئايالىمۇ بار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ مەلۇم بىر ئەترەتتىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالغانلىقى، ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ئۇلارغا قەرزگە ئاشلىق بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەترەت كادىرلىرىغا:

— ئەترەت ئامبىرىدا ئاشلىق تۇرۇپ، نېمىشقا دېھقانلارغا بەرمەيسىلەر؟بۇ ئادەملەر باي ۋەقەسىدىكىدەك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە مەيلىمۇ؟ — دېگەنىكەن. «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىدە ئۇ «پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپتۇ، كادىرلىقتىن ۋە پارتىيەدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈۋېتىلىپتۇ. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھازىر قېرىپ قالغان يالغۇز ئانىسىنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ......

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەمىتاخۇننىڭ نېمە ئۈچۈن قايتا - قايتىلاپ مەندىن: «ئەپەندىم، سىلى چوڭ يەردىن كەللە، سىلىدىن شۇنى سوراپ باقاي، بۇ دۇنيادا نېمىشقا راست گەپ ئاقمايدۇ؟» دەپ سورىغىنىنىڭ تېگىگە

يەتتىم......

ئەمەتاخۇننى قورالىق خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. مەيدان ئىشخانىسىدىكى بىر كادىر ئۇنىڭ «جىنايەت»لىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە كۆپچىلىكنى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. ئارقىدىن بەزى دېھقانلارمۇ بوغۇنكى بەختلىك كۈنلەرنى مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى گەپ ـ سۆزلىرىنى پاش قىلدى. خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇردى. ئەگەر خەلق ئەسكەرلىرى توسۇپ تۇرمىغان بولسا، دېھقانلارمۇ ئۇنى ئۇرۇپ بىر يەرگە ئاپارغان بولاتتى. مەن ئاخشىمى ئۇزاققىچە ئەمەتاخۇننى ئويلاپ ياتتىم. ياپياشلا بالا ئىكەن، كاللىسىدا توختىماي ھەر خىل سوئال پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن. ئەتراپىدىكى ئىشلارنى كاللا ئىشلىتىپ ئويلىنىپ باقىدىكەن. ئويلىغانلىرىنى يوشۇرۇپمۇ يۈرمەيدىكەن. بوغۇنكى يىغىندا بەزى ئادەملەر ئۇزىنى تازا كۆرسىتىۋالدى. ئاكتىپلارغىمۇ بىرنىمە دېيىش ھاجەتسىز. ئەمما، ئاۋۇ دېھقانلارچۇ؟ دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىشى، ئۇنى خەتەرلىك ئادەم، دەپ قارىشى ھەيران قالارلىق ئىش. ئۇلار قىيىن كۈنلەردە تۇرغاندا، جىمى كادىرلار بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغاندا، پەقەتلا ئۇ: «دېھقانلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە مەيلىمۇ؟»، دېيەلىگەن»

«...... يىغىن ئاخىرىدا، قاشقىسى بارلار ھەممىمىز ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ قويۇلدۇق. بىز ھەر ھەپتىدە ياكى ئون كۈندە بىر قېتىم ئەترەتلەردە كۈرەش ـ تەنقىد قىلىناتتۇق. ھەرقايسى ئەترەتتىكىلەر باشقىلاردىن

ئاشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ھەر قېتىمدا يېڭىچە كۆرەش قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئويلاپ تاپاتتى. بىر قېتىم ئىسيانچىلار بىزنى ئوتتۇرىغا قاتار تىزىپ قويۇپ، بېشىمىزدىكى قەغەز قالپاقلارنى مەسىلىمىزنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن سىرلاپ چىقماقچى بولۇشتى. مېنىڭ قالپىقىم ئاق سىرلاندى، ئەمىتاخۇنىنىڭ كۆل رەڭ، ئابلىكىم ئاخۇن بىلەن خەنزۇ قوشنىمىزنىڭ قارا، يەنە بەزىلەرنىڭ سېرىق...... سىرلاندى. سىر قەغەزدە توختىماي يۈز ـ كۆزىمىز، بويۇنلىرىمىزغا، كىيىملىرىمىزگە ئاقاتتى. ئۇنى قولىمىز بىلەن سۈرتكەنسېرى، چىرايىمىز ئالىبۇلىماچ بولۇپ كېتەتتى، كۆرەش قىلىۋاتقانلار بولسا بىزگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى......

شۇ چاغدا ئوڭ كۆزۈمگە سىر كىرىپ كەتتى. سۈرتەي دېسەم قوللىرىم، چاپانلىرىم...... ھەممىلا يەر سىر، باش ئۈستىدىكى قالپىقىمدىنمۇ توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ، چاپىنىمنىڭ پېشىنى قايرىپ كۆزۈمنى ئاران سۈرتەلىدىم. ئەمما، كۆزۈم ئېچىشىپ ئاغرىپ زادى چىدىيالمىدىم. يىغىندىن كېيىن مەيدان دوختۇرخانىسىدىكىلەر كۆزۈمنى يۇيۇپ تازىلاپ، دورا تېمىتىپ قويدى. ئەمما، ئەتىسى ئوڭ كۆزۈم قىزىرىپ ئىششىپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئىشلەپ يۈردۈم. ئارىدا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بارماقچى بولغانىدىم، ئەمماپېمە سەۋەبتىندۇر رۇخسەت بېرىشمىدى. مەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا كۆرۈنگۈدەك پۇرسەتكە ئېرىشكەندە، دوختۇرلار كۆزۈمدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى ئېيتتى. بۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچى يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمىتاخۇن بېشىغا پاتماي تۇرىدىغان قاپقارا چاچلىرىدىن،

يەنە بىرنەچچەيلەن ئاڭلاش سىېزىمىدىن ئايرىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم ئەيىبلەنمىدى. ئەكسىچە كىشىلەر ئۆتكەن شۇ ۋەقەنى ئەسلىگەندە ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى قىزىقارلىق، غەلىتە ھالەتلىرىمىزنى دوراپ كۈلۈشە ـ كۈلۈشە دوملاپ كېتىشىدۇ...... »

«1970 ـ يىلى قىشتا دۆپى گەي (كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش) ھەرىكىتى باشلاندى. مەيدان ئورگىنىدىن كەلگەن قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى مېنى 7 ـ ئەترەتكە ھەيدەپ ئاپىرىپ چوڭ بىر زالغا سولىۋەتتى. ئۇلار ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىدىغانلىقىمنى ئېيتقان، ئەمما، بۇ يەردە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىدىغاندەك قىلمايتتى. زالدا مەندىن باشقا بىرلا ئادەم ـــ ئەمىتاخۇن بار ئىدى. ئىككىمىزنى تۆت ـ بەش قوراللىق ئادەم ساقلايتتى. سۆزلىشىشىمىزگىمۇ يول قويمايتتى. مەش قويۇلمىغان سوغۇق زالدا توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن توختىماي پۇتىمىزنى يەرگە ئۇراتتۇق ياكى ئۇياندىن بۇيانغا يۈگۈرەيتتۇق. زالدا تۆت كۈننى مىگبىر جاپادا ئۆتكۈزدۇق. 5 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئەترەت ـ ئەترەتتىن 80 دەك ئادەم يىغىلدى. بىز شۇ كۈندىن تارتىپ ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئايغىچە ئوتتۇن توشۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، زەيلىك چېپىش، چۈچۈكبۇيا كولاش، ئورما ئورۇشتەك ئەمگەكلەرگە قاتناشتۇق. ئارىدا كۈرەش يىغىنلىرى ئېچىلىپ كۈرەش قىلىندۇق. ‹ئىدىيە ئۆزگەرتىشنى ئويۇنغا ئايلاندۇردۇڭ› دەپ قولۇمغا كويزا سېلىپ قويغان، مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇرمىدىڭ دەپ كېچىسى ئۇخلاتمىغان، كۈندۈزى دەم ئالدۇرمىغان، بەزىدە تاماقمۇ بەرمىگەن كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ كۈنلەرگىمۇ بەرداشلىق بەردىم. ئاخىر ئۆگىنىش تۈگەپ، ئەمىتاخۇن ئىككىمىزنى 9 ـ ئەترەتكە

يۆتكىدى. بۇ ئەترەتتىكى ئىككى ئادەم ھاشاردىن قېچىپ كەلگەنىكەن. ئورنىغا ئەمىتاخۇن ئىككىمىز بەلگىلەندۇق. مەن ئۆيدە ئۈچ كۈنلا تۇرۇپ، 4 ـ كۈنى سەھەردە ئەمىتاخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىككىمىز بىرلىكتە ناھىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ناھىيە بازىرىغا يېرىم كېچىدە يېتىپ باردۇق. پۇلىمىز، يا ياتىدىغان يېرىمىز بولمىغانلىقتىن، مېڭىپ يۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدۇق. سەھەردە ئېلىۋالغان نانلىرىمىز بىلەن ناشتا قىلىپ بولۇپ يولدا كېتىۋاتساق، تونۇش بىر كىشى ئۇچراپ قالدى. ئۇ تىراكتوردا ھاشار مەيدانىغا ماتېرىيال توشۇۋاتقانىكەن. ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭدىن تىراكتورغا چىقىرىۋېلىشنى ئۆتۈندۇق، ئەمما ئۇ رەت قىلدى. چۈنكى، بىزدەك ئادەملەرنىڭ ماشىنا ـ تىراكتور، ھارۋىلاردا ئولتۇرۇش ھوقۇقىمىزمۇ يوق ئىكەن. بىز پىيادە مېڭىپ كەچتە ئىش ئورنىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، كېچىكىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىندۇق. كىشىلەر بىزنى «ۋەتەن خائىنى»، «ئۆزگەرمەس جاھىل ئەكسىلئىنقىلابچى»، «بۇزغۇنچى» دەپ ھاقارەتلەشتى. ئەمما، ئۈچ كۈندىن بېرى كۆزىمىزنى يۇممىغانلىقىمىز، پەقەت بىر ناندىن باشقا نەرسە يېمىگەنلىكىمىزنى ئاڭلايدىغان ئادەم نەدە...... »

ھەممىسى شۇنچىلىكلا ئىدى. بۇ بىرنەچچە ۋاراق خاتىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىچۇ؟ ئۇ بىرەر ئەسەرنىڭ ياكى كۈندىلىك خاتىرىنىڭ پارچىسىمۇ؟ ئۇنداقتا غۇلام ئاكا سۈرگۈن ھاياتى توغرىسىدا بىرەر نەرسە قالدۇرغانمىدۇ؟...... ئۇنى پەقەت غۇلام ئاكىنىڭ ئۆزىلا بىلسە كېرەك. يوشۇرۇنچە، ئالدىراپ يېزىلغان بۇ خەتلەرنىڭ ئاددىي جۈملە، ئىخچام بايانلىرىدىن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مەنىلەر، سىرلار، دەرد ـ

ئەلەملەر تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك، ھەممىسى يىغلىپ، تاغدەك زورىيىپ مېنى بېسىپ كېتىۋاتقاندەك، دېمىم سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇلار پەقەت غۇلام ئاكىنىڭ 17 يىللىق ھاياتىنىڭ قىسمەن، پارچە - پۇرات كۆرۈنۈشلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. شۇنچە دەردنى بىر ئادەمنىڭ ئىچىگە سىغدۇرۇپ كېتىشى، ئۇن - تىن چىقارماي ئىچىدە ساقلاپ كېلىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. ئەمما، ئۇنى ھېچكىمگە تىنغىلىمۇ بولمايتتى، ھېچكىمگە. بەلكىم ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكتىن قورقۇپ، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە قارىماي مۇشۇ خاتىرىلەرنى يېزىپ، ئارقىدىن ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولۇشى، مۇشۇ ئۇسۇللار ئۇنى سارالڭ بولۇپ قېلىشتىن ياكى ئۆلۈۋېلىشتىن ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ يىللاردا بۇنداق پاجىئەلەرنى كۆپ ئاڭلىمىدۇقمۇ.

مەن غۇلام ئاكىنىڭ بۇ يازمىلىرىنى ئۇنىڭ ئايالىغا ياكى بالىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم. ئەمما، ئۇلار ئۇنىڭ ئۇنداق بىر خاتىرىسىنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن ھەم بار ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەيدىكەن. ئايالى ئۇنىڭدىن قالغان نەرسىلەرنى بىرمۇبىر رەتلەپ، ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەپتۇ. ئەمما، ئاللىقانداق «كۈندىلىك خاتىرە» نى كۆرمەپتۇ. ئۇنىڭدا يېزىلغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ بىلىدىغان ئىشلار ئىكەن، بەزىلىرىنى بولسا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ خاتىرىلەرنى مەن يەنە «ئاباي يولى» نىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. كىم بىلىدۇ، بىر كۈنلەردە غۇلام ئاكا ھەققىدە بىرەر ئەسلىمە يېزىپ قالامدىمەن تېخى.

غۇلام ئاكا ئاقلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي مەنمۇ ئاقلاندىم. مەسىلىلىرىم ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولدى. ئارقىدىن

«مەشئەل» ئەپەندى تۆرمىدىن ئازاد قىلىندى. «بۆركۆت» ئەپەندىمۇ ئەمگەك قىلىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قايتىپ كەلدى. خەلق قەدىرلەيدىغان بىلىملىك، پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ھايات قالغانلىرى يەنە يىغىلدى. چۆلدەرەپ قالغان مەرىپەت بېغى بىر مەھەل يەنە ئاۋاتلاشتى. بۇ باغ تارىختا تالاي قېتىم گۈللەپ ياشنىغان. قىزىلگۈللەر ئوت يالقۇنىدەك يامراپ، بۇلبۇللار نەپەسلىرىدىن قان تۆكۈپ سايراشقان. پەلەكنىڭ بىر كۈنلىرىدە بۇ گۈللەر يەنە پايخان بولۇپ، بۇلبۇللارنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان. باغۇ بوستانلىقتىن قاغا ـ قۇزغۇنلار ئورۇن ئالغان. بۇ زېمىندا تۆكۈلگەن قانلاردىن يۇلغۇنلار ئۈنۈپ چىققان. زېمىندىكى نالە ـ پەريادتىن تۇغراقلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن. بۇ زېمىنىنىڭ تاغلىرى تۆرمىلەر بىلەن تولغان. تۆرمىلەردىكى قاباھەتتىن ئۆرتىنىپ تاغلار تاقىرلىشىپ كەتكەن. ھەر قېتىمقى زور يانغىندىن كېيىن ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر قايتا كۆكلىگەندەك، ھاياتمۇ تەۋرەنمەس قانۇنىيىتى بويىچە داۋام قىلىۋەرگەن. باغۇ ـ بوستانلار ئەسلىگە كېلىپ، كاككۇك ـ بۇلبۇللار سايراشقا باشلىغان. بۇ يىللاردىمۇ شۇنداق بولدى. كىشىلەر تەستە كەلگەن تىنچ ـ ئازادە كۈنلەردىن خۇرسەن بولۇشتى. ھېسسىياتچان شائىرلار ئادىتى بويىچە ئەڭ ئاۋۋال ھەرىكەتكە كەلدى. ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ماختاپ ھالىدىن كەتكەنلەر ئەمدى بەس ـ بەستە ئىسلاھاتنى، يېڭى دەۋرنى ماختاشقا چۈشۈشتى. بىر چاغلاردا دېڭ شياۋپىڭنى سۆكۈپ بىر تىيىنگە ئالغۇسىز قىلىۋەتكەنلەر ئەمدى ئۇنى كۆككە ئۇچۇرۇپ ماختاشقا چۈشۈشتى. ئەپسۇسكى، دېڭ شياۋپىڭ ئۇيغۇرچىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ شېئىرىنى ئوقۇيالمايتتى.

ئىككىنچى يىلى مەن بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئىككى يىللىق نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدىم. ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندىم.

يىللاردىن بۇيان بىر ئارمىنىم بار ئىدى. ئۇ ژۇرنالنىڭ بىرەر سانىنى ئۆز ئارزۇيۇمدىكىدەك چىقىرىپ بېقىش ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمغا ئەمدى يېتىدىغاندەك قىلىمەن. ئەمما، ئېغىر بىر شەرت بىلەن، ئۇ بولسىمۇ جاۋابكارلىق، خەلق ئالدىدىكى، ماڭا ئىشەنگەن كىشىلەر ئالدىدىكى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز ۋىجدانىم ئالدىدىكى جاۋابكارلىق.

مەن ئىزچىل ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەلگەن ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھىمايىچىسى بولۇشقا، قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدا چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرلەرنىڭ بىرىنىمۇ زايە قىلماسلىققا تىرىشتىم. ئەدەبىياتنىڭ قۇرۇق، ساختا ئىبارىلەر ئارىسىدىن ئادەملەر ئارىسىغا، تۇرمۇش قوينىغا، چىن ھېسسىيات، چىن مۇھەببەتكە قايتىشىنى تەشەببۇس قىلدىم. مەن ئاددىي بىر مۇھەررىر، تالاي يىلنى ئىلاجسىزلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئىمكانىيەت ماڭا يۈزلەنگەندە مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم. مەن نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرنىڭ مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىققانلىقىدىن، تالانتلىق يازغۇچىلارغا ئاز ـ تولا ئىلھام بېرەلىگىنىمدىن پەخىرلىنىمەن. پەقەت مۇشۇنچىلىكلا. مەن بۇ ھاياتىمدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشكە گۇۋاھ بولدۇم. نۇرغۇن بىباھا ئادەم بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇم. بۇ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلەر مېنى ئۆمۈرۋايەت تەسىرلەندۈرۈپ، ئويلاندۇرۇپ

كەلدى. مەن كۆرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ياراتقۇچى ئاللاھقا يېقىن بولغان، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتالايدىغان ئادەملەر ئىدى.
ئەمما، زامان ئۇلارنى چەكلەپ قويىدى. رەھىمسىز رېئاللىق ئۇلارنى ھەر كويىغا سالدى. ئۇلار پارقىراق كۆرۈنۈشلەر ۋە خىيالىي ئىزدىنىشلەرنىڭ ۋەسۋەسىسىگە بېرىلىپ كەتتى. پەلەك ئوڭغا چۆرگۈلىسە ئوڭغا، سولغا چۆرگۈلىسە سولغا بېقىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى. قەلبىدىكى ئەڭ سەممىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ قويىدى. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا زامان زالىملىرىنىڭ قولىدىكى ھەزىلكەشكە ئايلىنىپ قالغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. ئەمما، ھەممە ئىش بەك كېچىككەنىدى. تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇرىغىلى بولمايتتى. يەنە بەزىلەر باشتىن - ئاخىر قەلبىنىڭ سەممىي تۇيغۇلىرىغا ئەگەشتى ياكى بىر مەھەل ئىزدىنىشتىن كېيىن ئۆزىنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ھايات يولى تۈز بولمىغان، بەزىدە ھەتتا ناھايىتى پاجىئەلىك بولغان بولسىمۇ، ئۇلار كۆڭۈل ئاراملىقى ئىچىدە، ئۆز ۋىجدانىنىڭ ھىمايىسىدە ھالال ياشىدى. ئۇلار تۈرمىلەردە، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈنچى ھاياتتىكى بىر سىناق دەپ بىلدى. ئۇلار ئەسلىي قەلەم بىلەن پۈتمەكچى بولغان شانلىق داستانلىرىنى ھاياتى ئارقىلىق يازدى. بۇ «داستان» لار كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەس بولۇپ ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ھايات يولى كېيىنكىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك ساۋاق ھەم ئۈرنەك بولۇپ قالدى.



قاچانلاردىن تارتىپ خىيالغا چۆكۈپ كەتكەندىمەن؟ بەلكى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىندۇ. تار كوچىدىكى ئاشخانىدىن لەڭمەن يېگىنىم، ھەلىمەنىڭ لەڭمەنلىرىگە زادىلا ئوخشىمالماي، غەشلىك ئىچىدە قايتىپ كىرگىنىملا

ئېسىمدە. ھەلىمە ئەتە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يۇرتقا كەتكەن بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ تاماقلىرى بۇرنۇمغا پۇراپ، پەس، يېقىملىق ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنىڭ «چاي ئىچمەمسىز؟» دەپ سورىغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئاشخانا، ھۇجرا، مېھمانخانىلاردىن ئۇنى ئىزدىدىم. چاينى ئۆزۈم دەملەپ ئىچىپ يەنە خىيالغا كەتتىم.

ھەلىمە كۈنلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمغا يول قويمايتتى، ئىككىمىز بىللە كوچا ئايلىناتتۇق، ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلايتتۇق. تويلارغا باراتتۇق. بالىلىرىم، بولۇپمۇ قىزلىرىممۇ مېنى ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرۇشىدۇ. ئالدىراش كېلىپ « قانداق ئەھۋالىڭ دادا؟» دەپ سوراپ، تاماقنا تۇتۇش قىلىدۇ. تاماقنى ئالدىمغا ئەكېلىپ بېرىپ: «ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، قازاندا تاماق ئېشىپ قالدى، ئۇنتۇپ قالما، مەن ماڭاي» دەپ ئالدىراپ چىقىپ كېتىشىدۇ. مەن ھەلىمەنىڭ راسلىغان داستىخانلىرىنى، دەملىگەن چايلىرىنى، تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ قىلىدىغان پاراڭلىرىنى سېغىنىمەن. ئېشىپ قالغان تاماقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي بىئارام بولىمەن. مەن ئاشقان تاماقنى ئىسسىتىپ يېيىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. ھەلىمە بۇ مىجەزىمنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ تاماقنى ئېغىزدا قالغۇدەك قىلىپ ئازلا ئېتىدۇ. بىردەمدە ئىشتىھانى ئاچىدىغان سوغۇق سەيلەرنى تەييارلىيالايدۇ. داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن بىر پىيالە قېتىق ياكى خىيالىڭغا كەلمىگەن بىرنەچچە تال مېۋە ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان، ياشاشنى بىلىدىغان ئايال. ئۇ مېنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئەپسۇسكى،

قىزلىرىم ئۇنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆز ئاپىسىنىڭ ئورنىنى شۇنچە ئاسان ئىگىلىۋېلىشىنى خالىمىسا كېرەك. ئەمما، ئەسلىمە ئىچىدە ياشىغىلى بولمايدۇ، تىرىكلەر ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. ھايات قانۇنىيەتلىرى بەزىدە ئەنە شۇنداق رەھىمسىز.

قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ قويۇقلاشتى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئىزى قالغان دېرىزە ئەينىكىدىن يىراق - يېقىندىكى ئېگىز بىنالارنىڭ، چوڭ كوچىدىكى چىراغلارنىڭ رەڭگا - رەڭ شولىسى چۇشۇپ تۇراتتى. كېچىلىك ھاياتنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى قانداقتۇر يوللار ئارقىلىق قاتمۇقات قېلىن تاملاردىن ئۆتۈپ تومۇرلىرىڭدا ئېقىپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى.

مېھمانخانىدىكى تىكلىمە سائەت سۈرلۈك، بوغۇق ئاۋازدا سەككىز قېتىم داڭ ئۇردى. بۇ ئاۋاز ماڭا يۈرىكى ئاشۇ سائەت مايانىكىدەك قېتىپ كەتكەن، ئاق چاچلىق، ھېسسىياتسىز بىر بوۋاي ھاياتىڭنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن دەقىقىلىرىنى رەھىمسىز ئاۋازدا جاكارلاۋاتقاندەك، سېنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپمۇ قالىمەن. ئەمما بىر قېتىم سائەت بىر نەچچە كۈنگىچە داڭ ئۇرماس بولۇپ قالغاندا، گويا ھايات توختاپ قالغاندەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكىنىمنى ئۇنتۇيالمايمەن. شۇ چاغدا مەن سائەتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئەينەك ياپقۇچنى ئېچىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن چىشلىق چاقلار، ۋىنتىلارنىڭ ئايلىنىشىغا قاراپ ۋاقىت، ھايات، جەمئىيەت ۋە تەقدىر ھەققىدە ئاجايىپ خىياللارنى سۈرۈپ كەتكەنىدىم.

## ھەدىيە VI

### 24

1974 ـ يىلى ئەتىيازدا، چېگرا شەھىرى غۇلجىدا سەرسانلىق تۇرمۇشۇمنىڭ 4 ـ يىلىنى كۆتۈۋالدىم. قورۇ، باغلاردا ئۆرۈك، ئالما چېچەكلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەرزىيەنىڭ ئادرېسى ئارقىلىق ماڭا قارىتىپ يېزىلغان بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. خەتنىڭ ئاستىغا ئىلگىرى ئۆزۈم ئىشلىگەن مەكتەپنىڭ ئادرېسىلا يېزىلغانىدى. مەكتەپتىكى يېقىن ئۆتكەن خىزمەتداشلىرىمدىن بىرەرسى ماڭا خەت يېزىپتۇ، لېكىن، خەتكە ئۆز ئىسمىنى يېزىشتىن ئېھتىيات قىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. خەتنى مەرزىيەنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، يولدا كېتىۋېتىپ ئوقۇدۇم. ئۇ مەكتەپ تەرەپنىڭ تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلىرىمنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە تەۋە دەپ قاراپ، نامىمنى ۋە خىزمىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى، خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ بېرىپ ئىشلىشىمنى قارشى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىكەن.

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، گاراڭ بولۇپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدىم. كاللامدا ھېچبىر ئىنكاس يوق ئىدى. 3 ـ قېتىم، 4 ـ قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا

تۇتۇپ كەتتى. يولنىڭ بىر چېتىدىكى سېدە ھەم ھەر خىل چاتقال، چاققاق بىلەن قاپلانغان، كىشىلەر «ئىگىلىك يەر» دېيىشىدىغان ئورمانلىققا كىرىپ ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ تازا يىغلىدىم، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلدۈم. ئورمانلىقنىڭ نېرىقى چېتىدە قويلىرىنى بېقىپ يۈرگەن بىر ئادەم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، قويلىرىنى ھەيدەپ ئىتتىك كېتىپ قالدى. ئورمانلىقتىن چىقىپ ئېتىز ئارىسىدىكى يوللار بىلەن ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. ئۆتكەن كۈنلىرىم كىنو كارتىنىلىرىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئىچىمدە خىلمۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇ قايىنايتتى. توختىماي خورسىناتتىم، ئۇھ تارتاتتىم. ماڭا ـ ماڭا بىر چاغدا ئۇسساپ لەۋلىرىم قۇرۇپ، قورساقلىرىم ئېچىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئەتراپىمغا قارىسام باياندايغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. يول بويىدا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان بىر تىراكتور بار ئىكەن. شۇنىڭغا چىقىۋالدىم. تىراكتورغا ھاك بېسىلغانىكەن، يول بويى ھاك توزۇندىلىرى باش ـ كۆزۈمنى قاپلاپ، ئېغىز ـ بۇرنۇمغا كىرىپ، بايىقى ھاياجانلىرىمنى يوقاتتى. ئەمدى ھاكتىن ئۆزۈمنى مۇداپىئە قىلغاچ، قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلاندىم.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئالدى بىلەن بالىلىرىمغا يەتكۈزدۈم. ئۇلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، خىزمىتىم ئەسلىگە كەلسە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار تۇغۇلغاندىن تارتىپلا يەكلىنىش، خورلىنىشنى، نامراتلىق، جاپالىق ئەمگەكنىلا كۆرگەن، ئەلقاتارى ھۆرمەتلىنىش، خىزمەت ئورنى، ئىززەت ـ ھۆرمەتتى بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىمىغانىدى. بىچارە

بالىلىرىم، ئۇلاردا نە گۇناھ...... مەن ئۇلارنى قۇچاقلاپ يەنە يىغلىدىم. ئۇلارمۇ يىغلىشىپ، قورقۇپ ماڭا چىڭ يېپىشىۋېلىشتى.

مەن ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىماڭلار بالىلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ ئادەمدەك ياشايمىز. داداڭلار كېلىدۇ، چىرايلىق، ئازادە ئۆيلەردە ئولتۇرىمىز. داداڭلار ئىككىمىز مەكتەپتە سىلەرنىڭ مۇئەللىملىرىڭلاردەك بالا ئوقۇتىمىز، — دېدىم.

— ئاپا، سەن ئەمدى ئەخلەت تەرمەمسەن؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئوغلۇم قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— ئوتتۇن تېرىشىمدىن نېمانچە قورقىسەن بالام؟

— مەكتەپتىكى بالىلار مېنى ئەخلەتچى خوتۇننىڭ بالىسى، دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن.

— ياق، ئوغلۇم، ئەمدى تەرمەيمەن. شۇنداق دېگەنلەر بىزنىڭ قانداق ئادەملىكىمىزنى بۇنىڭدىن كېيىن بىلىپ قالىدۇ. سېنىمۇ زاڭلىق قىلمايدىغان بولىدۇ.

مەرزىيە شۇ كۈنلەردە چاي ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن. مېنىڭ ئىشىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنىمۇ تەبرىكلەپ قوشۇپ چاقىردى. مەن مەرزىيەنىڭ «بۇگۇن سەن دېگەن ئالاھىدە مېھمان، تۆردىن چۆشمەي ئولتۇر» دېگىنىگە قارىماي، ئاشخانىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم. چاي بەكمۇ قىزغىن، كۆڭۈللۈك بولدى. ھەر قېتىم تاماق، چاي توشۇپ مېھمانخانىغا كىرگەن ۋاقىتلىرىمدا قىلىشىۋاتقان چاقچاق، ئېيتىلىۋاتقان يۇمۇرلارنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتىم. بىراق، بىردەمدىن كېيىن ئىككى قوۋزۇم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىككى قوۋزۇمنى توختىماي ئۇۋۇلاپ ئاران تەستە ئەسلىمگە كەلدىم.

مەن بۇنداق قاقاقلاپ كۈلۈپ باقمىغىنىمنى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە مەن كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىكەنمەن ئەمەسمۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى يىللارغىچە كۈلۈشتىن قورقۇپ، ئىككى قوۋزۇمنى قولۇم بىلەن تۇتۇۋېلىپ يۈردۈم.

مەن ھازىرمۇ پات ـ پاتلا ھەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا كىملەرنىدۇر ساقلاپ ئولتۇرۇپ چۈشەيمەن. تولاراق يوغان بىر يۈك ماشىنىسىنى ساقلايمەن. ئۇنىڭغا يوتقان ـ كۆرپە، يۈك ـ تاقلىرىمنى، چامادانلىرىمنى، يەنە باشقا نۇرغۇن ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسەمنى بېسىپ بولۇشۇم، ئۈستىگە ئۆزۈم چىقىشىم كېرەك. باشقىلار يۈك ـ تاقلىرىنى ئالللىبۇرۇن ماشىنىغا جايلاشتۇرۇپ بولدى، پەقەت مەنلا قالدىم، دەپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە شۇنچىلىك تىپىرلايمەنكى...... چۈشۈمنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. ئەمما، بىرنەچچە كۈنگىچە غەشلىكتىن قۇتۇلالمايمەن. ساقلاش ئىچىدە، ئەندىشە، ئۈمىد، يەنە ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەر خۇددى پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ سىمۋولىدەك بىلىنىدۇ. خىزمىتىمنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىرنەچچە ئاينى دەرەخلىك چوڭ بىر قورۇدا، بىر بىنانىڭ ئالدىدا ئەنە شۇنداق ساقلاش بىلەن ئۆتكۈزگەنىدىم. باشلىقلار مەڭگۈ «يىغىن» ئىچىدە ئالدىراش بولاتتى. ساندۇقتا ئۇزاق تۇرۇپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كىيىملەرنى دەزماللاپ، يامالغان ئاياغلىرىمنى مايلاپ پارقىرىتىپ كىيگەن سېرىق چىراي، چىرايلىرىدىن كۈلكە ئۆچكەن بىر توپ ئادەم بىنا ئالدىدا بازار توخۇسىدەك دۈگدىيىپ ئولتۇراتتۇق. بىناغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارغا قاراپ يالغاندىن ھىجىياتتۇق. بىرەر جىپ ياكى پىكاپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، گۈررىدە ئەتراپىغا ئولىشاتتۇق. ئامانلىق

قوغدىغۇچىلار كېلىپ بىزنى ھەيدەيتتى. پىكاپتىن چۈشكەن باشلىقنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى...... شۇنداق ساقلاپ يۈرۈپ ئاخىر مەسئۇدنىڭ خىزمىتىمنى غولجىغا يۆتكىتىۋالدىم. بىراق، مېنىڭ ئارخىپىم چارە كۆرگەن چاغدىكى قارا ماتېرىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن، بۇ ھەقىقىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھېسابلانمايدىكەن. ئۆزۈم جەنۇبقا بېرىپ، ئۆزۈم ئىشلىگەن مەكتەپتىكىلەرگە قارا ماتېرىياللارنى كۆيدۈرگۈزۈپ، يېڭىدىن باھا سۆزى يازدۇرۇپ كېلىشىم كېرەك ئىكەن، شۇ چاغدىلا بۇ يەردە خىزمەتكە ئورۇنلىشالايدىكەنمەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چېغىمدا — ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن كۈنلىرىمگە ئېرىشىشكە ئاز قالغاندا چىدىيالمايلا قالدىم. شۇنچىلىك خۇيۇم تۇتتىكى، مۇنداق خاپىلىقى تۈگىمەيدىغان خىزمەت دېگەننى چۆرۈپ تاشلاپ، پۇل يىغىپ بىر ئېشەك ھارۋىسى ئېلىپ كاندىن كۆمۈر توشۇپ ياكى كىراكەشلىك قىلىپ ئەركىن - ئازادە ياشايچۇ، دەپ تۇرۇۋالدىم. مەن بەك - بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم. ئۆزۈمنى تاشلاپ ھېچقانداق خىزمەتنى، پۇل تېپىشنى ئويلىماي بىر ئۇيقۇغا كەتسەم ناھايىتى ئۇزاق ئۇخلايدىغاندەك قىلاتتىم. بىراق، مېنى چۈشىنىدىغان، تۆت يىلنى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى بىلىدىغان دوستلىرىمۇ ئۇنداق قىلىشىمغا يول قويمايتتى. كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتقان باللىرىمنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا ۋاز كېچىشكە ھەققىم يوقلۇقىنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم. شۇنچە كۆپ سەۋەبتىن سىرت، ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەب بار ئىدى: مەن مۇنبەرنى بەك سېغىنغانىدىم. مۇنبەردىن ئايرىلغاندىن بۇيان مەن پەقەت مەسئۇلىيەتنىڭ تۈرتكىسىدىلا ياشاۋاتاتتىم. يۈرىكىمدە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغان ئوت ئاللىقاچان

ئۆچكەن، كۆڭلۈم قارا بۇلۇت قاپلىغان ئاسمانغا ئوخشايتتى. نەزىرىمدە بۇنداق ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

......

ناھايىتى مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىلكىدە كېچە ـ كۈندۈز خىيالىمدىن چىقمايدىغان ئاشۇ دەرۋازىدىن يەنە بىر قېتىم ئاتلىدىم. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغىنىمدا، 15 يىل ئىلگىرىكى ماڭا ئىنتايىن تونۇش ھېس ـ تۇيغۇلار تومۇرۇمدا يەنە بىر قېتىم ئۆركەشلىدى. كەڭ مەيدان، ئېرىق بويىدىكى تېرەك ۋە ئاكاتسىيەلەر، پەلەمپەي، تۇۋرۇك، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىن ياۋروپا ـ رۇس ئۇسلۇبى چىقىپ تۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانا بىناسى، قاتار ـ قاتار سىنىپلار...... ئوقۇتقۇچىلار بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان ئوقۇتقۇچىلار...... ئەنە، قولتۇقىغا كۆك يوقلىما دەپتەر قىستۇرۇۋالغان زورەم خانىم ئابلەت مۇئەللىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرىدۇ. فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاۋۇت مۇئەللىم ــ «ئارخىمېد» ئالدىدا تۇرغان بىر بالىغا تەنبىھ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ چاچلىرىدىكى ئاق نېمانچە كۆپىيىپ كەتكەندۇ. ئۇشتۇمتۇت ياڭراق قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ ئائىشە ھەدىنى كۆردۈم. ئۇ قولىدىكى ساپسېرىق تۈچ قوڭغۇراقنى كۈچەپ سىلكىگىنىچە سىنىپ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەيداندا ئويناپ يۈرگەن بالىلار بىردەمدىلا شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك يوق بولۇپ كېتىشتى. ئائىشە ھەدە قوڭغۇراقنى پەسكە قارىتىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىشخانىلاردىن چىققان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئالدىرىماي مېڭىپ سىنىپ بىناسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىشتى. ئېھ، ئاشۇ قاراڭغۇ، تىنچسىز

كارىدور...... ئۇ يەردە شوخ بالىلارنىڭ دۇپۇرلەپ يۈگۈرۈشلىرى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، مۇئەللىملەرنىڭ سالماق قەدەم تىۋىشى، ئىككى تەرەپتىكى سىنىپلاردا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ـــ ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ، قېرىلارنىڭ، ياشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. «T» شەكلىدىكى ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئەگمە قىسمىغا يۇقىرى يىللىقلار جايلاشقان. ئۇ قىسىمدا دۇپۇر ـ دۇپۇر، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئاز. بۇ بالىلار ئۆزلىرىنى تەمكىن تۇتۇپ، تۆۋەن يىللىقتىكى كەپسىز ئۇكىلىرىغا يىراقتىن نەزەر سېلىشىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ دۆلەتلىك ئىمتىھانلار يېقىنلاشقاندا بۇ سىنىپلارنى بىر خىل سۇرلۇك سۈكۈت قاپلايدۇ...... ئاشۇ گۈزەل كارىدوردا...... ئوقۇغۇچىلىرىم ئىمتىھان بېرىۋاتقاندا دەككە ـ دۈككە، ھاياجان ئىچىدە ئىشىك ئەينىكىدىن قاراپ كېتىشلىرىم، ئىمتىھاندىن چىققان ھەربىر بالىدىن «قانداق بەردىڭ؟ قايسى سوئالنىڭ جاۋابىنى قانداق يازدىڭ؟» دەپ سوراپ كېتىشلىرىم، ئۇلار بىلەن تەڭ خۇش بولۇپ، تەڭ قايغۇرۇشلىرىم......

ئورنۇمدا بىرپەس تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. خىيالدىن باش ئېلىپ يەنە ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. خۇددى ئاردىن شۇنچە ۋاقىت، شۇنچە ئىش ئۆتمىگەندەك، ھەممە نەرسە، ھەممە ئىش شۇ پېتى تۇرغاندەك ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشتەك. چۆچۈپ ئويغىنىپ ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولىدا كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندەك بىر تۇيغۇ ئىلكىدە ئەگمە كۆۋرۈكتىن ئاتلىدىم. ئەمما، ئۆتكەن ئۇ كۈنلەر چۈش ئەمەس ئىدى.

مەكتەپنىڭ يېڭى باشلىقلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى

ئاكتىپ خىزمەتداشلىرىم، بىشىمغا قارا كۈنلەر كەلگەندە مەندىن يۈز ئۆرۈگەن، ئالدى ـ كەينىمدە قىلمىغان گەپلىرى قالمىغان يېقىن دوستلىرىم مېنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ماڭا ئارتىلغان تۆھمەتلەر ئاغدۇرۇلۇپلا قالماي، ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىم ۋە نەتىجەم مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئارخىپىمدىكى قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈلدى. تۆتۈپ قېلىنغان مائاشىم تولۇقلاپ بېرىلدى. قەدىناس مەكتىپىم، خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم بىلەن قىيىمىغان ھالدا — راستىنىلا شۇنچىلىك قىيالمىدىم، ھەتتا قايتىپ كېلىشنىمۇ ئويلاپ قالدىم. ئاخىر يەنىلا خوشلاشتىم. يول ئۈستىدە يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى يوقلىدىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى قالايمىقانچىلىق، ئىسراپچىلىق، ئىشنى توختىتىپ قويۇپ «ئىنقىلاپ» قىلىشلارنىڭ زىيىنى كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى بۇ يەردىمۇ مانا مەن دەپ تۇراتتى. گۆش ـ ياغ نورمىلىق، يوقنىڭ ئورنىدا، يۇقرىلارنىڭ يەيدىغىنى 80% قارا ئاش ئىدى. ئوزۇقلۇقنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى دادام بەكلا ئاجىزلاپ قالغانىكەن. ئاپامنىڭ چاچلىرىمۇ ئۇچتەك ئاقىرىپ، قەددى پۈكۈلۈپ تېخىمۇ ۋىجىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆلارنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. قولىغا پۇل بېرەي دەپمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە دادامنىڭ «بىر سىيىرىمىز بولغان بولسا ـ ھە...... » دەپ ئارمان قىلىپ كەتكىنىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئارزۇسىدىكى سىيىرنى ئېلىپ بەردىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ، تىرىكلىرى بىلەن خوشلىشىپ غۇلجىغا قايتتىم.

## 25

مەسئۇد ئىككىمىز شەھەردىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كان رايون مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندۇق. مەسئۇد مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. مەن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى ئۈستۈمگە ئالغاندىن باشقا، ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. كۆز ئالدىمىزدا تۇرغىنى ئىلگىرى ئىشلىگەن مەكتىپىمىزگە ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر مۇھىت، باشقىچە ئادەملەر ئىدى. كان رايونىنىڭ بىر چېتىگە — بوستانلىق ئىچىگە جايلاشقان بۇ مەكتەپتە باشلانغۇچ 1 - يىللىقتىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغىچە 20 نەچچە سىنىپ بولۇپ، كان رايونى مائارىپقا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىكەن. سىنىپلىرى يېڭى، يورۇق، پارتىلىرى ۋاللىداپ تۇرىدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ شارائىتى ئالاھىدە ياخشى بولغاندىن باشقا، يۇمشاق دىۋانلار قويۇلغان دەم ئېلىش ئۆيى، ماتېرىيال بۆلۈمى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم ئاشخانىلىرى بار ئىكەن. مۇشۇنداق ياخشى شارائىتتا ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ چوقۇم ئالاھىدە تەربىيە ئالغان ساپالىق كىشىلەر بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئوقۇتقۇچىلار قورۇسىدىكى يېڭى، چوڭ ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ، قىزىمنىڭ ئايرىم ئۆيدە تۇرالايدىغان بولغىنىدىن بەك خۇش بولدۇم. ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئۆيىمۇ ئازادە ئىدى. ئېلېكتىر چىراغلىرى بىلەن يوپيورۇق يورۇپ تۇرغان ئۆيلەر بالىلارنىڭ دەرس تەكرارلىشى، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە بەك

قولاي ئىدى. ئاشخانىمىزنىڭ تۈرۈبىسىنى ئاچساقلا شارقىراپ سۇ چۈشەتتى. ئىلگىرى يىراقتىن سۇ توشۇپ جاھاندارچىلىق قىلغان بىزدەك ئادەملەر ئۈچۈن بۇمۇ زور يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بالىلىرىم سەل ئۆزلىشەلمەي، نېمىدىندۇر ئېھتىيات قىلغاندەك بولۇپ يۈرۈشتى. كىچىك ئوغلۇم مەندىن:

— ئاپا، بۇ راست بىزنىڭ ئۆيىمىزمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

— شۇنداق، بىزنىڭ ئۆيىمىز، ساقام، — دەپ جاۋاب بەرسەم، دەرھاللا:

— ئەمدى بىزنى ھەيدىۋەتمەمدۇ؟ — دەپ سورايتتى. ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، جاۋاب بېرەلمەي كۆچەپ بېشىمنى چايقاشقا مەجبۇر بولاتتىم. خۇددى مەن كۈلەلمەس بولۇپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ روھىدىمۇ نۇرغۇن نورمالسىزلىق بار ئىدى. مەن بۇ نورمالسىزلىقلارنىڭ ئاستا - ئاستا تەڭشىلىپ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن بىر مەزگىل بالىلىرىمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا، روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتىم ھەم خېلى كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ جەرياندا مەن بالىلارنىڭ گۆدەك ۋاقىتلىرىدا ئۇچرىغان كەمسىتىش ۋە ۋەھىمە ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا، ئۇنى تولۇق يوقىتىشنىڭ بەك تەسلىكى ھەتتا مۇمكىن ئەمەسلىكىگە تەن بەرمەي تۇرالمىدىم.

ئورۇنلىشىپ بولۇپ رەسمىي ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل دەرس ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلغاچ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇم. كۆزىتىشىمچە، بۇ مەكتەپتە ياش ئوقۇتقۇچىلار مۇتلەق كۆپ

سانىنى ئىگەللەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېقىنقى يىللاردا تۈزۈك ئوقۇمايلا مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانلار بولۇپ، مائارىپنىڭ نېمىلىكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلايدىغانلار ئاز ئىدى. ئۇلار كۈن ئۆتكۈزۈش، مائاشنى تولۇق ئېلىپ جان بېقىش ئۈچۈنلا ئورۇندۇقنى ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئازابلىق بىر ئىشقا — سېلىققا ئايلىنىپ قالغانىدى. قىزىق يېرى، بۇ ئازادە، راھەت ئىشخانىلار كۆپ ۋاقىتتا جەڭگى - جېدەل سورۇنىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا دەرسنى تاشلاپ سىنىپتىن قېپىداپ چىقىش، ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئادەت ئىدى. بەزىلىرى گەپ ئاڭلىمىغان بالىلارنى ئىشخانىغا ئەكىرىۋېلىپ تىللاپ - سىلكىپ، دۆشكەلەشكە باشلايتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇلاردىن تەپ تارتىپ ئولتۇرماي تەڭ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەر خىل سۈركىلىشكە بەزىدە ئاتا - ئانىلارمۇ ئارىلىشاتتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالدىدا بولسۇن، ئوقۇتقۇچىلار ئارا بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچى ئەيىبلىنەتتى. مۇنداق جېدەللەرنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ ئەيىبلەش، چۈشۈرۈش ئىچىدىلا ياشايدىغان ئاشۇ بالىلاردىن ئەنسىرەپ قالاتتىم. ئۇلارنىڭ غۇرۇرى نابۇت قىلىنغانلىقتىن، ئۆزىنى مەڭگۈ يارىماس دەپ قاراپ، جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتىم. ھەربىر بالا نەزىرىمدە پەرۋىشكە موھتاج نوتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچىدا ئىنتايىن نازۇك، يۇمران بىخى بار ئىدى. ئاشۇ بىخىغا زەرەر يەتسە نوتا نابۇت بولاتتى ياكى تۈز ئۆسەلمەيتتى. بىر ئادەمنىڭ غۇرۇرىمۇ دەل شۇنداق

نەرسە، ئۇنىڭغا چېقىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈلسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس، ئەلۋەتتە.

ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنى بىلمەمدىغاندۇ، ئويلىمامدىغاندۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بالىلارغا كۆيۈنۈش، بالىلار ئۈچۈن ئويلىنىش يوقتۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئاشۇ كەپسىز ئوقۇغۇچىلاردىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئىشخانىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قۇرۇق گەپنىڭ دەستىدىن دەرس تەييارلاش ئەمەس، تاپشۇرۇق تەكشۈرگىلىمۇ بولمايتتى. خىزمەتكە، يىغىنلارغا، دەرسكە كېچىكىش بۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىنتىزام قارىشى مۇشۇنداق بولغان يەردە، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانداقتۇ؟

مەن دەرس ئاڭلاش، سىرتتىن كۆزىتىش داۋامىدا بەزى سىنىپلارنىڭ خۇددى بازارغا ئوخشايدىغانلىقى، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ ئاڭلاش ـ ئاڭلىماسلىقى بىلەن كارى يوق، يېقىمسىز ئاھاڭدا دەرس سۆزلەۋېرىدىغانلىقىنى؛ بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ خۇددى باغلاپ قويغاندەك قاتۇرۇپ ئولتۇرغۇزىدىغانلىقى، بىرەر ئوقۇغۇچى سەل مىدىرلاپ قويسا قاتتىق ۋارقىراپ قولىدىكى بور، كىتاب ياكى قەلەمنى ئاتىدىغانلىقى، دەرس سائىتىنى ئاغزىغا كەلگەنچە قۇرۇق گەپ، ھەيۋە قىلىش بىلەن توشتۇرىدىغانلىقىنى؛ بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى كىتابتىكى كۆنۈكمە سوئاللىرىغا جاۋاب بولىدىغان بەت، قۇرلارنىڭ ئاستىغا سىزدۇرۇپلا چىقىپ كەتسە، يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىتابنى سۆزمۇسۆز ئوقۇپ بېرىدىغانلىقى ياكى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەيدىغانلىقىنى كۆردۈم. كۆرگەن، ھېس

قىلغانلىرىمنى مەسئۇد بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئىككىمىز بىرلىكتە چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتۇق. مەن ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ «ناچار ئوقۇغۇچى يوق، پەقەت ناچار ئوقۇتقۇچى بار»، «باللاردىكى غۇرۇر»، «ئوقۇغۇچى سىزنى نېمە ئۈچۈن ھۆرمەت قىلمايدۇ؟» دېگەن تېمىلاردا مۇلاھىزىلەرنى قوزغىدىم. باشقىلارنىمۇ سۆزلىتىپ، ئۆز قاراشلىرىمنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ مۇزاكىرىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى ناھايىتى قىزىقتۇردى، ھەممەيلەن چىن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلدى، بەزىلەر ئىزدىنىپ ئىنتايىن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. بۇ جەرياندا كۆپچىلىكنىڭ ئۆز خىزمىتىگە، مەسئۇلىيىتىگە بولغان تونۇشى ئۆسۈپ ئىشخانىنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ ئاساستا مەن ياشلارنى ئوقۇتۇش، سىنىپ مۇدىرلىق ماھارىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلىدىم. ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ ئاجىزلىقىغا قارىتا پىكىر ـ تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەرس ئوقۇتۇش مېتودىنى ياخشىلىشىغا ياردەم قىلدىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، مېتود ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىدىغان، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدىغان، ئىزدىنىدىغان بولدى.

## 26

مەسئۇد مېنى باشتىن ـ ئاخىر دادىل ئىشلەپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىمنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئىككىمىز مەكتەپتە ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن بىر ـ

بىرىمىزدىن ئالدىراش يۈرەتتۇق. ئۆيدە تاماق ئېتىشىپ بېرىشكە، تاماق يەۋېتىپمۇ، تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپمۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق. چوڭلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا، كىچىكى باشلانغۇچ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان باللىرىمىزمۇ بۇ گەپلەرگە قوشۇلۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ باللارنىڭ نۇقتىسىدىن قىلغان گەپلىرى بىز ئۈچۈن ئىلھام بولاتتى. باللىرىمىز بىزنىڭ قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيەلىشىمىز ۋە كۆيۈنۈشىمىز ئارقىسىدا ئەدەپلىك، تىرىشچان بولۇپ يېتىلىۋاتاتتى. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قارا كۆلەڭگىلىرى ئۇلارنىڭ يۈرەك ۋۇجۇدىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇنبەرگە قايتىپ كەلگەنلىكىم، ئۆز ئالاھىدىلىكىم، تەجرىبىلىرىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ياردەم بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال ئىدىم. خۇددى ياش ۋاقىتلىرىمدىكىدەك ئىشلەپ ھارمايتتىم. ئانچە - مۇنچە شەھەرگە كىرىپ قالسام، دوستلىرىم بىلەن تونۇش - بىلىشلىرىم:

— ھەدىيە، سەن باشقىدىن ياشىرىپ، چىرايلىق، روھلۇق بولۇپ كېتىپسەن، مۇدىرنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈۋاتىسەن - دە، — دېيىشەتتى. مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ كۈلۈپ قوياتتىم. ئەمما، ئۇلار مېنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە جاپالىق ئىشلەيدىغانلىقىمنى نەدىن بىلسۇن. مەن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغا ھەپتىسىگە 30 سائەتكە يېقىن ئەدەبىيات ئۆتكەندىن باشقا، تولۇقسىز 1 - يىللىقتىكى بىر سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىدىم. بۇ سىنىپتىكى 40 ئوقۇغۇچىنىڭ غېمىنى يەپ قانچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن

بۇ سىنىپنى قولۇمغا ئېلىپ، تۇنجى قېتىم سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتسام، قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ۋارقىراشقىنىچە قوغلىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى مېنى ئۈسسۈپ يىقىتىۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىر قولۇم بىلەن تامنى تىرىۋالغاچقا قاتتىق يىقىلمىدىم. ئەمما، قولۇم خېلى ۋاقىتلارغىچە ئاغرىپ قىينىلىپ يۈردۈم.

مەن يەرگە چۈشۈپ چېچىلىپ كەتكەن يوقلىما، كىتاب ـ دەپتەرلىرىمنى تېرىۋېلىپ سىنىپقا كىردىم. مۇنبەردە خېلىغىچە قاراپ تۇرساممۇ ماڭا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار پارتىلار ئارىسىدا قوغلىشىپ پومىداقلىشىپ يۈرەتتى، بەزىلىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئاخشىمى كۆرگەن كىنولىرىنى سۆزلىشىپ، ھەرىكەتلىرىنى دورىشاتتى. ئاز بىر قىسمىلا ماڭا ــ يوچۇن، يېڭى مۇئەللىمگە «سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ ئەمدى؟» دېگەندەك، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەن ئويناۋاتقان باللارغا كۆلۈمسىرەپ قاراپ، ئاۋازىمنى سەل كۆتۈرۈپ:

ــ ساۋاقداشلار، ئويۇنىڭلارنى تەنەپپۇستا داۋاملاشتۇرۇڭلار، ھازىر بىز تونۇشۇۋالايلى، قانداق؟ ــ دېدىم.

ئويناۋاتقانلار ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ قالدى. بەزىلىرى جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن سىنىپ ئىچى ئاساسەن تىنچىدى.

ــ مەن سىلەرنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭلار ھەم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىڭلار، ئىسمىم ھەدىيە. ھەدىيە مۇئەللىم دېسەڭلارمۇ، ھەدىيە ئاپا دېسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئەمدى ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن ئۆزۈڭلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈڭلار،

بولامدۇ؟ — دەپ ئولڭ تەرەپ 1 - رەتتە ئولتۇرغان قىزغا قارىدىم. ئۇ تەمتىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ:
— مەن...... مېنىڭ ئىسمىم نادىرە...... نادىرە ئالىم، — دېدى.
— رەھمەت قىزىم، ھە، سىزچۇ؟
ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوغۇل بالا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىتتىكلا:
— مېنىڭ ئىسمىم پەيزۇللا، — دەپ ئولتۇرۇۋالدى.
— نېمانداق ئالدىراڭغۇ سەن بالام، ئالدىرىماي، جاڭ - جاڭ سۆزلىمەمسەن. فامىلەڭچۇ؟ — دېدىم. بالىلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇ قىزارغىنىچە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئۆمەر...... پەيزۇللا ئۆمەر، — دېدى.
— بارىكاللا، بىز ھەممىمىز تىك تۇرۇپ، دانە - دانە، ئوچۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالايلى. بىز راۋان نۇتقىمىز ئارقىلىق باشقىلاردا تۇنجى ياخشى تەسىراتنى قالدۇرالايمىز، — دېدىم.
— مېنىڭ ئىسمىم ھەجەر قۇربان.
— مېنىڭ ئىسمىم سەلىمە ئوبۇل.
— مېنىڭ ئىسمىم دىلبەر...... دىلبەر سەمەت.
مەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى «ئاپىرىن»، «بارىكاللا دادىللىقىڭغا»، «قىزىم، ئاۋازىڭ نېمىدېگەن يېقىملىق، كەلگۈسىدە دىكتور بولساڭ بولغۇدەك»، «قارا، مەنپەسە ئالمىدەك قىزىرىپ كەتكىنىڭنى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، بەزىلىرى بىلەن چېقىشىپ قوياتتىم. مۇنداق چاغلاردا بالىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى. بۇنداق بولغاندا مەنمۇ ئۇلارنى ئەستە تۇتۇۋالاتتىم. بالىلار ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ

بولاي دېگەندە، كاربدوردا پالاق - پۇلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئىشىك تېپىپ ئېچىلدى - دە، بايىقى ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى كىرىپ كەلدى. ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆزلىرىنى ئورۇندۇقلىرىغا ئاتماقچى بولۇشقا، ئۇلارنى توسۇۋالدىم:

— توختاڭلار بالىلىرىم، بىز تونۇشۇۋالايلى. مەن سىلەرنىڭ يېڭى سىنىپ مەسئۇلىڭلار، ئىسمىم ھەدىيە، ئىككىڭلارمۇ ئۆزۈڭلەرنى تونۇشتۇرۇڭلار.

ئىككى بالا بۇ گەپنى تەنە دەپ چۈشىنىپ، تەنقىد ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ، تىرناقلىرىنى تاتىلاشقا، ئاياغلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى سىزىشقا باشلىدى.

— ۋۇي، سىلەرنىڭ ئىسمىڭلار يوقمۇ؟ — دەپ كۈلدۈم، — سىلەر ئېيتىشنى خالىمىساڭلار، مەن تېپىپ باقاي قېنى، سەن ئىلھام سەيدۇللا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، مۇئەللىم......

— ئۇنداقتا سەن...... ئادىل...... ئادىل نۇراخۇن!

ئادىل نۇراخۇن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى كۆچەپ جىجىلاشقا باشلىدى. ئۇ بايىقى ئۇسۇگەك «باتۇر»نىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئۆزگىچە مىجەزى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىل نۇراخۇن ياكى ئەمەسلىكىنى قاتتىق ئويلىنىۋاتقان ئەلپازدا:

— شۇ...... شۇنداق، مۇئەللىم، — دېدى.

— ئولتۇرۇڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن دەرس ۋاقتىدا سىرتتا ئوينىغۇڭلار كەلسە، مەندىن رۇخسەت ئېلىڭلار، بولامدۇ؟

بالىلار يەنە پاراقلاپ كۈلۈشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن دەرسخانا ئىنتىزامى ھەققىدە گەپ قىلىپ باقمىدىم، بىرلا

قىتىمىنى ھېساباقا ئالمىغاندا، بىر ەرسىنى ئەيىبلەپمۇ باقمىدىم. دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلىرىم ئەركىن ئولتۇراتتى، ئەمما، مېنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزۈمنى بىرىلىپ ئاڭلايتتى.

ئۇ لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى قوللىنىلىۋاتقان يىللار بولۇپ، دەرسلىكلەر يېڭى يېزىقچە ئىدى. ئەمما، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىگە ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە كىتابلار ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بولغانلىقتىن، «كونا يېزىق» نى ئىگىلىۋېلىش زۆرۈر ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرسكە قوشۇمچە قىلىپ «كونا يېزىق» ئۆگەتتىم. ئۆيۈمدىن باللارغا ئائىت كونا يېزىقتىكى كىتابلارنى ئەكېلىپ، يەنە بىر قىسىم كىتابنى سېتىۋېلىپ سىنىپتا «كىچىك قىرائەتخانا» قۇردۇم. ئائىلە شارائىتى يار بېرىدىغان باللارنى گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشقا يېتەكلىدىم. «كىچىك قىرائەتخانا» نى رەسمىي ئېچىۋەتكەن كۈنى:

ـــ ساۋاقداشلار، بىر ئاي ئىچىدە مىنۇتىغا 100 ـ 120 سۆز ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ئوقۇغاننى چۈشىنىپ مەنىسىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان ھالەتكە يېتەلەمسىلەر؟ بىر ئايدىن كېيىن سىنىپتا كىتاب ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز، كىم تېز ئوقۇيالىسا، ئوقۇغان تېكىستىنىڭ مەنىسىنى تولۇق سۆزلەپ بېرەلىسە مۇكاپاتلىنىدۇ، ـــ دېدىم. ئەدەبىيات دەرسى ئارىلىقلىرىدا، دەرستىن چۈشكەن ۋاقىتلاردا باللارنىڭ قوللىرىدىن كىتاب چۈشۈرمەي ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سۆيۈنگىنىمدىن كۆزلىرىمگە ياش كېلەتتى. پۇرسەت تېپىپ ئۇلارنى توختىماي ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتىم. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەن تەلەپ قىلغان

سەۋىيەگە يەتتى. مەن ۋەدەمدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىردىن چىرايلىق خاتىرە، بىردىن قەلەم بىلەن مۇكاپاتلىدىم. بالىلاردىكى يۈكسىلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا مېتودىمنى ئۆزگەرتىپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ ماڭدىم. مەن ھەر قېتىم بىرەر دەرسنى ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلىرىمغا تېكىستكە ياكى تېكىست ئاپتورىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى تېپىپ ئوقۇپ، يېتەكچى سوئاللارغا تەييارلىق قىلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم. دەرس ۋاقتىدا، دەرس تېكىستى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئۆز تەييارلىقىغا ئاساسەن ئۆزلىرى سۆزلەيتتى. ئاخىرىدا مەن سۆزلەيتتىم. خۇلاسىنى ئورتاق چىقىراتتۇق. بۇ جەرياندا خاتا سۆزلەپ قويغانلارنىمۇ ئىلھاملاندۇراتتىم. چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەرگە ئايرىم سوئال قوياتتىم. دېمەك، بىر سائەتلىك دەرستىن ھەممە بالا ئۆزىگە تۇشلۇق نەپ ئالالىغاچقا، بالىلار دەرسكە قىزىقىپ قالاتتى ـ دە، دەرس ئىنتىزامى ھەم ئۆزلىشىش نىسبىتى ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتەتتى.

ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئائىلە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىپادىسى قاتارلىقلاردىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. سىنىپىمدا رەئىسە ئىسىملىك چىرايلىققىنە، ئەمما، سەل ھاياسىز، ئاغزى يامانراق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ مەكتەپتە يېشىغا ئانچە مۇناسىپ بولمىغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى، سىرتلاردا چالا ـ بۇلا گىرىم قىلىۋالغان ھالەتتىمۇ ئۇچرىتىپ قالاتتىم. بىر قېتىم ئۇنىڭ خېلى كەچتە دۇكاندىن ھاراق ـ

تاماكا ئېلىۋاتقانلىقىنى، دۇكاندىكى هاراقكەشلەرنىڭ ئۇنىڭغا غەيرىي كۆزدە قارىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئىتتىك بېرىپ:

— رەئىسە، بۇ كەچتە بۇ يەرلەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ سەل هودۇقۇپ:

— مۇئەللىم، دادامنىڭ ئاغىنىلىرى كەلگەن، مېنى هاراق - تاماكا ئەكېلىپ بەر، دېگەنتى. شۇڭا...... — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى.

— ئۆيۈڭ نەدە؟

— 6 - رايوندا، — دېدى قىز ئوڭايسىزلىنىپ. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆيى خېلىلا يىراق ئىدى.

— بوپتۇ، يۈر، مەن سېنى ئاپىرىپ قوياي، شۇ باهانىدە ئاتا - ئاناڭ بىلەنمۇ تونۇشۇۋالاي، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم.

627

قىزنىڭ دادىسى بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆينى ئىس - تۈتەك، هاراق ھىدى قاپلىغانىدى. رەئىسەنىڭ ئالتە - يەتتە ياشلاردىكى ئۇكىسى دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇرۇق هاراق بوتۇلكىلىرىنى ئويناۋاتاتتى.

رەئىسەنى باشلاپ ئۇدۇل ئۆيىگىلا كىردىم. سالام - سەھەتتىن كېيىن رەئىسەنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— مەن رەئىسەنىڭ سىنىپ مۇدىرى. قارىسام رەئىسە مۇشۇ كېچىدە ئۇياقتىكى دۇكاندا يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە هاراق - تاماكا ئېلىۋاتىدۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئۇ ئەتراپتا سالپا - ساياق ئادەملەر كۆپ. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ كەلدىم، — دېدىم. مەستلەر:

— ۋوي مۇئەللىم، سەت بولدى، كېلىڭ - كېلىڭ،

داستىخانغا كىلىلك، — دېيىشىپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئارتۇق گەپ قىلماي چىقىپ كېتىپ، قىزنىڭ ئاپىسىنى ئىزدەپ ئاشخانىغا كىردىم. ئاپىسى باش كۆتۈرمەي قورۇما قورۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىشلىرىنى بىرەر قۇر بېسىقتۇرۇۋېتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئېرى دائىم مەستلەرنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ كېچە ـ كېچىلەپ ھاراق ئىچىشىدىكەن. ئۇنىڭغا كېچىچە قورۇما قورۇتۇپ، تاماق ئەتكۈزۈپ ئارام بەرمەيدىكەن. رەئىسەنىلا ئەمەس، يەتتە ياشلىق ئوغلىنىمۇ دائىم دۇكانغا ھاراق ـ تاماكىغا بۇيرۇيدىكەن. كىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا رەھىم قىلماي ئۇرۇپ سوقىدىكەن. مۇشۇ ئىش تۇپەيلى رەئىسەمۇ بىرنەچچە قېتىم دادىسىدىن قاتتىق تاياق يېگەنىكەن. ئايال بۇ گەپلەرنى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، ئىشىككە پات ـ پات قاراپ، پىچىرلاپ سۆزلىدى. قورقۇنچ ئىچىدە يەنە:

— باللارنى ھاراققا بۇيرۇماڭ دەپ مەنمۇ تولا دەيمەن. ساق ۋاقىتلىرىدا ماقۇل دەيدۇ. ھاراق ئىچىۋالسىلا بىر زوراۋانغا ئايلىنىدۇ. بەزى كېچىلىرى ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆينى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. مەن قورقۇپ باللارنى ئېلىپ تالاغا قېچىپ چىقىۋالىمەن. كېچىچە تالادا يۈرۈپ، مەستلەر ئۇخلاپ قالغاندا ئۆيگە كىرىپ مەينەتچىلىكلەرنى يىغىشتۇرىمەن. مۇشۇ بىچارە قىزىم ھېلىمۇ مۇشۇنچىلىك ئوقۇپ يۈرىدۇ، — دېدى.

— رەئىسە ئەقىللىك ھەم بەك جانلىق. ئەگەر ئائىلىدە ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرەلىسەڭلار چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ. ئەمما، ئىش مۇشۇ پېتى

كېتىۋەرسە بىر نىمە دېمەك تەس. بىر بالىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدا ئائىلە تەربىيەسى بەك مۇھىم. ھازىرچە سىز بولسىڭىزمۇ بىزگە ماسلىشىپ بېرىڭ. ئۇ تېخى كىچىك، چوڭ بولۇشقا ئالدىراپ كەتمىسۇن. بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز مېنى ئىزدەڭ. بىز مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ يولدىشىڭىزنى توغرا يولغا سېلىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، ــ دېدىم. ئايال خورسەن بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە قالدى. مېھمانخانا ئۆيدىن مەستلەرنىڭ ئالىتاغىل ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رەئىسە ياندىكى كىچىك ئۆيدە ئۇستەلدىكى تاپشۇرۇق دەپتەرگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىدىغان بولدۇم. قىزىم ئىككىسى ياش جەھەتتە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار ئىككىسى بىللە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى، بىللە كىتاب ئوقۇيتتى، قىزلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە دائىر پەند ـ نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلايتتى. رەئىسەنىڭ دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولساممۇ قولۇمدىن كەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ چوڭ بىر دېلوغا چېتىلىپ قېلىپ قولغا ئېلىنىپ كەتتى. لېكىن، رەئىسەنى قوغداپ قالدىم. ھاياتىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئۇ نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى بىلىۋالدى. ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگەندى. رەئىسە ھازىر ئۆزى ئوقۇغان، بىز ئىشلىگەن مەكتەپتە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى مېنى پات ـ پات يوقلاپ تۇراتتى، مەكتەپ خىزمىتى، ئوقۇتۇش مېتودى توغرىسىدا مەسلىھەت ئالاتتى.

كېيىن بىز پېنسىيەگە چىقىپ ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كەلدۇق. ئارىلىقىمىز يىراق بولۇپ قالدى. لېكىن، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالمايمەن. ئۇنىڭ ياڭراق، خۇشخۇي ئاۋازى ماڭا ھەر قاچان خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان يەنە بىر ئوقۇغۇچۇم بار. ئۇ ھېلىقى مېنى سوقۇپ يىقىتمۇەتكەن ئادىل نۇراخۇن. ئۇ تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەنگە قەدەر سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئوبلاست بويىچە يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاللاندى. ئۇ ھازىر كان باشلىقى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 — 80 ـ يىللىرىدا مېنىڭ قولۇمدا ئوقۇغان بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇچۇرۇم بولۇپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كېتىشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن يارامىلىق بولۇپ چىقتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە تۆھپە يارىتالىغىنى ياكى ئەمەلدار بولالىغىنى يوق. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دۇرۇس، ۋىجدانلىق ئادەملەردىن بولۇپ يېتىلىپ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدە ئۆز بۇرچلىرىنى ئادا قىلماقتا. مەن ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن.

پەقەتلا...... «مۇئەللىم، سىزگە ئېيتمىغان بىر گېپىم بار ئىدى» دەپ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز بار. مەن بۇ بىر جۈپ كۆزنى ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى مەڭگۈلۈك نادامەتلىك ئەسلىمە ھەم ئاگاھلاندۇرۇش. بۇ كۆزلەر بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ كۆزلىرى ئىدى. قانداقتۇر بىر

هارارەت بىلەن كۆيۈۋاتقاندەك، تىنماي ئۇچقۇنلارنى چاچرىتاتتى، ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، ماڭا قارىدەك ئاق، سەمىمىي قەلبى بىلەن ئۇمىد بىلەن باقاتتى، ئۇ مېھىر ــ مۇھەببەتكە، چۈشىنىشكە تەشنا كۆزلەر ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە روھىي ئۆزگىرىشلىرىگە، يەككە ــ يېگانە، خىيالپەرەس بولۇۋالغىنىغا، داۋاملىق ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشلىرىغا، غەلىتە گەپ ــ سۆزلىرىگە، باشقا بالىلارنىڭ ئۇنى يەكلەش، مەسخىرىلىرىگە تولۇق دىققەت قىلالمىدىم. ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ دىققىتىمنى بۆلۈپ تۇرغان ئىشلار كۆپ ئىدى. ئەگەر ئاشۇ چاغلاردا مەن ئۇنى يەكلەش ــ مەسخىرىلەردىن قۇتۇلدۇرغان بولسام، ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن بولسام، باشقا بالىلارنىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە، مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە يېتەكلىگەن بولسام، بىر قېتىم ئۆيۈمگە كېلىپ: «مۇئەللىم سىزگە ئېيتىدىغان بىر گېپىم بار ئىدى» دېگەن چېغىدا «مۇھىم مېھمانلار» تۈپەيلى ئۇنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىغان بولسام...... بەلكىم ئىش ئۇ دەرىجىگە بارمىغان بولاتتى. بىز ھەممىمىز چۆچۈپ ئويغانغاندا ئاللىقاچان كېچىككەنىدۇق. ئۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى بىلەن بىزگە، بولۇپمۇ ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز بىر دەرس ئۆتتى. مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدىم. ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەن ئاشۇ قىز ھەققىدە كۆپ ئويلىدىم. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ ئىزدەندىم ۋە ئۆزۈمنىڭ، بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقتىم. مەن

ئۆمـۈرۋايەت بالـىلىرىمـنى يۇقىـرى نومۇرغا ئېرىشتـۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جـان تىكتـىم، ئەمـا، ئۇلارنىـڭ روھىي دۇنـيـاسىغـا، پسىخـىـك ساغلاملـىقـىغـا، ۋىجدانىغا، ئادىمىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ يېتىلىشىگە سەل قارىدىم. ئۇلارنىڭ يۇقىرى نـومۇرغا، ئۈستۈنلۈكـكە، پۇلغا، ھەشەمەتكە، ئېسىل ئۆي، ئېسىل كىيىملەرگە چوقۇنۇشىنـى، باشقىـلارنىڭ ئـاجىزلىـقى، چارىسىزلىكى، ئـورنىنىـڭ تۆۋەنلىكى، نامراتلىقىـنى مەسخىرە قىلىشلىرىنى نورمـال ئـەھۋال دەپ بىلـدىم. بەلكـىم كۆپلـىگەن ئوقـۇغۇچۇم ھايـات داۋامىدا ئۆزلىرىدە نېمىنىڭ كەملىكىنى تالاي قېتىم ھېـس قىلىغاندۇ، مەنـدىن، بىزدىـن ئاغرىنىغاندۇ. بىـر ـ ئىككـى ئوقۇغۇچىنىڭ نەتىجە يارىتىشى، يۇقىـرى ئورۇن ـ مەرتىـۋە، شۆئارسىمان داغدۇغىلىق گەپلەر ۋاقتى كەلسـە بىر تىـيىنگـە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىـن. قىممەتلىـكى، ھېسداشلىـقـا، ياخشىلىـققا، چۈشىنىشكە تولغـان سەمىمـىي قەلـب. مـەن بالىلىرىمدا شۇنداق قەلبنى يېتىلدۈرەلىگەن بـولسام ئاشـۇ پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

مەن ھېلىمۇ ئۆزۈمگە: «مەن قانداق ئوقۇتقۇچى؟» دېگـەن سـوئالنى قـويىمەن. مـاڭغان يولـۇم، قىلغـان ئىشلىـرىمـنى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىسەم تارازىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇركۇم ـ تۇركۇم خۇشال چىراي، يەنە بىر تەرىپىدە ئاشۇ قىز ئوقـۇغۇچۇمنىـڭ ئۈمىدسىز كۆزلـىرى بېسىـپ تۇرغـانـدەك تۇيۇلىدۇ.

بەزىدە مەسئۇد بىلەن ئـولتۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمىز ھەقـقىدە، بۈگـۈنكى مـائارىپتـىكى يېڭىلىـقـلار ھەققىـدە

پاراڭلىشىپ قالىمىز. مەن ئۇنىڭغا ئويلىرىمنى ئېيتسام، ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ ئويلىغانلىرىڭىزمۇ توغرا. لېكىن، بۇ يالغۇز سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز ئەمەس. بىز دەۋر چەكلىمىسىدىن هالقىپ كېتەلمىدۇق. بىزنىڭ بىلىشىمىز، بىزگە قويۇلغان تەلەپ شۇنچىلىك ئىدى. لېكىن، بىز بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچىمىزنى سەرپ قىلدۇق، هالال ـ سەمىمىي نىيەت بىلەن ئىشلىدۇق. مېنىڭچە، مۇشۇنچىلىك قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس. ئاۋۇ ئوقۇغۇچى قىزنىڭ ئۇ خىل تەقدىرگە ئۇچرىشىدىكى سەۋەب تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. سىز زىيادە سەزگۈرلۈك قىلىپ كەتمەڭ. هايات شۇنداق، ئۇنىڭ خىلمۇخىل بەدىلى بولىدۇ، — دېدى.

مەسئۇدنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولمىغان بولسامۇ، بۇ دۇنيانىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىگە، ئىنسانىنىڭمۇ هېچقاچان مۇكەممەل بولالمايدىغانلىقىغا، پەقەت مۇكەممەللىككە يېقىنلىشالايدىغانلىقىغا، بەزىدە مۇكەممەل دەپ قارالغان ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ مۇكەممەللىكتىن تولىمۇ يىراق ئىكەنلىكىگە تەن بەردىم. بۇ ئويلار مېنى تىنچلاندۇردى. بەلكىم بۇ قىرلىقتىكى چارىسىزلىكنىڭ ئىنكاسىدۇر ياكى پىشىپ يېتىلىش دېگەن شۇنداق بولىدىغاندۇ.

خىياللارغا ئەگىشىپ ئېسىمگە بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئوقۇغۇچىمدىن تاپشۇرۇۋالغان خەت كەلدى. ئۆز ۋاقتىلىرىدىلا چوڭقۇر تەپەككۇرى، ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن دوستلىرى ئارىسىدا تونۇلغان بۇ ئۆسمۈر هازىر داڭلىق بىر يازغۇچى. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ چوڭ بىر مۇكاپاتقا

ئېرىشكەنلىكىمنى يېزىپ: «مۇئەللىم، مۇكاپات ئالغان ئاخشىمى مەن سىزنى — ماڭا ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىنى، ئانا تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكى، بايلىقى ۋە مەنىدارلىقىنى تونجى بولۇپ شۇ قەدەر چوڭقۇر تونۇتقان ئۇستازىمنى ئەسلىدىم، شۇنداقلا سىزنى بۇ ئۇتۇقۇمدىن خەۋەردار قىلىشقا ھەم تۇنجى بولۇپ سىزگە رەھمەت ئېيتىشقا ئالدىرىدىم. رەھمەت مۇئەللىم، مەن سىزگە ئۇچراپ قالمىغان بولسام، بەلكىم بۇ ئۆمرۈمدە ئەدەبىيات بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولمىغان بولاتتىم. مەن تەلەيلىك ئىكەنمەن. مەكتەپلىرىمىزدە سىزگە ئوخشاش ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى كۆپرەك بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى — ھە!» دەپ يازغانىدى. ئوقۇغۇچۇم بۇ قىسقىغىنە خېتى بىلەن ماڭىمۇ ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئەڭ ئالىي شان — شەرىپىنى ئاتا قىلغانلىقىنى بەلكىم ھېس قىلىپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇ خەتنى ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

# كىرەم VI

## 18

چۈشتىن كېيىن ھۇجرامدىكى ئۈستەل ئالدىدا جىمجىت ئولتۇراتتىم. ئالدىمدىكى «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئوچۇق بەتلىرى ئۈستىدە قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سىرغىپ ئۆتكەن تەڭگىسىمان كۈن نۇرى تەۋرىنىپ تۇراتتى.

«خانلار تارىخى» نىڭ زوّرۇر بابلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، «تارىخى رەشىدىي» نىڭ نەزىرىمدىكى قىممىتى تېخىمۇ ئاشقاندەك بولدى. «خانلار تارىخى» دىكى ئادەم ۋە بايانلار بۇنىڭدا كونكرېتلىشىپ، يېشىلىپ باراتتى، ئىككى كىتاب بىر - بىرىنى تولۇقلايتتى. ئۇلاردىن ئەينى دەۋردىكى «خان» ئەۋلادلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تېخىمۇ مۇھىمى، «تارىخى رەشىدىي» مېنى بىردىنلا ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ، يىللار توزانلىرى ئىچىدىكى ئۆزگىچە بىر دۇنياغا، تەپەككۇر ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ پايانسىز مەنزىلىگە، سۆز جاۋاھىراتلىرىنىڭ سىرلىق خەزىنىسىگە باشلاپ كىرەتتى. مەن خۇددى «سىم - سىم» غارىغا كىرىپ قالغان ئەلى بابادەك ئۇ يەردىكى بايلىقتىن، سەلتەنەتتىن، ئىنسانىنىڭ جىمىكى ئۇلۇغ پەزىلىتى ۋە زەئىپلىكىنىڭ مۇجەسسىمى بولغان

كەچمىشلەردىن، ھېچكىمنىڭ بېشىدا ئۈزاق تۇرمىغان قان يۇقى تاجلار، لەئەل ـ ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان شاھى تونلار، تېگىدە زەھەر قېتىپ قالغان ئالتۇن قەدەھلەردىن، باشلىرى كېسىلگەن خانىشلارنىڭ چاچلىرى يۆگىشىپ تۇرغان ئۇنچە ـ مەرۋايىتلاردىن ئەقلىم لال، كۆزلىرىم خىرە ھالدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئوخشاشلىق ۋە تەكرارلىق، ئىنسان پەيلىدىكى ئاچ كۆزلۈك ۋە شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ تۇغما ۋە مەڭگۈلۈكلۈكى ھەققىدە ئويلارغا چۆمۈلىمەن.

جاھاننى تىترەتكەن سۇلالىلەرنىڭ، نى ـ نى خانلىقنىڭ كۈلىنى كۆككە ئۇچۇرغان، دادىنى ئوغۇلنىڭ، ئوغۇلنى قان ـ قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى كېسىشكە ئۈندەپ، ئادەملىك، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىنساب ۋە ۋاپانى خار قىلغان قانداق بىر كۈچ بولغىيدى ـ ھە! ئۆزىنىڭ تەختى ـ بەختىنى قوغداش ئۈچۈنلا مىليون پۇقرانى قۇربانلىق قويغا، ئەلنى ھالاكەت دېڭىزىغا ئايلاندۇرغان؛ ئادەملەرنى ئادەمدەك ياشاش، ئەركىن تەپەككۇر قىلىش، سۆزلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرغانچۇ؟!

ئېيتىشلارچە، بۈگۈنكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ زالىم، قانخور ھۆكۈمرانلار بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر، شەپقەتسىز جىنايەتچىلەرنىڭ گېنىدا زور ئوخشاشلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغان. دېمەك، بۇ «قوشكېزەك» لەرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگىنى ھۆكۈمران بولغان، تەلىيى تەتۈر كەلگىنى قاتىل، قاراقچى بولغان. بۇ يەردە شارائىت، تەربىيە قاتارلىقلارنىڭ قانداق رول ئوينىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ بىر تۈركۈم كىشى دۇنيا

تارىخـىغا ئۆزۈكـسىز تەسىر كۆرسىـتىپ، تـارىـخنىـڭ ئـەڭ زۇلمەت دەۋرىـنى شەكىـللەندۈرگـەن. نەپسـانىـيەت، ھـوقـۇق خۇمارى، شان ـ شـۆھـرەت تەمـەسى گـويا غـايـەت زور قـارا ئۆڭكۈردەك ئـەتراپىدىكى بارلىـق گۈزەل، ياخشـى نەرسىـنى يـالماپ يوقـاتقان. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپـاتىغا ئېرىشكـەن داڭلـىق بىر شـائىرنىـڭ ئەگەر سادام بىـلەن بۇش شېئىرنى چۈشەنگەن، شېئىر ئـوقۇغان بولـسا پارس قولـتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دېگەندەك بىر گېپى ئېسىـمدە. ئەمما، سۇلـتـان سەئىـدخـان بىـلەن ئـۇنىـڭ ئـوغـلى سۇلـتـان ئابدۇرەشىدخان ئىككىلىسىلا يېتىلگەن شائىر، مۇزىكانت ئىدىغۇ! ئۇلار كۆڭلىرىنى تۈرلۈك ئىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەت، مۇزىكا ۋە شېئىر سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار ئەتىۋارىنى تاپقان. مۇزىكا ۋە شېئىرغا بولغان ئىشتىياق ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇھەببەت رىشتىنى چۆل ـ باياۋاندىكى بىر ئوتۇنچىنىڭ قىزىغا باغلىغان. «12 مۇقام» ئەنە شۇلارنىڭ ئەجرىدە رەتلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. خانلار قەلەم تەۋرىتىپ يازغان گۈزەل مىسرالار پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاغاتاي شېئىرىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولغان.

ئەمما، ئۇلار قانخورلۇقتىن، تەخت تالىشىش ماجىرالىرىدىن، ئىشغالىيەتچىلىك ۋەسۋەسىسىدىن خالاس بولالىدىمۇ؟ خوش، ئۇلارنى ئاشۇ دەۋر تىراگېدىيەسىنىڭ بىر قىسمى دەيلى، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمى يۇلتۇزلارغا يېتىۋاتقان، چۆچەكلەردىكى مۆجىزىلەر رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان، ئىنسان ھەقلىرى مۇقەددەس ئورۇنغا قويۇلۇۋاتقان دەۋردىمۇ ئادەم ھاياتىنى خەس ئورنىدا

كۆرىدىغانلار، نەپسى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەتەن تۇپرىقىنى نەۋقىران يىگىتلەر، ئاياللار ۋە باللارنىڭ جەسەتلىرى، ناھەق تۆكۈلگەن قانلىرى بىلەن تولدۇرۇۋاتقانلار، ھېسابسىز ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ساقچىلىرى، ئارمىيەسى بىلەن، جۈپ ـ جۈپ كۆزلەرگە توغرىلانغان قوراللىرى بىلەن كىشىلەرنى ئەركىن نەپەس ئالغىلى، ئويلىغىلى، سۆزلىگىلى قويمايۋاتقانلار تارىختىن بۇيان مەۋجۇتقۇ!

مىلىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى ھەققىدىكى بىر چۆچەك مېنى دائىم چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بارلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ئاغزىدىن چىقىرالماي بۇرۇقتۇرما بولغان، بىر چوڭقۇر قۇدۇققا بېشىنى تىقىپ «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار!» دەپ ئىچىنى بوشىتىۋېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ــ راست گەپ قىلالماسلىقنىڭ ئازابى بىزگە نەقەدەر تونۇش ـ ھە! ھەقىقەتنى مەڭگۇ يوشۇرۇپ ئۆتۈش ياكى ئۇنى يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بىر مەھەل يوقالغاندەك قىلغان بىلەن، ئاخىر قۇدۇقتىن قوموش بولۇپ ئۈنۈپ چىقىدۇ. يېگانە بىر پادىچى ئۇ قوموشتىن نەي ياساپ چېلىپ ئىچ ـ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولىدۇ. ئەمما، بۇ نەيدىن «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار!» دېگەن سادا ياڭرايدۇ. پادىچى نېيىنى چېلىۋەرگەنچە، «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار» دېگەن سۆز قۇلاقتىن ـ قۇلاققا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تاراپ كېتىدۇ. زالىم ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ ئاغزىنى ئېتەلىگىنى بىلەن، كىشىلەر قەلبىگە بەند قىلىنغان ھەقىقەتنىڭ ئاللىقانداق يوللار بىلەن قوموش بولۇپ كۆكلەپ چىقىشىنى

تونۇيالارمۇ!

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق تەرەققىيات ئىنساننى قەدىرلەش، ئىنساننىڭ ئەركىن ياشاش، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ھېچبىر توسقۇنسىز سۆزلەش، ياشاش يوللىرىنى ئىختىيارىي تاللاش ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك. نەپسى تويۇپەيلى ياراتقۇچى تەرىپىدىن يەر شارىنىڭ مۇزلۇق دالىلىرىغا چۇشۇرۇلگەن ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئەۋلادلىرى قاراڭغۇ يىللار قوينىدا ناھايىتى ئۇزاق ياشىغاندىن كېيىن، پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى. ھاياتلىققا، ئەركىنلىككە، تەبىئىيلىككە ھۆرمەت قىلىشنى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ يەنىمۇ ماس مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنىڭ قەدەملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. تۆت ئەتراپتىن بۇ تەقەززاسىز قەدەم تىۋىشلىرى كېلىپ تۇرسىمۇ، يەرشارىدا مۇستەبىتلىك قاپلىغان نۇرغۇن جاي يەنىلا تىمتاس ھالىتىنى ساقلىماقتا. «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار» دەپ ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلىدىغانلارنىڭ تىلى كېسىلىپ، كۆزلىرى ئويۇلماقتا. تېخىمۇ كۆپ كىشى بولسا ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز سۆزنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مۇكچىيىپ، باشقىلار ئۆگەتكەن سۆزلەرنى زورۇقۇپ تەكرارلاپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

جىمىرلاپ تۇرغان كۈن نۇرى كىتاب ئۈستىدىن قوللىرىمغا، ئاق كۆڭلىكىمنىڭ مەيدىسىگە يۆتكەلدى. ئاخىرىدا پېشانەم ۋە چېكىلىرىمنى ئىللىتىشقا باشلىدى. راھەت بىر سېزىم ئىلكىدە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم.

...... ئېگىز تاملىرىدا زەر ھەللەر ۋالىلداپ تۇرغان، يەنە بىر تەرىپى ئۆرۈلۈپ ئەسكى تاملىقتا ئايلانغان قەدىمىي ئوردىدا يۈرەتتىم. مەن داڭلىق تارىخچى ۋە شائىر مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئىدىم. سۇلتان سەئىدخان بىلەن كەشمىرگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ، قانداقتۇر تۇتۇق كۆلەڭگىلەر، ئاتلار، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار، چاڭ ـ توزانلار، پېشانىسىگە يات ئەللەردە ئۆلۈش پۈتۈلگەن سۇرلۇك لەشكەرلەر ئارىسىدا يۈرەتتىم. سەئىدخاننىڭ تۇرقى بەئەينى مەن بىر ۋاقىتلاردا كۆرگەن «ھاملېت»ناملىق كىنودىكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھنىڭ ئاسماندا كۆرۈنىدىغان ئەرۋاھىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇزۇن ھەم قېلىن دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن، ئۇچلۇق تۆمۈر باش كىيىمى ئارىسىدىكى يۈزى تۇرىدىغان يەر قاپقاراڭغۇ بوشلۇق ئىدى، ئاۋازى مۇئەللەقتە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ياڭرايتتى. ئۇ بىر بۇرجەكىلا قالغان شاھانە راۋاقتا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان غەمكىن بىر ئايالنى ماڭا كۆرسىتىپ، بوغۇق، ئەمما، سۇرلۇك ئاۋازدا:

— ئەنە قارا، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم خەدىچە خانىم بولىدۇ، مەن ئۇنى ساڭا نىكاھلىتىپ بېرىمەن، — دەۋاتاتتى. ئايال رومىلىنى قىيا ئېچىپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنى تونۇۋالدىم، ئۇ مېنىڭ ئەينى يىللاردىكى مەكتەپدىشىم سېرىن ئىدى!

مەن ھاياجانلىنىپ:

— سېرىن، سېرىن! سىز ئەسلىي بۇ يەردىكەنسىز...... — دەپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم. دەل شۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدىكى تېلېفون ئاچچىق سايراپ كەتتى. ئۇزۇن، ھېسسىياتسىز قوڭغۇراق ئاۋازى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدىكى ھەممە — سېرىن، راۋاق، سەئىدخان

ۋە ئـوردا ـ سـارايـلار غـايـىـب بـولـدى. چـىـكـ چـاپـلاشـقـان كۆزلـىرىمنى تەستە ئېچىپ، ھېلىلا كۆرگەنلىرىمنىڭ ئوڭـۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىـنى پەرق ئېـتەلمەي، گـاراڭ ھالـەتتـە بىرپەس ئولتۇردۇم. كاللام سەل ـ پەل سوزۇلـگەندە كۆرگـەن چۈشـۈمـدىن ھەيـران بـولـۇپ كۆزلـىـرىم يوغـان ئـېـچـىـلـدى. قانداقلارچە مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بولۇپ قالغىنىم، پۈتكـۈل يـەكەن خانلـىقىنـىڭ ۋە لەشكـىرىي يۈرۈشـىنىـڭ غـېمـىنـى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۇنىڭ روھىي ھالـىتىنى شۇ قەدەر ئەينـەن ھېس قـىلغـىـنىمغـا ئەقلـىم يەتمەيـتتى. «تارىخى رەشىدىـي» نى يىمدا ھېلىمۇ ئوچۇق تۇراتتى، دېرىزىدىن كىرگەن سالقىن شامال كىتابنىڭ بەتلىرىنى يېنىككىنە تەۋرىـتەتتى. خـۇددى شامال قـۇرلار ئارىسـىـدىكى ھـېـس ـ تۇيغـۇلارنـى روھىمـغـا ئۇچـۇرۇپ كـىرىـۋاتـقـاندەك ئـىـدى. بـۇ ھـېـسـسـيـات بـىـر شائىرنىڭ، تارىخچىنىڭ ھېسسىياتـى ئىدى. ئۇنـىڭدىن قـان تۆكـۈش، ھـۆكـۈمرانـلـىق خـۇمـارى ئـەمـەس، ئامـالـسىزلـىـق، دېلىغۇللۇق ۋە سۇسقىنـە ھەسرەت چىقىپ تۇراتـتى. ئۇنـىڭ ئەڭ ئاخىرىدا باشـقا شاھزادىـلەرنىڭ ئـارقىسـىدىن كەتمـەي، تىنچ ـ گۈزەل، شېئىرىي تۇيغـۇغا باي كەشـمىرگە بـېرىشنـى تاللىشىمۇ ئۆزى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولمىغان رېئاللىقتىـن، تۈگـىمەس قانـلىق ئۇرۇشـلاردىن ئۆزىنـى قاچۇرۇش ئـۈچـۈن ئىدى.

مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، يىراق ئۆتمۈشتىكى رىۋايەتتەك ئىشـلار ئىچىـدىن سېرىـنىنىڭ چىقىپ كېلىشـى ئـىـدى. ئـۇنـىڭ مـەيـۈس چـىـرايـى، قـاراشـلـىـرى، خـۇددى ۋىدالىشىۋاتقاندەك كۆزلىرى، لەۋلـىرىدىن، مـۆلدۈر سوققـان مەجنۇنتالدەك تۇرقىدىن «سىلەر مېنى قۇتقۇزالايتتىڭلارمـۇ؟

بۇ قولۇڭلاردىن كېلەتتىمۇ» دەپ مۇڭلىنىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۇ بەلكىم هاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە ئەنە شۇنداق ھېس - تۇيغۇلاردا بولغان، ئەنە شۇنداق ئۈمىدسىزلەنگەن، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دۇنياغا، مەكتىپىگە، ئىچىدە دوستلىرى ئۇخلاۋاتقان دېرىزىلەرگە ئەنە شۇنداق نەزەردە باققان بولۇشى، سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى دەرەخلىكتە، قاتتىق يامغۇردا يېقىلىپ - قوپۇپ ماڭغان بولۇشى، بەلكىم ھاياتلىقتا، ئاكىسىغا تارتىشقان بولۇشى مۇمكىن......

ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىققان يىغان بوغۇزۇمغا قىسىلىپ قالدى. كېيپىياتىمنى تەڭشەش ئۈچۈن بىر پەس جىمجىت ئولتۇردۇم. دوختۇر بۇرادەرلەر مېنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ھاياجانلىنىشقا، قايغۇرماسلىققا، ئارتۇقچە خۇشال بولماسلىققا...... ئەمما، مەن ھېچقانداق قىلىپ پەرۋاسىز بولۇۋالالمايتتىم. بۇ دۇنيا گۈزەللىكى، خۇشاللىقى، بەختسىزلىكى ۋە تەشۋىشلىرىسىز دۇنيا بولالمايتتى. ھايات ئەنە شۇلارسىز ئۆز مەنىسىنى تاپالمايتتى. بۇ دۇنيادا قايغۇرماي، ھەسرەتلەنمەي، ھاياجانلانماي ياشاش مۇمكىنمۇ؟

## 19

تېلېفون يەنە بىر قېتىم ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. ئەمدى ئالماي ئامال يوقتەك قىلاتتى. بىراق، تېلېفوندىن ئاڭلىنىۋاتقان چوڭ ياشلىق بىر ئايالنىڭ ھودۇقۇش ئىچىدىكى ئاۋازى مېنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى.

— ئۆزلىرى كېرىمجان بولامىلا ئۇكام؟ ئاۋۇت

مۇئەللىمىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان. كېرىمجانغا بىر گېپىم بار ئىدى، دەپ سىنىڭگە تارتىشىپ يوللىرىغا قاراپ ياتىدۇ، كەچكىچە بىر كېلىپ كەتكەن بولسىلىرى......

ئايالىنىڭ ئاۋازى ئېسەدەشكە ئۆزگەرگەندىلا، گەپنىڭ كىم ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ئېسىمگە كەلدى. پېشانەمدىكى سۇس تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم ۋە ئاخىرقى ئاپتوبۇس بىلەن ئوقۇتقۇچۇمنىڭ يۇرتىغا ــ چەت بىر ناھىيەگە يۈرۈپ كەتتىم. ئايالىنىڭ ئۈمىدسىز ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەي مېنى ھەسرەتلىك ئەسلىمىلەرگە غەرق قىلدى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن قاراپ ئولتۇرىمەنۇ، كۆزلىرىم ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، قۇلاقلىرىم ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ. خىيالىم ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز يىللاردا ــ قىشى ئۇزاق، كوچىلىرىنى قېلىن قار ـ مۇز قاپلاپ تۇرىدىغان ئىس ـ تۈتەكلىك سوغۇق شەھەردە......

مەن ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشىمگە ئاۋۇت مۇئەللىم چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى «لاپپىدە» ئاچتى. ئايالىنىڭ دېيىشىچە، ئەتىگەندىن بۇيان ئۇ ئىشىكتىن كىم كىرسە كۆزىنى بىر ئاچىدىكەن، مەن ئەمەسلىكىمنى كۆرۈپ يەنە يۇمۇۋالىدىكەن. ئاۋۇت مۇئەللىم ماڭا تىكىلىپ، ئاغزىنى گەپكە ئۈمەللەيتتى ـ يۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ ـ قاراپ قويۇۋاتتى. ئايالى دەرھال بالىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. مۇئەللىم نېمىلەرنىدۇر دەپ خىرىلدىدى. دەرھال ئېڭىشىپ قۇلىقىمنى ئاغزىغا يېقىن ئاپاردىم ۋە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشتىم.

ــ...... ئاللاغا مىڭ شۈكۈر...... ھاياتىمنىڭ

ئاخىرىدا...... سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تـوۋا قىلىش پۇرسىتى بەرگەن ئاللاغا شۈكۈر...... مەن......مەن ئەمدى خاتىرجەم كېتەلەيدىغان بولدۇم...... ــ ئۇ ھاسىراشتىن دېمى كېسىلىپ بىرپەس توختاپ قالدى. ھودۇقۇپ سىرتتىكىلەرنى چاقىرماقچى بولغىنىمنى كۆرۈپ، «كېرەك ئەمەس» دېمەكچىدەك قولىنى بوشقىنە سىلكىپ، مېنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، ھالسىز ـ بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ مەن...... مەن گۇناھكار، مەن سىلەرنىڭ ناھەق تۈرمىدە يېتىشىڭلارغا...... يەنە ئىككى جانغا زامىن بولدۇم. ھېلىقى ھۆججەتنى ...... مەن ياسىغان. مەن...... مەن يەنە باشقىلارنى ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تارتىپ چىقىرىشقا قۇتراتقان...... ئۇلار گۇناھسىز......

ــ نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟! ــ دەپ ۋاقىراشتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئېتىپ، قورۇپ كەتكەن ساپاقتا ئوخشاپ قالغان قىلدەك ئىنچىكە، ئاخىرقى تىنىقتا خارتىلداۋاتقان گېلىنى سىقىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇسۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاسىراپ، زوۋانىم تۇتۇلۇپ قالغاندەك قاراپ تۇردۇم.

ــ بۇنى...... باشلىق شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان...... ئۇ...... بىزگە: نېمە قىلساق قىلىپ، چوقراق ئەكسىيەتچى تەشكىلاتتىن بىر ـ ئىككىنى پاش قىلىپ...... چىقىمىساق...... ــ ئۇ يەنە بىرپەس قاتتىق ھاسىراپ كەتتى، ــ ...... خىزمەت نەتىجىمىز...... نۆلگە تەڭ بولىدۇ...... دەيتتى. ئۇ...... يەنە...... ئۆزىنىڭ گۇناھى...... پاش بولۇپ قېلىشتىن...... قورقاتتى. ئۇ...... مەكتەپكە كەلگەندىلا...... ئاشۇ قىز

بالىنىڭ كەينىگە چۈشكەن...... ئورمانلىقتا ئۇنىڭغا تاپانچا تەڭلەپ نومۇسىغا تەگمەكچى بولغان، مەكتەپتىن قوغلىتىمەن دەپ قورقۇتقان. كېيىن...... قىزنىڭ ئۇ ئىشلارنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ...... ئاكىسىغا زىيانكەشلىك...... قىلدى. قىزغا...... ئاكاڭنىڭ جېنى مېنىڭ . . قولۇ...... مدا، قالايمىقان گەپ قىلساڭ ئاكاڭنى ئاتقۇزۇۋېتىمەن...... دېگەن. مەن ھەممىنى ئاڭلىغان......

بىمار يەنە بولالماي قالدى، ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا كۆكرىكى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، بوغۇزىدىن پۇشتەك چالغاندەك ئاۋاز چىقاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئەمما، ئۇ مېنى چىقىپ كېتىشتىن يەنە بىر قېتىم توسۇۋالدى. بىرپەس ئارام ئالغاندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

—...... كېيىن مېنىمۇ تۆۋەنگە...... ھەيدىدى، ۋىلايەتتىمۇ تۇرغۇزمىدى...... مەسىلىلىرىمنىڭ ھەل بولۇشىغا...... كۆپ توسقۇنلۇق......

— ئۇ كىم؟ ئۇ كىم زادى؟ كىم؟ — مەنمۇ غەزەپتىن تىترەپ گەپ قىلالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدىم. ئۇ ياكى مەن — ئىككىمىزدىن بىرەرسىمىز جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ:

— ئۇ...... ئۇنىڭ ھوقۇقى بەك چوڭ. ھازىرمۇ...... ھاياتى...... — دېدى. شۇ ھامان بوغۇزىدىن نالە قىلغاندەك غەلىتە ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئايالى بىلەن دوختۇر ـ سېستىرالار يۈگۈرۈپ كىرىپ قۇتقۇزۇشقا كىرىشكەندە، مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى

دەقىقىلىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمايتتىم.

مېھمانخانا ئۆيدە مىرئەھمەتجان ۋە ئۇنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى، يەنە بىرنەچچە چوڭ ياشلىق ئەر ـ ئايال ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى مەن ھازىرلا چىققان ئىشىككە تىكىپ ئولتۇرۇشاتتى. مىرەھمەتجان يىغلامسىراپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنى مۇرىسىدىن بوشقىنە قۇچاقلاپ:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ ئىنىم، ئاللا ئاسانلىق بېرەر. ئانىڭىز ئۆزىنى بەك ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىراق بولۇڭ، — دېدىم.

مىرەھمەتجان ئۈن ـ تىنسىز بېشىنى لىڭشىتىپ دادىسى ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن سىرتقا — ساپ ھاۋاغا چىقىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. كۆڭلۈمنى ئېغىر خىياللار بېسىپ تۇراتتى. ئىچىمگە كىرىۋالغان سان ـ ساناقسىز سوئال پارچە ـ پارچە چوغلاردەك ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەيتتى. شۇ تاپتا كۆڭلۈمنىڭ بىر بۇرجىكىدە سەكراتتا ياتقان ئاشۇ ئادەمگە قارىتا ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق يوقمۇ ئەمەس. ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتتە ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى ئۆزى خالاپ قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ بەك كۆپ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان، ناھايىتى كۆپ پاجىئەگە سەۋەبچى بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە تىنچ ياشاپ، بالىچاقىلىرىنى قاتارغا قوشۇپ، ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ غوجايىنىمۇ ھوقۇق كۈچىنىڭ سايىسىدا راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە تېخىچە ياشاۋاتاتتى. كىم بىلىدۇ، بۇ ئورۇنغا، بۇ راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىش يولىدا ئۇ يەنە قانچىلىغان قان ـ ياشقا سەۋەبچى بولدى. ئۇ زادى كىم بولۇشى مۇمكىن، ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىنقىلاب، سوتسىيالىزم، «ۋەتەن ـ خەلق مەنپەئەتى» دېگەندەك ئۇلۇغۋار گەپلەر بىلەن ئۆزىنى

نىقابىلاپ بىزنى ئالدىغان، باشقىلارنىڭ ھاياتى، بەختسىزلىكىنى ئەمەل ـ مەرتىۋىگە يامىشىشنىڭ دەسمايىسى قىلغان؟ ئۇ زادى كىم؟

كېچىنى ئازابلىق خىياللار قوينىدا كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. قەلبىمنى بېسىپ تۇرغان غايەت زور قىيا تاشتەك ئېغىر سوئال نەپەسىمنى بوغۇپ، ۋۇجۇدۇمنى ياندۇراتتى. قولىدا ئاز ـ تولا ھوقۇقى بار، ۋىجىككىنە، رەزىل بىر ئەبلەخنىڭ ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس ئەمەل ـ مەنسىپى ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ناھەقچىلىك، بەختسىزلىك، پاجىئەلەرگە تولغان، ئۇزاققا سوزۇلغان، تالاي ئادەمگە چېتىلغان بىر تىراگېدىيەنى ياساپ چىققىنىغا ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ قىلچىلىك سوئال ـ سوراققىمۇ تارتىلمىغىنىغا ھەيران ئىدىم. ئاۋۇت مۇئەللىم ئېيتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، كۆز ئالدىمدا سايىغا ئوخشاش بىر قىياپەت، ئۆزگىرىشچان، رەزىل بىر چىراي ئاستا ـ ئاستا گەۋدىلىنىشكە باشلىغانىدى. مەن ئەينى يىللاردا كۆپ قېتىم ئۇنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇنى ھۆرمەت قىلغان، گەپلىرىگە ئىشەنگەن، كېيىن خىيالىمدىن چىقىرىۋەتكەن بولساممۇ، تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە ئۇ ۋە ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىغا ئائىت گەپ ـ سۆزلەرنى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاپ تۇرغانىدىم. دېمەك، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر مىڭبىر ئامال ـ چارە بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئەمەل ـ مەرتىۋىگە، شان ـ شۆھرەتكە، راھەت ـ پاراغەتكە ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلاتتى، زامان ئۇلارغا ئىنتىلگەن نەرسىسىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئالاتتى. ئۇلار دەۋرنىڭ ئەركىلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ پاراغەتنى يولىدا قۇربان بولغانلارنى

ئويلاپمۇ قويمايتتى. سىرىنىنىڭ، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ، خىلىلىنىڭ، تۆكەننىڭ ھەققىنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، سانسىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىش ئالدىدا ئىبراھىمنى ئويلاپ بىر پەس سۆكۈتكە چۆمدۈم. ئىككىمىز ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئاشۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھۆججەت ئىشىنى تىلغا ئالماي قالمايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھېمىتنى ئىزدەپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ يۇرتىغا بېرىپتۇ. ئەمما، ئۇنى تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقانلىرى ئەينى يىللاردىلا ئالتاي تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەنىكەن. يۇرتىدا ئۇنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ ئالتايغا بارماقچى بولۇپ يۈرگەنىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى ۋە ئارمان ئىچىدە بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. ئاۋۇ قورقۇنچاق ئەبلەخ بولسا بۇ سىرنى تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىگىچە ساقلىدى. ئۇلار ئىككىسى بىر ناھىيەدە، بىر كوچىدا دېگۈدەك ياشايتتى......

تۈرمىدىن چىقىپلا دېھقان بولۇپ كەتكەن، كېيىن تىجارەتكە كىرىشىپ ئابدۇسەمەتباي، ئابدۇسەمەتھاجىم دەپ ئاتىلىپ يۇرتىدا ھەممىگە تونۇلغان، ياشانغان چاغلىرىدا تىجارىتىنى ئوغۇللىرىغا تاشلاپ بېرىپ، ئىبادەت بىلەن تىنچ ياشاۋاتقان ئابدۇسەمەت ئاۋۇت مۇئەللىم توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلاپ دەسلەپتە چۆچۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قالدى، غەزەپلىنىپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى.

— سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇپ قويۇپ، يۈزگە شالاققىدە تۈكۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، — دېدى. ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى مىجەزى ھېلىمۇ بار ئىكەن. ناھايىتى ئىتتىك قوزغىلىپ مېنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغان غەزىپى ھايال ئۆتمەي پەسكويغا چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، سوراقسىز دۇنيا ئەمەس بۇ، ئاللا ئۆزى سورايدۇ، ھەرقانچە يوشۇرۇن گۇناھلىرىمىزنىمۇ پېتىرناندىن قىل سۇغۇرغاندەك تارتىپ چىقىرىپ ھېسابىنى ئالىدۇ. كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاغىنە، بۇ ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت...... ھە، شۇنداق قىلىپ، قاچانراق يولغا چىقاي دەۋاتىسەن؟

......

649

كامال بىلەن ئاسمىغا تېلېفون قىلدىم. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش، ئاۋازىنى ئاڭلاشقا شۇنچىلىك تەشنا بولغانىدىم. ئەمما، ئىككىلىسىلا ئۆيدە يوق ئىكەن. ئىچىم سىقىلىپ تۇرسىمۇ، سىرتقا چىققۇم كەلمەي خىيال بىلەن بىرنەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدۈم. چۈشكە يېقىن كامالدىن تېلېفون كەلگەندە بەكلا خۇشال بولدۇم. كامال مەندىن ئەھۋال سوراپ بولۇپلا:

— نەۋرىلىرىڭچۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي ئۇلارنىڭ گېپىنى بىر قىلما. ئىككى كۈندىن بۇيان كۆرمىگەچكە چىدىيالماي ئاران تۇرۇۋاتىمەن. ھەپتە ئاخىر بولغاچ ئىككىلىسى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆيىدە،

ئـەتىدىن تـارتىپ يەنـە چوڭ دادا، چوڭ ئانـىسىنـى تاپىدۇ. بـۇ كۈنـنـىڭ بالـىـلىرى مۇشـۇنداق چىچـەن بولامدۇ، بىـلـمىدىـم. لېكىنىزە، مېنىڭ بۇ نەۋرلىرىم بەك ئەقىللىـك جۇمۇ، هـا ـ ها ـ هـا...... قارىغىـنە مېنىـڭ ئەخمـەقلىـكـىمنـى، خـۇددى سېنىڭ نەۋرىلىرىڭ يوقتەك، سـېنىڭ ئـالدىڭدا نـەۋرىلىرىـم بىلەن ماختىنىپ كەتكىنىمنى!

ـــ قاغا بالام ئاپپاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام دەيدۇ ئەمەسمۇ، هەممە ئادەمنىڭ نەۋرسى ئۆزىگە تاتلىق بىلىنىـدۇ، ـــ دەپ كامال ئىككىمىز بىرپەس چېقىشـىۋالدۇق. كامال ئـاۋۇت مۇئەللىم توغرىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدى. ئـۇنىڭغا تـۇنۇگـۈن بېـشـىـمدىـن كـەچـۈرگـەن ئـىـشـلارنـى، ئـاۋۇت مـۇئەللـىـمنـىـڭ هـاياتـىـنـىڭ ئـاخـىـرقى مـىـنـۇتلـىـرىـدا ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇمۇ ئابدۇسەمەتكە ئوخشاشلا چۆچۈپ كەتتى. «يا...... پاناھ، دۇنيادا ئەجەب ئىشلار بولىدىكەن ـ هە؟» دەپ خېلىغىچە شۈك بولۇپ كەتكەندىـن كېيىـن، سىرلـىق پەس ئـاۋازدا ئۆزىنىـڭ ئۇنىڭ كـىملـىكىنـى پەرەز قىلـىـپ بولغانلىقىنى، بۇگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى گېپىنـى ئاڭلـىغـانلـىقـىنـى، ئـۇنـى يـاخـشـى ئـادەم دەپ ئـويـلاپ كەلگەنلىكىنى، ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ نۇرغۇن ئـىشنـىـڭ ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنـى كۆڭلى تـۇيغانلىقىنـى ئېيتىپ يەنە بىرھازا جىمىپ كەتتى.

ـــ كـامال، مەن 70 يىـل ياشاپتـىمەن. تـۇرمىلەردىـمۇ يېتىپتىمەن. مەن دۇنيانى، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنـى چۈشەندىـم دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە، بىز ياشاۋاتقان بـۇ دۇنيادىكـى ئىشلار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كۆرگىنىمىزدەك، بىلگىنىمىزدەك ئـەمەسكەن. مـەن هازىر هەمـمە ئادەمدىـن، هەممە ئـىشتـىـن گۇمانلىنىدىغان، بىز ياخشى دەپ بىلىدىغان، چوڭ كۆرىدىغان

ئادەملەرنىڭ راستتىنلا ياخشىلىقىدىن، يامان دەيدىغانلارنىڭ راستتىنلا يامانلىقىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. راستىمنى ئېيتسام مەن ئۇنىڭ......

كامال مېنى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماقچى دەپ ئويلاپ دەرھال گېپىمنى بۆلۈۋەتتى:

— بولدى، تىلغا ئالما كېرەم، ئاغزىمىزنى مەينەت قىلمايلى، ئۇ ھازىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋاتىدۇ، قالغىنىنى تارىخ ئۆزى سوتلايدۇ. جاۋابىنى ياراتقۇچى ئۆزى ئالىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدىن بىلىۋالغىنىمىز ياخشى بولدى. بىز بۇ ئىشلارنى ئەسلىمىلىرىمىزدە يېزىپ قالدۇرۇپ، باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرالايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلار سېنى بەكرەك ئازابلايدۇ. لېكىن، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى. ئەمدى ئالغا قارايلى. قانچىلىك ئۆمرىمىز قالغان بولسا شۇ كۈنلەرنى خۇشال ئۆتكۈزەيلى. قانداق دەيسەن؟

— توغرا دەيسەن قېرىندىشىم. ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا، بىز تېخى ياشايمىز، قانداق ياشاشنى باشقىلارغا ئۆگەتكۈچىلىكىمىزمۇ بار. ھەممىمىز جەم بولىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالدى. مەن ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ بولدۇم، ئاللا خالىسا پات ئارىدا كۆرۈشىمىز. كۆرۈشكۈچە ئامان بولايلى.

— شۇنداق، كۆرۈشكۈچە ئامان بولايلى.

# ئاسىم VI

## 19

ئەقىل - پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلار بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى «بىرى كەم دۇنيا» دېگەن ھېكمەت بىلەن ئاجايىپ خۇلاسىلەپ قويۇشقانىكەن. ئىنساننىڭ توققۇزى تەل بولمايمىش، تەل بولاي دېگەندە تەقدىر تارازىسى يەنە ئۇنى قانۇنىيىتى بويىچە تەڭشەپ قويارمىش.

ئاغىنىلەر بىلەن ئولتۇرغان سورۇندا مۇشۇ گەپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يىللاردىن بۇيان مۇشۇ سورۇندا بولۇپ كەلگەن، ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ھاياتلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن بىلگىنىمىزنى بىرەر قۇر ئەسلەشتۇق.



بۇنىڭدىن كۆپ يىل ئىلگىرى، جاھان ئوڭشىلىشقا يۈزلەنگەن كۈنلەردە بىرنەچچە داڭلىق شائىر بىلەن بىرنەچچە داڭلىق مۇزىكانت ئۆزلىرىدىكى مەنىۋى ئېھتىياج تۈپەيلى بىر سورۇنغا جەم بولۇشقانىكەن. شائىرلار گۈزەل كۈيلەردىن ئىلھام ئېلىپ، چارچاپ، تالجىققان جىسمى ۋە روھىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە موھتاج بولغاندەك، مۇزىكانتلارمۇ گۈزەل مىسرالار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرىگە تەشنا ئىكەن. دېمىسىمۇ، شېئىر بىلەن مۇزىكا ھېسسىيات - روھ ۋە تەسەۋۋۇر، گۈزەللىك ۋە رىتىم جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن

تاشقى كۆرۈنۈشى بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان قوشكېزەكلەردۇر. شېئىر بىلەن مۇزىكىنى ئىچكى كۈچ قىلغان بۇ سورۇن گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ هازىرغا قەدەر تالاي ئىشقا شاهىت بوپتۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، مەنمۇ ئەڭ بۇرۇنقى شاهىتلارنىڭ بىرى ئىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا مەن سورۇندىكىلەر ئىچىدە ياش هېسابلىناتتىم. مېنى بۇ سورۇنغا جەنۇبتا بىللە ئىشلىگەن هېلىقى داڭلىق مۇزىكانت باشلاپ كىرگەنىدى. شائىرلار بىلەن ئەسلىدىلا تونۇشلۇقۇم بولغانلىقتىن، مەن بۇ سورۇنغا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتكەنىدىم. ياش بولغاندىكىن دەپ، باشقىلارغا ياردەملىشىدىغان، تەشكىللەيدىغان ئىشلارغا كۆپرەك كۈچ چىقىراتتىم. سورۇنلاردا ئاساسەن چوڭلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن هۇزۇرلىنىپ ئولتۇراتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەهىمە، ئوڭۇشسىزلىق، تۇرمۇش بەختسىزلىكلىرى ئىچىدە ياشىدى. بىز ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكلىرىدىنلا ئەمەس، ئۇششاق ـ چۈششەك غەملىرى، باش ئاغرىقلىرى، خورلۇقلىرى، خوتۇنلىرى بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشلىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىدۇق. بىز ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ـ ئۇچىنچى قېتىملىق تويلىرىغا، پەرزەنتلىرىنىڭ هەتتا نەۋرىلىرىنىڭ تويلىرىغا باراتتۇق، بىرلىكتە كېسەللىرىنى يوقلايتتۇق. كېيىن بىر ـ بىرلەپ ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىشقا باشلىدۇق. ئۇلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىدى. دوختۇرخانىدا ئوكسىگېندا نەپەسلىنىپ ئاران ياتقان بولسا، بىزنى كۆرۈپلا بۇرنىدىكى نەيچىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ جانلىنىپ كېتەتتى، هەتتا بىرەر پەدە چېلىپ بېرىشكىمۇ ئۇلگۈرەتتى. يەنە بەزىلىرى بۇ هەپتىسى چىرايلىق، پاكىز

كىيىنىپ، سورۇندا ھەممىمىزنى ھوزۇرلاندۇرۇپ ئولتۇرغان بولسا، يەنە بىر ھەپتىسى جاھاننى ئۇن ـ تىنىسىزلا تاشلاپ كېتىپ بىزنى چەكسىز قايغۇغا سالاتتى. ئاشۇ شائىر، مۇزىكانت ئاكىلارنىڭ ھېچقايسىسى باشقىلار ھەۋەس قىلغۇدەك بەخت ئىچىدە ياشاپ باقمىدى. ئۇلاردا پەقەت باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان نام ـ ئاتاقلا بار ئىدى. ئۇنداقتا، ھازىر قىلارچۇ؟

بىر بۇرادىرىمىز قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، سورۇندا ئولتۇرغان ھەربىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئارتۇق ـ كەم تەرەپلىرىنى تىزىملاشقا باشلىدى. بۇ يەردىكىلەر ھەممىمىزلا ياش، قاۋۇل، يەپ ـ ئىچىدىغان، تۇرمۇش ھوزۇرىنى سۈرىدىغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئىككى ـ تۆت تال مائاشنىڭ قولى بولۇپ، تار ـ قىستاڭ ئۆيلەردە نامراتلىق، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەن، چوڭ بولۇپ، پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى قاچقاندا ئاز ـ تولا ياخشى كۈنلەرنى كۆرگەنلەردىن ئىكەنمىز. بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر. لېكىن، ھەربىرىمىزنىڭ يەنە بىرمۇنچە باش قېتىنچىلىقىمىز بار ئىكەن. بىرەيلەن يېقىندا قەدىناس ئايالىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇچىنىڭ ئۆيىدە ئايالى ياكى بالىچاقىسىدىن بىرسى ئېغىر كېسەل ئىكەن. ئىككىسىنىڭ بالىسى بەڭباش چوڭ بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرمىگەننى كۆرسىتىۋېتىپتۇ. ئىككىيلەن قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغانىكەن، قەرز تۆلەش ئۇچۇن پۇل تېجەپ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

بىز ھەممىمىز بەختلىك دەپ بىلىدىغان، ئەمەل ـ مەرتىۋىنىڭ راھىتىنى يەتكۈچە كۆرگەن، بەزىدە ئۆزىمۇ ئۆزىگە ھەۋەس قىلىپ قالىدىغان بىر بۇرادىرىمىز بۇگۈن

ئۆزىنىڭ بىز ئويلىغاندەك بەختلىك ئەمەسلىكىنى، بىر ئۆمۈر ئايالىنىڭ رايى، زۇلمىغا چىداپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى بالىلار چوڭ بولغاندا ئاجراشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەپ سالدى. ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. ئەمما، ھېچقايسىمىز بىرنەرسە دېيەلمىدۇق.

شۇ چاغدا مەن ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىم نۇرئەلانى ئويلىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان، مۇھەببەتلەشكەن يىللارنى، يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلىرىمىزنى، كەينى - كەينىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىمىزنىڭ قانداق چوڭ بولغانلىقىنى، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ساغلام كۆرۈنىدىغان نۇرئەلانىڭ شۇ بالىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ قاچانلاردىدۇر ئورۇق - ئاجىز، چاچلىرى ئاقارغان بىر ئانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى...... ئويلىدىم. ھاياتىدا تۈزۈك راھەت كۆرمىگەن، ئۆيۈم، بالىلىرىم دەپ بىردەم تىنىم تاپماي ئىشلەپ ئۆتكەن بۇ باھاسىز ئايال ھاياتلىق ئېنېرگىيەسى بالدۇرلا خوراپ، كۆزلىرى ئۆچۈش ئالدىدىكى شامدەك پىلدىرلاپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئويلىماي، بىزنىڭ غېمىمىزنى يېگەن ئەمەسمىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە ماڭا ئۈچ ئىشنى — مېيىتىنى غۇلجىغا يۆتكەپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قويۇشۇمنى، مېنىڭ ياخشى ئايالدىن بىرنى تېپىپ تېزرەك ئۆيلىنىشىمنى، بالىلارغا ئاخىرىغىچە ياخشى قارىشىمنى ۋەسىيەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئورۇنلىدىم. ئايالىم ئۆلۈپ كېتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئورۇق - تۇغقان، تونۇشلارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن قايتا ئۆيلەندىم. بالىلىرىمغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە،

ئۇلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشقا تىرىشتىم. هازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ھايات يولىغا قەدەم قويدى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا بەخت ـ بەختسىزلىكى، خۇشاللىقى ۋە غەملىرى بار. ئۇلارنىڭ ماڭا كۆپ ئېھتىياجى چۈشمىسىمۇ، بىر دادىنىڭ قوللىشى ۋە يول كۆرسىتىشىگە موھتاج بولغان چاغلىرىدا مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا.

خۇددى «مۇھەببەت ئۆزى كونا نەرسە، ھەر يۈرەك ئۇنى يېڭىلار» دېگەنلىرىدەك، ھايات كونا نەرسە، ھەربىر ئىنسان بالىسى ئۇنى يېڭىلىغۇچىدۇر. دۇنيانىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىدىن، مەئىشەتلەرنىڭ قانچىلىك كۆپىيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان مەيلى ئۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا بەدىنىنى توسۇپ شاخلاردىن ياسالغان كەپىدە ياشىغۇچى بولسۇن ياكى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇئەللەق قەسىرلىرىدە ياشىغۇچى بولسۇن، ھاياتىدا ئەڭ ئاددىي بىرنەرسىگە — مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەشنا بولۇپ ياشايدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت خۇددى كائىناتنىڭ تارتىشىش كۈچىدەك ئىنساننى، ھاياتنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەتسىز ئىنسان بەختسىز ئىنساندۇر. مەن بالىلىرىمنىڭ بۇ خىل بەختسىزلىكتىن يىراق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئۇزاقتىن بۇيان ئاغرىپ ياتقان بىر سورۇندىشىمىز ئاخىر ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. كۆپ قىسىمىمىز ئۇنى ئۇزىتىپ تۇپراق بېشىغا چىقتۇق. بۇرادىرىمىزنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندا، بىرنەچچىمىز ئاپتوبۇس بىلەن قايتىشنى خالىماي، قەبرىلەرنى ئارىلاپ پىيادە ماڭدۇق. دەل ـ دەرەخ، گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن

قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئېلىنغان سالقىن، ئازادە يوللاردا كېتىۋاتقىنىمىزدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن خۇددى مەن كىچىككىمدىن بىلىدىغان ئۇرۇمچى ــ ماڭا تونۇش بولغان بىر دۇنيا ئاستا ـ ئاستا مۇشۇ بوستانلىقتىكى تىنچ يەر ئاستى دۇنياغا كۆچۈۋاتقاندەك بىلىندى. بۇ بىر چوڭ كۆچۈش ئىدى. بىز ــ مەن، ئىككى يازغۇچى بۇرادىرىم، يەنە بىر شوپۇر بۇرادىرىمىز بۇ چوڭ كۆچۈشكە قاراپ سۈكۈت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق. بۇ كۆچۈش بىزدىنمۇ ئۇنچە يىراقتا ئەمەس، پەقەتلا نۆۋەت تېخى كەلمىگەنىدى، خالاس. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز خىيالىمغا مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قىزىمنىڭ تويىنى قىلماقچى ئىكەنلىكىم كەلدى. بۇ كېيىنكى ئايالىمنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى ئىدى. تۆت يىلدىن بېرى ھەلىمە ئىككىمىز ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ تويىنى قىلدۇق. بۇ تويلار ماڭا ئۆتكەن ھايات، ئۆتكەن ئىشلار قايتىلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى. تويلار بىلەن روھلىنىپ، ئۆزۈمنى ياشىرىپ قالغاندەك سېزەتتىم. ئويلاپ قارىساڭ ھايات تويلار بىلەن داۋاملىشىدىكەن، تويلار بىلەن مەنىسى ۋە رەڭدارلىقىنى تاپىدىكەن. ھايات ھەممىمىزنى مۇسىبەتتىن تويلارنى كۆپرەك كۆرۈشكە نېسىپ قىلغاي!

ھەلىمە قايتىپ كەلدى. ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى، تاجىكىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئۇلار ئاكا ـ ئىنىلەر بىرلىشىپ بىر خەلقئارالىق شىركەت قۇرغان بولۇپ، ياۋروپا ئەللىرىگىمۇ بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىكەن. شۇنچە جاھان كۆرگەنلىكىگە قارىماي، ئۇلار ئۇرۇمچىنىڭ

تەرەققىياتىغا بولغان ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئېگىز بىنالارنىڭ كۆپلۈكى ئىدى. ھەممىنىڭ ئاكىسى ئۈرۈمچىنى كۆپ يىل ئىلگىرى كۆرگەن بولۇپ، ئېسىدە تۇتەك باسقان، قار ـ مۇزلۇق بىر شەھەرنىڭ خاتىرىسىلا ساقلىنىپ قالغانىكەن. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ بىنالارنىڭ چىراغلىرى يېقىلىشقا باشلىغان پەيتتە ئۈرۈمچىگە كىرىپ كەلگەنلىكى، ئورماندەك بىنالارنىڭ ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئامېرىكىغا بېرىپ قالغاندەك سەزگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. ئەتىسىدىن تارتىپ ئۇ ئادەمنىڭ بۇنچىۋالا تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا بۇ تېز تەرەققىياتنىڭ تېگىگە يەتكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىنىڭ ھازىر دۇنيادىكى ئادەم ئەڭ كۆپ، قاتناش ئەڭ قىستاڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەشكە چۈشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزى كۆپ بارغان ياۋروپا ئەللىرىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەردە ئېگىز بىنالار ساناقلىق بولىدىكەن. ئۇ يەرلەردە زامانىۋى ئېگىز بىنالار بىلەن قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى بىنالار، مۇزېيلار، ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان خىلمۇخىل ئۇسلۇب، شەكىلدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر، دۇكانلار، كىچىك ئورمانلىق، چىملىق، گۈللۈكلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خېلى چوڭ شەھەرلەرمۇ يېشىللىقنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىماققا زامانىۋى چوڭ يېزىلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. ئۇ يەرلەردە ئادەم ئاز، مۇھىت ساپ بولۇپ، قاتناش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئادەملەر ئۈچۈن قولايلىق بولۇش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش سۈرئىتى

ۋە رەسمىيەتلەردىن قاقشاپ يۈردى. ھەممىدىن، قايتىپ كېتىشكە جابدۇنۇۋاتقان كۈنلەردە، ئاخىرقى قانداقتۇر رەسمىيەتلەرنىڭ پۈتۈشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئىچكەن بىر قۇتا «ساپ سۇت» تۇپەيلى دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ بارلىق ئىشەنچىسىنى يوققا چىقاردى بولغاي، ئۇ ئەمدى تەرەققىيات ھەققىدە، قانداقتۇر يېڭى ھەمكارلىق ھەققىدە ئاغزى ئاغرىغا تەگمىگەن ھالدا سۆزلىمەس بولدى. مەن ئۇلاردىن تاجىكىستان ۋە باشقا يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھال ـ كۈنىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدىم. چۈنكى، ئۇ يەرلەردە مېنىڭ ئىككى ھەدەم ۋە ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى ياشايتتى. ئانچە ـ مۇنچە خەت يېزىشىپ تۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ بۇياقلارغا كەلمىگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى.

مېھمانلىرىمىز ئۇ دۆلەتلەردە ئىشلارنىڭ باشتىن ئىزىغا چۈشۈۋاتقانلىقى، گەرچە بەزى جەھەتلەردە ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا يەتمىسىمۇ، رىقابەت ۋە پۇرسەتنىڭ كۆپەيگەنلىكى، كۆپ يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقى، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ چوڭ كارخانىچىلار يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەردىن شۇ نەرسە ئايان بولاتتىكى، ئەسىرلەر بويى ئىزىدىن چىقمىغان، تەبىئىيلىكىدىن ھالقىغان ھالەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئەڭ چوڭ تەرەققىيات ئىدى. يېڭى قۇرۇلغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا ئەگرى ـ توقاي يوللار، قىيىنچىلىقلار كۆپ بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى داغدام يوللار ئېچىلماي قالمايتتى.

بىز ئاخشىمى خېلى ۋاقىتلارغىچە كولخوز ـــ كوممۇنا

دەۋرلىرىنىڭ، سىنىپىي كۈرەش دىكتاتورىسى ئاستىدىكى يىللارنىڭ پارىڭىنى سىلىشتۇق. بۇ ھەر ئىككىلا تەرەپتىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق تېما ئىدى. ئۇ دەۋرلەرگە ئائىت كەچمىشلەر، ئەسلىمىلەر يۈرەكلەرنىڭ قات ـ قېتىغا ئورناپ كەتكەنىدى.

يېنىمىزدا مۆگدەپ ئولتۇرغان ھەلىمە مېھمانلارغا ياخشى چۈش تىلەپ ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئوغۇلمۇ بالدۇرراق ئارام ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قوزغالدى. يەنە بىرپەس تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. مېھمان ئىچىدە بىر ئىشقا دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر گەپنى دېگۈسى بولسىمۇ، قانداق دېيىشنى بىلمەيۋاتقاندەك ھالەتتە بىردەم ئولتۇرۇپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىز بەلكىم ئامىنە ئىسىملىك بىر ئايالنى تونۇيسىزغۇ دەيمەن؟ 1962 ـ يىلى سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن، دۆڭمەھەللىلىك......

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. شۇنچە يىلدىن بۇيان ئامىنەنىڭ ئىسمىنى يات بىرسىدىن ئاڭلاۋاتاتتىم. ئاپام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۇياقتا ئۇزاق يىل بويتاق يۈرۈپ، ئاخىر خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى باللىق بىر ئادەم بىلەن توي قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىمدىكى تاش ئاخىر يەرگە چۈشكەندەك بىر خىل تۇيغۇدا بولغانىدىم.

— ئامىنەمۇ؟ ئەلۋەتتە تونۇيمەن...... ئۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟ — دېدىم. ئاۋازىم ئۆزۈمگە بۆلەكچىلا سۈنئىي تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ئۇ...... ئۇ بۆلتۈر تۇگەپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئايالىم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى بالام بار ئىدى. ئۇ ماڭا سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، ئۇ بەك ئېسىل، ساداقەتمەن ئايال ئىدى. بالىلىرىم ۋە مەن...... بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا قەرزدار...... ئۇ بارلىقىنى بىزگە ئاتىدى...... مەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇنلا بۇ گەپلەرنى سىزگە يەتكۈزۈشنى لايىق تاپتىم......

ئىككىمىز ئامىنەنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدۇق. مېھمانغا تەسەللى بەرگۈم كەلگەن بولسىمۇ، نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. سۈكۈت ئىچىدە بىرپەس ئولتۇردۇق. مېھمان نەملەشكەن كۆزئەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ، خەيرلىشىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئەتە سەھەردە بۇ يەردىن تاجىكىستان پايتەختى دۇشەنبىگە قاراپ ئۇچىدۇ. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز تۇپرىقىمىزدا ياشاۋاتقان بىزلەر يوقىتىپ قويغىنىمىزغا ئۇزاق بولغان بىرنەرسىنى — ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى بايقىدىم. ئۇزاق يىللاردا بوراندا قالغان قامغاقتەك تەمتىرەپ يۈرگەن بۇ كىشىلەر ئەمدىلىكتە زېمىن قويىنىغا مۇستەھكەم يىلتىز تارتقان گىگانت دەرەخلەردەك كۈچلىنىشكە باشلىغانىدى. خىيالىمدا ئامىنەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. يۈرىكىم ئېچىشقان ھالدا ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشكەنلىكىگە تەن بەرمەي تۇرالمىدىم. مېنىڭمۇ بەختىم ئۆزۈمگە يېتەرلىك. ئەمما، ھېچقانداق بىر ئەر كىشى ئۆزى بىر چاغلاردا ياخشى كۆرگەن ئايالنىڭ باشقىلاردىن ئېرىشكەن بەختىنى كۆرگەندە يۈرىكى ئېچىشماي تۇرالمىسا كېرەك. ئەر كىشى دېگەن مانا مۇشۇنداق نەرسە.

ھەلىمە ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تولا ئۆرۈلۈۋېرىپ ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۆلدان بىلەن تاماكامنى ئېلىپ مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتىم. نېپىز، ئاقۇچ پەردىلەردىن چۈشۈپ تۇرغان سۇس يورۇقلۇقتا مېھمانخانا ئۆي خىرە، خىيالىي كۆرۈنەتتى. چوڭ تىكلىمە سائەتنىڭ ماياتنىكى ۋال - ۋۇل قىلىپ توختىماي ھەرىكەتلىنىپ دەقىقىلەرنى سانايتتى. ئارقىغا قايتمايتتى، مەڭگۈ كەلگۈسىگە، ۋاقىتنىڭ نامەلۇم مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. ئەمما، مەن سائەتنىڭ ماياتنىكىگە قاراپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمدا گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىگە چۆكۈپ كېتەتتىم. بۈگۈن تېخىمۇ شۇنداق بولدى، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەن يىللار قوينىغا بېرىپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قالدىم. ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ئىدى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى مەڭگۈ بىر ئىزدا مېڭىۋەرمەيدۇ. مەڭگۈلۈكتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. دۇنيا ئۆزگىرىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قاچانلاردىدۇر ھاۋا ئىللىپ جۇڭگو - سوۋېت چېگراسىدىكى ئاسمان - پەلەك قار - مۇزلار ئېرىشكە باشلىدى. «سوۋېت ئىتتىپاقى» نىڭ ئادەم قورقۇتىدىغان ۋەھىمىلىك ۋە سىرلىق تۈسى ئاستا - ئاستا سۇسلاشماقتا ئىدى. مەتبۇئاتلاردا ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسەتچىلىرى ۋە سودا ئەلچىلىرىنىڭ يۈرۈشۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرىدىغان بولدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەر پەيدا بولدى. ياۋروپاچە شىلەپە، سىپتا تىكىلگەن، بەدەنگە چىپپىدە كېلىدىغان كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن سالاپەتلىك ئەرلەر بىلەن چاچلىرىنى سېرىق، قىزىل بويىۋالغان سېمىز ئاياللار كىشىلەرنىڭ قىزىقىش نۇقتىسىغا ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئەينى يىللاردا تويغۇدەك بولكا ۋە سېرىقماي ئۇچۇن چىقىپ كەتكەنلەر بولۇپ، ئۇ يەرلەردە نورمال تۇرمۇش ۋە ياۋروپاچە مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر خىل تەشنالىق ــ ۋەتەن، ئەل ـ يۇرت، قان ـ قېرىنداش تەشنالىقىنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. كۆپ يىل جۇدالىقتىن كېيىن قايتا جەم بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قان ـ قېرىنداشلارنىڭ خۇشاللىقىغا ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيتتى. كىشىلەر ئۇياقتىن كەلگەنلەرنى ئۆيمۇئۆي چاقىرىشاتتى، ئۆز ئادەملىرى توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قىزىقىپ ئاڭلىشاتتى. ئاھ تارتىشىپ كۆز يېشى قىلىشاتتى. ئۇياقتىن كەلگەنلەر كىيىنىشى ئېسىل، مەدەنىيەتلىك، سالاپەتلىك كۆرۈنسىمۇ، گەپ ـ سۆزلىرىدىن بەخت، خۇشاللىقنىڭ ھىدى ئۇرۇلمايتتى. پەقەتلا بۇ كىشىلەرنىڭ جاھان كۆرۈش، قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ياشاش جەريانىدا پىشىپ، ئىلگىرىكى ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكنى يوقاتقانلىقىنى سېزىۋالغىلى بولاتتى. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ. ھەممە نەرسىگە ئىشىنىۋېرىدىغان ئادەم ئىشەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ چىقىۋەرگەندىن كېيىن قانداق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن؟ شارائىتى بارلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى

چاقىرتىشنىڭ كويىغا چۈشۈشتى. بىزمۇ ئاپام بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتاتتۇق. ئاپام ھەر خېتىدە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، بىزنى، تۇغقانلىرىنى، غۇلجىدىكى قەدىم جايىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسە ئارمىنى يوقلۇقىنى يازاتتى. بىر قېتىم ئاپامدىن خەت ـ خالتا ئالغاچ كەلگەن بىر ئايالمۇ ماڭا: «ئوغلۇم، بىر ئامال قىلىپ ئاپىڭىزنى يېنىڭىزغا ئەكېلىۋېلىڭ، ئاپىڭىز كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدۇ. مۇشۇ يەردە، سىزنىڭ قولىڭىزدا جان ئۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ گەپلەردىن ئاپامنىڭ كېسەل ئۇستىدە، خەۋپ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ، قولۇم ئىشقا بارماي قالدى. جىددىيلىك ئىچىدە رەسمىيەتلەرنى بېجىردىم. 1984 ـ يىلى ئاپرېلدا ئاپام ئايرىلغىنىغا 22 يىل بولغان ئانا ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم باستى. ئاق رەڭلىك ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاپامنى كۆرگىنىمدە ئىختىيارسىز كىچىك ۋاقتىلىرىمدا سەھراغا مېھمان بولۇپ كېتىپ، ئۆزاقىچە كەلمەي سېغىندۇرغان ئاپامنىڭ قۇچىقىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئويلىدىم. يۈرىكىم ھاياجاندىن تېپچەكلەپ، ياشلىرىم كۆز ئالدىمنى خىرەلەشتۈردى. يېشىمنى سۈرتۈپ ئاپامغا قارايتتىم. ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، تېگى ئاق، ئۇششاق گۈللۈك رەختتىن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان ئاپام مېھرىبان كۆزلىرىنى قىسىپ بىزگە قارايتتى. ياغلىقىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ قالغىنىنى، كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كۆپ ئۆزگەرمىگەنىدى، ھەتتا خېلى ساغلام كۆرۈنەتتى. ئۇ ۋادەكلىك ئىشىكتىن ئۆتۈپلا باغرىنى كەڭ

ئاچتى. بىزمۇ ئاپامغا قاراپ ئېتىلدۇق. مەن ئاپامنىڭ نان، سۈت، ئىپار، رەيھان ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان قۇچىقىغا باش قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم. ئاپام:

— ئوغلۇم، جىگىرىم، چوڭ ئادەم بولۇپ كېتىپسەن، ئەزىمەت ئەر بوپسەن، مانا سېنىمۇ كۆردۇم بالام، — دەپ باش ـ كۆزۈمنى سىلاپ كەتتى. ئاپام ھەدىلىرىم، تاغىلىرىم، ھامملىرىم، نەۋرىلەرنىمۇ بىر ـ بىرلەپ باغرىغا بېسىپ پۇرايتتى، يىغلايتتى. بىز ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ماشىنا بىلەن ئۆيگە ئېلىپ ماڭدۇق. ئۆيلەرنى ھەدىلىرىم ئاقارتىپ، تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ قويغانىدى.

ئاپام قورۇ ئىشىكىدىن قوشاق قېتىپ يىغلاپ كىردى. كىرىپلا ھويلىدىكى ئالما تۈۋىگە قويۇلغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئاشۇ يىلى ئاپاملار يولغا چىققان كۈنلەردىمۇ ئالمىلار غۇچچىدا چېچەكلىگەن بولۇپ، ئاپام چېچەكلەرگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ قىيالماي قالغانىدى. بۈگۈنمۇ ئۇ يېڭىدىن يېتىلىپ باراقسان بولغان ئالما دەرەخلىرىگە، چېچەكلىرىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى. قورۇنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا، يازلىق ئاشخانىلارغا، ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا، ھەتتا بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگەن زەڭگەر ئاسمانغا باشقىچە بىر نەزەر بىلەن سەپسالاتتى. كۆز جىيەكلىرىدىكى ياشلارنى ئېرتىپ تۇرۇپ، قانداقتۇر ئىشلارنى ئەسلەيتتى، بىزدىن ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى.

شۇ چاغدا مەن بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم: ئاپام ئايرىلغاندىن بۇيان نۇرى، سەلتەنىتى ئۆچكەن، قانداقتۇر سۇرلۇك، مۇڭلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان بۇ قورۇ شۇ

تاپتا جانلىنىپ ئىللىق بىر نۇرغا تولغاندەك، ئىشىك - دېرىزىلەر، ئاپام ئۆز قولى بىلەن رەڭدار تاشلارنى تىزىپ ياسىغان يوللار، ئاشخانا، ئوچاقلار كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك بولۇپ قالغانىدى. مەن شۇلارنى ئويلاپ تۇرسام، كىچىك ھەدەم يېنىمغا كېلىپ:

— تۇۋا، ئۆيمۇ ئەسلىي ئىگىسىنى تونۇمدۇ نېمە! ئاپام كىرىپ تۆردە ئولتۇرۇۋىدى، ماۋۇ قورۇغا باشقىچە جان كىردى، — دېگەنىدى.

ئاپام بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ، قولۇم - قوشنا، يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ - دىدارلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭدىم. نۇرئەلا ئۆيلەرنى ئاپامنىڭ دەم ئېلىشىغا مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ تەييار قىلىپ قويغانىكەن. ئاپام مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر مەزگىل تۇردى. چاقىرغان يەرلەرگە بېرىپ كىشىلەر بىلەن تونۇشتى. نۇرئەلا ئىككىمىز ئۇنى باشلاپ سودا ساراي، بازارلارنى ئايلاندۇردۇق. ئۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېنىك سانائەت، تۇرمۇش بۇيۇملىرى كەم ئىكەن. ئاپام دۇكانلار، بازارلاردىكى خىلمۇخىل مالنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ، ئۇ ياقتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، نەۋرە - چەۋرىلەرگە سوۋغاتلىقلارنى ئالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئاپامنىڭ ئۈچ ئايلىق تۇرۇش مۇددىتى توشۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئاپامنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ بىرەر يولىنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم، ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. ئاپام پېشانەمگە پۇتۇلگىنى شۇ بولسا كېرەك، دەپ قايتىشنىڭ غېمىگە چۈشتى. ئەمما، مېنىڭ ئاپامنى ئۇياققا يولغا سېلىپ قويۇش خىيالىم يوق ئىدى. ئاپام بىر كەتسە مەڭگۈ قايتىپ

كەلمەيدىغاندەك، ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇ ماڭا ئارام بەرمەيتتى. ئاخىر تونۇشلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەندە تۇرۇش ۋاقتىنى يەنە ئۈچ ئاي ئۇزارتتىم. ئۇرۇمچىدە يەنە بىر مەزگىل تۇرغۇزۇپ، يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەلپىي بويىچە ئۇنى غۇلجىغا ئاپىرىپ قويدۇم. ئۆز ئۆيىگە قايتقان ئاپام تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى. يولغا چىقىش غېمىنى ئۇنتۇپ يازلىق ئاشخانىنى تۇزەشتۇرۇش ۋە يەنە ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتتى. ئاپامنىڭ خاتىرجەم بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئۇرۇمچىگە قايتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ تۇراتتىم. ئىشلىرىمنى سەل ئالدىغا سۈرۈۋېلىپ، يەنە بىرەر ئاي رۇخسەت بىلەن ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كېلىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. كۈتمىگەندە يۇقىرىدىن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان بىر يىغىنغا قاتنىشىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. بۇنىڭغا بىرىش - كېلىش، يىغىن بولۇپ ئىككى ھەپتىلا ۋاقىت كېتەتتى. ئاپامغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە قاراپ ئاتلاندىم. يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە بېيجىڭغا تۇنجى كەلگەنلەر ئاز ئەمەس ئىكەن. ھەممەيلەن: يىللاردىن بۇيان بۇ شەھەر كۆيلەنگەن ناخشىلارنى كۆپ ئوقۇغان، كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولساقمۇ كۆرەلمىگەن. ئەمدى ئاران كەلگەن بۇ پۇرسەتتە، يىغىندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ، شەھەرنى تولۇق ساياھەت قىلىپ ئاندىن قايتايلى، دېيىشتى. ئاغزىمدا ئۇلارغا قوشۇلسامۇ، كۆڭلۈمدە بىر ئەنسىزلىك بار ئىدى. ھەربىر كۈن ئۆتكەنچە كۆڭلۈمدىكى بۇ ئەنسىزلىك كۈچىيىپ، خۇددى بىر كېلىشمەسلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، دەرھال

قايتقۇم كېلىپ تۇراتتى. ئاخىرى، يىغىن يېپىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يىغىن تەشكىللى ئارقىلىق ئايروپىلان بېلىتى ئالدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم. كۆڭلۈمنىڭ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. ئاپام تۇساتتىن ساقسىز بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. دوختۇرلار ئاپامنى بىرەر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئاپامنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىدۇق. ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ دىياگنوزى غۇلجىدىكىلەرنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش چىقتى. دېمەك، ئاپام هاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئەينى ئەھۋالنى دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئاپامنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك، ئۇياقتا قالغان تۇغقانلىرىنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاپامنى ئىككى ئاي داۋالاتتۇق. ئۇنى بىردەممۇ يالغۇز قويمىدۇق. كۆڭلى تارتقاننى ئېتىپ، تېپىپ بېرىپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەممە مېھرىبانلىقنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. ئەگەر ئاغرىقنى تەڭ تارتىشىپ بەرگىلى بولسىدى، مەن ئاپامنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىمۇ قىلغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى، كېسەلنى تەڭ تارتىشىپ بەرگىلى بولمايدىكەن. ئۆلۈمگە ئارا تۇرۇش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. ئاپام شۇ يىلى ئۆكتەبىردە غۇلجىدىكى ئۆيىمىزدە، مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى. ئۆلۈمگە كەلگەنلەر ئۆيلەرگە، قورۇغا پاتماي قالدى. مېيىتنى ئۇزىتىپ چىققانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. تۇپراق بېشىدا يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپىنى تاشلاپ بولۇپ، يىغلاپ

تۇرسام، كەينىمدىن بىرسى يېڭىمنى تارتقاندەك قىلدى. قارىسام، 50 ياشلاردىكى ئورۇق بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا:

ــ ئىنىم، يىغلىماڭ، ھەرگىز يىغلىماڭ، ئاپىڭىز تەلەيلىككەن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يېنىدا ياتتى. سىز ئۇنى ئۆز قولىڭىز بىلەن يەرلىككە قويدىڭىز. بەندە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولمايدۇ، ــ دېدى.

كېيىن، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بىر تول ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، 1962 ـ يىلى: «ئاپا، مەن ئۇياققا بېرىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ سىزنىمۇ ئېلىپ كېتىمەن، سىزنى بۇ كۇنلەردىن قۇتۇلدۇرىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. ئەمما، چېگرا ئېتىلىپ قېلىپ قايتىپ كېلەلمەپتۇ. ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى بالا دەردىدە تولا يىغلاپ، كېسەلچان بولۇپ ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ. ئانا ئادەمنى رىزقى تارتىپ ئەكېلىدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەن. شۇڭا، ھەر كۇنى بىر قاچا ئاشنى بالىسىغا ئاتاپ تاختىبېشىغا ئېلىپ قويىدىكەن. بالام بىر كۇنى بولمىسا بىر كۇنى كېلىپ، مەن ئېلىپ قويغان ئاشنى ئىچىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

ئوغۇل ئۇياقتا يامان ئەمەس كۇن كۆرگەن بولسىمۇ، يالغۇز ئانىسىنى پەقەت ئۇنتۇپ كېتەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. ئۇنىڭ بۆرىكى زەئىپلەشكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوختۇرخانىلىرىدا ھەرقانچە داۋالىنىپمۇ ساقىيالماپتۇ. ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئانىسىنى كۆرەلمەي يات يەرلەردە ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يۇرگەن چاغلىرىدا چېگرا ئېچىلىپتۇ. ئۇ ئانىسىنى كۆرگىلى كەپتۇ.

بىراق، ئانىسىنىڭ بەك ئاجىزلاپ، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇشتۇرماقچى بولۇپ ئانىسىغا:

— ئانا، مەن ئوغلىڭىزنىڭ يېنىدىن كەلدىم، ئۇ بەك ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدۇ. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. ئانىسى خۇشال بولۇپ:

— ئوغلۇم چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ بەك ۋاپادار بالا. مەن ئوغلۇمغا ئاتاپ تاختىبېشىغا ئاش ئېلىپ قويغان، ئۇنى ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا سىز ئىچىڭ، — دەپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل بىللە ياشاپتۇ. ئاخىر ئوغۇل ئانىسىغا تونۇشلۇق بەرگەن كۈنى ئانا بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئوغلىنىڭ ئالدىدا جان ئۈزۈپتۇ. ئوغۇل ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە قويۇپتۇ. ئۆزىمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدىن يەرلىك ئېلىپ قويۇپ ئۆز ۋەتىنىدە، ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەمما، ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشنى خالىماپتۇ. ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەر يىلى ۋەتەنگە كېلىپ بىرنەچچە ئاي تۇرىدىكەن. ھەر قېتىم يۇرتىدا تۇرۇش مۇددىتى توشۇپ ئۇياققا قايتقاندا، كېسىلى يەنە قوزغىلىدىكەن، بۇ ياقتا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىپ قايتىپ كەلسە، كېسىلى ساقىيىپ قالىدىكەن. ئۇ ھازىرمۇ ئاللادىن بۇ يەردە تۇرۇش مۇددىتى توشقۇچە جېنىنى ئېلىشنى كېچە ـ كۈندۈز تىلەپ ياشاۋېتىپتۇ.

كىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق ھەركىم ئۈچۈن مۇقەددەستۇر. ئۇنىڭ قويىنىدىن ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن

ئىككى مېتىر يەر چىقماي قالمايدۇ. ئەمما، ئانا تۇپرىقىدا يېتىش بەختىدىن مەھرۇم كىشىلەرلا ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ.

ئاپام ئۆز ئارزۇسىغا ئېرىشىپ ئەبەدىيلىككە قايتتى. ئاپام ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن، ئەجرى، مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان قەدىم جايى يەنە مۇڭلىنىپ قالدى. ھەدىلىرىم بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۆيمۇ ئىجارىگە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ قولىغا تاشلىنىپ يىلدىن ـ يىلغا ئىسكەتىنى يوقىتىشقا باشلىدى. مەن ئاندا ـ ساندا يۇرتقا بېرىپ قالساممۇ مېھمانخانىلاردا ياكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

بۇلتۇر غۇلجىدىكى تۇغقانلار جەم بولۇشۇپ قەدىم جايىمىزنى قايتىدىن يېڭىلاپ سېلىشنىڭ مەسلىھەتىگە چۈشۈپتۇ ۋە مېنىڭ پىكرىمنى سوراپ تېلېفون قىپتۇ. ئەڭ ياخشىسى يۇرتقا بىر قايتىشىم كېرەك ئىكەن. بۇ مەن ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزۈم ۋاقىت چىقىرىپ يۇرتقا قايتىپ ئاپامنىڭ ئۆيىدە بەش ـ ئون كۈن تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇتۇپ، ياغ پۇرىتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. بۇ ئۆيىنىڭ ھامان چېقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بەس ـ بەستە چوڭ بولۇۋاتقان، توي قىلغان ۋە توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان نەۋرىلەرگە ئۆي كېرەك. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى كونىچە قورۇلار ئەمەس، يورۇق، يېڭى، زامانىۋى ئۆيلەر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلىگىلى بولامدۇ؟

يۇرتۇمدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە مەن ئاپام بىلەن نۇرئەلانىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىدىم. بۇ ئىللىق كۈز ئېيى ئىدى.

زاراتلىق ئالتۇن رەڭ ياپراقلارغا كۆمۈلگەنىدى. يېقىنراق يول بىلەن نۇرئەلانىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، تار يولنى بويلاپ خېلى مېڭىپ، يۇقىرى تەرەپتىكى كونا قەبرىلەر ئارىسىدىن ئاپامنىڭ قەبرىسىنى تاپتىم. قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئۆزۈم بىلىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ئۇزاق ئولتۇردۇم. خۇشاللىقلىرىم ۋە ھەسرەتلىرىم، ئەسلىمىلىرىم ۋە سېغىنىشلىرىم تىل بىلەن ئەمەس، مۇڭلۇق، ئىللىق بىر ھېس ـ تۇيغۇ دولقۇنى بىلەن يۈرىكىمدىن ئۇرغۇماقتا ئىدى. بۇ ھېس ـ تۇيغۇ دولقۇنىنىڭ جەننەتكە — ئاپامنىڭ روھىغا يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.
ئاخىرىدا لەۋلىرىمنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىتىپ:
— ئاپا، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيۈڭنى چاقماقچى...... ئۆزگەرتىپ سالماقچى بولۇۋاتىمىز...... نەۋرىلىرىڭ چوڭ بولدى، ئۇلار ئۆيگە ئېھتىياجلىق...... بىزدىن رەنجىمىگىن ئاپا، — دەپ پىچىرلىدىم. شۇ چاغدا يوغان بىر تال سېرىق يوپۇرماق پىلدىرلاپ ئۇچۇپ چۈشۈپ مۇرەمگە قوندى. ئۇن ـ تىنسىز، يۇمشاققىنە بۇ قونۇش ماڭا خۇددى ئاپامنىڭ قوللىرىدەك، ئاپام رازىلىق ھەم چۈشىنىش بىلەن مۇرەمنى سىلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يوپۇرماقنىڭ ئۈستىگە قولۇمنى قويدۇم. ئۇ كۈن نۇرى سىڭگەن ئىللىققىنە يوپۇرماق ئىكەن. ئۇنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇردۇم......

# ھەدىيە VII

## 27

دوختۇرخانىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ئوغلۇم مېنى كوچىلارنى كۆرۈۋالسۇن دەپ پىكاپنى ئەتەي يىراق، ئاۋات كوچىلاردىن ھەيدەپ ماڭدى. بۇ ئۇرۇمچىنىڭ مەن كۆرۈپ باقمىغان بىر قىسمى ئىدى. ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ھەشەمەتلىك بىنالار، بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى يېشىللىق، يول بويلىرىدىكى كىچىك باغچىلار، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى، مۇۋاپىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆركەم ئورۇندۇقلار...... بىنالارنىڭ كۆپ قىسمى قاۋاقخانا، مېھمانخانىلاردەك قىلاتتى. ئوغلۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەڭ غەيرىي سېلىنغىنى تىياتىرخانا ئىكەن. بۇ يەردە دائىم چاڭچىلە قويۇلۇپ تۇرىدىكەن. تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىكى ياپيېشىل چىملىقتا رەڭلىك، ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيگەن بىر توپ بوۋاي - موماي ئۇسسۇل مەشىق قىلىۋاتاتتى. ئاياللار قوللىرىدىكى يەلپۈگۈچلىرىنى تەڭلا يەلپۈگەندە، خۇددى توپ - توپ گۈل شامالدا يەلپۈنۈۋاتقاندەك مەنزىرە ھاسىل بولاتتى. يول بويىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان، بالىلىرىنى ياكى ئەتىۋارلىق كۈچۈكلىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىشىلەر شۇنچىلىك خىرامان، بەختلىك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ بۇ قىسمى مەن دائىم ئۆتىدىغان

كوچىلار بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. ئۇ يەرلەردە ئېگىز ـ پەس كوچىلار، خارابە ئۆيلەر، تىرىكچىلىك ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن غەمكىن، ئالدىراش ئادەملەر كۆپ ئىدى. ئۇلار پەقەت چاي ـ تويلاردىلا پاكىز كىيىنىپ، غەملىرىنى ئۇنتۇپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاياللارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى، بويۇن، بىلەكلىرىگە تاقىۋالغان زىبۇ ـ زىننەتلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى. ئۇلار خۇددى تويلار ئۈچۈنلا پۇل تاپىدىغاندەك، تويلار ئۈچۈنلا ياشايدىغاندەك تاپقان ـ تەرگىنىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلىشەتتى، ئۆزلىرىنى راسا كۆرسىتىشەتتى، بالىلىرىنىڭ قانداق تەربىيەلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمايتتى. جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا، ئەتراپىدا مانا مۇشۇنداق زامانىۋى، ھەشەمەتلىك دۇنيا بەرپا بولۇۋاتاتتى، ئەمما، بۇ دۇنيا ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. يىللار ئۇلارنى تاشلاپ يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.



ئوغلۇم كوچىلارنى تونۇشتۇرۇپ بولالماي، ھېرىپ قالدى بولغاي، پىكاپىنى ئاستا ھەيدەپ ماڭدى. كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتقان بىنالار خۇددى تىرىكتەك، سۈكۈت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتى، مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بەزىلىرى بايلىقتىن، توقلۇقتىن پارقىراپ تۇرغان ھاكاۋۇر ئادەملەرگە ياكى ھەشەمخور، ياسانچۇق ئاياللارغا ئوخشايتتى، كۈچلۈك، كەسكىن، تۈز ئادەملەرگە ئوخشايدىغانلىرىمۇ، نەپىس، سىپتا، نازاكەت ئىچىدە بايلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىۋاتقانلارمۇ، سۈرلۈك غەلىتە نىقاب ئىچىگە ئورىنىۋالغانلارمۇ، زىيادە ئاچ كۆزلۈك، ھەۋەس، زورلۇق ئارىلاشقان غەيرىي نورمال روھىي ھالىتىنى قىلچە ئەيمەنمەي كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقانلىرىمۇ بار

ئىدى. ئەمما، مەن كىچىكىمدىن كۆرۈپ چوڭ بولغان پېشايۋان، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئادەملەرگە قۇچاق ئېچىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان ئاپتاپلىق، ئۆزۈم باراڭلىق مېھرى ئىسسىق ئۆيلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ كاتتا ئىمارەتلەردە مۇھىم بىرنەرسە كەم ئىدى. مەن ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى تىلىم بىلەن ئىزهار قىلىشقا ئاجىز ئىدىم.

## 28

ئوغلۇم پىكاپنى ئىككى تەرىپىدە ئېگىز تاملار قەد كۆتۈرگەن، دەرەخلىك، سالقىن تار كوچىغا قايرىدى. ئىككى چوڭ كوچىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كارىدورغا ئوخشايدىغان بۇ ئارقا كوچىدا ئادەملەرمۇ، ماشىنىلارمۇ شالاڭ ئىدى. سالقىن هاۋا كىشىنى هوزۇرلاندۇراتتى. تۇيۇقسىز، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان مۇسۇلمان پەدىسىدە رومال ئارتقان چوڭ ياشلىق بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان ئوتتۇرا بوي، يوغانباش ئوغلى دىققىتىمنى تارتتى. يۇرۇش ـ تۇرۇش، كىيىنىشىدىن ئۇلار تۇڭگانلاردەك قىلاتتى. ئوغۇلنىڭ قولىدا يوغان بىر سومكا بار ئىدى. قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا قاراپ كەتتىم. ئۆزۈمچە ئۇلارنى ئائىشە هەدە بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى دەپ پەرەز قىلىپ، ئوغلۇمغا ماشىنا سۇرئىتىنى ئاستىلىتىشنى ئېيتتىم. مەن يۈرىكىم دۈكۈلدىگەن هالدا ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىمدا، ئۇلارمۇ تەڭلا بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. ئەپسۇس......

مەن ئائىشە هەدىنى ۋە باللىرىنى شۇنچىلىك سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. ئەينى يىللاردا ئائىشە هەدە مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا مۇهىم رول ئوينىغان، ئارىدىن خېلى

يىللار ئۆتۈپ مەن تۇرمۇشتا يەنە بىر قېتىم داۋالغۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم خۇددى تەقدىردەك كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ مېنى خاتالىقتىن ساقلاپ قالغان. مەن ئوغلۇمغا ئائىشە ھەدە توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئەمما، تېخىمۇ كۆپ سۆزۈم يۈرىكىمدە داۋالغۇپ تۇراتتى، يولدا ئۇچراتقان ئاشۇ ئىككى ناتونۇش ئانا ـ بالا كۆڭلۇمدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئەسلىمىلىرىمنى قوزغىتىۋەتكەنىدى.

...... ئۇ چاغدا مەن ۋىلايەتتە ئىچىلغان ئوقۇتۇش تەتقىقات توغرىسىدىكى بىر يىغىنغا قاتنىشىۋاتاتتىم. يىغىن ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان مېھمانخانىدا ئېچىلىۋاتاتتى. ئۇ «ساپا مائارىپى» ئۇقۇمى يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان يىللار بولۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئائىت يېڭىلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مائارىپ سېپىدىكى بىر تۇركۇم ئوت يۈرەك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مائارىپ ساھەسىدىكى رەھبەرلەر يېڭىلىقلاردىن يېڭى بىر ئۈمىدنى كۆرگەندەك بولۇپ، بۇ ھەقتە قىزغىن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئىزدىنىۋاتاتتى. شۇ قېتىمقى يىغىنمۇ ئەنە شۇنداق قىزغىنلىق ئىچىدە ئېچىلغانىدى. مەن يىغىندا پىكىر بايان قىلىپ بولۇشۇمغا، بىرنەچچە ياش ئوقۇتقۇچى بەزى قاراشلىرىمنى «ۋاقتى ئۆتكەن، كونا نەرسىلەر» دەپ مۇنازىرىلىشىپ كەتتى. مەنمۇ «كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خاتا بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىسى جۇغلانغان بولىدۇ. ياخشىنى چوقۇم جارى قىلدۇرۇشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم» دەپ ئۆز مەيدانىمدا چىڭ تۇردۇم. مېنى قوللىغۇچىلارمۇ چىقتى. ئىككى تەرەپ بولۇپ تالىشىپ، بىرلىككە كېلەلمەي كۈننى كەچ قىلدۇق.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن تامىقىمنى سىڭدۈرگەچ،

كاللامىدىكى تۇرلۇك ئوي ـ پىكىرنى تەرتىپكە سالماقچى بولۇپ، پىيادىلەر يولىدا ئاستا كېتىۋاتاتتىم. بىر يەرلەرگە كەلگەندە يول بويىدا هاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغان بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا يوغان بىر سومكا بار ئىدى. ئۇنىڭغا شۇنداقلا بىر قاراپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنى تونۇغاندەك قىلدىم. ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ هاياجان بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئائىشە هەدە، بۇ سىزمۇ؟ ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ بۇ يەرگە؟ — دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇمۇ:

— ۋوي، سىز راستىنىلا هەدىيە ئىكەنسىزغۇ! شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئىسمىڭىزنى چاقىرالماي تۇرغانىدىم. مەن سىزنى كۆندە ئويلايمەن، بىر كۆرۈشسەم بولاتتى دەيمەن، لېكىن، نەدىلىكىڭىزنى بىلمىگەنىدىكىن سىزنى يوقلاپ بارالمىغانىدىم. سىزنى خۇددى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرەتتىم...... مەسئۇد مۇئەللىم ۋە باللىرىڭىزچۇ، ئۇلارمۇ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى.

— هەدە، سىز هازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىز؟ بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋالدىڭلارمۇ ياكى......

— مەن كەلگىلى بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالدى. ئاكىڭىز ئاشۇ مەكتەپتە ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. بىز هازىر بايانداي بازىرى ئىچىدە ئاتا ـ ئانامدىن قالغان قورۇدا تۇرۇۋاتىمىز...... بۈگۈن بازارغا كەلگەنىدىم. بۇ يەردە خۇددى سىزنى ساقلاۋاتقاندەك ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈڭ، — دەپ يەنە كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

مەن ئۇنى ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان مېهمانخانا ياتىقىغا باشلاپ ئاپاردىم. مەن بىللە تۇردىغان ئوقۇتقۇچى شەهەرلىك

بولغانلىقى ئۈچۈن ئاخشىمى ئۆيىگە قايتىپ كېتەتتى. ئىككىمىز كېچىچە ئوبدان مۇڭدىشىۋالالايتتۇق. ئۇنىڭدەك ئىشەنچلىك دوستنى نەدىنمۇ تاپىمەن. خۇددى مەن كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئېيتىدىغان بىرەرسىگە موھتاج بولۇپ يۈرگەندەك، ئۇنىڭمۇ دەردلىرى ئىچىگە پاتماي قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

كەچتە مەن ئۇنى شۇ ئەتراپتىكى كىچىك ئەمما، بەكمۇ پاكىز بىر ئاشخانىدا مېھمان قىلدىم. تاماق ساقلاپ ئولتۇرغىنىمىزدا ئائىشە ھەدە ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، ئاپپاق چىنە چەينەكنىڭ تۇتقۇچىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ پاراڭنى باشلىۋەتتى.

ئائىشە ھەدىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى شەھەرگە يېقىن بايانداي بازىرىدا ئۇششاق يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خېلى ھاللىق كىشىلەر بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز ئۆيلۈك كەڭ قورۇ ـ جاي قالغانىكەن. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن باللىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. تۇغقانلىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك زىددىيەتنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ، ئۆيلەرنى ياساپ تۈزەشتۈرۈپتۇ. ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ مەكتەپ پۈتكۈزگەن چوڭ ئوغلىنى غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆيلەپتۇ. ئاخىرى، يۇنۇس مۇئەللىممۇ قايتىپ كېلىپ ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشكەندە، بەختسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. يۇنۇس مۇئەللىم قان بېسىمى كېسىلى سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنى ۋە باللىرىنى ئارماندا قويۇپتۇ. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ جەنۇبتىن يۆتكىلىپ كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايماندا ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئېرىنى جەنۇبتا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغىنىدىن يۈز بېرىپتۇ. بۇ يەردە

ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن باشقا تونۇش ـ بىلىشى، يېقىنلىرى يوق ئىكەن. دائىم ئىلگىرىكى قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى سېغىنىدىكەن. چۈنكى، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئۆمرى ئاساسەن جەنۇبتا ئۆتكەنىكەن، ھەتتا بالىلىرىمۇ بۇ يەردە دوستلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن غېرىبسىنىدىكەن.

— ئەمدى ياخشى بولدى، سىزنى تېپىۋالدىم، ئەمدى سىزنى تولا يوقلاپ زېرىكتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئۇ.

مەن ئائىشە ھەدىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم. بۇ خىل تۇيغۇ مەندىمۇ بولغان. ئەينى يىللىرى مەنمۇ نېمە كۈن كۆرسەم بالىلىرىمنىڭ دادىسى بىلەن كۆرسەم بولماسمىدى، دەپ قاتتىق ھەسرەت چەككەن. مەن ئۈچۈن ناتونۇش بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلغان. ئەمما، مەن بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن، ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ ئىشلەپ، قالايمىقان خىياللاردىن قۇتۇلغان. مېنىڭ سۆزلىرىمدىن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپقاندەك قىلدى. ئەمما، چىرايىنى ئوراپ تۇرغان قايغۇ ـ ھەسرەت تۇمانلىرى يوقالمىدى. يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئىككىلەنگەندەك جىم بولۇپ قالدى.

كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا مەن گەپلىرىمنى باشلىدىم. مەن بۇ گەپلەرنى كىمدۇر بىرىگە ئېيتىپ ئىچىمنى بوشىتىۋېلىشقا، توغرا مەسلىھەتكە موھتاج ئىدىم. شۇنداق بىر پەيتتە ئائىشە ھەدىنىڭ ئۇچراپ قېلىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر تەقدىر ئىدى.

— ئائىشە ھەدە، سىز مەندىن مەسئۇدنى، بالىلىرىمنى بىرنەچچە قېتىم سورىدىڭىز. مەن پەقەت «ھەممىسى ياخشى تۇردى» دەپلا جاۋاب بەردىم. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ

ھەممىمىزنىڭ ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس. بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر تېمى يوق ئۆيگە ئوخشاپ قالدى. ئۆيىمىزدە بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ، ئېچىپ ئېيتسام مەسئۇد ئۆزگىرىپ كەتتى...... مەن بۇ گەپلەرنى بىرەرسىگە ئېيتالمىدىم. دوستۇم دەپ يۈرگەن بىلەن، سىزگە كۆيۈنۈپ مەسلىھەت بېرىدىغانلارنىڭ تايىنى يوق، ئەكسىچە بەختسىزلىكىمىز ئۈچۈن تاماشا كۆرىدىغان، چاۋاك چالىدىغانلار چىقىپ تۇرىدىكەن. مۇشۇنداق چاغدا سىزنى ماڭا خۇدايىم ئۆزى يەتكۈزدى. ئائىشە ھەدە، سىز كۆپنى كۆرگەن، ئەقىللىك ئايال. سىز مېنىمۇ، مەسئۇدنىمۇ چۈشىنىسىز، بىزنىڭ توي قىلىپ قېلىشىمىزغا سىزنى سەۋەبچى بولغان دېسەكمۇ بولىدۇ. بىراق، سىز شۇ چاغلاردا مەسئۇدنىڭ بىر كۈنلەردە باشقا بىر ئايالنى دەپ خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرگەنمۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىشەنچسىز ئادەملىكىنى پەقەتلا سەزمىگەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئائىشە ھەدە خۇددى مېنىڭ شۇنداق دېيىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ھەممىنى بىلىدىغاندەك قىلىچە ئەجەبلەنمىدى. ئەكسىچە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە غەرق بولغاندەك ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، كۈلۈمسىرىدى:

— مەسئۇد ياخشى يىگىت، مەن ھېلىمۇ شۇنداق قارايمەن. ئۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. قىلغان تەقدىردىمۇ ھامان قايتىپ كېلىدۇ. گەپ سىزدە، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنى بىلىش - بىلمەسلىكىڭىزدە، ئەگەر يۈرىكىڭىزدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تارتىنىش بولسا، ھەرقانداق قىلىپ قايتۇرۇپ كېلەلەيسىز، سىز كىم؟ سىز دېگەن ھەدىيە ئەمەسمۇ.

— ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن، ھەدە. ئۆزىمىزنىڭ

يېنىمىزدىكى يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالىدىكەنمىز. ئەمما، بۇ ئۆزگىرىش بىر كۈنلەردە چوقۇم بىر ھاڭنى پەيدا قىلىدىكەن. ئۇنى تولدۇرۇش بەك تەسكەن......

— سىز ئۇنى ھاڭنىڭ نېرىسىدا يالغۇز تاشلاپ قويماڭ. ئەر خەقلەر تىنچ، بىر قېلىپتا ئۆتىدىغان تۇرمۇشتىن ئاسانلا زېرىكىپ قالىدۇ. ھازىرچە ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما، پۇرسىتى كەلگەندە سىز چاندۇرماي ئۇنىڭغا بىر كۆۋرۈك سېلىپ بېرىڭ. ئۇ شۇنىڭغا موھتاج. پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە ئىككىڭلار ئۇچۇنمۇ، بالىلىرىڭلار ئۇچۇنمۇ ياخشى ئەمەس.

— بەلكىم مەن ئۇنىڭغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىگەندىمەن. ئۇ تەشنا بولۇۋاتقان مۇھەببەتنى بېرەلمىگەندىمەن. مەن كۆپ قىسىم ۋاقتىمنى مەكتەپكە، ئوقۇغۇچىلىرىمغا بېغىشلىدىم، بالىلىرىم بىلەنمۇ تۈزۈكرەك بىللە بولالمىدىم. ھېلىمۇ بالىلىرىم ئىنسابلىق ئىكەن، ئەمما، 50 ياشتىن ئاشقان مەسئۇد...... — مەن چوقۇم ئۆيگە يېتىپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەشكە باشلىدىم. ئائىشە ھەدە ئەسلىدىلا قىسىق كۆزلىرىنى تېخىمۇ پۈرۈشتۈرۈپ سۆزلىرىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى......

ئاشۇ يىللىرى مەسئۇد ئىككىمىز مەكتەپنىڭ چۇۋالچاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە باقماي ئىشلەپ يۈرەتتۇق. مەسئۇد نەچچە كۈنلەپ، ھەپتىلەپ يىغىندىن كېلەلمەيتتى. كان رەھبەرلىكىنىڭ ئاچقان يىغىنلىرىمۇ، مائارىپ ساھەسىنىڭ ئاچقان يىغىنلىرىمۇ قاتناشمىسا بولمايتتى. مۇئاۋىن مۇدىر كۆپ بالىلىق ھەم يەنە

يەڭگىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئايال ئىدى، ئىلمىي مۇدىر قىزنىڭقان، ئاسانلا باشقىلار بىلەن تاكاللىشىپ، سوقۇشۇپ يۈرىدىغان ياش بالا بولغانلىقتىن، ئۆزى يالغۇز بىر ئىشلارنى قىلىپ كەتمىكى تەسرەك ئىدى. شۇڭا، مەسئۇد كەسپىي ئىشلاردا كۆپرەك ماڭا تايىناتتى. مەن ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل ھالقىلىرىغا دېگەندەك ئارىلىشاتتىم. مەكتەپتە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ جېدەل چىقارسىمۇ مېنى ئىزدىشەتتى. مەنمۇ يەۋاتقان تامىقىمنى قويۇپ شۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتەتتىم. ئۆيگە قايتىپ ئاشخانىدا ئوتياش ئادالاۋېتىپمۇ، كېچىسى يوتقاندا يېتىپمۇ مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى ئويلايتتىم. مەكتەپتە بەزىدە مەسئۇدنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ناھايىتى قىزغىن پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالاتتى. لېكىن، مەكتەپتەك ئاياللار كۆپرەك بولغان، ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئىشلەيدىغان ئورۇنلاردا مۇنداق ئەھۋاللار نورمال ئىش ئىدى. ئادەم دېگەن ياغاچ ئەمەس، خىزمەتداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇنچىلىك پاراڭلىشىش، كۈلكە ـ چاقچاقلىشىشلار بولمىسا ھايات بەك زېرىكىشلىك بولۇپ كەتمەمدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن مەسئۇدنىڭ ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا ئالدىرايدىغانلاردىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتىم. بىراق، چاتاق ئويلىمىغان يەردىن چىقتى.

بىز بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىزگە ئوخشاش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆرمىگىنى قالمىغان بىر جۈپ

ئەر ـ خوتۇن ئوقۇتقۇچى يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۆت بالىسى بولۇپ، چوڭى تېخى 2 ـ سىنىپتا ئوقۇۋېتىتى. ئەر مۇئەللىمنىڭ ئىسمى غېنى، ئايالىنىڭ ھەلىمە ئىدى. بىر مەزگىللىك چۈشىنىشتىن كېيىن، ئىككىلىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، قابىل، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مەسئۇد ئىككىمىز بەك خۇشال بولۇپ كەتكەندۇق. ئەپسۇسكى، غېنى مۇئەللىم بۇ مەكتەپتە بىرەر ـ ئىككى يىل ئىشلەر ـ ئىشلىمەيلا ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ جەرياندا ھەلىمەنىڭ ئېرىنىڭ ئۆمرىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزارتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇردۇق. ھەلىمە ئېرىنىڭ كېسىلىنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇراتتى. ئېرى كۆڭلىدە ھەممىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ھەلىمەنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بىلمەسلىككە سېلىپ، ئۆزىنى خۇشال ـ خۇرام كۆرسىتەتتى، ئاغرىق دەستىدىن پۈتكۈل بەدىنىنى تەر بېسىپ كەتسىمۇ چىشىنى چىشلەپ ئايالى ۋە بالىلىرىنى بىئارام قىلماسلىققا تىرىشاتتى. ئېرىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان كۈنلەردە ھەلىمەمۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئېغىر ئازابلارنى تارتتى، ئەمما، ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. سان ـ ساناقسىز ئۇششاق، ئەمما، تەسىرلىك ئىشى، جان پىدالىقى ئارقىلىق ھەممىمىزگە ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ، ئائىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇن ـ تىنسىز ئۆگەتتى. غېنى ئۆلۈپ كەتكەندە دوختۇرلار ھەلىمەنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا ئېرى ئىككى يىل ئەمەس، ئىككى ئايمۇ ئۆمۈر كۆرەلمىگەن بولاتتى، دېيىشكەندى.

باشقىلاردىن ئاڭلىشىمىزچە، غېنى بىلەن ھەلىمە بىر ـ بىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈشىدىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار بولۇپ، غېنىنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى 1962 ـ يىلى سوۋېتقا چىقىپ كەتكەن، غېنى ھەلىمەنى دەپلا ئۆزى يالغۇز قېپقالغانىكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا غېنى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ ناھايىتى كۆپ جاپا تارتىپتۇ. ئىسيانچىلار ئۇنى «چەت ئەل بىلەن بولغان ئالاقەڭنى تاپشۇر. سەن ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ بۇ يەردە قالدۇرغان ئىشپىيونى» دەپ قىيناپ ئىقرار قىلدۇرماقچى بوپتۇ، ئۇرۇپ پۇت ـ قوللىرىنى چېقىۋېتىپتۇ. ھەلىمە شەھەردىكى چوڭ ئۆتكەن بىر ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىدىمۇ «سىنىپىي يات ئۇنسۇر»، «بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەركە ـ نايناق خېنىمى»، «سوۋېت ئىشپىيونىنىڭ ئاشنىسى» دېگەندەك قالپاقلار ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. ئەمما، ھەلىمە ئىسيانچىلارنىڭ بېسىمىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان غېنى بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ، يارىلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتنى مۇھەببىتىنىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ، ئاخىر ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشىپتۇ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تەستە كەلگەن ياخشى كۈنلەرنى قەدىرلەپ، ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئارقىغا تاشلاپ، يېڭى بىر ھاياتقا تەلپۈنۈۋاتقان كۈنلەردە ئەجەل ئۇلارنىڭ ھايات بېغىنى يەنە بىر قېتىم خازان قىپتۇ......

ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى خۇددى بىر ھېكايىگە ئوخشايتتى، ئاڭلىغان ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتى. ئىككى يىل داۋامىدا مەسئۇد ئىككىمىز ھەلىمە بىلەن

بالىلىرىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدۇق. باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۇلارغا قارىشىشقا ئۈندىدۇق. ئەمما، ھەلىمە باشقىلارنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى. ئېرىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ئارتۇقچە يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرمىدى. يەتتە نەزىرنى بېرىپ بولۇپلا ئىشقا چۈشۈۋالدى. مەسئۇد ئىككىمىز ئۇنى يوقلاپ كىرىپ بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشنى ئېيتساق، «ئۆيدە ئولتۇرسام غېمنى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ بىردەممۇ ئارام تاپالمايدىكەنمەن. ئەكسىچە، مەكتەپتە بولسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا غەملىرىمنى ئۇنتۇپ روھلىنىپ قالىدىكەنمەن» دېگەنىدى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كېچىچە ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي، ئۇخلىماي دېگۈدەك ئۇيانىدىن بۇيانغا مېڭىپ يۈرىدىكەن. كۈندۈزلىرى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئىشكىنى تاقىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلايدىكەن ياكى يىراقتىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئارقىسىدا سائەتلەپ يالغۇز ئولتۇرىدىكەن. ئەمما، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك كۈلۈپ يۈرىدىكەن. «ئادەم دېگەننىڭ جېنى تۆمۈر ئەمەس، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بالىلىرى قانداق قىلىدۇ؟» مەسئۇد دائىم شۇنداق دەپ ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيتتى. مەنمۇ پات ـ پات ھەلىمەنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇراتتىم ۋە بۇ جەريانىدا ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىدە قىلچە كىر يوق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان، كۆپرەك باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن ئادەمدە ئىشەنچ ۋە يېقىنلىق تۇيغۇسى قوزغىيالايدىغان، چىرايى كۆڭلىگە ئوخشاشلا يېقىملىق بىر ئايال ئىدى. ئۆي

تۇتۇش، كىيىنىشلىرى ئاددىي، پاكىز، خاراكتېرىگە ئوخشاش ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە خەجلىگەنلىك، كىيگەنلىك، يېگەن ـ ئىچكەنلىك گېپىنى قىلىدىغان ئايالـلارغا ھەقىقەتەن ئوخشىمايتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەسئۇدنىڭمۇ ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ گەپتىن سەل گاڭگىراپ قالغان بولساممۇ، توغرا چۈشەندىم. مەسئۇد ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ۋە باللىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۇ دېگەن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. ھەلىمەنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆتەر يولىمىزدا بولغاندىكىن، توغرا كەلگەندە كىرىپ يوقلاپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋالغۇ، دەپ قارىدىم. ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. بىچارە چۈچۈرىدەك تۆت بالا بىلەن يالغۇز قالدى. ئاسانمۇ! مۇنداق كۈنلەر مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

قاچانلاردىدۇر ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاغزىدا كۇسۇر ـ كۇسۇر گەپ كۆپىيىپ قالدى. بەزىدە مەن ئۇستىگە كىرىپ قالسام ئۇلارنىڭ جىمىپ قېلىشىدىن بۇ گەپنىڭ بىر ئۇچى ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك بولساممۇ، پەرۋا قىلمىدىم. كېيىن ياشتا چوڭراق ئايال ئوقۇتقۇچىلار دارىتمىلاپ بەزى گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇۋالدى. مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىرسى ماڭا بەزى ئىشلارنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى، مەسئۇدنىڭ دائىم ھەلىمەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىدىغانلىقى، مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدىمۇ ھەلىمەنىڭ ئەتراپىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتتى. مەن يەنىلا ھەلىمەنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدىم. ئەمما، مەسئۇدنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ

كېتىۋاتقانلىقى، ماڭا ۋە بالىلارغا قاراپ تۇرسىمۇ، كۆڭلى باشقا يەردە ئىكەنلىكى، ئۆيدە ئولتۇرغۇسى كەلمەي، دائىم ھەلىمەلەرنىڭ بىناسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۆت كوچا ئېغىزىغا چىقىۋالىدىغانلىقى مېنى ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ھالىغا، قىلىقلىرىغا قاراپ ئاچچىقىم كېلەتتى ھەم ئەجەبلىنەتتىم. بىچارە، 50 ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدا ياش يىگىتلەردەك ئاشىقلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئەينى يىللاردا باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن ھېسابلاشماي مېنى ياخشى كۆرگەندەك، بۈگۈنمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ مەسخىرە ـ ئەيىبلەشلىرىگە پەرۋا قىلماي تۆت بالا بىلەن تول قالغان بىر ئايالنى سەۋدايىلارچە قوغلىشىپ يۈرەتتى. ئەگەر ھەلىمە ئازراقلا شەپە بەرسە، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەن بولاتتى. بىز ئاياللار ھەقىقىي مۇھەببەت بىرلا قېتىم بولىدۇ، دەپ گۆدەكلەرچە ئىشىنىپ يۈرىدىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدىكەن. مۇھەببەت كونىرايدىكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەسلىي رەڭ، پۇرىقىنى يوقىتىدىكەن. ئادەم دېگەن نەرسە، بولۇپمۇ ئەرلەر ھەر قاچان يېڭى، كۈچلۈك مۇھەببەتكە تەشنا بولىدىكەن. ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى مەستانىلىكى ياش چاغلىرىدىكىدەكلا كۈچلۈك، ئەسەبىي بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئاخشاملىرى تۆت كوچىدىكى ھاراق ـ تاماكا دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھەلىمەنىڭ دېرىزىسىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشلىرىنى كۆرگىنىمدە، رەشىك ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كېتەتتىم. سۆزلەپ شۇ يەرلەرگە كەلگىنىمدە ئائىشە ھەدە سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— ھەلىمەچۇ، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولدى؟

ــ نېمە دېسەم بولار...... ھەممە ئىلگىرىكىدەكلا يۈرۈۋەردى. ئىككىمىز ئىلگىرىكىدەكلا سالاملىشىپ ھال ــ ئەھۋال سورىشىمىز. مەن ئەيىبكارلىق ياكى ئاچىزلىق ئىزدەپ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىمەن. ئەمما، ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپالمايمەن. بەزىدە ئۇ ماڭا دېيەلمەيۋاتقان قانداقتۇر بىر گېپى باردەك قارايدۇ ــ يۇ، ئاغزىنى ئاچمايدۇ. مەن ھېچقانداق پاكىتسىز نېمە دەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر مەسئۇدنى ئۆيىگە كىرىشتىن توسقانلىقىنى بىلىمەن. مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق مەسئۇدقىمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماسلىق قارارىغا كەلدىم. ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن ئەركىن نەرسە بارمۇ؟ ھەرقانداق ئادەم بەزىدە كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ خام خىياللارغا بېرىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمەلگە ئېشىش پۇرسىتى بولمىسىلا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق خام خىياللار بارا ــ بارا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئىشنىڭ مۇشۇنداق ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كونترول قىلىمەن، ئۆزۈمگە قارىتىمەن دېگەنچە ئۇ مەندىن شۇنچە بىزار بولمامدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەمما، چاندۇرماي، مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلىشىشنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان، ئۆتكەنكى ۋاقىتلارنىڭ گېپىنى قىلىشىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ باللار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشىغا شارائىت ياراتتىم. ھەر ئايلىق مائاش ئالغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كەم نەرسىلىرىنى ياكى ئۇ ئامراق نەرسىلەرنى ئالاتتىم. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى كۆپرەك ئېتىشكە، كىيىملىرىنى دەزماللىماسلىقىمىز قالدۇرماسلىققا تىرىشاتتىم. ئەمما، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرسەم، ئۇ بىزار بولغاندەك مېنى بازار ئايلىنىپ كېلىشكە دەۋەت قىلاتتى ياكى «بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇۋالاي دەيمەن» دەپ ھۇجرىدىن

قوغلايتتى. مەن ياسالمىلىقنى قاملاشتۇرالمايتتىم. ئۇ مېنىڭ ياسالمىلىق قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ، مەندىن تېخىمۇ رايى يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەنمۇ چىداپ تۇرالمىدىم. ئاخىر بىر كۈنى پورۇختەك پارتلاپ ئۇنى ئەيىبلىدىم. ئەتراپتىكى گەپ ـ سۆزلەرنى، ئۆزىنىڭ ئاتىلىق ۋە ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتىم. ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەلىمەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ھېسسىياتتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. پەقەت مەسئۇدلا شۇنداق قىلالايتتى. ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئامالسىزلىقى، مۇھەببەت ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەن ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم، بىر مەزگىل ئۇنىڭ بىلەن ھە دېسە جاڭجاللىشىدىغان بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، بولۇپمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى بىلگىنىمدە ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ۋە بالىلىرىم ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنىدىم. ئۇ ھازىر ئىشخانىسىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، مەكتەپ ئاشخانىسىدا تاماق يەپ يۈرىدۇ. بىرەر نەرسە لازىم بولسا ئۆيگە كىرمەي بالىلارغا ئەكەلدۈرىدۇ. ئىككىمىز گەپلەشمەيمىز. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن، مەنمۇ ئۆز ئىشىم بىلەن. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئىككىمىزنى ئاجرىشىپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولىسى ھەلىمەگە تەتۈر قارىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئەمما، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭدىمۇ گۇناھ يوقكەن. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكەن. بىز كىچىكىمىزدىن ئاڭلاپ، ئىشىنىپ كەلگەن «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەنلەر بىر ئەپسانىكەن، ـــ مەن مەسئۇدقا يالۋۇرۇپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشنى خالىمايمەن.

ئۆزى ئۆيدە بولسىمۇ، كۆڭلى تالادا يۈرگەن ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىللە ياشىغىلى بولسۇن. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ بالىلىرىمنى ئۆزۈم بېقىش قارارىغا كەلدىم. بالىلىرىم چوڭ بولۇپ ماڭا ياردەملەشكۈدەك بولدى، ماڭا شۇلار بولسىلا كۇپايە......

سۆزۈمنى تۈگىتىپ «ئۇف» دەپ جىم بولدۇم. بىر پارچە ئوتتەك ئىچىمنى ياندۇرۇپ بىئارام قىلىپ كەلگەن بۇ گەپلەر چىقىپ كېتىش بىلەنلا ماڭا مۇناسىۋەتسىز باشقا بىرسىنىڭ ئىشلىرىدەك ئۇنچە مۇھىم بىلىنمەي قالدى. كۆڭلۈممۇ ئارام تېپىپ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم.

ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلىنىپ ياتقان ئائىشە ھەدەم ئەمدى ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— بايا قىلغان بىر گېپىڭىز ناھايىتى توغرا. بۇ دۇنيادا ھەممە نېمە كونىرايدۇ، كونىرىمايدىغان نەرسە يوق. بۇنداق ئىشلارنى كىم كۆرمىگەن. پەقەتلا تولا ئادەم ئىس - بۇسنى چىقارماي، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ يۈرۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ئائىلە، بالىچاقىلارلا ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنىڭدىن باشقا يۈز - ئابرۇي مەسىلىسىمۇ بار. مەن چوڭلاردىن: ئەرلەر ھاياتىدا بىر - ئىككى قېتىم يولدىن چىقماي قالمايدۇ، ياش ۋاقىتلىرىدا يولدىن چىقماي ئۆتكەنلەرمۇ، قېرىغاندا ئېزىپ بېقىپ ئاندىن ئىزىغا چۈشىدۇ، دەپ ئاڭلىغان. ئەتراپىمغا قاراپ باقسام، ئىشلار ھەقىقەتەن شۇنداقكەن. كۆڭۈل دېگەن كىمدە يوق؟ پەقەت بىز ئاياللارلا ھەرقانچە ئەسكى بولساقمۇ، ئائىلە، بالىچاقىدىن كېچەلمەيدىكەنمىز. پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدىكەن. سىز مەسئۇدنى ئۇ ئايالغا تاشلاپ بەرسىڭىز، بالىلىرىڭىز دادىسىز قالامدۇ. بالىلارغا ئۆز دادىسى بولمىسا بولمايدۇ، دادىغىمۇ قېرىغاندا ئۆز

بالىلىرى ئەسقاتىدۇ. ئاجرىشىش دېگەن بىر ۋەيرانچىلىق، ئىككىڭلارمۇ، باللارمۇ تەڭ ۋەيران بولىسىلەر. سىز ئەخمەق بولماڭ، ئېرىڭىز بىلەن ھەرگىز ئاجراشماڭ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇ سىزنى بەك ياخشى كۆرەتتى. تارتىپ چىقىرىلغان ۋاقىتلىرىڭىزدا ئۇ سىزگە بەك كۆيۈنگەن، سىز باللار بىلەن بۇياقتا تۇرۇۋاتقان يىللارنىمۇ شۇنچىلىك پاكىز ئۆتكۈزگەن. مەسئۇدقۇ خېلى ياش، ھەرقانداق ئايالنى ئۆزىگە قاراتقۇچىلىكى بار ئادەم. مەنمۇ سىزدىن بىر سوئال سوراپ باقاي، سىزنىڭچە، يۇنۇس ئاكىڭىز قانداقراق ئادەم ئىدى؟

شۇ ھامان كۆز ئالدىمغا ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئارقىسىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن سەبىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق سورۇندا ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان، قاچان قارىسا بازاردىن ئوتياش توشۇپ، ئوتياش ئادالاپ، ھەتتا ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ تاماقمۇ ئېتىدىغان، دۇمبىسىدىن بالا چۈشمەيدىغان يۇنۇس (ۋاڭ جيەنلۇڭ) مۇئەللىم كەلدى.

— ئۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى ياۋاش، ئائىلىسىگە، باللىرىغا كۆيۈنىدىغان ئادەم ئىدى، — دېدىم. ئائىشە ھەدەم كۈلۈپ كەتتى، كۈلكىسىنىڭ ئاخىر يىغىغا ئۆزگەردى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ يۇنۇس مۇئەللىم — مېنىڭ يا ئىسسىقى، يا سوغۇقى يوق ياۋاش ئېرىم پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ بۇياقتا كەلگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. زورلاپ چاقىرتىپ كەلسەممۇ، بىر - ئىككى ئاي تۇرا - تۇرمايلا يەنە بىر ئىشىم چالا قالغان، دەپ كېتىپ قالىدۇ. بىر كېتىۋالسا خەت - خەۋىرى يوق جىم بولۇپلا كېتىدۇ. ئاخىر چوڭ ئوغلۇم ئىككىمىز ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە باردۇق.

ئۇ مەكتەپتە تۇرمايدىكەن. ئوغلۇم ئىككىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ دائىم كونا بازار تەرەپتىكى بىر ئۆيگە بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ ئېرىم ئىجارىگە ئالغان ئۆيكەن، ئۆيدە 17 — 18 ياشلاردىكى بىر قىز بالا تۇرىدىكەن. ئۇ ئېرىمنىڭ نىكاھ قىلدۇرۇۋالغان خوتۇنى ئىكەن......

بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئەمما، ئىشەنمەي قانداق قىلاي. يۇنۇسنىڭ ۋاي ئائىشە، ۋاي ئوغلۇم، كەلدىڭلارمۇ، ھالىڭلار قانداق دېيىشىنىڭ ئورنىغا، بازارغا چىقىپ كىرەي دەپلا يوق بولۇپ كېتىشى، ئىككى كۆنگىچە ئۆزىنى كۆرسەتمەي، نەگە باردىڭ دېسەك، دۇدۇقلاپ تۇرۇشلىرى، ھە دېسە باھانە ئىزدەپ يەنە سىرتقا ئۆزىنى ئېتىشلىرى بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. ئاخىر، يۇنۇس يوق بولۇپ كەتكەن بىر ئاخشىمى شۇ يەردىكى يېقىنلىرىمدىن ئىككىنى باشلاپ ئېرىمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ باردىم. بىز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ كىرگەندە، ئېرىم كارىۋاتتىن قوپۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. يېنىدا ياتقان قىز بالا قورققىنىدىن بېشىنى يوتقانغا پۈركەپلىۋالدى.

ئېرىمدىن:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنۇم، — دېدى.

— مەن بىلەن بالىلىرىڭغا تۇرامسەن، بۇنىڭغىمۇ؟ — دېسەم، ئۇ:

— مۇشۇ خوتۇنغا تۇرىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا تەييارلىق قىلىپ قوي، نىكاھ قىلدۇرۇۋالغانلىقىڭنى ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلمايدۇ. سېنى قوش نىكاھلانغان، پاھىشىۋازلىق قىلغان دەپ، ئاۋۇ

بىر نېمەڭنى باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزغان دەپ ئىككىڭنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلمەن، ــ دەپ قويۇپ، گۇۋاھچىلارنى باشلاپ قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كېلىپ ئولتۇرسام، ئېرىم كەينىمدىن كەپتۇ.

ــ ئوبدان خوتۇن، ئۆيىمىزنى تۇتساق، ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بالىسى بار، شۇنى بىر تەرەپ قىلىشىپ بەرسەڭ، ــ دەيدۇ.

ئەتىسىلا ئۆينى يىغىشتۇرۇپ، ئېرىم بىلەن ئۇ چوكاننى باشلاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم. يول بويى ئېرىمنىڭ چوپچوك ئوغلىدىنمۇ ئەيمەنمەي چوكاننىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ كېتىشلىرى، ئۇنى يەمسەن، بۇنى يەمسەن، هاردىڭمۇ، دەپ كۆيۈپ ـ پىشىشلىرىدىن گاھ غەزەپلەنسەم، گاھ نومۇس قىلدىم. ئەمما، ئىنچىكىلەپ سەپسالسام، قىزنىڭ ئۇنىڭغا تازا مەيلى يوقتەك، پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا خوتۇن بولغاندەك قىلاتتى. يۇنۇس شۇنچىلىك ئىشنى بىلمەي قالارمۇ، ئەر كىشى دېگەن بەزىدە شۇنچىلىك پەسلىشىپ كېتىدىكەن.

غۇلجىغا كېلىپلا، تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە قورساقتىكى بالىنى ئالدۇرۇۋەتتىم. 40 كۈن تازا ئوبدان بېقىپ، 41 ـ كۈنى قولىغا بەش مىڭ يۈەن نەق پۇل، كىيىم ـ كېچەكلەرنى تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۆيگە قايتىپ كەلسەم يۇنۇس پىلىكتەك بولۇپ كېتىپتۇ. تاماق بەرسەم يەيدۇ، ئىشقا بۇيرۇسام گەپ قىلماي ماڭىدۇ. بىكار ۋاقىتلىرىدا دېرىزىگە قارىتىپ قويۇلغان كونا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا گەپ ـ سۆز قىلماي سائەتلەپ ئولتۇرىدۇ.

ــ هەي يۇنۇس، يەنە ئاشۇ خوتۇننى ئويلاۋاتامسەن؟ قىزىڭدەك ئادەم ساڭا ئەسقاتامتى؟ ــ دېسەممۇ ياكى، ــ

نېمىشقا بۇنداق ئولتۇرىسەن؟ ماڭ ئەمىسە، ئارقىسىدىن بېرىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆت! — دېسەممۇ مىت قىلماي ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئۇ بىرەر يىلغىچە شۇنداق ئولتۇردى. بىر كۈنى هويلىدىكى يازلىق ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتاتتىم، ئۆيدە بىرنەرسە ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك قىلدى. يۈگۈرۈپ كىرسەم، يۇنۇس ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدىلا دۈم ياتىدۇ...... قورقۇپ كېتىپ قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە دوختۇر چاقىرتتىم. ئەمما، دوختۇر ئۇنى قۇتقۇزالمىدى. ئۇ بىزنى مانا مۇشۇنداق تاشلاپ كەتتى. ئۆتكەن هەپتە يىل نەزىرىنىمۇ بەردىم. لېكىن، كۆڭلۈم بىر كۈن تىنچىغىنى يوق. بىز 30 يىلنى شۇنچە ئىناق، بەختلىك ئۆتكۈزگەندۇققۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئاخىرىدا بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭ قىلغىنىم توغرىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇممۇ؟ دەپ تىنماي ئويلىنىمەن. بەزىدە ئۇنى شۇ يەرگە تاشلاپلا قايتىپ كەلگەن بولسام، بىر كۈنلەردە ئۆز رازىلىقى بىلەن قايتىپ كېلىپمۇ قالار ئىدى دەپ، بىر خىل گۇناهكارلىق تۇيغۇسىدا پۇچىلىنىمەن. ئەمما، مەندە نېمە ئامال، مەنمۇ بىر ئاجىز ئايال، بىر ئانا، مەنمۇ ئائىلەمنى، بالىلىرىمنى قوغدىشىم كېرەك. قوش جىنىدا ئۇۋىسىنى قوغدايدۇ ئەمەسمۇ......

ئائىشە هەدە خېلىغىچە ئۈنسىز يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇردى. ئۇنى يىغلىۋالسۇن، دەپ مەنمۇ بىرپەس ئۈندىمەي مەيلىگە قويۇپ بەردىم. مانا بۇمۇ بىر هېكايە، هايات هەققىدىكى ئېچىنىشلىق، تېگىگە يەتمەك تەس بىر هېكايە.

توغرا، ئائىشە هەدە ئېيتقاندەك، يۇنۇس مۇئەللىمنىڭ غەلىتە مىجەز بولۇپ قېلىپ بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۇنىڭ ئاشۇ ياش ئايالدىن ئايرىلىپ قېلىشى سەۋەبچى بولغان بولۇشى

مۇمكىن. ئادەم شۇنداق مۇرەككەپ نەرسە، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە بەزىدە ئاددىي ئۇقۇملار بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ يېشى چوڭايغانچە روھىي ھالىتى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. زورلۇق بىلەن قايتۇرۇپ كېلىنگەن يۇنۇس ئەپەندى كۆڭلىرىنى سېغىنىش، نارازىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ ياش ئايالى بىلەن ئۆتۈۋەرگەن بولسىمۇ، بىر كۆڭلەردە قەدىناس ئايالى ۋە بالىلىرىنى سېغىنىپ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. كىشىلىك ھاياتتا ئۇيانغا سۆرىسە ئات ئۆلىدىغان، بۇيانغا سۆرىسە هارۋا سۇنىدىغان ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، مەن ئائىشە ھەدىدەك پۇشايمانغا قېلىشنى خالىمايمەن. ۋاز كېچىش، ئايرىلىش ھەر كىمگە ئېغىر كېلىدۇ. ئەمما، ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك. ئۆمۈر بەكمۇ چەكلىك. مەن ئائىشە ھەدىگە:

695

— ئائىشە ھەدە، سىزدە نېمە گۇناھ، سىز ئۇنىڭ 30 يىللىق ئايالى، بەش بالىسىنىڭ ئانىسى، سىزنىڭ ئائىلىڭىزنى قوغدىماقچى بولغىنىڭىزنى ھېچكىم خاتا دېمەيدۇ. رەھمەتلىك بىر ئېزىپتۇ. بەلكىم تەقدىر شۇنداقتۇ. ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۆزىڭىزنى، بالىلىرىڭىزنى كۆپرەك ئويلاڭ. سىزنىڭ يۈكىڭىز بەك ئېغىر، بۇ يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋالماڭ، سىز تېخى تۆت ئوغۇلنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قاتارغا قوشۇشىڭىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام ياشىمىسىڭىز، چىڭ تۇرمىسىڭىز بولامدۇ، — دېدىم. ئائىشە ھەدە ياش يۇقى كۆزلىرىنى پورۇشتۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— سىزمۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى باشقىچە چۈشىنىۋالماڭ. مەسئۇد مېنىڭ ئېرىمگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ خۇپىيانە ئىش قىلمايدۇ. ئۇ دېگەن جىڭ ئەركەك. ئۇنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماڭ. ئۇنىڭ بىلەن چىن كۆڭلىڭىزدىن ئوبدان پاراڭلىشىڭ، تەتۈر قاراپ يۈرمەڭ، ئۇنىڭغا يۇنۇس ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى.

ئائىشە ھەدىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم يورۇدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا. مەن ئىلگىرىكى تىنچ روھىي ھالىتىمگە قايتىپ، مەسئۇد بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن پاراڭلىشىشىم كېرەك. مەسئۇد مېنى ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ. ئۇ مېنىڭ ياسالمىلىق قىلغىنىمنى بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ ۋە مەندىن تېخىمۇ ئۇمىدسىزلىنىدۇ. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئۇ بەلكىم ھەلىمەدىن مەن يوقىتىپ قويغان سەمىمىيلىكنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەن ئۆزۈمنى مەكتەپنىڭ بىر رەھبىرىدەك ھېس قىلىدىغان بولغانچە، مۇرەككەپ بىر مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قالغاندىم. بۇ چەمبىرەك مېنى مەھكەم قورشاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسالمىلىقى، ئىككى يۈزلىمىلىكى، غەرەزلىك ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى بىلەن مېنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىۋاتاتتى. تۈگىمەس مېھماندارچىلىقلار، بەس - بەستە ئۆي ياساش، مودا قوغلىشىش قىزغىنلىقى بىلەن مېنى ئۆزۈمگە ئوخشىماس قىلىپ قويۇۋاتاتتى. مەن مەسئۇدنىڭ سوغۇق كۈلكىلىرى، تەنىلىك سۆزلىرىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم - يۇ، بۇ قاينامدىن ئۆزۈمنى تارتىپ ئالالمايتتىم. بەزىدە ھەقىقىي تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن، دەپمۇ قالاتتىم.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار نەدىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بولسۇن،

دەريا ئېقىنىنىڭ ئەگىمىلىرىدە يىغىلىپ قالىدىغان، قارىماققا رەڭگارەڭ، ئىچ ـ ئىچىدىن نۇرلار چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمما، سۇ ئېقىنىنىڭ بىرلا زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كۆپۈك، خالاس. مەسئۇد بىلەن مۇناسىۋىتىم يىرىكلىشىپ، ئاجرىشىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، مەن بۇ كۆپۈكلەرنىڭ قانداق يېرىلىپ، بىر دۆۋە غەلدە ـ غەشكە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم.

## 29

يىغىنىمىزمۇ ئاياغلاشتى. ئۆيگە قايتىپ بارسام، ئۆيدە قىزىممۇ، ئوغۇللىرىممۇ يوق. بىردەم ساقلاپ باقتىم، ئەندىشە قىلىپ قوشنىلاردىن سورىدىم. ئەسلىدە مەسئۇد ئاغرىپ قاپتۇ. قىزىم دادىسىنى يوقلاپ بېرىپ، دادىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئىنىلىرى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قوشنىلار: «قارىغاندا، بالىنىستقا ئېلىنغان بولسا كېرەك، بالىلار ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈنمىدى» دېيىشتى. دوختۇرخانىغا ئوقتەك بارغۇم كەلگەن بولسىمۇ، بارمىدىم. بىردەمدىن كېيىن قىزىم قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، دادىسىنىڭ ئاشقازان يارىسى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىكەن. دوختۇرلار: «ھېلىمۇ ۋاقتىدا ئەكەپسىلەر، سەل كېچىككەن بولسا قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولاتتۇق» دەپتۇ. قىزىم شۇلارنى دەپ بولۇپ:

— ئاپا، دادام نېمىشقا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلسەك بولمامدۇ؟ — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ يىغلىدىم. جەنۇبتا يالغۇز قالغان يىللاردا چاپلاشقان بۇ كېسەل ئۇنى ئازابلاپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن،

ھېچقاچان بۇ قەدەر ئېغىرلىشىپ كەتمىگەنىدى. دېمەك، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن تۆت - بەش ئايدىن بېرى ئاچ - توق قېلىپ خېلى قىيىنىلىپتۇ. يالغۇزچىلىق ھەم بىر ئىشقا بېرىلىپ كەتسە قورسىقىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان مىجەزى ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

ھېلىمۇ تەتىل ۋاقتى بولۇپ قالغىنى. قىزىم دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي كېسىلىنى باقتى، ئوغۇللىرىم بېرىپ - كېلىپ، تاماق توشۇپ يۈرۈشتى. تاماقنى ئۆزۈم ئېتىپ بەردىم، ئەمما، بالىلىرىمغا: «ئاشخانىدىن ئالدۇق» دەڭلار دەپ تاپىلىدىم. بالىلار شۇنداق دەپتۇ. ئەمما، مەسئۇد ئىشەنمەپتۇ. بىر قېتىم ئۇ قىزىمدىن «قىزىم، ئاپاڭ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ، ئارقىدىن: «ئاپاڭغا دەپ قوي، ئەمدى تاماق ئەۋەتمىسۇن، دوختۇرخانىنىڭ تامىقىنى يەۋېرەي» دەپتۇ. مەنمۇ شۇ كۈندىن تارتىپ تاماق ئەۋەتمىدىم. مەسئۇد بارا - بارا ياخشىلىنىپ قالدى.

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىشقا ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى يوقلاپ باردىم. كېسەلخانىدا يوق ئىكەن. دوختۇرخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى گۈللۈككە چىقسام، بىر چەتتىكى ئورۇندۇقتا كەچكى ئاپتاپقا قاقلىنىپ مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىدەكلا ئاپتاپتا ۋالىلداپ تۇرغان چاچلىرىغا، ئورۇقلاپ، سوزۇنچاق بولۇپ قالغان چىرايىغا، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىۋالغان قولىنىڭ تاتىراڭغۇ بارماقلىرىغا، ئالماپ ئولتۇرغان پۇتىنىڭ پۇچقىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل رەڭ پايپىقىغا قاراپ بىرپەس تۇردۇم. مۇشۇ پايپاقلا ماڭا ناتونۇش ئىدى. ئۇ مەسئۇدنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كۈنلىرىنىڭ سىمۋولىدەك يېقىمسىز كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مەن پايپاققا قارىماسلىققا تىرىشىپ

دېدىللىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدىم. يېقىنلاشقانچە قەدەملىرىم ئاستىلىدى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرسام، ئۇ كۆزلىرىنى لەپپىدە ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سارغۇچ كۆرۈندى. بۇ كۆزلەر ماڭا شۇ قەدەر تونۇش ئىدى ـ ھە!

بىر پەس بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئوڭايسىزلىق، سوئال، بىئاراملىق ئەكس ئەتتى. قوللىرىنى ئارقىدىن چۇشۇرۇپ، پۇتىنى جۇپلەپ ئولتۇردى. مەن ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى بىر كۆتەكتە ئولتۇردۇم.

ــ ياخشى بولۇپ قالغىنىڭىزنى ئاڭلاپ پاراڭلىرىمىزنى قىلىشىۋالايلى، دەپ كەلدىم. سىزنى يالغۇزلۇقتا بۇنداق قىينىغۇم يوق. ئۆزىڭىز خۇشال بولىدىغان ئىشنى قىلىڭ، ئۆزىڭىز خالىغان ئادەملەر بىلەن ياشاڭ. كۆرۈۋاتىسىز، بالىلارمۇ چوڭ بولدى. مەن پەقەت مۇشۇنى ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم. رەسمىيەتلەرنى قاچان خالىسىڭىز شۇ چاغدا بېجىرىۋەتسەك بولىدۇ.

مەسئۇد بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. مېنىڭ قوزغالماقچى بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

ــ بىردەم ئولتۇرۇڭ، مەنمۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىنىۋاتاتتىم، ــ دېدى. ئەمما، ئېغىز ئاچمىدى. ئارىمىزدا ئوڭايسىز، ئۇزاق بىر سۈكۈت داۋاملاشماقتا ئىدى. بۇ سۈكۈتنى بۇزۇش ئۈچۈن:

ــ يېقىندا ئائىشە ھەدىنى كۆردۈم. شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، سىزنى سورىدى، ــ دېدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەسئۇدنىڭ چىرايىدا جانلىنىش پەيدا بولدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەندىن:

ــ شۇنداقمۇ؟ ئۇلار ھازىر نەدىكەن؟ يۇنۇس

مۇئەللىمچۇ؟ ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى بەك ياخشى كىشىلەر ئىدى، بولۇپمۇ ئائىشە ھەدە...... ــ دەپ كۆزلىرىنى قىسىپ ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىدىن ھوزۇرلانغاندەك بولدى. ئارقىدىن يەنە، ــ ھېلىقى «يوغانباش» لارمۇ چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە؟ ــ دېدى.

ــ ئۇلار چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئائىشە ھەدىلەرنىڭ بەك ئۇزۇن ھېكايىسى باركەن، ئاڭلاشنى خالىسىڭىز ئېيتىپ بېرەيمەن. لېكىن، مېنى باشقا مەقسەتتە ئېيتمۇاتىدۇ دەپ چۈشەنمىسىڭىزلا.

ــ ئېيتىۋېرىڭ، نېمىشقا ئۇنداق چۈشىنەتتىم، ــ دېدى مەسئۇد.

شۇنىڭ بىلەن ئائىشە ھەدىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. مەسئۇد ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ ئائىشە ھەدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ ياشاۋېتىپتۇ. مەنمۇ بۇ ھېكايىدىن كۆپ نەرسىنى ئاڭقىرىۋالدىم. قىسقىغىنە ھاياتتا ئادەم ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ بەك رەھىمسىزلىك قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن، ھەممە ئىشنى ئۆز قېلىپىمغا چۈشۈرىمەن دېسەك، ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدىكەن. يەنىلا ئىشلارنىڭ ئۆز ئېقىشى بويىچە ماڭغىنى ياخشىكەن، سىزنىڭچىچۇ؟ ــ دېدىم.

ــ مەن...... نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. ئاشۇ يۇنۇس ئاكىنى بۇنداق ئىش قىلار دەپ زادى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. مەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادىكى بىر ـ بىرىگە ئەڭ ماس كەلگەن بىر جۈپلەر دەپلا بىلەتتىم، ــ دېدى مەسئۇد.

ــ باشقا گەپلىرىڭىز بولمىسا، مەن قايتىپ كېتەي.

— بولىدۇ، بىز پاراڭلىشايلى، لېكىن، كېيىنرەك. مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن.

مەن مەسئۇدنى ئاشۇ ھالەتتە تاشلاپ قايتىپ كەلدىم. كېيىنكى قېتىمدىكى سۆھبىتىمىزدىمۇ مەن ئۇنىڭغا:

— مەسئۇد، سىز بالىلىرىمنىڭ دادىسى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن، سىزنى قايتىپ كېلىشكە زورلىمايمەن. مەن پەقەت سىزنىڭ بەختلىك، خۇشال - خۇرام ھالىتىڭىزنى كۆرۈشنى خالايمەن. ئۇنى نەدىن تېپىشقا كۆزىڭىز يەتسە، شۇ يەردە ياشاڭ، — دېدىم.

يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن مەسئۇد ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئىككىمىزنىڭ يوقىتىپ قويغان مۇھەببەتلىك ئۆتمۈشىمىزمۇ قايتىپ كەلدى. ھەلىمە شەھەر ئىچىدىكى بىر مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتى. مەن دائىم مەسئۇدقا: «ئەگەر مەن بالدۇر ئۆلۈپ كەتسەم ھەلىمەنى نىكاھىڭىزغا ئېلىڭ» دەيتتىم. ئەپسۇسكى، بىرنەچچە يىلغا بارماي، راك كېسىلى بىلەن ھەلىمەمۇ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرى ئېلىپ كەتتى. ھەلىمەنىڭ ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوماق بىر قىزىنى شۇنچىلىك بېقىۋالغۇم بار ئىدى، ئەمما مەسئۇدنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلدى. قىزىم بىلەن چوڭ ئوغلۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. كىچىك ئوغلۇم ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن يىلى بىزمۇ پېنسىيەگە چىقىپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدۇق. يېڭى مۇھىت، يېڭى دوستلار، تۇغقانلار، چوڭ بولۇۋاتقان نەۋرىلەر بىزنى ئۆتكەن كۈنلەردىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇردى. پەقەت

ئاندا ـ ساندا كونا ئالبوملارنى ئاختۇرۇپ قالساق، خىزمەتداشلار قاتارىدا ئولتۇرغان ھەلىمەگە بىرپەس قاراپ كېتىمىز ياكى ئوغۇزنىڭ نەۋقىران ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان سۈرىتىگە قاراپ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشىمىز. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. بەزىدە ياش چوڭقايغانچە ئادەمنىڭ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغىنىمۇ ياخشى ئىش ئىكەن، دەپ قالىمەن.

ئائىشە ھەدىلەر بىلەن بىر مەزگىل ئىزدىشىپ تۇردۇق. ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالاقىمىز ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇق. بولۇپمۇ مەن ئەگەر ئاشۇ چاغدا ئائىشە ھەدە بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام، مەسئۇدقا شۇنچە ئوچۇق ـ يورۇق يۈزلىنەلىگۈدەك كۈچنى نەدىن ئالاتتىم، دەپ قالىمەن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى چاغدا نەقەدەر توغرا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. مەن ھاياتىمنىڭ ئۇنىڭسىز قانداق بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە ئۇنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن......

## 30

تولۇق بىر كېچىنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بىرپەس ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا ياتقىنىم ئېسىمدە، ئويغانسام سائەت 12 بوپتۇ. قىزىم بىلەن نەۋرەم تاماقنى ئېتىپ بولۇپ داستىخانغا قاچا ـ قوشۇقلارنى تىزغىلى تۇرۇپتۇ. مەسئۇد كۆزئەينىكىنى تاقاپ گېزىت

خەۋەرلىرىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تاماقتىن بۇرۇن گېزىت ئوقۇيدىغان ئادىتىنى زادى ياقتۇرمايمەن. بىر بېرىلىپ كەتسە، تاماقنىڭ سوۋۇپ كېتىشى بىلەن كارى يوق. ئەمما، توسۇشنىمۇ خالىمايمەن. بىر ئادەم ھېچبولمىغاندا ئۆز ئۆيىدە خالىغىنىنى قىلىشى كېرەك ـ دە. مەسئۇد قولىنى يۇيۇپ داستىخانغا كەلدى. ئۇ ماڭا قاراپ:

— بۈگۈن ياخشى ئۇخلىۋالدىڭىز جۇمۇ، — دېدى.

قىزىممۇ:

— چۈشتىن كېيىن بازار ئايلانغۇچە ھېرىپ كەتمەيدىغان بولدۇڭ ـ ھە، ئاپا؟ — دېدى. شۇ چاغدىلا بۈگۈن قىزىم بىلەن بازارغا چىقماقچى بولغانلىقىم ئېسىمگە كەلدى.

چۈشتىن كېيىن قىزىم ئىككىمىز بىرنەچچە دۇكاننى ئارىلاپ كىچىك بىر چامادان، ئايالچە يانتۇ پاشنىلىق يازلىق ئاياغ، تېگى سارغۇچ، قارا چېكىت گۈللۈك كوپتا، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە چوڭراق يىپەك ياغلىق سېتىۋالدۇق. قىزىم زورلاپ ئاپتاپنى توسىدىغان يوغان كۆزئەينەكمۇ ئالدۇردى. قىزىم ئىككىمىز ھەرقاچانقىدەك كىيىملەرنىڭ رەڭگىنى تاللاشتا بىرپەس تارتىشتۇق. ئۇ ماڭا ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، گىرىم بىلەن ئوچۇق رەڭلىك كىيىم ئەسلىي چوڭلارغا لايىق ئىكەن. ياشلار ئۈچۈن بولسا ياشلىق گۈزەللىكىنى رەڭ ـ بوياقلار ئارىسىدا يوقىتىۋېتىش ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىكەن. ئۇنىڭ گېپىنىڭ توغرا تەرىپىمۇ بار. ياشلىقتىكى، ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدىغان تەبىئىي گۈزەللىككە يېتىدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئۇ قىسقا مەزگىللىك، شۇنداق تەڭداشسىز بىر گۈزەللىكى،

ھېچقانداق سۈنئىي رەڭگە موھتاج ئەمەس. ئەكسىچە، سولۇۋاتقان، ئۆڭگەن گۈزەللىكلا سۈنئىي رەڭلەرنىڭ مۇۋاپىق ھالدىكى تولۇقلىشىغا موھتاج. ئەمما، ئىنسان ئۇچۇن ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتنىڭ گۈزەللىك ۋە ئادەت قاراشلىرىدىن ھالقىپ كېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئانا ـ بالا ئىككىمىز ئاخىر مۇرەسسە قىلىش يولىنى تاللاپ، بەك ئوچۇقمۇ ئەمەس، تۇتۇقمۇ ئەمەس پاكىز رەڭلەرنى تاللىدۇق. مەن بۇ تاللاشتىن مەمنۇن بولدۇم. ئالغان نەرسىلىرىمىزنى مەسئۇدمۇ ياقتۇردى.

گۈگۈم ئاستا ـ ئاستا قويۇقلاشتى. ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدىن كەچكى سالقىن شامال غۇرۇلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مۇرەمدىن چۈشۈپ قالغان نېپىز شارپىنى قايتا يېپىنىۋالدىم. يۇمشاق تىۋىت ئوچۇق بىلەكلىرىمنى راھەت بىر سېزىم بىلەن غىدىقلايتتى. شارپىنىڭ قىپقىزىل رەڭگى گۈگۈمدا باشقىچە چاقناپ، ئوتتەك كۆرۈنەتتى.

ئۇرۇمچىنىڭ يېزى مۇشۇنچىلىكلا. بۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئىسسىقراق كىيىنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يوللار دوستلىرىمىزنىڭ قەدەم ـ تىۋىشى بىلەن تولىدۇ. ئۇلار يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىپ قىزىل بىنا ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ يىغىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى تونۇۋالغاندا ئىختىيارسىز چۇقان سېلىشىپ قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كېتىدۇ. بىر چاغلاردا ئۇلار نەقەدەر جۇشقۇن، نەقەدەر گۈزەل قىز ـ يىگىتلەر ئىدى ـ ھە......

كەچتە تېلېفوندىن نۇرىيەنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ مەنمۇ جانلىنىپ كەتتىم:

ــ قارا ھەدىيە، مەن مىڭ سوم خەجلەپ نېمە ئالدىم،

بىلەمسەن؟ ئالتۇن كەش! قىزلىرىم بىلەن ئىككى كۈن بازار ئايلىنىپ، خۇددى خىيالىمدىكىدەك ئالتۇن كەشنى ئاخىر سېتىۋالدىم. ياقۇت كۆز قويۇلغان، پاشنىسىمۇ ئۇنچە ئېگىز ئەمەس، شۇنداق دەل، شۇنداق راھەت. ئالتۇن كەشنى كىيىپ، ئەشۇ دىرامىدا يەنە بىر قېتىم رول ئالغان بولسامچۇ، دەپ قالدىم. سەن ئۆگەي ئانىنىڭ رولىنى قالتىس ئېلىپ چىققانىدىڭ جۇمۇ.

— توغرا دەيسەن، شۇنداق قىلايلى، مېنىڭمۇ ئۆمرۈمدە يەنە بىر قېتىم دىرامىدا رول ئېلىپ چىقىش ئارزۇيۇم بار. «ئالتۇن كەش» تىكى ھەربىر كۆرۈنۈش، ھەربىر پېرسوناژ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە مېنىڭ. كېرەم، ئاسىملار ئاڭلىسىمۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ۋاي نۇرىيە، سەن چىرايلىق بولۇپلا قالماي، بەك ئەقىللىككەنسەن، ئايرىلىن ساڭا دوستۇم!



ھاياجانلانغىنىمدىن، خۇشاللىقىمدىن نۇرىيە تېلېفوننى قويۇشقا كېرەمگە تېلېفون قىلدىم. كېرەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. مەن بۇنى ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىن بىلدىم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ:

— قارا، ھەدىيە، بەزىدە بىز بۇ بىر ئەۋلاد نېمىدېگەن بىتەلەي كىشىلەر، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. بىزنىڭ روھىمىز ھەم جىسمىمىز جاراھەتلەر بىلەن تولغان، ئالتۇندەك ياشلىق ۋاقىتلىرىمىز زايە بولۇپ كەتكەن، بەلكىم ئۇنى مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولماس. مانا ئەمدى چاچلىرىمىز ئاقىرىپ، بەللىرىمىز پۈكۈلدى. لېكىن، بىزنىڭ روھىمىز تۈگىشىپ كەتمىدى، يۈرىكىمىز ئاشۇ يىللاردىكىدەكلا يالقۇنلاپ تۇرىدۇ.

«ئادەم قېرىمايدۇ، روھ قېرىيدۇ» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ روھىمىز تېخى ياش. بىز «ئالتۇن كەش» دىرامىسىنى يەنە بىر قېتىم ئويناپ زىلزىلە قوزغىيالايمىز. يارنى ئوتتۇرىمىزغا ئېلىپ، ئۇچتاشتىن دۆڭكۆۋرۈككە قاراپ ئاككوردىيونغا ئەگىشىپ ناخشا توۋلاپ ماڭالايمىز. كىشىلەر بىزگە قاراپ ھەۋەس قىلىشىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ ھەدىيە؟ — دېدى.

— نېمىدېگەن شائىرانە گەپلەر بۇ كېرەم! مۇشۇ گەپلىرىڭنى مىسرالارغا پۈتۈپ ساۋاقداشلارغا ئوقۇپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئۇنىڭدا چاتاق يوق. مېنىڭ ئوقۇپ بېرىدىغان يەنە باشقا شېئىرلىرىممۇ بار. سىلەر مېنى شائىر دەيسىلەرغۇ!

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۇل ئاۋۇت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە رەقىپ

# ئالتۇن كەش
(رومان)

---

ئاپتورى: خالىدە ئىسرائىل
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 — 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ سارتېكىن مەدەنىيەت تارقىتىش شىركىتى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 32 /1 كەسلەم
باسما تاۋاق: 22.25
نەشرى: 2016 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2016 - يىل 4 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
باھاسى: 68.00 يۈەن

---